ABDULCELİL TURAN
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL

جالالدىن بەھرام

# ـــ ليغان بۇلاق (2)

(رومان)

مۇھەررىرى: قۇربان بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: تۇنسايىم ساۋۇت

جالالىدىن بەھرام
ئۇششۇك تەگكەن ياپراقلار
(لېيىغان بۇلاق — 2)
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى باجاخۇ رەڭلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مم، 32/1 كەسلەم؛
باسما تاۋىقى: 16.5 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1997 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1998 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN7—5631—0900—5/I.165
تىرازى: 1 — 10000
باھاسى: 26.56 يۈەن



جالالىدىن بەھرام 1962-يىل

# مۇندەرىجە


زەينىدىن مۇدىر ........................ 1

جۇدۇن شەپىسى ........................ 28

ئۆچمەنلىك ئۇرۇقى ........................ 60

دەردمەن ئاچا ـ سىڭىل ........................ 104

ئاجايىپ سودا ........................ 131

ئۈچ يىغىننىڭ بىر كۈلكىسى ........................ 160

بىر كۈلكىنىڭ ئاچچىق يىغىسى ........................ 207

كېرىموف ۋە گۈلرۇز ........................ 241

ئاجايىپ قىسمەتلەر ........................ 273

رەزىللىك ........................ 315

مۇراتنىڭ پىغانى، ھېكمەتنىڭ قارارى ........................ 347

تۇنجى قار ياغقان كۈنى ........................ 381

ئەنسىز ئۆتكەن ئەڭ ئۇزۇن كېچە ........................ 412

كالا سۈرەتلىك جىن چاپلاشقان قىز ........................ 436

تۆھمەت ۋە سۈيىقەست ........................ 463

ئۈششۈك تەگكەن ياپراقلار ........................ 493

# زەينىدىن مۇدىر

يېڭى ئوقۇش يىلى باشلىنىش بىلەن، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى خۇددى قايىنامغا چۈشكەن غازاڭدەك پىرقىراپ، ئاياق - ئۇچى يوق ئالدىراشچىلىق ئىچىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئوقۇغۇچى يىغىپ كېلىش ئىشى ئاياغلىشىپ، دەرسلەر باشلىنىپ كەتكىنىگە ئىككى ئاي بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى هالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. قوناق چېپىش، سوقۇش، كۈزگە بۇغداي تېرىش، ئېتىزلارغا ئوغۇت يۆتكەش، كۈزلۈك كۆكتاتلارنى ئامبارغا كىرگۈزۈش، تاڭشىر قايىنتىش، يازنچە تىنىپ كەتكەن كۆلنىڭ لاتقىلىرىنى چېپىپ چىقىرىش، بېقىلىۋاتقان ماللارغا كۆك ئوت ۋە غازاڭ توپلاش، مۇهىت تازىلىقى دېگەندەك قاتمۇ قات ئالۋاڭ - ياساقلار جاپاكەش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ، ئۇلارنىڭ ئۇھ دېيىشكە مادارى قالمىغانىدى. سىنىپ مۇدىرلىرى مالىيە بۆلۈمىگە كىرىپ، سامساق، پىياز، بۇغداي، قوناق، قىزىلچا، بەسەي، كاپۇستا دېگەندەك مەهسۇلاتلىرىدىن سانلىق مەلۇماتلىرىنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ يەردىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆلۈپ چىقىدىغانلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما مەكتەپتە ئۇلاردىن دەرس تەييارلىقىنى قاچان، قايسى ۋاقىتتا قىلىۋاتىسەن، دەرسنى قانداق ئۆتۈۋاتىسەن، تۇرمۇشتا نېمە قىيىنچىلىقىڭ بار؟ دەپ هال سورايدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمايتتى.

بۇ يىلقى يېڭىلىق زەينىدىن مۇدىرنىڭ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كېلىشى بولدى. ئۇ 37— 38 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، دۇمبا چۆگۈندەك پاكار، مىسرەڭ ياپپاق يۈزىدە سەپكۈنى بار ئادەم ئىدى. زەينىدىن ئۆزىنى ئېگىز كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، پولتىيىپ چىقىقان كۆزلىرىنى ئالايتىپ، بويىنىنى سوزۇپ يۈرەتتى. بىراق ئۇنىڭ

مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان كۆك سارجا گىلەمنى ئىشتىنىنىڭ پاچىقلىرى دوۋساقتەك كۆپۈپ چىققاچقا، ئۇنى تېخىمۇ پاكار كۆرسىتىپ تۇراتتى. زەينىدىن گەپنى ناھايىتى تېز قىلاتتى، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرماق ناھايىتى تەس ئىدى.

زەينىدىن مۇدىر بۇرۇنقى مەكتىپىدە قول ئاستىدا ئىشلىگەن باقاخۇن دېگەن 45 — 46 ياشلار چامىسىدىكى قىرقىم ساقال، بۇرۇتلىرى ئىككى جاۋغىيىدا پېيىلىپ دىڭگىيىپ تۇرغان بىر ئادەمنى بىللە ئېلىپ كەلدى. ئۇنى كۆپچىلىككە: «كۆكتات تېرىش تېخنىكى، چارۋا ماللارنىڭ كېسەللىنى كۆرەلەيدۇ...» دەپ تونۇشتۇردى.

باقاخۇننىڭ كۆزلىرى ھازىرلا ئۇيقۇدىن تۇرغاندەك قىزىرىپ تۇراتتى. گەپ قىلغاندا يەرگە قارىۋالاتتى ياكى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، كۆزىنى باشقا تەرەپلەرگە ئېلىپ قاچاتتى، بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقاندەك، تۇك باسقان لەۋلىرى تىترەپلا تۇراتتى. ئۇ بېشىغا تىتىلىپ، پىلتە قەغەزلىرى چىقىپ قالغان كونا بادام دوپپا كېيىۋالغانىدى. باقاقۇن تولا گەپ قىلمىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇنى بۇرۇنقى مەكتەپىدىكىلەر «باقى مۆرىمەس» دەپ ئاتىشاتتى. زەينىدىن ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىر مۇنچە ماختىغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆكتاتچىلىق، كۆكتات ئامبىرى، چارۋا ماللارغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتى. خوتۇنى مەخپۇزخاننى ناۋايخانىغا ئورۇنلاشتۇردى.

زەينىدىن دەسلەپ كەلگەندە، بىرەر ھەپتىگىچە مالىيە بۆلۈمى، ئىلمىي بۆلۈمدىكىلەر بىلەن قايتا ـ قايتا سۆھبەتلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئۇلاردىن بىرمۇ بىر پىكىر ئېلىپ، سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، ئىشنى خېلى تۈزۈك باشلىۋەتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يىغىنلارنى قىسقا ئېچىش ئادەتلىكى ھەممىگە ياراپ كەتتى. ئۇ پەرمانشا مۇدىردەك سائەتلەپ ئادەم تىللىمايتتى، چاقماق سوقۇشتۇرمايتتى. ئويۇن ـ تاماشالار بىلەن ئانچە خوشى يوق ئىدى. پىلموتنىڭ ئوقىدەك دەيدىغاننى دەپ بولۇپ، «دەم ئېلىڭلار» دېگىنىچە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ گېپىنى

ئۇقۇغانلار ئۇقۇپ، ئۇقمىغانلار ھاڭۋېقىپ قېلىشۋېرەتتى. ئۇنى «قورسىقى كەڭ، يىراقنى كۆرەر، رەھبەرلىك تەجرىبىسى مول» دەپ ماختىشاتتى. ھەتتا پەرمانشا مۇدىرنى ئاتامۇ سىز، ئانامۇ سىز دەپ كۆچۈكلىنىدىغان مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان، رېخىم نۇرى قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارمۇ زەينىدىننى ئۇچۇرۇپ: مۇدىر دېگەن مۇنداق بولمامدۇ! دېيىشىپ، ئۇنى يۈزىدىن يۈزىگە ماختاپ كېتىشتى. تۇۋا، ئادەم دېگەن غەلىتىلا مەخلۇقكەن، ئۇلار پەرمانشا مۇدىرنى ئەمدى بىر پۇلغا ئالغۇسىز قىلىشۋەتتى.

زەينىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يېڭى تۈزۈمنى ئېلان قىلدى. ئۇ، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ھەققىدىلا توختالدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كىرىم دېگەنلەرنى ئېغىزغا ئېلىپمۇ قويمىدى. ئۇنى «قوشۇمچە پائالىيەتلەرنى قىسقارتىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى چىڭ تۇتارمىكىن» دېگەن ئۈمىددە بولۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىپ، باشلىرىنى لىڭشىتىپ كېتىشتى. لېكىن ئۇ سۆزلىگەنسېرى، ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايى كەكرى يەۋالغاندەك پۈرۈلۈشكە باشلىدى.

«ئوقۇتقۇچىلار دەرس تەييارلىقنى بىر نەچچە كۈن بۇرۇن قىلىپ بولۇپ، ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى ئەزالىرى ئالدىدا ئۆتۈشى كېرەك. تەييارلىققا ئۈچى باھا بېرىلىدۇ، ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى تەستىقلايدۇ، ئوقۇتۇش گۇرۇپپا باشلىقىمۇ ئەزالىرى ئالدىدا ئۆزى تەييارلىغان دەرسنى ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئالىدۇ ۋە تەييارلىقنى ئىلمىي مۇدىرغا تەستىقلىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلاردىن ئايدا بىر قېتىم باسقۇچلۇق ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، سىنىپ مۇدىرلىرى ھەپتىدە بىر نۆۋەت دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئۈستىدىن پىكىر ئېلىپ، بۇ پىكىرلەرنى يىغىنغا دوكلات قىلىدۇ، بىر ئوقۇغۇچى بىر كۈن دەرسكە قاتناشمىسا، سىنىپ مۇدىرىدىن ئۈچ يۈەن، قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرىدىن ئىككى يۈەن پۇل تۇتۇلىدۇ ۋەھاكازالار. . . » دېگەنلەرنى ئاڭلىغان ئوقۇتقۇچىلار خۇددى ھايۋاناتلار باغچىسىدا غەلىتە مەخلۇقنى ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك، زەينىدىننىڭ چوقۇر يۈزىگە، كەڭ ئېڭەكلىرىگە، سوزۇلۇپ كەتكەن

بويۇنلىرىغا، چۈغۈنتەكتەك گەۋدىسىگە ئۇزۇن قاراپ كېتىشتى. ئىشخانىنى بىردىنلا نارازىلىق ۋە غۇدۇڭشۇشلار قاپلاپ كەتتى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى ئۆزىنىڭ يېنىدا بۇرگىدەك سەكرەپ ئولتۇرالماي، پىلىموتتەك تا ـ تاتلاۋاتقان زەينىدىنگە ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە ئاچچىق بىلەن كۈلدى.

— مۇدىر سىلىنىڭ دەۋاتقانلىرى ئۆزلىرىنىڭ پىكرىمۇ ياكى قارارمۇ؟— دەپ سورىدى زىكرۇللا، — قارار بولسا، ئۇنى مەكتەپنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى.

— كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم ئۆتكۈزۈۋەتسەك، قارار دېگەن شۇ!— دېدى زەينىدىن كۆز پاختىلىرىنى چەكچەيتىپ، — مۇشۇنداق قىلمىساق، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى قانداق كۆتۈرگۈلۈك؟...

— ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كۆتۈرىمىز دەپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىككى تاش ئارىلىقىدا قويۇپ تالقان قىلىمىزمۇ؟— زىكرۇللا سەل تېرىكتى،— مەن سىياسەت دەرسى بېرىمەن، خەنزۇچە يېزىقنى بىلمەيمەن، ماتېماتىكىنى ئوتتۇرا مەكتەپتىلا ئوقۇغان، ئەدەبىياتتىن خەۋىرىم يوق. شۇنداق تۇرۇقلۇق، قانداق قىلىپ ئوقۇتۇش گۇرۇپپىلىرى باشلىقلىرىنىڭ دەرس تەييارلىقىغا تەستىق سالالايمەن؟ بۇ... بۇ... ئەقىلگە سىغمايدۇ!

— بىر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىدا، — دېدى ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى توختى قۇربان، — ئۈچتىن يەتتىگىچە ئوقۇتقۇچى بار. بىر ئوقۇتقۇچى ھەپتىدە 12سائەتتىن 22سائەتكىچە دەرس ئۆتىدۇ. بوپتۇ، ئوتتۇراق ھېسابتا 15 سائەتمۇ دەيلى، بىر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ھەپتىلىك دەرس تەييارلىقىنى كوللېكتىپقا تەستىقلىتىمەن دەپ بىر ئۆتكىنى تۇرسا، ئۇلارغا ھەپتىلىك ئۈچۈنلا 70 ـ 80 سائەت ۋاقىتمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما كەسپىي ئۆگىنىش ۋاقتىمىز ھەپتىدە ئارانلا ئىككى سائەت، بۇنى قانداق ھەل قىلىمىز؟...

— مېنىڭچە، — دېدى مۇرات كۈلمەي تۇرۇپ، — يەتتە كۈننى بىر ھەپتە دەپ ھېسابلاشنى ئون كۈننى بىر ھەپتە دەپ ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىپ

بىرىڭلار دەيلى . . .

ئىشخانىنىڭ ئىچىنى بىردىنلا كۈلكە قاپلىدى. بۇ مەسخىرە زەيىندىننى يەتتە قەۋەت ئاسماندىن تاشلىۋەتكەندەك بولدى.

— مۇدىر، مەن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم ئەقىل - ئىدرىكى، كۈچ - قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىۋاتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوقۇتقۇچىدىن كۆرە شىياۋدۇيجاڭلارغا كۆپرەك ئوخشاپ قالدۇق. بۇ ئىش بىزگە بەكلا بېسىم پەيدا قىلدى ، مال - چارۋا بورداپدىغان، چوشقا باقىدىغان، دېھقانچىلىق قىلىپ، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شوغۇللىنىدىغان ئىشلار مۇندىن كېيىن ئازايتىلامدۇ - قانداق؟

— ئۇلارنى ئازايتىشقا بولمايدۇ، — دېدى زەيىندىن گەپنى ئۈزۈپلا، — بەلكى كۈچەيتىمىز، تەييار يەر، كۆكتاتلىقلارنى، مال - چارۋىلارنى بىركىمگە دۆئا قىلدۇرىمىزما؟

— مەنمۇ ھەممىنى بىرىۋېتەيلى دېمىدىم، — دېدى كامىل سەل قىزىشىپ، — ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارمۇ جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك. بىراق ئوقۇتۇشقا تەسىر يەتكۈزۈپ، مەبلەغ توپلاشقا كىرىشىپ كەتسەك قانداق بولىدۇ؟

— كامىلنىڭ سۆزىنى مۇدىر ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسە بولىدۇ، — دېدى ھېكمەت جىددىي تەلەپپۇزدا، — بىزنىڭ مائارىپ نىشانىمىز ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش. ئەقىل، ئەخلاق دېگەن ئۆلچەمنىڭ قويۇلۇشى نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

تالاش - تارتىش راسا قىزىۋاتقان بۇ پەيتتە، مالىيە بۆلۈم باشلىقى ئەخمەت ھوشۇر ئىڭكىنى تېرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە «گەپ قىلايمۇ - قىلمايمۇ؟ قىلسام ئىدىيەمگە تاقاپ قويارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە بولغاچقا، سۆزلەشكە تەمشىلەتتىيۇ، يەنە جىمىپ قالاتتى. ئۇ ئەسلى شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. 1957 -

يىلىدىكى چوڭ ئىچىلىپ سايراشتا، بىر نەچچە ئىغىز گەپنى ئارتۇق قىلىپ قويۇپ، پارتىيىدىن چىقىرىلغان ۋە «مىللەتچى» دېگەن قالپاقنى كىيىۋالغانىدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇنى «ئوقۇتقۇچىلىقتىن باشقا ئىشقا سالسا بولىدۇ» دەپ، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە سۈرگۈن قىلغانىدى. ئەخمەت هوشۇر بۇ مەكتەپكە كېلىپ بىر مەزگىل ئاشخانا، ناۋايخانا ۋە چارۋا ئىغىللىرىدا ئىشلىدى. ئاما ئۇ هېسابات ئىشلىرىغا ئۇستا بولغانلىقى ئۈچۈن، كېيىنچە بوغالتىر بولدى . مانا ئىككى يىلدىن بېرى مالىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ «قاشقىسى» بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە يىغىنلاردا ئالدىراپ پىكىر قىلمايتتى. بۇ رەت، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى تۇتۇش» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، ئۇ سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرالمىدى.

— مەن ئازراق سۆزلەپ باقسام بولارمۇ؟ — دېدى ئۇ زەيىندىنگە قاراپ قويۇپ، — بىزدە باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن قېچىشى ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغان. مەكتىپىمىزدە بۇ ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. ئەگەر دەرستىن قاچقان هەر بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن سىنىپ مۇدىرىدىن ئۈچ يۈەن، قوشۇمچە سىنىپ مۇدىرلىرىدىن ئىككى يۈەن پۇل تۇتساق، بۇ قاملاشماسمىكىن دەيمەن.

— نېمە ئۈچۈن قاملاشمايدىكەن؟ — دېدى زەيىندىن چەكچىيىپ، — بەگ ئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئەجەپ قاملاشقان ئىدىغۇ؟ بىر-ئىككىسىنىڭ مائاشىنى يۇرىكىنى سۇغارغاندەك تۇتۇۋېدۇق، باشقىلىرى كىچە - كۈندۈز چېپىپ يۈرۈپ ئوقۇغۇچى يىغدى. مانا بۇ بىرگە زەربە، مىڭگە تەربىيە دېگەن گەپ.

— مەكتىپىمىزدە، هەر بىر سىنىپتىن كۈنىگە ئاز دېگەندە ئىككى - ئۈچتىن ئوقۇغۇچى دەرستىن قاچىدۇ. كۈنىگە بىر بالا قاتناشمىدى دېگەندىمۇ، — دېدى ئەخمەت هوشۇر بارماقلىرىنى پۈكۈپ، — بىر ئايدا ئوتتۇز ئوقۇغۇچى دەرستىن قاچقان بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن، سىنىپ مۇدىرىنىڭ مائاشىدىن 90 يۈەن تۇتىدىكەنمىز. بىراق ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ يۇقىرىسى بىر ئايدا 67 يۈەن، تۆۋىنى 36 يۈەن مائاش ئالىدۇ. . . ئۇلارنىڭ مائاشى بۇ

تۇتۇشقا يېتىشمىسە قانداق قىلىمىز؟

— قانداق قىلاتتۇق؟ — دېدى مۇرات يۇقىرى ئاۋازدا، — ئاۋۋال ئىشتان - كۆينەكلەرنى سېتىپ بۇ پۇلنى تۆلەيمىز، سىنىپلارغا ئالدىمىزغا ئەۋرەت پۇرۇچ تارتىپ كىرىمىز... ئۇندىن كېيىن، يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەكلىرىمىزنىمۇ ساتارمىز...

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋېتىشتى.

— هوي... دېدى ساجىتخان ئارقىسىغا قايرىلىپ، — يوتقان - كۆرپەڭنى ساتساڭ، نېمىدە يېتىپ قوپىسەن؟ قىش - قىراۋلاردا توڭلاپ ئۆلمەمسەن؟...

— غەم قىلماڭ ساجىتخان، — دېدى مۇرات زەھىرى بىلەن، — مەكتەپتىن مەيداننىڭ يۈزىنى ياپقۇدەك چوڭ يوتقاندىن بىرنى تىكتۈرۈپ بەرسە، كەچتە ھەممىمىز شۇنىڭغا كىرىپ كەتمەيمىزمۇ!...

ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ كۈلكە ئۆزۈنچە بېسلماي كەتتى. زەينىدىن مۇدىرنىڭ «پۇل تۇتىمىز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار بۇ كۈلكە بىلەن نارازىلىقىنى ئاشكارىلاۋاتاتتى. زەينىدىن مۇراتقا تىكىلگىنىچە تۈكۈرۈكىنى يۇتتى، ئۇ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ھېكمەت، گۈلزىبا، توختى قۇربانلار ئارقا - ئارقىدىن سۆز ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن پۇل تۇتۇش چارىسىنىڭ بۇ مەكتەپتە ئاقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، زەينىدىننى پەسكارىغا چۈشۈردى.

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى جاپاكەش ئوقۇغۇچىلار مانا شۇنداق كۈرەش ۋە توقۇنۇش ئىچىدە كېتىشىپ باراتتى. ھېكمەتنى سىنىپ مۇدىرى قىلىپ بېكىتىشكەنىدى. ئۇ بىرىنچى يىللىق بىرىنچى سىنىپنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. گۈلزىبانىڭ سىنىپى بولسا 3 - يىللىق بولۇپ قالغانىدى. كامىلنىڭ دەرسى كۆپەيگەچكە، ئۇنىڭغا سىنىپ بېرىلمىدى. مۇرات يەنىلا دەرستىن سىرت مەكتەپ سەنئەت ئۆمىكىنى تۇتۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ پات - پاتلا يېزا - كەنتلەردە ئويۇن قويۇپ كېلەتتى. بەزى كەچلىرى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا مەيدان تاماشاسى

قىلىپ بېرەتتى.

ھېكمەت بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكىلەر يېڭى بالىلار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كۆنمىكى تەس ئىدى. ئۇ، ئۆز سىنىپىغا ئالتە سائەت ئەدەبىيات دەرسى بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە ئىككى بىرىنچى يىللىقنىڭ 12سائەت ئەدەبىيات دەرسىنى ئۆتەتتى. كەچتە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتاقلىرىغا كىرىپ ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى، قىزىق ۋەقەلەرنى سۆزلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، كۈنىگە بىر - ئىككى بالا دەرستىن قېچىپ تۇراتتى، ھېكمەت كەچلىك تاماقتىن كېيىن يېزىلارغا ئوقۇغۇچى ئىزدەپ چىقىپ، ئېغىر ياتقۇ بىلەن قايتىپ كېلەتتى. بالىلارغا نەچچە سائەتلەپ تەربىيە خىزمىتى ئىشلەيتتى. بەزىدە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن دەرس ئالماشتۇرۇپ، سىنىپىنى سىنىپ باشلىقى ئابدۇللا ۋە ئۆگىنىش باشلىقى سىراجىغا قالدۇراتتى. بۇ ئىككى بالا دەرستە ياخشى، ئەخلاقلىق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇلار ئوقۇغۇچىلارنى تازىلىق، ئەمگەك، ئوغۇت توپلاشلارغا ئويۇشتۇرۇپ، ھېكمەتنىڭ يوقلىقىنى بىلىندۈرمەيتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچى ئىزدەپ چىقىشى گۈلزىبا بىلەن بىللە چىقىپ قالىدىغان كۈنلىرىمۇ بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇلار قانغىچە پاراڭلىشىۋالاتتى. گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ توي قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، ۋاقىتنى بىر يىل ئارقىغا سۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېكمەتكە ئارتىپ قويۇشتىن خىجىل بولۇۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. گۈلزىبانى قىمارۋاز قايىتىنىڭ، لۈكچەك گۈلزۇزنىڭ زۇلمىدىن پاتراق قۇتقۇزۇپ، ئىنسانىي تۇرمۇشقا ئىگە قىلىشنى ئويلىغان ھېكمەت توي قىلىشقا بەل باغلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىگەچى باغچىسىدا گۈلزىبانىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسىلا توي قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئائىلىسىگە خەت سالغانىدى. خەت ئىچىدە گۈلزىبانىڭ بىر پارچە سۈرىتىمۇ بار ئىدى. ئاردىن بىر يېرىم ئاي ئۆتكەندە، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا تويلۇق يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەر - تاشلىرى بىلەن قىزنىڭ تويلۇق كىيىم - كېچەكلىرىنى ئەۋەتكەنىدى. گۈلزىبانىڭ تويىنى ئارقىغا سۈرىشى دەسلەپتە ھېكمەتنىڭ كۆڭلىنى خىرە

قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن، «بىرەر يىلغىچە 3 ـ 4 يۈز يۈەن پۇل تېجەپ ئالالىسام، ئاتا ـ ئانامغىمۇ ئانچە ئېغىرلىقىمنى سالمايدىكەنمەن. . . » دەپ ئويلىغانىدى.

ھاۋا كۈندىن كۈنگە سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. 12— ئاينىڭ 16— كۈنى خوتەن ئاسمىنىدا تۇنجى قار ئۇچقۇندىدى . مەكتەپنىڭ باغلىرى، ئېتىز - ئېرىقلار چۆلدىرەپلا قالدى. كۆز كېلىشى بىلەن، كۆمۈر ئۇۋۇقىدىن قۇيغان پوملار ھەر كەچلىكى ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا تارقىتىلىپ بېرىلەتتى. بۇ ئىشنى ساجىتخان بىلەن مەمتىلى ئىبراھىم ئورۇنلايتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا، ئوتۇنخانا ئالدى ئۆچىرەتتە تۇرغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ھېكمەت ھەر كەچلىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ئۇلارغا ئوت قالاپ بېرەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بالىلىرى كىچىك بولۇپ، مۇنداق پومنى قالاپ باقمىغاچقا، ئوتنى تۇتاشتۇرالمايتتى.

ھېكمەت بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى سىنىپقا ئوت قالىۋېتىپ، سىياسىي ئۆگىنىشكە كىردى. ئىشخانىدا گۇڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپ ئولتۇراتتى. زەينىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆچۈكلىنىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلايتتى . ئادەتتە ئۆگىنىش باشلانغىچە ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ جىمىپ كېتىشكەنىدى. گۇڭشې كادىرلىرى مەكتەپكە كەلدىمۇ، بىرەر ئالۋاڭنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈرىكى سۇ ئىدى. ئىلەك كۆۋرۈكنى ياساش، يول ئېلىش، ئۆستەڭگە تاش توشۇش، كۆزگىگە توك ياتقۇزۇش، قوناق چېپىش، خامانى توپانداش، سودا سارىيىدا ئۇرۇقلۇق ياڭاق خىللاش دېگەندەك ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان «خالىسانە» ئەمگەكلەردىن بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار جېنىدىن جاق تويغانىدى. تۇراپ ئىمىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، بېشىدىن پىرىداق (تۆپىلىك تەلپەك) نى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى. ئۇنىڭ سۇ چېچقۇەتكەن ئېتىزدەك ئالا ـ تاقىر بېشىنى مىس رەڭگىدە پارقىراپ كەتتى.

— ھەر قايسىڭلارغا، — دېدى تۇراپ ئىمىن بوغۇلۇپ، — گۇڭشې داڭۇيىنىڭ ئوقۇتۇرۇشىنى يەتكۈزۈۋېتىپلا قايتىپ كېتىمىز - ئان . بىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا دېھقانلارغا يېقىنلىشىش، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئوغۇت توپلاش ئاق كىنىشكىسىنى تارقىتىپ بەرمەكچىمىز - ئان. . . ئىدارە - جەمىيەت كادىرلىرىغا بۇرۇنلا تارقىتىپ بولدۇق. ئەمما پەرمانشا ھەر خىل بانا - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قۇيرۇق تۇتقۇزمىغانىدى، ئەدىبىنى يېدى، بوستاندىن يوقالدى. . . ئان . . . لېكىن زەيىندىن مۇدىرنىڭ ئۈچ قىزىل بايراقنىڭ بىرسى بولغان گۇڭشېغا مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى ئۆزى تەلەپ قىلدى. . . شۇڭا ئۇنى بىر ئالقىشلىۋېتەيلى. . .

خالىق كاتىپ چاۋاك چالدى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ خالار - خالىماي ئەگەشتى. زەيىندىن ئالىقاچان توختاپ قالغان ئالا - تاغىل چاۋاكنى «بولدى قىلىڭلار، بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك شەرەپلىك ۋەزىپەم!» دېگەندەك، ئورنىدىن تۇرۇپ ئالقانلىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ، خۇددى ئاتاقلىق ئەربابتەك قىلىقلارنى قىلىپ ھىجايدى. ئۇنىڭ مىتە چۈشۈپ كەتكەن كەنجە قوناقنىڭ دانلىرىدەك قارداپ كەتكەن ئۇششاق چىشلىرى تولۇق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇ ھىجايمىسا بوپتىكەن. . .

— بۇ ئاق كىنىشكا ھەر قايسىڭلارنىڭ يانچۇقىدا ئۇخلاپ قالمىسۇن، — دېدى خالىق كاتىپ مۇراتقا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ، — دەرستىن چۈشكەندە، ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققاندا، قولۇڭلاردا بىر سېۋەت بولۇشى كېرەك. توغرا كەلگەن كەنت تەشكىلىگە ئەكىرسەڭلار، ئوغۇتىڭلارنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىنىشكاڭلارغا يېزىپ بېرىدۇ، شياۋدۈيجاڭ ياكى بوغالتىر تامغىسىنى بېسىپ بېرىدۇ. يىل ئاخىرىدا بۇ ئىش سۈرۈشتە قىلىنىدۇ. خۇلاسە قىلىنىپ، تەنقىد - تەقدىر يۈرگۈزۈلىدۇ. . .

— خالىق كاتىپ توغرا ئېيتتى، — دېدى تۇراپ ئىمىن، — ھازىر يىل ئاخىرىسى بولۇپ قالدى. 2— ئاينىڭ توققۇز - ئونلىرى يەرگە ساپان چىقىدۇ - ئان. شۇڭا ئەترەتلەرگە ئوغۇت ياردەم قىلىشقا دەرھال

كىرىشىڭلار ئان... «نان قېتىققا ئۆلگۆرمەپتۇ» دېگەندەك بولۇپ قالمىسۇن...

— بىجىرىمىز، بىجىرىمىز، — دېدى زەينىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، — يولداشلار، تۇشۇجى، خالىق كاتىپلار قىممەتلىك يولىيورۇقلىرىنى بەردى. شۇڭا، ھەر قايسىڭلار ئوقۇغۇچىلارنى شەنبە كۈنى ئۆيلىرىگە قويۇپ بەرگەندە، ئۇلارغىمۇ بىر سېۋەتتىن ئوغۇت تېرىپ كېلىشىنى ئۇقتۇرۇڭلار... بىز دۈشەنبە كۈنى گۇڭشې داڭۋېيىدىن كۆرسىتىپ بەرگەن بېرەر ئەترەتكە ئوغۇت ياردەم قىلىمىز ھەم كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى سىنىپى كۆرەش، سىنىپى زۇلۇم دەرسى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز...

تۇراپ ئىمىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇزاپ ماڭدى. خالىق چىقىپ كېتىۋېتىپ مۇراتقا يەنە بىر قېتىم ئالىيىپ قارىدى. لېكىن مۇرات ئورنىدىن تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى مەنسىتمىگەندەك، ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئەتەي ئارقىسىغا غادايدى. زەينىدىن تۇراپ ئىمىننى چوڭ يولغىچە ئۇزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئورنىغا مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغان زىكرۇللا غوجى بىر چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلارنى كۆردى.

— كەچۈرۈڭلار مېنى، — دېدى زىكرۇللا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا تەن بېرىپ، — پەرمانشا مۇدىر بىلەن توقۇنۇشۇپ مەن ياخشى قىلماپتىمەن. بۇ خۇددى بىر ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەس، بىر يامانني كۆرمەگۈنچە، دېگەندەك ئىش بولدى.

ئوقۇتقۇچىلار بىر كۈن كەچكىچە چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قېلىشتى. لېكىن، زەينىدىن كارىدورلاردا خۇددى بويىنىغا شال تېڭىۋالغاندەك بېشىنى تىك تۇتۇپ دىك - دىك ماڭاتتى. ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا يالتىيىدە قاراپ، خىڭىلداپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئىشىك يوچۇقلىرىدىن دەرس ئۆتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى مارايتتى. ئاشخانا، ناۋايخانىدىكى ئاشپەز، ناۋايلارغا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولاتتى. قىسقىسى، ئۇ گىلەپى ئىشىنىڭ

يانچۇقلىرىغا قوللىرىنى كەپلەپ تىقىپ، جەينەكتەك گەۋدىسىنى نامايەن قىلغاندەك، سوكۇلداپلا يۈرەتتى.

ھېكمەت چۈشتىن كېيىنكى ئىككى سائەت دەرسىنى ئۆتۈپ بولۇپ ياتىقىغا كەلدى. ياتاقتا كامىل، مۇرات، توختى قۇربان، گۈلزىبا، پاتەم خانىملار ئولتۇراتتى. ئۇلار زەيىندىن مۇدىر ھەققىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى. پاتەم خانىم ئۇنىڭ بەگئىبرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىپادىلىگەن ئاچكۆزلىكى، ئادەم جازالاشقا خۇمارلىقى، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى بەزى رەھبەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھە دېسە ئۇلارنى پەش قىلىپ ھەيۋە كۆرسەتكەنلىكى، ھازىر بەگئىبرىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ: «ئىككىنچى قېتىم ئازادلىققا چىقتۇق» دەپ خۇشال بولۇشۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

— ئادەم ئەپتىدىن بىلىنۇر دېگەندەك، — دېدى توختى قۇربان، — ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرامدۇ!...

— ئۇنىڭ ئاچكۆز، شەخسىيەتچى ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇ مەكتەپكە كەلگەن چېغىدىلا كۆرۈپ يەتتۇق، — دېدى مۇرات، — كۈزدە ئوقۇتقۇچىلارغا كۆمۈر بىلەن ئوتۇن بۆلگەندە، ئوخشاش جىڭلاپ قويغان ئوتۇن بىلەن كۆمۈرنىڭ ھېلى بۇ، ھېلى ئۇ دۆۋىسىگە يۈگرەپ يۈردى. تېخى كۆكتات تەقسىم قىلغاندا، ئەخمەت ھوشۇرنى تىللىدى ئەمەسمۇ؟

ئاشپەز جۇمىراخۇن لاسكوي زاۋۇدىدىن ئىككى تاغار كۆمۈر داشقىلى ئەكەپتىكەن، — دېدى گۈلزىبا، — مۇدىر ئۇنىڭغا: «سەن مەكتەپ ھارۋىسىنى مېنىڭ رۇخسىتىمسىز ئىشلىتىپسەن» دەپ، بىر تاغىرىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كۆمۈرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارغا پوم قويدۇرۇپتۇ.

— ئەخمەت ھوشۇرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، — دېدى كامىل، — زەيىندىن مۇدىر دوغ ئارىلاشمىغان تاڭشىردىن ئەكىرىپ بەر، باللار زاغرىنى مىلەپ يەيدۇ، دەپتىكەن، شىكەر قارىم ئامبارغا كىرىم قىلمىغان بىر كوزا تاڭشىرنى كېچىدە ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرىپتۇ.

— بەگئىبرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار، — دېدى پاتەم

خانىم پەس ئاۋازدا، — باقاخۇن دېگەن ئادەمنى ئۇچىغا چىققان ئۇغرى، دەيدۇ.

«تېكە هويلىغا كىرگۇچە، پۇرىقى ئاۋۋال ئۆيگە كـىـرىپتۇ» دېگەندەك، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، زەيىندىن مۇدىرنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلىشقا باشلىغانىدى. بىراق ئۇ ناهىيە بويىچە تۆت گۆھەرنىڭ بىرسى، گۈڭشې رەھبەرلىرىنىڭ ئېغىزىدا، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم، سىنىپىي كۆرەش كۆز قارىشى يۇقىرى ئىقتىدارلىق مۇدىر ئىدى. ئۇ، بۇ نۇقتىلىق ، باي ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى پەرمانشانىڭ قولىدىن هوقۇق نوختىسىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، مەكتەپكە كېلىپلا، مەكتەپ ئىلكىدىكى هۆل يەل - يېمىش، ئاشلىق، سەي - كۆكتات، تاڭشىر دېگەنلەرنى شەھەرگە — لازىم بولغان ئەمەلدارلارغا سۇدەك ماڭدۇرۇشقا كىرىشتىكى، بۇ ئىشتا پەرمانشانىڭ ماڭدۇرغانلىرى ھېچنىمە بولماي قالدى.

— هەر هالدا ئۆزىمىزگە پۇختا بولايلى، — دېدى توختى قۇربان، — ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە بەزى ئوقۇتقۇچىلار زەيىندىننىڭ ئۇستىدىن ناهىيىگە ئەرز سۇنغان ئىكەن، ئۇ، ئۇلاردىن ئۆچ ئاپتۇ. شۇ سەۋەب بىلەن، ئىمىننىياز دېگەن مۇئەللىم «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى كېيىپتۇ. يەنە بىر مۇئەللىم مەكتەپتە نازارەت ئاستىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. . .

— بۇنى ماڭا بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر دوستۇم ئېيتىپ بەردى، — دېدى پاتەمخان ئىشككە قاراپ قويۇپ، — ئىمىننىياز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ چىقىپ كەتكەن بىر قىز بىلەن توي قىلماقچى بوپتىكەن، زەيىندىن ئۇ قىزنى قورقىتىپ: «ئىمىننىيازنىڭ سىز• بىلەن توي قىلىش نىيىتى يوق ئىكەن، شۇڭا سىز بۇ هۆججەتكە قول قويۇپ بەرسىڭىز، سىزنى ئۇنىڭغا مەجبۇرىي چېتىپ قويىمىز» . . . دەپتۇ. ئۇ ساددا يېزا قىزى بۇ گەپكە ئالدىنىپ، «ئوتتۇرىمىزدا مەسـىـلـەئۆتۈلگەن» دېگەن هۆججەتكە قول قويۇپ بېرىپتۇ. . .

— بۇ ئىشقا هەيرانمەن، — دېدى هېكمەت، — بۇ مۇدىرنىڭ باقاخۇن

دېگەن ئىشچىنى ئائىلىسى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگىنى نېمىسى؟

— بەلكىم ئايرىلالمايدىغان بىر يېرى باردۇر؟ — دېدى گۈلزىبا، — باقاخۇننىڭ ئۆزىمۇ تۈزۈك ئادەمدەك قىلمايدۇ. ئوغرىدەك تىمىسقىلاپلا تۇرىدىكەن.

سۆھبەت زەيىندىن ۋە باقاخۇننىڭ مېزىنى تىتىپ راسا قىزىۋاتقان ۋاقتىدا، ئىشىك چېكىلىپ زۇمرەت كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا قېلىن قەغەزگە ئورالغان تۆت چاسا بىر نەرسە بار ئىدى. باشقىلار ئورنىدىن تۇرۇپ زۇمرەتكە سالام بېرىشتى. ئۇ گۈلزىبانىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، قولىدىكىنى كامىلغا ئۇزاتتى.

— سىزگە سوۋېتتىن كەلگەن پوسۇلكا، — دېدى زۇمرەت مۇراتقا يالتىدە قاراپ قويۇپ، — ئەتىگەن كەلگەنىدى، تېلېفۇنخانىدىن ئايرىلالمىدىم.

كامىل پوسۇلكا ئۈستىدىكى ئادرېسقا بىرلا قاراپ كۈلدى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى.

— شائىر تۇراپ تۆلەدىن كەپتۇ، — دېدى كامىل پوسۇلكا قەغىزىنى ئاجرىتىپ، — خېتىمىز تەگمىگەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم.

10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك، كامىل ئەدەبىيات دەرسىدە تۇراپ تۆلەنىڭ «كۆكلەم» دېگەن شېئىرىنى ئۆتكەنىدى. ئوقۇغۇچىلار تىلى راۋان، ئوقۇلۇشى يېنىك، ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بۇ شېئىرنى ئاسانلا يادلاۋالدى. بۇ يىللاردا، شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ تېخى كۆپچىلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن كىتابلار ئىدى. شۇڭا، كامىل تۇراپ تۆلەگە خەت يېزىپ، كىتاب ئەكەلدۈرۈش خىيالىنى ھېكمەت بىلەن مۇراتقا دېگەن، مۇرات تۇراپ تۆلەنىڭ «ئارامى جان» ناملىق ناخشىلار توپلىمىنى ئۇزۇندىن بېرى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ، كامىلنى قوللىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئۈچ دوست ئۆزبېكىستان شائىرى تۇراپ تۆلەگە بىرلىشىپ خەت يازغانىدى.

ياتاقتىكىلەر تۇراپ تۆلەنىڭ شېئىر توپلىمى بىلەن «ئارامى جان»

ناخشا تېكىستلىرى كىتابىنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. كىتابلار سلاۋيان يېزىقىدا بولۇپ، تىلى ئۆزبېكچە ئىدى. توختى قۇربان شېئىر تۆپلىمىنىڭ ئارىسىدىن ئىككى قاتلانغان سۇس ھالرەڭدىكى بىر بەتلىك باسما قەغەزنى سۇغۇرۇۋالدى. قېنىق بىدە گۈلى رەڭگىدىكى سىيادا يېزىلغان بۇ خەت تۇراپ تۆلەنىڭ يوللىغان سالامى ئىدى. توختى قۇربان خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇدى.

... ئەنى جانابى ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك كامىل ئەپەندى، ھېكمەت ئەپەندى، مۇرات ئەپەندى! خېتىڭىزلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، دەسلەپتە ھەيرانلىق ھېس قىلغان بولساممۇ، كېيىن ھاياجان ۋە شادلىقتا ئىسسىق ياشلىرىم تۆكۈلدى. بىز سوۋېت يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ تەكلىماكان ئەتراپىدىكى يېزا - قىشلاقلاردىمۇ ئىسىملىرىمىزنىڭ زىكرى قىلىنىپ، ئەسەرلىرىمىزنىڭ مېۋە بېرىۋاتقانلىقىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدۇم. مەن مەكتۇبىڭلارنى غاپۇرغۇلام، ھىزىم ئىسكەندەر، ئىليار بەختىيار، خېلىل ھەمرايېۋ قاتارلىق بارلىق يازغۇچى، شائىرلارغا كۆرسەتتىم ، ئۇلار قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈشتى. خەت يازغۇچىلار سويۇزىنىڭ يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئۇلار ھەر قايسىڭلاردەك بىلىم ئىشقىدا ئىزدىنىۋاتقان ياش زىيالىيلارغا ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈشتى...

مەن سىلەرگە ئاددىي بولسىمۇ ئىككى كىتابىمنى ئەۋەتتىم.

ھۆرمەت بىلەن 1962– يىل 19– نويابىر .

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا سوۋېت يازغۇچىلىرىدىن كىتاب كەلگەنلىك خەۋىرى مەكتەپ ئىچىگە ناھايىتى تېز تارقاپ كەتتى. كىتاب ۋە خەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگۈچىلەرمۇ بولدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرى، ساجىتخانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلاركىتابلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: «ھەممىسى ئورۇسچىكەن» دەپ قويۇشتى. ئەمما، دۈشەنبە چۈشتىن كېيىن، ئالتە يۈزدەك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مەكتەپ مەيدانىدا يىغىلىپ ئوغۇت قاچىلانغان سېۋەتلىرىنى ئېلىپ تىزىلىپ تۇرغىنىدا، زەينىدىن مۇراتنىڭ

ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، مۇراتقا بىر هازا قاراپ كەتكەندىن كېيىن: «هەي ئاداش، سوتسىيال جاھانگىرلاردىن كىتاب ئەكەلدۇرگىدەك بولدۇڭما؟...» دەپ قويۇپ كېتىپ قالدى. يېزىلارغا ئوغۇت ياردەم قىلىشقا ماڭغان ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى رەتلىك تىزىلىپ، بوستان بازىرىدا توپا - چاڭلارنى ئۆرلىتىپ كېتىپ باراتتى. مۇرات: «سوتسىيال جاھانگىر» دېگەن گەپنى ئويلا - ئويلا، ئاخىرى بىر قاتاردا بىللە كېتىۋاتقان كامىل بىلەن توختى قۇرباندىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سورىدى.

— بۇ ئاتالغۇ ئاڭلىشىمچە ئىچكى ماتېرىياللاردا شۇنداق دەپ يېزىلغانمىش، — دېدى توختى قۇربان سېۋىتىنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا يۆتكەپ، — مۇنداقچە ئېيتقاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارىتىپ ئېيتىلىدىكەن.

هازىر شەھەردىكى ئىدارە - جەمئىيەتلەردە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تۇپ لۇشيەنى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرىگە ئائىت ھۆججەت ۋە ماتېرىياللار ئۆگىنىش قىلىنىۋېتىپتۇ، — دېدى كامىل پىچىرلاپ.

ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار سېپى سومى كەنتكە يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئەر - ئايال، ياش - قېرى ئەزالارنىڭ چاۋاك چېلىپ قارشى ئېلىشى بىلەن، ئوغۇتلىرىنى سامان - پاخاللىرى يىغىۋېلىنمىغان خامانغا تۆكۈشتى. بىردەمدىلا ئىككى ئورۇندا چوقچايغان ئوغۇت دۆۋىسى پەيدا بولدى. زەيىندىن سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ تەستە توپلىغان ئوغۇتلىرىنى كالا هارۋىسىغا بېسىپ ئېلىپ كەلگەندى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، هارۋىنى بىردەمدە قۇرۇقداپ قويدى. خامان ئەتراپىنى ماتا كۆينەك، يىرتىق ئىشتان، كونا تەلپەك كىيگەن يېلىڭ - يۇپۇڭ دېھقانلار ئوراپ تۇراتتى. ئۇلار سوغدىن تىترەپ تۇرسىمۇ، كەنت كادىرلىرى ئالدىدا ساداقىتىنى بىلدۇرمەكچى بولغاندەك، چاۋاك چېلىپ زورمۇ - زور ھىجىيىشاتتى. ئۇچلۇق كۆن ئۆتۈكلۈك، كېپىش سەپكەن، ياماقلار دەستىدىن بەتىنكىمۇ ، چورۇقمۇ بىلگىلى

بولمايدىغان نەرسىلەرنى كېيىۋالغان دېھقانلار پۇتلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، ئورۇنلىرىدا جىم تۇرالمايتتى. ئانىسىنىڭمۇ ياكى دادىسىنىڭمۇ ئەيتاۋۇر ئۆزىگە خوپ كەلمىگەن چاپان - چاۋىلارنى ئوشۇقلىرىدا سۆرەلدۈرۈپ كىيىپ يۈرگەن بالىلار يالاڭ ئاياغلا يۈگرەپ يۈرىشەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تىزلىرىنى يۆگەپ، ئاپتاپ چۈشكەن يەرلەردە تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى.

زەينىدىن مۇدىر كەنت باشلىقلىرى بىلەن بىر ئاز كۇسۇرلىشىپ ئالغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارغا خاماندا رەتلىك ئولتۇرۇشنى بۇيرىدى. سىنىپ مۇدىرلىرىغا ئۆز سىنىپىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامىغا مەسئۇل بولۇشنى تاپىلىدى. خامان خۇددى مانتا تىزغان جۇمبۇلدەك ئادەم بىلەن تولدى. ھەممىسى سوغۇق يەرگىلا ئولتۇرۇشتى.

— ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار، — دېدى زەينىدىن قولىنى كۆتۈرۈپ، — ھازىر بىز سىنىپىي كۈرەش دەرسى ئاڭلايمىز. ئۆتمۈشتە ئاتا - بوۋىلىرىمىز پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قانداق ئېزىلگەن، خارلانغان؟ ئاچ قېلىپ ئازابلانغان؟ بۇنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەمبەغەل دېھقان ھاشىم يالاڭ ئاكا سىلەرگە سۆزلەپ بېرىدۇ.

يالاڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، مەيداندا گۇدۇڭلاشقان پاراڭلار، بوينىنى سوزۇپ قاراشلار، ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. چۈنكى، ئۇلار سۆزلەيدىغان ئادەمنى يىرتىق كىيىملەردە بەدەنلىرى ئېچىلىپ شۈمشەرىشىپ تۇرغان شۇنچە نۇرغۇن يالاڭلار ئىچىدىكى قايسى يالاڭدۇر؟ دەپ ھەيران بولۇپ قاراشقاندى.

— يالاڭ دېسەم ھەيران بولماڭلار، — دېدى زەينىدىن ۋارقىراپ، — ئۆتمۈشتە پومېشچىكلار ئۇنىڭغا كىيىم بەرمەي، قىش - قىراۋ، زىمىستانلاردا ئۇ داۋاملىق يېلىڭ - يوپۇڭ يۈرگەچكە، ھاشىم يالاڭ دەپ ئاتىلىپ قالغان. مانا بۇ نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق — ھە؟ . . . يالاڭ دېگەن سۆزدىنلا ئۇنىڭ ئۆتمۈشتە قانداق ئازاپ تارتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ!

ھاشىم يالاڭ لوڭ - لوڭ دەسسەپ مەيدانغا چىقتى. ئوقۇغۇچىلار

ئۇنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چاۋاكلار بىلەن قارشى ئالدى. ئۇ يوغان ئاراچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھەممىگە تەكشى ھىجايدى - دە، قولتۇقىنى كارت - كارت قىلىپ تاتىلىدى. ھاشىم يالاڭ تەتۈر ئۇستىخان، رەندە سالمىغان تاختىدەك غودۇدۇڭ مەيدىسىنى چار تۈكلەرقاپلاپ كەتكەن ئادەم بولۇپ، پۇتىغا يالاڭ كالاچ سىپىۋالغانىدى. ئۇ كۆلگە پۇچىلىغاندەك كىر ھەم مەينەت ماتا كۆينىكى ئۇستىدىن قارا يەكتەك كىيىۋالغانىدى. يەكتىكىنىڭ بىر يىڭى قولتۇقىدىن، يەنە بىر يىڭى مۇرىسىدىن خېلى بەك سۆكۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، تىكىشلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. يەڭ ئۇچىمۇ ئىت تالىغاندەك يىرتىلىپ كەتكەچكە، قوللىرىنى كۆتۈرگەندە، يىڭى جەينىكىدە مازارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىدەك لەپەڭلەيتتى.

— تۆۋا! — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — بۇ ئادەمنى ئوتتۇرىغا بۆرە جۇۋا كىيىپ چىقارمىكى دېسەم، يەنىلا يالاڭكەنغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەتراپتىكى ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، مەن، — دېدى ھاشىم يالاڭ چىگىش چار ساقاللىرىنى تاتىلاپ قويۇپ، — نىزاخۇنلىق ھاجى دېگەن پومەكنىڭ قولىدا 30 يىل ئىزىلدىميا!... بىر كۈنى ھاجىم ماڭا: «ھاشىم سېنى ئۆيلەپ قويسام قانداق؟ پېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى» دېدى. مەن خوش، ھاجىم! دېدىم. بۇ گەپ ماڭا موكلا ياقتى. ئۆزەمنىڭمۇ بۇرنۇم كۆپۈپ، قىز - چوكانلار كۆزۈمگە ئوت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى...

مەيداندىن پىخىلداپ كۈلگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى... لېكىن زەينىدىن مۇدىر كۆپچىلىكنى دەرھال تەرتىپكە چاقىرىپ ۋارقىرىدى.

— ھاجىم ئۆزىنىڭ قىزىنى ماڭا چېتىپ قويدى، — دېدى ھاشىم خىرقىراپ كۈلۈپ، — ئۇ قىزنىڭ مەندىن بەش ياش چوڭلۇقىنى، بىر پۇتىنىڭ مايماق ئىكەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاي دېسە يۈزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، ھەجەپ ئۆز چوكانتى ئەمەسما... ۋاي - ۋاي، ئۇنىڭ شۇللۇقلىقى، نازىنىڭ يامانلىقى... خۇلقىنىڭ ...

— ھاي، ھاي ھاشىمكا، — ۋارقىرىدى زەينىدىن، — توختىسىلا

دەيمەن.

زەيندىن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ مەسخىرە كۆلكىلىرىگە پەرۋا قىلماي دوكۇلداپ يۈگرەپ چىقتى - دە، ھاشىمنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ نېمىلەرنىدۇر دېدى، ئۇمۇ بېشىنى گىلدىڭلىتىپ ھىجايدى.

— بىر كۈنى نىزاخۇنلۇق ھاجىمنىڭ خامىنىدىكى ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ، — دېدى ھاشىم ئاپپاق بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، — شىۋەلىكتە يۈز - قوللىرىمنى يۇيۇپ ئولتۇرسام، ھاجىم بىر بوز ھاڭگىنى مىنىپ، توپىلارنى پۇرقىرىتىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ قېلىپ: «ھەي ھاشىم، كۈچۈكمۇ بار، ھەرىكەتتە - بەركەت دېگەن گەپمۇ بار. مانا مۇشۇ شىۋەلىكلەر ماڭا قارايدۇ. مەشەدىن يەر ئېچىپ، تىگانلىرىنى ئېگىز قوپۇرساڭ، ئەتىيازدا بىر - ئىككى چارەك شال ئۆرىقى بەرسەم چېچىۋەتسەڭ، كۈزدە نەچچە تاغار گۈنجىغا (گۇرۇچكە) ئىگە بولۇپ قالامسەن!» دېدى. مەن: «ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەخمەت ھاجىم!» دېدىم. ئۇ: «ھەببەللى، ئىشلىگەن ئەر چىشلەپ يەر» دەپ كونىلار بىكار ئېيتمىغان، ئۆگزىدە بىر مۇنچە يىرتىق كىگىزلەر تۇرىدۇ. ئۇلارنى تىتىپ ئەي قىل، بولسا شەھەردىن بىر - ئىككى تاغار چاچ ئېلىپ چىقىپ كۆم!» دەپ ئەقىل ئۆگەتتى. ئەمما ئۆزەممۇ ئېشەككە چومنى تەتۈر توقۇيدىغان بىر دېۋەڭ - دە! شاللىرىمغا ئەكەك سۇ باشلىماي، قارا سۇ باشلاپ قويۇپ، كېيىن ئۇلارنى ئوت بېسىپ كەتتى ئەمەسما!...

خامانىي كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. زەيندىن يۈگرەپ چىققىنىچە، كەنت شۇجىسىغا قوللىرىنى شىلتىپ بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، شۇجى ھاشىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا جىقلا گەپ قىلدى. ھاشىمنىڭ تىزگىنىنى يېقىندىن تۇتۇپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مۇدىرمۇ جايىغا قايتىپ كەلمەي، شۇ يەردە تۇرۇۋالدى. ھاشىم بەلكىم ئۆزىنىڭ ئىزىلگەن، خورلانغان چاغلىرىنى يادىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئويلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، ئاسمانغا قاراپ ئۆز ۋۇنغىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ كەتتى.

— نىزاخۇنلۇق ھاجى مېنى قاتتىق ئەزگەن، — ھاشىم قولتۇقىنى كارت - كارت قىلىپ يەنە تاتىلىدى، — مەن يىغىم - تېرىمىنىڭ قاتىلاڭ چاغلىرىدا ئېتىز - ئېرىقتا ئىشلەيتتىم. بولمىسا ھاجىمنىڭ ھارۋىسىنى ھەيدەيتتىم. بىر كۈنى، ھارۋىغا نەچچە قات كۆرپىنى سېلىپ، ئۈنى ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ ماڭدىم. ئۇنىڭ بۇيرىقى بىلەن، ھارۋىنى يولنىڭ چېتىدە توختاتتىم. ھاجىم ماڭا بىر ئىتەك گۆش گىردىنى تۆكۈپ بېرىپ، ئۆزى ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەتتى. مەن غىلتاڭ دۇمبە (قويرۇق ماي) دە ئەتكەن گۆش گىردىنى راسا- مەززە قىلىپ شوپۇلاپ يەۋاتسام، دېرىزىدىن پوك، پوك، پوك قىلىپ سۆڭەك چۈشكىلى تۇردى.

ھاشىم سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، كەنت شۇجىسى بىلەن زەينىدىننىڭ ئۇگەتكىنى بويىچە، يىغلايمەن دەپ، يىغىغا تازا ئوخشاپ كەتمەيدىغان غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ، مەيداندا قىقاس - چۇقان، كۈلكە كۆتۈرۈلەتتى.

— مانا قارىمامسىلەر، ئۇ ماڭا گۆش گىردە بېرىپ قويۇپ، ئۆزى گۆش يەپتۇ ئەمەسما؟ ھۆ... ھۆ... ھۆ...— ھاشىم ئالقانلىرىدا يۈزىنى تۇتقىنىچە زوكىدا ئولتۇرۇپ ھۆكۈرىگىلى تۇردى، — بۇ ئۇنىڭ مېنى ئەزگىنى بولماي نېمە؟ خورلىغىنى بولماي نېمە؟...

خاماندا تەرتىپ بۇزۇلدى، ئوقۇغۇچىلار ۋاڭ - چۇڭ كۆتىرىشىپ كۈلۈشەتتى. دېھقانلار قىرقىرىشىپ، پىخىلدىشىپ، قاقاھلىشىپ، تۇرالماي قېلىشقانىدى. زەينىدىن، باللارنى تىزىلدۇرمايلا ئېلىپ قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئىش بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ئۆزى مەكتەپ مەيدانىدا سىنىپىي كۈرەش تەربىيىسى دوكلاتى بەردى. چۈش بولغاندا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مەيداندا رەتلىك ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارغا ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى يېگۈزدى. ئىككى داش قازاندا يېرىم كۈن قاينىغان بوتقا رەجەپ بەنجاڭنىڭ چوشقىلىرىغا بېرىدىغان ئاداپتىنمۇ بەتتەر بولۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭدا نە تۇز، نە كۆكتات بولسۇن؟ پەقەت قىپ - قىزىل يىرىك كېپەككە قوناق

مەدىكىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان غەلىتىلا بىر نېمە ئىدى. ھەممىسى ئۇنى ئاغىزلىرىغا بىرەر قوشۇقتىن سېلىپ بېقىپ، زادىلا يۇتالمىدى. بەزىلىرى دەرھال تۈكۈرۈۋەتتى. بىراق زەينىدىن: «كىمكى بۇ تاماقنى يېمىسە، ئۇ ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ، سىنىپىي كۈرەشنى ئېتىراپ قىلمىغان بولىدۇ...» دەپ يوغان قالپاقنى تەڭلەپ تۇردى. مەيداندا ئولتۇرغان ئالتە يۈزدەك ئادەم بىردە قاچىسىدىكى كۆڭۈل ئېلىشقۇدەك بوتقىغا قارىسا، بىردە قانداق قىلىمىز؟ دېگەندەك، بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشاتتى. زەينىدىن ئولتۇرغانلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا كەكلىكتەك يورغىلاپ مېڭىپ يۈرۈپ، ھەممىسىنىڭ قاچىلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. مەمتىلى ئىبراھىم مۇدىرغا ئۆتمۈشنى ئۇنۇتمىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بوتقىنى كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ يۇتۇۋەردى.

— مانا قاراڭلار، — دېدى زەينىدىن كۆپچىلىككە، — مەمتىلى ئىبراھىم ئۆتمۈشتە قاتتىق ئېزىلگەن ئادەمنىڭ بالىسى چاغىۋا، يەپ بولاي دەپ قالدى.

— بىر داس نانقايناقنى يەپ بولغان ئادەم، — دېدى مۇرات غۇدۇڭشۇپ، — ئۇنى يېمەمتىكى؟...

— ئۇ تاماق زېغىرلايدىغان ئادەم بولمىسا، — دېدى كىمدۇر بىرى، — مۇت (بىكارغا)، زەھەر بولسا يۇت دەپ، تاماق كېنىشكىسىگە يازمايدىغانلا ئىش بولسا، ئۇ يەۋېرىدۇ.

— ۋارى - ۋارى قىلمايلى، — دېدى زەينىدىن ۋارقىراپ، — مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ سىياسى...

زەينىدىننىڭ گېپى ئاياغلاشمايلا، مەيدان ئىچىدە «باۋ...» قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ھەممىنى چۆچۈتىۋەتتى. مەمتىلى ئىبراھىم ياخشى سوقۇلمىغان مەدەكنى قۇيرۇق ماي دەپ قالدىمۇ - نېمە، پۈتۈنلا يۇتۇۋېدى، ئۇ گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ، قاتتىق قېقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن، بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل كېپەك ھەم مەدەك ئۇۋاقلىرى ئالدىدا ئولتۇرغان ساجىتخاننىڭ بېشى، گەدىنى ۋە

دۇمبىلىرىگە چاپلاشتى.

— گېلىڭغا پاتقۇدەك تىقساڭ بولمامدۇ ھەي ئاچپاقا ھېشىق؟ — دېدى ساجىتخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مانا، مېنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئېشىمنى ھارام قىلدىڭيا؟ . . .

ساجىتخان قاچىسىنى ئېشى بىلەنلا گۈپلا قىلىپ يەرگە دۇم قىلىپ ئۇردى. مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ ئاغزى - بۇرنى ھېلىلا ھەلەپ يېگەن بۇقىنىڭ تۇمشۇقىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. بەزىلەر ئۇنى كۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى. بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان بىر قىسىملار ئايىغى ئاستىدىكى يۇمشاق قۇم توپىنى كولاپ بوتقىسىنى تۆكۈپ كۆمۈۋەتتى. باياتىندىن بىرى خۇمارى تۇتۇپ، چېچىلىدىغانغا ھېچ سەۋەب تاپالماي ئولتۇرغان ئەخمىتاخۇن ناۋاي ئورنىدىن تۇرغانچە زەينىدىنگە ۋارقىرىدى:

— شوجاڭ، ئاۋۋال ئۆزلىرى يەپ بەرمەملا، ھەممە ئىش باشتىن كەلسە ياخشى بولىدۇ.

زەينىدىن ئەخمىتاخۇن ناۋاينىڭ ئەلپازىدىن سەل چۆچۈپ قالدى. چۈنكى بۇ بەڭگىنىڭ خۇمارى تۇتسا، كۆزىگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. قىش كۈنلىرى سوغۇققا توڭلاپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار ئوت سۇنغىلى ناۋايخانىغا كىرىشەتتى. ئەخمىتاخون ئۇلارغا: «ۋاي بىچارە بالىلـــــىرىم، ئوت سىنىڭلار، ئىسسىدىڭلارمۇ؟» دەپ كېتەتتى. بىـــراق خۇمارى تۇتۇپ قالسا، ئۇلارنى ئىشتىنىنى سېلىپ قوغلاپ، چوقال بىلەن سېلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا زەينىدىننىڭ كالپۇكلىرى تېتىرىدى. ئۇ: «بولىدۇ. . . بولىدۇ. . . مەن. . . يەي » دېدى - دە، قاچىسىدىكى كېپەك ئۇيۇتمىسىنى ئۇچۇملاپ ئاغزىغا سالغىلى تۇردى. لېكىـــن، ھايال ئۆتمەيلا، ئۇمۇ مەمتىلى ئىبراھىم يولۇققان پاجىئەگە يولۇقۇپ قاتتىق چۈشكۈرىۋەتتى. ئاغزى - بۇرنىدىن پاتماي چىققان كېپەك ئالدىدا ئولتۇرغان مۇراتنىڭ يۈزلىرىگە چاچرىدى. مەيداندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ئا. . . قانداق قىلغانلىرى بۇ؟ بىر ئوبدان ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئېشىمنى بۇلغاپ قويدىلىيا؟ — مۇرات قاچىسىنى دۇم قىلىپ يەرگە

ئۇردى ۋە نالە قىلىشقا باشلىدى، — ۋاي ئىسىت ئېشىم، بوۋامدىن قالغان ئېشىم، موماملىنى يادىمغا سالغان ئېشىم. . .

— قانداغا شوجاڭ؟ — دېدى ئەخمەتاخون چەكچىيىپ، — ھازىرمۇ بىز بەتتە پولۇ يەۋاتقىنىمىز يوق، يەنىلا مۇشۇ ئاداپتىن پەرقلەنمەيدىغان ئۇماچ، زاڭ، يۇندىغا ئوخشايدىغان سۇيۇقئاش ئىچىۋاتىمىز ئەينا. . .

ئەخمەتاخۇن قولىدىكى تاۋىقىنى ئېشى بىلەنلا ئېرىققا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى - دە، — قانداق نېمە بۇ؟ بىر نېمىگە. . . چۇشكەن بۇرگىدەك سەكلەۋېرتىكەن، — دەپ ئاغزىنى بۇزغانچە كېتىپ قالدى. زەيىنىدىن ئۇنىڭغا ئاچچىقلىمىدى، تىللىمىدى، ھەتتا قاراپمۇ قويمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دىمىغىغا چاپلىشىپ قالغان مەدەك ئۇۋاقلىرى ئۇنى ھەدەپ چۈشكۈرتمەكتە ئىدى.

ئېشىپ قالغان «ئۆتمۈشنى ئەسلەش» ئېشىنى رەجەپ بەنجاڭ چېلەكلىرىگە ئۇسسۇپ ئېلىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ چوشقىلىرى بۇ ئاشنى ئۆتمۈشنى باشتىن كەچۈرمىگەن بولغاچقىمۇ ياكى سىنىپىي كۆرەشنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ، ئەيتاۋۇر زادىلا يېمىدى.

يەكشەنبە كەچ ئوقۇغۇچىلار يىغىلىشقا باشلىدى. لېكىن بىر چاغدا چىقىرىشىپ - قىرقىرىشىپ يىغلاشقان قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ كېلىشتى. بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتكەن زەيىندىن، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇرلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. يۇسۇپ مۇئەللىمنىڭ سىنىپىنىڭ قىزلار ياتىقىغا، گۇلزىبا خانىمنىڭ سىنىپىنىڭ ئوغۇللار ياتىقىغا ئوغرى كىرگەنىدى. بالىلارنىڭ بىرسى كىگىزىم يوق دېسە، يەنە بىرسى يوتقىنىم يوق تۇرىدۇ، دەيتتى. بىر ئوغۇل بالا ئۆيدە يوتقان بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دادامنىڭ جۇۋىسىنى يېپىنىپ يېتىۋاتاتتىم، ئۇنىمۇ ئوغرى ئاپتۇ دەپ، ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

نەرسە - كېرەكلىرى يوقالغان بالىلار شۇ كۈنىلا جىلتە - سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۆيلىرىگە كېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنى ھېچكىممۇ تۇتۇپ قالالمىدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، ناۋايخانىنىڭ قۇلۇپى

چېقىلىپ، نان ساقلايدىغان ئىشكاپىنىڭ سىم تورى يىرتىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا يەكشەنبىلىك ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان ئاق ناندىن ئۈچ يۈزدەك نان يوقالدى. بۇنداق يوتقان - كىگىز، نان، ئۇن، تاڭشىر يوقىلىدىغان ئىشلار مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئاخىرلىشىپ قىشلىق تەتىل باشلانغانغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇڭا، سىنىپ مۇدىرلىرى شەنبە چۈشتىن كېيىنلا، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەكلىرىنى ئۆز ئۆيلىرىگە توشۇپ ئەكىرىۋالىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بىر يېرىم ئېغىزلىق كىچىك ئۆيلىرى 45 - 50 بالىنىڭ ئاچچىق تەر پۇراپ، توپا - توزان پۇرقىراپ تۇرغان ئەسكى - تۈسكىلىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. بەزى بىر ئېغىزلىق ئۆيلەردە بولسا، ماڭغۇدەكمۇ جاي قالمايتتى.

مەكتەپكە كەلمەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە ئىدى. بەزى سىنىپلاردا ھەر كۈنى ئون - ئون ئىككى ئوقۇغۇچى دەرسكە قاتناشمايتتى. سىنىپ مۇدىرلىرى يېزا - كەنتلەرگە بېرىپ، بالىلارنى قايتۇرۇپ كېلەلمىدى. ئاتا - ئانىلار يوقالغان نەرسىلەرنى مەكتەپ تۆلەپ بەرمىگۈچە، بالىسىنى بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەۋسۇملۇق ئىمتىھان باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. زىكرۇللا غوجى بەكمۇ جىددىلىشىپ كەتتى. ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى يىغىپ، ئوقۇغۇچى تولۇقلاش ھەققىدە يىغىن ئاچتى. ئىشخانا ئىچى ئادەم يوقتەك جىمجىت ئىدى. ھېچكىم ئېغىز يېرىپ بىر نىمە دېيەلمەيتتى. چۈنكى، ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققان ئوقۇتقۇچىلار دېھقانلارنىڭ يىغا - زارىنى ئاڭلاپ، نامراتچىلىق باسقان ئۆيلەرنى كۆرۈپ، ئىچلىرى ئېچىشىپ قايتىپ كېلىشكەنىدى. بەزى دېھقانلار بىر كىگىزنىڭ يېرىمىنى بالىسىغا كېسىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ قاخشىسا، بەزىلىرى بىر يوتقاننى ئوغلى مەكتەپكە ئېلىپ كەتكەچكە، قالغانلىرىنىڭ كونا جۇۋا، ئەسكى چاپان - چاۋىلارنى يېپىنىپ يېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ يىغلايتتى. بولۇپمۇ بىر تۇل خوتۇن قوينىڭ يۇڭىنى ئىككى يىل يىغىپ كىگىز باستۇرۇپ قىزىمغا بەرسەم، ئۇنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ دەپ، ئۆزىنى كاچاتلاپ كەتتى. قىسقىسى، ھەممىلا ئۆيدە داد - پەريات ئاڭلاپ تەڭلىكتە قالغان ئوقۇتقۇچىلار ئازراق

بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىشنى ئويلايتتى.
— مەكتىپىمىزدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئاتا - ئانىلىرى بولىمىز، ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا بىز يېتىشىمىز كېرەك. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ھەممىمىزگە ئايان. شۇڭا، گۆڭشې داڭۋېيىغا دوكلات يېزىپ، سودا سارىيىدىن بىرەر تاي پاختا ۋە كارىۋات كېگىزلىرىدىن سېتىپ ئالساق. مۇشۇ ئارقىلىق يۇتكەن يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ، كىگىزلەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرساق دەيمەن.
— بىر تاي پاختا، — دېدى ئەخمەت ھوشۇر، — 100 جىڭ بولىدۇ. يوتقانغا 6 جىڭ، كۆرپىگە 4 جىڭ كەتتى دېگەندىمۇ 10 جۈپ يوتقان - كۆرپە تىككىلى بولىدۇ. بۇ نېمىگە دال بولار؟
— مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇرات، — ھەممە سىنىپ ۋە ئىشخانىلارنىڭ پاختىلىق ئىشىك يايقۇچلىرىنى قوشساقمۇ بولىدىغۇ؟
— بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن، — دېدى زىكرۇللا غوجى ئەخمەت ھوشۇرغا.
— مەن ئۆز پىكرىمنى باشقىلارغا تاڭماقچى ئەمەس، — دېدى ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئائىلىلىك ئوقۇتقۇچىلار بولايلى، بويتاقلار بولايلى، ئۆزلىرىمىزنىڭ ئوشۇق يوتقان - كۆرپە، ئەدىياللىرىمىزنى ياردەم قىلساقمۇ بولىدىغۇ! مانە مەن يېقىندا تىكتۇرۇپ قويغان بىر جۈپ يوتقان - كۆرپەمنى بېرەي...
— زىكرۇللا غوجى باشلاپ چاۋاك چالدى، باشقىلارمۇ قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. ئىلمىي مۇدىر خۇشال بولغىنىدىن ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر كۆرپە، بىر كىگىز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئارقىدىنلا كامىل، مۇرات گۈلزىبا، پاتەمخانلارمۇ شەھەردىكى ئۆيىدىن يوتقان - كۆرپە، كىگىز ئەپچىقىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئەدىيال، چاپان دېگەندەك نەرسىلەرنى بېرىمىز دەپ تىزىملاتتى. لېكىن، زەينىدىن مۇدىر بېشىنى

ئىچىگە تىقىپ، يۈزلىرى ھۆپپىدە ئېسىلىپ كەتكەن ھالدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرى، ساجىتخانلار مۇدىرنىڭ بۇ ئەلپازىنى كۆرۈپ، بىر ئېغىزمۇ سۆزلىمەي جىم بولۇۋېلىشتى.

— ھەي ھېكمەت، — دېدى مۇرات بويىنىنى سوزۇپ، — يېڭى تىكتۈرگەن يوتقان - كۆرپەڭنىغۇ بەرمەكچى بولدۇڭ، بىراق باشقىلاردىن رۇخسەت ئالدىڭمۇ؟

— كىمدىن؟

— يا دەيمىنا! . . .

ئىشخانا ئىچىدە بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە بىردەك گۈلزىباغا قاراشتى. چاقچاقنىڭ تېگىگە يەتكەن بۇ نومۇسچان قىزمۇ بىردىنلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، ئالقانلىرىدا يۈزىنى توسقىنىچە ئۈستەلگە بېشىنى قويۇۋالدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ توي قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان قۇتبىرەم ھەر ئىككىلىسى بىلەن گەپلەشمەيتتى. مۇراتنىڭ پۈرۈتۈپ قىلغان چاقچىقىدىن ئۇنىڭ غۇژژىلا ئاچچىقى كەلدى - دە، زەھىرىنى سانجىدى.

— ئوت يۈرەك بالىلار بولغاندىن كېيىن، — دېدى قۇتبىرەم قاشلىرىنى لىككىدە ئېتىپ، — پالازنى سۇغا چىلاپ ياتسىمۇ بولىۋېرىدۇ - دە! ئۇنىڭدا تېخىمۇ مەنىلىك بولمامدۇ؟ . . .

— ھەي قۇتبىرەم خانىم، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ — دېدى مۇرات دەرھاللا، — ھېكمەتمۇ بوش ئادەم ئەمەس دەڭا! ئۇ غۇلجىدىن ئاتا - ئانىسى ئەۋەتكەن چەت ئەلنىڭ ئالىي يوتقان - كۆرپە تاشلىرىنى، كېلىنىمىز ئۇچۇن دەپ ئەۋەتكەن سارجا كۆينەك، يوپكا - كاستيۇملىرىنى، قۇندۇز ياقىلىق گاباردىيون پەلتولارنى كۆرۈپ، تىكتۈرگەن يوتقان - كۆرپەم مەھبۇبەمنىڭ خىلى ئەمەسكەن دەپ بېرىۋەتكەن گەپ! . . . كېپىم چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟ ئۇقالمىغان يەرلىرىڭىز بولسا يەنە سوراڭ. . .

— سۇغا چىلانغان پالازغا كەلسەك، — دېدى كامىل زەردە بىلەن، — بۇ خوتۇن تەگمىگەن ياقىسى كىر بويتاقلا، ئەر ئالمىغان شاللاق جۇۋانغا

مەنسۇپ نەرسە! . . .

— هاي، هاي، بولدى قىلىڭلار، — دېدى زىكرۇللا غوجى، — سىلەر نېمىگە ئىچكى ئۇرۇش قىلىسىلەر؟ بىز هازىر نېمىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز؟ . . . يولداشلارغا رەھمەت، مەن هازىرلا خېلىلا يېنىكلەپ قالدىم، — دېدى زىكرۇللا غوجى ھاياجانلانغان ھالدا، — ئەخمەت ھوشۇر ھازىردىن باشلاپ مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بۇ ئىشقا ماڭسۇن، سىنىپ مۇدىرلىرى بىلەن دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمكارلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا تولۇق قاتناشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلساق.

— رەخ بېلىتىنى قانداق ھەل قىلىمىز؟ — دېدى ئەخمەت ھوشۇر، — پاختا بېلىتىنىغۇ گۇڭشې كۆتۈرۈۋېتەر، بىراق رەختكە ئۇنىمايدۇ - دە؟

— سودا سارىيىدا بىر مېتىر رەخ بېلىتىگە ئىككى مېتىر سېتىپ بېرىدىغان شالاڭراق چىت - خەسىلەر بار، — دېدى زىكرۇللا غوجى، — ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ئېلىڭ. كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا رەخ بېلىتى تارقاتقاندا تۆلەيمىز. . .

— مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىشقا مەن قوشۇلمايمەن، — دېدى زەينىدىن تۇنجى قېتىم ئېغىز ئېچىپ، — بەلگىلىمىدە، مەكتەپ قوشۇمچە كىرىمنى رېمونت ئىشلىرىغا، پارتا - ئورۇندۇقلارنى تولۇقلاشقا، سۇنغان ئىشىك - دېرىزىلەرنى ياساشقا، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دېيىلگەن. كەمبىغەل ۋە بەش كېپىل دېھقان باللىرىغا يوتقان - كۆرپە، كىيىم - كېچەكنى دۆلەت بېرىدۇ. بۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

— بۇ بەلگىلىمىدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، — دېدى زىكرۇللا ئاچچىقى بىلەن، — دۆلەت بەرگەننى 10 - ئايدا تارقىتىپ بولدۇق، لېكىن ھازىر ئوغرى ئالدى. بۇ دېگەن پەۋقۇلئاددە ئەھۋال مۇدىر.

— مەن زىكرۇللا غوجىنىڭ پىكرىگە قوشۇلىمەن، — دېدى توختى قۇربان، — ئاشلىق، كۆكتات، چارۋىدىن كىرگەن ئىقتىساد ھەممىسى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ قان تەرىدىن كەلگەن. ئەمدى ئۆزلىرىگە ئىشلەتسەك بولىۋېرىدۇ.

مەۋسۇملۇك ئىمتىھان باشلىنىپ بولغۇچە، مەكتەپ ئىچى خېلى جىم

ئۆتتى. چۈنكى، يېرىم كېچىگىچە ئىككى ئوقۇتقۇچى، يېرىم كېچىدىن تاڭ ئاتقۇچە ئىككى ئوقۇتقۇچى مەكتەپتە كۆزەتچىلىك قىلىدىغان بولغانىدى. زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت هوشۇرلار يىغىپ كېلىنگەن ئوقۇغۇچىلارغا يىغىلغان يوتقان ـ كۆرپە، كىگىزلەرنى تەقسىم قىلىپ بەردى. مەكتەپتىن تەييارلاۋاتقان يوتقان ـ كۆرپىلەرنى تىككۈچى مەمەت شولاق تىكىپ ئۈلگۈرتەلمىگەچكە، ۋاقىتلىق ئىككى ئوقۇغۇچى بىر يوتقاندا يېتىشقا توغرا كەلدى. هەرھالدا، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنى هېسابقا ئالمىغاندا، مەۋسۇملۇك ئىمتىهانغا باللار ئاساسىي جەهەتتىن قاتناشتۇرۇلدى.

ئىمتىهان ئاياغلاشمايلا، مائارىپ ئىدارىسىدىن ناهىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدە 40كۈنلۈك ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى بارلىقى، ئۇنىڭغا بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تولۇق قاتنىشىشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى.

# جۇدۇن شەپىسى

خالىق كاتىپ ياقۇپ سەپرانى بىنا پەلەمپىيىگىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆرۈك چېچەكىدەك ئاپپاق ئاقىرىپ، يۈزىدىكى قورۇقلىرى كۆپىيىپ، تېخىمۇ قارىداپ كەتكەن ياقۇپ كەڭ هەم تىك پەلەمپەينىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ، پېشايۋان سۇپىسىدا غادىيىپ تۇرغان خالىققا قارىدى. ئۇ نېمىدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ، دېيەلمەي يەرگە قارايتتى. قىسىلغان كۆزلىرىدىن، تۈرۈلگەن قاپاقلىرىدىن، چىڭ يۇمۇلغان كالپۇكلىرىدىن بىر خاپىغانلىق چىقىپ تۇرغان خالىق ئۇنىڭ سەل دوكراق گەجگىسىگە، ئورۇق قاتمال سىياقىغا قاراپ ئاچچىققىنە كۈلدى.

— بولدى، خاتىرجەم بولۇپ كېتىۋەرسىلە، زۇمرەتكە تەربىيە ئىشلەيمەن، — دېدى خالىق ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — لېكىن مەن

دېگەن گەپلەرنى قولاقلىرىدا چىڭ تۇتسىلا، ھەرگىز يېنىكلىك قىلمىسىلا.

— خوش، ئەمىسە ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم، — دېدى ياقۇپ چىرايى تۇتۇلغان ھالدا، — ئۇ ئەپەندىنى چانىۋەتسەم دەردىم چىقمايدۇ... قىزىمنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى.

— كۆڭۈللىرىنى توق تۇتۇپ يۈرسىلە، — دېدى خالىق كىبىر بىلەن، — بەل قويۇۋەتمىسىلە، ئاۋۋال زۇمرەت قىز بىلەن بىر ئەھۋاللىشىپ باقاي، يەنىلا «ئۆلىمەن - ئۆچىمەن» دەپ تاش چىشلەپ تۇرسا، باشقىچە ئامالىمىز بار...

— ماقۇل، ماقۇل...

ياقۇپ كەتتى. خالىق ئىشخانىسىغا كىرىپ ئورۇندۇقىغا چۆككىنىچە ئۇزۇن ئولتۇردى. ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چەكتى. تام - تورۇسلارغا ئالىيىپ قارىدى. گويا بىراۋلار ئۇنى مەسخىرىلەپ كۈلۈۋاتقاندەك، «ئەپتىڭگە قاراپ باق، سەن كىم، بىز كىم؟» دەپ خورلاۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئىشخانىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغا سەپ سېلىپ چىقتى. شۇنداق، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مۇرات بىلەن زۇمرەت زادىلا كەتمەيتتى.

خالىق ئىنستىتۇتتا ھېلىقى جۇۋاينىمەك بىلەن ئىش چىقىرىپ قويۇپ، ھاياتىدا بىرلا قېتىم يىقىلدى!... ئاشۇ مەغلۇبىيەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ ئىشلىرى خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك راۋان بولدى. بولۇپمۇ گۇڭشېنىڭ كاتىپلىق تاجىسىنى بېشىغا كىيگەندىن كېيىن، ئەمەلىي ئىش بېجىرىش جەھەتتە، تامغا ئۇنىڭ قولىدا بولغاچقا، ھوقۇق، ئابروي، شەرەپ ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولۇپ كەلدى. نەۋرىسىدەك قىزلارغا ئۆيلەنمەكچى بولغان يېزا كادىرلىرى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ياكى يېشى توشمىغان قىزلىرىغا «قىزىل قەغەز» ئالماقچى بولغان ئاتا - ئانىلار، سودا سارىيىدىن ئاق ئوغۇت، ھارۋا چاقى، پاختا قاتارلىق نەرسىلەرنى ھەل قىلالمىغان ھاجەتمەن دېھقانلار، بىرەر ۋېلىسىپىتقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغان ئوقۇتقۇچىلار، ئاددىيسى كېسەل

ئاتا - ئانىلىرى ئۇچۇن ئارپا، قوناقلىرىنى ئاشلىق پونكىتىدا بۇغدايغا ئالماشتۇرالماي، ئىككىلىك خەتكە زار بولغان بىچارىلەر خالىق ئالدىدا كۇچۇكلىنەتتى، يالۋۇرۇپ - يىلىناتتى، ئۇنىڭغا ئاياغلىرىغا سۆيگۈدەك بولۇپ خۇشامەت قىلىشاتتى. خالىق كەچتە ئۆيگە بارغىنىدا، ھويلىدا ياتلا توخۇلارنىڭ دانلاپ يۈرگىنىنى كۆرەتتى ياكى ئېغىلدىن بىرەر پاقلاننىڭ ئېچىنىشلىق مەرىگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتى، لېكىن ھەيرانلىق ھېس قىلمايتتى. ئاشخانا، ئايۋانلاردا پەيدا بولۇپ قالغان بىر سان گۆش، بىرەر - ئىككى سېۋەت يەل - يېمىش، بىرەر قاپاق مايلارنىڭمۇ سوراپ قويۇش بۇياقتا تۇرسۇن، كۆز قىرىنىمۇ سالمايتتى.

خالىق قىسقىسى چاققان يېرىدىن قان ئالالايدىغان كۆكۈيۇن ئىدى. 30 مىڭ نوپۇسنىڭ سەركىسى بولغان تۇراپ ئىمىن چىغىدا ئۇنىڭ گېپىنى يېرىپ باققان ئەمەس، تېخى ھالقىلىق ئىشلاردا مەسلىھەت سورايدۇ. گۇڭشې بويىچە بەزى سەپەرۋەرلىك دوكلاتلىرى، يېزا كادىرلىرىغا سۆزلەيدىغان سۆز تېكىستلىرىنى خالىق گۇلىنى گۇلىگە كەلتۈرۈپ شۇنداق ئوقۇۋېتەتتىكى، ئاڭلىغانلار تۇراپ شۇجىنىڭ سەۋىيىسىگە، ناتىقلىقىغا، سۆزمەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى. تۇراپ ئىمىننىڭ باللىرى بەزىدە: «دادا، سىنىڭ ماقالەڭ خوتەن گېزىتىگە بېسىلىپتۇ» دېسە، ئۇ خۇددى ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەك ھەيران بولۇپ، گېزىتنى قولىغا ئالاتتى. «پۈرسەتتىن قالساڭ، پەسىلدىن قالىسەن»، «ئالتۇن كۈزنىڭ ئالتۇن نېمىتىنى پاكىز يىغىۋالايلى»، «مەيدانلاشقان ئېتىزلارغا ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلايلى» . . . توۋا، بۇ ماقالىلەرنى ئۇ قاچانلاردا يازغان بولغىيتى، ئۇنتۇپ قالغىنى نېمىسى؟ راست، بىر چاغدا سۆزلىگەندەك قىلىۋېدى! . . . تېخى ئۇ «بوستان گۇڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى»، «تۇراپ شۇجى ئۆزى جىرىم تېكىشكە قاتناشتى. . .»، «بوستان گۇڭشې شۇجىسى تۇراپ ئىمىن داجەيدىن ئۆگىنىش ھەققىدە رادىئو نۇتقى سۆزلىدى. . .» دېگەن سەھىپىلەرنى كۆرگىنىدە، خۇددى شېرىن چۈش كۆرۈۋېتىپ ئويغىنىپ

كەتمەي دېگەندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ كېتەتتى. بۇنداق ئىلتىپاتلار بولۇۋاتسا، تۇراپ ئىمىن نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟ خالىق يۇملاقنى چاسا دېسە، ئۇمۇ چاسا دەيتتى، ئاقنى قارا دېسە، ئۇمۇ قارا دەيتتى!...

بۇ ساخاۋەتنى خالىق «گۇڭشېنىڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى بولىشى ئۈچۈن، تۇراپ ئىمىننىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلىۋاتىدۇ» دېگەنلەر ئۇزۇنغا چىقسۇن!... تەيپىنەمنىڭ ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى ياكى ئىككىنچى يىلىدا ئوقۇغان يا ئوقۇمىغان، ساۋادىنى ئۆزى چىقىرىۋالغان بۇنداق ئېشەكتەك دۆت - كالۋالارنىڭ ئىناۋىتىنى كۆتۈرۈپ نېمە كەپتۇ!... ئەمما ئۇ بىر كۆۋرۈكتە!... كۆۋرۈك بولغاندىمۇ، كۆرۈنۈپ تۇرغان جەننەتكە بارىدىغان داغدام كۆۋرۈك!...

خالىقتا مانا شۇنداق نەزەر، يۇقىرىغا ئۆرلەش نىشانى، قانائەت قىلماسلىق نەپسى بار ئىدى!... مۇشۇنداق ئەقىل - پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئاۋام ئالدىدا يۈز - ئابرويلۇق، رەھبەرلەر گۆھەردەك ئەتىۋارلاۋاتقان خالىقنى مۇراتتەك بىر ئەپەندىنىڭ كۆزىگە ئىلماي قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىنى كۆرمەمدىغان؟... زۇمرەتتەك بىر قىزنىڭ خىلىمۇ ئۇ؟ ... ماۋۇ ياقۇپ دېگەن قېرى لەقۋانىڭمۇ «سەپرا» دېگەن لەقىمىگە چۈشلۇق ئۆزىنى بىر كۆرسەتمەي «پارتىيە مەكتىپىگە مېڭىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى مۇرات قىزىم بىلەن كۆرۈشكىلى چىقىپتىكەن، كۆسەيىنى كۆتۈرۈپ كېلىشىمگە، زۇمرەت ‹ئۆلىمەن›، دەپ تۇرۇۋالغاچقا، قول تەككۈزەلمىدىم...» دەپ تىلىنى چايناپ ئولتۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان؟... ئولمەيدىغان يېرىگە ئۇرۇپ، كاللا - قاپاقلىرىنى يېرىپ، خەلقى - ئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، راسا ئەدىبىنى بەرگەن بولسا، ئۇ مۇناپىق ئىككىنچىلەپ فېرمىغا كېلەلەمتى؟... ئەمدىزە، «ئۆزلىرى ياخشى لايىق تاپىمەن دېگەنتىلە، چاپسانراق كايىش قىلغان بولسىلا...» دەپ ماڭقىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرغىنىنى

كۆرمەمدىغان؟ تېخى مەن لايىق تاپقۇدەكمەن. . . ۋۇي پەپىلىقۇش دېۋەڭ قېرى! . . . بىلسەڭ، زۇمرەتنىڭ لايىقى مەن بولىمەن. . . خوتۇنۇڭنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىپ، ئۆلۈم - نەزىرلىرىگە پۇل خەجلەپ، مېنىڭ بېشىم ئىششىپ قاپتۇما؟ . . . بۇ پەقەت ئاشۇ شوخ، نازىنىن قىزىڭنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈنلا، بوينۇڭغا سالغان سىرتمىقىم بولمامدۇ! . . .

شېرىن خىياللىرىدىن لەززەتلىنىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، خالىقنىڭ يەنىلا كۆڭلىنىڭ بىر يېرى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئىچى - ئىچىدىن پۇخ بولۇپ دېمىقاتتى، تېرىكەتتى، قويغان - پۇتكىنىنى بىلمەيتتى. بۇ دېلىغۇللۇق مىجەزى ئىتتىك، ئەقىدىسى ئۈچۈن ھېچنىمىدىن يانمايدىغان تەرسا زۇمرەتنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئىشەنچ يوقلۇقىدىن بولۇۋاتاتتى. زۇمرەت «دادام ئۇردى» دەپ بېشىنى تېڭىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، خالىق فىرمىغا بېرىپ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ، «قىز بالىنى ئۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى» ھەققىدە قارىخانلىق قىلىپ، بىر نەچچە كەلىمە پەندى - نەسىھەت سۆزلىدى. لېكىن ياقۇپ قىزىنى ئۇرمىغانلىقىنى، زۇمرەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋالغانلىقىنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بەردى. قىزنىڭ بۇ جاسارىتىدىن ئەندىكىپ، خالىقنىڭ يۈرىكى لاسسىدە ئېغىپ كەتتى. يائاللا، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك. . . ئۇ يېزا يوللىرىدا غىتتاڭشىپ يۈرۈپ ئۆزىنى شامالغا سالىدىغان شاللاق قىزلاردىن ئەمەسكەن. . . بۇ مۇراتقا سادىقلىق قىلىپ، باش - كۆزىنى يارغان يەردە، ئەمەل، شۆھرەت، پۇل، پاراغەتلىك تۇرمۇش دېگەنلەرنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىغۇدەك. . .

خالىقنىڭ غەزىپى بىردىنلا ئۆرلەپ، ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشخانا ئىچىدە ماڭغىلى تۇردى. خوتۇنىنى، ئۇنىڭ قورسىقىدا بىخرامان يېتىۋالغان يەتتە ئايلىق بالىسىنى ئۇنىڭ بوغۇۋەتكىسى كەلدى. «بالا تۇغۇلمىغۇچە ئاجراشتۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن قانۇننى قانداق كاللىسى ئېلىشىپ قالغان ئادەملەر ياساپ چىققاندۇر؟ . . .

ھويلىدىكى ستولىبىغا قادالغان ساندۇق رادىئودىن كېلىۋاتقان خەۋەر

توختىدى. گۇڭشې رادىئو ئۈزلۈكسىز داجەي ھەققىدە بېرىۋاتقان خەۋەرنى توختىتىپ، ئاياغلاشتۇرۇش مۇزىكىسى — «شەرق قىزاردى» نى ئاڭلىتىۋاتاتتى. خالىق سائىتىگە قارىدى. ۋاقىت ئون بولغانىدى. شۇ چاغدىلا، سودا سارىيىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ ئولتۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئۇلارغا يۇقىرىغا ئۆتكۈزمەكچى بولغان قۇرۇق يەل - يېمىش، گۆش، خام مال قاتارلىق ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى توغرىلىق يىغىن ئاچىمەن دېگەنىدى.

ئالدىراپ - تېنەپ سودا سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەن خالىق ئارقىدىن ئۇچقاندەك كەلگەن ئىشەك ھارۋىسىنى كۆرۈپ قالدى. ھارۋىدا بىر قىز ئولتۇراتتى. قاسساپتەك مالنى بىرلا قاراپ تونۇيدىغان تەجرىبىلىك خالىق تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھارۋىدىكى قىزنىڭ جەزبىدار سىياقىغا كۆز تاشلىدى. چەكسىز لاتاپەت، ئەدەپ - ئىكرام ۋە ھايا - نومۇسلۇق پەرىزاتقا خالىق ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قاراپلا قالدى. ھارۋىكەش خالىقنى كۆردى. ئۇ ئېتىنىڭ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، ھارۋىنى يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتا ئاران توختاتتى. ئۇ، يىراقتىنلا خوشامەت بىلەن ھىجىيىپ، كۆلكىدىن كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ يۈگرەپ كەلدى - دە، خالىق بىلەن ئېگىلىپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئەكىلەپ ئېگىسىنىڭ ئاياقلىرىنى يالاپ، سۆۋاشقان كوكىدەك كۈچۈكلىنىۋاتقان بۇ ئادەم ئورمىلىقتا نەفسەگە نان تاللاپ بەرمەكچى بولغان تۇردى ھېكىم ئىدى.

— ھە، تۇردى مۇئەللىم، كۇرسقا قاتناشماي، قىزلارنى ئوينىتىپ يۈرەمدۇق؟ — دېدى خالىق ئارقىسىنى قىلىۋالغان قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — ئۇ كىم بولىدۇ؟

— بوۋاي قەمبەر مەكتىپىنىڭ باش مۇئەللىمى نەفسە خانىم بولىدۇ، — دېدى تۇردى ھېجىيىپ، — بوۋىسى كېسەل بولغاچقا، كۇرسقا قاتنىشالمىغانىدى. بۇ قېتىمقى سىياسىي كۇرس بەك مۇھىم بولغاچقا، ھەممە ئوقۇتقۇچى تولۇق قاتنىشىشى كېرەككەن. بولۇپمۇ نەفسە خانىمدەك مەسئۇل مۇئەللىملەر قاتناشمىسا تېخىمۇ بولمايدىكەن. . .

خالىق ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى. «نەس باسقاندەك، بۇ سۆرۈن تەلەتكە ئۇچراپ قالغىنىمنى كۆرۈڭ. . .» دەپ ئويلىدى نەفىسە ئىچىدە. خالىق قىزنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئۇ قىزغا ساقال تاشلاپ بىر نەچچە ئېغىز چاخچاق قىلماقچى بولغانىدى، لېكىن بۇ نىيىتىدىن ياندى. چۈنكى، نەفىسەنىڭ ئاق لالىدەك ھۆسنىدىن، ھايا - نومۇس ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ يەڭگىللىك قىلىشىغا، ھېجىيىشىغا يول قويمايدىغان بىر خىل سىپايىلىق، سالايى سۈپەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ھارماڭ خانىم! — دېدى خالىق گېلىغا نېمىدۇر تۇرۇلۇپ قالغاندەك تېلىقىپ.

— ياخشىدى! — نەفىسە خالىققا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سالمىدى، — قېنى، تۇردى مۇئەللىم، ھارۋىنى ھەيدىسىلە! . . .

تۇردى بېشىنى گەجگىسىگە چۆكۈرۈپ، بويىنىنى ھەريان تولغاپ، بىردە خالىققا قاراپ ھېجايسا، بىردە نەفىسەگە قاراپ غەلىتىلا كۈلۈپ قوياتتى. ئۇ، شۇ تۇرقىدا ئېتىزدىن باشاق ئوغۇرلاۋاتقان چاشقاننىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئېشەك سىيلىق يورغىلاپ، بوستان بازىرىدىن چىقىپ، ئاشلىق پونكىتى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگۈچە، تۇردى ھېكىم بېشىنى بويۇنلىرى تولغىشىپ كەتكۈچە قايرىپ، تېخىچىلا سودا سارىيى ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغان خالىققا قاراپ ماڭدى. نەفىسە ئىچىدە غىجىنىپ: «بۇنىڭغا ‹دالتەك› دېگەن لەقەم ئازلىق قىلىپ قاپتۇ. . شۇڭا ‹لالما دالتەك. . .› دېسە خوپ كەلگۈدەك. قاراڭا، ئىگىسىنى كۆرگەن ئىتتەك كۈچۈكلىنىپ كەتكىنىنى! . . .» دەپ ئويلىدى. بىراق، تۇردى ئۇنداق ئويلىمايتتى. ئۇ: «كۆردۈڭمۇ، مەن كىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتۈم؟ . . . گۇڭشې كاتىپى خالىق دېگىنە! مېنى بوش چاغلىما. . .» دېگەندەك مەيدىسىنى كېرىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نەفىسەگە قاراپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭغا خۇدايىم بەرگەن ناھايىتى ياخشى پۇرسەت بولدى. قارىمامدىغان، ئۇ بوستان بازىرىغا كىرىپلا، «گۇڭشې رەھبەرلىرىدىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسىدى، نەفىسە

ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىنىمنى بىر كۆرسە! ئۇ چاغدا. . .» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭغا يونىغاندەك، ئۇچراپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان! يەنە كېلىپ كىم؟ ھەممە كۆرسە تىترەيدىغان، ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار خالىق كاتىپ - دە! . . .

ھەئە، دۇنيادا مۇنداق ئادەملەرمۇ بولىدۇ! نام - ئاتاق، ئەمەل - مەنسەپ، بايلىق - مەرتىۋە، ئورۇق - نەسەپ تەرەپتىن ئۆزىدىن پاشىنىڭ قانىتىدەك يۇقىرى تۇرىدىغان ئادەمنى كۆرسە، ئۇنىڭغا دەرھال خۇشامەت قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق مەخلۇقاتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇڭا، خۇدا ئۇ خىل ئادەملەرنى ئادىمى پەزىلەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئىت پېئىلگە نائىل قىلغان. بۇنداق پەسكەش ھاماقەتلەردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان يەنە بىر تۈرلۈك ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار شۆھرەت ۋە ئەمەلنى خۇدادىنمۇ ئۈستۈن بىلىشىدۇ. خۇدا بۇنداق خوش - خوشچىلارنىڭ خوي - پەيلىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق ئارزۇ - ھەۋەسنى سېلىپ قويۇپ، ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزمەي قىينايدۇ. . . مەن بۇرۇن مۇنداق بىر ئادەمنى ئۇچراتقان. ئۇ، مەيدىسىگە ھەر خىل گۈللۈك تۈگمە، ئىزنەك، تەڭگە، قۇتىلارنىڭ قەلەي ئېغىزلىرى ۋە سۇنئىي گۈللەرنى تاقىۋېلىپ، كۆرگەنلا كىشىگە: «مەن پالانى رەھبەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن، پۇستانى باشلىق مېنى مۇنچە قېتىم تەقدىرلىگەن، نەمۇنچى بولغانمەن، پوكۇنى كاتتا ئۆز قولى بىلەن ماڭا مېدال تاقىغان، شۇجى ئالدىدا شۆھرەت قازانغانمەن. . .» دەيتتى، ئەتراپىغا ئادەملەرنى يىغىۋالاتتى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان بىر بوۋاي: «بۇمۇ بىر خىل كېسەل، روھىي كېسەلنىڭ بىر خىلى، بىز بۇنى ئۇلۇغلۇق كېسىلى دەيمىز!» دېگەنىدى.

تۇردى ھېكىم گەرچە مەيدىسىگە جالدۇر - جۇلدۇر نەرسىلەرنى ئېسىۋالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىمۇ يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ خوي - پەيلى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ يىراقتا كېتىۋاتقان بىرەر كەنت باشلىقىنى كۆرسىمۇ، ئارقىسىدىن يۈگرەپ بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن

كۆرۈشۈپ قويۇپ، ھىجايغىنىچە يېنىپ كېلەتتى.

مانا خالىق كاتىپنىڭ ئۇچراپ قىلىشى، ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش شۇ تۇرقىدا تۇردىنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ نەچچە قېتىم كۆيدى - پىشتى خەتلىرىنى يېزىپ، يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ، كۆڭلىنى ئۇتالمىغان نەفسەنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرسىتىۋالدى. ئۇ ئەمدىغۇ چۈشەنگەندۇر؟ تۇردىنى بوش چاغلىماڭ خانقىز! ئۇ دېگەن نى - نى باشلىقلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشەلەيدۇ، بەلكى كۈلۈشۈپ تۇرۇپ گەپمۇ قىلىشالايدۇ. . .

— خى. . . خى. . . خى. . . — تۇردى ھېكىم خىڭشىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — قارىسىلا نەفسە خانىم، خالىق كاتىپ: «يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟» دەپ خاپا بولۇۋاتىدۇ. . . ئۆتكەندىمۇ تۇراپ شۇجىنى كۆرمەي قايتىمەن. . . «ھە، بىزگە قاراپمۇ قوياي دېمەيسەنغۇ؟» دېمەسمۇ، نومۇستىن ئۆلدۇم. ئىش قىلىپ، رەھبەرلەر «ۋاي تۇردى. . .» دەپ تۇرىدۇ. . . ئۆزەممۇ ئۇلار بىلەن ئەل - ئاغىنىدەك ئۆتىمەن. . .

— كۆردۇم، — دېدى نەفسە مىيىقىدا كۈلۈپ، — بويۇنلىرى مۇشۇنداق يۇمشاقلا بولسا، توخۇلارغىمۇ قونداق بولالايلا! . . .

— چاقچاقلىرىنى قارىسىلا! — دېدى تۇردى نەفسەنىڭ زەھەردەك تەئەددىسىنى قېتىغىمۇ ئالماي، — كۆرگەنسىز، خالىق كاتىپ مەن بىلەن شۇنداق ئىللىق چىراي كۆرۈشتى. ئۇ ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن ھەرگىز ئۇنداق كۆرۈشمەيدۇ.

— سىلىنىڭ مۇشۇ سۆڭەكسىز تىللىرى بولىدىغانلا بولسا، ئەۋرىشىم بەللىرى مۈكچىيىپ تۇرسا، ئىككى جاۋغايلىرىدىن ھىجىيىش كەتمىسە، — دېدى نەفسە تۈزۈت قىلماي، — ئۇ چاغدا، سىلى ئۆلپەت بولمىغان ئىت بىلەن مۈشۈكمۇ قالمايدۇ! . . .

نەفسە قىلچە ئاياپ ئولتۇرمايلا، تۇردىغا نەشتىرىنى سانجىدى.

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ئادەتتە بىر ئادەمنىڭ قارشى تەرەپكە بەرگەن بىرىنچى قېتىملىق تەسىرى خۇددى تۆمۈرچىنىڭ ئۇرغان بازغىنىدەك ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. سەن بەزىدە بىر ئادەم بىلەن ئەسرا بولۇپ، ئىككى

ئېغىز سۆھبەتتە بولۇپ قالساڭ، ئۇنىڭغا بىردىنلا مېھرىڭ چۈشۈپ قالىدۇ! ئۇنىڭ سەت، كۆرۈمسىزلىكى، كېسەل ياكى مېيىپلىقىنى كۆزۈڭگە كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدىن تۆكۈلگەن سەممىيەت نۇرلىرى شۇنچە ئىللىق، شۇنچە چىن بولىدۇ! . . . بۇ نۇرلار تەبىئىي ھالدا، ئىككى تەرەپنىڭ روھلىرىنى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ھەتتا بىر كۆرۈپلا، سۆزلەشمەي تۇرۇپمۇ، «ئامراق ياكى ئۆچ» بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغۇ؟ بۇنى قايسىدۇر بىر پسىخولوگ «روھىيەتنىڭ ئالمىشىشى، روھىيەت سېزىمى» دېگەنىكەن. ئەگەر بىرەر كىشى چىرايلىق گەپلەرنىڭ گۈلدەستىسىنى تىزىۋەرسە، ئەمما ئۇنىڭ ئەسلى تەبىئىتى مەلئۇن بولسا، ئۇنداقتا ئۇ قانچە ئۇستاتلىق قىلسىمۇ، سۆز - ھەرىكىتىدىن، يۈز ئىپادىسىدىن، ياسالما كۈلكىلىرىدىن بولسىمۇ بىرەر يەردە چاندۇرماي قالمايدۇ. مانا بۇ روھىيەتنىڭ ئادەمنى ئاشكارىلىشى! . . .

نەفىسە خالىق بىلەن تونۇشمايتتى. پەقەت سىرتتىدىن ئاڭلاپلا، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. بوۋاي قەمبەر داۋۇتنىڭ شۇجىسى رېخىم داراي ئىككى باش قوناق ئۇچۈن دېھقانغا تېزەك چىشلىتىپ، ئۇنى چاتىرىقىدىن ئۆمۈلىتىپ ئۆتكۈزگەندە، سۇنى يار ئالدۇرۇۋەتكەن بىچارىنى قىغقا كۆمۈپ بەدىنىنى چارلاشتۇرۇۋەتكەندە، بۇ خىل ياۋۇزلۇقنى كۆرۈپ تۇرۇپ تۇسىماي، ئەكسىچە، كۈلۈپ تاماشا كۆرگەن تۇراپ بىلەن خالىقتا ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل نەپرەت پەيدا بولغانىدى.

قوشۇمىلىرى تۇرۇلۇپ، لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلغان نەفىسە ھارۋا چاقى ئاستىدا غىرىلداپ ئارقىغا كېتىۋاتقان يەرگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

— نەفىسە خانىم، — دېدى تۇردى نەپىسى بوغۇلۇپ، — ئىككى يىل ئارقىلىرىدىن قوغلىدىم. ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن. . . مەن سىلىنىڭ بوسۇغىلىرىدا ئىت بولۇپ كېتەي. . . قانداق شەرتلىرى بولسا ئورۇنلاي. . .

نەفىسە ھارۋىدىن لىككىدە سەكرەپ يەرگە چۈشتى - دە، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ماڭدى. ئىككى يىلدىن بېرى ئاۋارە قىلىۋاتقان بۇ ئادەمگە چىرايلىق گەپ قىلىپ، بولالمىغاندا سىلكىپ، تىللاپمۇ گەپ

يېگۈزەلمىگەن نەفىسە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىنمۇ بىزار بولغانىدى. «ئۆچ بولماڭ، گىرىپتار بولارسىز» دېگەندەك، بۇ داپيۈزنىڭ ئۆزىنى ئەپكىتىش ئۈچۈن كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان؟... ئۇنىڭ كۆسەيدەك سىياقى، قورۇلۇپ قالغان قۇيماقتەك قاپقارا يۈزى، دائىم خوشامەت كۈلكىسى كەتمەيدىغان چىرايى بۇياقتا تۇرسۇن، ۋۇجۇدىدىكى پاسكىنىچىلىقلارنىڭ ئۆزىلا نەفىسە ئۈچۈن يېتىپ ئاشاتتى.

— نەفىسە خانىم، بولدى هارۋىغا چىقىۋالسىلا، — دېدى تۇردى ئېشەكنى يانداپ كېلىپ، — مەن... مەن... نەچچە يىل بولسا ساقلاي.

— بولدى، كېتىۋەرسىلە، مېنىڭ كۆڭلۈم «هۆ» بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى نەفىسە يەرگە تۈكۈرۈپ، — بۇ ئەتراپتا بىرەر چىرىگەن تاپ ياكى نىجاسەت بار ئوخشايدۇ.

— بولدى، مەن گەپ قىلماي، — دېدى تۇردى يەرگە چۈشۈپ، — ئالدىلىرىدا سېسىق تاپ، نىجاسەت بولۇپ قالغان بولسام بوپتۇ، مۇندىن كېيىن، كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنمىسەملا بولىدىغۇ؟...

«زىغىردەك بولسىمۇ ئەقلىڭ بار ئىكەن» دەپ ئويلىدى نەفىسە ئىچىدە. ئۇ، هارۋىغا چىقىپ ئايىغىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن توپىلارنى قاققاندىن كېيىن، تۇردىغا قارىمايلا:

— ئەمدى لاۋزىلاشسىلا، ئوقۇتقۇچىلار، مۇدىر، مائارىپ ئىدارىسى باشلىقلىرى ئالدىدا چاۋىلىرىنى چىتقا يايىمەن!... — دېدى.

ئۇلار پارتىيە مەكتىپىگە چۈش بىلەن يېتىپ كېلىشتى. بۇ يەردىن بىر چاقىرىم يىراقلىقتا شەهەر بىنالىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چوڭ يول ئېغىزىدا تاقەتسىز ساقلاپ تۇرغان كامىل يۈگرەپ كەلدى. چۈنكى ئۇ تۇردىنىڭ نەفىسەنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بوستانغا كەتكەنلىكىنى ئەتىگەنلىك دەرسنىڭ يوقلىما قىلىش ۋاقتىدىلا ئۇققانىدى.

— نەفىسە... هارماڭ!..

— ياخشىدى، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— بوۋىڭىزنىڭ ئەهۋالى قانداق؟

— خۇداغا شۈكرى...

كامىل ھارۋىدىكى چىگىلگەن ئورۇن - كۆرپە، سومكىلارنى ئالدى - دە، نەفىسەنى باشلاپ ئاياللار ياتىقى تەرەپكە ئېلىپ كەتتى. تۇردى ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى ۋە يەرگە شالاققىدە تۈكۈردى.

كامىل نەفىسەنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، كېچىسى ياتاق، كۈندۈزى دەرسخانا رولىنى ئۆتەيدىغان سىنىپقا قايتىپ كەلدى. ئۇ ھېكمەت، مۇراتلارغا نەفىسەنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇۋېدى، ئۇلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كىردى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار تام تەرەپكە يىغىپ قويغان يوتقان - كۆرپىسىگە يۆلىنىپ بورىدىلا ئولتۇرۇشتى. ھەر بىرسى ئۆزىنىڭ دەرس تىزىسلىرىنى ئېلىپ، ئىچىلىرىدە پىچىرلاپ يادلاشقا باشلىدى. چۈنكى، چۈشتىن كېيىن ئىتالىيە كومپارتىيىسىنىڭ شۇجىسى تولياتتىنىڭ خاتالىقلىرىنى سۆزلەيدىغان مۇئەللىم دەرسكە كىرەتتى. ئۇ، يېڭى دەرس ئۆتۈش ئالدىدا، ئوقۇتقۇچىلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سوئال سورايتتى. سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە تاقاپ قورقاق سالاتتى. كۇرس باشلانغاندىن بېرى ئۆتۈلۈۋاتقان دەرس: «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ توپ لۇشيەنى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە»، «يەنە تولياتتى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىختىلاپلار توغرىسىدا» قاتارلىق ئېقىم مەسىلىلىرى ئىدى.

ھەر بىر گۇڭشېنىڭ ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرى بىر ئوچاستىكا بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنى ئەللىكتىن سەپلەپ سىنىپلارغا ئايرىغانىدى. بوستان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىر سىنىپقا تولمىغانلىقى ئۈچۈن، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن تولۇقلانغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرى نەمەت مىرزىمۇ بار ئىدى. ئۇ، كۇرسانتلار ئىچىدە، سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي مۇئەللىمدىن كۈندە دېگۈدەكلا تىل ئىشىتىدىغانلاردىن بىرى ئىدى.

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆگىنىش «سىياسىي بەس - مۇنازىرە»، «سىنىپىي كۈرەش» بولغانلىقى ئۈچۈن، كۇرسنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى

ناھايىتى چىڭ ئىدى. كۇرس رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «كەچتە ئىختىيارىي ھەرىكەت» دەپ ئېلان قىلمىغۇچە، ئىككى قەدەم ئارىلىقتىكى شەھەرگە كىرىپ، كىنو كۆرۈپ چىققىلىمۇ بولمايتتى. شەھەرلىك ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ ئۆز ئۆيلىرىدە يېتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى.

كۈنلەر «سىنىپىي كۈرەش» يەنە «سىنىپىي كۈرەش» ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان ئۆگىنىش كىشىلەرنى ئەندىشىگە سېلىپ، كۈلكە - چاقچاقلارمۇ ئازىيىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئۆتۈلگەن دەرستىن بىر خىل ۋەھىمە پۇراپ تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلار تاماقلىرىنى جىم - جىملا يېيىشىپ، ياتاقلىرىغا كىرىپ بالدۇرلا ئۇخلايتتى. ياكى ئېرىق بويلىرى، بولجالىقلارغا كىرىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى.

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار قويۇپ بېرىلدى. ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن بېرى دەم ئالمىغانىدى. زۇمرەتنى كۆرگىسى كېلىپ سېغىنىپ كەتكەن مۇرات يېڭى ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ بوستانغا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت، نەفىسە، گۈلزىبالارنى كامىل باشلاپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار خانىمزاتخان مومايىنى يوقلاپ بىردەم ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھېكمەت بۇمەرەمخاننى يوقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاماققىمۇ قارىماي گۈلزىبا بىلەن چىقىپ كەتتى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئىشىكتىن بىر جۈپ بولۇپ كىرىپ كەلگىنىدە، بۇمەرەمخان ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بوي - بەستى، پاكىزە چىرايلىرى، مىجەزلىرى بىر - بىرىگە شۇنچىلا ماس كەلگەن باللارغا سۆيۈنۈپ كەتكەن بۇمەرەمخان ئىككىسىنىڭ پېشانىلىرىگە سۆيدى، كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتتى. بۇ 15 كۈن ئۇنىڭ ئۈچۈن 15 يىل بىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاقمۇللا ئىمام بەرگەن سەندەل ياغىچىنى ئىسرىقدانغا سېلىپ، ئۈستىگە چوغ تاشلىدى. ھايال ئۆتمەي ئىللىق بىر ھىد ئۆي ئىچىنى قاپلىدى. ئۇ، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى ھويلا ئوتتۇرىسىدا تۇرغۇزۇپ ئىسرىقدىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۇلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلسىمۇ، ئۈندىمەي تۇرۇشۇپ بەردى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ

ئاناردەك قىزارغان مەڭزىلىرىگە، مەنالار غەزىنىسى بولغان چىرايلىق كۆزلىرىگە قارىدى، شۇ تاپتا خۇددى توي كۈنى كېلىنىنى ئوت ئاتلىتىۋاتقان مەنزىرە گۈلزىبانىڭ كۆڭلىدىن كېچىپ، ئۇ ئىزا تارتقىنىدىن ھېكمەتكە قارىيالمايلا قالغانىدى. ئۇ بۇنداق چاغلاردا، كۆزلىرىنى يالت - يۇلت قىلىپ ئېلىپ قاچاتتى. يۇزلىرىنى يوشۇراتتى. . . قويۇق كىرپىكلىرى لەپ قىلىپ كۆز قارىچۇقلىرىنى چۈمپەردىدەك ياپسا، يەنە بىردىنلا قارا كۆزلەرنىڭ قارا شولىسى بىر دەقىـــقە چاقناپ قالاتتـــى. ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئىزا تارتىپ، خىجىل بولۇپ، ھايا بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان بۇنداق ھالىتىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

— ئانا، — دېدى گـۈلزىـبـا ئۆيگـە كـىـــرگـەندە، — گـۈلرۇز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— لوپقا بىر دوستىنىڭ تويىغا كەتتى، — دېدى بۇمەرەمخان بىزار بولغان قىياپەتتە، — قاچان كېلىدىغانلىقىنى دېمىدى، ھەي. . . ئۇنىڭ گېپىنى قىلماڭ. . .

— بۇمەرەمخان ئاچا، قايىتكامنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى ھېكمەت گۈلزىباغا قاراپ قويۇپ، — ئەمدى ئىشلەيمەن دەپ يۈرەتتى.

— نەدىكىنى؟ سېتىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، — بۇمەرەمخان ئىسرىقدانىنى تەكچىگە قويدى، — ئۆنى ئېلىپ - بۇنى سېتىپ دېگەندەك. . . ئۆزىگە ئانچە - مۇنچە بىر نېمە قالىدىغان ئوخشايدۇ.

ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنىڭ سومكىلىرىنى ئېسىپ كىرىپ كېلىشى سۆھبەتنىڭ بېلىگە تەپتى. ئابدۇنەبى كەلگىنىچە ھېكمەتكە ئېسىلدى.

— مەكتەپتىن مۇشۇنداقمۇ كېچىكىپ كەلگەن بارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئابدۇنەبىنىڭ بۇرنىنى چىمداپ، — يولدا ئوينايدىكەنسەندە؟

— مەكتەپتە چوڭ تازىلىق قىلدۇق، — دېدى ئابدۇنەبى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئىشەنمىسىڭىز ئاچامدىن سوراڭ. . .

ماھىگۈل سۆپىدا ئۈندىمەي جىجىت ئولتۇراتتى. ئون بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بۇ ئەدەبلىك قىز چوڭ بولغانسېرى ئاچىسى گۈلزىباغا ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. ھۆرمەتنىڭ

نىشانىسى بولسا كېرەك، ھېكمەت كەلدىيۇ، ئۆيدىكى قالايمىقان نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆينى رەتلەپ، يۈنى يۇشۇراتتى، ھويلىلارغا سۇ سېپىپ سۈپۈرەتتى.

— ماھىگۈل راستمۇ؟ — دېدى ھېكمەت قىزغا قاراپ، — ئابدۇنەبى مېنى ئالداۋاتىدىغۇ دەيمەن؟

— نەبى ئالدىمىدى ھېكمەتكا، — دېدى قىز قىيا قاراپ، — بىر يەردىن مېھمان كېلىدۇ دەپ، ھەممە مەكتەپلەردە چوڭ تازىلىق ھەرىكىتى ئېلىپ باردى.

— قانداق، ئەمدىغۇ يىغىلىگەنسىز؟ — دېدى ئابدۇنەبى ھېكمەتنىڭ تىزىغا ئولتۇرۇۋېلىپ، — ئەمدى مېنى كىنوغا ئاپىرىسىز...

ھېكمەت گۈلزىباغا قارىدى. چۈنكى ئۇلار تاماقتىن كېيىن كىنوغا بارماقچى ئىدى. شۇڭا، گۈلزىبا ھېكمەتكە «ياق دەڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى، بۇنى كۆرۈپ قالغان ئابدۇنەبى تېخىمۇ يېپىشتى.

— ياق، ياق، مېنىمۇ ئاپىرىسىلەر، سىلەر كىنوغا بارىدىكەنسىلەر، ئاچام بېشىنى ئېغىتتى.

— ئابدۇنەبى، ھېكمەت ئاكاڭ بىلەن گۈلزىبا ئاچاڭ بىر دوستىنىڭكىگە بارىدىكەن، — دېدى بۇمەرەمخان، — سەن ئۇلارنى تولا ئاۋارە قىلما.

— ئابدۇنەبى، چوپ-چوڭ تۇرۇپ، ھېكمەت ئاكاڭنىڭ قۇچىقىغا ئولتۇرۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى گۈلزىبا ئاچچىغلاپ، چۈشە!...

— بوپتۇ، بۈگۈن سەن بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلماققۇ تەس ئوخشايدۇ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ئەمىسە، بىر شەرت: ماھىگۈلنىمۇ ئاپىرىمىز.

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا شىرەگە داستىخان سېلىۋېتىپ، — سىز بۇنى بەك يامان ئۆگىتىۋەتتىڭىز، كەلسىڭىزلا چاپلىشىۋالىدۇ.

— بۇلارمۇ داۋاملىق دەرس ئوقۇپ چارچايدۇ ئەمەسمۇ! ھەممىمىز بىللە بارايلى...

ئابدۇنەبى چاۋاك چېلىپ ئۆينىڭ ئىچىدە نەچچە پىرقىرىۋەتتى. ھېكمەت، گۈلزىبالار بىر تەخسىدىن لەغمەن يەپ، ئاش سۈيى ئىچىپ

بولغۇچە، ئابدۇنەبى ماھىگۇلنى ئالدىرىتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار كىنوخانا ئالدىغا بېرىپ تۇرماقچى ئىدى. ھېكمەت ماھىگۇلگە تۆت بېلەت ئېلىش ئۇچۇن پۇل بېرىپ يولغا سالدى. بۇمەرەمخان قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بۇمۇ ياخشى بولدى، — دېدى ھېكمەت گۇلزىباغا، — كىنو تۈگىگەندە، ئۇ ئىككىسى بىلەن قايتىپ كېلىسىز.

— سىزچۇ؟

— مەن كامىلنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن.

گۇلزىبا تەئەججۇبلىنىپ قالدى. ھېكمەتنىڭ قايىت بىلەن گۇلزىباغا. گۇلرۇزدىن قورۇنۇۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. كامىلنىڭ ئۆيىگە بارسىمۇ ئەپسىز ئىدى، چۈنكى نەفسە بار. ئۇلار مۇنداق غەنىمەت پۇرسەتتە بىر ۋاقلارغىچە كىتاب ۋە شېئىرىيەت توغرىسىدا سۆزلىشىدۇ. ئارزۇ - ئارمانلار ھەققىدە مۇڭدىشىدۇ. ھېكمەت گۇلزىبانىڭ بۇ ئويلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.

— مۇنداق بولسۇن، — دېدى گۇلزىبا، — مەن خوشنىمىز ئاقموللا ئىمامنىڭ ئۆيىگە بىر قاچا تاماق ئەكىرىپ بەرگەچ، سۆزلىشىپ چىقاي. سىز شۇ يەردە قونۇپ قىلىڭ!

— بولارمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئىككىلىنىپ، — ئۇ زانقۇ پەرىشتىدەك ئادەمكەن. لېكىن بىر ئاز ئەپسىزلىك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— ئۇ مېنىڭ ئۆز بوۋامدەك ئادەم، — دېدى گۇلزىبا بىر قاچا تاماقنى ئېلىپ، — مېنى ئۆز نەۋرىسىدىن چارى كۆرىدۇ. ئۇ سىزنى نەچچە قېتىم سورىدى. تېخى سىزگە دەيدىغان گېپىم بار دېگەندەك قىلىۋېدى. . .

— ماڭىمۇ؟ — ھېكمەت ھەيران بولۇپ سورىدى، — ماڭا دەيدىغان نېمە گېپى باردۇر؟

— بىلمىدىم، ئاڭلاپ باقمامسىز! — گۇلزىبا قىزارغىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھېكمەت بىلەن گۇلزىبا كىنوخانا ئالدىغا كەلگەندە، ماھىگۇل ۋە ئابدۇنەبى ئۇلارنى ساقلاپ تۇراتتى. ماھىگۇل بېلەتتىن ئاشقان پۇلنى

تەڭلىۋېدى، ھېكمەت قايتۇرۇپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھەر ئىككىلىسىگە ئايرىم - ئايرىم كىشمىش ئارىلاشتۇرۇلغان گازىر ئېلىپ بەردى.

— بولدى، بىرسىگە ئېلىپ بەرسىڭىز، ئىككىسى تەڭ چاقمامدۇ؟— دېدى گۈلزىبا،— سىزمۇزە ! . . .

— بولمايدۇ، ماۋۇ ھارامزادە ئاچىسىغا بەرمەي چېقىۋالىدۇ، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ.

ئۇلار كىنوخانىغا كىرگەندە، ماھىگۈل نەبىنى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرىمىز دەپ باشلاپ ئېلىپ كەتتى. ھېكمەت ۋە گۈلزىبا كىنو بوتكىسى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا يالغۇز ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئەمدىلا پاراڭلىشىپ تۇرۇۋېدى، بىردىن - ئىككىدىن كەلگەن ئادەملەر ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلارنى ئىگىلىدى. گۈلزىبا ھېكمەتكە ئورۇن يۆتكەشنى ئىشارە قىلدى. ئاخىرى ئۇلار چەتتىكى ئادەمسىز ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— گۈلزىبا تويىنى قاچان قىلىمىز؟ — دېدى ھېكمەت پىچىرلاپ،— بىر يىل ساقلايلى دېگەنتىڭىز، مانا يېرىم يىلدىن ئاشتىغۇ؟ . . .

— نىمانچە ئالدىرايسىز، ياز كەلسۇن،— دېدى گۈلزىبا يۈزىنى قاچۇرۇپ،— كۈزدە قىلساققۇ تازا تالقان تۆكتى چاغ بولاتتى. . .

— ۋاي - ۋۇي، ئەمدى كۈز دەۋاتىسىزغۇ؟. . . ئۆيدىن خەت كەلدى، دادام توي ۋاقتىنى بېكىتسەڭ، ئاپاڭنى ئېلىپ بارىمەن، دەپتۇ.

— سىزمۇ تازا ئالدىراقسانكەنسىز. . . بەش كۈن بۇرۇن خەۋەر قىلىپ، تويلۇقلارنى ئەكەلدۈرۈپ. . — گۈلزىبا ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — رەسمىنىمۇ ئەۋەتىپسىز - ھە؟

— ئەۋەتكىنىم بولماپتىمۇ؟

— مېنى راسا مازاق قىلغاندۇر. . .

— سىڭلىمنىڭ سىزنى تەرىپلەپ يازغان خېتىنى كۆردىڭىزغۇ،— دېدى ھېكمەت ئۇنى جەينەكلەپ قويۇپ،— نېمە دەپ ماختاپتۇ؟. . .

— جىم بولۇڭ! ئادەم كېلىۋاتىدۇ. . .

— ئەتە ئىككىمىز بىللە رەسىمگە چۈشەيلى، بولامدۇ؟ — ھېكمەت

قىزغا ئېگىشتى، — ياكى مەن بىلەن چۈشكىڭىز يوقمۇ؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — گۈلزىبا يېقىملىقىنا دومسايدى، — قۇتىبىرەمما؟

— بولدى قويىڭا! نېمە دەپ ئۇنى ئەسكە ئېلىپ قالدىڭىز؟...

— ئۆتكەندە يىغىندا دېگەن گېپىنى ئويلىسامالا، زەردەم قايىنايدۇ.

— كامىل بىلەن مۇرات تېگىشلىك جازاسىنى بەردىغۇ!

ئۇلارنىڭ گەپلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، كىنو ئاياغلىشىپ قالغانىدى. ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبى يۈگرەپ يېتىپ كەلدى. ھېكمەتنىڭ بىللە ماڭىلى دېگىنىگە ئۇنىماي، ھەر ئىككىلىسى يەنە ئالدىدا كېتىپ قېلىشتى.

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا يولدا كېتىۋېتىپ، — سىز شەھەردە رەسىم سىزىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا بىر قېتىم تانسغا كىرگىنىمىز ئېسىڭىزدا بارمۇ؟

— بار، بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— شۇ چاغدا يالپا يۈز، دوغىلاق، ئۇچلۇق ئىڭەك بىر ئادەمنىڭ مېنى تانسغا تارتقانلىقىنى ئەسكە ئالالامسىز؟

— ئېسىمدە، گۈلرۇز بىلەن پىچىرلاشقان ئادەم!

— ھە، شۇ ئادەمنىڭ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىدا، ئاۋغان كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بىر نەچچە قېتىم چېلىقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى گۈلزىبا قورققان ئاۋازدا، — بىراق، ھەربىي فورما كىيىۋاپتۇ...

— ھەربىي فورما؟ خاتا تونۇپ قالغانسىز؟...

— ياق! نەق شۇ ئادەم...

— بەلكىم ئۆيى شۇ ئەتراپتىدۇر ياكى تۇغقانلىرى باردۇر، — دېدى ھېكمەت، — ئۇنىڭغا نېمانچە ئەندىكىپ كېتىسىز؟

— ياق، بۇرۇن بىزنىڭ مەھەللە ئەتراپىدا ئۇنداق ئادەم زادىلا يوق ئىدى، — دېدى گۈلزىبا، — مەن ھەر شەنبە بوستاندىن قايتىپ كەلسەم، ئۇنى كەچ تەرەپتە شۇ ئەتراپتا ئۇچرىتىمەن. ماڭا گەپ قىلغۇسى باردەكلا قىلىدۇ. تېخى ئۇنىڭ گۈلرۇز بىلەن پىچىرلاشقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ.

— بەلكىم ئۇ گۈلرۇز بىلەن قانات سۆرىشىپ يۈرگەن

ئادەمدۇر؟ . . .

— دادىسىدەك ئادەم بىلەنما؟ . . .

— كۆڭۈل دېگەنگە ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت، — بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن.

ئۇلار ئۆيگە يېتىپ كېلىشتى. گۈلزىبا ھېكمەتنى ئاقموللا ئىمامنىڭ ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئىمامغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، چىقىپ كەتتى.

ئىمام كۆرۈۋاتقان كىتابىنى يىغىشتۇرۇپ، ھېكمەتنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ كۆز ئەينىكىنى سۈرتۈپ قايتا تاقىغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىپ، چاي دەملەپ مەش ئۈستىگە قويۇپ قويغان چەينەكنى ئېلىپ كەلدى. بادام، ياڭاق مېغىزلىرى سېلىنغان تەخسە بىلەن ئىككى توقاچنى داستىخانغا قويدى.

— قېنى چاي ئىچىلى بالام، — دېدى بوۋاي توقاچنى ئوشتۇپ، — ھەرگىز تارتىنىپ قالمىسلا، ئۆز ئۆيلىرىدەك بىخارامان ئولتۇرسىلا.

— رەھمەت بوۋا!

ھېكمەت ئولتۇرغان بوۋاينىڭ كىچىككىنە ئورۇق گەۋدىسىگە، تال - تال ئاقارغان شالاڭ ساقاللىرىغا، ئوششاق، ئىنچىكە سىزىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن يۈزىگە، جىيەكلىرى قاتمۇ قات قورۇق قاپلىغان كۆزلىرىگە، بىر نەچچە تاللا بولغان ئاپئاق ئۈزۈن قاشلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ كۈزى كېتىپ قىشى يېتىپ كەلگەندە، بالىلىرىدىن ئايرىلىپ تەنها قېلىشنىڭ نەقەدەر بەختسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن ئۇ شۇنچە ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلماي ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئۆزى چېچەن ھەم پاكىزە ئىدى. بۇ ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى ئېغىز ئۆيدە ۋاي دېگۈدەك بىسات بولمىسىمۇ، قازان - قومۇچ، ئورۇن - كۆرپە، چىنە - قاچىلار رەتلىك، سەرەمجان قويۇلغانىدى.

— گۈلزىبا قىزىم ئۆزلىرىنىڭ كۆپ تۆسپىنى قىلىپ بەردى، — دېدى بوۋاي گەپ باشلاپ، — ئىمانى كامىل، دىيانەتلىك بالىكەنلا. بۇمۇ

گۈلزىبا قىزىمنىڭ بەخت - تەلىيى. . . ئۇ گۆھەردەك ساپ، پەرىشتىدەك پاك، قىزىل گۈل كامالچىسىدەك غۇبارسىز بالا. . . قايىت ئىچىملىك، چېكىملىك، ئوغۇرلۇق، قىماردىن يانمايدىغان، گۇناھغا پاتقان پاسىق بەندە بولسىمۇ، بۇ قىزىم ئۇنىڭغا كۆيۈنىدۇ. . . ئۇ بۇ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان. . . ئەسلىرىدە بولسا كېرەك، قايىت قانغا چىلىشىپ ياتقان ھېلىقى كېچىسى ئۇنىڭ «ئاھ خۇدا، بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق؟» دەپ قىلغان نالىسى!

بوۋاي مىچىلداپ ياش تۆكتى. ئۇ بېلىدىكى شايى پوتىسىنىڭ ئۇچىدا كۆز - بۇرۇنلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، ھېكمەتكە، — مەزەگە باقسىلا، — دەپ قويدى.

— كۆڭۈللىرىنى چاچمىسىلا بوۋا. . . — دېدى ھېكمەت بوۋايغا تەسەللى بېرىپ، — ئاللاھنىڭ قىسمەت - تەقدىرى شۇنداق ئوخشايدۇ. . . ئاللاھ بىر ئاسانلىقنى بېرەر. . .

— بىئەمدۇللا بەرھەق، — دېدى بوۋاي چايدىن ئوتلاپ قويۇپ، — مانا مېنىڭ قىزىم يەكەنگە ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ يوق، خەت - خەۋىرىمۇ يوق. مېنى ئۇنتۇپلا كەتتى. ئەمما، گۈلزىبا قىزىمنىڭ دەردى ئۆزىگە يېتىپ ئاشقۇچە تۇرۇۋغلۇق، يەنە مەندىنمۇ خەۋەر ئالىدۇ. كىر - قات، ئاش - تاماق بۇياقتا تۇرسۇن، ھېيت - ئايەملەردە بىر نەچچە قۇر ساڭزا سېلىپ، تاتلىق - تۇرۇملار بىلەن بىر شىرەمۇ تەييار قىلىپ بېرىدۇ. قورقماي جامائەتنى ھېيتلىتالايمەن. . . قارىسىلا، مانا بۇ تام زەدىۋىلىنىمۇ يۇيۇپ، دەزماللاپ ئېسىپ قويۇۋېدى، ئۆي بىر ئوبدان ئىسكەتكە كىرىپ قالدى.

ھېكمەت تامدىكى پاكىزە زەدىۋالغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئەلبەتتە ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئۆي - ھويلىلىرىنىڭ شۇنچىلىك رەتلىك، چىرايلىق تۇرۇشى يەنىلا گۈلزىبانىڭ ھىممىتىدىن بولغانىدى.

بوۋاي داستىخاننى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، ھېكمەتكە «سەۋرى قىلسىلا» دېگەندەك ئىشارە قىلىپ، ئۆزىمۇ ئولتۇردى. ئۇ گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك، بىردەم بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ ئولتۇرغاندىن

كېيىن، قايىت توغرىلىق سۆز باشلىدى. ئاقموللا ئىمام قىمارۋاز، نەشىكەش ئادەمنىڭ خۇي - پەيلىنىڭ، خۇمار شەيتىنىنىڭ ئۇنى ھەر كويلارغا سالىدىغانلىقىنى ھېكمەتكە ئۇزۇن چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى چوڭقۇر مەنالارغا تولغان بولۇپ، گويا ئۇ ئالەمگە مېڭىش ئالدىدىكى بوۋاينىڭ نەۋرىسىگە قالدۇرۇۋاتقان نەسىھەت ۋە ئىبرەتلىك ھېكايىلىرىگە ئوخشايتتى. ھېكمەت بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى. بوۋاي گۈلزىبا خانىمنىڭ تەقدىر - ئىقبالىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. ئۇ توينى چوڭ، ھەشەمەتلىك، بۇزۇپ - چېچىش بىلەن قىلىشنىڭ ئۆزى كۈپۈرلۈق ئىكەنلىكى، بۇنداق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە كىرسە، ئادەمنىڭ ئاخىرى تۈزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقلارغا ۋە پۇشايمانغا گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— بوۋا، خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ھېكمەت خىجىللىق بىلەن، — بىز توينى بۇ يىل كۈزدە قىلىدىغان بولدۇق.

— بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئويىمۇ؟

— يوقسۇ، گۈلزىبانىڭ كۆڭلىدە نېمە بار، بىلمەيمەن، بۇ ئۇنىڭ تەلىپى.

— بولمايدۇ بالام! مەن سىلىگە بىر ئىشنى دەپ بېرەي، كۆڭۈللىرىدە پىنھان تۇتسىلا، — بوۋاي ھېكمەتكە ئېڭىشتى، — ھازىر قايىت تېنالمىغۇدەك قەرزگە بوغۇلۇپ قېچىپ يۈرۈيدۇ. ھېلىقى كېچىسى مەن قىمارۋازلارنىڭ «ئۆگەي قىزىڭنى...»، «بىر كېچىلىكلا...» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

ھېكمەتنىڭ بىردىنلا كېلىنغا بىر نېمە قاپلىشىپ قالغاندەك، نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ، چىرايى خۇددى ئون يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك بىردىنلا ئاقىرىپ كەتتى.

— بوۋا، ھەر قانچە بولسىمۇ قايىت بۇنداق ئىپلاسلىقنى قىلماس، — دېدى ھېكمەت بوغۇلۇپ، — گۈلزىبامۇ ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ.

— ھەي بەك نادان، بەك ساددىكەنلا بالام، — بوۋاي يۆتىلىپ كەتتى، — ئەگەر ئەسكىلىك قىلىمەن دېسە «ئېشەك تېزىكى دالدا» دېگەن گەپ بار. بۇ

پاسىق بەندە «تۇققانلارنى يوقلايمىز» دېگەن باھانە بىلەن بالىلىرىنى لوپ
ياكى چىرىغا ئېلىپ ماڭسا، گۇلزىبا خانىم خىزمەتتىكى ئادەم،
بارالامدا؟. . . پۈتۈن قورانى بېشىغا كىيىپ تەنھا قالىدۇ. . . ئەدناسى
كەيىپ قىلىدىغان، ئۇخلىتىدىغان، كۈلكە شەيتىنىنى قوزغايدىغان مەجۇن -
دىلخۇشاتلاردىن ئىچۈرىۋەتسە، ھەرىكەتتىن قالىدىغان گەپ. . . بولدى،
قالدى گەپنى ئۆزلىرى سىنەكەۋالسىلا. . .

— قۇلىقىم سىلىدە، ئۆي - خىياللىرىنى دېسىلە، — دېدى ھېكمەت
بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن ئەندىكىپ، — مەن جان - دىلىم بىلەن بىجا
كەلتۈرەي.

— پېقىر بوۋىلىرىنىڭ مۇنداق ئويى بار، — بوۋاي كانىيىنى رۇسلاپ
ئاستا سۆزلىدى، — گۇلزىبا خانىمغا چۈشەندۈرۈپ، پات ئارىدا ئەلچى
كىرگۈزۈپ، توينى تېزلا قىلىۋەتسىلە! ئەگ بولمىسا جامائەتتىن تۆت -
بەش ئادەمنى باشلاپ كىرىپ، نىكاھىڭلارنى ئوقۇۋېتەي. . .

— توينى بۇنداق ئاددىي قىلىشقا گۇلزىبانىڭ ئۆيدىكىلىرى ئونامدۇ؟ — دېدى
ھېكمەت ئارىسالدى بولۇپ، — مېنىڭمۇ كۆڭلۈم تارتماي تۇرىدۇ.

— ھەي. . . — بوۋاي تەقەززالاندى، — سىلى بۇنداق دىلغۇلدىلىق
قىلىپ، ئاخىرى داغدا قالىلا. خۇدا ساقلىسۇن، گۇلزىبا خانىمغا بىرەر
ئىش بولۇپ قالسا، ئۇنى بۇ پانى ئالەمدىن تاپالمايلا. . . قىمارۋاز،
نەشىكەش دېگەندە، ئىنساپ، دىيانەت، كۆڭۈل، ۋىژدان دېگەنلەر
بولمايدۇ. ئۇ بۇلارنى تاۋكانىڭ توپىلىرىغا پۇچۇلاپ، بىر نەپەسلىك
تۇتۇنگە سېتىۋېتىدۇ. . . ئۇلار ھەتتا ھالال خوتۇنىنى دوغا تىككەن يەردە،
ئۆگەي قىزىنى ئاياپ قويارمىدى؟. . .

كېچە بىر ۋاخ بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت ئىچكەركى ئۆيدە يېتىپ
قالدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بوۋاينىڭ
سۆزلىرى چىن ھەقىقەت بولۇپ، ئەگەر قايىت ئەسكىلىك قىلىمەن دېسە،
ئۇنىڭغا مىڭ بىر ئامال تېپىلاتتى.

كېچىچە ئەنسىز خىياللار قايىنىمىدا پىرقىراپ، بېشى ئاغرىپ كەتكەن
ھېكمەت سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ بىر چاغدىلا كۆزىنى ئېچىپ

ئۆيگە يورۇق چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، هويلىدىكى قۇمرىدا يۇزىنى يۇيدى. ئاقمۇللا ئىمامىمۇ بامدات نامىزىدىن قايتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم بوۋا! — دېدى هېكمەت خىجىل بولۇپ، — سەهەرلىكتە ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— كېچىچە ئۇخلالمىغانلىرى مەلۇم بالام، — دېدى بوۋاي بېشىنى ئېغىتىپ، — كۆزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. . .

— بېشىممۇ سەل ئاغرىپ تۇرىدۇ.

— شۇ، شۇ! ئۇيقۇسىزلىق ئەسراسىدىن بولغان! . . .

هويلىغا گۈلزىبا كىرىپ كەلدى. ئۇ بوۋايغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۆيگە كىرىپ، ئورۇن - تۆشەكلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، قايتىپ چىقتى.

— بوۋا، چاي تەييارلاپ قويدۇم، — دېدى گۈلزىبا هېكمەتنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ قويۇپ، — هەر قايسىلىرىنى چاقىرغىلى كىرگەنىدىم.

— رەخمەت قىزىم، خوشنىلار ماي پۇرىتىپتىكەن، — دېدى بوۋاي، — قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ بەرسىلە دەيدۇ. مەن شۇ يەرگە چىقاي.

— گۈلزىبا، ئۆيدە قايىتكام بىلەن گۈلرۇز بارمۇ؟ — دېدى هېكمەت كوچىغا چىققاندا، — ئۇلار بولسا. . .

— خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ كېچە هەر ئىككىلىسى قايتىپ كەلمىدى.

هېكمەت ئۆيگە كىرگەندە، ئابدۇنەبى ئاخشام كۆرگەن «نەيلىك ناخشا» دېگەن كىنونى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. بۇمەرەمخان هېكمەتنىڭ خامۇش هالىتىنى كۆرۈپ، گۈلزىباغا قاراپ قويدى. چاي ئىچىۋېتىپ، ئابدۇنەبى «هېكمەت ئاكامنىڭ كۆزى قىزىرىپ كېتىپتۇ» دەپ بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ماهىگۈل ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، هېكمەت بىلەن گۈلزىبا «كۇتۇپخانىغا كىتاب ئالغىلى بارىدىغان» لىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ كۈنى «قىزىل يۇلتۇز» رەسىمخانىسىدا رەسىمگە چۈشتى،

كېيىن كۆتۈپخانىغا كېلىپ، غازاخۇن ئاكا بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن، قىرائەتخانىغا كىرىپ يالغۇز بىر ئۈستەلنى ئىگىلەپ ئولتۇرۇپ، رەسىملىك ژۇرنال كۆرگەن بولۇپ پاراكەندىچىلىك. ھېكمەت ئاقمولللا ئىمامنىڭ كېچىدىن قىلغان نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ ئاساسى بارلىقىنى ئېيتىپ، گۇلزىبانى قايىل قىلدى. ئۆگەي دادىسىنىڭ قىلمىشلىرى ئۆزىگە بەش قولدەك ئايان بولغان بۇ بىچارە قىز خېلىلا چۆچۈپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇلار «ھاۋا ئىللىغاندا توي قىلىشقا» پۈتۈشۈپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇ چاقىقچە، بىر - ئىككى ئاي ۋاقىت بار ئىدى. توي تەييارلىقىنىمۇ ئانچە - مۇنچە قىلىۋېلىشقا بولاتتى.

ھېكمەت بىلەن گۇلزىبا گۇلباغقا چىقتى. كۆك ئاسماندا بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قۇياش ئىللىق نۇرىنى سېپىپ باھاردىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. بۇ فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ، ئەتىگەن - كەچلىرى سوغۇق بولغىنى بىلەن، كۈندۈزلىرى ھاۋا ئىللىپ قالاتتى. زەڭ سېلىپ قارىسا، دەرەخ غوللىرىغا سۇ يۈگۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پوتلا چىقىرىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

چۈش بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار ئاشخانا ئالدىدا قاتراپ يۈرگەن قاراڭغۇ بازارچىلاردىن بىر جىڭ ئاشلىق بېلىتىنى قىممەتكە سېتىۋالغاندىن كېيىن، «كىچىك پاتەم» ئاشخانىسىغا كىرىپ، بىر قاچىدىن چۆچۈرە ئىچىشتى. ئاندىن بازار ئارىلاپ، ماگىزىنلارنى چۆگىلەپ، ئۇي جابدۇقلىرىنى كۆردى. «ئاۋۇنى ئالساق بولغۇدەك»، «بۇ ياخشىكەن» دېيىشىپ، خاتىرىلىرىگە تىزىملىدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. ھېكمەت گۇلزىبانى ئۆيىگە ئۇزۇتۇپ قويۇپ، پارتىيە مەكتىپىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ياتىقىغا كىرىپ داس - چېلەكنى ئېلىپ، ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇش ئۈچۈن، قايناقسۇخانىغا كەتتى. ھېكمەت ياتىقى ئالدىدىكى سىم تاناپقا كىيىملىرىنى يېيىپ تۇراتتى، كامىل بىلەن نەفىسە كەلدى. ئارقىدىن مۇرات، ئاخىرىدا گۇلزىبا كەلدى. ئۇلار ياتاققا كىرىپ، مەش ئەتراپىدا، تا باشقىلار يىغىلىپ بولغۇچە، ئالدىنقى كۈنى ئۆتكەن دەرسنى مۇزاكىرە قىلىشىپ

ئۇلتۇرۇشتى. چۈنكى، كۆپچىلىك ئالدىدا سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، قىزىرىپ تۇرۇش ئىنتايىن نومۇس ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا «نۆۋەت ماڭا كەلدى، چوقۇم مەندىن سورايدۇ» دېيىشىپ ئەندىكەتتى.

— قاراپ تۇرۇڭلار، بۇ قېتىم مېنى تۇرغۇزىدۇ، — دېدى ھېكمەت، — مۇرات بىلەن گۈلزىبادىن سوراپ بولدى.

— سىنىپتا سەنلا بارمىدىڭ؟ — دېدى كامىل، — ئەللىك ئوقۇغۇچى تۇرسا! . . .

— سەنمۇ يوغان سۆزلىمە، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ قويۇپ، — تېخى سەندىن سورامدۇ! . . .

— ئۆتكەندىلا مەندىن سورىغان تۇرسا؟ . . .

— مۇئەللىملەرمىچۇ، — دېدى گۈلزىبا چېچىنى ئارقىغا تاشلاپ، — نومۇس كۆچىدىن ئۆگىنىدىغان، ئىزانى بىلىدىغانلاردىن سورايدىكەن، نەمەت مىرزىدەك بىزىرىپلا تۇرىدىغان ئادەملەردىن ئانچە سورىمايدىكەن.

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى نەفىسە سۆز قىستۇرۇپ، — بىزنىڭ سىنىپتىمۇ مۇشۇ ئەھۋال بار. بەزىلەرنى نەچچە قېتىملاپ تۇرغۇزۇپ بولدى. بەزىلەرنى بىر قېتىم سوئال سوراپلا تاشلىۋەتتى.

ھېكمەتنىڭ كۆڭلى تۇيغاندەك، ئەتىسى ئەتىگەندىلا مۇئەللىم ئۇنى تۇرغۇزدى. بۇ مۇئەللىم «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تۈپ لۇشيەنى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە»گە ئائىت دەرسنى ئۆتەتتى.

— تېتۇ گۇرۇھى، — دېدى مۇئەللىم پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرىنى سىلاپ، — كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، قانداق نىزاملارنى ئېلان قىلدى؟ سۆزلەپ بېقىڭ! . . .

ھېكمەت بۇ تېكىستنى نەچچە قېتىم ئوقۇپ ياد بولۇپ كەتكەچكىمۇ، ئالدىرىماي، تەمتىرىمەي سۆزلەپ توغرا جاۋاب بەردى.

— ياخشى، — دېدى مۇئەللىم ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ، — يەنە بىر سوئال: «تۈزۈلمە ئىسلاھاتچىلىقى» دېگەن ئەكسىيەتچى سەپسەتىنى ئەڭ ئاۋۋال كىم كەشىپ قىلغان؟ بىر ئېغىزلا جاۋاب بېرىڭ.

— كائۇتىسكى! . . .

— توغرا، ئەمدى زەيندىن سىز تۇرۇڭ، — دېدى مۇئەللىم كالپۇكلىرى تىترەپ تۇرغان مۇدىرغا قاراپ، — ھەر بىر سەگەك ماركسىزم - لېنىنىزمچى جاھانگىرلارنىڭ ماھىيىتىگە قانداق قارىشى كېرەك؟

— بۇ... بۇ... بۇ... — تاتىرىپ كەتكەن زەيندىن بىرەر ئۇچۇر كېلىپ قالارمىكىن دېگەندەك ئەتراپىغا قارىدى، — توغرا، جاھانگىر دېگەن جاھانگىر... ئەكسىيەتچى دېگەن ئەكسىيەتچى... ئۇلارغا غالجىرلىق بىلەن...

— سىز ئۆرە تۇرۇپ، قۇلىقىڭىزنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاڭ، — دېدى مۇئەللىم كامىلنى تۇرغۇزۇپ، — كامىل سىز بۇ ئادەمگە ئۆگىتىپ قويۇڭ...

— لېنىننىڭ جاھانگىرلىك «لاي پۇتلۇق دېۋە»، «قارانچۇق» دېگەن سۆزلىرى بولسۇن ياكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «قەغەز يولۋاس» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلىرى بولسۇن، ھەممىسى جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن.

— ناھايىتى توغرا، ھە، زەيندىن، ئۇقۇۋالدىڭىزمۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ئاچچىقى بىلەن، — سىزدىن بىر نەچچە قېتىم سوئال سورىدىم، جاۋاب بېرەلمىدىڭىز!... مۇدىر تۇرۇقلۇق ۋەزىيەتكە مۇشۇنداق پوزىتسىيە تۇتامسىز؟ بۇنداق قىلسىڭىز، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا شىۇجىڭجۇيى ھەققىدە قانداق تەلىم - تەربىيە بېرەلەيسىز؟

— ئۆگىنەي، بۇندىن كېيىن چوقۇم ياخشى ئۆگىنەي...

توغرىسىغا يوغىناپ كەتكەن مۇئەللىم ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ بېرىپ، دوسكىغا: «تېتو گورۇھىنىڭ شىۇجىڭجۇيىلىق ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى» دېگەن يېڭى دەرس تېمىسىنى يازدى، ئاندىن قوللىرىدىكى بور يۇقلىرىنى قول ياغلىقىغا سۈرتۈپ، گېلىنى قىرىپ قويغاندىن كېيىن، لېكسىيەنى باشلىۋەتتى.

مۇئەللىم خاتىرىسىگە قارىغىنىچە ناھايىتى تېز سۆزلىمەكتە ئىدى.

ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئاچچىقى كېلىپ، يەرنى تېپەتتى. مۇشتۇملىرىنى ھاۋادا ئوينىتاتتى. نەپرەتلىنىپ چىش ئارىلىقلىرىدىن «چىرت» قىلىپ يەرگە تۈكۈرەتتى. يازالىغانلار يېزىپ، يازالمىغانلار ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتە، توختى قۇربان ئاشخانىدا تاماق يەۋېتىپ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن دەرسنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا پىچىرلىدى:

— سىلەر سەزدىڭلارمۇ؟ بۈگۈن ئۆتۈلگەن دەرستە مۇنداق بىر ئابزاس سۆز بار، — توختى قۇربان ئېڭىشتى، — «1959 - يىلدىن باشلاپ، بەزى چەت ئەل كومپارتىيىلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ھەتتا ئۆزى ئىمزا قويۇپ ماقۇللىغان ئورتاق كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، تېتۇنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سۆزلەرنى قىلدى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى بىزەپ كۆرسەتتى. ماركسىزم - لېنىنىزمدا چىڭ تۇرغان پارتىيىلەرگە خالىغانچە ھۇجۇم قىلدى. . . »، دەپ بېقىڭلارچۇ، بۇ سۆز كىمگە قارىتىلغان؟

— مېنىڭچە، بۇ خىرۇششېۋغا قارىتىلغان، — دېدى كامىل ئۇزۇۋپلا.

— ئۇنداقتا، يازلىق تەتىلنى خىرۇششېۋنى تىللاش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەنمىزدە! — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ.

— ئۇنى تىللاپ ئۆتسەكلا مەيلىدىغۇ، — دېدى كامىل ئېغىر تىنىپ، — ياندۇرۇپ بىز ئوقۇتقۇچىلارنى تىللىغىلى تۇرمىسا. . .

— ھەببەللى، گەپ مۇشۇ يەردە، — دېدى توختى قۇربان، — سىلەر تۇراپ تۆلەدىن تازا شامالغا ئۇلگۇرتۇپ كىتاب ئەكەلدۇردىڭلار. كەلگەن خەت ۋە كىتابلارنى ساقلاپ قويۇڭلار. بۇ كېيىنچە چوقۇم سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا، «ئەخلاق - پەزىلەت» دەرسلىكى تۈزۈلۋاتقان ئىشىمىزچۇ؟ — دېدى مۇرات، — ئۇنىمۇ توختىتىپ قويىمىزمۇ؟

— ئۇ دېگەن «ئەخلاق - پەزىلەت» دەرسلىكى تۇرسا، — دېدى كامىل

قارشى چىقىپ، — ئۇنىڭ شىۇجىڭجۇيى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟
— ھەي. . . كامىل، سەل قاراشقا بولمايدۇ، — دېدى توختى قۇربان، — قادىلىپ قارساڭ، سۇتتىنمۇ قارا تېپىلار دېگەن گەپ بار. ۋاقتى كەلگەندە، شەيتانمۇ قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇڭلار.
كەچ گۇگۇم بىلەن، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار پارتىيە مەكتىپىدىن چىقىپ، شورۋاغ ئۈستىگى بويىدىكى قاراڭغۇ سۆگەتلىك ئارىسىغا بېرىپ، ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. ئۇلار بۇندىن كېيىن، گەپ - سۆزلەردە دىققەت قىلىش، بولۇپمۇ مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان، رېخىم نۇرى قاتارلىق مۇئەللىملەردىن قاتتىق ئېھتىياتتا بولۇش، ھېكمەتكە زەيتۇنەدىن كەلگەن خەتلەرنى شەھەردە ساقلاش، تۇراپ تۆلەدىن ئەكەلدۇرگەن كىتابلارنىمۇ شەھەرگە يۆتكىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» تۈزۈش مەسىلىسىدە ئۇزۇن تالاش - تارتىش قىلىشتى.
ئىگەچى سەيلىگاھ باغچىسىدىكى ئولتۇرۇشتىن كېيىن، ھەپتە ئۆتكەندە، مائارىپ ئىدارىسىكى ئالىمجان زىھرۇللا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ، مەكتەپلەردە «ئەخلاق - پەزىلەت» تەربىيىسىنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقى، ئەگەر ئەۋلادلارنى ھازىردىن باشلاپ ئەخلاق - پەزىلەت، ئىنساپ - دىيانەت، ھۆرمەت ۋە ئىززەت ئىنتابلىرى بىلەن تەربىيىلىمىگەندە، كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ يارامسىز ھەتتا خەلققە زىيانلىق ئادەملەردىن بولۇپ چىقىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، بىر دەستە ماتېرىيالنى شىرەگە قويغانىدى.
— مەن «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» تۈزۈۋاتقانىدىم، — دېدى ئالىمجان دوستلىرىغا قاراپ، — بۇنىڭدىن نائىبى، شادىمان، ئامانىللالارمۇ خۇشال بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بەرگەن. كېيىن مەن ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇنى سىلەرگە تاپشۇرۇشنى لايىق تاپتىم. چۈنكى سىلەر داۋاملىق ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا يەنى تۇرمۇش قاينىمىدا ياشاۋاتىسىلەر. بۇ دەرسلىكنىڭ سىلەرنىڭ

قولۇڭلاردا تېخىمۇ كامالىغا يېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل.

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بوپتۇ، — دېدى كامىل خۇشال بولۇپ، — مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوپال، سەت قىلىقلىرى، ھاياسىزلىقلىرى، ئۆز ئارا ئەپۇچان بولماي، جېدەل - ماجراغا ئامراقلىقى، پاسكىنا تىل - ھاقارەتلىرى، بىر - بىرىنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئوغرىلاشتەك ئىللەتلىرى قاتارلىق ئەخلاقسىزلىقلىرى ھەققىدە بىز ئۈچىمىز كۆپ پىكىرلەشتۇق. ھەر بىر دەرس مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدە سۆزلەپ كەلدۇق.

— ئەخلاق - پەزىلەت مەسىلىسىدە، — دېدى ھېكمەت، — ئوقۇتقۇچىلاردىمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان، مەسىلەن، دەرس ئۆتۈۋېتىپ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى قاشلايدىغان، سىنىپقا تۈكۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا سەت لەقەم قويىدىغان، يامان تىللار بىلەن ھاقارەتلەيدىغان، ئاددىيسى، ئىسمىنى چاقىرماي، ھەممىنى «ھەي تاز» دەيدىغان، ھەتتا ئىت بېقىپ، ئىت تالاشتۇرۇش سورۇنلىرىدا قىمارغا چۈشىدىغان، ئىشتاچى (كېلىشتۈرگۈچى) بولىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ بار.

— مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، — دېدى ئالىمجان ھاياجانلىنىپ، — مەن ئىككى باپتەك تۈزگەن ئىدىم. قالغىنىنى سىلەرگە تاپشۇرىمەن. مەنمۇ داۋاملىق ئىزدىنىپ ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىمەن، با مەسلىھەت ئىش كۆرىمىز.

— ئەلۋەتتە بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭمۇ مىللىي ئەخلاق - پەزىلىتىمىزنىڭ مىزانلىرى بولۇشى كېرەكتە! — دېدى كامىل جىددىي ھالدا.

شۇنداق قىلىپ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار دەرسنىڭ ئېغىرلىقى، مەشغۇلاتنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي، بەزىدە بىرلىكتە، بەزىدە يالغۇز دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئۆگىنەتتى. خاتىرە قالدۇراتتى. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالاتتى. كامىل ماكارىنكو ۋە د. ئوشىدىنسكىينىڭ مائارىپ تەربىيىسىگە ئائىت كىتابلىرىدىن پايدىلاندى. نەتىجىدە، خېلىلا مۇكەممەل بولغان «ئەخلاق -

پەزىلەت دەرسلىكى» نىڭ يەتتە بابى يېزىلىپ بولغانىدى.
. . . ئۈچ دوست «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» نى توختىتىپ قويۇشقا كۆزى قىيمىغان هالدا، ئۈستەڭ بويىدا ئۇزۇن ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى ئۇلار توختى قۇربانىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتى بويىچە، ئۇنى يېزىشنى بىر مەزگىل توختىتىپ تۇرۇشنى لايىق تېپىپ، ياتىقىغا قايتىپ كېلىشتى.

هەيران قالارلىق ئىش ئەتىسى ئەتىگەندە يۈز بەردى. مۇئەللىم دەرسكە كىرىپلا، كامىل، هېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇ قېلىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، قولتۇقىدىكى ژۇرنالنى پاققىدە قىلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى.
— ئۈچۈڭلار ئاخشام نەگە باردىڭلار؟ — دېدى مۇئەللىم تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گۈرگىرەپ، — ئىختىيارى هەرىكەت دەپ ئۆختۈرۈلمىغان تۇرسا؟ . . . بارمىسا بولمايدىغان قانداق ئىش ئىدى ئۇ؟
كامىل، هېكمەت، مۇراتلار بىر - بىرىگە قاراشتى. ئەمما مۇرات دەرهاللا مەمتىلى ئىبراهىمغا قارىدى. چۈنكى ئاخشام ياتاققا كىرگەندە، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ پۇتىغا دەسسىۋالغانىدى.
— مۇنداق ئىش ئىدى مۇئەللىم، — دېدى مۇرات ئادەتتىكىدەك سۆزلەپ، — تۈنۈگۈن سىز ئۆتكەن دەرسنى مەكتەپ بېغىدا مۇزاكىرە قىلغانىدۇق. تاماقتىن كېيىن، كامىلنىڭ سائىتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۇق. شۇڭا، ئۈچىمىز باغدا سەرەڭگە چېقىپ شۇنى ئىزلىدۇق.
— بۇنداقمۇ ئوخشاتقان بارمۇ؟ — مۇئەللىم دېمىغىنى قېقىپ قويدى، — باغدا يۈتكەن سائەتنى شورۋاغ ئۆستىڭىدىن ئىزلەمتىڭلار؟
ئەھۋالنىڭ ئۇنچىلا ئاددىي ئەمەسلىكىنى بىلگەن مۇرات دەرهاللا مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالدى.
— مېنىڭ گېپىم تېخى تۈگىمىگەن مۇئەللىم، — دېدى مۇرات تەمتىرىمەي، — مەكتەپتە شاۋقۇن كۆپ بولغاچقا، بىز كېيىن شورۋاغ ئۆستىڭىگە بېرىپ دەرس يادلىغان. شۇڭا ئۇ يەرنىمۇ ئىزلىدۇق.
جىنايەتچىنى سوراققا تارتقاندەك سوئاللاردىن خورلۇق هىس قىلغان

كامىل سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، يېنىدا تۇرغان ھېكمەت ئۇنىڭ چاپىنىنى تارتىپ قويدى.

بۈگۈن دەرس سورالمىدى. مۇئەللىم دوسكىغا: «تېتو شيۇجىڭجۇيىچىلار گۇرۇھىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە سۇنغان زەھەرلىك قولى» دېگەن تېمىنى يوغان قىلىپ يازغاندىن كېيىن، لېكسىيەسىنى باشلىدى.

ئۇ، خېلى ئۇزاق سۆزلىگەندىن كېيىن، مەيدە يانچۇقىدىكى قىزىل رەڭلىك قېرىنداشنى ئېلىپ خاتىرىسىگە بىر نېمىلەرنى سىزدى، ئاندىن: «تۆۋەندىكى بىر ئابزاس سۆزنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار» دېدى ـ دە، بۇرنى قولىغا ئېلىپ دوسكا يېنىغا باردى.

«تېتو گۇرۇھى زەھەرخەندىلىك بىلەن: 'كوللېكتىپلەشتۈرۈش بىلەن تارتىۋېلىش ئوخشاش بىر گەپ'، 'كوللېكتىپلەشتۈرۈش — قوللۇق تۈزۈمىنى ۋە دېھقانلارنىڭ نامراتلىقىنى ئەڭ ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالىدىغان يول' دەپ تىللىدى».

مۇئەللىم دەرسنى خۇلاسىلەپ بولغاندىن كېيىن، تېتو گۇرۇھىنىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل كاپىتالىزم يولىغا ماڭغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، يۇگوسلاۋىيەنىڭ «پولىتىكا»، «دۇنيا» ۋە «چارشەنبىلىك خەۋەرلەر» گېزىتلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدىن بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈردى. ئۇ، خۇسۇسىي قول سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ 115 مىڭغا يېتىپ، بەزى كارخانىلارنىڭ يىللىق كىرىمىنىڭ 100 مىليون دىناردىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، 500 ـ 600 ئىشچى ياللىغانلىقىنى، ھەتتا بىلگىرادتا 116 خۇسۇسىي كارخانا ئىگىسىنىڭ ھەربىرىنىڭ بىر يىلدا 10 مىليون دىناردىن ئارتۇق كىرىمگە ئىگە بولغانلىقىنى، بۇنىڭ 15 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ بولىدىغانلىقىنى غەزەپلەنگەن ھالدا مىسال كەلتۈردى.

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى مۇئەللىم ئېچىنغان ھالدا، — يۇگوسلاۋىيە شەھەرلىرىدە خۇسۇسىي سانائەت كارخانىلىرى، خۇسۇسىيلار ئاچقان تۇرمۇشقا خىزمەت قىلىش ئورۇنلىرى، خۇسۇسىي سودا ـ تىجارەت، خۇسۇسىي ئۆي ـ جاي مۈلۈكدارچىلىقى، خۇسۇسىي

ترانسپورت، يېزا ئىگىلىك ئەركىن بازارلىرى بار بولۇپلا قالماستىن، «خۇسۇسىي بانكا ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان جازانىخورلارمۇ بار. ئەبلەخلەر گېزىتلەردە ئاشكارا ھالدا: «300 مىڭ دىنار قەرز بېرىلىدۇ، مۇددىتى ئۈچ ئاي. 400 مىڭ دىنار قايتۇرۇلىدۇ...» دېگەن ئېلانلارنى چىقىرىدۇ. بۇ زادى قانداق جەمىيەت؟...

— كاپىتالىزم جەمىيىتى! — ئوقۇتقۇچىلار بىردەك ۋارقىراشتى.

ھەر كۈنلۈك دەرستە تەكرارلىنىۋاتقان «شيۇجېڭجۇيى»، «سىنىپىي كۈرەش»، «ماركسىزم - لېنىنىزم»، «كاپىتالىزم» ئوقۇتقۇچىلارغا خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك ياد بولۇپ كەتتى. ئۇلار بورىدا ئولتۇرۇپ لېكسىيە يېزىپ، ئەتىسى - ئاخشىمى يادلاپ، مۇزاكىرىلەردە ئۆزىگە تەتبىقلاپ سۆزلەپ، كۇرسىمۇ ئاياغلىشىپ قالدى. پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى زاكىر زىيا كۇرس خۇلاسە يىغىنىدا سۆزلەپ مۇھىم يوليورۇق بەردى. ئۇ سۆزىدە، «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايتقاندىن كېيىن، «شيۇجېڭجۇيى»، «سىنىپىي كۈرەش» ھەققىدە ئوقۇغۇچىلارغا تەشۋىق - تەربىيەنى كۈچەيتىشى، ئۇلارنى دەرس مەزمۇنلىرىغا، سۆز تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈپ، «سىنىپىي كۈرەش» ئېڭى يۇقىرى، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشلىرى لازىملىقىنى قايتا - قايتا تاپىلىدى. ئۇ، سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، يىغىندىن چىققاندىن كېيىن، چۈشكىچە سىنىپلار بويىچە يىغىلىپ، ھەر بىر كىشى بۇندىن كېيىن قانداق قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ، قەلب تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ھەتتا ئۇ كۇرسانتلارنى ئۇزىتىش يۈزىسىدىن، چۈشلۈك تاماققا پولۇ بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

بۇ قىيىنچىلىق يىللار بولغاچقىمۇ، پولۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان مۇئەللىملەر پوزىتسىيىسىنى توغرىلاپ، قەلبىنى ناھايىتى ياخشى تاپشۇردى. «سىنىپىي كۈرەش»، «شيۇجېڭجۇيى» دېگەنلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىگە خۇددى قېتىق ئۇيۇتقاندەك كىرگۈزۈۋېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئىپادىلەر بىلدۈرۈشتى...

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپى ئاپتاپ

چۈشكەن بىنا ئالدىدا يۇمۇلاق بولۇپ ئولتۇراتتى. نەمەت مىرزى ئاستا ئۆمۈلەپ مۇراتنىڭ قېشىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ قۇلىقىغا تۇمشۇقىنى يېقىن ئەپكەلدى.

— مۇئەللىم، — دېدى نەمەت مىرزى پىچىرلاپ، — تېتۇ، تېتۇ دېيتۇ، نېما - ئا؟

مۇرات ھەيران بولۇپ، نەمەت مىرزىنىڭ كۆزلىرىگە چەكچىيىپ قارىدى. «بۇ گاداي ئادەم زاڭلىق قىلىۋاتامدۇ - نېمە؟» دېگەن ئوي ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. لېكىن نەمەت مىرزىنىڭ چىرايىدىن راستىنلا بىلەلمىگەنلىك ئىپادىسى بىلىنىپ، ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇراتتى. مۇرات ئىچىدە: «توۋا، مۇنۇ گادايىنىڭ 40 كۈن ئۆگىنىپمۇ، تېتۇنىڭ ئادەممۇ، يەيدىغان نەرسىمۇ ياكى ئوينايدىغان بىر نېمىمۇ؟ بىلمەي چىقىپ كەتكىنىنى! » دېدى - دە، خۇددى ئىككى ئالقىنى ئارىسىدا چىلگىمۇ، توپمۇ ئەيتاۋۇر يۇملاق بىر نېمىنى ئويىنىتىۋاتقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدى ۋە «مۇشۇنداق بىر نىمىيا! » دەپ قويدى.

— توۋا، — دېدى نەمەت مىرزى ھېچنىمىنى ئۇقالماي، — يۇرغىلايتقان بىر نېمە ئوخشىمامتا؟ . . .

ئۇزىتىش پولۇسى يېگەن ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلىرىدىن ئەۋەتىلگەن ئېشەك، كالا، ئات ھارۋىلىرىغا نەرسە - كېرەكلىرىنى بېسىپ، ئۆزلىرى پىيادە مەكتەپلىرىگە قايتىشتى. . .

# ئۆچمەنلىك ئورۇقى

مەكتەپنىڭ كۆكتاتچىلىق مەيدانى قوماچ قورىغاندەك قىزىپ كەتكەنىدى. تۆۋەن سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئاق قۇشقاچتەك جاۋىلدىشىپ سەۋزە ۋە پىياز قىرلىرىدا ئوت ئوتىسا، چوڭراق بالىلار ياڭيۇ تۈۋىلىرىگە توپا يۆلەيتتى. يەنە بەزى سىنىپلار قىزىلچا ئېتىزلىرىغا ئالدىراپ - تېنەپ يەرلىك ئوغۇت توشۇۋاتاتتى. ساپسېرىق چېچەكلەپ يۇڭلۇق سويىملار

چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان قوغۇنلارنىڭ تۈۋىگە بويىلاپ كۆمۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار جىددىي ئىشلىمەكتە ئىدى. كۆكتاتلىقتا تۇتىشىپ كەتكەن چەكسىز ياپىيېشىل بوغدايلىقلارغا سۇ باشلاپ ئاق ئوغۇت چېچىۋاتقان ئوغۇللار، قوشقۇلاق بولۇپ قالغان كۆپكۆك قوناقلىقلاردا توپ قالدۇرۇۋاتقان قىزلار چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى.

ھېكمەتنىڭ سىنىپىغا چوشقا قوتىنى ئەتراپىدىكى بەش مو يەر تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى كىچىك بولغاچقا، سامساق تىكىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ھېكمەت چوكىراق ئوغۇل - قىزلار بىلەن قىرمۇ قىر چۈشۈپ، سامساق تۈۋىنى كەتمەن، ئوتىغۇچلاردا يۇمشىتىۋاتاتتى. كىچىكرەك بالىلار چېپىلغان ئوتلارنى يىغىپ بىر يەرگە دۆۋىلەيتتى، بەزىلىرى ئۇ ئوتلارنى تاغار ۋە ئېتەكلىرىدە توشۇپ، ئېغىلغا جىگلاپ ئۆتكۈزەتتى. ئاپتاپتا كەتمەن ۋە ئوتىغۇچلارنىڭ يالتىراق بىسلىرى يالت - يۇلت پارقىرايتتى. ئۇلار تەرلىرىنى سۈرتۈپ ئۆلگۈرمەيلا، تەر پېشانىلىرىدىن يەنە يامغۇردەك قويۇلاتتى. ئېتىز - قىرلارنى ئايلىنىپ يۈرگەن باقاخۇن: «قوناق توپىنىڭ ئارىلىقى مۇنچىلىك بولسۇن»، «سەۋزە، پىياز مايسىلىرىنى شالاڭلىتىڭلار»، «ئاپتاپپەرەسنىڭ هارام باشلىرىنى ئۈزۈۋېتىڭلار» دېگەندەك بۇيرۇقلارنى بېرىپ يۈرەتتى. ئۇ چۆگىلەپ، ھېكمەتنىڭ سامساقلىقىغا كېلىپ، بىلىنى تۇتقانچە بىردەم قاراپ كەتتى - دە، گارتىدە بىرنى كېكىرىۋېتىپ، مايلىشىپ كەتكەن بادام دوپپىسىنى قولىغا ئالدى.

— مۇئەللىم، سامساقلارنىڭ نەيزىسىنى ئۈزۈپ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — ئاشخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرەلا. . . ئوقۇغۇچىلارغا لۆمەن (لەگمەن) قىلماقچىكەن. . .

— ئەمدىلا باش چىقارغان نەيزە جىڭغا ئولتۇرامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئاچچىقلاپ، — تارازا باسقۇدەك بولغاندا ئۆتكۈزىمەن. . .

— ئۇنداق باشتۇڭلۇق قىلسىلا قانداق بولىدۇ؟ بۇنى مەن بىر تۇتاش باشقۇرىمەن.

— باشقۇرىمەن، ھى! — ھېكمەت دىمىغىنى قاقتى، — ئەمسە، كۈزدە ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىسام، ماڭا تۆلىشىپ بېرەلەملا؟. . .

— سامساقنى قېزىپ ئورنىغا يەنە ئاش چامغۇر تېرىيدىغان تۇرسىلا.

— ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ۋەزىپىسى بار، — دېدى ھېكمەت گەپنى ئۇزۇپلا، — ئەگەر بىر جىڭ نەيزىنى ئىككى جىڭغا ھېسابلاپ ئالسىلا، بوپتۇ! ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى بولغاندىن كېيىن، بىر ئاز ئۆزدۇرۇپ بېرەي.

— بوپتۇ، بىر جىڭنى بىر يېرىم جىڭغا ھېسابلايلى.

— ياق!

ھېكمەت باقاخۇن بىلەن ئېتىز ئۇستىدە باققاللاردەك خېلى تالاشقانمۇ بولاتتى. بىراق يىراقتىن دىتۇرنى خانىم ۋارقىراپ، ئۇنى ئىلمىي بۆلۈمدىن چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

— ئابدۇللا، سىراجى، — دېدى ھېكمەت سىنىپ باشلىقى بىلەن ئۆگىنىش باشلىقىغا، — قىزلارغا نەيزىدىن ئۆزدۇرۇپ ئاشخانىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار. ئەمما بىر جىڭنى ئىككى جىڭغا ھېسابلاپ خەت قىلىپ بەرمىسە، ياندۇرۇپ كېلىڭلار، بازاردا ساتىمىز.

— ماقۇل، مۇئەللىم...

ھېكمەت باقاخۇنغا قارىمايلا كېتىپ قالدى. ئۇ ئىلمىي بۆلۈمگە كىرگەندە، ئۇ يەردە زىكرۇللا غوجى، كامىل، مۇراتلار ئولتۇراتتى. ئۇمۇ تەكەللۇپسىزلا بىر ئورۇندۇقنى ئالدىغا سۇردى. ھېكمەت ئىشخانىغا كىرىپلا زىكرۇللا غوجىنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى.

ئوقۇتقۇچىلار پارتىيە مەكتىپىدە كۇرسقا قاتنىشىۋاتقان ۋاقىتتا، مەكتەپ ئېغىلىدىن ئىككى قوي يوقالغانىدى. ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ ئەتىسىلا، يەنە بىر قوي ۋە ئىككى كوزا تاڭشىر ئوغۇرلاندى. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا، 3 - يىللىق 2 - سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ياتىقىغا ئوغرى كىرىپ، بالىلارنىڭ كىگىزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بۇ مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ سىنىپى بولغاچقا، ئۇ دەرسنى، قوناقلىق ئېتىزلىرىنى تاشلاپ قويۇپ، يېزا - كەنتلەردە شۇ سەۋەبتىن دەرستىن قاچقان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرەتتى.

شىۋجىڭجۇيىغا قارشى ئۆگىنىش كۇرسى ئاياغلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار

قايتىپ كەلگەندە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئېتىز ئېرىق قاتلاۋچىلىقى، ئوقۇغۇچى يىغىش، دەرس ئۆتۈش ھەممىسى بىر يولىلا قاپلىشىپ كەلگەچكە، ئوقۇتقۇچىلار بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بۇ مالىمانچىلىقتا، مەكتەپكە كېچىلىرى پوست قويۇش ھېچكىمنىڭ يادىغىمۇ كەلمىگەنىدى. زىكرۇللا غوجى بۇ توغرىلىق زەينىدىن مۇدىر بىلەن سۆزلەشكەنىدى. ئۇ بۇ ئىشلارغا ئانچە سىنەكەپ كەتمىدى. پەقەت «ئوقۇتقۇچىلار يۈكىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتتى دەپ پىكىر قىلامىكى» دەپ قويدى. بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئۆيلىمىغان يەردىن كامىل بىلەن مۇرات ئىشخانىغا كىرىپ، بۇ توغرىلىق ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، ئىلمىي مۇدىر بۇ پىلاندىن خەۋىرى بولغان ھېكمەتنىمۇ چاقىرىپ كەلگەنىدى.

— پىلانىڭلار بويىچە، — دېدى زىكرۇللا ئىشكىنىڭ سىرتىغا قاراپ قويۇپ، — ئۆزەڭلار يوشۇرۇن كۆزەتسەڭلار، سىلەرگە ئېغىرلىق چۈشۈپ قالماسمۇ؟

— كېرەك يوق، — دېدى كامىل، — بىز ئۇچىمىز مۇشۇ ئويغا كەلدۇق. بۇ ئوغرى چوقۇم مەكتەپ ئىچىدە، ئاشكارە پوست قويساق چۆچۈتۈپ قويىمىز.

— بۇ ئىشنى مۇشۇ ئولتۇرغان تۆتىمىزدىن باشقىسى بىلمەسلىكى كېرەك، — دېدى مۇرات پەس ئاۋازدا، — سىز ئەتە سىياسىي ئۆگىنىشتە، زەينىدىن مۇدىرنى قوللىغان بولۇپ، «پوست قويايلى دېسەك، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن، تېرىلغۇ، دەرس، ئوقۇغۇچى يىغىش ئىشلىرىمۇ تورۇپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ قويۇڭ. . .

— ئىككىمىز، — دېدى ھېكمەت ئىشكىنى تىڭشاپ قويۇپ، — ئوغۇل، قىزلار ياتىقى ئالدىدىكى ئېتىزلىقتا، بىرسىمىز ئاشخانا، ناۋايخانا ئەتراپىغا يوشۇرۇنىمىز. مال ئېغىلىغا كىرمەكچى بولغان ئادەم چوقۇم كۆل قېشىدىن ئۆتىدۇ.

— سىلەرگە جاپا بولىدىغان بولدى، — زىكرۇللا بېشىنى ئېغىتتى، — بۇ

مەكتەپ ۋە ئوقۇغۇچىلارغا جان كۆيدۈرۈپ قىلىنىۋاتقان ئىشلار بولغاچقا، مەنمۇ قوشۇلدۇم. بىراق تاماكا چېكىپ سالماڭلار، تىرناقتەك ئوت كېچىسى ئون كۈنلۈك يەردىن كۆرۈنىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىز بۇ ھەقتە ئاللاقاچان بىرلىككە كەلگەن، — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ.

— بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، — دېدى زىكرۇللا كۈلۈپ قويۇپ، — ھېكمەت سىز توي قىلماقچى ئىكەنسىز، بۇنى كامىل، مۇراتلار ماڭا دېدى. بۇ ھەقتە ئالدىراشچىلىقتا ئوق - چىپىمىزنى تاپالمايلا قالدۇق. گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە مەن، زەينىدىن مۇدىر يەنە بىر نەچچىمىز ئەلچىلىككە ئالدىمىزدىكى ھەپتە بارساق قانداق؟ . . .

— بولىدۇ، رەخمەت. . . — دېدى ھېكمەت ۋە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ھېكمەت شۇ كۈنى سامساقلىقتا ئابدۇللا بىلەن سىراجىنى مەسئۇل قىلغاندىن كېيىن، چۈشلۈك تاماققىمۇ قارىماي، بىر ناننى پارچىلاپ يانچۇقلىرىغا سالدى - دە، ئوقۇغۇچى يىغىشقا ماڭدى. ئۇنىڭ سىنىپىدىكى نىشاندار كەنتلىك ئىككى قىز ئۇنى بەكمۇ ئاۋارە قىلىۋەتكەنىدى. ئۇلار بۈگۈنى يىغىپ كەلسە ئەتىسى، چۈشتە يىغىپ كەلسە كەچتە قېچىپ كېتىپ، سىنىپنىڭ دەرسكە قاتنىشىش ئىنتىزامىدىن كۈندىلا نومۇر تارتىلىپ كېتەتتى.

ھېكمەت قولىدىكى سىۋۇتىگە تېزەك تەرگەچ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بوستان دوختۇرخانىسىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپ كەڭ توپا يولغا چۈشكەندە، تېزەك ئانچە ئۇچرىمىدى. چۈنكى يۈز قەدەمئالدىدا بىر ئېگىز ئادەم سىۋۇتىگە يولدىكى تېزەكلەرنى قالدۇرماي تېرىپ كېتىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ، ئۇنىڭ بىر چاغدا مەتتوختى سىكېرتار بىلەن خوتۇنلىرى توغرىلىق مۆرلەشكەن جاپپار سوجاڭ ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ھېكمەت تېز - تېز قەدەم ئېلىپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم سوجاڭ، بۇياققا ئالدىراپ ماڭىپلا، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — كېسەل بولۇپ قالمىغانلا؟

چىرايلىرى ئۈمسۈرۈنلا كۆرۈنىدۇ...

— ۋاي... مۇئەللىم، — دېدى جاپپار ئالىغاي كۆزىدە باشقىلا بىر يەرگە قاراپ، — خۇدايىم مېنىڭ بېشىمغا سالغان كۈننى سىلىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن، ماقۇلما؟...

— نېمە بولدى، شۇنچىلىك ئاھ ئۇرغىلى؟

— دۇنيالىقتا بىر تاللا ئىنىم بار ئىدى، قارىسىلا، ساقچىلار تۇتۇپ كەتتىيا...

— نېمە، بىرەر خاتا گەپ قىلىپ قويغانمىدى؟

— ياق، ۋاي... شۇ ئالقاندەك يەرنىڭ خاپىلىقى دېسىلە!...

دېھقانلار قالدۇرۇق يەرلىرىگە كوللېكتىپنىڭ يەرلىرىنى قوشۇۋېلىپ تام ئىچىگە ئېلىۋالاتتى. بۇ يېزا ئىگىلىك قانونىدا چوڭ ئىش بولغاچقا، سۈرۈشتە قىلىنىپ جەرىمانە قويۇلاتتى، ئېغىرراق بولسا، جازا بېرىلەتتى. ھېكمەتمۇ «ئالقاندەك يەرنىڭ خاپىلىقى» دېگەن گەپنى شۇ مەنىدە چۈشەنگەنىدى.

— ئىنىلىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرى يوقمىدى؟

— بار...

— ئەمسە نېمىشقا كوللېكتىپنىڭ ئالقاندەك يېرىگە كۆز قىزارتىپ يۈرىدۇ؟

— ۋاي... مۇئەللىم، سىلى تېخى كىچىك بالىكەنلا، شۇنى ئۇقمىدىلىما؟ — دېدى جاپپار سوجاڭ غەلىتىلا ھىجىيىپ، — ئىنىم بىر دادۇيجاڭنىڭ خوتۇنىغا چېقىلىپ قويۇپتىكەن، ئۇ ئىستارى ئىنىمنىڭ بىر قۇلىقىنى تۈۋىدىنلا كېسىۋېتىپتۇ. بۇ غەلۋە بارغانسېرى يوغىناپ، ئىنىمنى ساقچىدىن تۇتۇپ كەتتىيا!...

ھېكمەت ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى. جاپپار ھەقىقەتەن گەپكە ئۇستا ئادەم ئىدى. پەرمانشا ئۇنى «گەپ زاۋۇتى»، «مىتەۋە ساندۇقى» دەپ قوياتتى. ھېكمەت پەرمانشانىڭ شاراپىتى بىلەن بىر نەچچە قېتىملىق ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ چاقچاق، قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئادەتتە ھېچكىمگە گەپ بەرمەيتتى.

ھېكمەت يول چېتىدىكى تېزەكنى سىم كورەكتە ئېلىپ سېۋەتتىگە سالدى. بۇ ئەسنادا توپا - چاڭلارنى توزۇتۇپ، ئاتتا بەگدەك غادىيىپ ئولتۇرغان خالىق كاتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ پاكىــزە كىيىنۋالغان بولۇپ، ھېلىــــلا تويدىن قايتىــــپ كەلگەندەك خۇشال كۆرۈنەتتى.

— ھارمىغايلا خالىق كاتىپ، — دېدى جاپپار سالام بېرىپ، — خىزمەت تەكشۈرۈپ چىققان چاغلىرىۋا؟ . . .

— ياقەي، بوۋاي قەمبەر مەكتىپىدىن كېلىشىم، — خالىق ئويناقلاپ تۇرغان ئات ئۈستىدە قامچىسىنى بېلىگە تېرەپ تۇراتتى، — مەكتەپنىڭ مەنقۇلات ئامبىرى يامغۇردا ئۆرۈلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنــــى كۆرۈپ كەلدىم.

— سىلى ئاجايىپ يېتىشلىك ئادەمدە، — دېدى جاپپار سېۋەتنىنى يەرگە قويۇپ، — ھەممە ئىشقا ئۈلگۈرۈپ تۇرىلا.

— ئانچىكىم بىر ئەرزىمەس ئىش ئىكەن، گۆڭشېدىن ياغاچ - تاش، بورا - سامان ئەۋەتىپ بېرىدىغان بولدۇم، — دېدى خالىق كېرىلىپ، — رېخىم داراي ئەمگەك كۈچى چىقارماقچى، ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويدۇم.

خالىق ئۆزىنى كۆرسىتىپ يەنە بىر مۇنچە سۆڭەكلىك، سۆڭەكسىز قاغا پۈتى گەپلەرنى قىلدى. ھېكمەت ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر شادلىقتىن يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە ۋە تەكەببۇر سىياقىــغا قاراپ، تورۇپلا نەفەسىدىن ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى بۇ ئالا كالا ھەممىلا يەرگە تۇمشۇقىنى تىقىپ يۈراپ يۈرەتتى. چىرايلىق قىز - چوكانلارنى كۆرسە، نەپسى بالاسىدا ئۇلارنى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. ھېكمەت ئىچىدە «ھايۋان» دەپ تىللىدى - دە، ئاچچىقىنە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ مەسخىــــرىلىــــك كۈلۈۋاتقىنىنى سەزگەن خالىق ھېكمەتكە قايرىلدى:

— ھە، مۇئەللىم، سېۋەتلىرى تېزەككە تويماپتىغۇ؟ — دېدى خالىق ھېجىيىپ.

— شۇنداق، بۇ سېۋەتنى گۆڭشېنىڭ ئالدىدىن سېتىۋالغاندىم، — دېدى ھېكمەت گەپنى مىق قاققاندەك قىلىپ، — كالىدەك ئاچكۆز چىقىپ قالدى.

گېلىغا ئېشەك تېزىكىنى ھەر قانچە تىقىپ تۇرسامۇ، يەپ تويمايدۇ.
«كالا» لەقىمىنىڭ چىشلەپ تارتىلىشى، يەنە كېلىپ «ئاچكۆز» سۆزىنىڭ تولدۇرۇپ ئېيتىلىشى خالىقنى تولىمۇ ئوسال قىلىۋەتتى. كىشىلەر ئۇنى ئارقىسىدىن «ئالا كالا» دېيىشەتتى. . . قارا بۇنىڭ تىلىنىڭ زەھەرلىكىنى! . . . گۆشىنى ئالدىدىن سېتىۋالدىم دەيدۇ تېخى. . . خەپ! . . .
ھېكمەت «قىلغان گېپىم يېتەرلىك بولغاندۇر» دېگەندەك، سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى. خالىق ئېتى ئۇستىدە ئۇنىڭ قارىسى يوقالغىچە قاراپ تۇردى. ھېكمەت ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. بىر چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاسىراپ يېتىپ كەلگەن جاپپار سوجاڭ ئۆزىچىلا خىقىراپ كۈلۈپ كەتتى:
— يائاللا مۇئەللىم، گەپنى بودىمايلا قىلىدىكەنلا، — دېدى جاپپار ئارقىسىغا قاراپ قويۇپ، — خالىق كاتىپنىڭ لەقىمى «ئالاكالا» تۇرسا، ئەجەب قاراملىق قىلدىلىيا؟ . . .
— بۇنداق ئادەملەرگە گەپ تەسىر قىلمايدۇ، — دېدى ھېكمەت توشۇپ قالغان سېۋەتكە قاراپ قويۇپ، — نېمىسىگە يوغانچىلىق قىلىدۇ؟ ناھايىتى كەلسە بىر گۆشىنىڭ كاتىپىغۇ! . . . سىلەرلا قورقۇپ كېتىدىكەنسىلەر . . .
— ھەي. . . مۇئەللىم، خالىقنى ئۇنداق بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى جاپپار، — ئۇ كالا بولغاندىمۇ مۆڭگۈزىدە زەھىرى بار كالا، ئادەمگە تېگىپ كەتتىمۇ، ئۆلتەرمىگەن ھالەتتىمۇ، پالەچ قىلىپ قويىدۇ.
— جاپپاركا، — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ خالىق توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك، — سېۋەتلەر توشۇپ قالدى. بىرەر ئەترەتكە تاپشۇرۇۋەتمەيمىزمۇ؟
— مانا، ئالدىمىزدىكى ئۆستەڭدىن قايرىلساق، چامغۇرچى كەتنىڭ تەشكىلى بار. شۇ يەرگە ئۆتكۈزۈۋېتەيلى.
ئۇلار چامغۇرچى كەنت ئىشخانىسىنىڭ كەڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تال بوستانلىق ئاستىدىكى پېشايۋان ئالدىدا

توختىدى. قورونىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، ئادەم كۆرۈنمەيتتى. قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تال يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئۇششاق كۆك مارجاندەك بولۇپ قالغان ئۈزۈم ساپلىرى كۆزگە چېلىقاتتى.

— هاي، ئاسىم تۇمەن! — ۋارقىرىدى جاپپار ئەتراپقا قاراپ، — هاي ئاسىم تۇمەن دەيمەن؟ . . .

— كىما؟

مال ئېغىلى قېشىدىكى ئۆيدىن شۇنداق پاكار بىر ئادەم چىقىپ كەلدىكى، ئۇ خۇددى يەردىن ئىككى غېرىچلا كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقاندەك مىدىرلاپ ماڭاتتى. ئۆزىنىڭ پاكارلىقىغا باقماي، بىر قوينىڭ تېرىسىنى پۈتۈن ئارتىۋالغاندەك، ئاق سالۋا تەلپەك كىيىۋالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى قاپقارا بولۇپ، ئىككىدە بىر تۇتام ساقىلىمۇ بار ئىدى.

— هە، سوجاڭكەيىيا بۇ! . . . — دېدى ئاسىم تۇمەن چوڭ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — ئوغۇت ئۆتكۈزگىلى كەلگەنمىدىلە؟ . . .

— شۇنداق، بۇ مەزەنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىۋېدۇق .

— ئا . . . سوجاڭ ئۇنداق خاۋىس[1] گەپ قىلمىسىلا، — دېدى ئاسىم تۇمەن خاپا بولغاندەك قىلىپ، — مەزە دەيدىغانغا مەن يېمىسەم ئۇنى؟ يا مەن بۇغداي، قوناق بولمىسام!

— مەن ئوقۇغۇچى يىغقىلى باراتتىم، — دېدى هېكمەت سېۋۇتىنى ئاسىم تۇمەنگە تۇتقۇزۇپ، — مېنىڭكىنى ئاۋال ئالسىلا.

— ئىغىلغا بىرىپ ئاسما جىڭغا سالىلىمۇ ياكى قولۇمدىلا چىنەپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئاسىم تۇمەن ھىجىيىپ، — جىڭغا سالساق، ھەر قايسىلىرى زىيان تارتىپ قالىلا. . .

— بولدى، بولدى، مۆلچەرلەپلا بەرسىلە، — دېدى جاپپار.

— مۇئەللىم، — دېدى ئاسىم تۇمەن سېۋەتنى ئېگىز - پەس كۆتۈرۈپ بېقىپ، — سىلىنىڭ ئونبەش - ئون ئالتە جىڭ كەلگۈدەك . . .

— ئىنساپ قىلالا، — دېدى هېكمەت، — بازاردىن مەشەگە كۆتۈرۈپ

---

[1] خاۋىس — سېسىق گەپ، تەئەددى گەپ.

ئېلىپ كەلگەن تۇرسام. . .

— بوپتۇ، يىگىرمە جىڭ بولسۇن، مەندىن كەتسە سىلىگە كېتەر، — ئاسىم تۇمەن سېۋەتنى يەرگە قويدى، — ئەكەسىلە كىنىشكىلىرىنى! تامغامنىڭ باش يۈزىنى سىلىگە بېسىپ بېرەي. . .

ئاسىم تۇمەن جاپپار سوجاڭنىڭ سېۋىتىنى دەڭسەپ تۇرغىنىدا، جاپپار ئۇنىڭغا ئېڭىشتى.

— مۇشۇ مۇئەللىم گۇۋاھ، — دېدى ئۇ ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — مەن يولدا كەلگىچە مادا ئېشەكنىڭ تېزىكى يولۇقسا تاشلىۋەتتىم. مېنىڭ ئەكەلگىنىم غىلتاڭ ھاڭگا ئېشەكنىڭ تېزىكىيا! . . .

ئاسىم تۇمەن مادا ئېشەكنىڭ تىزىكى بىلەن ھاڭگا ئېشەكنىڭ تېزىكى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىردەم سېۋەتتىكى تېزەككە قارىسا، بىردەم جاپپارنىڭ ھىيلىگەر كۆزلىرىگە قارايتتى.

— بولدى، يىگىرمە جىڭ بولسۇن، — دېدى ئاسىم تۇمەن تېرىكىپ، — ھاڭگا ئېشەك ، مادا ئېشەك دەپ ئادەمنى رەللە قىلىپ. . .

— ئۇنداق تە بولمىسىلا دەيمەن، مانا مۇشۇ مۇئەللىمنىڭ مۇنداق ئون سېۋەت ئوغۇتنىڭ قۇۋۋىتىگە بۇ بىر سېۋەتنىڭ قوۋۋىتى تەڭيا! . . . بۇ دېگەن غىلتاڭ ھاڭگا ئېشەكنىڭ تېزىكى تۇرسا. . . يەنە يىگىرمە جىڭ دەيدىلىيا. . .

— ئەكەسىلە كىنىشكىلىرىنى! يىگىرمە بەش جىڭ! خوش بولغانلا؟

— جاپپار سوجاڭ، قويسىلا سىلىنى! — دېدى ھېكمەت تالاغا چىققاندا، — ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنلا.

— مۇئەللىم، ھەيران بولمىسىلا، ئىش - ئىشچاننىڭ، نومۇر گەپدانىنىڭ دېگەن گەپنى ئاڭلىغانما؟ بۇ زاماندا گەپ پۇل دېسىلە. . .

ھېكمەت جاپپار بىلەن خوشلىشىپ، نىشاندار كەنتىگە مېڭىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچكىچە يول مېڭىپ، ئاغزى يىرتىلغىچە تەربىيە ئىشلەپ ، بىر قىزنى ئاران ئېلىپ كېلەلىدى. بىر قىزنى ئاتا - ئانىسى ھېكمەتنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا قاچۇرۇۋەتكەنىدى .

ھېكمەت مەكتەپكە كەچ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن قىزنى

ياتىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، سامساقلىقىقا كەلدى. ئىش ئۇنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بولغانىدى. تۇۋۇي يۇمشىتىلىپ ئوتى ئېلىنمىغان ئېتىزدىن بىر مودەك يەر ئېشىپ قالغانىدى. ئوقۇغۇچىلارغا قالغان ئىش نېمە بولماقچىدى!... ئەمدى بۇ ئىشنى ئەتە چۈش ياكى كەچ تەرەپتە دەم ئېلىشتىن پايدىلىنىپ قىلىۋەتمىسە، مەكتەپ ئېغىلىغا ئۆتكۈزىدىغان كۆك ئوغۇتتىن زىيان تارتىشتىن سىرت، سامساقمۇ يوغان باش ئالالمايتتى.

ھېكمەت ئىككى باغ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇجمىلىك يولدىن ئۆتۈپ، ياتاق بىناسى ئالدىغا كېلىۋېدى، بىر كىمنىڭ «ھېكمەت!» دېگەن بوش ئاۋازى ئاڭلانغاندەك قىلدى. ئۇ قايرىلىپ گۈلزىبانى كۆرۈپ قالدى. كۆكۈم پەردىسى سۆيۈملۈك قىزنى پۈركەپ تۇراتتى. يۈرىكى بىردىنلا سۆيۈنۈپ كەتكەن ھېكمەت دەرھال گۈلزىبانىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

— سىزنى ساقلاپ!.. ئۆيگە كىرىڭ...

— ئۆيىمىزگىمۇ؟...

قىزنىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا ئوت بولۇپياندى. ياتاققا كىرگەندىن كېيىن، ھېكمەتكە قارىيالمايلا قالدى. «توۋا، بۇ ياتاق تۇرسا، قانداق قىلىپ «ئۆي» دەپ سالدىكىنە!... «ئۆيىمىزگىمۇ» دەپ ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىنىڭ چاقناپ كەتكىنىنى... بۇ سۆز بىلەن، تاڭ ساباسى يۈرىكىنى سىلاپ ئەركىلەتكەندەك، ئۆزىمۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىغۇ؟

ياتاقتا باشقا بىركىم يوق ئىدى. ھەببە خانىمنىڭ ئىمىدىغان بالىسى بولغاچقا، كەچتە ئۆيىگە قايتىپ كېتەتتى. بۈگۈن چۈشتە، زىكرۇللا غوجى گۈلزىبانى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن توي توغرىلىق پاراڭلاشقانىدى. ئۇنىڭدىن يەنە قانداق كەم ـ كوسا ئىشلىرىڭلار بار؟ دەپ سورىدى. ئەڭ مۇھىمى، گۈلزىبانىڭ ھازىرقى ياتىقىنى مەكتەپتىن ھېكمەت ئىككىسىگە بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭا، گۈلزىبا ياتىقىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇشماقلىرىغا قاراپ، نېمىنى قەيەرگە قويۇش ھەققىدە كەچكىچە ئويلاپ يۈردى، شۇڭا. بۇ ئانچە كىچىك بولمىغان بىر ئېغىزلىق ياتاق ئۇنىڭ

ئۆيىدا «ئۆي» بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى ئۇلار ئىككىسى بىللە دەرس تەييارلىق قىلىپ، بىللە تاماقلىنىدۇ. كېچە - كۈندۈز بىللە بولىدۇ، شۇنداق بىللە... بىللە... ئاھ، بۇ ھايات، بۇ قۇياشلىق دۇنيا نېمىدېگەن گۈزەل - ھە؟...

گۈلزىبا «ئۆمۈرلۈك ھەمراھى»نىڭ چۈشلۈك تاماقنى يېمەيلا بالا يىغقىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، لەڭمەن ئېتىپ ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىدى.

— لەڭمەن ئەتكەنتىم، — دېدى گۈلزىبا چىرايلىق كۆزلىرىنى خومارلاشتۇرۇپ، — سىزگە ساقلاپ مەنمۇ يېمىدىم...

«سىزگە ساقلاپ مەنمۇ يېمىدىم!» ھېكمەت بۇ گەپتىن سۆيۈنۈپ، ئالدىدا ئولتۇرغان قىزغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ قالدى. ھېكمەت ئىچىدە: «ئاھ خۇدا، مۇشۇ ئۇياتچان، كەم سۆز، سۆيۈملۈك، ئوچۇق چىراي قىزنى ماڭا مەڭگۈ يار قىلغايسەن، سەندىن شۇنى تىلەيمەن...» دەپ ئويلىدى.

— بۇ ياتاقنى ئىككىمىزگە بەردى، — دېدى گۈلزىبا قويۇق كىرپىكلىرىنى لەپپىدە تاشلاپ، — زىكرۇللاكام كۆڭلى ئەجەب ياخشى ئادەم.

— شۇڭا ئۆيگە كىرىڭ دەپتىكەنسىز - دە!...

— بولدى تەكرارلىماڭ... شۇنداق دەپ قويۇپ ئۆزەممۇ ئىزا تارتىپ كەتتىم...

— ئىزا تارتىدىغان نېمىسى بار؟ دېمىسىمۇ بۇ بىزنىڭ ئۆيىمىز بولىدىغۇ!

توي قىلىشقا پۈتۈشكەندىن كېيىن، گۈلزىبا، ھېكمەتنى كۆرسىلا قىزىرىدىغان، كۆزلىرىنى قاچۇرىدىغان، گەپ قىلغاندا ئۇياق - بۇياققا قارىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇنداق تاتلىق خۇلۇقلىرى ھېكمەتنىڭ مۇھەببەتكە قانمايۋاتقان چاڭقاق تەشنالىقىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى...

ھېكمەت چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتتا، گۈلزىبانىڭ كۆزىگە قاراپ،

لەۋلىرىگە تەلمۈردى. ئەمما قىز ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەتۈر قارىۋالدى.

— ئۇنداق قىلماڭا گۈلزىبا، پەقەت خالىغىنىزنىڭ ئۈستىگىلا!...

— ياق، تويدىن كېيىن!...

لېكىن ئىش قىزنىڭ دېگىنىدەكمۇ بولۇپ كەتمىدى، يېنىككىنە بىر ئۆپۈش ھېكمەتنىڭ بىر كۆڭلۈك ھاردۇقىنى چىقىرىۋەتتى...

ئۇ ياتىقىغا كىرگەندە، كامىل بىلەن مۇرات ئۇنى ساقلاپ دەرس تەييارلىقى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئېغىر ئەل ياتقۇ بىلەن يوشۇرۇن كۆزەتكە چىقماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى - ئۈچ كۈنلۈك دەرسنى بىر يولىلا تەييارلىۋېلىشنى ئويلىغانىدى. ھېكمەتمۇ تەييارلىق دەپتىرى بىلەن ئوقۇشلۇق كىتابىنى ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئولتۇردى...

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى ئېغىر ئۇيقۇغا كېتىپ، ئەل ئايىغى جىمىققاندا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار قول چىراغلىرىنى ئېلىپ تەييارلاندى. كامىل: «بىرەر شەپە سېزىلسە، بىر - بىرىمىزگە قول چىرىغىنى قىزىل لاتىدا ئوراپ بەلگە بېرەيلى» دەپ تاپىلىدى. ھېكمەت ئوغۇللار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى قوناقلىقتا، كامىل قىزلار ياتىقىغا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۆرۈكلۈككە يوشۇرۇندى. مۇرات بولسا ناۋايخانا ئالدىدىكى قېرى دوڭغاق سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

كېچىچە، ھېچقانداق شەپە سېزىلمىدى. بىر كېچە كىرپىك قاقمىغان ئۈچ كۆزەتچى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن ياتاقلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغىچە، سىياسىي ئۆگىنىشكە داڭ ئۇرۇلدى. زەينىدىن مۇدىر «خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تۈپ لۇشيەنى توغرىسىدىكى بەس - مۇنازىرە»گە ئائىت ھۆججەتلەرنى ۋە گېزىت ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. ئارقىدىن ئۇلارنىڭ روھىنى ئوقۇغۇچىلار دەرستە تولۇق بولماسلىق، سىنىپقا ۋاقتىدا كىرمەسلىك، دەرسنى ئەستايىدىل تەييارلىماسلىق، ئوغۇت توپلىماسلىق، ئوغۇرلۇق ۋەقەسى دېگەندەك سىنىپي كۈرەشنىڭ مەكتەپ ئىچىدىكى ئىپادىلىرىگە باغلىدى. ئۆگىنىش ئاخىرىدا، زىكرۇللا مەكتەپتە كېچىسى ۋاقتىنچە پوست قويۇلمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىدى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، مۇرات بىلەن كامىل ياتاقلىرىغا

كېتىشتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى سائەتلەردە دەرسى بار ئىدى. كۆزلىرى قوم قۇيغاندەك ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، ھېكمەت يوقلىمىنى قولتۇقلاپ سىنىپقا ماڭدى. ئۇ ئەدەبىيات دەرسىنى ئىككى سائەت ئۆتۈپ بولۇپ، ئەمدىلا ئىشخانىغا كىرىۋېدى، ئالگېبرا ئوقۇتقۇچىسى يۇسۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ھېكمەت مۇئەللىم، سىنىپلىرىغا دەرسكە كىرگەنىدىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ئوغۇللاردىن ئون ئالتە بالا يوق تۇرىدۇ. بۈگۈن يېڭى دەرس ئۆتكەنىدىم، بەك چاتاق بولدى.

ھېكمەتنىڭ چوققىسىدىن كىرگەن سوغۇق تاپىنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ: «بىر قىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا سىنىپلارغا قارىغاندا مېنىڭ بالىلىرىم تولۇق» دەپ كۆڭلى توق يۈرگەن ئىدى. مانا ئەمدى بىراقلا ئون ئالتە ئوقۇغۇچى قاچقان بولسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ھېكمەت ئالاقزادە بولغان ھالدا سىنىپقا كىردى. ھەيئەتلەردىن ئابدۇللا بىلەن سىراجىمۇ يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن دوپ - دومىلاق، ئاق پىشماق بىر قىز ئورنىدىن تۇردى، ئۇ سىنىپنىڭ تۇرمۇش ھەيئىتى خىلچىۋانى ئىدى.

— مۇئەللىم، ئوغۇللارنىڭ كۆپىنچىسى ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىغا كەتتى، — دېدى خىلچىۋانى چاقماقتەك سۆزلەپ، — بۈگۈن «ۋاخپىلىق» قا ۋىلايەت بويىچە تالىشىشتا داڭلىق بولغان ئىتلار يىغىلىدىكەن.

ھېكمەتنىڭ ئىككى سائەت دەرستىن كېيىن چۈشكىچە ئوخلاۋالارمەن دېگەن ئويى سۇغا چىلاشتى. ئەتىگەنلا دىۋۇرنى مۇئەللىمنىڭ: «رېخىم نۇرى ئىككى سائەت بوتانىكا دەرسىگە كىرمىدى» دەپ قاخشىغىنى بىكار ئەمەسكەندە! ھېكمەت ئالدىراپ سىنىپتىن چىقتى. ئۇ، رەجەپ بەنجاڭنىڭ چوشقا قوتىنى ئارقىلىق شورا تامدىن ئاتلاپ ئارقىدىكى بۇغدايلىــققا سەكرەپ چۈشتى. ئېتىز قىرلىرى بىلەن لاسكوي يولىغا چۈشكەندىن كېيىن، بىر خىلدا يۈگرەپ، بەشتاش تۈگمەنگە كەلدى.

بەشتاش تۈگمەن ئەتراپى ئېگىز - پەس شورلۇق دۆڭلىكلەر بولۇپ، سول تەرەپتىكى چىغىر يول ئاياغچى مەھەللىسىگە ئاپىراتتــى. ئۇلۇق

تەرەپتىكى كەڭ يېيىلىپ ئاققان سۇ سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان تۇغ توساپ تۇرغاچقا، كۆلدەك لىغىرلاپ تۇراتتى. تۇغدىن پەسكە قارىتىپ تىك چۈشۈرۈلگەن سۇ بەش نور ئارقىلىق ئوقتەك ئېتىلىپ، تۇگمەنلەرنىڭ چاقپىلىكىگە شىددەتلىك ئۇرۇلاتتى. كەڭ ئېقىن ئۈستىگە سېلىنغان تۇگمەنلەر بىر خىلدا گۈركىرەپ، ئەتراپتىن ئاچچىق توز ھىدى كېلەتتى. سۇنىڭ ئۇ قاسنىقى پەس ئېدىرلىقلار بولۇپ، يىراقتىـــن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قارىيىپ كەتكەن بىنالىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھېكمەت ئالدىدىكى تاش كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشى بىلەنلا، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىـــرى ئاڭلاندى، ئۇ پەس تۆپىلىككە ياماشتى. بۇ يەردىن لاسكوي يېپەك توقۇمچىلىق فابرىكىسىنىڭ بىنالىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، فابرىكىنىڭ ئېگىز تۇرخۇنلىرىدىن تولغىشىپ چىقىۋاتقان ئىسلار تىك كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. سۇ كۆرمەي قۇرۇپ قالاي دەپ قالغان جىگدىلەر بىلەن قورشالغان بۇ شورلۇق بوگۇن ئادەم قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. جىگدە غوللىرىغا باغلىۋەتكەن ھەر خىل ئىتلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى، ئۇلار ئادەمنى كۆرسىلا خىقىرايتتى. قەيەرگىلا قارىماڭ، تالاشتۇرغۇچىلارنىڭ كېلىشتۇرۇشىگە كۆنمىگەن ئىت ئىگىلىرىنىڭ توپىلارغا پاقىلدىتىپ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىـــتنىـــڭ كالپۇكلىرىنى قايرىپ چىشىنى كۆرۈۋاتقانلىقىـــنـــى، ئالقانلىـــرىغا ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىڭىز، «بويى بولغان بىـلەن ئاغزىدىن سۈت پۇراپ تۇرغان كۈچۈك بۇ. . . » دەپ قەسەم ئىچىشىۋاتقانلىـقىـــنـــى ئاڭلايتتىڭىز. ئىت خۇمارلارنىڭ كۆپىنچىسى توپ - توپ بولۇپ، داڭلىق ئىتلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋالغانىدى. ئۇلار «تۆت كۆز» ، «يولۋاس» ، «شىر باش » دېگەندەك نام چىقارغان نوچى ئىتلارغا شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن قارايتتىكى، بەلكىم بۇ چاققىچە ۋاپادار خوتۇنىغىمۇ ئۇنچىلىك قاراپ باقمىغان بولسا كېرەك. . . توپ ئارىسىدا، ئېگىز بويلۇق، قورساق سالغان بىر ئادەم چىشىنى كولىغاچ، ئىتىنى ماختاۋاتاتتى. جىگدىگە باغلانغان، باش، بويۇنلىرى جاراھەت ئىزى بىلەن قاپلىنىپ، كالپۇكى يېرىلىپ كەتكەن سېرىق ئىتقا ھەممە بىردەك ھەۋەس بىلەن قارايتتى.

— مەن، — دېدى ئىت ئىگىسى گارتىندا كېكىرىپ قويۇپ، — ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۇنىڭغا ئۆپكىنى خامسۇق پىشۇرۇپ يېگۈزگەندىن كېيىن، بىرەر - ئىككى سائەت كۆكرىكىنى، ئالدى پاچاقلىرىنى ئۇۋۇلاپ بېرىمەن. ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت تۇخۇم ئىچكۈزىمەن. . . شۇڭا، بۇ جانىۋار مەيدانغا كىرگەن ھامان ئۇچقاندەك بېرىپ، دۈشمىنىنى كۆكرىكى بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇۋېتىپ، بۇنى ئېغىز سالالماس قىلىۋېتىدۇ. . .

— ئىشارە بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى توپ ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى.

— بىلمەي! شۇڭا، تالاشتۇرغۇچىلار مېنى ئىت تالاشتۇرۇش مەيدانىغا كىرگىلى قويمايدۇ، — دېدى ئۇ بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — مەن مەيداندا يانتۇ يېتىپ قارشى تەرەپتىكى ئىتنى كۆزىتىمەن. ئۇ قۇلىقىنى ئايامدۇ، ئارقا تاڭنى قاچۇرامدۇ ياكى يېتىم قوۋۇرغىسىنىمۇ؟ ئىش قىلىپ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلگىنىم ھامان، مېنىڭ ئىتىم قۇلىقىمنى تۇتسام ئۇ ئىتنىڭ قۇلىقىدىن، يوتامنى سىلىسام، ئۇ ئىتنىڭ ئارقا يوتىسىدىن ئالىدۇ. . .

— پاھ، پاھ، — دېدى شاپاق دوپپىسىنى سىقىمدىۋالغان ئۇزۇنتۇرا بىرسى، — ئىتنىڭ ئەلپازىدىنمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ!

ھېكمەت بۇ يەردىن بىرمۇ ئوقۇغۇچىسىنى تاپالماي، ئادەملەر ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈپ توپلىشىۋالغان ئىككىنچى بىر سورۇنغا باردى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە قىسىلىپ يۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئەمدىلا ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇرۇۋېدى، مەيداندا ئىككى ئىت تالىشىپ كەتتى. تالاشقا چۈشكەن ئۇزۇن تۈكلۈك ئالا ئىت تالىشا - تالاشمايلا، سورۇننى تاشلاپ قاچتى. ئۇ پانا قاقلاندەك تېقىلىشىپ تۇرغان ئادەملەر توپىدىن ئۆتەلمەي، مەيداننى بىر پىرقىراپ چىقتى - دە، بىر چەتكە بېرىپ ھاۋشىغىنى[①]تۇردى. پۈتۈن سورۇننى قىقاس - چۇقان، كۈلكە - چاقچاقلار قاپلىدى.

---

① تالىشىدىغان ئىت مەيدانغا كىرگەندە ھاۋشىمايدۇ. بويىنىنى سوزۇپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ رەقىبىگە مىختەك قادىلىپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئىت بىشەم خوتۇندەك تىللىشىدىكەن ئەمەسمۇ! ... ھا... ھا... ھا...

ئالا ئىتنىڭ ئىگىسى ئۆلمىدى ئۇنىڭ بىرىسى بولدى. ئۇ ئىتى قېچىپ بېرىۋالغان سورۇننىڭ چېتىگە يۈزىگە بىرسى دەسسىگەندەك قىلىپ باردى - دە، ئىگىسىنى كۆرۈپ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ خۇشامەت قىلىشىۋاتقان ئىتنىڭ بوينىدىن كاپلا تۇتۇپ، زەنجىر تاسمىسىنى سالدى. شۇ ئارىلىقتا، ھېكمەت مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان سىراجىنى كۆرۈپ قالدى. بۇ چاغدا مەيدانغا ئىككى ئادەم ئىتلىرىنى ئېلىپ كىرىشتى، ھېكمەت مەيداننى توغرى كېسىپلا ئۇ تەرەپكە ئۆتتى - دە، سىراجىنىڭ قولىدىن تۇتقانچە، ئۇنى توپتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— سىنىپ ھەيئەتلىرى ئىنتىزامسىزلىق قىلىپ بەرسەڭلار، — دېدى ھېكمەت ئاچچىقلاپ، — باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟ ئابدۇللا قېنى؟

— ئۇ ۋاقىپلىقنىڭ تۆۋىنىدىكى جىلغىغا كەتكەنمىكى... — غۇدۇڭشىدى سىراجى، — ئۇ يەردىمۇ بىر سورۇن بار.

— سەن ئۇنى مۇشۇ ئەتراپتىن ئىزلەپ باق، — دېدى ھېكمەت، - مەن پەسكە چۈشۈپ باقاي.

ئادەملەر ئۆپۈر - تۈپۈر بولۇشۇپ كېتىشتى. نۇرغۇن كىشىلەر سورۇنلىرىنى تاشلاپ پەسكە قاراپ يۈگرەشمەكتە ئىدى. ئۇلار: قارىقاشتىن ئەكىلىنگەن ئاق مارجان بىلەن «دىيەنچاڭ قارا»[①]نى سالماقچى ئىكەن دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى. ھېكمەت باللارنى شۇ يەردىن تاپارمەن دېگەن ئۈمىدتە پەست جىلغىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، بىردىنلا ئېچىنىشلىق قاتتىق كاڭشىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىغا قارىدى. بايا سورۇندا تالاشماي قاچقان ئىتنىڭ ئىگىسى ئىتىنى جىگدىگە باغلاپ قويۇپ، ئۇنى بەلباغ تاسمىسى بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى. تاياق ئازابىدا كاڭشىۋاتقان ئىت مۆلدۈرلەپ

---

① دىيەنچاڭ قارا — ئېلېكتر ئىستانسىسىدىكى بىر ئىشچىنىڭ ئىتى. بۇ داڭق كۆتۈرگەن قارا ئىت ئېلېكتر ئىستانسىسى نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان.

تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە «مېنى قۇتقۇزۇۋالساڭلارچۇ. . . » دېگەندەك قىلىپ قارايتتى. ھېكمەت يۈگرەپ كەلدى - دە، ئىتنى ئۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

— قويۇڭ ئاكا، ئۇمۇ بىر تىرىك جان، — دېدى ھېكمەت غەزەپ بىلەن، — نېمانچە ئۇرۇسىز؟

— قويۇۋەت دەيمەن، قويۇۋەت، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن ئۇنى! — دېدى ئىت ئىگىسى ھاسىراپ، — ئۇ مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتى.

— يەنە بىر ئىت يامانراق يېرىنى چىشلەپ سالغاندۇر؟ — دېدى ھېكمەت ئىتقا قاراپ ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئېقىۋاتقان قان ئارىلاش يىرىڭنى كۆرۈپ قالدى، — ئەنە قاراڭ!

— ئۇ دېگەن كونا جاراھەت! . . .

— جاراھىتى ساقايماي تۇرۇپ تالاشقا سالدىڭىزمۇ؟ — ھېكمەت خەنجەردەك قادالدى، — باغرىڭىز نېمانچە قاتتىق ئادەمسىز! . . .

— بۆلتۈر بىر پاچىقى چايلىنىپ كېتىگىلىك تۇرۇپمۇ ئاسقاقلاپ يۈرۈپ تالاشقان تۇرسا! . . .

— سىز ئادەم ئەمەسكەنسىز، — دېدى ھېكمەت يەرگە تۈكۈرۈپ، — بىلىپ قويۇڭ ئۇنىمۇ خۇدا ياراتقان، ئۇنىڭمۇ خۇداسى بار. . . ئۇنى تىلى يوق، گەپ قىلالمايدۇ دەپ مۇشۇنداق زۇلۇم سالسىڭىز، بۇ زالىملىقىڭىزنى خۇدانىڭ كۆزى كۆرمەي قالارمۇ؟ . . .

ئىتنىڭ ئىگىسى ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرى - دە، كىچىككىنە قاپىقىنى ئېلىپ ئالىقىنىغا يايپېشىل ناسۋالدىن قۇيدى، ئۇنى كالپۇك ئاستىغا ئاتقاندىن كېيىن، ھېكمەتكە خىجىل بولغاندەك ھىجىيىپ قاراپ قويدى. ئۇ بەلكىم خۇدادىن قورققان بولسا كېرەك. . .

ھېكمەت پەس جىلغىدىكى ئادەملەر مىغىلدىشىپ كەتكەن سورۇنغا كەلدى. ئۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئادەتتە سورۇننىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئادەملەرنىڭ غۇدۇراشلىرى، ئالىيىشلىرى بىلەن كارى بولماي، ئۇلارنى يېرىپ ئالدىغا ئۆتتى - دە، توپىدىلا ئولتۇرۇپ، ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

ھېكمەت تۇيۇقسىزلا رىخىم نۇرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ، تالاشتۇرغۇچىلار بىلەن ئىت ئىگىلىرىگە مەيدانغا كىرمەڭلار دەپ ۋارقىرايتتى، قوللىرىنى شىلتىيتتى. ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان مىڭلىغان ئادەملەر ئۇ ئىككى ئىت ئۈچۈن دوغا چىقىشۋاتاتتى: «مەن ئاق مارجان»، «مەن دېيەنچاڭ قارا»، «نەچچىدىن تىكىسەن؟...» دېيىشەتتى. كىشىلەر ئارىسىدا: «ئاق مارجاننىڭ بىر چىشى تالاشتۇرۇشتا قومۇرۇلۇپ كېتىپتىكەن» دېگەن گەپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچىلىرى تىككەن دولىرىدىن يېنىۋېلىپ، دەتالاش پەيدا بولدى. رىخىم نۇرى ئىككىلا ئىتنىڭ كالپۇكلىرىنى قايرىپ كۆرگەندىن كېيىن، «ئاق مارجاننىڭ بىر چىشى يوق...» دەپ ئېلان قىلدى. بۇنىڭ بىلەن مەيدان ئىچىدە يەنە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى...

— سورۇن ئەھلى، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، — دېدى ئورۇق، يەكتەكلىك بىر ئادەم، — ۋىلايەت بويىچە داڭدار ئىككى ئىتنى قويۇپ بېرىش ئالدىدا تۇرۇپتىمىز. ئەمما قايسىلا ئىت بولسۇن، ھاۋشۇپ ياكى كاڭشىپ سالمىغۇچە، يېڭىلگەنگە ھېساب بولمايدۇ...

«ئاق مارجان» توغرىسى بار، تۇمشۇقلىرى قىسقا، ئالدى پۇتلىرى توم ئىت ئىدى. «دېيەنچاڭ قارا» بولسا تۇمشۇقلىرى ئۇزۇن، قارا تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان ئېگىز ئىت بولۇپ، رەقىبىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى.

«ئاق مارجان» نىڭ ئىگىسى «مەشەدىن ئال» دېگەندەك، ئىتنىڭ قۇلاق تۈۋىنى سىيلاپ ھەم قاتتىق - قاتتىق مۇجۇپ شەپە بېرىۋاتاتتى. «دېيەنچاڭ قارا» نىڭ ئىگىسى بولسا، ئىتنىڭ بوينىنى، كۆكرىكىنى سىيلاپ، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلايتتى.

بويۇن تاسمىلىرىدىن ئاجرىغان ئىتلار خۇددى سالغا تېشىمدەك ئېتىلىپ كېلىپ، بىر - بىرىگە سوقۇلدى. ھەر ئىككىلىسى قاڭقىپ يىقىلدى ۋە يىقىلغان يەرلىرىدىن شارتلا تۇرۇشتى - دە، تۇتۇشۇپ كەتتى. ئۇلار گويا ئاق ھەم قارا يۇڭدىن ئېشىلگەن ئالا ئاغامچىدەك بىر - بىرىگە يۆگىشىپ، مەيدان ئىچىدە چاقپىلەكتەك پىرقىرايتتى، غار - غۇر

قىلىشىپ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئېغىز سىلىشاتتى. تالىشىش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ، ئاق مارجان، قىزىل مارجانغا، دىيەنچاڭ قارا، قارا قىزىلغا ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدىلىكتە خاقىراشقا چۈشۈپ قالغانىدى. دىيەنچاڭ قارا ئاق مارجاننىڭ يان بويىنغا چىشىنى پاتۇرۇۋېلىپ، ئۇنى قويۇپ بەرمىدى. ھەر ئىككىلىسى ھالىدىن كېتىپ مەيداندا شۇ ھالدا يېتىپ قېلىشتى. دىيەنچاڭ قارا رەقىبىنى قويۇپ بەرمىدى. ئاق مارجان بويىنىنى مىدىرلىتالمىغاچقا، ئېغىز سالالمىدى. ئۇلار خۇددى ئۆلۈكتەك يېتىشاتتى. سورۇندا چوقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى. بەزىلەر: «مارجان يېڭىلدى» دەپ ۋارقىرىسا، بەزىلەر «ياق، يېڭىلمىدى، كاڭشىمىسا ھېساب ئەمەس!» دەپ توۋلىشاتتى. لېكىن ئاق مارجان، مۇشۇنداق ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، ئىگەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ ئالىمان ئالدىدا كاڭشىمايمەن، دېگەندەك، يەر قۇچاقلاپ ياتاتتى. سورۇن ئەھلى يوپۇرۇلۇپ مەيدانغا بېسىپ كىردى. ئۇلار ئىتلارنى ئاجرىتالمىدى. دىيەنچاڭ قارىنىڭ ئېغىزى كىرىشىپ قالغانىدى. ئاخىرى تالاشتۇرغۇچىلاردىن بىرى: دىيەنچاڭ قارانىڭ ئاغزىغا توپا تىقىڭلار! دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىتنىڭ يېرىم ئوچۇق جاۋغايلىرىدىن توپا تىقىشتى. يېرىك ۋە شورلۇق توپىنىڭ ئاچچىقىغا چىدىمىغان دىيەنچاڭ قارا ئېغىزىنى بوشاتتى. بىراق ھەر ئىككىلا ئىت ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر - بىرىگە ئېتىلىپ تۇراتتى. تالاشتۇرغۇچىلار: ھەر ئىككىلا ئىت يېڭىلمىدى، كېلەر نۆۋەت داۋاملىق تالاشتۇرۇلىدۇ! دەپ ئېلان قىلدى.

ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىزلەپ تېپىپ يىغىپ ئالالىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ چىرايلىرى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن رەڭگى - رويىغا قاراپ: «قايتىپ بېرىپ، چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە چوقۇم قاتنىشىڭلار!» دەپ ئېيتىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى.

ھېكمەت شۇ كۈنى كەچكىچە خامۇش يۈردى. تاماقتىن كېيىن بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ، مەكتەپ ئىچىدە تۈن جىمجىتلىقى ھۆكۈم

سۇرگەندىن كېيىنلا، كامىل مۇراتلار بىلەن بىللە يوشۇرۇن كۆزەتكە چىقتى. بىراق بۇ كېچىمۇ ئوغرىدىن ھېچقانداق شەپە بولمىدى. ئۇلار ئەتىگەندە سىياسىي ئۆگىنىشكە كىرگەندە، رېخىم نۇرى تۈنۈگۈنكى ئىت تالاشتۇرۇش ھەققىدە ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ھەي زۇۋانىغا موزاي دەسسىۋەتكەن ئوغرى، — دېدى زەينىدىن ئىشىكتىن كىرگەنچە، — قەيەردە ئىت تالاشتۇرۇش بولسا، شۇ يەرگە قېچىپ، دەرس قالدۇرۇۋاتىسەنغۇ؟ تۈنۈگۈنمۇ ئىككى سائەت دەرسىڭگە كىرمەپسەنغۇ؟

— ئەمدى. . . ئەمدى. . . كېيىن تولۇقلىۋالسام بولىدىغۇ! . . .

— تولۇقلىۋالىمەن دەپ ئىت قوغلىغاندەك بېسىپ ئۆتسەڭ، — دېدى زىكرۇللا غوجى ۋارقىراپ، — ئوقۇغۇچىلار قانداق ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ؟

— رېخىم نۇرى مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى، — دېدى ساجىــــتخان يەڭ ئۇچىدا كۆزلىرىنى سۇرتۇپ قويۇپ، — ئىتى بىلەن ئۇچى بىر كارىۋاتقا ياتقانلىقى ئۈچۈن، ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن! . . .

ئىشخانىنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا مەمتىلى ئىبراھىم كۈلكىنىڭ بۇ ئوتىغا ماي چاچتى:

— چۈنكى، ئۇنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئوڭ بېقىنىدا ياتقان ئىتىغا كۈندەشلىك قىلىپ دائىم ئۇرۇشىدىكەندۇق. . .

كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، رېخىم نۇرى كۆپچىلىك ئالدىدا بىر تىيىن بولۇپ كەتتى. ئۇ مەمتىلى ئىبراھىمغا شۇنداق گۆلەيدىكى، كۆزىنىڭ ئېقى ئېچىلىپ كەتكەن پاختا غوزىسىغىلا ئوخشاپ قالدى.

سىياسىي ئۆگىنىش ئاياغلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار تارقاشقا باشلىغاندا، زىكرۇللا غوجى ئىشارە ئارقىلىق كامىلنى ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ ئىككى كۈنلۈك يوشۇرۇن كۆزەت قىلىش ئىشىنى سورىغاندىن كېيىن، خېلى بىر ۋاقىتقىچە جىمىپ كېتىپ، كامىلنىڭ قىــزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى.

— بۇندىن كېيىن چىقمىــــساڭلار قانداق؟ دەرس ۋە قوشۇمچە مەشغۇلاتلار ئېغىر، — دېدى زىكرۇللا، — كۈندۈزى ئىشلەپ، كېچىســى

ئۆخلىمىساڭلار، سالامەتلىكىڭلارنى ئالدۇرۇپ قويىسىلەر.

—بولمايدۇ زىكرۇللاكا، —دېدى كامىل ، —بۇ ئوغرى مەكتەپكە كۆندى. ئۇ بىزنى بىخۇتلاشتۇرۇپ يەنە ئوڭدا قويىدۇ. ئۆتكەندە، شۇ سەۋەبتىن دەرس تاشلىغان ئوقۇغۇچىلارنى قانچىلىك جاپادا يىغدۇق ؟ يۈتكەن نەرسىلەر ئۈچۈن قانچىلىك ئىقتىسادنى سېلىپ بەردۇق؟ . . .

— بولۇپمۇ ھېكمەتكە ئۇۋال بولدى، —دېدى زىكرۇللا، — ئۇنىڭ تۇتىمدىغان سىنىپى، تېرىيدىغان يېرى بار. بالا يىغقىلى پات - پاتلا يېزا - كەنتلەرگە ماڭىدۇ.

—كېرەك يوق، بۇمۇ بىر چېنىقىش، —دېدى كامىل، —ئويلاپ بېقىڭا، مەمتىلى ئىبراھىم ئوقۇغۇچىلىرىنى ھازىرغىچە تولۇقلاپ بولدىمۇ؟

ئوغرى ئاخىرى تۇتۇلدى. بۇ شەنبە كېچىسى ئىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، بىر قارا كۆلەڭگە تىمىسقىلاپ كېلىپ، تۆت ئەتراپىغا راسا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، قولىدىكى بىر نەرسە بىلەن قىزلار ياتىقىنىڭ قۇلۇپىنى ئاسانلا قايرىپ ئېچىۋەتتى. ئوغرى ياتاققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، كامىل يوشۇرۇنغان يېرىدىن چىقىپ، قول چىرىغى ئارقىلىق باشقىلارغا بەلگە بەردى. ھېكمەت، مۇراتلار يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ياتاققا كىرىپ، قول چىراغلىرىنى تەڭلا يېقىشتى. بىر قىزىل ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى چاقىمەن دەپ ھەپىلىشىۋاتقان ئوغرى چۆچۈپ كېتىپ توختاپ قالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى. بۇ 3 - يىللىق سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەمەت بولۇپ، مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ سىنىپىدا ئىدى.

ئۇلار ئەمەتنى ئالدىغا سېلىپ، ئوغۇللار ياتىقىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيىگە ئەپكىلىشتى. ئۇنــــى سولاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇزلىرى سىرتقا چىقىپ، قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى ئۇزۇن مەسلىھەت قىلىشتى.

— سىلەر ئىككىــــڭلار بېرىپ دەم ئېلىــــڭلار، —دېدى مۇرات تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — ھەپتىدىن بېرى ئۇخلىماي ھەممىمىــــز چارچىدۇق. تاڭ ئېتىشىغا ئاز قالدى. سوراقنى ئەتە يەكشەنبە قىلايلى.

ئەمەتنى مەن ساقلايمەن.

— ھەرگىز ئۇرۇپ سالما! — دېدى كامىل ئاگاھلاندۇرۇپ، — بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ قويىسەن.

— ئۇقىمەن، خاتىرجەم بول.

— قاچۇرۇپ قويمىغىن يەنە، — دېدى ھېكمەت جىددى تەلەپپۇزدا.

كامىل بىلەن ھېكمەت ياتىقىغا كەتكەندىن كېيىن، مۇرات ئەمەتنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلىدى. ئۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي، سەھنە ياساشتا ئىشلىتىدىغان كىچىك شوتىنى تامغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى تورۇستىكى ياغاچقا چىگدى. ئۇستەلنى سۆرەپ كېلىپ ئىشىككە تاقىدى، ئاندىن بىر پارچە كىگىز بىلەن ئەديالنى بىر بۇلۇڭغا سېلىپ بەردى.

— ئۇكا، خاپا بولمايسەن، مۇشۇنداق قىلمىسام، خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ، — دېدى كۈلۈپ قويۇپ، — بۈگۈنچە مۇشۇنداغىراق يېتىپ تۇرغىن، بولامدۇ؟ . . .

ئەتىسى ئەتىگەن ھېكمەت بىلەن كامىل كەلدى، كامىل ئەمەتنىڭ باغلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلاپ قالدى ۋە ئۇنى دەرھال يېشىۋەتتى. دوستىنىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مۇرات ئىككىسىنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇلارغا كېچىدىن بىر كىمنىڭ ئىككى نۆۋەت كېلىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئىتتىرىپ خېلى ھەپىلەشكەنلىكىنى، سىرتقا چىقىپ قاراپ، يىراقتىن بىر كۆلەڭگىنىڭ قوناقلىققا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ، كامىل بىر نېمە دېيەلمەي قالدى.

ئۇلار ئەمەتنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، سوراقنى باشلىدى. بىراق ئەمەت خۇددى تاش چىشلىۋالغاندەك بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدى. ئۇنىڭغا بىر كۈن كەچكىچە قىلىنغان نەسىھەت خۇددى ئىتقا مانتا تاشلاپ بەرگەندەكلا بىكار بولدى. مۇرات، ئۇنى باغلاپ، تاياقتىن بىرنى ئەكىرىپ قورقۇتۇپ باقايلى، دېۋىدى، كامىل ئۇنىمىدى.

— ئەمەتنىڭ مۇنچىلىك جاھىللىق قىلىشىدا، قورقماسلىقىدا، —

دېدى مۇرات، — ئۇنىڭ ئىشىنىدىغان، يۆلىنىدىغان بىر يۆلەنچۈكى بار.

— بۇ ئېنىق، — دېدى ھېكمەت كۆڭلىگە بىر ئوي كەلگەندەك جىمىپ قېلىپ، — مېنىڭچە سوراق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش كېرەك.

ھېكمەت، كامىل بىلەن مۇراتنىڭ قولىقىغا ئۇزۇن پىچىرلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككىسى تەڭلا «بۇ ئۇسۇل بولىدىكەن» دېيىشتى.

ئايدىڭ كېچە. يۇلتۇز قاپلىغان نىل رەڭلىك ئاسماندا ئاي ئورغىقى يانتۇ ئېسىلىپ تۇراتتى. سىرغىپ ئۆتۈۋاتقان سەلكىن شامال قارىيىپ كۆرۈنگەن قوناقلىقلارنى شىلدىرلىتىپ، غۇژمەك - غۇژمەك غورىلار ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۆرۈكلۈك باغلارنى كېزىپ ئۆتمەكتە ئىدى. كامىل دوستلىرىنى باشلاپ، سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئەمەت بىر بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى.

— ئويلاندىڭمۇ؟ — دېدى كامىل قاتتىق تەلەپپۇزدا، — يەنە جاھىللىق قىلساڭ، بىلىپ قوي، ئۆزەڭگە قىلىسەن!

— دېدىمغۇ! — دېدى ئەمەت غۇدۇڭشۇپ، — قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ نان ئىزلەپ كىرگەن.

— كامىل بولدى، ئاۋارە بولمايلى، — دېدى ھېكمەت، — گۆڭشې قوغداش بۆلۈمىگە تاپشۇرۇپ بەرسەكلا بولمىدىمۇ؟ . . . بۇ ئۆزىنى ئويلىمىغان ئىكەن، بىز غېمىنى يەپ نېمە قىلاتتۇق؟ باشقىلار پۈتۈن ئىشنى بۇنىڭغا ئارتىپ قويۇپ. . .

ئەمەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— كىمكەن ئۇ ماڭا ھەممىنى ئارتىپ قويىدىغان؟

— كېچىدىن ئىككى نۆۋەت سېنى ئىزلەپ كەلگەن ئادەم . . . — ۋارقىرىدى كامىل.

— كامىل توختا! — دېدى مۇرات ئەمەتنىڭ چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قاراپ، — ئىسمىنى دېمەي تۇر، مۇشۇ كىچىككىنە ئىشتا بۇنىڭ سەممىيلىكىنى كۆرۈپ باقايلى. بولمىسا، گۆڭشېغا ئۆزەم ھەممىنى ئېيتىپ بېرىمەن، ئۇ چاغدا يالغۇزغىنى بىلەنمۇ بىكار.

— شۇنداق، بۇ تېخى ئۇنى قوغداۋاتىدۇ. قىزىق ئىش، — دېدى ھېكمەت مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئۇ دېگەن ھەممىنى ئەمەت قىلغان، مەن دېگەن پەقەت ياردەملەشكەن. . . ئۇ ياتاق، ناۋايخانا. . . قوي. . .

— بولدى ھېكمەت دېمىگىن. . . — كامىل قولىنى كۆتۈردى، — بۇ قەھرىمان گۆشىي قوغداش بۆلۈمىگە بېرىپ شۇ يەردە جاۋاب بەرسۇن. بۇنى ئۆگەتكەن ئادەم «ئەمەتنى تۇتۇپ بېرىپ ئۆزەم قۇتۇلدۇم» دەپ، خاتىرجەم ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئەمەتنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ تۇنۇگۈن كېچە ھېلىقى ئادەم ئەمەتنى قۇتقۇزغىلى كەلگەندە، مۇراتنىڭ سىرتقا چىقىپ خېلى ئۇزۇندا كىرگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى. ئۇنداقتا ئۇ . . .

— بىز تېخى سېنى ئوقۇغۇچى، باشقىلارنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا ئۇچرىغان دەپ جان كۆيدۈرۈپ كېتىپىتىمىز، — دېدى ھېكمەت، — مانا ئەمدى قانۇننىڭ جازاسىنى كۆت. . .

ئەمەت ئالاقزادىلىك بىلەن شاپۇر - شۇپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا يۆلەندى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، كالپۇكلىرىمۇ تىترەۋاتاتتى.

— مەن. . . مەن. . . ئۇ. . . ، — ئەمەت يىغلاپ سالدى، — ئۇ راستىنلا. . .

— بولدى، — دېدى كامىل، — سەن قوغداش بۆلۈمىگە بېرىپ «ئاشۇ» نىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىمىغىچە، ئىشەنمەيدىغان ئوخشايسەن. . . لېكىن بىلىپ قوي، ئۇ چاغدا بىز ساڭا ئىگە بولالماي قالىمىز.

— جۇر قوغداش بۆلۈمىگە!

— ماڭمامسەن؟. . .

— مەن. . . مەن. . . دەي. . .

ئەمەت كۆزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتكەچ، بىر باشتىن سۆزلەپ ئىقرا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قىزلار، ئوغۇللار ياتاقلىرىدىن ئوغۇرلىغان كىگىز - كېچەكلەرنى، ناۋايخانىدىن ئوغۇرلىغان نانلارنى ۋە قويلارنى كېچىدە باقاخۇننىڭ تاسمىچىدىكى ئۆيىگە قانداق ئاپارغانلىقىنى بىر - بىرلەپ

ئېيتىپ بەردى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— باقاخۇن ئۇ نەرسىلەرنى: «ئەمەت ئوغۇرلاپ، بىللە بۆلۈشسەك دەپ ئۆيۈمگە ئەكەپتىكەن» دەيدۇ بۇ راستمۇ؟ — دېدى ھېكمەت.

— يالغان! — ئەمەت قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — مەن دېگەن شۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلدىم، ئۇ بولسا سىرتتا پايلاپ تۇردى. تېخى ئىككى قېتىملىق قوي ئوغۇرلاشتا، قويلارنى ئۆزى ئېلىپ چىقتى، مەن ياردەملەشتىم.

— سىلەر ئۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلدىڭلار؟ — دېدى كامىل.

— نانلارنى قارىقاشتا قاراڭغۇ بازاردا ساتتۇق. كىگىزلەرنى لوپ بازىرىدا. . . قويلارنى بولسا باقاخۇن تاسمىچىدىكى ئۆيىدە سويدى.

— سويۇپ بولۇپ بۆلۈشتىڭلار؟ — دېدى خاتىرە يېزىۋاتقان ھېكمەت.

— ياق، ھەر قېتىمدا ماڭا بەش يۈەندىن پۇل بەردى، — دېدى ئەمەت بۇرنىنى تارتىپ، — ئەمما داستىخانغا ئوراپ گۆشمۇ بەرگەن. . .

— ئۇنى قانداق قىلدىڭ؟ — دېدى كامىل، — قاراڭغۇ بازاردا ساتتىڭما؟

— يا . . . ياق . . . . ئەمەت قورققىنىدىن شۈمشىيىپ كەتتى، — بۇ. . . بۇ. . .

— دېمەمسەن؟ بولدى قورقما، بىز ساڭا ئىگە! — دېدى مۇرات.

— مەن ئۇ گۆشلەرنى ئىككى رەت زەيىندىن مۇدىرنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەن.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىر - بىرىگە قارىشىنچە، بىر ھازا جىمىپ كەتتى. ئىش ئۇلار ئويلىغاندىنمۇ چىگىش ئىدى. يىپنىڭ ئۇچى ناھايىتى ئىنچىكە يەرگە باغلانغان بولۇپ چىقىپ قالدى.

كامىل يېزىلغان ئىسپاتنى ئەمەتكە ئوقۇپ بېرىپ قول قويدۇرغاندىن كېيىن، دوستلىرىنى باشلاپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار بۇ ئىشنىڭ مۇدىرغا چېتىلىپ قېلىشىنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. شۇڭا گوڭشې پارتكومىغا دوكلات قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇشتى. ئەگەر بۇ

ئوغرىلىق ئەنزىسى تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، قانداق بىر تەرەپ قىلار؟ زەينىدىننى ئۇلار ئىغىزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرسە. بولۇپمۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كېلىۋاتقان خالىق ئۆز رەقىبلىرىگە خەيرىخاھلىق قىلارمۇ؟

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئاخىرى بۇ ئىشنى ئەتە زىكرۇللا غوجىغا ئېيتىپ، شۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈشنى لايىق تاپتى. مۇرات ياتىقىدا قالغاندىن كېيىن، كامىل بىلەن ھېكمەت قايتىپ كەتتى.

دۈشەنبە ئەتىگەن سىياسىي ئۆگىنىش ناھايىتى سۇرلۇك ئۆتتى. زەينىدىننىڭ چىرايىدا قان دىدارى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ كۈندىكىدەك «سىنىپىي كۈرەش» ، «شىۋجىڭجۇيى» دېگەن گەپلەرنى كۆپ تەكرارلىمىدى. ۋاقىت توشۇشى بىلەن، ئۇ مەمتىلى ئىبراھىمنى باشلاپ ئاستىلا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، كامىل دوستلىرى بىلەن زىكرۇللا غوجىنىڭ ئىچكەركى ئۆيىدە ئولتۇرۇشاتتى. ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئىلمىي مۇدىر، ئەخمەت ھوشۇر، توختى قۇربانلارنىمۇ چاقىرىپ كىردى. ئۇلار ئەمەتنىڭ قول قويغان ئىسپات قەغىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئوقۇتۇش ۋە ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىنىڭ مۇشۇنداق جىددىي پەيتىدە، بۇنداق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ھەممىسىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئەگەر بۇنى چۈۋۈشقا توغرا كەلسە، ئاياغ ئۇچىنى يىغىۋېلىشمۇ تەسكە چۈشەتتى. خالىق ۋە تۇراپ ئىمىنلارنىڭ ھەر خىل ئامال - چارىلەر بىلەن زەينىدىننى قۇتقۇزۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بولۇپمۇ ئوغۇرلۇق ئىشىدا مۇدىرنىڭ شېپىگەرچىلىكى بارلىقىنى ئاتا - ئانىلار ئاڭلاپ قالسا، بالىلىرىنى مەكتەپكە ھەرگىز ئەۋەتىشمەيتتى. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا بولاتتى. بولۇپمۇ ئەخمەت ھوشۇرنىڭ سۆزى ئۇلارنى تېخىمۇ ئويغا سېلىپ قويدى. بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە چاۋىسى چىتقا يېيىلىپ رەسۋا بولغان زەينىدىندەك مۇنداق ئادەمنى يەنە نېمە ئۈچۈن ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە مۇدىر قىلىپ ئەۋەتىشىدۇ؟ ئۇ يەردە، زەينىدىننىڭ مەسلىسىنى پاش قىلغان

مۆئەللىملەر نىمە ئۈچۈن تۆھمەتكە قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ؟ بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ ناھىيىدە، ھەتتا ۋىلايەتتە ئىشەنچلىك ئارقا تىرەكلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولامدۇ؟

كۆپچىلىك، ھازىرچە بۇ ئىشنى كوچىلىماسلىق، يېپىقلىق قازاننى يېپىقلىق پېتىچە قويۇش، بىر قۇر تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، ئەمەتنى ئوقۇشتا داۋاملىق ئىلىپ قىلىش، باقاخۇننى بولسا يوقالغان نەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىتىۋالغاندىن كېيىن ھەيدەشنى قارار قىلىپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. كامىل بىلەن ھېكمەتنىڭ بىرىنچى سائەتتە دەرسى بار ئىدى، ئۇلار سىنىپقا كىرىپ كەتتى. زىكرۇللا غوجى ئەمەتكە تەربىيە ئىشلەشكە باشقا كىشىنى ئارىلاشتۇرماسلىقنى ئېيتقانلىقى ئۈچۈن، مۇرات ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، كامىل بىلەن ھېكمەتنىڭ دەرستىن چۈشۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى. ئۇ، ناۋايخانىدىن ئۆزىگە ۋە ئەمەتكە نان ئىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، مەمتىلى ئىبراھىم چىرايلىرى ئۆمسۆرۈن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەمەت سىنىپ مۇدىرىنىڭ قار يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ، قورقىنىدىن بېشىنى نىقىپ تەتۈر قارىۋالدى.

— سەن نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دېدى مۇرات ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، — بىرەر ئىشىڭ بارمىدى؟

— ئۇ مېنىڭ سىنىپىمنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسا! شۇڭا كەلدىم.

— سەن ئەمەتنىڭ بۇ يەردىلىكىنى كىمدىن ئۇقتۇڭ؟

— مۇدىردىن! . . .

— مۇدىر كىمدىن ئوقۇپتۇ؟

— بىلمىدىم. . .

— ئۇنداق بولسا چوڭ ئىش يوق، ئۇ قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ياتاقتا نان ئىزلەپ كىرىپتىكەن. . . سەن قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

— چوڭ ئىش بولمىسا ياخشىغۇ! — مەمتىلى غەلىتىلا ھىجايدى، — بۇندىن كېيىن سىنىپىنىڭ يۈزىنى تۆكمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تەربىيە بېرىپ قويسامغۇ بولار؟

مۇرات ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئەگەر ياق دېگەن تەقدىردە

مەمتىلىنىڭ چوڭقۇر ئۇيلاپ كېتىشى ئېنىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە، يەنە بەربىر ئەمەتنى مۇشۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان گەپ بولغاندىن كېيىن، تەربىيە بەرسە بەرمەمدۇ. . . مۇرات مەمتىلىگە ناۋايخانىغا بىرىپلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئىككى نان ئېلىپ قايتقاندا، دەرستىن چۇشۇشكە داڭ ئۇردى. شۇڭا ئۇ كامىل، ھېكمەتلەر بىلەن بىللە كېتىش ئۇچۇن ئىشخانىغا كىردى. ھايال ئۆتمەيلا، ئۇلارمۇ ژورناللىرىنى قولتۇقلاپ چىقىشتى. مۇرات، مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ بۇ ئىشنى مۇدىردىن ئاڭلىغانلىقى، ھازىر ئۇنىڭ ئەمەتكە تەربىيە بىرىش ئۇچۇن شۇ يەردە قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ، كامىلنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ رېپىتىتسىيە ئۆيىگە يېقىنلاشتى، ئۆي ئىچىدىن چىقىرىغان، ۋارقىرىغان ئاۋازلار كېلىۋاتاتتى، ئۇلار بىر - بىرىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراشتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار كىرىپ كەلگەندە، ئەمەت تورۇستىكى لىمغا ئېسىقلىق بولۇپ، مەمتىلى ئىبراھىم ئۇنى تاسما كەمەر بىلەن ئۇرۇۋاتاتتى.

— ھەي، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ تارت قولۇڭنى! — كامىل مەمتىلىنىڭ قولىدىكى كەمەرنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى، — كىم سېنى شۇنداق قىل دېدى؟

مۇرات بىلەن ھېكمەت دەرھال بىرىپ، ئارغامچىنىڭ ئىشكاپنىڭ تۇتقۇچىغا باغلانغان ئۇچىنى يېشىۋەتتى، ئەمەت يەرگە يىقىلىپ چۇشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن، ئېغىز جاۋغىيىدىن قان ساقىپ تۇراتتى.

— سىنىپنىڭ يۇزىنى تۆككەندىن كېيىن تەربىيە بەردىم، — دېدى مەمتىلى ئىبراھىم ھاسىراپ، — مۇرات ماقۇل دېدىغۇ! . . .

— تەربىيە بىرىمەن دەپ مۇشۇنداق ئۇرماقچىمىدىڭ؟ — مۇرات ھۆرپىيىپ كەلدى، — سېنىڭ مەقسىدىڭ نېمە زادى؟

— بولدى قىلىڭلار! — دېدى كامىل ۋارقىراپ، — مەمتىلى ئىبراھىم سەن كېتىپ تۇر، بىز ئەمەتنى سىنىپىڭغا ئاپىرىپ بېرىمىز، ئەمدى ئۇرساڭ، پۇتۇن جاۋابكارلىقنى سەن ئۇستۇڭگە ئالىسەن! . . .

مەمتىلى ئىبراھىم كەتكەندىن كېيىن، كامىل ئەمەتنىڭ كۆينىكىنى سالدۇردى.

ئىشتان پۇشقاقلىرىنى تۈرۈپ، يوتىلىرىغىچە كۆردى. ئۇنىڭ دۈمبىسى بىلەن بېلىكىدە تاسما كەمەرنىڭ ئىزى كۆكىرىپ تۇراتتى. مۇرات ياتىقىدىن يود ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىگە سۈۋاپ، كىيىملىرىنى كېيگۈزۈپ قويدى.

— مۇئەللىم كۆپرەك يۈزۈمگە ئۇردى، — دېدى ئەمەت يىغلامسىراپ، — مەن ئوغۇرلۇق قىلغان ھەممە ئىشىمنى ئىقرا قىلدىم دېسەممۇ، ئۇ مېنى يەنىلا ئاستى. ئۇ ئۇرۇشنى ئەمدىلا باشلىغانىدى، سىلەر كىرىپ قالدىڭلار.

كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر ئوغۇرلۇق قىلىشنىڭ يامان ئادەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تەربىيە بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئىشنى بىزدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۆزەڭمۇ باشقا بىرسىگە دەپ يۈرمە، مەخپىي تۇتقىن، دەپ جېكىلەپ، ئۇنى سىنىپقا ئاپىرىپ قويدى. بىراق، يەكشەنبە ئەتىگەندىن باشلاپ، باقاخۇن ھېچيەردە كۆرۈنمەي قالدى، ئۇ قېچىپ كەتكەنىدى.

مەكتەپنىڭ ئىچى دۈشەنبە كەچكىچە جىمجىت ئۆتتى. بىراق زەيىندىن مۇدىر چۈشتىن كېيىن ئىشخانىسىغا چىقمىدى. ئۇ ئىچكەركى ئۆيىدە، خوتۇن - بالىلىرىنىمۇ كىرگۈزمەي، قوش ياستۇققا يۆلىنىپ، ئۈزمەي تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان قوش تۆمۈر تەخسىنىڭ بىرسى تاماكا قالدۇقى ۋە كۈلى بىلەن بارغانسېرى توشۇپ، يەنە بىر تەخسىدىكى تاماكا تېزلىك بىلەن ئازىيىپ كېتىۋاتاتتى. دېرىزە قاپقاقلىرى ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۆينىڭ ئىچى ئىس - تۈتەك ئىدى.

زەيىندىن1957 — 1958 - يىللاردىكى «ئىستىل تۈزىتىش»، «يەرلىك مىللەتچىلەرگە ۋە ئوڭچىلارغا زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى مەزگىلىنى مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسكە ئالدى!... شۇنداق، ئاجايىپ جەڭگىۋار يىللار ئىدى!... ئۇ چاغدا، زەيىندىن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىسى بولسىمۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى. قورقاتتى، خۇشامەت قىلاتتى. ھەتتا ئەيمىنىپ تىكىلىپ قارىيالمايتتى. ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەردىن ئىبارەت خەلق دۈشمەنلىرىنى سەھنىگە كۆرەشكە تارتىشقا ئېلىپ چىققان ھامان، زەيىندىن سەھنىگە ئۆزلۈكىدىن يۈگرەپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى

ئارقىسىغا شۇنداق قايرىيتتىكى، ئۇلارنىڭ ئوقرەك سۆڭەكلىرى چىقىپ كېتەتتى. زەيىنىدىن ئۇلارغا ھېچ رەھىم قىلماي قول سالاتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن، يەرلىك مىللەتچى، ئوڭچىلارنىڭ ھەممە يېرى — قول، پۇت، باش، يۈز، بويۇن، قورساقلىرى ئوخشاشلا دۈشمەن ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى، تېپەتتى، قايرىتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشانغان ئۇستازىنىمۇ رەھىم - شەپقەت قىلمىغانىدى!... بىر قېتىملىق كۈرەش قىلىش چوڭ يىغىنىدا، ئۇ ئۇستازىنىڭ پېشانىسىدا قالغان بىر تۇتام ئاپئاق چېچىنى بىراقلا يۇلۇۋېلىپ، ھەممىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغانىدى!... تويۋا ئادەم دېگەننىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن، سىنىپىي كۈرەش ئېڭى يۇقىرى بولسىمۇ قالتىس بولىدىكەن. كۈرەش ئاياغلىشىپ، بىر نەچچە كۈنلەرگىچە، زەيىنىدىننىڭ ئالقانلىرى ئېشىشىپ، بارماق ئۇگىلىرى ئاغرىپ، پۇتلىرى تېلىپ ئاغرىپ كېتەتتى. قىزىل يۈرەك ئادەملەر دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشقاندا، بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئاغرىشىنى سەزمەي قالىدىغان دەرىجىدە ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. ھەتتا ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، بىرىنچى سىنىپتا بىر پارتىدا قوشماق ئولتۇرۇپ، «ئا، ب»لارنى تەڭ ئۆگەنگەن، بىللە خىزمەتكە چىقىپ، دارىلمۇئەللىمىندە بىر ئىشخانىدا بىللە ئىشلىگەن دوستى ئەخمەت ھوشۇرنىمۇ ئاياپ قويمىغانىدى... كۈرەش مەيدانىدا تىزلاندۇرۇپ قويۇلغان دوستىنىڭ ئاغزىغا بىرنى تېپىپ، مەيداندىلا ئۇنىڭ ئىككى چىشىنى تۆكۈۋەتكەن!...

خەيرىيەت، زەيىنىدىننى خەلقى - ئالەمگە تونۇتقان ئۇ ھەرىكەتلەرمۇ ئاياغلاشتى. ئەخمەت ھوشۇر «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيىپ، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە سۈرگۈن قىلىندى. خىزمەت گورۇپپىسى زەيىنىدىننىڭ تۆھپىلىرىنى ھېسابقا ئېلىپ، ئۇنى مۇدىر قىلىپ ئۆستۈرۈپ، بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئەۋەتتى.

زەيىنىدىننىڭ ھاياتىدا يەكۈنلىگەن بىردىنبىر تەجرىبىسى — رەھىمسىزلىك قىلىش، ئالغان ساۋىقى — رەھىمدىل بولماسلىق بولدى. نېمە قىلىدۇ خەقنىڭ غېمىنى يەپ؟ «خەلق گۇڭشېسى ئۇنداغەي...»، «خەلق

تۇرمۇشى مۇنداغمۇ...» ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرلەش بومدىيەي» ، «پولات تاۋلاش پېزىلارنى قاقشال، خەلقنى نامرات قىلىۋەتتىيەي ... » دەپ خەققە ئىچ ئاغرىتقاننىڭ پايدىسى نېمە؟... ھەممىسى پېشانىسىغا پۈتۈلگەننى كۆرمەمدۇ!... «كىشى ئۆزىنى ئويلىمىسا يەر يۇتىدۇ...» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟ ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي! يولۇڭغا ماڭ، كۆتۈڭنى قىس!... خەلقنىڭ غېمىنى يەيمەن دەپ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ قالپاقا! بىلەمسەن قالپاقا!... بەزىلىرىڭ رېجىم مەيدانلىرىدا قۇرۇق - قاقشال سۆڭەككە ئايلىنىپ، كۆرمىگەن خورلۇقۇڭ، تارتمىغان ئازابىڭ قالمىدى!... تەقدىرىڭگە لەنەت تامغىسى بېسىلىپ، يەيدىغىنىڭ چۆللەردە، ئىچىدىغىنىڭ كۆللەردە بولدى!... چەكسىز، ئۆلۈك قۇملۇقلاردا سان - ساناقسىز قەۋرىلىرىڭ قېلىشتى، دۇنيادىن بەكمۇ ۋاقىتسىز، ئىزناسىز ھەم نام - نىشانسىز يوقىلىشتىڭ!...

زەيىندىن بۇ ساۋاقنى بويىنىغا تۇمار قىلىپ پۈتۈۋالغانىدى. ئەمما «رەھىمسىزلىك»تىن ئىبارەت گۆھىرىنى بولسا، قوينىدا — نەق يۈرىكىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. يۈرىكى ھەر ئۇرغاندا، ئۇنىڭ سالمىقىنى، ۋەزنىنى دەڭسەپ، ساداسىنى ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ بۇ گۆھەرنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ زىيان تارتمىدى. يۈز - ئابروي تاپتى، شان - شەرەپلەرگە ۋە ئەمەلگە ئېرىشتى!... باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈچتۈڭگۈر ئادەمگە ئايلاندى. ئادەم دېگەنمۇ تومۇرچى نېمە، رەھىم قىلساڭ، ئۆزىنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتىدۇ، رەھىمسىزلىك قىلساڭ، ئاچ قالغان ئىتتەك ئاياغ ئاستىڭدا كۈچۈكلىنىدۇ... ھېلىقى چاغلاردا، ئۇ ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچىلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالىۋېدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا خۇددى قۇربانلىققا باغلانغان قويلاردەك ، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ، يۇۋاشلىنىپ كېتىشتى!... بىرگە زەربە — مىڭگە تەربىيە دېگەننىڭ خاسىيەتلىك كۈچىدە بۇ!...

زەيىندىن «رەھىمسىزلىك»تىن ئىبارەت بۇ گۆھىرى ئارقىلىق «بىرگە زەربە، مىڭگە تەربىيە» بېرىپ يۈرۈپ، بەگىبىرىق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ ئالىقىنىدا ياڭاقتەك ئوينىتىۋەتتى. ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭدىن

سورىماي يۆتىلەلمەيدىغان، كېكەرسىمۇ خۇدۇكسىنىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا، زەيىندىن چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىمۇ ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغىمۇ، قانداق ئەتسە، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ شۇنداق قىلىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئۇ يەرگە قاتتىقراق دەسسىۋەتسە، پۈتۈن مەكتەپ سىلكىنىپ كېتەتتى. ئۇ كۈلسە، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھىجىيىشاتتى، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە، باشقىلارمۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. باشلىق رەھىمسىز ھەم قاتتىق بولسا، ئەتراپىدا خۇشامەتچىلەرمۇ كۆپىيىپ كېتىدىكەن. ئۇلار باشلىقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، باشقىلارنى كۆيدۈرۈپ، چېقىمچىلىق قىلىشتىنمۇ يانمايدىكەن. باقاخۇن — ئۇلارنىڭ بىر ۋەكىلى ئىدى.

باقاخۇن مەكتەپنىڭ يەل - يېمىش بېغى، كۆكتاتچىلىق مەيدانلىرىغا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ مۇدىرغا سادىقلىقى دەسلەپتە مەكتەپ ئىچىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئۇنىڭغا «دوكلات» قىلىشتىن باشلاندى. كېيىنچە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزئارا نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈدىغان بولدى. قىلىدىغان ھېچقانداق گەپ تاپالمىغاندا، ئۆزى ئوقۇتقۇچىلارغا يەمچۈك تاشلاپ بېرىپ، ئۇلارنى قاماققا ئىلىندۇرىدىغان بولدى. باقاخۇن بارا - بارا ئۆز «خىزمىتى» نىڭ تېخى ھەغدادىغا يەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدىمۇ، ئىش قىلىپ، يەل - يېمىشنىڭ سەرخىللىرى، كۆكتاتنىڭ باش بۇرنى قاچىلانغان سېۋەتلەرنى ئەتىسى، ئاخشىمى ئۇنىڭ ئۆيىگە توشۇيدىغان بولۇۋالدى. بىر قېتىم باقاخۇن: «يەل - يېمىش، كۆكتات سېتىلغان پۇل! ئۆزلىرى خوجىلىققا ئوتكۇزىۋېتەلا» دەپ، بىر سىقىم پۇلنى زەيىندىننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. زەيىندىن: «قانچە پۇل؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: «سانىمىدىم، ئىككى كۈننىڭياغى يىغىلىپ قاپتۇ» ، دەپ جاۋاب بەردى. بۇنداق سانى يوق، سورىقى يوق، ئىگىسى يوق پۇلنى كىم ئالمايدۇ دەيسىز!

باقاخۇن ئۇن، گۈرۈچ، يەل - يېمىش، كۆكتات، تالۇنسىز كىرىم پۇللىرىنى زەيىندىنگە ئەكىرىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە، مەكتەپنىڭ ئاشخانىسى بىلەن ناۋايخانىسىدىن ئاشلىق ۋە نانلار تاغارلاپ ئوغۇرلاندى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىدىن كىگىز - كېچەكلەر يوقالدى. ئىمىننىياز دېگەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا ئوغرى كىرىپ، ياتاقنى پۈتۈنلەي قۇرۇقداپ قويدى. بىر سىنىپ ئوقۇغۇچى توزۇپلا كەتتى. ئاچچىقىغا چىدىمىغان بۇ ئوقۇتقۇچى خىزمىتىنى تاشلاپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئوخشىمىغان كۈنلەردە قىزىيدىغان «دۈشەنبە بازار» ، «ئازنا بازار» ، «يەكشەنبە بازار» دېگەندەك يېزا بازارلىرىنى ئايلاندى. بىر يەكشەنبە كۈنى، ئۇ قارىقاش بازىرىدىكى كونا كىگىز - كېچەك سورۇنىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يوشۇرۇنچە ئاشلىق سېتىلىدىغان بىر دەڭگە كىرىپ قالدى. بۇ يەردە ساتىدىغانلاردىن ئالىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئۇلار قولاقنى - قولاققا يېقىپ كۇسۇلدىشاتتى. ئالقانلىرىغا ئالقانلىرىنى ئۇرۇشۇپ، كۆزلىرىدە ئىشارىلار قىلىشاتتى. ئىمىننىياز بۇ يەردە ئويلىمىغان يەردىن، تارازىدا چارەكلەپ ئۇن سېتىۋاتقان باقاخۇننى كۆرۈپ قالدى، ئۆزىنى نەگە قويۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تاتىرىپ كەتكەن باقاخۇن: «ئېشىنغان ئاشلىق» ، «بىر خوشنىمىزنىڭ ئىدى. . .» دېگەندەك بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرى زادىلا قولاشمايتتى. لېكىن، ئىمىننىياز ئاشلىق تاغىرىدىكى «بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپى» دېگەن كوك سىياھدا يېزىلغان خەتلەرنى كۆردى، ئۇ يەرگە بىرنى تۈكۈردى - دە، كېتىپ قالدى. بۇ ئىش خۇددى ئۆگزىدە پالاز قاققاندا چىققان ئاۋازدەك، بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە بىردەمدىلا تارىلىپ كەتتى. زەينىدىن پۇشقىقىغا پىت چۈشكەن ئىمامدەك ئولتۇرالمايلا قالدى. ئەلۋەتتە قول - قولنى يۇيسا، قول قوپۇپ يۈزنى يۇيىدۇ، دېگەن گەپ بار. زەينىدىننىڭ كىچىك ئوغلى تۇغۇلغاندا، باقاخۇن مۇبارەكلەپ بەش گەزلىك ئانار گۈللۈك گىلەمنى ئېلىپ كىرگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىدا ئۇ ئىككەيلەننىڭ شېرىكچىلىكمۇ بار ئىدى - دە!

— بىر ئوبدان جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان ئادەمگە يالا چاپلىماڭلا، — دېدى زەينىدىن ئەھۋال ئېيتقىلى كىرگەن ئىمىننىياز قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلارغا، — ئۆزى مەشەدە ئىشلەۋاتقاندىن كېيىن، تاغىرىغا مەكتەپنىڭ ئىسمىنى يازسا نېمە

بوپتۇ؟ تىرىك جان بولغاندىن كېيىن، ئىشىنغان بىر - ئىككى چارەك ئاشلىقىمۇ بار بولغىيتتى. . .

— مۇدىر، — دېدى ئىمىننىياز جىلى بولغان هالدا، — هەممە خەقنىڭ ئاشلىق نورمىسى يېتىشمەي، كاۋىدىن تارتىپ قوناقنىڭ مەدەكلىرىگىچە قوشۇمچە قىلىپ يەپمۇ ئاي ئاخىرىغا ئۇلىشالمايۋاتسا، تاغارلاپ ئىشىنغان ئاشلىق نەدىكەن؟ قالدۇرۇق يېرىدىن چىققان دەيلى دېسەك، ئۇ دېهقان بولمىسا؟ . . .

— شۇنداق مۇدىر، — دېدى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى سۆز قىستۇرۇپ، — باقاخۇن ئۇستىدە هەممە كىشىنىڭ پىكرى بار. ئۇ تالۇنسىز يەل - يېمىش، كۆكتات سېتىپ، چۇشكەن پۇلنى يانچۇقىغا سالىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ياتىقىغا ئوغرى كىرگەن كېچىسى، ئۇنىڭ ئىغىر بىر نەرسىـــــنـــــى يۈدۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر بار. . .

— ئۇنداق كۆرمەي تۇرۇپ كۆكلىمەڭلار، — ۋارقىرىدى زەينىدىن، — باقاخۇننى مەن بەش قولدەك بىلىمەن، بۇندىن كېيىن، كىمكى مۇنداق يالغان - ياۋىداق، ئۆسەك گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالسا، هېسابنى شۇنىڭدىن ئالىمەن. . .

سەۋىر - تاقىتى تۈگىگەن ئىمىننىياز قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى بۇ توغرىلىق مائارىپ ئىدارىسىغا ئەرز سۇندى. ئەتىسىلا، بۇ ئىشنى تەكشۈرگىلى پۇتلىرىنى كېرىپ ماڭىدىغان بىر كادىر چىقتـــى. ئۇ، مۇدىرنىڭ ئۆيىدە بىرەر كۈندەك ئەهۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، هەممە توقىناق بالانى ئەرز سۇنغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ قويۇپ، كېتىپ قالدى. زەينىدىن بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى. ئۇ ئىمىننىياز توي قىلماقچى بولغان قىزنى ئالداپ، هۆججەتكە قول قويدۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىدىن «ئۆز ئوقۇغۇچىسىغا باسقۇنچىلىق قىلدى. . .» دېگەن دېلو تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك يېقىنلىرىنى ئىزلىدى. ئاخىرى ئىمىننىيازغا «بۇزۇق ئونسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، ئۇنى دۈشمەن قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن كۆڭلى تىندى.

. . . زەينەددىن تاماكىسىنى قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، تورۇسقا قارىغىنىچە ئىسسىنى ھالقا ـ ھالقا قىلىپ چىقاردى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئەمەت ۋە ئۇنىڭ يېزىپ بەرگەن ئىسپات قەغىزى زادىلا نېرى كەتمىدى. ئەگەر بۇ لەنىتى ئىقرارنامە گۇڭشې داڭۈيسى ياكى ناھىيىدىكىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، زەينەددىن بېشىدىكى تاجدىن قۇرۇق قېلىشىنى ئوبدان بىلەتتى. داۋاملىق تاج كىيىپ ئۆگەنگەن باش تاجسىز قالسا، خۇددى بېشى كېسىلگەن يىلاندەك بولۇپ قالامدۇ! . . . ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆلگىنى تۈزۈك، خۇدايا توۋا، بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ سادا چىقمايدىغان گۆرىستاندەك قىلىۋەتكەن زەينەددىننىڭ بوستانىغا كېلىپ، ئامالسىز بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟ . . . بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى بوش چاغلىقلى بولمايدىكەن ـ دە! بولۇپمۇ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار چېقىلغىلى بولمايدىغان، يېتىلەككە كۆنمەيدىغان، بېسىم ۋە ھەيۋىلەردىن قورقمايدىغان ئوتقا ئوخشاش بىر نېمىلەر ئىكەنغۇ! «ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى» يېيىش پائالىيىتىنى بۇزغانلارمۇ شۇلار. . . زەينەددىننىڭ «يېڭى تۈزۈملىرى» نى ئاچچىق تىللىرى بىلەن مازلاشتۇرغانلارمۇ شۇلار. . . بۇ ئۈچ ئەپەندى بىرلىشىۋالسا، ھەر قانداق مۇنازىرە، تالاش ـ تارتىشلاردا، ھېچكىم ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. . . ناھايىتى چوڭقۇر ئويلىشىدىكەن، سۆز ـ پىكىرلىرىنى قائىدىگە چۈشۈرۈپ، مىخ قاققاندەك قىلىشىدىكەن. ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن كۆزەت قىلىشى كىمنىڭ ئويىغا كەلگەن؟ ئۇلار ھېلىگەرلىكتە تۈلكە، چاققانلىقتا مۈشۈك، يول مېڭىشتا قېچىردىن قېلىشمايدىغان باقاخۇننىمۇ قاپقانغا ئىلىندۇرۇۋالدا ؟ . . . ماۋۇ زىكرۇللا دېگەن ئىسكىلىتىنىڭمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ: «ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كېتىدىكەن، ۋاقتىنچە پوست قويمايمىز. . . » دەپ ئالدىغىنىنى قارا! بۇ چوقۇم ئاشۇ ئۈچ ئەبلەخنىڭ باشقىلارنى بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئوينىغان ئويۇنى! . . . بۇ ئىشلارنى يوشۇرۇن تۇتقىنىغا قارىغاندا، ئۇلار خېلى بۇرۇنلا مۇدىر زەينەددىندىن گۇمان قىلغان ئىكەندە؟

زەينەددىن ئۆي ئىچىدە كەشىنىڭ سوڭىغا دەسسەپ ماڭغىلى تۇردى.

«ياق بۇنىڭغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. زېمىندىن باشقىلارنىڭ كولاپ قويغان ئورىسىغا مانا مەن دەپ چۈشۈپ بېرىدىغان ئۇنداق ئەخمەق ئادەم ئەمەس... ئاشۇ لەنىتى ئىقرارنامىنى بىر ئاماللاپ ئېلىۋېلىشى كېرەك. بولمىسا، ئۇ خەق زېمىندىننى ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ كەشنى كۆرگۈدەك رەسۋا قىلىۋېتىدۇ. خەپ، مەمتىلى ئىبراھىم، دۆت ئېشەك، ئاچ پاقا، ئازناپ، قۇلىقىڭغا قوغۇشۇن قۇيغاندەك قۇيۇپ تۇرۇپ، كۆرسەتكەن پىلانىمنىمۇ قاملاشتۇرالماي، تىلىڭنى چايناپ كەلدىڭا؟ تولا يېگەن ئادەم ئەقىلسىز بولىدۇ، دېگەن گەپ راست ئىكەندە!...

ئويلىغانسېرى، زېمىندىننىڭ ئىچىگە بىر قورقۇنچ كىرىۋالدى. قانداقتۇر بىر ۋەھىمە كۆزگە كۆرۈنمەس قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كانىيىنى بوغۇۋالغاندەك، ئۇ دېمىقىپ ھاسىرايتتى. كۆزلىرى ئالىياتتى... كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۇنىڭغا قاراپ: «كارامىتىڭ شۇنچىلىكمىدى؟..»، «تۆت گۆھەرنىڭ سەرخىلىمىش!...»، «قېنى قولۇڭدىكى نوقتا؟» دەپ مەسخىرىلىك كۈلىۋاتقاندەك، ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا قارايتتى... ئەگەر قولىدىن كەلسە، بۇ ئوت قۇيرۇقلىرىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرۈۋەتسە، كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتسە!... چايناپ - چايناپ پۈركىۋەتسە!... ھەي... ھەي... ھېلىقى بىر چاغلار بولغان بولسا ئىدى، «مىللەتچى»، «ئوڭچى»، «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن تامغىلارنى بېسىپ، ئۇلارنى بىر ئۆمۈرلۈك خارلىق - زارلىققا ئىتتىرىۋەتكەن بولاتتى... شۇنىڭغا قارىغاندا، «ھەرىكەت»نىڭ پات - پات بولۇپ تۇرغىنىمۇ ياخشىكەن... بولمىسا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتقا ئوخشاش گەدەنكەشلەر قىنىغا پاتماي، شىلتىڭ ئاتىدىكەن. ئادەمنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويمايدىكەن... سادىغاڭ كېتەي ھۆكۈمەت، مۇشۇ ئۇچىنى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، بىرەر ھەرىكەت باشلىساڭ نېمە بولىدۇ؟...

كامىللارنىڭ قولىدىكى «ئىسپات»نى ئويلىغانسېرى، زېمىندىن جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ گەرچە ئالقاندەك قەغەز بولسىمۇ، بىراق زېمىندىننىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىدىن ئىبارەت تەقدىرىنى بىر يولىلا ۋەيران قىلىۋېتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە قەغەز

ئىدى. تۇخۇمغا ئىسسىق بېرىلگەن ئىكەن، چۈجە چىقماي قالمايدۇ. بۇ قورقۇنچلۇق «ئىسپات» مەيدانغا چىققان هامان، بەگئېرىقتىكىلەرمۇ جىم ياتارمۇ؟ . . . بەلكىم ئىمىنىيازدەك سىنىپىي دۈشمەنلەرمۇ ئەنزە ئاغدۇرار؟ بۇنداق كونا - يېڭىسى بىر يولىلا قوشۇلۇپ كەلسە، زەينىدىن چاقۇندا بولۇپ، كۆتى كۆك توپىدا قالامدۇ؟ . . . ياق - ياق، بۇنىڭ ئالدىنى ئالماي بولمايدۇ.

زەينىدىن تاماكىدىن بىرنى ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن شورىدى - دە، بىر بۇلۇڭغا تىكىلىپ قالغىنىچە كۆزلىرىنى قىستى. پېشانە قورۇقلىرى بىر يەرگە يىغىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن ناهايىتى نازۇك بىر خىيال قىلدەك سۇغۇرۇلۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ چاپىنىنى كېيىپ سىرتقا چىقتى. ئاسماننى قارا بۇلۇتلار تۇتاش قاپلىغان بولۇپ، نە ئاي ، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. نۆۋەتچى مۇئەللىم ئاق ئۇجمىگە ئېسىلغان داڭنى خېلى ئۇزۇن ئۇرغاندىن كېيىن، كېتىپ قالدى. بۇ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى هەممەيلەنگە ئۇخلاش ئۈچۈن بېرىلگەن سىگنال ئىدى.

زەينىدىن مۇدىر ئوغۇللار ياتاق بىناسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. . .

. . . ئەتىسى چۈشكە يېقىن، هېچ كۈتمىگەن يەردىن، تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپ مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشخانىغا يىغىلدى. هەممىسى نېمە ئەهۋال بولغانلىقىنى بىلمەي، بىر - بىرىگە سوئال نەزىرىدە قارىشاتتى. تۇراپ ئىمىننىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. مەمتىلى ئىبراهىم پېشانىسى تېڭىلغان ئەمەتنى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار تېخىمۇ هەيران بولدى. ئەمما خالىق كاتىپ هەر قاچانقىدەك چىرايىدىكى ياسىما تەبەسسۇمنى يوقاتمىغان هالدا، تەمكىن ئولتۇراتتى. ئۇ زەينىدىنگە «باشلايلى! » دېگەندەك باش لىڭشىتىپ قويدى.

— بۈگۈن مەكتىپىمىزگە رەهبەرلىرىمىزدىن، — دېدى زەينىدىن هەر ئىككىلىسىگەتەڭ ئېگىشىپ قويۇپ، — تۇشۇجى، خالىق كاتىپلارنىڭ مۇبارەك قەدىمى يەتتى. ئۇلارنىڭ يوليورۇق بېرىشىنى قارشى ئالايلى! .

ئىلگىرى - كېيىن ئۇرۇلغان چاۋاكلاردىن كېيىن، خالىق كاتىپ تۇراپ ئىمىنگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئاندىن ئوقۇتقۇچىلاغا تەكشى قاراپ چىقىپ گېلىنى قاقتى:

— ھەممىڭىزگە مەلۇم، پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆلۈنۈشى، — دېدى خالىق سىپايىلىق بىلەن، — ئوقۇغۇچىلارنى ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەڭ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش. بۇنىڭدا تەربىيە ئاساس قىلىنىدۇ، يېنىك، ئاددىي، قوپال ئۇسۇللار ئارقىلىق تەن جازاسى بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈش، بۇ سىياسەتكە خىلاپ. ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش فېئودالىزم ئىدىيىسىدىن تېخىچىلا قول ئۈزەلمىگەنلىك بولىدۇ. ئۆلكە ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەتتا تۇرمىدىمۇ جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇش - قىيناش، ئۇلارنى قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش مەنئى قىلىنغان!

خالىق بىر ئاز تىنىۋالغاندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن تۆت قاتلانغان قەغەزنى ئالدىرماي ئالدى. ئۇ ئالدىدا باش سىلىپ تۇرغان ئەمەتكە ئىبغىر نەزەردە قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇگۈن ئەتىگەن مەكتىپىڭلارنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئەمەت گۈڭشي داڭۋيىغا ئەرز سۇندى، — دېدى خالىق ئەرزنى ئېچىپ، — مەن بۇ ئەرزنى سىلەرگە ئوقۇپ بەرسەم، ھەممە ئىش ئايان بولىدۇ.

خالىق كاتىپ چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئەرزنى ئالدىرماي، سۆزلىرىنى ئېنىق قىلىپ، بەزى يەرلىرىنى بولسا قايتىلاپ ئوقۇدى:

## ئەرز

... مەنكى ئەرز يازغۇچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى ئەمەت سالىم. مەن باقاخۇننىڭ بېسىمى، قورقۇتىشى، مەجبۇرلىشى بىلەن، ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلىشىغا ياردەملەشكەنىدىم. 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شەنبە كېچىسى كامىل، ھېكمەت، مۇرات مۇئەللىملەر

مېنى تۇتۇۋېلىپ، سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيىدە باغلاپ، تورۇسقا بىر كېچە ئېسىپ قويدى. ئەتىسى پۈتۈن بىر كۈن قاتتىق سوراققا ئېلىندىم. ئۇلار: «باقاخۇن گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىدە سوراق قىلىندى، ھەممە گۇناھنى ساڭا ئارتتى»، «سېنى قانۇنغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز.»، «ئارقا تېرىكىڭنى ئېيتساڭ، كەڭچىلىككە ئېرىشىسەن» دېگەندەك قاتتىق - يۇمشاق ئۇسۇللارنى قوللاندى، مېنى ئۇردى. مەن ئازابقا چىدىماي، بۇ ئىشقا زەيىندىن مۇدىرنى قەستەن چېتىپ قويدۇم... مۇشۇنداق قىلسام، ئۇلار مۇدىرنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا، ئازابلاشنى توختىتارمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم...

خالىق كاتىپ ئەرزنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى.

— كۆرۈڭلار، — دېدى خالىق ئەمەتنىڭ كۆينىكىنى سالدۇرۇپ كۆپچىلىككە كۆرسىتىپ ۋە ئۇنىڭ ئىشتان پۇشقاقلىرىنىمۇ تۇرۇپ قويدى، — ئوقۇتقۇچىلار، ئوبدان كۆرۈپ بېقىڭلار!...

ئوقۇتقۇچىلار ھەيران بولۇپ قاراشتى، بەزى خانىملار چىقىرىۋېتىشتى. ئەمەتنىڭ قورساق، مەيدە، يوتىلىرى قىر - قىر چىققان تاسما بەلباغ ئىزى ئىدى. پۇتىنىڭ بولجۇڭ گۆشلىرىدە كۆپكۆك ئىششىقلار پولتىيىپ تۇراتتى.

— ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى خالىق كۆپچىلىككە، — بۇ ئىنساننىڭ قىلىدىغان ئىشىمۇ؟ يەنە كېلىپ تەربىيەلىگۈچى، ئۇستاز بولغان ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنداق قىلسا بولامدۇ؟ بۇ ئوقۇغۇچىغا ئېچىنمامسىلەر؟

— ھەي ئەپەندى كاززاپلار، — دېدى تۇراپ ئىمىن تۇيۇقسىزلا ۋارقىراپ، — ھەر قايسىڭ ئاۋۋال خوتۇن ئېلىپ، نەچچە پارچە كىگىزنى يىرتىپ، تىزىڭنى يېغىر قىلىپ، بالا تېپىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن خەقنىڭ بالىسىنى ئۇرۇشامسەن!...

ئىشخانىنىڭ ئىچىنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باستى. ھەممىسى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا قاراشتى. خالىق ئەمەتكە كۆينەكلىرىنى كىيىپ چىقىپ كېتىشكە ئىشارە قىلدى.

مۇشۇنداق بۇيرۇقنى كۈتۈپ تۇرغان ئەمەت كۆينىكىنى ئېلىپلا ئىشىك تۈۋىگە كېلىۋېدى، كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى توختىتىۋالدى. زەينىدىن بىلەن تۇراپ ئىمىن ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى لېكىن خالىق پېتىنى بۇزماي، كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى.

—خالىق كاتىپ ئىنسان ۋە ئۇستازلارنىڭ بۇرچى ھەققىدە خېلى تەسىرلىك سۆزلىدى. مەن بۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن،—دېدى كامىل سالماقلىق بىلەن،—تۈنۈگۈنمۇ بىر پەرزەنتىنىڭ قانداق تەستە ئاپىرىدە بولۇشىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. بۇمۇ تامامەن توغرا! . . . ئەمما، بۇ ئىشنى بىز قىلمىدۇق. ئۇرمىغان، تىللىمىغان شارائىت ئاستىدا، ئەمەت بىزگە مانا بۇ ئىسپاتنى بەرگەن! . . .

كامىل ئەمەتنىڭ قول قويغان ئىقرارنامىسىنى ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈردى - دە، ھەممىگە تەكشى كۆرسىتىپ چىقىپ، زىكرۇللا غوجىغا بەردى.

—قېنى، سىزمۇ بۇنى ئوقۇۋېتىڭ ئىلمىي مۇدىر. بۇ ئىش ھەممىگە ئوچۇق بولسۇن،—دېدى كامىل سەل ھاجانلىنىپ،—ئىقرارنامىنىڭ ئاستىدا، ئۇنىڭ يېزىلغان ئاي ۋە كۈنى بار. بۇ ئىقرارنامە ئەمەتنىن يەكشەنبە كەچتە ئېلىندى. بىراق مەمتىلى ئىبراھىم ئۇنى دۈشەنبە ئەتىگەندە ئېسىپ ئۇردى. بۇ تاياقتا بىز ئىگە ئەمەس! . . .

زىكرۇللا غوجىمۇ «ئىقرارنامە» نى ئاھاڭ بىلەن، دانىمۇ دانە، ئېنىق قىلىپ ئوقۇدى. ئوغۇرلانغان نان، كىگىز ۋە يوتقانلارنىڭ نەگە يوشۇرۇلۇپ، نەدە سېتىلغانلىقى، ئوغۇرلانغان قويلارنىڭ كېچىدە تاسمىچىغا قانداق ئاپىرىلىپ كىمنىڭ ئۆيىدە سويۇلغانلىقى، بىرىنچى قېتىم داستىخانغا ئورالغان گۆشنى ئېلىپ كىرگەندە، زەينىدىن مۇدىرنىڭ ئۇنى تاپشۇرۇۋېلىپ: «باقىغا دەپ قوي، تېرىسىنى ئۆيىدە قويمىسۇن» دېگەنلىكى، ئىككىنچى قېتىم ئوغۇرلانغان قوينىڭ گۆشنى ئېلىپ كىرگەندە، زەينىدىن مۇدىر پارتىيە مەكتىپىدە كۇرستا بولغانلىقى ئۈچۈن، گۆشنى خوتۇنىنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىغا قەدەر بولغان پاكىتلار ئوقۇپ ئۆتۈلگەندە، ئىشخانىدىكىلەر زەينىدىنگە نەپرەت ۋە سەسكىنىش

ئىچىدە قاراشتى. كامىل ئىقرارنامىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يانچۇقىغا سالدى.

— قېنى ئەمەت، سەن دەپباققىنا! — دېدى كامىل ئىشىك تۇۋىدە ئۆرە تۇرغان ئەمەتكە، — سەن مۇشۇ سۆزلەرنى دېگىنىڭدە، تاياق يېدىڭمۇ؟ ئاددىسى تىل ئىشىتتىڭمۇ؟ . . .

ئەمەت بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۈندىمەي تۇرۇۋالدى.

— مېنىڭچە، كامىل مۇئەللىم، بۇ سوئالىڭىز سەل ئارتۇقچە بولۇپ كەتتى، — دېدى خالىق ئەندىككەن هالدا، — بىر ئوقۇغۇچى ئۆز ئۇستازىنىڭ ئالدىدا: « سەن ئۇنى قىلغان، بۇنى قىلغان. . . » دەپ قانداق جاۋاب قايتۇرالايدۇ؟ . ئەمەت چىقىپ كەتسە قانداق؟

— چىقە هەي تاز! . . . — دېدى تۇراپ ئىمىن قولىنى شىلتىپ، — يەنە بىزنىڭ تۇرسىنا؟ . . .

— گۇڭشې رەهبەرلىرىمۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاڭلىدى، — دېدى هېكمەت تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن، — بىز ئۇچىمىز نامرات دېهقان باللىرىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغرىنى پەم بىلەن تۇتۇش ئۇچۇن، يوشۇرۇن پوستا تۇردۇق، بۇ راست! ئەمەت تۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنى تەربىيە ئارقىلىق قايىل قىلدۇق. لېكىن نېمە ئۇچۇندۇر مەمتىلى ئىبراهىم مۇراتنىڭ نانغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئېسىپ ئۇرۇپتۇ! بۇنىڭغا ئەلۋەتتە مەمتىلى جاۋابكار بولىدۇ. . . ئۇ بىزنىڭ ئۇچ كىشىلىك ئوغرى تۇتۇش گۇرۇپپىمىزدا يوق!

— مەن. . . مەن، — مەمتىلى تاتىرىپ كەتتى، — ناهايىتى بىر - ئىككىنى ئۇرغان، ئۇنچىۋالا جىق ئۇرمىغان. . . يالغان بولسا، ئەمەتتىن سوراپ بېقىڭلار! . . .

مەمتىلى ئىبراهىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كامىل، هېكمەت، مۇرات، زىكرۇللا، توختى قۇربانلار بىر - بىرىگە دەرهال قاراشتى. چۈنكى بۇ چاغدا، زەينىدىنىنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، قوۋزىقى سويۇۋېلىنغان چىۋىقتەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. دەقىقە ئۆتمەي، ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتكەن كامىل يەنە ئورنىدىن تۇردى.

— مەمتىلى ئىبراھىم توغرا ئېيتتى، ئۇ ئۆرۈپ بولۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز ئەمەتنىڭ كۆينىكىنى سالدۇرۇپ، ئىشتان پۇشقاقلىرىنى قايرىپ كۆرگەنىدۇق. دۈمبە ۋە بىلىكىدىكى تاياق ئىزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يېرى ساق ئىدى، — دېدى كامىل، — ئەمەت ئۆزىمۇ: «ئۇ مېنى، بىر - ئىككىنى ئۆرۈپ بولغۇچە، سىلەر كىرىپ قالدىڭلار» دېگەنىدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ قورسىقىدا ۋە پۇتىدىمۇ تاياق، تېپىك ئىزلىرى تۇرىدۇ، بۇ نەدىن كەلدى؟...

— بۇنى ئېنىقلىماق ئاسان، — دېدى ھېكمەت، — دۈشەنبىدىن سەيشەنبىگىچە بىر كېچە ئۆتتى. تۈنۈگۈن ئاخشام ئەمەتنى ياتاقتىن كىم ئېلىپ چىقىپ كەتتى؟ ئۇ نەدە بولدى؟ قاچان قايتىپ كىردى؟ بۇنى ئېنىقلىساقلا، ئىش ئايدىڭ بولىدۇ!...

— مانا بۇ يەردە گۇڭشې رەھبەرلىرىمىز تۇرۇپتۇ، — دېدى مۇرات ھېلىگەرلىك بىلەن، — ئۇلار بىزگە قارىغاندا مەسىلىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلالايدۇ... ئەمەت شەنبە يېرىم كېچىدە تۇتۇلدى. يەكشەنبە بىز ئۇنى ساقلىدۇق. بۇ ئىشتىن ئۇچىمىزدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئەجەبا، مەمتىلى ئىبراھىم بۇ گەپنى مۇدىر زەينىدىندىن ئاڭلاپتۇ... ئەمدى زەينىدىن كىمدىن ئاڭلاپتۇ؟... قېنى، دەبباقسىلا مۇدىر؟ بۇ خەۋەرنى كېچىدە سىلىگە شامال يەتكۈزدىمۇ؟

مەن... مەن... بۇ... بۇ... ھە... ھە... ئۆزى ...

— ھەي دېۋەڭ ئەپەندى، — دېدى تۇراپ ئىمىن بىلەرمەنلىك بىلەن، — بۇنى ئادەم يەتكۈزمىسە، شامال قانداق يەتكۈزىدۇ... ئەپەندى تۇرۇپ، شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

تۇراپ ئىمىننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەممەيلەن كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. خالىق ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويدى. ئەمما، زەينىدىن مۇدىر ئىت تالاشتۇرۇشتا «دىيەنچاڭ قارا» كانىيىدىن بوغۇۋالغان «ئاق مارجان» قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، خۇددى شۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، ھېكمەت بىلەن مۇراتنىڭ ئاخىرقى سوئالى ئۇنى تەمتىرىتىپ، شاھمات تاختىسىدىكى ھېچ قاياققا سىلجىيالماي قالغان

شاھدەك ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇ، بىر چىشلەم نانغا زار بولغان دېۋانىدەك، يېلىنىش، يالۋۇرۇش ئىچىدە، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىققا تەلمۈردى.

— بولدى قىلىڭلار! تېرىساڭ تېرىق بولار دېگەن گەپ بار، — دېدى خالىق ياسالمىلىق بىلەن يۆتىلىپ، — ئەمەت بىر كىچە باغلىنىپ تورۇسقا ئېسىلغان بولسۇن، تاياق يېگەن بولسۇن، بۇنى كىمنىڭ قىلغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر بۇ بەرىبىر پاكىت! . . . ئەمەت ئۆزىنىڭ ئەرزىدە جىنايىتىدىن قورقۇپ، زەيىندىننى قەستەن چېتىۋالغىنىنى ئېتىراپ قىلغان. . . بۇمۇ پاكىت! . . . ھازىر بولسا، باقاخۇن قېچىپ كەتتى. ئۇ تېپىلمىغۇچە، ئىش ئايدىڭلاشمايدۇ. شۇڭا، بۇندىن كېيىن، يارنى كوچىلاپ جاراھەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. . . بۇنى گۇڭشې قوغداش بۆلۈمى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— تۇشۇجى، خالىق كاتىپلار ياخشى يولىيورۇق ۋە كۆرسەتمىلەرنى بەردى، — دېدى توختى قۇربان، — بۇ مەسىلىنى گۇڭشېنىڭ بىر تەرەپ قىلغىنىمۇ ياخشى. شۇڭا، مېنىڭ پىكرىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قالار. مەن مەمتىلىنىڭ سىنىپىغا ئەدەبىيات دەرسى بېرىمەن. ئەمەت ناچار ئوقۇغۇچى، بىر ئۇلاغ ئوتۇن ساتقانلىق توغرىسىدىكى ھۆججەتنىمۇ قاملاشتۇرۇپ يازالمايدۇ، بۇ ئەرزنى ئەجەپ قاملاشتۇرۇپ، رەتلىك، راۋان قىلىپ يېزىپ چىقىپتا؟ . . .

— بولدى، بولدى قىلىڭلار! — دېدى تۇراپ ئىمىن ۋارقىراپ، — ھەر قايسىڭلارمۇ ئۇسال نېمىلەركەنسەن، يوشۇرۇن پوستا تۇردۇق دەپ، بىزگە بىر مۇنچە باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىشتىڭ، ئوغۇل بالا بولساڭ، پوست دېگەندە ئوچۇق - ئاشكارا، ھاللاڭ تۇرۇشمامسەن؟ . . .

يىغىن زەيىندىننىڭ چاۋىسىنىڭ چىتقا يېيىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. كۆپچىلىك مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئوغرىلىقنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇلغانلىقىدىن، قارا كۆڭۈل مۇدىرنىڭ ھەيۋىسىنىڭ سۇنغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشتى. كۆڭلى خېلىلا كۆتىرىلىپ قالغان زىكرۇللا غوجى يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى.

— ئەسلىدە بىز بۇ ئىشنى مۇنداق ھەل قىلماقچى بولغان، — دېدى زىكرۇللا رەسمىيەت ئۈچۈنلا سۆزلەپ، — باقاخۇندىن يوقالغان ئەرسىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلىتىپ، ئەمەتنى سۈرۈشتە قىلمايمىز، دېيىشكەن. بۇنىڭغا كامىل، ھېكمەت، مۇرات، توختى قۇربانلارمۇ قوشۇلغان. لېكىن ئەمەت ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەزى مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىپ كەتتى. شۇنداقلا بىكاردىن بىكار تۇشۇجى بىلەن خالىق كاتىپنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنىمۇ ئالدۇق. ھەرقايسىلىرىدىن ئەپۇ سورايمىز...

زەينىدىن ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا، كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ گاراڭلا ئولتۇراتتى. ئۇ ئىشنى بۇزۇپ قويغانلىقىدىن ئازابلانماقتا ئىدى. خۇددى چاپقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويغاندەك بىر ئىش بولغانىدى. «ئىقرارنامە» نى ئىككى نۇسخا قىلغۇچىلىش كىمنىڭ ئەقلىگە كەلگەن؟... ئۇ، «بۇ ئىسپاتنىڭ كۆچۈرۈلمىسى» دېسە، تۇشۇجى دېگەن خام كاللىنىڭ ماقۇل دەپ ئېلىۋاتقىنىنى... مانا ئەمدى ئىسپاتنىڭ ئۆزى كامىلنىڭ يانچۇقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە چۈشۈپ كەتتى. زەينىدىن ئەكسىچە نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى.

ئەمەت شۇ كۈنى ئىشخانىدىن چىقىپ كەتكەنچە، ئىككىنچىلەپ كۆرۈنمىدى. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ساراسىمىگە سالغان ئوغرىلىق ۋەقەسى باقاخۇن ۋە ئەمەتنىڭ مەكتەپتىن يوقۇلىشى بىلەن بېسىققان بولدى.

## دەردمەن ئاچا - سىڭىل

يەكشەنبە، دەم ئېلىش كۈنى ئىدى. ھاۋا شۇنچىلىك ئوچۇق ئىدىكى، كۆك ئاسمان سەتھى يېڭىلا يۇيۇلغان ئەينەك يۈزىدەك سۈزۈك ھەم پاكىز بولۇپ، بىر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. 5 - ئاي كىرىشى بىلەن، ئاممۇتلۇق يېشىل كىيىنگەن قىز - چوكانلاردەك، ھەۋەتلا ئۆز قىياپەتكە

كىردى. ئۆيلەر - ھويلىلار، مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان باغلار خۇددى بۇلۇت ئارىسىغا يوشۇرۇنغان ئاي ۋە يۇلتۇزلاردەك، كۆپكۆك ئورمانلار ئىچىدە قالغانىدى. پەقەت ئامۇتلۇقنىڭ يېرىم ئاي شەكلى تۇرغان مىچىت قۇببىسى شاخاراپ كەتكەن ياڭاق ۋە ئامۇتلۇقلار ئۈستىدە قەد كېرىپ تۇراتتى. پاكار مورىلاردىن تولغىنىشىپ چىقىۋاتقان ئىسلار بۇغداي، قوناقلار يەلپۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلار ئۈستىگە يېيىلماقتا ئىدى.

قۇتلۇق ھاجىمنى يوقلاپ چىققان كامىل، ھېكمەت، مۇرات، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر نەفسەنىڭ مېۋىلىك بېغىدا ئولتۇرۇشاتتى. بولتۇر نەفسە كامىلنى چىلانلىقتىن باشلاپ كەلگەندە، ئۇ مانا مۇشۇ گىلەم سېلىنغان كاتتا ئولتۇرۇپ، قۇتلۇق ھاجىم بىلەن پاراڭلاشقانىدى. ئېگىلىپ كەتكەن شاخلاردىكى كۆپكۆك ئامۇت غورىلىرى خۇددى كىچىك ناسۋال قاپىقىدەك، كارىۋات ئۈستىگە ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. قىز - يىگىتلەر ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى ھاجىمنىڭ ئالدىغا قويۇشتى، بوۋاينىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى، ئىبرەتلىك ھېكايەتلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرمۇش ۋە ھايات، شۇنداقلا ئەخلاق - پەزىلەت ھەققىدە دەرس ئاڭلىغاندەك بولۇشتى. ئۇلار باغدىكى كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ، قۇم قايغان قۇملۇقلىرىدىكى ئورمىنى ئەسكە ئېلىشتى. ئىگەچى باغچىسىدىكى سەيلىسىنىڭ نەقەدەر كۆڭۈللۈك ۋە مەنىلىك ئۆتكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەشتى. بىراق، سوھبەت زادىلا قىزىمايتتى، ھەممىسى رەسمىيەت ئۈچۈنلا گەپ قىلىشىۋاتقاندەك ئىدى. مۇراتنىڭ ئەتەي قىلغان قىزىق چاقچاقلىرىمۇ بۇ كەيپىياتنى ئۆزگەرتىپ كېتەلمىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ ھەسرەتلىك چىرايلىرىغا قارىسىلا، ئۇلارنىڭ نەپسى بوغۇلۇپ، ئۈنلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كېتەتتى.

ئىككى كۈنىنىڭ ئالدىدا، گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارغان زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان ۋە كامىللار شەھەردىن سالپىيىشىپ يېنىپ چىقىشقانىدى. ھېكمەت ئۇلارنىڭ چىرايلىرىغا قاراپلا، بىر شۇم خەۋەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئويلىغاندەك، قايىت: «مەن گۈلزىبانىڭ ئۆز دادىسى بولمىساممۇ، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدىم.

ئوقۇتتۇم، نۇرغۇن ئەجرىم سىڭدى. شۇڭا، ماڭا مىڭ يۈەن پۇل بېرىشى كېرەك» دەپ تۇرىۋالغانىدى، ئەلچىلەر دۇنيادىكى ھەممە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، قايىت زادىلا ئېرىمىدى. بۇ ھازىرقى شارائىتتا ئورۇنلىغىلى زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان، ھازىرغىچە مىسالى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر شەرت ئىدى. چۈنكى ھېكمەت بىر يىل - يېرىم يىل مائاشىنى يېمەي - ئىچمەي، كىيمەي يىغسىمۇ، ئۇنچىلىك پۇل توپلىيالمايتتى. گۈلزىبا شۇ كۈنىلا شەھەرگە كىرىپ كېتىپ، كەچ كىرگىچە چىقمىدى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇرالماي قالغان ھېكمەت مۇراتنىڭ ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇ ئاتچۇي، گېئوزا، گازۇنلاردىن ئۆتۈپ، شورۋاغ ئۆستىڭى ئالدىغا كەلگەندىلا، قاراڭغۇلۇقتا يالغۇز كېلىۋاتقان گۈلزىبانىڭ قارىسىنى كۆردى. گۈلزىبا ھېكمەتكە ئېسىلىپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلاپ كەتتى.

بۈگۈن بۇ دوستلارنىڭ نەفسەنىڭ بوۋىسىنى يوقلىغاچ ئامۇتلۇققا چىقىشىمۇ مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن ئىدى. ئۇلار قانداق قىلىپ قايىتنى رازى قىلىپ، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ توينى پاتراق قىلىۋېتىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇشقان بولسىمۇ، ھېچ قانداق ئەپلىك چارە تاپالمىدى. گۈلزىبا ھاۋارەڭ ھېل - ھېل رومىلىنى يۈزىگە دالدا قىلغان ھالدا، زۇمرەتنىڭ بېقىنىدا مىچىلداپ يىغلاۋاتاتتى. ھېكمەت بولسا بىر تۈپ ئالمىغا يۆلىنىپ ئېرىقنىڭ قىرىدا يانتۇ ئولتۇراتتى. ئۇ قولىدىكى نازۇك ئوت غولىنى چىشلەپ ئۈزۈپ تاشلايتتى. لېكىن كۆزلىرى نەگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى. نەفسە ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ، ئانىسىنىڭ تاماق ئېتىشىگە ياردەملىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇدۇلىدىكى كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا پاتقان كاملىغا پات - پاتلا قاراپ قوياتتى. زۇمرەتنىڭ ئارقىسىدا كارىۋاتنىڭ يۆلەنچۈكىگە چىقىۋالغان مۇرات ئۆزمەي تاماكا چېكىۋاتاتتى.

— ھەي نېمانچە قورقىمىز؟ — دېدى زۇمرەت جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى بىر مەزگىللىك بولسىمۇ غۇلجىغا قاچۇرۇۋېتەيلى. قايىت لەۋلىرىنى چىشلەپلا قالسۇن...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىغان، — دېدى كامىل بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئەمما بۇ بىر دۆلەت كادىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە مۇناسىپ ئىش ئەمەستە! يەنە بىر تەرەپتىن، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بۇنداق كەسكىن ۋاقتىدا، قولىدا بىرەر تونۇشتۇرۇشى ياكى ئىسپاتى يوق يولغا چىقسا، ئۇلارنى «قارا نوپۇس» دەپ، تەكشۈرگەنلا يەردە تۇتۇۋالىدۇ. ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى غۇلجىلىق تۇرغۇن غۇلجىغا قېچىپ كېتىپتىكەن، بىر ئايغا يەتمەيلا تۇتۇپ كەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن قېچىپتىكەن؟ — سورىدى نەفىسە.

— ئۇ كۈرەشكە ئېلىنىپ، رېجىم ئاستىدا ئىشلەۋېتىپتىكەن. . . يەنە كېلىپ، غۇلجا چەكلەنگەن رايون، ۋىلايەتلىك ساقچىنىڭ خېتى بولمىسا، كىرگىلى بولمايدۇ. كامىل قارا، — دېدى مۇرات كارىۋاتتىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ، — بىز ئۆز ئارا بىر ئامالىنى قىلساقچۇ! . . . دادام ماڭا تويۇمغا ئاتاپ بىر گىلەم ئېلىپ قويۇپتىكەن ئۇنى ھەم ۋېلىسىپىتنى ساتاي. ھېكمەتنىڭ ئۆزىنىڭ تويغا يىغقان پۇلىمۇ بار، قېتىش - قۇتاش قىلىپ، قايتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرمايمىزمۇ؟

— بۇنداق قىلىشنى مېنى ئويلىمىدى دەمسەن؟ — كامىل بېشىنى چايقىدى، — مەنمۇ ئۆيدىكى گىلەمنى سېتىشنى ئويلىغان. ئەمما مىڭ يۈەن دېگەن ئالتە - يەتتە پارچە گىلەمنىڭ پۇلى. ئەگەر ھېكمەت تويغا يىغقان پۇلىنىمۇ قايتقا بېرىۋەتسە، تويىنى قانداق ئۆتكۈزىمىز؟ تويدىن كېيىن، ئۇلارغا تۇرمۇش كېرەك بولمامدۇ؟ تۆت تامغا قاراپ ئولتۇرۇشامدۇ؟

گۈلزىبا يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىغىنىچە ھويلىغا يۈگرەپ چىقىپ كەتتى. زۇمرەت ئارقىدىن چىقماقچى بولۇۋېدى، كامىل توسۇپ قويدى. بىراق نەفىسە كامىلغا قاراپ قويۇپ، «تاماق تەييار بولدىمىكى؟» دېگەن بولۇپ، گۈلزىبانىڭ ئارقىسىدىن چىقتى.

— قارا كامىلىم، مېنىڭ پەيلىم بۇزۇلىۋاتىدۇ، — دېدى مۇرات ئاچچىقى بىلەن، — گۆشتىدىن قىزىل قەغەزنى ئېلىۋېرىپ، تويىنى شاق - شۇقلا قىلىۋەتسەك قانداق بولار؟ . . .

— بۇنداق قىلساق، گۈلزىبانى نومۇستىن ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلايمىز، — كامىلنىڭ قاپقارا قوشۇملىرى تۈرۈلدى، — بىز ئەلچىلىككە كىرگەندە، قايتنى بىر كۆنگىچە قايىل قىلالماي، مۇشۇ ئېھتىماللارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپمۇ كۆردۇق.

— ھە قورقتىمۇ؟ — مۇراتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— نەدېكىنى؟ ئۇ: «ناھايىتى ياخشى! مەن، ئۆگەي بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغاننىڭ سازايى، ھايۋان بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى ماي ئېتەر، ئادەم بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنۇڭنى قان ئېتەر» دەپ يوغان خەتتىن بىرنى يېزىپ بوينۇمغا ئاسمەندە، نەق گۈلزىبانىڭ ياتىقى ئالدىدا دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈپ بېرىمەن... ئەگەر مۇشۇنداق قىلمىسام، قايىت بولماي كېتەي...» دەپ قەسەم ئىچتى.

— قەرزگە بوغۇلۇپ جېنىدىن تويغان ئادەمنى ئۇنداق قىلمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ، — دەپ قويدى زۇمرەت.

— رەخمەت سىلەرگە دوستلار، - دېدى ھېكمەت ئولتۇرۇشۇپ قالغان كۆزلىرىدە ئۇلارغا قاراپ، — سىلەر دوستلۇق بۇرچىنى يەتكۈزدىڭلار. بىراق مەن ھەر قايسىڭلارنى تەڭلىككە سېلىپ توي قىلغىنىم بىلەنمۇ، ۋىژدان ئازابى تارتىپ قالىمەن. شۇڭا، يەنە بىرەر يىل سەۋر قىلاي. ئاتا - ئانامغا خەت يازاي، ئاندىن بىر گەپ بولار.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دېدى كامىل، — گۈلزىبا گۈلرۇز بىلەن قايتنىڭ دەردىدە دوزاق ئازابىنى تارتىۋاتسا...

ئۇلار يەنە جىمىپ كەتتى. كامىلنىڭ خىيالىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، بىردەم تېگىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن، — مەن قۇتلۇق ھاجىمنىڭ قېشىغا چىقىپ كىرەي، — دەپ قويۇپلا، ھويلىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ھايال ئۆتمەيلا، بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېلىپ كەلدى. نەفسەمۇ گۈلزىبانى باشلاپ كىردى. قۇتلۇق ھاجىم ئەھۋالدىن بىر قۇر خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھاسىسىنىڭ تۇتقۇچىغا مەشۇتتەك ساقاللىرىنى تىيەپ، خېلى ئۇزۇن جىم ئولتۇردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاتا - ئانىلارنىڭ قىز پەرزەنتلىرىنى پۇلغا سېتىشىنىڭ شەرىئەتتە گۇناھ

ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ھەتتا سۈت ئەققىسمۇ ھەددىدىن زىيادە تەلەپ قىلىنسا، ئۇنىڭ ھارام بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ياشلارغا بىر قۇر پەندى - نەسىھەت قىلدى. ئاندىن گەپنى ئۇستىلىق بىلەن ئايلاندۇرۇپ، دېمەكچى بولغان پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

—سىلەر باللىرىم گۆھەردەك ساپ، سەبىدەك پاك مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى، —دېدى بوۋاي سالاپەتلىك يۆتىلىپ قويۇپ، —مەن سىلەرگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. چۈنكى سىلەر نەۋرەم نەفىسەئايىنىڭ دوست - يارەنلىرى. . . مېنىڭچە، ئوغلۇم ھېكمەت قايىت بىلەن ئۆزى تەنھا ياكى بىرەر مويسىپىتنى ھەمراھ قىلىپ، يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىپ كۆرسۇن! . . . ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق دېگەن گەپ بار. ئەگەر قايىتنىڭ يۈرىكىدە، زەررىچە ئىنسانىي دىيانەت، تومۇرىدا مىسقالچە مۇسۇلمان قېنى بولسا، يۈزمۇ يۈز ئولتۇرغىنىدا، يەنە تاش چىشلەپ تۇرۇشقا قىزىل يۈزى يار بەرمەس. . . ئەگەر بولمىسا، قانغا مىلىنىپ ياتقاندا، جېنىغا جان قوشقان خەيرىخاھلىقنىڭ يۈزىنى بولسىمۇ قىلار. قانداق دېدىم باللىرىم؟ . . .

—رەھمەت بوۋا، دانا پىكىرلىرى بىزگە ئەقىل بەردى، - دېدى كامىل ئېگىلىپ، باشقىلارمۇ جانلىنىپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

—يەنە بىر ئىشنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي ئوغلۇم، —دېدى بوۋاي ھېكمەتكە، —ئاغزى يۇمشاق موزاي ئىككى ئانىنى ئېمەر دېگەن تەمسىل بار. سۆزلىرىڭىز مەشۇتتەك يۇمشاق، يۈرتىمىزنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك، شەمسى - قەمەر نۇرىدەك روشەن بولسۇن! . . . سۆز مەنالىرىڭىز ئىچىدە قايىتنى بۇ چاققىچە «ئاتا» ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەنلىكىڭىز ئوچۇق شەرھىلەنسۇن! . . . ياخشى سۆز تاشنى ئېرەر دېگەن ھېكمەت خاتىرە - شەرىپىڭىزدىن كۆتۈرۈلمىسۇن. . . ئىتتىكلىك، سەپرالىق، ئاچچىق كەينىگە كىرىش — شەيتاننىڭ ئىشى. ھەر قانچە قاتتىق - پىرىك گەپلەر ئۆتۈلسىمۇ، تەبىئىتىڭىزگە ئېغىرلىق يەنە ئېغىرلىقنى ھەمراھ قىلىڭ! . . .

—رەھمەت بوۋا، مىڭ ياشىغايلا! — ھېكمەت تىزلىنىپ خىزىر

سۆپەت بوۋاينىڭ ئاق يەكتەكمىنى كۆزىگە سۈرتتى، — سىلىگە خۇدايىم ساقلىق ۋە ئامانلىقنى بەرگەي! . . .

— بوۋا، هاياسىز قىزلىرىنى ئەپۇ قىلغايلا، — گۈلزىبا يىغلاپ تۇرۇپ بوۋاينىڭ يۇمشاق قوللىرىنى كۆزىگە ۋە پېشانىسىغا ياقتى، — مەندەك ئاجىزەنىڭ ئامالسىزلىقتىن يۈزۈمنى تەڭلەپ تۇرغىنىمنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسىلا. . . دۇنيادا مېنىڭدەك باغرى يارا، ئاتا مېھرىگە قانمىغان، قېرىنداشلىرىدىن خوۋلۇق كۆرمىگەن بىر بىچارە ناتىۋاننىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىلە! . . .

— تۇرسىلا، قىزىم تۇرسىلا! — دېدى بوۋاي گۈلزىبانىڭ بېشىنى سىيلاپ، — ئۆزلىرىنىڭ شەرم - هايالىق، ئىنسانىي پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكلىرىنى نەۋرەم نەفىسەدىن كۆپ ئاڭلىغانمەن. ئاللا ئادەم ئاتام ۋە هاۋۋا ئانامنى ئاپىرىدە قىلغاندىن بۇيان، بەندىلىرىنى جۈپ - جۈپى بىلەن ياراتتى. ياراتقان ئىگىسى ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىگە ئىشق ئوتىنى سالىدۇ ۋە ئۇلارنى جاپا - مۇشەققەت كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئازاب - ئوقۇبەت تارازىلىرىدا سىناپ كۆرىدۇ! . . . ئاللا. بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلىگەن كىشىلەرگىلا چىن ئاشىق - مەشۇقلۇق بەختىنى بېرىدۇ. . .

نەفىسە، زۇمرەتلەرمۇ گۈلزىباغا قوشۇلۇپ تەڭ يىغلاشتى. دوستلارنىڭ هەممىسى خۇددى قۇتلۇق هاجىمغا ئوخشاشلا بۇ بىر جۈپ ناتىۋان ياشلارغا ئاللادىن بەخت ۋە خەيرىخاهلىق تىلىدى. خۇدا ئۇلارغا ئاسانلىق بەرگەي. . .

نەفىسەنىڭ ئانىسى كارىۋاتقا داستىخان سېلىپ، تاماق ئېلىپ كىردى. قىزلارمۇ قول - قولچە قوشۇق، قېتىق ۋە نانلارنى داستىخانغا توشۇدى. ئۇلار غورا سېلىنغان ئاشنى هوزۇرلىنىپ ئىچىشتى. بەزىلىرى ئاشلىرىغا بىرەر قوشۇقتىن قېتىقمۇ قۇيۇشتى. تاماقتىن كېيىن، هېكمەت بىلەن گۈلزىبا يولغا چىقتى. دوستلار ئۇلارغا چىن كۆڭلىدىن بەخت تىلەپ، ئۇزىتىپ قويۇشتى. مۇراتنىڭ ۋىلىلداپ پارقىراپ تۇرغان ۋېلىسىپىتى يول تۆۋىنى بولغان بوستانغا قاراپ غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى.

قىپقىزىل قۇياش بوستاننىڭ باغلىرىغا باش قويغانىدى. يولنىڭ

ئىككى قاسنىقىدىكى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ياڭاقلىق، ئۆرۈكلۈك، ئانارلىق باغلار، ئۈزۈمزارلار، شاخ - شۇمبىلار بىلەن ئىھاتە قىلىنغان بېھىلىكلەر، بادامزارلار... كۆك ئاسمانغا بوي تارتقان سەگۇ تېرەكلەر قىزىل نۇر ئىلكىدە سۈس تاۋلىنىپ تۇراتتى. بۇغداي ئېتىزلىرىدا ئوت ئوتاۋاتقان قىزلار چاڭ كەلتۈرۈپ ناخشا ئېيتسا، قوغۇنلۇقلاردا پىلەك تاراۋاتقان دېھقانلار مۇكچەيگەن بەللىرىنى رۇسلاپ، ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۇنگە كۆزلىرىنى قىسىپ قارايتتى.

ھېكمەت بىلەن گۇلزىبا ئېگىز - پەس دۆڭلەردە، قېلىن توپىلىق يوللاردا ۋېلسىپېتتىن چۈشۈپ ماڭسا، سۇ باشلاپ چىقىدالغان يەرلەرگە كەلگەندە مىنىۋالاتتى. ئۇلار قايتقا نېمە دېيىش، ئۇنى قانداق ئېرىتىش، ئەڭ بولمىسا، تەلەپ قىلغان پۇلنى بولسىمۇ بىر ئاز تۆۋەنلىتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، گازۇن ئۆستىڭىدىن ئۆتۈپ، پارتىيە مەكتىپى ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئوبدانلا گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى.

— ھېكمەت، — دېدى گۇلزىبا ئاۋغان كوچىسىغا قايرىلغاندا، — ئاقمۇللا ئىمام بىلەن بىللە كىرەمسىز ياكى يالغۇزمۇ؟

— يالغۇز سودىلىشىپ باقاي دەيمىنا؟ يامىنى كەلسە، غۇلجىدىن پۇل ئەكەلدۈرۈپ بېرىش شەرتى بىلەن قەرزگە ھۆججەت يېزىپ بېرەرمەن.

— ياق، ئۇنداق قىلماڭ... ئۇلار تېخىمۇ چىڭىۋالىدۇ...

— ئۇلار؟

— تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ بۇ گۇلرۇزنىڭ ئويۇنلىرى... غۇلجىنىڭ گېپى چىقسا، ھەر ئىككىلىسى تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشىدۇ...

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، بۇمەرەمخان ھېكمەتنىڭ يۈزىگە قارىيالمايلا قالدى. ئۇ گۇلزىباغا ئېسىلىپ يىغلىدى، ھېكمەتتىن قايتا - قايتا ئەپۇ سورىدى. لېكىن گۇلزىبا ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك «ۋاي ئانا» دەپ تەسەللى بېرىدىغان ئىشنىمۇ قىلمىدى.

— دادام قېنى؟ — دېدى گۇلزىبا سوغلا، — ياكى بىر يەرگە يوقالدىمۇ؟

— نەدىن تېپىپ كەلدىكىن، ئىككى چارەك بۇغداي ئەكەپتىكەن، — دېدى

بۈمەرەمخان قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ، — ماھىگۈلنى ئېلىپ تۇگمەنگە كەتكەن.

— ئەجەپ يېڭىلىقتۇ بۇ؟ — گۈلزىبا ئانىسىنىڭ يۈزىگە قارىمىدى، — ئۇمۇ ئۆيگە بىر نېمە ئەكىرىدىكەن ـ ھە؟...

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، بەلكىم خۇدايىم كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەندۇر...

— قايسى تۇگمەنگە كەتكەن؟ — سورىدى ھېكمەت بۈمەرەمخاندىن، — مەن ۋېلىسىپىت بىلەن بېرىپ ئەكىلىپ بېرەي...

— قارا سۇ تۇگمىنىگە بارىمەن دېگەندەك قىلىۋىدى...

— شەھەرنىڭ سىرتىدىكى تۇگمەنگە ئاپارغىچە، — دېدى گۈلزىبا، — يېقىن ئارىدىكى تۇگمەنگە ئاپارسا بولمامدۇ؟

— ئۇلاردا ئۇگۇت جىق ئوخشايدۇ، بېسىق بولغاندىن كېيىن...

— گۈلزىبا، سىز ئۇ تۇگمەننى بىلسىڭىز، — دېدى ھېكمەت، — بىللە بارساق قانداق؟ قايتقاندا يولدا جاپا تارتىپ قالمىسۇن.

ئىككى چارەك يۈكنى ئەكىلىپ بېرىش گەرچە كىچىك ئىشتەك قىلىسىمۇ، بىراق قايتىشنىڭ نەزىرىدىن ئۆتۈش، ئۇنى ئازراق بولسىمۇ يۇمشىتىش ئۈچۈن، ھەممىنى قىلىشقا تەييار تۇرغان ھېكمەت گۈلزىبانى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

قارا سۇ تۇگمىنىگە بارىدىغان چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپى چەكسىز يېيىلىپ ياتقان شال ئېتىزلىرى بولغاچقا، يول تۈز ھەم قاتتىق ئىدى. قوشكۆل تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەتراپنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. گۈلزىبانى ئارقىسىغا ئېلىۋالغان ھېكمەت ۋېلىسىپىتنى جىددەللەپ ھەيدەپ، ئوچۇقچىلىقتا قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇگمەنگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار، تۇگمەننىڭ ئارقا تېمىغا يۆلىنىپ تاماكا چېكىۋاتقان قايتىنى كۆرۈپ قالدى.

— قايتىكا، بۇغدايىنى تارتىپ بولدىڭىزمۇ؟ — ھېكمەتنىڭ بۇرنىغا گۈپپلا قىلىپ قاڭسىق كەندىر ھىدى ئۇرۇلدى، — ماھىگۈل قېنى؟

— ھە... ھە...— قايىت چۆچۈپ كەتتى، — ماھىگۈلنى ئۇنىغا

قاراپ تۇرغىن، ئۇگۈتنىڭ مانجىسىنى تۆلىۋېتەي دەپ تۇگمەنگە كىرىپ كەتسەم، يوق تۇرىدۇ. ئۆيگە كېتىپ قالغانمۇ؟. . . مەن يەنە تۇگمەنگە كىرىپ باقاي. . .

قايتىنىڭ چۆچۈپ هودۇقۇشلىرى، تاققۇ ـ تۇققۇ گەپلىرىدىن هەيران بولغان هېكمەت بىلەن گۇلزىبا تۇگمەن ئىچىگە كىرمەكچىسى بولۇپ تۇراتتى، تۇگمەندىن ئۇستى ـ بېشى ئاپپاق ئۇن بولۇپ كەتكەن كەكە ساقاللىق بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇ ئەنسىرەش، قورقۇش ۋە يەنە قانداقتۇر ۋەهىمە ئارىلاش دۇدۇقلاپ كەتتى:

— سىلەر بىر. . . بىر كىمنى ئىز. . . ئىزلەمسىلەر؟

— هەئە بىر قىز بالىنى، — دېدى هېكمەت ئالدىراپ.

— ئا. . . ئاجايىپ سىرلىق ئىش، — كەكە ساقاللىق قورققىنىدىن ئەتراپىغا ئالاقزادىلىق بىلەن قارىدى، — سىرتتا بىر. . . بىر كىمنىڭ چىرقىرىغان ئا. . . ئاۋازى ئاڭلاندى. . . مەن بايىنىقى ئادەمگە قىزىڭىزغا بىر ئىش بولدىمۇ ـ نېمە؟ دېسەم، هېچ. . . هېچ ئىش يوق. . . دەپ، نەشىسىنى چېكىپ ئولتۇرىدۇ. يۈگۈرەپ چىقسام، ئىككى قارا كۆلەڭگە تاغاردەك بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ، پالاق ـ پۇلۇق قىلىپ قېچىشتى. . . هېلىقى. . . هېلىقى تاغاردەك نەرسىنىڭ ئىچىدە بىر نېمە تىپىرلاۋاتىدۇ.

— قاچان؟ — ئېغىر پاجىئەنىڭ هىدىنى سەزگەن هېكمەت ۋارقىرىۋەتتى.

— تېخى سايتتىن. . .

— نەگە ماڭدى؟

— قوشكۆل تەرەپكە. . .

— ماهىگۇل! . . . — گۇلزىبا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. بۇ چاغدا قايىت تۇگمەن ئىشىكىدە كۆرۈندى. هېكمەت ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ئېيت مۇناپىق، ئېيت دەيمەن! . . . ماهىگۇلنى كىمگە ساتتىڭ؟ هېكمەت دەرهال ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ، گۇلزىباغا ۋارقىرىدى: — جۈرۈڭ گۇلزىبا تېز بولۇڭ. . .

ھېكمەت ۋېلسىپىت پىدالىنى شۇنداق تېز تەپتىكى، تۇگمەن بىردەمدىلا كۆرۈنمەي قالدى. شامالسىز تىنجىق كېچە بولسىمۇ، ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدىن ئۇرغان شامال ئۇنىڭ كۆينەكلىرىنى تويتەك كۆپتۈرىۋەتتى. گۈلزىبانىڭ ئېتەكلىرى لەپىلدەپ تارسىلدىغان ئاۋاز چىقارماقتا ئىدى. ھېكمەتنىڭ كاللىسى ناھايىتى تېز ئىشلەۋاتتى: «ئەگەر ئۇلار ماھىگۈلنى تاغارغا سېلىپ ئېلىپ قاچقان بولسا، كۆپ ئۇزاپ كېتەلمەيدۇ، يېقىن ئەتراپتا كەنت يوق. . . ئالدىمىزدىكى دۆڭلۈكتىن ئۆتسەكلا، ئۇ تەرەپ تۈزلەڭلىك. . . ئايدىڭدا چوقۇم قارىسى كۆرۈنىدۇ. ياق، ئۇلار ئېغىر يۈك بىلەن كۆپ ئۇزاپ كېتەلمىدى. ئەمما قوشكۆل كەنتىگە ئۇلىشىۋالسا، ئۇ يەردە قوناقلىق، جىگدىلىكلەر كۆپ. . . ئۇ چاغدا تاپماي تەس. . . بەلكىم بۇ مۇناپىقلار يولدا ھاسىرىشىپ كېتىۋاتقاندۇر. . . ياكى ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇشقاندۇر؟ . . .»

— گۈلزىبا! — ھېكمەت دۆڭگە يامىشىش بىلەن قاتتىق ۋارقىرىدى، — چۈشۈپ كېتىڭ، ۋېلسىپىتتىن چۈشۈڭ دەۋاتىمەن! . . .

گۈلزىبا ۋېلسىپىتتىن سەكرەپ چۈشتىيۇ، يەردە تىزلىنىپ قالدى. لېكىن ھېكمەت ئۇنىڭغا قارىمايلا، قويۇندەك چىپىپ كەتتى. ئۇ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئايانچىلىق «ھېكمەت» دېگەن ئاۋازغىمۇ قۇلاق سالمىدى. ئۇنىڭ ئوي - پىكرى ماھىگۈلدە قالغانىدى.

قوشكۆل ئەتراپلىرىدا چەكسىز كەتكەن سازلىق ۋە شورلۇق يەرلەر بولغاچقا، يوللىرى بەزلىشىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئات - ئېشەك تېزەكلىرىگە سوقۇلۇپ جالاق قىلىپ چىققان ئاۋازنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قويۇندەك پىرقىرىۋاتقان چاقلاردىن بىر خىلدا شىرىلدىغان ئاۋازلا كېلەتتى. ئالدىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان شامالدىن ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ كەتكەنىدى. ئۇ، يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنگەن قوناقلىققا قاراپ كېتىۋاتاتتى. بۇ دېھقانلارنىڭ قالدۇق يېرى بولسا كېرەك، ئانچە چوڭ بولماي يېرىم مو ئەتراپىدا ئىدى. قوناقلىق ئىچىدە شالدۇر - شۇلدۇر قىلغان شەپىنى سەزگەن ھېكمەت ۋېلسىپىتتىن ئەمدىلا يەرگە چۈشۈپ تۇرۇۋىدى، كەتمەن تۇتقان ئاق كۆينەكلىك بىر دېھقان قېر

بېشىدا كۆرۈندى.

— ئاكا، بىر نەرسە كۆتۈرگەن ئىككى ئادەم بۇ يەردىن ئۆتتىمۇ؟ — سورىدى هېكمەت ئالدىراپ.

— قوناققا سۇ باشلاۋاتسام، قوناقلىق تۇيۇقسىز شالدىرلاپلا كەتتى، — دېدى دېهقان، — ۋارقىراپ كىم؟ دەپ يۈگۈرۈپ چىقسام، ئىككى ئاداش بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ قوشكۆل تەرەپكە قاراپ تىكىۋەتتى. ئۇلار ئوغۇرلىغان نەرسىسىنى قوناقلىققا يوشۇرماقچى بولغان چېغى...

— قاچان؟

— ۋاي تېخى مۇشۇ ئالدىلىرىدا!...

هېكمەت دېهقانغا رەخمەت دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالىغا زەرب بىلەن تەپتى... ئۇ قوناقلىقتىن ئۆتۈپ، خېلىلا ماڭغاندىن كېيىن، قوشكۆل كەنتىگە كىرىپ كېتىدىغان ئاچا يوللار ئاغزىدا قارا كۆرۈم كېتىۋاتقان ئىككى سايىنى كۆردى. ئۇلار تاغارنى دەملىشىپ كۆتۈرۈۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، بىرسى يېنىدا قول سېلىپ كېتىۋاتاتتى. كۆزىگە هېچنىمە كۆرۈنمىگەن هېكمەت «توختا!» دەپمۇ ۋارقىرىمىدى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى سالتاڭ كېتىۋاتقان ئادەمگە توغرىلاپ، خۇددى يادىن ئۈزۈلگەن ئوقتەك قويۇۋەتتى. ئۇلار ۋېلىسىپىتنىڭ شەپىسىنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ ئۇنىڭ ۋارقىراپ - جارقىرىمىغىنىغا قاراپ، يولۇچى دەپ هېس قىلىپ قالدىمۇ، خىيالىي كېتىۋاتقان قىياپەتتە يول چېتىگە سۈرۈلدى. قول سېلىپ كېتىۋاتقان ئادەم ئارقىسىغا قاراپ ئۈلگۈرمەيلا، ساغرىسىغا دەهشەت بىلەن ئۇرۇلغان زەربىدىن نەچچە موللاق ئېتىپ، بېشى يول چېتىگە گۈس قىلىپ ئۇرۇلدى -دە، ئۆزى پەسلىكتىكى بەتبۇي پۇراپ تۇرغان سېسىق سۇلۇق لاۋىلىققا چۈشۈپ كەتتى. ۋېلىسىپىتتىن هالقىپ يىقىلغان هېكمەت ئورنىدىن تۇردى - دە، تاغار كۆتىرىپ هاسىراپ كېتىۋاتقان پاكار، جاغدا ئادەمگە ئېسىلدى. تاغار گۇلۇپپىدە يەرگە چۈشتى. يول ئۈستىدە ئېلىشىش باشلاندى. هېكمەت چاققانلىق بىلەن شارتلا ئۆزىنى قاچۇرۇۋېدى، پاكارنىڭ غۇلاچلاپ ئاتقان مۇشى بىكارغا كەتتى. ئۇ ئۆز مۇشتىنىڭ سالمىقىدىن پىرقىراپ ئارقىچە دەندەرەكلەپ

يىقىلدى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. قالايمىقان مۇش ۋە تېپىكلەر بىر - بىرىگە تەگمەكتە ئىدى. بىردە ھېكمەت، بىردە پاكار ئاستىدا قالاتتى ۋە يەنە يۇمىلىنىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشاتتى. ھېكمەت ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ بويۇنلىرىدىن ئېرىق - ئېرىق بولۇپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى كۆرۈپ، پۇشۇلداشلىرىنى ئاڭلاپ، قايتىدىنلا غەيرەتلەندى. بۇ چاغدا، لاۋىغا چۇشۇپ كەتكەن تەمبەل سېمىز لايغا بۇلغانغان ھالدا، يول قىرىغا يامىشىپ چىقىۋاتاتتى. پاكار جاغدا ھېكمەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ بىر تارتىۋېدى، ئۇنىڭ كۆينىكى جارتتىدە يىرتىلدى. ھېكمەتنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر ئىش ئېسىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ، پاكارنىڭ ئىككى مۇرىسىدىن تارتىپ تۇرۇپ باش بىلەن بىر ئۇرۇۋېدى، بېشىنىڭ قەيىرىدۇر چىممىدە ئېچىشتى، لېكىن پاكار قولىنى لاسسىدە قويۇۋېتىپ، يەرگە تۇكۇردى. قان ھەم شۆلگەي ئارىسىدا ئاپئاق ئىككى نەرسە كۆرۈندى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان ھېكمەت ئۇنىڭ قورسىقىغا شۇنداق تەپتىكى، ئۇ ئارقىچە قاڭقىپ بېرىپ نەچچە پۇكلىنىپ، لاۋىلىققا چۇشۇپ كەتتى. بۇ ئەسنادا يېتىپ كەلگەن تەمبەل سېمىز ھېكمەتنىڭ چېكىسىگە بىر مۇش سېلىپ، ئۇنى ئوڭدىسىغا يىقىتىۋەتتى. ئەمدى ھېكمەت بىلەن تەمبەل سېمىز يومىلاقلىشىپ قالدى. ئۇ ھېكمەتنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ نەچچە مۇش سېلىۋەتتى. ھېكمەتنىڭ بىر قولى سېمىزنىڭ كانىيىدا، سېمىز ھېكمەتنىڭ مەيدىسىنى بېسىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر قوللىرى بىلەنلا ئېلىشىۋاتاتتى. خىقىراش، خاقىراش، ئىنجىقلاشلار باشلاندى. لاي بىلەن بۇلغانغان قاپقارا ئىششىق يۈزنى كۆرۈپ، ھېكمەتنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلىدى، ئۇ تەمبەل سېمىزنىڭ قولىنى يانپېشىغا سوزغان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مەيدىسىدىكى قولىنى بىرلا تارتىپ چۇشۇرۇۋېتىپ، يانتۇ بولۇۋالدى. ئەمدىلىكتە ئىككىسى ئۆرىدەپ ئېلىشماقتا ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ پىچاقلىق قولىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئالدىغا قاتتىق تېپىۋەتتى. سېمىز جان ئاچچىقىدا، پىچاقنى بىرلا سىلكىپ، ھېكمەتنىڭ بىلىكىنى تىلىۋەتتى. ئۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ پىچاق تۇتقان قوللىرى بىلىكىدىن قاماللىۋالغان قوللارنى بېسىپ، ھېكمەتنىڭ بوغزىغا يېقىنلاپ قالغانىدى.

ھېكمەت مۇشۇ ياقا يۇرتلاردا، قانداقتۇر بىر قىمارۋازنىڭ قولىدا نام - نىشانسىز ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ . . . مانا، ھېلىقى چاغدا ئوغرىمۇ ئاغزىلىرىدىن قان ساقىتىپ، توختىماي تۈكۈرۈپ، يول قاسنىقىغا چىقتى. ئەمدى زادى ئۈمىد قالمىدىمۇ؟ . . . بىرسى بىلەن كۈچ ئېلىشالماي تۇرغىنىدا، ئىككىسىگە قانداق تەك كېلەلەيدۇ؟ . . . خالىس نىيەتلىك كىشى ياخشىلىق يولىدا مۇشكۈلاتقا ئۇچرىغاندا، قىسمەت ئۇنىڭغا ھىممەت قولىنى سوزىدۇ دېيىشكەنلىرى قېنى؟ . . .

تەمبەل سېمىزنىڭ ياقىسىنى بوغۇۋالغان ھېكمەت قولىنى بوشاتتى - دە، ھەر ئىككىلا قولىدا ئۇنىڭ پىچاقلىق قولىنى قايرىپ ئەكىلىپ، شۇنداق چىشلىدىكى، ئۇنىڭ قولىنىڭ بىر پارچە گۆشىنى تېرىسى بىلەنلا ساڭگىلىتىپ قويدى، شۇ ئارىلىقتا پىچاق مۇرىسىگە سانجىلىپ ئۆتتى. تەمبەل سېمىزنىڭ ئاغرىققا چىدىيالماي ۋارقىرىغان دەھشەتلىك ئاۋازى تۈن كېچىنى قىلىچتەك كېسىپ ئۆتتى. ئۇ، قولىنى شارتلا تارتىپ ئېلىۋېدى، پىچاق يەنە ھېكمەتنىڭ باشمالتاق ئارىلىقىنى تىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. . .

— نىياز، قېنى سەن؟ — ۋارقىرىدى سېمىز قول بىلىكىنى سىقىمدىغىنىچە، — بول دەيمەن ھەزىلەك. . .

— مانا مەن ماموتكا! — خىرقىرىدى پاكار جاغدا، — بۇ توكۇۋاشنى ئۆزەم بوغۇزلايمەن. . .

خۇدانىڭ ھىممىتىگە مىڭ قەترى شۈكرى! . . . ئۇ ھېكمەتنىڭ جېنى ھالقۇمىغا كەلگەندە قۇتقۇزسام تېخىمۇ ئېتىبارى بولار، دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ. . . يىراقتىن گۈلزىبانىڭ توختىماي «ھېكمەت» دەپ چاقىرغان ئاۋازى، يەنە قانداقتۇر بىر ئەر كىشىنىڭ «هاي. . . هاي» دەپ تۇۋلىغىنى ئاڭلاندى. ئىككى ئوغرى يۈگرەپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇنى تاشلاپ قويۇپ قاچتى. ھالسىزلىنىپ كەتكەن ھېكمەت سەنتۈرۈلۈپ يۈرۈپ يول چېتىدە ياتقان تاغارنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ چىڭ بوغۇلغان چىگە ئاغامچىنى چىشى بىلەن چىشلەپ يېشىۋاتقاندا، گۈلزىبا بىلەن كەتمەن كۆتۈرگەن بىر دېھقان ھاسىرىشىپ يېتىپ كەلدى. ئۇلار،

تاغار ئىچىدىن بىھوش ياتقان ماھىگۈلنى تارتىپ چىقىرىشتى، ئۇنىڭ ئاغزىدا پۇرلاپ تىقىلغان ئاق شاپاق دوپپا بار ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتكەن، كۆينەكلىرى يىرتىلىپ كەتكەچكە، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن كۆكسى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ كىرپىكلىرى بوستاندەك چېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتاتتى. ھېكمەت كۆينەكنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان پارچىلىرىنى جايىغا كەلتۈرۈپ يېپىپ قويغاندىن كېيىن، تومۇر سوقۇشىنى بىلىش ئۈچۈن بويىنىدىكى تومۇرىغا بارماقلىرىنى باستى.

— ماھىگۈل... ماھىگۈل ئۇكام؟ — گۈلزىبا ئۇن سېلىپ يىغلىماقتا ئىدى، — كۆزۈڭنى ئاچقىنا... مەن ئاچاڭ گۈلزىبا...

— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت، — ياغلىقىڭىزنى سۇغا چىلاپ كېلىڭ.

— قىزچاق قورقۇپ كېتىپتۇ، — دېدى دېھقان ماھىگۈلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئوڭلىنىپ كېتىدۇ...

— نېمە يىغلاۋېرىسىز؟ — ھېكمەت گۈلزىباغا قاتتىق ۋارقىرۋەتتى، — مەن سىزنى نېمىگە بۇيرىغان؟...

گۈلزىبا سەكرەپ تۇردى ـ دە پەسكە چۇشۇپ ياغلىقىنى سۇغا چىلاپ ئېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا، ھېكمەت ماھىگۈلنى كۆتۈرۈپ تاغار ئۈستىگە ياتقۇزغانىدى.

— سۇ بەك سېسىق ئىكەن، — دېدى گۈلزىبا ساق يېرى قالمىغاندەك قانغا بويىلىپ كەتكەن ھېكمەتكە قاراپ، — بېلىڭىزدىن قان ساقىۋاتىدۇ.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ھېكمەت ھۆل ياغلىقنى سىقىۋېتىپ، — نېمىلا بولسا، ماھىگۈلنى قۇتقۇزۇۋالدۇق...

پېشانىسىغا قويۇلغان ھۆل ياغلىق تەسىر كۆرسەتتى، ماھىگۈل ئىڭراپ بېشىنى مىدىرلاتتى. ئۇلار ھەممىسى ھۇشىغا كەلدى دېيىشىپ، قىزنىڭ مەسۇم چىرايىغا قاراشتى.

— ئۆزلىرى ئورۇقلا بالىكەنلا، — دېدى دېھقان ھېكمەتكە، — بۇ ئىككى ئوغرىغا قانداقمۇ تەڭ كەلگەنلا؟

— جان تۇمشۇقتا كەلگەندە، كۆزگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيدىكەن...

— ۋاي خۇدايىم، مەيەردە كاللەكلا قان تۈرىدىغۇ؟ — دېدى دېھقان يەرنى كۆرسىتىپ، — ۋۇي، تېخى ئىككى تال چىشمۇ بار ئىكەن!

— سىزنىڭ چىشىڭىز؟ — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتكە قاراپ.

— ياق، ئاشۇلارنىڭ چىشى!... لېكىن ئۇلار مېنى بوغۇزلىۋېتكىلى قىللا قالدى...

— يارايلا جۇمۇ، يارايلا... يا... ياق.. بولىدىكەنلا... ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپلا!...

— گۈلزىبا، سىز ۋېلسىپىتنى يېتىلەڭ، —دېدى ھېكمەت، — مەن ماھىگۈلنى كۆتۈرەي. بۇ قارا سۇ بەك بەدبۇي پۇرايدىكەن...

— مەن سۇ تۇتۇۋاتقان يەردە، — دېدى دېھقان قوناقلىقنى كۆرسىتىپ، — ئاق سۇ بار. شۇ يەرگە بېرىپ قىزچاقنى بىر ئاز ئارام ئالدۇرۇپ مېڭىشسىلا...

ھېكمەت ماھىگۈلنى بىلەكلىرىگە ئېلىپ دەس كۆتەردى. بۇ زىلۋا، نازۇك قىز يېنىك ئىدى. گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ يىرتىلىپ ساڭگىلاپ قالغان ياقىسىغا، پارە - پارە بولۇپ قىپقىزىل قانغا بويالغان كۆينىكىگە، ھېلىھەم قان تەپچىپ تۇرغان بىلەك، مۈرىلىرىگە، چاچ ئارىسىدىن تەپچىرەپ ئېقىز جاۋغايلىرىدا قېتىپ قالغان قانغا قاراپ، مىچىلداپ يىغلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— بۇياق، — دېدى دېھقان گۈلزىباغا قاراپ قويۇپ، — خوتۇنلىرى بولامدۇ؟

— شۇنداق...

— بۇ قىزچۇ؟

— ئاياليمنىڭ سىڭلىسى بولىدۇ، — دېدى ھېكمەت ھېچكىمگە قارىماي، — سۇغا چىققان يېرىدىن ئوغرىلاپ ئېلىپ قېچىپتۇ...

— خۇدايىم يولەپتۇ ئۆزلىرىنى، ئەر - خوتۇننىڭ نىيىتى خالىس بولسا، — دېدى دېھقان قىسقا، قارا ساقىلىنى سىيلاپ قويۇپ، — ھەر قاچان خۇدا ئۇلارغا يار بولىدۇ، مەدەت بېرىدۇ... بولمىسا، بىر

ئادەمنىڭ توغرا قتەك ئىككى بۆلاگچىغا تېتىمىقى ئاسان ئىشمىدى؟
ھېكمەت دېھقانغا رەخمەت ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، يول چېتىدىكى ياپيېشىل چىملىققا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە ئاپئاق بۇژغۇنلار چاچرىتىپ چۇشۇۋاتقان ئازما بار ئىدى. گۇلزىبا سۇغا يېقىنراق يەرگە سالغان تاغار ئۈستىگە ماھىگۇلنى ياتقۇزدى. ئاندىن ياغلىقىنى ھۆل قىلىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى پاكىزە سۈرتۈپ يۇيدى. ھېكمەت ئۇچۇمىدا سۇ ئېلىپ كېلىپ، بارماق ئارىلىقلىرىدىن قىزنىڭ لەۋلىرىگە تېمىتتى. ئۇ سوغۇق سۇنىڭ ھۆللىكىنى سېزىپ، «سۇ... سۇ...» دېگىنىچە، كۆزىنى ئاچتى. ھېكمەت ماھىگۇلنىڭ بېشىنى دەرھال قۇچىقىغا ئالدى. گۇلزىبا ئۇچۇمداپ سۇ ئىچكۈزدى. بىر چاغدا، ئۇنىڭ چىرايلىق، ئۇماق لەۋلىرى ئۇمچىيىپ، يىغلىۋەتتى.
ئاسماندا تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سىرلىق نۇرىغا چۈمگەن ياۋا قومۇشلار، ئېرىق بويىدىكى ئەمەن، لويلا، سۇتلىگەن، قۇشقۇراق تىكەنلەر، ئازمىدىن بۇلدۇقلاپ چۇشۇۋاتقان سۇلار بۇ ئۈچ دەردمەنىنىڭ ھالىغا يەتكەندەك شىلدىرلىشاتتى، شىۋىرلىشاتتى، بوش گۇڭگۇلدايتتى.
— ئۇكام ماھىگۇل... بۇ مەن ئاچاڭ... — گۇلزىبامۇ يىغلىۋەتتى.
— ماھىگۇل سىڭلىم، قورقماڭ ـ ھە! ... مانا بىز بار... ئەمدى ھېچقانداق ئىش يوق... — دېدى ھېكمەت قۇچىقىدا ياتقان قىزغا ئېگىشىپ، — سىزگە ھېچنىمە بولمىدى.
— ئۇكام، سېنى ھېكمەت ئاكاڭ قۇتقۇزۇۋالدى. قارا ئۇنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى...
ماھىگۇل بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېكمەتنى تونىمايلا قالدى. يىرتىلىپ، ساڭگىلىشىپ، مازارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىدەك بولۇپ كەتكەن قان كۆينەك، پېشانىسى، يۈزىدىكى كۆپكۆك ئىششىقلار، قان ئۇيۇپ قارىداپ كەتكەن سول كۆزى ئۇنى خېلىلا دەھشەتلىك ئۆرۈشتىن چىققان ئادەمگە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

— ھېكمەت ئاكا! — ماھىگۈل ئۆزىنى ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. . .

— گۈلزىبا، سىز ئىچىڭىزدىكى مايكىنى سېلىڭ، — دېدى ھېكمەت بۇيرۇق ئاھاڭىدا، — ئەنە ئاۋۇ ياۋا قومۇشلۇق ئىچىدە، ماھىگۈلگە كىيگۈزۈپ قويۇڭ. كۆينەكلىرى يىرتىلىپ كېتىپتۇ. . .

گۈلزىبا قومۇشلۇق ئارىسىدىن ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. مايكىنى ماھىگۈلنىڭ كۆينىكىنىڭ ئۈستىگىلا كىيگۈزۈپ چىققاندى. ئۇ ئېرىق بويىدا قوللىرىنى سۇغا چىلاپ يۇيدى. ئاندىن بېشىدىكى ياغلىقنى يىرتىپ ھېكمەتنىڭ بىلىكىنى، مۇرىسىنى تاڭماقچى بولۇۋېدى، ھېكمەت كۆينەكنىڭ چاپلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئاجراتسا قاننى توختاتماق تەس بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ زادى ئۇنىمىدى.

— نېمە، بېشىڭىزغىمۇ پىچاق تەككەنمىدى؟ — دېدى گۈلزىبا چۆچۈپ، — چېچىڭىزدا قان ئۇيۇپ قاپتۇ. . .

— ياق، ھېلىقى ئوغرىنىڭ چىشى پېتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئاغزىغا باش بىلەن ئۇرغاندا، بېشىم ئېچىشقاندەك قىلىۋېدى. . .

— ئەكىلىڭ، ئاغزىڭىزنى سۈرتىۋېتەي، قان قېتىپ قاپتۇ، — گۈلزىبا ھۆل ياغلىقى بىلەن ھېكمەتنىڭ ئاغزىنى سۈرتىۋاتقاندا، ماھىگۈل يەرگە قارىۋالدى. . .

— ماھىگۈل، — دېدى ھېكمەت خىلىلا ئوڭلىنىپ قالغان قىزغا، — سىزنى ئېلىپ قاچقاندا، ۋارقىرىمىدىڭىزمۇ؟

— دەسلەپتە چىرقىرىدىم. ئارقىدىن «دادا!» دەپ ۋارقىرىدىم، — دېدى ماھىگۈل يىغلامسىراپ، — ئەمما ئۇلار ئاغزىمغا دوپپىسىنى تىقىۋەتكەندىن كېيىن، ۋارقىريالمىدىم. ئاندىن قولۇمنى باغلىدى.

— بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا دەپ يۈرمەڭ، بولامدۇ؟ . . . بۇ گېپىمنى قۇلىقىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ! . . .

— ماقۇل، ھېكمەت ئاكا! . . .

ئۇلار تاغارنى قاتلاپ قويۇپ، ماھىگۈلنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، يولغا چىقىشتى. ھېكمەتنىڭ پىچاق تەككەن

بىلەك، مۇرىسى، پىچاق تىلىۋەتكەن بارمىقى خۇددى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىۋاتسىمۇ، ئۇ دىل ئاغرىقى ئالدىدا ئۇلارنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆڭۈلسىز ئىشلار كەچمەكتە ئىدى. بۇ دۇنيادا، ئادەمنىڭ ھايۋانلىقى تۇتقاندا، ھايۋاننىڭ ئۆزىگىمۇ يەتمەيدىكەندە! ئۇلار شۇملۇقنىڭ ئەلچىسى دەپ قارايدىغان قاغا چىغىدا، نە - نەلەردىن قۇرت - قوڭغۇز، بۇغداي - قوناق دېگەندەك نەرسىلەرنى توشۇپ كېلىپ، بالىلىرىنى باقىدۇ... چوڭ قىلىپ ئۇچۇم قىلىدۇ... بالىلىرىغا مېھرىبانلىق كۆرسىتىشتە، ۋەھشىي شىرنىڭ ئالدىغا ھېچبىر ھايۋان ئۆتمىسە كېرەك...

ھېكمەت رۇس يازغۇچىسى تۇرگېنېۋنىڭ «ئوۋچى» ناملىق ھېكايىسىنى زادىلا ئۇنتالمايدۇ. ئۇنىڭدا، ئانا قۇشقاچنىڭ تېخى ئۇچۇم بولمىغان سېرىق تۈك بالىسىنى قوغداش يولىدا، خىرس قىلغان ئوۋ ئىتىغا ئېتىلغانلىقى، ئۇنىڭ ئىتنىڭ ئۆزىنى يەۋېتىشىدىن، بوغۇپ تاشلىۋېتىشىدىن زادىلا قورقمىغانلىقى يېزىلغان. قايسىدۇر شائىر ئۆزىنىڭ «ئۇمۇ ئانا» دېگەن داستانىدا، پادىدىن قايتقان كالىنىڭ ئۆيگە يېتىپ كېلەلمەي، كونا تاملىق ئىچىدە موزايلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ موزايىنى يېيىش قەستىدە بولغان ئاچ بۆرە بىلەن يېرىم كېچىگىچە ئېلىشقانلىقىنى، ئاخىرى مۈڭگۈزى بىلەن بۆرىنى تامغا نىقتاپ، تاڭ ئاتقۇچە تىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن... ئىنسانلار كالىنى تېخى دۆت دېيىشىدۇ، بىر - بىرىنى «كالىدەك دۆت نېمە ئىكەنسەن!» دەپ ئەيىبلىشىدۇ. ئەمما، ئاشۇ ئادەملەر پەرزەنتلىرىگە بولغان مۇئامىلىدە ئاشۇ دۆت كالىدەك، شۇم قاغىدەك، ۋەھشىي شىردەك، بالىسى ئۈچۈن ئۆلۈمدىن قورقمىغان كىچىككىنە قۇشقاچتەكمۇ بولالمىسا؟... خۇدايىم بۇ بەندىلىرىنى قانداق يارىتىپ قويدىكىن تاڭ؟...

ھېكمەت قايىتنى «مۇناپىق» دەپ تىللىدى. ئەسلىدە ئۇنى ئاكا ياكى دادا دەپ ئاتىسا بولاتتى. بىر لەنەتكەردى قىمارۋاز، ئوغرى، نەشكەشكە بۇنچىۋالا يېلىنىش، خۇشامەت قىلىش ئەرزىيدىغان ئىشمىدى؟ ياق... ھېكمەتنىڭ غۇرۇرى بۇنىڭغا يول قويمايتتى. پەقەت ئۇ بىچارە گۈلزىبا ئۈچۈنلا، شۇنداق مۇئامىلە قىلىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. قۇتلۇق

هاجىمنىڭ «ئاغزىڭ يۇمشاق بولسۇن...» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىزىنى ئاستىرتتىن قەرزگە تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بىلىپ، گۇلزىبانى، قۇتلۇق هاجىمنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى، ئۇنى بوغدى، هەتتا تىللىدى!... ئەمدى تۇگىدى، هەممىسى تۇگىدى!... ئەمدى قايتىنىڭ تېزىكى قاتتى. ئۇ هېكمەت بىلەن مەڭگۇ دۇشمەنلىشىدۇ. دۇمبا - تېپەك، تىل - ئاهانەتلەر ئاستىدا قولغا ئايلانغان بۇمەرەمخان ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنلۇكرەك يۆتىلەمەيدۇ... ئانا دېسە، قىرىق كۇنلۇك يەردىن كۆز يېشىنى تۆكۈپ يۈگرەپ كېلىدىغان گۇلزىبا بۇمەرەمخانىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايدۇ... ئەگەر ئەھۋال شۇنداقلا بولسا، هېكمەت بىر ئۆمۈر ئۆيلەنمەي ئۆتىدۇ، بويتاق ئۆتۈپ كېتىمەن دەپ قەسەم ئىچسە بولىدۇ...

ماهىگۇل ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىدا ئىگەرگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلىماقتا ئىدى. گۇلزىبا دىل خەستىلىكىدە ئازابلىنىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ قانداق بولۇپ مۇشۇنداق بىر ئائىلىگە باغلىنىپ قالدى - هە؟ پېشىنى قېقىپ چىقىپلا كەتسە، هېكمەت بىلەن تويىنى قىلىپ، بەخت ئىچىدە يايرىسا بولمامدۇ! كۈن ۋە تۈن هېكمەتنىڭ خۇشخۇي چىرايىغا قاراش، شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاش، مۇڭلۇق ناخشىلىرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈش نەقەدەر كۆڭۈللۈك بولار ئىدى - هە!... بۇ گۇلزىبانىڭ ماڭسا خىيالى، ئۇخلىسا چۈشى ئىدى!... ئۇ يەنە نېمىگە تارتىنىدۇ؟ ئانىسىغىمۇ؟

گۇلزىبا خۇددى قۇشخانىدىن چىققاندەك بولۇپ كەتكەن هېكمەتكە ئىپتىخارلىق بىلەن كۆز قىرىنى سالدى. ئۇ بولسا ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ قەيەرگىدۇر تىكىلىپ قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— جىمىپ كەتتىڭىزغۇ هېكمەت؟ — دېدى گۇلزىبا ئۇنىڭغا ياندىن قاراپ، — سىز مېنىڭدىن، ئائىلىمىزدىن بىزار بولدىڭىزغۇ دەيمەن!.

— ئۇنداق دېگۈچە، — دېدى هېكمەت تۈزۈت قىلمايلا، — سىزنىڭ ياۋۇزلۇقىڭىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېسىڭىز بولمامدۇ!...

— بۇنى قانداق ياۋۇزلۇق دېگىلى بولسۇن؟ — گۇلزىبا يالتىيىدە قاراپ قويدى، — مەن... مەن هېلىقىلارنىڭ چىشىنى تۆكۈپ، بىلەك

گۈشلىرىنى ئۇزۇۋەتكەنلىكىڭىزگە ھەيران بولۇۋاتىمەن. . .

— مەندە ئۇنچىلىك باتۇرلۇق، كۆشتۈگۈرلۈك يوق، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا يۇۋاش ئىدىم. باللار بىلەن ئۇرۇشمايتتىم. بىراق چوڭ باللار داۋاملىق كىچىك باللارنى دەي - دەيگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئۆزلىرى تاماشا كۆرەتتى. بەشىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى، مېنى ئەبەي ئىسىملىك ساپسېرىق بىر بالا بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇشتى، مەن ئۇچاغدا، ئۇرۇشۇشنىمۇ، مۇش ئېتىشنىمۇ بىلمەيتتىم. ئەبەي مېنىڭ ئىككى مۈرەمدىن چىڭ تارتىپ تۇرۇپ، ئىككى - ئۈچ باش قويۇۋېدى، ئاغزى - بۇرنۇم قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، ئۇدۇلدىكى بىر چىشىم چۈشۈپ كەتتى. مەن ئاپام بىلەن دادامغا «يىقىلىپ چۈشتۈم» دەپ يالغان ئېيتتىم. كوچىمىزدىكى ئاغىنەم ھاجى ئەكبەر بۇنى ئاڭلاپ، ماڭا ھەر كۈنى باش قويۇش، مۇش ئېتىشنى مەشق قىلدۇردى. بۇ كۈنلەردە، ئەبەي «ھېكمەت مەندىن قورقىدۇ، ئۇنى يەڭدىم. . .» دەپ، مېنى مەكتەپ ئىچىدە بوزەك تېپىپ، يۈرگىسىزلا قىلىۋەتكەنىدى، ئاخىرى بىر كۈنى، ئىزاغا چىدىماي، ئۇنى «دۇئىل»غا چاقىردىم. قار راسا قېلىن ياغقان چاغلار ئىدى. چوڭ - كىچىك باللار مەكتەپ بېغىغا يىغىلدى. مەن چاپان، جىلتىلىرىمنى قارغا تاشلىدىم. ئىككىمىز مۇشلاشقا چۈشتۇق. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىشتكەن ئىزا - ئاھانەتلىرىمنىڭ ئۆچىنى بىر يولىلا ئالدىم. ئاۋۋال مۇشلاشتۇق. مەن ھاجى ئەكبەرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە، ئۆزەمنى قاچۇرۇپ يۈرۈپ، ئانچە مۇش تەككۈزمىدىم. ئۇ قاردا پالاقلاپ يۈرۈپ راسا ھارغاندا، بىر يولىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ مۇش ياندۇرۇشىغىمۇ ئىمكان بەرمىدىم. ئاخىرى، ئىككى مۈرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، بىر نەچچە باش قويۇۋېدىم، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قاندىن قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى تاياققا چىدىمىدىمۇ، ئۇ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. مانا شۇ چاغدىكى ئىشلار ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

ھېكمەت گۈلزىبانىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەچ، ئىككى

ئوغرى بىلەن ئېلىشىش جەريانىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى.

— گۈلزىبا، توي ئىشىمىز سۇغا چىلاشتى،— دېدى ھېكمەت ئېغىر خورسىنىپ،— ئەندى قانداق قىلىمىز؟ قايىتكامنى تىللاپ قويدۇم. ئۇ تېخىمۇ قېتىۋالىدۇ...

— بىر مەزگىل توختايلى... بىر ئامالى تېپىلار...

— قايىتكامنىڭ سىزنى باشقا بىرسىگە ياتلىق قىلىش نىيىتى بارمۇ - يە؟

— مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇنداق بولسا، بۇ چاغقىچە بىرەر شەپىسى بولمامدۇ؟

— ھەر ھالدا ئۇنىڭ بۇنچىلىك قاتتىقلىق قىلىشىدا بىرەر سەۋەب بار.

— نېمە سەۋەب بولاتتى؟ ئۇ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتى،— دېدى گۈلزىبا ئاچچىقى بىلەن،— قىمارۋازلار ئۇنىڭغا بىكارغا پىچاق تىقمىدى... ھازىر ئۇ ئايلاپ - ئايلاپ يوقاپ كېتىدۇ. ئاڭلىساق، باشقا ناھىيە، يېزىلاردا قېچىپ يۈرۈيدىكەن. ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئەنسىرىگىنىچە بار. ئۇ ماھىگۈلنىمۇ مانا بۈگۈن قەرزگە تۇتۇپ بېرىپتۇ.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا يېرىم كېچىدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئەنسىرەشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بۇمەرەمخان ھويلىدىكى سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇ ماھىگۈلنى كۆرۈپلا سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ، ئۇنى باغرىغا باستى. گۈلزىبا يۈز بەرگەن ئىشنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، بۇمەرەمخان ئۈن سېلىپ يىغلاپ، ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ كەتتى. ئۇ قايىتنىڭ ئەلپازىنى بىلىپ تۇرۇپ، ماھىگۈلنى قېتىپ قويغانلىقىغا پۇشمان قىلىۋاتاتتى. بۇ ئەسنادا، گۈلرۇزمۇ ھوجىرىسىدىن چىقتى. ئۇ قىزىل نېپىز ئىشتان، يېڭى يوق مايكا كىيىۋالغانلىقى ئۈچۈن يوغان ساغرىلىرى لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ، چوڭ كۆكسى تىترەپ تۇراتتى.

— ۋاي خۇدايىم، ھېكمەت بالام سىزگە نېمە بولدى؟ — بۇمەرەمخان ھېكمەتنىڭ يىرتىلغان قان كۆينەكلىرىگە ئېسىلدى، —چاپسانراق سىلىڭ، گۈلرۇز، داداڭنىڭ كۆينىكىنى ئاچىقىپ بەرگىن!

— ياق، بولدى، ئۇنىڭ كۆينىكىنى كىيمەيمەن،— دېدى ھېكمەت

تەپ تارتمايلا، — مەن هازىرلا كەتمەكچىمەن. . . قايىتكام كەلدىمۇ؟
— ياق، ئۇ كەلمىدى. . .
— قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئەگەر بولغان بولسا، ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى، — دېدى هېكمەت ئاچچىقى بىلەن، — بۇمەرەمخان ئاچا، كەچۈرسىلە، مەن ماهىگۈلنى ئېلىپ كەتمەكچى. . . قېنى گۈلزىبا، سىز ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن جىلتىسىنى ئېلىپ چىقىڭ!
— هەي قەلەندەر، مېنىڭ يۈەن تاپالمىغان هالىڭغا نېمە يوغانچىلىق قىلىسەن؟ — دېدى گۈلرۇز داپشىنىپ كېلىپ، — ماۋۇ جالاپنى خوتۇن قىلغىنىڭ ئاز كېلىپ، ئەمدى ئۇن بەش ياشلىق سىڭلىمنى بوزەك قىلاي دەمسەن؟ . . .
— گۈلرۇز، ئاغزىڭنى يىغ! — ۋارقىرىدى بۇمەرەمخان.
— هەي بۇزۇق، ئاغزىڭدىن نېمە پوق ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلزىبا دېۋەيلەپ كېلىپ، بۇزۇقلۇق، ئەسكىلىك، قۇۋلۇق - شۇملۇق سەندىن ئاشامدۇ! . . .
— هەي ئالۋاستى، — دېدى هېكمەت گۈلرۇزغا قولىنى شىلتىپ، — مېنى بىلمەيدۇ دېمە، مېنىڭ يۈەن شەرتىنى قويغانمۇ سەن، داداڭ بىلەن بىرلىشىپ ماهىگۈلنى تۇتۇپ بەرگەنمۇ سەن! . . . ئىككىڭنى ساقچىغا مەلۇم قىلىدىغان بولسام، تۈرمىدە سېسىپ كېتىسەن! . . .
— ماڭە، بېرىپ چاق! . . . بارمامسەن؟ — دېدى گۈلرۇز لىغىرلاپ كېلىپ، — ماهىگۈلنى تۇگمەندىن بۇلاڭچىلار ئېلىپ قاچسا، دادام جاۋابكارمىكەن؟ . . . ياكى ئۇ بۇلاڭچىلارغا ئۆگىتىپ قويۇپتىمىكەن؟
— سەن ئاساسسىز سۆزلىرىڭ بىلەن مېنى قورقۇتالمايسەن! — دېدى هېكمەت ۋارقىراپ، — ئەگەر ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا، نېمشقا قىزنى ئىزلىمەي قېچىپ كېتىدۇ؟ ماهىگۈل ۋارقىرىغاندا، ئۇ چىقمايدىيۇ، تۇگمەنچى چىقىدۇ. . . ماهىگۈلنى كىمگە ساتتىڭ؟ دەپ گېلىنى بوغسام، گەپ قىلالماي قالدىغۇ؟
— بولدى قىلىڭلارچۇ بالىلىرىم، — بۇمەرەمخان مەيدىسىنى تۇتۇپ

يۆتىلىپ كەتتى، — چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. . .

— بولدى ئانا، ھەقىقەتنى سۆزلىگىنى قويۇڭ، — دېدى گۈلزىبا ماھىگۈلنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — گۈلرۇز بىلەن قايتىلا مۇشۇ ئۆيدە بولىدىغان بولسا، ماھىگۈلگە ياخشىلىق يوق! . . .

— ھەي دىۋانە ئەپەندى، ئەجەپ ۋالاقلاپ كەتتىڭغۇ؟ — گۈلرۇز ئېتىلىپ كەلدى، — گەجگەڭگە مۇشتلىمىغۇچە ھويلىدىن چىقمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ . . .

— كېلە قېنى! كەل، بولسا پىچاق، قىڭراق كۆتۈرۈپ كەل! مانا بۇ يەر، ماۋۇ يەرلەرگە، — دېدى ھېكمەت جاراھەتلىرىنى كۆرسىتىپ، — بولاڭچىلار پىچاق ئۇردى، بەدىنىمنىڭ ساق يەرلىرىنى ساڭا ئاتاپ قويدۇم. . .

گۈلرۇز تىلسىقاندەك بولۇپ، جايىدا توختاپ قالدى - دە، ھېكمەتنىڭ قان ئۇيۇپ كەتكەن جاراھەتلىرىگە، قىپقىزىل بويىلىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان كۆينەكلىرىگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— قارا بۇنىڭغا! — دېدى گۈلزىبا قەغەزگە ئوراپ ئېلىۋالغان ئىككى چىشنى كۆرسىتىپ، — بۇ ھېكمەتنىڭ چىشى ئەمەس، بەلكى بولاڭچىنىڭ چىشى! . . . مەن بۇنى ماھىگۈلنىڭ بۇ قاباھەتلىك چۈشنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئېلىۋالدىم. . . ئەگەر ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ئادەم گۆشىنى كۆرمەكچى بولساڭ، قوشكۆل كەنتىگە بار! . . .

ھېكمەتنىڭ قان يىغىلىپ قالغان كۆزىگە، پېشانە، مەڭزىدىكى كۆك ئىششىقلارغا قارىغىنىچە، گۈلرۇز ئارقىغا چېكىندى، ئۇ گۈلزىبانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قورقۇپ قالغانىدى. ئەلۋەتتە ئىككى بولاڭچىنى ئۆزى يالغۇز ئۇرۇپ چىشلىرىنى تۆكۈپ، گۆشىنى يۇلۇۋالغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ - دە! . . .

— ماھىگۈل، مەن بىلەن كېتەمسىز ياكى قالامسىز؟ — دېدى ھېكمەت مىچىلداپ يىغلاۋاتقان قىزغا قاراپ، — يەتتىنچى سىنىپ بىزنىڭ مەكتەپتە بار. . . سەككىزگە چىققان ۋاقتىڭىزدا تولۇق ئوتتۇرىدا ياتاقلىق سىنىپقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم ئوقۇتىمەن. . .

ھويلىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆككەندى. بۇمەرەمخان بىلەن گۈلرۇز زۇۋان سۈرەلمەي، ماھىگۈلگە قاراشتى. گۈلزىبامۇ سىڭلىسىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

— مەن... مەن...— ماھىگۈل يىغلىغىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ ھېكمەتنى قۇچاقلىۋالدى،— ھېكمەت ئاكام بىلەن كېتىمەن... بۇ ئۆيدىن قورقىمەن، بەكلا قورقىمەن...

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە مەكتىپىڭىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ، رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئۆتەيمەن...

گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈل ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، سومكا ۋە بوپىلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى. ھېكمەت ئۇلارغا خوش دېمەيلا، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ سىرتقا چىقتى. ئۇلار ماھىگۈلنى ئارقىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىشتى. چۈنكى، ھېكمەتنىڭ پىچاق تىلىۋەتكەن بىلىكى رولنى چىڭ بېسىپ ئولتۇرۇشقا يار بەرمەيتتى. ئۆزىمۇ چارچاپ قالغانىدى.

ئۇلار تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە، ئادەمسىز تىمتاس شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، بوستانغا قاراپ مېڭىشتى. يېزا يوللىرى سالقىن ئىدى. ئەتراپتىن سۇلارنىڭ شارقىرىشى، تۈن قۇشلىرىنىڭ چۇۋ - چۇۋ قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتۈشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئاي ئاللاقاچان يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ساھىللىرىغا قىڭغىيىپ كەتكەنىدى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئىلەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ۋېلىسىپىتنى ئىتتىرىپ دۆڭگە ئېلىپ چىققاندا، باش توخۇ چىللىدى. بوستاننىڭ ئىككى تەرىپى تېرەكلىك چوڭ يولى تىۋىشسىز بولۇپ، يېنىك سەلكىن شامال چىقىپ تۇراتتى.

— ئاچا،— دېدى ماھىگۈل گۈلزىبا بىلەن كېتىۋېتىپ،— بىر - ئىككى قېتىم، گۈلرۇز ئاچامنىڭ بىر ھەربىي ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى سەن تونۇمسەن؟

— ياق،— گۈلزىبا دەرھاللا ھېكمەتكە قارىدى،— ئۆتكەندە مەن سىزگە دېدىمغۇ؟ بىزنىڭ ئىشىكنى ئايلىنىپ يۈرگەن ھەربىي شۇ بولۇشى

مۇمكىن

— قانداقىراق ئادەمكەن؟ — سورىدى ھېكمەت.

— ئېگىزكى قوزۇقتەك ئۇچلۇق، ئۆزى چوڭ ئادەمكەن. . .

— بولسا، پاتراق توي قىلىپ چىقىپ كەتسە، — دېدى گۈلزىبا ئۇھ دەپ قويۇپ، — ئائىلىدە بىر ئاپەت ئازىياتتى. . .

ئۇلار مەكتەپكە كىرىپ كېلىشى بىلەن، تەرەپ - تەرەپتىن بوم ۋە زىل ئاھاڭلاردا داڭلار جاراڭلاپ، ئۆگزىلەردىكى كانايلاردىن ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ خىقىراق، بوغۇق، چىقىراق ئاۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. مانا بۇ دېھقانلارنى سەھەرلىك دولقۇن ئەمگىكىگە چاقىرىش سىگنالى ئىدى.

گۈلزىبا ياتىقىغا كىرىپ، چايداندىكى چاينى دەملەپ، نان ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنىدى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئالدىراپ چېيىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ماھىگۈلگە ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كامىلنىڭ ياتىقىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىشتى. چۈنكى كامىل بىلەن مۇراتنىڭ بۇ ئىككىسىگە ئامەت تىلەپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن تاقەتسىزلىنىپ خەۋەر كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى ياتاققا كىردى. مۇرات ھېكمەتنىڭ كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا يېتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى سالمايلا ياتقىنىغا قارىغاندا، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى خېلى ئۇزۇن ساقلىغانلىقى مەلۇم ئىدى. داۋاملىق سەگەك ئۇخلايدىغان كامىل چاچراپ تۇرۇپ كەتتى - دە، ھېكمەتنىڭ تۇرقىدىن قورقۇپ كەتتى، ئۇ ۋارقىرىۋەتتى:

— ساڭا نېمە بولدى؟ گۈلزىبا قېنى؟

كامىلنىڭ ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ھېكمەتنى كۆرگەن مۇراتنىڭ چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە، سېنى قايىت ئۇردىمۇ؟ نېمانچە قانغا بويىلىپ كەتتىڭ؟

ھېكمەت جاۋاب بەرمەي، گۈلزىبانى چاقىردى.

— ئېيتىڭا گۈلزىبا، — دېدى كامىل ۋارقىراپ، — ھېكمەتكە نېمە

بولدى؟ شۇنچىلا بولۇپ كەتكۈچە، ئادەم چاقىرمىدىڭىزمۇ؟ . . .

— مەن قايىتنى بوغۇزلىۋېتىمەن، — مۇرات ئاچچىقىدا تىترەپ كەتتى، — ھېكمەتنىڭ ئاشۇ ئۆيگە قىلغان ياخشىلىقلىرىغا بەرگەن جاۋابى شۇمىكەن؟ . . .

— مېنى قايىت ئۇرمىدى، — دېدى ھېكمەت كارىۋاتقا ئولتۇرۇۋېتىپ، — سىلەر ئەنسىرىمەڭلار، مانا مەن ساققۇ! . . .

— ئېيتە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى مۇرات قولىنى شىلتىپ، — قانداق مەلئۇن ساڭا قول سالدى؟

ھېكمەت كامىل قۇيغان سوغۇق چاينى بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ جەريانىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى. گۈلزىبامۇ قەغەزگە ئورالغان چىشنى كۆرسىتىپ، ھېكمەتنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى. كامىل بىلەن مۇرات ھېكمەتكە ئېغىزلىرىنى ئاچقىنىچە قاراپ قالغانىدى. ئۇلار قايىتنىڭ ئىپلاسلىقىغا نەپرەتلەنسە، ھېكمەتنىڭ ئىككى بۇلاڭچى بىلەن ئېلىشىپ ساق چىققانلىقىغا ھەيران بولاتتى.

كامىل بىلەن مۇرات ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ قېلىشتى. گەرچە جاراھەتلەر قېتىشىپ قالغان بولسىمۇ كۆينەكنى سالسىلا، قاننىڭ يەنە يامراپ چىقىشى تۇرغانلا ئىش ئىدى. شۇڭا، ئۇلار گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا بېرىپ ئابلىمىت دوختۇرنى چاقىرىپ كېلەيلى، بولمىسا، ھېكمەت بۇ تۇرقىدا ھېچيەرگە بارالمايدۇ، دېيىشىپ چىقىپ كېتىشتى. گۈلزىبا ئىككى ياستۇقنى يۆلەپ، ھېكمەتنى ياتقۇزدى، ئايىغىنى سالدۇرۇۋېتىپ، ئەدىيالنى ئۈستىگە يېپىپ قويدى.

گۈلزىبا ھېكمەتنىڭ ئەدىيال سىرتىدىكى قانلىق قولىنى يۈزلىرىگە ياقتى. لەۋلىرىگە باستى. . . ئۇ، ئۈنسىز ياش تۆككەن ھالدا ئىچىدە «ھېكمەت. . . ھېكمەت. . . مېنىڭ ھېكمىتىم مېنىڭ ۋاپادارىم. . . » دەپ زىكرى قىلماقتا ئىدى! . . . بۈگۈنكى كېچىدىكى نەپرەت، ھاياجان، ۋەھىمە، جىددىلىشىش، غەزەپلىنىش ئىشلار نەتىجىسىدە ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان ھېكمەتنىڭ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا بوشاپ كەتكەنىدى.

— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت زەئىپ ئاۋازدا، — ماھىگۈلنى قۇتقۇزغان جايدا، سىزگە قاتتىق تېگىپ سالپتىمەن... ئويلىسام...

— ياق... ھېكمەت... ئۇنداق ئىش بولمىدى... مېنىڭ... مېنىڭ ئېسىمدە يوق، — گۈلزىبا ئېگىشىپ ھېكمەتنىڭ يۈزىگە يۈزىنى ياقتى، — مېنى كەچۈرۈڭ، مىڭ مىراتەم رەخمەت سىزگە!...

— رەخمەتنى مەن ئېيتسام بولىدۇ، — دېدى ھېكمەت ئاغرىنىۋاتقان بىلىكىنى تۇتۇپ قويۇپ، — ئۇلار ئىككىسى تەڭلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قورقۇنچلۇق پەيتتە، سىزنىڭ سۆيۈملۈك ئاۋازىڭىز مەن ئۈچۈن قۇتقۇزغۇچ خۇدا بولدى!... بولمىسا ئۇلار مېنى...

— بولدى، ئاغزىڭىزنى ئۇشۇتمەڭ، — گۈلزىبا بارماقلىرىنى ھېكمەتنىڭ ئاغزىغا باستى، — سىزنىڭ ھاياتىڭىز — مېنىڭ بەختىم... بىز...

گۈلزىبانىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىشىك ئېچىلىپ كامىل، مۇراتلار ئابلىمىت دوختۇرنى باشلاپ كىردى...

# ئاجايىپ سودا

— مۇنداق دېگىن، نەفىسە بىلەن توي قىلىش نىيىتىڭ بار ئىكەندە؟

— شۇنداق، — دېدى تۇردى ھېكىم خالىقتا ھەڭگىدە ھەجىيىپ قويۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋاتىمەن... ئۇمۇ مېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدۇ...

— قالتىسقۇ!...

— ھېلىقى چاغدا ھارۋا بىلەن شەھەرگە ماڭغىنىمنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلىغۇ، — تۇردى ھېكىم ئاغزىنى تامشىپ قويدى، — نەفىسە ئۇنداق - مۇنداق ئادەملەر بىلەن ماڭمايدۇ...

خالىق كاتىپ تاماكىسىنى تورۇسقا پۈۋلەپ، مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. ئۇ «بوۋاي قەمبەر» مەكتىپىنىڭ مەنقۇلات ئامبىرىنى ياساپ

بىرىش باھانىسىدا، نەفىسە بىلەن ئىككى قېتىم ئەسرا بولدى. نەچچە نۆۋەت گەپ ئېچىپ، چىرايلىق، دانا، دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قىلدى. بىراق، نەفىسە «ھەئە، ياق» بىلەنلا چەكلەندى، چىرايىنىمۇ ئاچمىدى. خالىق كۆپرەك گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى. چۈنكى بۇ تالىبە قىزنىڭ چېھرىدىكى بىر سىرلىق نۇر كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ، تىللارنى لال قىلىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھۆسنى، سەرۋى سىياق نازۇك بەدىنى، قاپقارا سىياھتەك كۆزلىرىدە سالاپەت ۋە لاتاپەت زەرلىرى چاقنايتتى... ئۇ گويا: «پۇتلاشماڭ...»، «نېمە تۇمشۇقىڭىزنى تىقىپ يۈرۈيسىز؟» دەۋاتقاندەك، ئۆتكۈر نەزەر بىلەن قادىلاتتى... ھەتتا ئۇ ئامبار ياساۋاتقان تامچىلارغا ئاتا قىلغان خۇش تەبەسسۇمىنىڭ مىڭدىن بىرىگىمۇ خالىق نائىل بولالمىدى... ئۇنىڭغا قارىسىلا، بوزىرىپ تاتىراتتى، ئۆگۈپ تېلىقاتتى... دىمىققاندەك بولۇپ، يۈرەكلىرى ئىلگىرى - كېيىن سوقۇپ كېتەتتى...

مۇشۇنداق جەننەتنىڭ ھۆرى چىمچىق كۆز، قارا مەدەك، تازىمۇ لەتغۇ بىر نېمىگە كۆڭۈل بېرەرمۇ؟... بۇ خۇددى ئەۋرەزدىكى پاقىنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزغا كۆز سالغىنىدەكلا كۈلكىلىك ئىشقۇ!... خالىقنىڭ ئۇنى ئالايتەن ئىشخانىسىغا چاقىرىشىدىكى مەقسىتى — ئۇنىڭدىن «نەفىسە قانداق قىز؟ كىملەر بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ؟ لايىقى بارمۇ - يوق؟» دېگەنلەرنى ئۇقۇپ - بىلىش ئىدى. ئەمما، تۇردى ھېكىم كونا تۇگمەندىن قوقاق چىققاندەك، ئۆزىنى كۆرسىتىپ، داۋخولۇق قىلىۋاتاتتى... بۇنىڭ تېتىقسىزلىقىنى كۆرمەمدىغان!...

— خالىق كاتىپ جىمىپ كەتلىيا؟ — دېدى تۇردى بىر قىسمىلا قاراپ، — ئەگەر نەفىسەگە كۆڭۈللىرى چۈشۈپ قالغان بولسا، مەن ئۇنى سىلىگە ئۆتۈنۈپ بېرەي... ھەر قايسىلىرىدەك نام - شەرىپى، ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار ئۇلۇغلاردىن پېقىر جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ!...

— ھەببەللى، بۇ گېپىڭ جايىدا! — دېدى خالىق ياسىما كۈلۈپ، — سېنىڭ قانداق ھاجەتلىرىڭ بولسا، تارتىنماي ئېيتىۋەر، مانا مەن تۇرۇۋېتىمەنغۇ؟...

تۇردى ئالقانلىرىنى ئۇۋۇلىدى. چىرايىدىكى سودايىلىقمۇ تارقىلىشقا

باشلىدى. ھەتتا ئۇ تەلۋىلەرچە كۈلۈمسىرىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆزىنىڭ قارىقى ئېقىپ كەتكۈدەك تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن شىۋە قەدرى كېچىسى يېتىپ كەلگەندەك تۇراتتى. ئۇ مۇشۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا بولامدۇ؟ « قانداق ھاجەتلىرىڭ بولسا ئېيت » پاھ، پاھ... بۇ نېمىدېگەن ئادەم زوقلانغۇدەك گەپلەر ـ ھە!

— ئەمدى... ئەمدى... خالىق كاتىپ، — دېدى تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ ئېگىلگىنىچە ھىجايدى، — نەچچە يىل جاپا چېكىپ ئىشلەپ، مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتۇق. بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتالمىدۇق. ئۆزلىرى نەمەت مىرزى مۇدىرغا ئىككى ئېغىز لەۋزىلىرىنى ئايىماي...

خەلق تۇردىنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ كۆڭلىدىن ئەمدى ئىسمى جىسمىغا لايىق «دالتەك» بولاي دەپسەندە! دېگەننى ئۆتكۈزدى.

— سەن بىر ئاز سەۋرى قىلىپ تۇرغىن، — دېدى خالىق، — مەكتىپىڭلاردىكى ھېلىقى رۇسۇل دېگەن ئەبگا بىر كۈن كېسەل ـ بىر كۈنى ساق بولۇپ، ئىشقا ئۆزىنى باسالمايۋاتىدۇ. يېقىندا ئۇنى ئىش باشقۇرغۇچىلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇۋەتمەكچى. ساڭا شۇ ئەمەل قانداق بولار؟... ئۆزەڭمۇ يۈگۈر ـ يېتىم ئىشلىرىغا ئامراقتۇ!...

— رەخمەت، خالىق كاتىپ، رەخمەت، — تۇردى خالىقنىڭ قوللىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ سىيلىدى، يۈزلىرىگە سۈرتتى، ھەتتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى، — قانداق ھاجەتلىرى بولسا، ماڭا دېسىلە. نەفسەگە خەت توشۇيدىغان، خەۋەر يەتكۈزۈدىغان، چاقىرىدىغان ئىشلارغا مانا مەن تەييار... ئۆزلىرى شاپائەت قىلغان ئىكەنلا، مەن راپائەت قىلمىسام، يۈزۈم قارا بولۇپ كېتەر...

— باشقا ئىشلارمۇ يوق، — دېدى خالىق چاندۇرماي، — ئانچىكىملا سوراپ قوياي، نەفسەنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالغان بىرەر كىم، ياكى نەفسە باردى ـ كەلدى قىلىۋاتقان بىرەرسى بارمۇ؟

— بار، بولمامدىغان! — تۇردى خالىققا ئېگىشتى، — ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى گەپدان، قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان كامىل بار! ئۇلار

داۋاملىق ئۈچرىشىدۇ...

— ئۈچرىشىدۇ؟...— خالىقنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...

— ھەئە، بۇلتۇر قۇمقايىغاندىكى ئورمىدا ئۇ ئىككىسى بارخانلار ئارىسىدىكى يۇلغۇنلۇقلاردىن، دەريا بويلىرىدىن كېلىشمىدى... تاماقتا بىللە، ئارام ئېلىشتا بىللە... ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، جۈپتەك ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇپ كەتكەنلىرىچۇ تېخى...

— ھازىرمۇ ئۈچرىشىپ تۇرىۋاتامدۇ؟...

— ئۈچراشماي! بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا مەن چامغۇرچىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئامۇتلۇقنىڭ زاكۇسى ئالدىدا ئۇلارنى كۆردۈم...

— ئىككىسىنىما؟

— ياق! كامىل، نەفىسە، مۇرات، زۇمرەتلەر ئۆستەڭ بويىدا راسا كۈلۈشۈۋېتىپتىكەن،— دېدى تۇردى كۆزلىرىنى ئالايتىپ،— ئۇلارنى نەفىسەنىڭ بېغىغا ئويىنىغىلى چىققانمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم.

ئىشىك چېكىلىپ، زەينىدىن مۇدىر كىرىپ كەلدى. تۇردى دالتەكتەك بىر كۈچۈك بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرغۇدەك قانداق مۇھىم ئىشتۇ؟ دېگەن گۇمان كۆڭلىدىن كەچكەن زەينىدىن خالىق كاتىپقا ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يۆلەنمە بەلدىڭگە كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەمىسە، تۇردى مۇئەللىم شۇنداق بولسۇن،— دېدى خالىق قەستەن ئۈنلۈك سۆزلەپ،— يەنە قانداق ئىشلار بولسا، تارتىنماي كېلىپ ماڭا دەرسەن... بولۇپمۇ مەكتەپكە ئوغرى كىرىشتىن ساقلان، يامان ئادەملەرنىڭ قالايمىقان قىلىشىغا ئالاھىدە سەزگۈر بول. مانا زەينىدىن مۇدىرنىڭ مەكتىپىگە ئوغرى كىرىپ، جىق ھەشەم تۇغدۇرۇۋەتتى...

— بولىدۇ، چۈشەندىم، چۈشەندىم...— تۇردى ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى...

«ئوغرى» سۆزىنىڭ چىقىشى بىلەن، زەينىدىن مۇدىر غىققىدە بولۇپ قالدى. خۇددى ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ دېگەندەك، ئۇ خالىققا بىر،

چىقىپ كېتىۋاتقان تۇردىغا بىر يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇپ، بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە پۇشۇلداپ تىنىشقا باشلىدى.

— ھە، يەنە شۇ كامىلدىكى ئىقرارنامەنى ئېلىپ بەسـله دەپ كەلدۇقما؟ — دېدى خالىق بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ قالغان زەيىنىدىنگە ئالىيىپ، — مەن سىلىگە بولمايدۇ، جىم ياتقان يىلاننى چۇچۇتمىسىلە، كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر بوش نېمىلەر ئەمەس دەپ، نەچچە قېتىم ئېيتتىمغۇ؟ ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنى - بۇنى دەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدۇق. بولمىسا، مۇدىرلىق تاجىسى ئەمەس، بەلكى مۇئەللىم دېگەن قالپاقمۇ باشلىرىغا ئېغىر كېلەتتى. بۇ ئىشتا زادى سىلىنىڭ شىپىگەرچىلىكلىرى يوقمۇ؟...

— بار، بار... مەسئۇلىيىتىم بار، — زەيىنىدىن غۇدۇڭشۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەسئۇلىيىتىم دەپ يەنە ئۆزلىرىنى قاچۇرۇۋاتىدىلىغۇ؟ — دېدى خالىق ئۇنىڭ ئۆزىنى ئويىنىتىۋاتقانلىقىدىن تېرىكىپ، — كامىل قولىدىكى كوزۇرنى تېگىشلىك ئورۇنغا تاپشۇرسا، بۇ ئىشنىڭ باش بالاخورى، پىلانچىسى، كاتتىسى سىلى بولۇپ چىقىلا..

— نېمە... مەنما؟...

— مەن ئۇنچىلىك ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىسەم، بۇ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ — خالىق چىچىلىپ قالدى، چۈنكى تۇردىنىڭ يەتكۈزگەن ئاخىرقى خەۋىرى ئۇنىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتمەكتە ئىدى، — كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئېيتقانلىرى بىرمۇ يالغان ئارىلاشمىغان پاكىت!... ئۇچلا ئادەم بىلىدىغان ئۇ ئىشتىن سىلى قانداق خەۋەر تاپتىلا؟ چۈنكى، يەكشەنبە كەچ باقاخۇن ئىككى نۆۋەت ھەپىلىشىپ، ئەمەتنى قۇتقۇزالمىغاندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە سىلىنى ئىزلىگەن. ئەتىسى مەمتىلى ئىبراھىمنى «سېنىڭ ئوقۇغۇچىڭ مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتى، مەكتەپنىڭ شەرىپىنى يەرگە ئۇردى، ئۇنىڭ راسا ئەدىبىنى بەر...» دەپ، ئۆزلىرى ئەۋەتىپلا. ئەمما ئۇ كالۋا ئىشنى بۇزدى. سىلى دۈشەنبە كېچىسى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك يۈگرەپ بېرىپ، ئەمەتنى ياتىقىدىن

ئېلىپ چىقىپ، ئىشخانىلىرىغا سولاپ، ئۇنى تاسما بەلباغلىرى بىلەن ئۇردىلا! «ئەرز» نى ئۆزلىرى يېزىپ، ئۇنىڭغا كۆچۈرتكۈزدىلە. بۇ يالغانمۇ؟

— بۇ... بۇ... سىلى...— زەينىدىننىڭ پېشانىلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتتى...— نەدىن بىلىپ، بۇ... بۇ گەپنى؟...

— سىلى نېمە دېگەن دۆت ئادەم ئېشەكتەكلا!...— خالىق ئۇستەلگە بىرنى مۇشلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كامىل كېلىۋالغانىدى، — ئىشخانىلىرىدىكى تام سائىتىنىڭ ئەينىكى نېمە بولۇپ سۇنۇپ چۈشتى؟ نەخ مەيداننى ئەسلىگە ئەكىلىپ قويايمۇ دېمەپلىغۇ! مەن شۇ كۈنى يىغىندىن چىقىپ، ئىشخانىلىرىغا كىردىم. ھەممە ئەينەك سۇنۇقلىرىنى يېڭى ياساتقان دىۋاننىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپلا! ھەتتا بەلباغلىرىنىڭ توقىسى ئاجراپ، سائەتنى سۇندۇرغاندىن كېيىن، شۇنىمۇ ئىزلىمەپلا، ئىشتانلىرىنى مۇرىلىرىگە ئارتىپ چىقىپ كەتكەنما؟...

— خالىق كا... كاتىپ... مەن... بۇ... ئاھ خۇدايىم... بۇنىڭ...

— ھەممىسى يالغان دېمەكچىما؟ بۇ نېمە؟ — خالىق تارتمىدىن تاسما بەلباغنىڭ توقىسىنى ئېلىپ كۆرسەتتى، — قېنى، كۆينەكلىرىنى قايرىسىلا، يېڭىنى سېتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلىدىلىمۇ - يوق؟...

— ئەمدى... ئەمدى...

— نەم - نەمگە چۈشۈپ قالدىلىغۇ؟ — خالىق زەينىدىننىڭ كۆينىكىنى شارتلا قايرىدى، — پاھ، ئىشتانغا شوينا ئۆتكۈزۈۋاپلىغۇ؟... مەن سىلىگە دەپ قوياي، مەمتىلى ئىبراھىمنى لاتا قىسماقتا دەسسىتىشتە، ئەمەتنى ياتىقىدىن ئېلىپ چىقىشتا، ئىشخانىغا سولاپ ئۇرۇشتا، يالغان «ئەرز» يازدۇرۇشتا، ئۇنى گۇڭشېغا ئەۋەتىشتە... قىسقىسى جىنمۇ بىلەلمەيدۇ دەپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە، يوچۇق بار، ئىز قالدۇرۇپ مېڭىپلا.

زەينىدىن چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمدى. ئۇ پېشانىلىرىنى، يۈزلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرمەيلا، بويۇن، مەيدىلىرىنى تەر قاپلايتتى.

كۆينىكنىڭ دۈمبە ۋە ئالدىلىرى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى تەشۋىشلىك ھەم تىنىمسىز چىمىلداپ، ئۆزى خۇددى مەس ئادەمدەك گىلدىڭلاپ قالغانىدى. دەرۋەقە، خالىق كاتىپ گويا ئۇستىدە قاراپ تۇرغاندەك گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. يائاللا، بۇ خالىق كاتىپ ئادەممۇ ياكى جىن - ئەرۋاھمۇ؟ . . .

— ئويلاپ باقسىلا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار نەشتەردەك ئۆتكۈر پاكىتلىرىنى تاۋار ياغلىقتا ئوراپ كانايلىرىغا تەڭلىگەندە، سىلى قانداق ھالغا چۈشۈپ قالدىلا؟ — زەينىدىننىڭ خاراپ ھالىتىنى كۆرگەن خالىق تارىنى بىر ئاز بوشاتتى، — ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويمىغان بولسام، نەق جەرەستاندا مىچىتقا چىچقان قارا ئىت ئۇر، ئۇرغا قالغاندەك ئاقىۋەتكە قېلىپ، ئۆزلىرىنى تۇرمىدە كۆرەمتىلە يا كۆرمەمتىلە؟ . . .

زەينىدىن ئىڭىكىنى مەيدىسىگە تېرىگىنىچە مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ، بۇ چاققىچە، بۇنداق ياش تۆكۈپ باقمىغان. . . بەلكى باشقىلارنى ئاچچىق - ئاچچىق يىغلاتقان! . . . باشقىلارنىڭ زار - زار قاخشىغان نالە - پىغانلىرىنى ئاڭلاپ ھوزۇرلانغان. . . «رەھىمسىزلىك» تىن ئىبارەت گۇرزىسى، «بىرگە زەربە، مىڭگە تەربىيە» ئەقىدىسى ئارقىلىق ھەيۋە كۆرسىتىپ، يىمىرىلمەس ھاكىمۇتلەق بولىۋالغانىدى. . . سىنىپىي كۈرەش ھەممىلا يەردە سوكۇلداپ، ئۇچرىغانلىكى ئىشىكلەرنى قېقىپ كىرىپ، تېنچ - تىۋىشسىز ياشاۋاتقان كىشىلەرنى يۈرەك زىدىسى قىلىۋەتكەن مۇشۇ چاغلاردا، «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقى كېيگەن ئىمىنىياز نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇر؟ . . . رېجىمدا ئىشلەۋاتقان قالغان ئوقۇتقۇچىلارچۇ؟ . . .

زەينىدىن بۇلارنى ئويلىمايدۇ. ئۇنىڭ پىكرۇ خىيالى ھەممىنى قويىدەك يۇۋاش، قۇرۇتتەك يۇمشاق قىلىپ، ھۆكمىنى توسالغۇسىز يۈرگۈزۈش ئىدى. ئۇ شۇنىڭغا كۆنگەن، ئادەتلەنگەن، لەززىتىنى تېتىغان. . . ئەمما بۇ قېتىم بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۇنىڭ بۇ خىل ئەمەل كالتىكى ئىشلەنمەي قالدى. ئىشلەتكەنمۇ بولاتتى، بىراق كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۇنىڭغا يول قويمىدى. ئۇنى چىقمايدىغان تاپانچىسى

بولسا. . . بۇ ئۈچ كاززاپنى ئېتىۋەتسە، بىر ئۆيگە سولاپ، باشلىرىدىن كىرسىن قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتسە! . . .

— بولدى، يىغلىمىسىلا، — دېدى خالىق خېلىلا يۇمشاپ، — قەدەمنى ئاۋايلاپ ئالسىلا. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى بەگئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوخشىمايدۇ. . . بۇ يەردە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ياكى ئالىي مەلۇمات سەۋىيىسىگە ئىگە ياشلاردىن ھېكمەت، مۇرات، كامىل، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربانلار بار. ئۇلارغا ئاسانلىقچە چېقىلغىنى بولمايدۇ. . . لېكىن ئۇلارنىڭمۇ تۇمشۇقىدىن ئىلىنىدىغان چاغلىرى كېلىدۇ. . . ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس. . .

خالىق، زەينىدىننىڭ قۇلىقىغا بىر مۇنچە پىچىرلىغاندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ بايىقى كەكرى يەۋالغاندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا ۋىللىدە ئېچىلدى، ھەتتا كۈلدى. . . پاكار بەستى خۇددى سەكرەشكە تەييار تۇرغان بۆرىگىدەك قىمشىپ، جايىدا ئولتۇرالمايلا قالدى.

— راستىما؟ پارتىيە مەكتىپىدىن شۇنداق خەت ئەۋەتىپتىما؟ — زەينىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەن بۇرۇنلا بىلگەن! ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرى. . .

— بولدى، ھازىرچە ئالدىراپ خوش بولمىسىلا، بىراق ۋەزىيەت مۇشۇنداقلا كەسكىن ماڭسا، بىرەر يىلغا قالماي، ئۇلارنىڭمۇ كارامىتىنى كۆرىمىز. . . خالىق ئالدىرىماي تاماكا ئوردى، — قانداق، يەنە باشقا گەپ - سۆزلىرىمۇ بارمۇ؟

— مەن. . . مەن. . . باشقا بىر ئىش بىلەن كېلىۋېدىم، — دېدى زەينىدىن تۈكرۈكىنى يۇتۇپ، — يەنە شۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ غەلۋىسى بولمامدۇ!

مەكتەپتە مەمۇرىيەت يىغىنى ئېچىلغانىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئارقا - ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. ئۇلار، ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ راۋاج تاپالماي قېلىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇراقلىق بولماسلىقى، مەدىنىي پائالىيەتلەرنىڭ يوق دېيەرلىك ئىكەنلىكى، ھەتتا مەكتەپ مۇھىتىنىڭمۇ

گۈزەل بولماسلىقى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈشتى. مەكتەپنىڭ چارۋا، كۆكتاتچىلىق، ئاشلىق، يەل - يېمىشلىرىدىن كىرىۋاتقان كىرىم ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن ئالتە يۈز ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىغان بۇ مەكتەپتە، ئاران بىر ۋاسكىتبول مەيدانىلا بار ئىدى (ئۇنىڭمۇ گارلىرى قىڭغىيىپ كەتكەن بولۇپ، مەيداندىن ئوشۇقچە توپا ئۆرلەپ تۇراتتى، ۋالىبول مەيدانى بولمىسىمۇ، توپى بار بولۇپ، ئۇنى ئوقۇغۇچىلار ئېلىپ چىقىپ ئوينايتتى). كۆلۈپ بولمىغاچقا، يىغىن، كۆڭۈل ئېچىشلار مەيداندا ئېلىپ بېرىلاتتى. ھەتتا مەكتەپنىڭ چوڭ يولغا قارايدىغان چېگرىسىدا پاسىل تاممۇ يوق ئىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بۇ ئەھۋاللارنى ئېچىنغان ھالدا سۆزلەپ، پىلان، مەقسەتلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭغا توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى، يۇسۇپ، پاتەم خانىم، گۈلزىبا قاتارلىق بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىردەك قوشۇلدى ۋە قاتتىق چاۋاك چېلىۋەتتى. زەينىدىنمۇ قېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قول كۆتۈردى. نەتىجىدە، مەكتەپ ئالدىغا چوڭ دەرۋازا بېكىتىپ، ئىككى تەرىپىنى رىشاتكا بىلەن ئىھاتە قىلىش، ۋالىبول، ۋاسكىتبول مەيدانلىرىنى كېسەك ياتقۇزۇپ ياساش، تەنتەربىيە تۈرلىرىنى كۆپەيتىش، ئاشخانىغا پاسىلداش يەردە، ئاشلىق، مەنقۇلات ئامبارلىرى ۋە ياغاچچىلىق كارخانىسىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر كۆلۈپ سېلىش... قاتارلىقلار قارار قىلىندى. كۆلۈپ ئۈچۈن كېتىدىغان خام كېسەكنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قۇيىدىغان، مەيدان ۋە رىشاتكا ئۈلىغا ئىشلىنىدىغان پىششىق كېسەكنى بالىماستىن سېتىۋېلىشىدىغان بولۇشتى.

— بۇنى ئوبدان ئويلىشىپسىلەر، — دېدى خالىق ئاچچىقىنە كۈلۈپ،

— بۇنداق ئىشلارنى ئۆزلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىلغان بولسىلا، سىلىنىڭ تۆھپىلىرى بولار ئىدى. مانا ئەمدى بۇنىڭ شان - شەرىپى ئاشۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا بوپتۇ...

— ھۆددەس خىيالىمغا كەلمەپتۇ ئەمەسمۇ!... — دېدى زەينىدىن

گەدىنىنى قاشلاپ، — بۈگۈن تۆت كۈن بولدى، پۈتۈن ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار چۈشكىچە دەرس ئوقۇپ، چۈشتىن كېيىن ئىلەك يارلىقىدا كېسەك قويۇۋاتىدۇ.

— مېنى بىر ئىش بىلەن ئىزدىگەنمىدىلە؟ — دېدى خالىق ئالدىرىغاندەك قىياپەتتە، — قېنى ئېيتسىلا!...

— بالىماستىن پىششىق كېسەك ئەكەلمەكچى ئىدۇق، گۇڭشېنىڭ تراكتورىنى بىر نەچچە قېتىم قاتناپ بېرەرمىكىن دەپ...

— مەن تىراكتور پونكىتىنىڭ باشلىقىغا ئېيتىپ قوياي، بىراق قاچان ئەكىلىپ بېرىشنى ئۆزى بەلگىلىسۇن، شۇنداق بولسۇن!

زەيىندىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خالىق گۇڭشېنىڭ تال بوستانلىق بېغىغا كىردى. ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل كۆچەتلىرىنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن تۇك تاشلىمىغان تۇڭ غورىلار ساڭگىلىشىپ تۇراتتى. ئېرىق بويلىرىغا بېكىتىۋېتىلگەن شادىلىق ئورۇندۇقلار ئەتراپىدا، سېرىق گۈل، سەمبەر گۈلى، تاجىگۈل، تۆگە قۇيرۇقى، ئورۇس گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. خالىق سىرتتىن ئادەم كۆرمىگۈدەك بۇكلۇك ئىچىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىنى ئارقىغا تاشلاپ ئۇھ دەپ ئېغىر تىندى. ئۇ، چارچاپ قالغانىدى.

كامىل، مۇرات، زۇمرەتلەرنىڭ باغ سەيلىسى قىلىپ نەفسەنىڭ ئۆيىگە چىققانلىقىنى ئاڭلىغان خالىقنىڭ ئىچىنى مۈشۈك تاتىلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشسە بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ قوپقۇدەك قۇدرىتى، ئوتتۇز مىڭ نوپۇس ئەيمىنىپ قارالمىغۇدەك ھەيۋىتى تۇرۇغلۇق، بۇ ئەپەندىلەرنىڭ ئۇنى مازاق قىلىۋاتقىنىنى قارا... ياقۇپ سەپرانىڭ ئائىلىسىگە ھىممەت قولىنى سوزۇپ، نۇرغۇن ھەرەج تارتىپ، زۇمرەتنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى ئەندى ئىندەككە كەلتۈرەي دېگەندە، بۇ چىرايلىق قۇشنى مۇرات دېگەن قارچۇغا ئېلىپ قاچتى... ھەي... نەفسەدەك بىر نازىنىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئۇچراتمىغان بولغىيتتى؟ ئەپەندى، خانىم دېگەنلەر قانچىلىك بىر نېمىلەر ئىدى، پاچاقچى، بور يەپ، گەج كېكىرىدىغان قەلەندەرلەر دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى كۆزىگە

ئىلماي، مەكتەپلەرگىمۇ كىرىپ قويماپتىما؟ . . . ئەلۋەتتە سۇندۇكىنىڭ
ئۇۋىسىدىن كاككۇك بالىسى چىققاندەك، نەفىسەدەك تۇمۇچۇقلارمۇ
ئۇچراپ قالىدىكەن ئەمەسمۇ! . . . ئەمدى كىچىكىپتۇ. . . كامىلدەك
يولۋاس بۇ چىرايلىق كېيىك بالىسىنى پەنجىلىرىگە ئېلىپ
ئوينىتىۋېتىپتۇ. . . ياق، خالىق كىچىكمىدى، ئۇنىڭدا ۋاقىتنى ئارقىغا
سۈرەلىگۈدەك قۇدرەت بار. . . نەفىسەنى قاراپ تۇرۇپ كامىلغا تارتقۇزۇپ
قويمايدۇ. . . ئۇ، ھۆجۇمنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئائىلىسىگە قارىتىدۇ.
ئاندىن نەمەت مىرزىغا، بۇنىڭدا ئالدىنقى سەپتە شۇجىلىق قورالىنى
كۆتۈرۈپ ماڭىدىغىنى يەنىلا تۇراپ ئىمىن بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىدىن
ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. . . ئۇلارنى كەنت كادىرلىرى بىردەمدىلا
ئەيۋەشكە كەلتۈرىدۇ. . . «بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلىسى» بولۇپ
قېلىشتىن، «يىللاپ ئۈيىنى كۆرەلمەيدىغان دەريا قۇمتۇغ ئەمگىكى» گە
ئەۋەتىلىشتىن ئىبارەت كالتەكتىن كىملەر قورقمىغان؟ . . . تەرەپ -
تەرەپتىن قورشاۋدا قالغاندا، بۇ ئائىلىنىڭ قىزىنى قوش قوللاپ
سۇنمىغىنىنى كۆرەي، نەفىسەنىڭ سۇباتلىق، لاتاپەتلىك، ھايالىق
دېگەندەك پەزىلەتلىرى نازدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ناز دېگەن ھېلى پەيدا
بولۇپ، ھېلى يوقايدىغان سۇدىكى كۆپۈكتەك بىر نېمە. . . قىز بالا
دېگەننىڭ ئۇنچىلىك خۇلۇق - نازلىرى بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ قىز بالا
دېگىلى بولسۇن؟ . . . تېخى شۇنداقلىرى پەيزى بولىدۇ. نەفىسە
زۇمرەتتەك ھازازۇل ئەمەس. . . بۇنداق قىزلار ئاچچىقىنى كۆزىدىن
ئېلىپ، بىر - ئىككى كۈن يىغلىۋالسا، يەنە قوشقا قېتىلغان كالىدەك
ئۆز تاپىغا چۈشىدۇ. . . لېكىن، زۇمرەتنىڭ بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا
سۇ. ھەزەر ئەيلىمىسەڭ، يا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلىسەن ياكى ئوتتا كۆيۈپ
كاۋاپ بولىسەن. . . ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇرات دېگەن ئالىقاپ ئۇنى
ئارقىسىغا سېلىپ ئوينىتىپ يۈرۈپ، نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى، خۇدا
ئۆزى بىلىدۇ. . . بەزنى كۆرسە يېمەيدىغان مۇشۇك بولامدۇ؟ . . . خالىق
ھەر خىل ئاماللار بىلەن مۇراتنىڭ كەشىنى ئاللابۇرۇنلا توغرىلاپ قويغان
بولاتتى. بىراق كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە ئۇ زۇمرەتتىن قورقۇپ

قالدى. مۇرات ئۇچۇن ئۆزىنى نوغۇچتا ئۇرۇپ قاش - قاپاقلىرىنى يېرىۋالغان قىزنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ - دە!... تېخى دادىسىنى بىرلا ئىتتىرىپ ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋېتىپ، مۇراتنى قۇتقۇزۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟... ھەي. بۇ كىچىككىنە ياۋا قۇشنى بوش چاغلىمىسا بولغۇدەك... مانا ئەندى ئىنىدىنمۇ، بويىدىنمۇ زىيان تارتىپ ئولتۇردى. كونىلار: «ئايال كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. ھازىرقى ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچىلىق ئەڭ جاپالىق، ئەڭ پەس، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە يوق بىر ئوقەت تۇرسا؟... بۇ دېۋەڭ قىزلار ئويلىمايدىكىنا!... يەنە بىر مەنىدىن مۇئەللىم دېگەننى ئېگىز ئۆسكەن سەگۇ تېرەك دېسىمۇ بولىدۇ، سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، شامال چىقسىلا، ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنىڭغا تېگىدۇ، شۇنى قامچىلايدۇ. تەقدىرىنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويسا، ئۆزىنىڭمۇ تەك ساۋىلىدىغانلىقىنى، ئوتتا بىللە كۆيىدىغانلىقىنى، ئازابىغا تەڭ شېرىك بولىدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇر!... بىلىدۇ... بىلگەندىمۇ ئوبدان بىلىدۇ!... ئەمما بۇ پاخپاقلار ئوتقا ئاشىق بولغان پەرۋانىدەك، ساراڭلارچە ئۆزىنى بۇ يالقۇنغا ئۇرىدۇ... نېمە بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپمۇ قويۇشمايدۇ... ئەپەندى دېگەننىڭ زادى نېمە خىسلىتى، قانداق سېھرىي كۈچى باردۇر؟ مانا ھېچكىمگە چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەيدىغان خالىق گوڭشېدىن تراكتورلاردا ياغاچ - تاش، بورا، كېسەك، گەجلەرنى يۆتكەپ، ئون نەچچە دېھقاننى قولدەك ئىشلىتىپ، ئۆزى ھەر دەقىقىدە بىر كۈچۈكلىنىپ، بوۋاي قەمبەر مەكتىپىنىڭ مەنقۇلات ئامبىرىنى سالغۇزۇپ بېرىۋېدى، نەفسە ئۇنىڭغا رەخمەت دېيىش بۇياقتا تۇرسۇن، قىيا كۆزىنىمۇ سالمىدى. ئۇ بەلكىم «ياتلارنىڭ چىرايىغا قاراپ، كاملىغا خىيانەت قىلمايمەن...» دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك... زۇمرەتكە قانچىلىك شاپائەت قىلمىدى؟ ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىشتا چىقىم تارتىپ پايپاسلاپ كەتكىنى ئازمۇ؟... ئۆلۈمىنى ئۇزىتىش، نەزىر - چىرىغىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاشلىق پونكىتىنىڭ باشلىقىغا «بەشتە كاپالەتلىك نامرات ئائىلىگە خالىسانە ياردەم بېرىمىز» دەپ، گۇرۇچ،

ئۇن، ماي ھەل قىلغان بولسىمۇ، ئۇلار بەربىر ئۆزى بەرگەنگە ھېسابتە! ئەمدى ئۇنى تۆلە دېسۇنمۇ ياكى بولدى قىلسۇنمۇ؟..

ھەي!... ئۆز ۋاقتىدا مەتمۇسا زۇمرەتكە قانات سۆرەپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا، ئۇنى ئۇنىڭدا ئۆتۈنۈپ بېرىشۈەتكەن بولسا بوپتىكەن...

خالىقنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىزلا بىر ئوي كېلىپ، كۆزلىرى قىسىلدى. توغرا، زۇمرەتنى مەتمۇساغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كەتكەن چىقىمنى شۇنىڭدىن تۆلىتىۋالسام بولمىدىمۇ؟... بۇنىڭدا ئۈچ تەرەپتىن پايدىسى بولىدىكەن. بىرىنچىدىن، ياقۇپ ساپراغا «زۇمرەتكە لايىق تېپىپ بېرىمەن» دېگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلىغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، پۇل ئۇندۇرىۋالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مۇراتتىن ئۆچ ئېلىپ خۇماردىن چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، كامىل، ھېكمەتلەرگىمۇ دەز كېتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئەپچىل چارە... بۇرۇنراق نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلىمىغان بولغىيتتىم؟

خالىق قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، بوستان بازىرىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ مال نەسلىلەندۇرۇش پونكىتىنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلگەندە، كۆك خالات كېيىۋالغان مەتمۇسا ھېلىلا بايتالغا چاپتۇرغان ئايغىرغا ناسۇس ئارقىلىق دورا پۈركەۋاتاتتى. ئوبۇل دوختۇر بولسا، بايتالنى ھويلا ئىچىدە پىرقىرىتىپ يۈگۈرتۈپ يۈرەتتى. زۇمرەت توغرىلىق قورساق كۆپىكى تېخىچىلا تۈگىمىگەن مەتمۇسا خالىققا كۆز قىرىنى سېلىپ قويۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى.

— ھەي، ئۆيۈڭگە باشلىمسەن ياكى ئات - ئېشەكلىرىڭنىڭ تېزىكىنى پۇرامتىم؟ — دېدى خالىق سەل ھار ئالغاندەك، — قاراپمۇ قويماي دېمەيسىنا!

مەتمۇسا خالىقنى ئۆيىگە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ تاملىرى ۋە سۇپىلىرى پۈتۈنلەي گىلەم ئىدى، بىراق ئۆي ئىچى قالايمىقان ئىدى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن توغرىسىغا تارتىلغان ئاغامچىغا كونا - يېڭى كىر كىيىملەر ئېسىۋېتىلگەن بولۇپ، كىرگەن ئادەم ئېگىلمەي ئۆتمىسە بولمايتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە يۇيۇقسىز چىنە - قاچىلار چېچىلىپ ياتاتتى. بىر بۇلۇڭدا قۇرۇقدالغان ھاراق بوتۇلكىلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

— ئۆيۈڭنى پاكىزرەك، رەتلىك تۇتساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى خالىق تۆردىكى كۆرپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — خۇددى بازارچىنىڭ يايمىسىدەكلا تۇرىدىغۇ؟

— بويتاقنىڭ ئۆيى بولغاندىن كېيىن، نېمە بولماقچىدى؟ — دېدى مەتمۇسا چايداندىن دەملەنگەن تەييار چاينى قۇيۇۋېتىپ، — شۇنداق جاھان ئىكەن بۇ! بەزىلەرنىڭ خوتۇنى تۇرۇپمۇ نەچچە يەردىن ئاشنا تۇتىدىكەن. كېيىن ئالارمەن دەپ، زاپاسقا يەنە باشقا قىزلارنىمۇ كۆزلەپ قويىدىكەن.

— ھە، گەپدان بولۇپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى خالىق كۈلۈپ قويۇپ، — سېنىڭ غېمىڭنى قىلىپ كەلسەم، ئەجەب تاراڭ - تۇرۇڭ تېگىسىنا؟

— ئەمدى خالىقكا. . . ئۆزەمچە جىلى بولۇپ دەڭا! — مەتمۇسا «غېمىڭنى يەپ» دېگەن سۆزدىن ئېرىپ كەتكەندى، — بىرەر خوش خەۋرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— قېنى ئولتۇر، — خالىق گېلىنى قىرىپ يۆتىلىپ قويدى، — زۇمرەتكە كۆڭلۈڭ بارمۇ - يوق؟

مەتمۇسانىڭ يوق بويۇنلىرى سوزۇلۇپ، توپتەك گەۋدىسى تەۋرىنىپ كەتتى. مەتمۇسا زۇمرەتنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن، بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ دېگەندەك گاراڭلا بولۇپ قالدى. خالىقنى بىرەر شۇملۇق قىلمىۋاتامدۇ؟ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە چېكىتتەك تىكىلىپ قالدى.

— ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى خالىق، — يا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟

— بۇ. . . بۇ. . . راستىتما؟ . . . سىز ئۇنى ماڭا راستىنلا ئۆتۈنۈپ بېرەمسىز؟

— مەن ئۇنى ئۆزەم ئالماقچى بولغان، — دېدى خالىق ئورنىدا قىمشىپ قويۇپ، — لېكىن ئويلاپ باقسام، سەن مېنىڭ تۇغقىنىم، خىزمىتىمنى ئالدىراش، جەمىيەتتە بۇرۇن ئۆيلەنگەن دېگەن نامىڭ بولغاچقا، قەيەرگىلا قول سۇنساڭ، شۇ يەردىن قۇرۇق قول قايتىۋاتىسەن. . . شۇڭا، بالادەك نەپسىمدىن كېچىپ، زۇمرەتنى ساڭا ئۆتۈنمەكچىمەن. . .

— ئۇ... ئۇ... ماڭا تېگەمدۇ؟ — مەتمۇسا خۇشاللىقىدا دۇدۇقلاپ كەتتى،— سىز... سىز بىرەر ئامالىنى قى... قىلالامسىز؟... چۇ... چوقۇم سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ!...

— ئامالى بار، سەنلا سەۋرى قىلساڭ...

— سەۋىر قىلىمەن...

خالىق ياقۇپ سەپرانىڭ تىلىنى قانداق ئامال - چارىلەر بىلەن باغلىۋالغانلىقىنىڭ جەريانىنى مەتمۇساغا سۆزلەپ بەردى ۋە بۇ ئىشقا 760 يۈەن پۇل كەتكەنلىكىنى ھودۇقماي - تەمتىرىمەي ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمدى بۇ پۇلغا مەتمۇسا «مەن قەرز بەرگەن» دەپ ھۆججەت كۆتۈرۈپ چىقىشى كېرەك ئىدى. بۇنداقتا، ياقۇپ خالىققا ئەمەس، بەلكى مەتمۇساغا قەرزدار بولغان بولۇپ چىقاتتى. قېنى شۇ چاغدا، ياقۇپ بىلەن زۇمرەت قانداق قىلىدىكىن!... ئۇ سەپرادا ھازىر ئۇنچىلىك پۇل يوق. ئۇنىڭ ھازازۇل قىزىغا بولسا پوچتىخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىمىز دەپ تەھدىت سالىمىز.

— ئۇنداقتا، خالىقكا، مەن بۇ پۇلىڭىزنى تۆلەپ بەرسەم،— دېدى مەتمۇسا يېنىۋالمىسۇن دېگەندەك ئالدىراپ،— سىز ماڭا ھۆججەت يېزىپ بېرەمسىز؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ...

مەتمۇسا ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، بىر تۇتام پۇل ۋە قەغەز، قەلەم ئېلىپ چىقتى - دە، ئۇلارنى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— قېنى، سانىۋېلىڭ!

خالىق پۇلنى ساناپ يانچۇقىغا سالغاندىن كېيىن، قويۇن خاتىرىسىنى ئېلىپ ۋاراقلىدى ۋە تېگىشلىك بولغان ۋاراقلارنى قاتلاپ قويۇپ، قەلەمنى قولىغا ئالدى. دەپتەردە، ياقۇپقا ياردەم بەرگەن نەرسىلەرنىڭ يىل، ئاي، كۈنلىرى ئېنىق خاتىرىلىنىپ، سان - سىفىرلار كۆپەيتىپ يېزىلغانىدى.

خالىق: «مەن چوشقا فىرمىسىدىكى ياقۇپقا ۋاكالىتەن ئايالىنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى ئۈچۈن، مەتمۇسادىن x x يۈەن پۇل قەرز ئالدىم. بۇنىڭغا ياقۇپ ئۆزى ئىگە...» دېگەن مەزمۇندا ھۆججەت يازدى.

ياقۇپنىڭ ئائىلىگە ئەكىلىپ بەرگەن دورىلارغا ئايرىم ھۆججەت، ئۆلۈمگە، نەزىر - چىراغقا ئىشلىتىلگەن گۈرۈچ، ئۇن، ماي، نەق پۇل ۋە خەسلەرگىچە ئايرىم ھۆججەت بولۇپ، جەمئىي ئالتە پارچە ھۆججەت ئارقا - ئارقىدىن يېزىلىپ مەتمۇسانىڭ قولىغا ئۆتتى.

— سەن ھازىرچە ئالدىرىماي تۇر، — دېدى خالىق مەتمۇسانىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ، — مەن ۋاقىت چىقىرىپ ياقۇپ بىلەن كۆرۈشۈپ سېنى قىزىغا سايە قىلىپ باقىمەن. . . ئەگەر ئۇنىسا ئۇنىدى، ئۇنىمىسا، ئەمىلىي ئەھۋالنى ئېنىق ئېيتىپ قەرزنى قىستايمىز. . . شۇ چاغدا، ئۇنىڭ تاماشاسىنى كۆرىمىز. . . لېكىن، زۇمرەتنى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇرات ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. . . ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بول! . . .

— مۇرات؟ — مەتمۇسانىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، ئۇ مۇراتنىڭ بىر چاغدا ئۆزىنى سورۇندا مىكىجىنىغا ئوخشىتىپ رەسۋا قىلغانلىقىنى ئەسلىدى. ئىنتىقامىمنى ئەمدى ئالىدىكەنمەن - دە! دەپ ئويلىدى ئۇ. بىراق، مەتمۇسا پوچىتخانىنى ئايلىنىپ كېتەلمەي يۈرگەن خالىقنىڭ ئۆزىدىن دەرگۇماندا ئىدى. ئۇ ئۆز ئىشىنى مۇراتقا ئارتىپ قوياي دەۋاتامدۇ - يە؟ دېگەن خىيال ئۇنىڭ ئويىدىن ئۆتتى.

— ھە، جىمىپ كەتتىڭغۇ؟

— خالىقكا، — دېدى مەتمۇسا ئۇنىڭغا گۇمانلىق نەزەردە قاراپ، — زۇمرەتنىڭ كۆكسىنى ئورۇپ بولۇپ، ماڭا تاڭمىغانسىز؟

— يوق يېمە! قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقىنىم يوق، — دېدى خالىق ئاچچىقلاپ، — ئەگەر شۇنداق چىقىپ قالسا، پۇلۇڭنى ئون ھەسسە قىلىپ قايتۇرۇپ بېرىمەن. . .

خالىقنىڭ ئىخلاسمەن چىرايىغا قاراپ، مەتمۇسانىڭ كۆڭلى تىنىغاندەك بولدى.

مەتمۇسا ئىشىمىزنىڭ خەيرىلىك بولۇشى ئۈچۈن، بىر - ئىككى قەدەھ كۆتۈرۈۋېتەيلى دەپ، ھاراق بىلەن رومكىنى ئېلىپ كېلىۋېدى، خالىق ئىشىم باردەپ زادىلا ئۇنىمىدى.

چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. خالىق مال

نەسللەندۇرۇش پونكىتىدىن چىقىپ، گۈگۈشىغا كىتىۋاتاتتى، ئارقىسىدىن بېرىلگەن سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلاپ يېنىغا قايرىلدى. زۇمرەت ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى. ئۇ ئىسسىقتىنمۇ ياكى ۋېلىسىپىتنى تېز ھەيدىگەنلىكتىنمۇ، قىپقىزىل قىزىرىپ، نەرلەپ كەتكەنىدى. ھاسىرىغانلىقتىن، ئالمىدەك كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇراتتى. خالىق، مۇراتنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تونىدى. ئۇ ئارقىغا چېكىنىپ قويۇلغان داستىخانغا قاراپ، ئۇنىڭ تاماق ئىككەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى.

— خالىق ئاكا، كۆرۈنمەيسىزغۇ؟ — دېدى زۇمرەت ياغلىقىدا پېشانىسىنى سۈرتۈپ، — بەك ئالدىراش ئوخشىمامسىز؟

— ھە، ياق... — خالىق كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — بىر يەرگە ماڭدىڭىزمۇ؟

— مۇراتلار ئىلەكتە كېسەك قويۇۋاتىدۇ... تاماق ئاپىرىپ بېرەي دەپ...

— بوپتۇ، ئاپىرىڭ!... سوۋۇپ قالمىسۇن...

خالىق كېتىپ قالدى. زۇمرەت ئىچىدە: «خالىقكامغا نېمە بولغاندۇر؟ يەنە خوتۇنى بىلەن سوتتا بىر نېمە دېيىشىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟...» دەپ ئويلاپ، ۋېلىسىپىتقا مىندى. ئۇ ئىلەككە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئىككى يار ئارىلىقىدىكى پەسلەپ كەتكەن توپىلىق چىغىر يول بىلەن ئۆستەڭ بويىغا كەلدى. ئۇ قاسناقتىكى ئېگىز يارلىقلار «يالقۇن» گۈگۈشىگە تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ياقتا بىرمۇ ئوقۇغۇچى كۆرۈنمەيتتى. بۇ تەرەپ ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن ئېگىز - پەس، ئەگرى - توقاي يارلىق ئىچى ۋاڭ - چۇڭ ئەمگەك قايىنىمىغا ئايلانغانىدى. يالىڭاچلىنىپ كەتكەن ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار پاقىلدىتىپ قېلىپلارغا لاي ئۇراتتى. ئېگىز تۆپىلىكلەردىن توپا تارتىپ ئازگاللارغا تىقاتتى. كېسەك تۆكۈلىدىغان مەيدانلارغا قۇم چاچاتتى. قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىرى قۇرىغان كېسەكلەرنى تامغا ئېلىپ، شىرشىملىرىنى ئۆرىدەپ تىزاتتى.

خوتەننىڭ توپىسى قۇمساڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن كېسەك قۇيغىلى

بولمايتتى. پەقەت تا «بەشتاش» تۈگمەنلىرىگىچە داۋاملاشقان ئېگىز يارلىقلارنىڭ پەس، ئوتتۇرا، ياكى يۇقىرىراق قىسىملىرىدا بىر - ئىككى غېرىچ، كۆپ بولسا ئۈچ غېرىچ قېلىنلىقتا سېغىز توپا قاتلاملىرى بار ئىدى. بۇ قاتلاملارنى ئېچىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نۇرغۇن توپىنى ئېلىپ تاشلاشقا توغرا كېلەتتى.

زۇمرەت ئۆستەڭ ياقىلاپ سول تەرەپتىكى پەس تۆپىلىككە چىقىپ، خۇددى خالتىغا ئوخشاش يارلىق ئېچىگە كىردى. دەرس ئوقۇتقۇچىلىرىنى ھەر بىر سىنىپقا بۆلۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مۇرات ھېكمەتنىڭ سىنىپى بىلەن كېسەك تۆكۈۋاتاتتى. بۇلارنىڭ قارشىسىدىكى قاپتالدا، گۈلزىبانىڭ سىنىپىغا تەقسىم قىلىنغان كامىل كارىزدىن ھەدەپ لاي چىقىرىۋاتاتتى. گۈلزىبا بولسا ئوقۇغۇچىلار قېزىپ چىقارغان سېغىز توپىنى زەمبىل، تاغارلارغا قاچىلاپ، قىزلار بىلەن بىكارلانغان ئويمانلارغا تۆكمەكتە ئىدى.

ئاق ئاسما مايكا، تىزىغىچە كەلگەن كالتە كۇسار كىيىۋالغان ئېگىز، گەۋدىلىك مۇرات يۈگرەپ كەلدى - دە، زۇمرەتنىڭ قولىدىن ۋېلىسىپىتنى ئالدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى لاي ئىدى، لايىنى يۈزىگىمۇ چاچرىتىۋالغانىدى. ئۇ ۋېلىسىپىتتىكى داستىخاننى يېشىۋېتىپ، زۇمرەتكە تومشۇقىنى ئۈچلاپ، كۆزىنى قىسىپ قويىدى. زۇمرەتمۇ: «ئەسكى، ساراڭ. . . باللار كۆرۈپ قالىدۇ» دەپ پىچىرلىدى. ھېكمەت قۇرۇي دەپ قالغان كېسەكلەرنى تىكلەۋاتاتتى. تاماق ئېلىپ كەلگەن ماھىگۈل ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ، ھازىر مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ سىنىپىدىن قېچىپ كەتكەن ئەمەتنىڭ ئورنىدا ئوقۇۋاتاتتى.

— ماھىگۈل، سىزمۇ بۇ يەردىكەنسىز، — دېدى زۇمرەت ئۇنى قۇچاقلاپ، — تاماق ئەكەلگەنمىدىڭىز؟

— ھەئە، — دېدى ماھىگۈل تەرلىرىنى سۈرتۈپ، — ھېكمەت ئاكام ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى كەلگەندە بىللە يەيمىز دەپ ئۇنىمىدى.

— ھېكمەت، ئەھۋالىڭىز قانداق؟ — دېدى زۇمرەت ھېكمەتنىڭ داكا بىلەن تېڭىلغان بىلەك، مۈرىلىرىگە قاراپ قويۇپ، — دەم ئالسىڭىز

بولامدۇ؟

— هازىر ياخشى بولۇپ كەتتىم، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — ھەپتىگىچە ساقايمايدىغان قانداق جاراھەتكەن ئۇ؟ . . .

— ھەي، ھەي، تولا پوچىلىق قىلما، — مۇرات ئالايدى، — شۇنداق دەپ يەنە زورۇقتۇرۇۋالىسەن.

يار ئىچىدە پۈشتەك چېلىندى. ھەر بىر سىنىپتىن تاماقتا كەتكەن باللار ياغاچلارغا ئۆتكۈزۈلگەن چېلەكلەردە سۇيۇقئاش، تاغارلاردا نان ئېلىپ كېلىشكەندى. بۈگۈن ھاۋا ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن كۈن ئوقۇش توختىتىپ كېسەك قۇيغان بولغاچقا، تاماق ئەمگەك مەيدانىدا بولغانىدى. كامىل، گۈلزىبالار يېتىپ كېلىشتــــى. ئۇلار مۇرات، ھېكمەت، زۇمرەتلەر بىلەن ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، قول - پۇتلىرىنى يۇيۇپ بولغىچە، ماھىگۈل چىملىقتا داستىخان سالدى.

— ئەپەندىلەر، خانىملار، — دېدى مۇرات يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — ھازىر تۈگۈچلەردە نېمە بارلىقىنى تاپىمىز. . . تۇمۇچۇق نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ھېكمەت تاپىدۇ. «ئاقفۇشقاچ»نىڭ داستىخانىدا نېمە بار؟ مەن تاپىمەن، قانداق؟

— ياﺋاللا، تاپمايدىغان ئويۇنىڭ يوق ئىكەن، — دېدى كامىل قولىنى شىلتىپ، — قېنى ئەمىسە، بالدۇرسەن تاپ!

مۇرات كۆزىنى يۇمۇپ ئۆزىچە بىر نېمىلەرنى ئوقۇغان بولدى. ئاندىن ماھىگۈل ئېلىپ كەلگەن داستىخانىنىڭ ئىچىدە لىگەندەك بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى ھىس قىلىپ، «پولۇ» دەپ ۋارقىرىغانىدى، ماھىــــگۈل «تاپالمىدى، تاپالمىدى. . . » دەپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا، گۈلزىبا كامىلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

— ئەمىسە كامىل تاپسۇن، — دېدى مۇرات.

— مانتا، — دېدى كامىل كۈلۈۋېتىپ.

— تاپتى، تاپتى. . . ماھىگۈل داستىخاننى ئاچتــى، — قانداق راستىمكەن؟

— ياق، ياق، تاپقانغا ھېساب ئەمەس، — دېدى مۇرات، — كامىل

قانداق مانتا ئىكەنلىكىنى دېمىدى، بۇ دېگەن بولدۇرۇق مانتىكەن. . .

— ھەي چىدىماس، بولدى قىل، — ھېكمەت لىگەننى ئوتتۇرىغا قويدى، — ئەمدى سېنىڭ تۇمۇچۇقۇڭ نېمە ئەكەلدى؟ مەن تاپايمۇ؟ ئۇ دېگەن گۆش نان! . . .

— بۇمۇ ھېساب ئەمەس، زۇمرەت سېنىڭ قۇلىقىڭغا پىچىرلاپ دەپ بەردى، — مۇرات يەنە ۋارقىرىدى، — ھەر قايسىڭ بىرلىشىۋېلىپ، مېنى قەستەن مات قىلىشتىڭ.

— ھەي چىدىماس مۇللام، — دېدى زۇمرەت تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — تاپالمىغاندىن كېيىن، «غ» غا «ت» نى قوشۇپ جىم ئولتۇرسىلا. ئۆزىچە تېخى داخاندەك بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ كەتكىنىنى كۆرەيمۇ!

ھەممىسى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. . . ماھىگۈل چايداندىن ھەممىسىگە چاي قۇيۇپ بەرگەندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ بېقىنىغا كىرىپ ئولتۇردى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ماھىگۈل ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا مەكتەپ قىزلىرىغە قىزىللىق يۇگۇرۇپ، بولدۇرۇق مانتىدەك ھۆپپىدە بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھېكمەتكە قەۋەتلا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭغا ھەر كۈنى دېگۈدەك تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرسىتەتتى، بىلمىگەن يەرلىرىنى سورايتتى. ئىككى كۈندە بىر رەت گۈلزىباغا ياردەملىشىپ، ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنىڭ داكىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ دورا سۈۋايتتى.

— ئەمگەك باشلانغاندىن بېرى، — دېدى ھېكمەت قولىنى سۇرتۇۋېتىپ، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ تامىقى خېلى ئوبدان بولۇۋاتىدۇ، باللارمۇ خوش.

— بۇ كۆپچىلىكنىڭ بىردەك كۈچ چىقىرىشىدىن بولدى، — دېدى كامىل، — ئەسلىدىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان نەرسىدىن ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇشى كېرەك ئىدى. . .

— زەيىندىن قورقتى، — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — قاراڭلار، بىر نەچچە قوينى سويدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى تەمىنلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا گۆش گىردە، سامسا ياقتۇرۇپ بېرىۋاتقىنىنى. . . بۇ چىگىدەكنى ساۋاپ تۇرسا بولغۇدەك. . .

— ئۆچىگلار ئارقا - ئارقىدىن قايناپ سۆزلىگىنى تۇرۇپتىگلار، — دېدى گۈلزىبا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن شۇنداق قورقۇپ كەتتىم. كېيىن ھەممىسى سىلەرگە قوشۇلغانىدى، ئاندىن يۈرىكىم ئورنىغا چۈشتى.

— ئۇ ئوغرىلىق ئىشى چىققاندىن كېيىن ئوزىدىن ئەنسىرەپ قالدى، — دېدى ھېكمەت، — بىزنىڭ ئاخىرىنى سۈرۈشتۈرمىگىنىمىزدىن خۇشال بولۇپ قىلىۋاتقان خوشامەتلىرىدە بۇ! . . .

— ئۇنىڭ كوكۇلىسىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتمەي! مەن بولسام غېزىنى ئۇيان، ئۆردىكىنى بۇيان قىلىۋېتەتتىم. . .

زۇمرەتنىڭ سۆزىگە ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. ھەر بىر سىنىپقا تەقسىم قىلىنغان تۆت مىڭدىن كېسەك قۇيۇش ۋەزىپىسى ئورۇنلىنىپ بولدى، كېسەكلەرنى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار زەمبىل، تاغار، ئارغامچا، ئېشەك ھارۋىسى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مەكتەپكە توشۇپمۇ بولدى. ھەر بىر دادۋي، شياۋدۇيلەردىن كەلگەن تامچى، ياغاچچى ئۇستىلار ئىشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار نۆۋەتلىشىپ لاي ئېتىش، ئۇستىلارغا كېسەك يەتكۈزۈپ بېرىش، بورا، سامان توشۇشتەك قارا ئىشلارنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مەكتەپ ئالدىدىكى رىشاتكا بېكىتىدىغان ھۆل قوپۇرۇلۇپ، دەرۋازىنىڭ كېسەك تۈۋرۈكلىرىمۇ پۈتۈش ئالدىدا تۇراتتى. مەكتەپنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسىدىكى ھۆسۈيۈن ئاخۇن خارەت كەنت ياغاچچىلىرى بىلەن دەرۋازا، رىشاتكىلارنى ياساپ، كۈلۈپ لىملىرىنى چوت بىلەن يونىماقتا ئىدى.

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكۈدەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى، ئوغۇت توپلاش، قالغان دەرسلەرنى تولۇقلاش، كەچ تەرەپلەردە مۇزاكىرىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، قۇرۇلۇشقا ئادەم ئايرىش، پىلاندىكى ئوچۇق دەرسلەرنى ئۆتكۈزۈش، ئوقۇغۇچى يىغىش دېگەندەك بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن ئىشلار ئوقۇتقۇچىلارنى ساپاندىن چىققان ئۇيدەك قىلىۋەتتى. ئۇلار كەچ

ئۇخلاشقا داڭ ئۇرۇلغان ھامان، ئۆيلىرىگە ھېرىپ - چارچىغان ھالدا قايتىشاتتى. لېكىن يەنە دەرس تەييارلىقى قىلىپ، تاپشۇرۇق تەكشۈرمىسە بولمايتتى. ئوقۇتقۇچىلار ماتېرىياللىرىغا باش قويغانچە ئۈستەلدىلا ئۇخلاپ قېلىشاتتى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، ئورما بىلەن يىللىق ئىمتىھان قىستىلىپ بىللە كېلىپ قالغاچقا، ھەممە جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆرۈكلۈك باغنى ئۆيلىغانسېرى ئۇيقۇسى قېچىپ، بىر يەردە تۇرالماس بولۇپ قالغان ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى سىنىپلارغا كىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇزاكىرىلىرىنى تەكشۈرەيتتى. ئەگەر يېتەكچى مۇئەللىم سىنىپقا كىرمىگەن بولسا، قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىرايتتى، يەرلەرگە تېپەتتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، يۈزلىرىدىن رەڭ قاچقان مۇئەللىملەر دەرسلىرىدىن چىقىپ ئۇھ دەپ بولغىچە، «ساڭا ئىككى سائەتلىك سۆز بېرىلدى، دەرھال قونىقىڭغا سۆز باشلىۋال. . .» دېگەن خەۋەر كېلەتتى. ياكى «پالانى كەتتىنىڭ كېۋەزلىرىگە كېسەل تېگىپتۇ، ئوقۇغۇچىلىرىڭنى ئېلىپ كېۋەز قۇرۇتى كولاشقا چىق. . .» دېگەن بۇيرۇق بولاتتى. گۇڭشې رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ «سىنىپىي كۈرەش»كە ئېتىبار بەرمەي، ئەسلىنى ئۇنتۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى «سودا سارىيىدا ئۇرۇقلۇق ياڭاق خىللاش» ، «ئەترەت خامانلىرىدا قوناق ئاقلاش» ، «يار ئېلىپ كەتكەن ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە تاش - توپا توشۇش» ، «تىنىپ كەتكەن كۆللەرنى قازدۇرۇش» تەك خىلمۇ خىل خالىسانە ئەمگەكلەرگە سېلىپ تۇراتتى. . .

مەكتەپ ئىچى تاققۇ - تۇققۇ، تاڭ - تۇڭ، ئانى سۇنىۋەت، بۇنى قوي دېگەندەك ئاۋازلار بىلەن تولغان بىر كۈنى، خالىق كاتىپ مەكتەپكە ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇ ۋاسكىتبول مەيدانىدا ئېتىنى بىر چۆگىلىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشلەۋاتقانلاردىن: «زەيىنىدىن مۇدىر قېنى؟» دەپ ۋارقىراپ سورىدى. ئاڭغىچە، ئەمدىلا تاملىرى قوپۇرۇلغان كۇلۇپ سەھنىسىنىڭ گىرىمخانىسىدىن ئالدىراپ چىققان زەيىنىدىن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەپ كەلدى.

— دادۇي، شياۋدۇيلەردىن ئېلىپ كەلگەن تامچى، سۇۋاقچى،

ياغاچچىلارنىڭ، — دېدى خالىق ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، — ئىش ھەققىنى قانداق قىلايلى دەۋاتىسىلەر؟

— ئەمدى. . . ئەل نەقى بېرەرمىز خالىق كاتىپ، — دېدى زەينىدىن، — يا ئۆزلىرىنىڭ باشقا يولىيورۇقلىرى بارمىكىن؟

— ئۇلارنىڭ كۆڭلۈك ئىش ھەققىنى ھېسابلاپ، گۆشكىغا تاپشۇرۇڭلار! — خالىق سىنىپ يوقلىمىسىنى قولتۇقلاپ كېتىۋاتقان گۈلزىباغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى، — ئۇلارغا دادۇي، شياۋدۇيلەردىن نومۇر بېرىدۇ.

— خوش! . . . دېگەنلىرىدەك قىلىمەن! . . .

— زەينىدىن، ئاۋۇ كېتىۋاتقىنى گۈلزىبا خانىمما؟ — خالىق قامچىسىنى ئېگەرگە تېپىدى، — ئەجەب ئۆزلىشىپ كېتىپتا؟ . . .

— خوش! يېقىندا ھېكمەت بىلەن توي قىلماقچى. . . — زەينىدىن ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتتى، — بۇ كەلگۈندى يامان نېمىكەن، خوتەننىڭ زۆھرەسىدەك، سەنەمدەك بىر قىزنىڭ مېغىزىنى چاقىدىغان بولدى! . . .

خالىق كاتىپ ئېتىغا زەرب بىلەن قامچا ئۇردى ـ دە، مەكتەپتىن چىقىپ كەتتى. ئۇز ئوقۇرىنىڭ ھىدىنى ئالغان ئات گۆشكى ئالدىغا كېلىپلا دەرۋازىغا قايرىلدى. لېكىن خالىق چۇلۋۇرىنى بىرلا تارتىپ، بازارنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ ئېتىنى بېقىندىدى. يولدا كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتتى.

. . . «خوتەننىڭ زۆھرەسىدەك، سەنەمدەك. . . » خالىق ئىچىدە پىچىرلىدى، — زەينىدىن راست ئېيتىدۇ، بىر كەلگۈندى مۇساپىرنىڭ گۈلزىبادەك قىزنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغىنى قىزىق. بۇ سەتەڭگە خوتەندىن ئەر تېپىلمىدىمىكىنە؟ . . . ئۇ دېگەن غۇلجىلىق تۇرسا؟

خالىق ئوڭ تەرەپتىكى يولغا قايرىلىپ چوشقا فىرمىسىغا قاراپ ئات سالدى. ئۇ ئەگرى ـ بۈگرى ئۆزمىلىك، ئۆرۈكلۈك، ياڭاقلىق ئېتىزلارنى ئايلىنىپ، ياقۇپ سەپرانىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. خالىق ئېتىنى ھويلا ئالدىدىكى قېرى ياڭاققا باغلىغاندىن كېيىن،

ئېشىكنى ئىتتىرىپلا كىرىپ كەلدى. ئاپئاق باشلىق ياقۇپ بىر ئېتىز يېرىدىكى يېسىۋېلەكنى ئوتاپ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى تام تۈۋىگە پىقىرىتىپ تاشلىماقتا ئىدى. ئۇ خالىقنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، بىراق تىزلىرى كۆيۈشۈپ كەتكەچكە، ئىنجىقلاپ ئارانلا ئۆرە بولالىدى.

— ۋاھ، خالىق كاتىپقۇ بۇ؟ — ياقۇپ قورۇنۇپ، ھجىيىپ سالام قىلدى، — ئۇزۇن بولدى، كەم دىدارلا بولۇپ كەتتىلە، ئۆزلىرىنى ياد ئېتىپ تۇردۇم... قېنى جۇرسىلە... ئۆيگە ئىلتىپات قىلسىلا!...

خالىق كۆرپىگە چىقىپ، ھەشەمەتلىك بولمىسىمۇ پاكىزە، رەتلىك، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ ھەۋسى كەلدى. ئۇ: «خوتۇن كىشىنىڭ گۈزەللىكى ئۆي ئىشىدا بىلىنۇر...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئارىلىقتا، ياقۇپ شىرەنى قويۇپ، داستىخان سېلىپ چايىنىمۇ قۇيۇپ بولغانىدى.

— ياقۇپكا، ئۆيلەپ قوياي دېسەم، ئۆتكەندە كايىش قىلمىدىلا، — دېدى خالىق ئېچىنغان قىياپەتتە، — مانا يالغۇزلۇق تارتىپ قاپتىلا ئەمەسمۇ!...

— كۆنۈپ قاپتىمەن...، — ياقۇپ ھىجايدى، — ھەمراھ بولمىسىمغۇ بولمايدىكەن... ئەمدى شۇ زۇمرەتنى تالالىق قىلىۋالسام، ئاندىن بىرگەپ بولار...

— ئۆي ئىشىغا چىۋەر، قولى چاققان، كۆزى ئىتتىك، پاكىزە ئايالدىن بىرنى تېپىپ سۆزلىشىپمۇ قويغانىدىم، — خالىق يەر تېگىدىن ياقۇپقا قارىدى، — ئۆزىمۇ سىلىدىن ئون، ئون ئىككى ياش ئەتراپىدا كىچىك، يۇمىلاققىنا ئايال...

— شۇنداقمۇ؟ — ياقۇپنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن يۇمۇلۇپ كەتتى، — يا ئاللا، ئۆزلىرىزە خىزىر ئەلەيھىسسالامدەك ئادەمدە!... باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپلا يۈرگەن... قانداق باللىرى بارمىكەن؟...

— بىر قىزى بار، لېكىن ئەردە... — خالىق ئىچىدە «ماۋۇ قېرىنىڭ خوش بولۇپ كەتكىنىنى قارا!» دەپ قويدى، — بوپتۇ ياقۇپكا،

بىر ھېسابتا ئويلىغانلىرىمۇ توغرا. يات خوتۇننىڭ ئالدىدا، چوپ - چوڭلا بىر قىز يۈرسە ئەپلەشمەيدۇ. . .

— شۇ، شۇ، ئېيتقانلىرى دۇرۇس. . .

— ئۇنداقتا، زۇمرەتنى ياتلىق قىلىش ئىشىنى ئويلىشىپ كۆرگەنلا؟

— ئەمدى. . . بېشىمىزنى كۆپ سىيلىدىلا، سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قاراپ تۇردۇق.

خالىق ئاشنىڭ دەم يەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئايلانما گەپلەر ئارقىلىق ياقۇپنىڭ ئۆزىنى ئېغىز ئاچۇردى. بۇ ناھايىتى ئەپلىك پۇرسەت ئىدى. شۇڭا ھېچ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمايلا، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېرى ياش خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. زۇمرەتنى پاتراق چىقىرىۋېتىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭغا خوش ياقماي قالارمىدى! . . .

— ئۆزلىرىگە ئۆتكەندە قىلغان ۋەدەم بويىچە، قىزلىرىغا بىر لايىق تېپىۋېدىم، — دېدى خالىق ياقۇپنىڭ ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىۋاتقان چىرايىغا قاراپ، — يېشى زۇمرەت قىزدىن سەل چوڭ بولسىمۇ، قول - ئىلكىدە بار، ئەل ئارىسىدا يۈز تاپقان، ئابرويلۇق، ئۆزى مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى.

— ئۇنداقتا، بىر چاغدا ئۆزلىرى باشلاپ كەلگەن ھېلىقى ئىسمى نېمە ئىدى؟ خۇدايىم، ھە راست، مەتمۇسا بولمىسۇن يەنە؟ . . .

— شۇ، شۇ! ئەسلىرىدە بار ئىكەندە. . .

ياقۇپنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، زۇۋانى ئۈچۈپلا كەتتى. گەپلىرى بىر - بىرىدىن تېتىقسىز، تاماقنى چايناي يۇتۇۋېرىپ، ھېق تۇتۇپلا تۇرىدىغان، بۇقا گەدەن، كۆينەكلىرىنىڭ ياقىسى، دوپپىسىنىڭ جىيەكلىرى جۇۋازچىنىڭ ئېتىكىدەك مايلاشقان، ئادەم بار - يوق دېمەي، زۇمرەتكە ئاچكۆزلەرچە قاراپ، ھاياسىز چاقچاقلارنى قىلغان بۇ تۇلۇم چاشقاننى ياقۇپ بىر كۆرۈپلا ئۆچ بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنى خالىقنىڭ كۈيئوغۇللۇققا سايە قىلىپ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان؟ . . .

— خالىق كاتىپ، ئۇ. . . ئۇ بىر ئاز بىمەسەل ئادەمدەك قىلىدۇ، — دېدى

ياقۇپ گىپىنى تاپالماي، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرىقلارغا كىرىپ قالغان ئادەم تۇرسا؟...

— ھەي... ئۆزلىرى ئۇنىڭ بىلەن كۆپ ئەسرا بولمىدىلا، ئۇ دېگەن چاقچاقچى، گەپچى، ناھايىتى ئوچۇق - يورۇق ئادەم، — دېدى خالىق، — ياش مەسىلىسىگە كەلسەك، مەتمۇسا بۇ يىل 35 ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى. ئاتا - بوۋىمىزدىمۇ «ئەرنىڭ قېرىسى يوق، سەتى بولمايدۇ» دېگەن گەپ بارغۇ؟...

— زۇمرەت بۇ يىل تېخى يىگىرمىگە قەدەم قويىدى، — دېدى ياقۇپ بېشىنى چايقاپ، — ئۆزىنىڭ دادىسىدەك ئادەمگە...

— قىزىق گەپ، — دېدى خالىق پىيالىنى جاققىدە قويۇپ، — مەن سىلىگە تاپقان ئايالمۇ ئۆزلىرىدىن ئوننەچچە ياش كىچىك، سىلى ئۇنى بالا قىلغىلى ئالامىلا ياكى خوتۇن قىلغىنىمۇ؟ ئەجەب سىلىگە بولىدىكەن، زۇمرەتكە بولمامدىكەن؟...

ياقۇپ ئىككى پۇكلەنگىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ خالىقنىڭ گېپىنى يېرىۋېتەي دېسە، يۈزى چىدىمايتتى. ماقۇل دەي دېسە، كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى خىرە ئىدى.

— ئاڭلىسام ئۇنىڭ بىدىك دەيدىغان لەقىمىمۇ بار ئىمىش، — دېدى ياقۇپ، — شۇنىڭغا قارىغاندا، كۆپ ئۆيلەنگەن ئادەم ئوخشايدۇ.

— ياقۇپكا، «ئوساغاققا ئارپا نېنى باھانە» دېگەندەك، نەدىكى غەيۋەتچى خوتۇنلارنىڭ تارازىغا ئولتۇرمايدىغان گەپلىرىنى دېگىلى تۇردىلىغۇ؟ — دېدى خالىق ئەلپازىنى بۇزۇپ، — كۆڭۈللىرىدىكى راست گەپنى قىلسىلا! قىزلىرىنى ئاشۇ قەشقەرلىك مۇراتقا بەرمەكچىمۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، قىزىمنى ئۇ ياقا يۇرتلۇققا ھەرگىز بەرمەيمەن، — دېدى ياقۇپ بوغۇلۇپ، — ھېلىغۇ بىر ئەپەندىكەن، ۋىلايەتنىڭ ۋالىيسى بولسىمۇ شۇنداق...

— ھەببەللى ياقۇپكا! «قاغا نېمە يېمەيدۇ، ئەللەر نېمە دېمەيدۇ» بىر قىسىم كىشىلەر مەتمۇسانى كۆرەلمەيدۇ... ئۇ دېگەن بىر ئىدارىنىڭ باشلىقى، مال دوختۇرى، قولى ئوچۇق، كىشىلەردىن ھېچنىمىسىنى

ئايىمايدىغان مەرت ئادەم، — خالىق تاماكا ئوردى، — ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان ئورغۇن دۇنياسى بار. . . بىرەر ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، چىداپ تۇرالمايدۇ، دەرھال ياردەم قولىنى سۇنىدۇ. . . راست گەپنى قىلسام، ئاياللىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش، ئۆلۈمنى ئۇزۇتۇش، نەزىر - چىراغىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەتكەن ھەممە پۇلنى مەن ئاشۇ مەتمۇسادىن ئالغان. . . ئۇ چاغلاردا ئۆزلىرى بەك گاڭگىراپلا قالدىلا. بىرەر كىمدىن قەرز ئالمەن دېسىلىمۇ، باشقىلار سىلىنىڭ ھال - ئەھۋاللىرىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بەرمەيتتى. ئۇنچىلىك پۇل مەندىنمۇ چىقمايتتى، مەن كادىر تۇرسام، ئالغان مائاشىم ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا ئارانلا ئۇلىشىۋاتسا؟ . . .

— شۇنداقمۇ؟ . . . — ياقۇپ ھەيران بولغىنىدىن كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — توۋا قىلدىم. . . ئۇنى مۇنچىلىك قىلالايدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. . .

— ئويلاپ باقسىلا، ھېلىقى چاغدا ئۇنى نېمە ئۈچۈن سىلىنىڭ ئۆيگە ئالايتەن باشلاپ كەلدىم؟ مەن سىلىنىڭ يامان ئەھۋالدا قالغانلىقىلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئارقا - ئارقىدىن پۇل ئېلىۋەردىم. كېيىن، ئۇ مېنى ئالداۋاتامدىكىن؟ دېگەن گۇمانغا كېلىپ قالدى. شۇڭا، ئالغان پۇلنى ئۆزەم خەجلىمىگەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلگەنىدىم. . .

— مۇنداق دېسىلە! ئادەم دېگەننى بىرلا كۆرۈپ باھا بېرىشنىڭ ئۆزىمىغۇ قاملاشمىغان گەپ. . . — ياقۇپ ئېڭىكىنى سىيلىدى، — ئەمدى سېلىچە قانداق قىلساق بولار؟ . . .

— ما گەپلىرى بولىدۇ، — دېدى خالىق كۈلۈپ، — زۇمرەتكە ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ نەسىھەت قىلسىلا، سېلى دېگەن ئاتا، ئۇ دېگەن بالا. ئاتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان بالىنى بالا دېگىلى بولامدۇ؟ ئەگەر جاھىللىق قىلسا، ئۇنى ئۆلىمەن - ئۆچىمەن دېگەندەك گەپلەر بىلەن قورقۇتسىلا. زۇمرەت ئۆزىنىڭ يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپ بولسىمۇ، كېچىكلىرىگە كىرىدۇ. . .

— ئۇ بەك جاھىل بالا دېسىلە، ئادەم بىلەن تەڭ تۇرىدۇ، ئاندىن،

سەپرايىم ئۆرلەپ، قولۇمغا چىققان نەرسە بىلەن ئۇرۇپ سالىمەن. . .

— بۇنداق قىلسىلا. ئۆزلىرى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىلا، — دېدى خالىق ياقۇپقا ئېگىشىپ، — ئۆتكەندىمۇ نوغۇچنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۇرالماي، ئاخىرى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇپ بېرىپتۇ. . . بۇ خاتا ئۇسۇل.

— نەسىھەت قىلسام ئاڭلىمىسا قانداق قىلىمەن؟ . . .

— بىچارە، مۇلايىم، يۇۋاش، دەردلىك قىياپەتكە كىرىۋالسىلا! ئۇ ئۆزىمۇ ئازاپلىنىدۇ. . . — خالىق ئىشككە قاراپ قويدى، — ئامال بولمىغاندا، بوپتۇ قىزىم كىمگە تەگسەڭ تەگ. . . ئەمما توي كۈنۈڭ مەن بۇ دۇنيادا يوق. . . سەن ياقا يۇرتلۇق بىلەن توي قىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ئۆزۈمنى ئۇستۇردا بوغۇزلايمەن ياكى ئېسىلىپ ئۆلىۋالىمەن. . . دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەرسىلە، قېنى. . . ئاسانلا قىنىمىغا پاتىدۇ. . . چۈنكى زۇمرەتنىڭ باغرى يۇمشاق. . .

— بولىدۇ خالىق كاتىپ، ئۆزلىرى مېنى ئوتقا ئىتتەرمەيلا، — ياقۇپ بېشىنى لىڭشىتتى، — مەن ئۆزلىرى دېگەن بويىچە زۇمرەت بىلەن سۆزلىشىپ، جاۋابىنى بېرەي. ئاندىن. . .

— ئاندىن مەن دەرھال قىزىل قەغەزنى كېسىپ بېرىمەن، ئەلچى كىرگۈزىمىز، — خالىق چەينەكنى ئېلىپ ئۆزىلا چاي قۇيدى، — زۇمرەتنىڭ تويىنى قىلىۋېلىپلا، سىلىنىڭ باشلىرىنى ئوڭلاپ قويىمىز.

مەتمۇسا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، مەيدىسىگە ئۇردى. ئۆتكەندە ئۆيگە يامغۇر ئۆتۈپ كېتىپ، زۇمرەت بىر كۈن ئىشقا بارمىغانمىدى؟

— شۇنداق، تورۇس خۇددى غەلۋىردەكلا بولۇپ، ئۆيگە تىزمىغان داس، چىلەك، چىنە ـ قاچا قالمىدى.

— ھەببەللى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەتمۇسا تويىنى قىلىۋېلىپلا، كونا ئۆيلەرنى چېقىپ تاشلاپ، كۆتۈرمە لاپاسلىق، ئايۋان ـ سارايلىرى كەڭ، تام ئويۇقلىرىنى نەقىشلىق قىلىپ ئۆي سېلىپ بېرىمەن. قىيما تۈۋرۈكلۈك، كۆچۈك چىشى چىقىرىلغان پېشايۋانلارنى، گۈللۈك دېرىزە قاپقاقلىرىنى كۆرۈپ، قىرمىلىقلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالسۇن. . .

مەندىن كەتسە ناھايىتى بىر چوكا ئالتۇن كېتەر، دەيدۇ. . .
— پاھ، مەتمۇسادا ئالتۇن بار ئىكەندە؟ — ياقۇپ ھەيران بولغىنىدىن خالىققا تېكىلىپلا قالدى، — ئاتا - ئانىسى چوڭ ئۆتكەن ئادەملەر ئوخشىمامدۇ؟
— بۇنداق بايلار بۇ يەردە بولغان بولسا، ئاللىبۇرۇن تۈگىشىپ كېتەتتى، — خالىق ئاغزىغا كەلگەننى ياندۇرماي سۆزلەشكە باشلىدى، — ئۇنىڭ دادىسى پاكىستاندا كاتتا كەتكەن سودىگەر بولغان، ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى، ئوغلىنىڭ مىراسىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ ئەۋەتىپتىكەن، بۇ يەردە يېرىمىنى باجغا تۇتۇۋېلىپ، قولىغا ساقمۇ ساق ئەللىك دانە چوكا ئالتۇن تەككەن گەپ.
— ئەللىك دانە؟ — ياقۇپنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى، — ئۇنداق بولسا، بۇ ئالتۇن نەچچە ئەۋلاد، ئۇرۇق - پۇشتىغىمۇ قالغۇدەك. . .
— شۇ ئەمەسمۇ! ئۇ ھازىر زۇمرەتكە، زۇمرەت كۆزلۈك تىللا ئۈزۈك، قوش بىلەيزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن پوپۇزىلارنى تەييارلاپ قويىدى. ھەي، ھەي! بۇ قىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن ئەمەسمۇ! . . . خۇددى مەلىكە - خېنىملاردەك كۈنى بەھوزۇر راھەتتە ئۆتىدىغان بولدى! . . . بۇ مەتمۇسا دېگەن بىر شاھزادە دېسىلە. . .
— راست، ئامەتلىك شاھزادىنىڭ ئۆزى ئىكەن. . .
ئاجايىپ ئاتلىك! خوتۇن ئېلىپ بەرسە، ئىسسىق قەپەز ئايۋانلىق سارايلارنى سېلىپ بەرسە! . . . بۇ ياقۇپنىڭ چۈشىمۇ ياكى ئوڭىمۇ؟ ئۇنىڭغا يۇمىلاققىنا بىر چوكان ھەيۋەتلىك ئايۋان - سارايلاردىن چىقىپ، ئۆزىگە كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك. . . تاماقلىرىنى يەۋالسىلا. . . دەپ ئاستىغا كۆرپە سېلىۋاتقاندەك. . . ئېغىللىرىدا قويلار مەرەپ، كالىلار كۆشەۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۆمرىدە يېگىراق كۆينەك ئۈستىگە چىقىپ باقمىغان، بىر نېنى ئىككى بولۇپ ئۆتمىگەن ياقۇپ قېرىغان چېغىدا راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدىغان بولدى. ئەمدى يېقىن - يۇرۇق، ھەققەمسايىلىرى ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قارىسا، كۆرەلمەس دۈشمەنلىرى ھەسەت بىلەن باقىدۇ. . . بۇ چاغقىچە ئۇنى« ياقۇپ سەپرا» ، «ياقۇپ

چاۋاش » دەپ نەزەر كۆزىگە ئىلىنغانلار: «جۇرۇڭلار، ياقۇپكامنىڭ ئۆيلىرىنى كۆرۈپ كېلەيلى!...» دېيىشىدۇ...

بىردىنلا ياقۇپنىڭ خالىق تېپىپ قويغان ھېلىقى چىۋەر، قولى چاققان، كۆزى ئىتتىك، يۇمىلاققىنا ئايالنى كۆرگىسى كېلىپ قالدى. گۇڭشېنىڭ رەھبىرى تاپقان ئايال ئۇنداق - مۇنداق پەلەش - پەرتىش، ئاغزى - بۇرنىغا چىۋىن ئولاشتۇرۇپ يۈرۈيدىغان پاخپاقلاردىن بولمايدۇ - دە، ئەلۋەتتە... ئۇ سىلىق - سىپايە، مۇلايىم، كۇلۇپلا تۇرىدىغان، سۇباتلىق ئايال بولىدۇ...

ياقۇپ قورۇنۇپ، ھىجىيىپ، ئۇ ئايالنى بىر كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى ئېيتىۋېدى، خالىق قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. ئىچىدە بولسا، «ماۋۇ كالۋا قېرىنىڭ گېپىمگە ئىشىنىپ قالغىنىنى كۆرەيمۇ!... مەن ساڭا خوتۇن تونۇشتۇرغىنىنى سارالڭ بولۇپ قالدىمۇ؟.... قارا بۇنىڭ تېخى خوتۇنغا ئىشقى بار ئىكەنا؟» دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇ سىپايىلىق بىلەن ياقۇپنىڭ دولىسىغا ئۇردى:

— ياقۇپكا، ئاۋۋال زۇمرەتنى ئۇزىتىپ ئالايلى، ئاندىن، ئۇ ئايالنىڭ قېشىغا سىلىنى ئۆزەم باشلاپ ئېلىپ بارىمەن، — دېدى خالىق، — ئۇ ۋاقىتتا، مەن بولسام تەنھا، باللارنى تالالىق قىلىپ بولغان، دېسىلە، تېخىمۇ ئەپ كەلمەمدۇ!...

— دۇرۇس، دۇرۇس، يەنىلا ئۆزلىرى ئەقىللىق...

بىر نەچچە يىلدىن بېرى بويتاق ياشاپ كەلگەن 55 ياشلىق ياقۇپنىڭ قىزىنى پاتراق چىقىرىۋېتىپ، تېز ئارىدىلا ئۆيلەنگىسى كېلىپ قالدى. تۈلكىنى قاپقانغا چۈشۈرۈۋالغان ئوۋچىدەك قانائەت تاپقان خالىق ئورنىدى تۇرۇپ، ياقۇپ بىلەن خوشلاشتى.

# ئۈچ يىغىنىڭ بىر كۈلكىسى

يەكشەنبە ئەتىگەنلىكى ئىدى. خالىق بۈگۈن سەھەر تۇرۇپ، ھويلىسىدىكى تال بوستانلىق تېگىدە ئۈزۈمنىڭ ھارام شۇڭلىرىنى

قېيىۋاتاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى يەردە ئالا كۆلەڭگىلەرنى پەيدا قىلغانىدى، ھەممە ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كېتىۋاتقان خالىق خېلىلا خۇشال كۆرۈنەتتى. تۈنۈگۈن ئۇ «بوۋاي قەمبەر» مەكتىپىگە چىقىپ، نەفسەنىڭ ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك ھۆسنى - جامالىنى قانغىچە كۆرۈپ كەلدى. گەرچە جان سۆيۈنگىدەك بىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىيالمىغان بولسىمۇ، بىر چىنە چېيىنى ئىچىپ راھەتلەندى. بەلكىم ئۇ چاي ئىچكەن چىنىگە نەفسەنىڭ لەۋلىرى بىرەر قېتىم بولسىمۇ تەككەندۇر! ئەڭ بولمىسا، ئۇنىڭدا نازۇك ئاق بارماقلىرىنىڭ ئىزى باردۇر!... ھەر ھالدا، بۇ ئىشلارنىڭ باشلىنىشى يامان ئەمەستەك قىلىدۇ... چوقۇم بارا - بارا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ... بولۇپمۇ خالىقنىڭ گۈل - قەقەلىرىنى ئېچىلدۇرۇۋەتكىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا يېتىۋالغان بالىنىڭ چۈشكەنلىكى ئىدى. بالا بىرەر - ئىككى ئايلىق بولۇۋالسا، ئۇنىڭ ئارزۇ قىلغان كۈنىمۇ يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن پەيتىنى تېپىپ، نەفسەگە تور يايىدۇ... زۇمرەتنى مەتمۇساغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىنى ھەرگىز زىيان بولمىدى، يوقلا يەردىن بىر كاللەك پۇلغا ئېرىشىۋالدى، ياقۇپنىمۇ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماس قىلىپ قويدى. بىراق بۇ سەپرا ئاقباش قىزىغا گېپىنى يىگۈزەلەرمۇ؟... ياكى يەنە ئۆتكەنكىدەك پوتلىسىنى ئېقىتىپ ئولتۇرارمۇ؟... ئۇنى ئاچچىقىدا ئىشنى بۇزۇپ قويۇپ ، بىرەر غەۋغا تېرىپ قويمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، زۇمرەت جىدەللىشىشتىن يانمايدۇ... خەلقى ئالەم ئالدىدا سەتلىشىدىغان گەپ... ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك... يامىنى كەلسە، قەرز پۇل ھۆججەتلىرىنى ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىپ، توقۇمنى قارىنىغا ئېلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئۇ نېمە دېيەلەيدىكىن؟ زۇمرەت ھازىرقى خىزمىتىدىن بەك خۇشال، پوچتىخانىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ... ئېتىز - ئېرىقتا لاي - پاتقاقتا مىلىنىپ جاپا چېكىشنى ئويلىسىلا، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ كېتىدۇ. قېنى ئۇ سەكرەپ باقسۇنچۇ! كىشىلىك تۇرمۇشتا، مەنپەئەتتىن قۇدرەتلىك كۈچ بارمۇ؟ مەنپەئەت ئۆكۈزنى بۇلبۇلدەك سايرىتىپ، مەن -

مەن دېگەن ۋىژدانلىق ئەركەكنىمۇ مومدەك يۇمشىتىۋېتىدۇ... كۆڭلى خېلىلا جايىغا چۈشكەن خالىق خۇشلۇقىدا دىمىغىدا غىڭشىپ، بوستانغا تىكلەنگەن كىچىك شوتىغا يامىشىپ تۇراتتى، قوش قاناتلىق ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، زۇمرەت ئېتىلىپ كىرىپ كەلدى. چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالغان خالىق زۇمرەتنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىگە، تۇخۇمدەك ئىششىپ چىققان كۆزلىرىگە قاراپ قورقۇپ قالدى. ئۇ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ كېچىچە خېلىلا ئۆرە - تۆپە بولۇشقانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— چۈشۈڭ شوتىدىن! — دېدى زۇمرەت ۋارقىراپ، — مەن... مەن سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم.

— ھە، زۇمرەت قىز، ئالا كۈچۈكلەر كېلىپ قاپتىغۇ؟ ھى... ھى... ھى... — خالىق قورقۇپ تۇرسىمۇ، ياسالمىلىق بىلەن كۈلدى، — سىزنى بىر كىم رەنجىتتىمۇ؟ چېچىلىپ قاپسىزغۇ؟...

— بولدى ياسالما كۈلكىڭىزنى قويۇڭ، — دېدى زۇمرەت ئۈننى قويۇپ بېرىپ، — مەن سىزنى ھۆرمەت قىلىپ كەلگەندىم... ئەمما سىزنىڭ دەللاللىق قىلىشىڭىزنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن...

— بولدى، بولدى ئاستا سۆزلەڭ، — خالىق ئۆي تەرەپكە قاراپ قويدى، — بىز ئىشخانىغا بارايلى.

— ياق، مەن مەشەدە سۆزلىشىمەن، — زۇمرەت غەزەپتىن تىترەيتتى، — سىزنىڭ زادى يەنە قانداق ئويۇنلىرىڭىز بار، بىلمىسەم بولمايدۇ!

— زۇمرەت، جاھىللىق قىلماڭ، ئۆيدە ئايالىم تۇغۇتلۇق، — دېدى خالىق ئۆينى ئىشارە قىلىپ، — قانداق گېپىڭىز بولسا ئىشخانىدا دېمەمسىز...

تۇغۇتلۇق ئۆيدە جېدەللىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلگەن زۇمرەت خالىققا تېكىلگىنىچە جىم تۇردى. خەنجەردەك قادىلىپ تۇرغان كۆزلەردىن ئەندىكىپ قالغان كاتىپ كېيىملىرىنى قاقتى، ئۇنىڭ غۇژلا ئاچچىقى كەلگەندى. ئۇ ئىچىدە، قارا ماۋۇ خەمەكنىڭ پەيلىنى!

دەپ ئويلىدى. ئۇلار كوچىغا چىققاندىن كېيىنمۇ گەپ قىلىشمىدى. خالىق ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئېگىلىپ بەرگەن سالىمىغا بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويدى. لېكىن كۆڭلىدە زۇمرەتكە قانداق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا چوت سوقۇۋاتاتتى.

ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن، زۇمرەت ھېچ تەكەللۇپسىزلا ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. خالىق ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى دىۋانغا ئۆزىنى تاشلاپ، تاماكا ئورىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. پەقەت زۇمرەتنىڭ ئوتتەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى نەپرەت ئۇچقۇنلىرىنى، ھېچنىمىدىن يانمايدىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ، سەل چۆچۈپ قالدى. ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. شۇنداقتىمۇ خالىق چىرايىدىكى ئەمەلدارلىق كىبرىنى ساقلاپ قالغانىدى.

— قېنى سۆزلەڭ، ئەتىگەندە ھويلىغا بېسىپ كىرگۈدەك قانداق ئىش يۈز بەردى؟ — خالىق تاماكىسىنى ئالدىرىماي تۇتاشتۇردى، — تۇرقىڭىزدىن مېنى سوتلىغىلى كەلگەندەك تۇرىسىزغۇ؟

— مېنىڭدەك زاتى كېرەمنى سوتلىغىلى بولمايدۇ دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى زۇمرەت يۈز - خاتىرە قىلماي، — بىلىپ قويۇڭ، كىمكى مېنىڭ غۇرۇرۇمغا يۇندا چاچىمەن دەيدىكەن، ئۇ ھېلىغۇ سىز ئىكەنسىز، پادىشاھ بولسىمۇ قورقۇپ قالمايمەن . . .

خالىق زۇمرەتنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئىككى ئۆرۈۋالغان توم قوڭۇر قىسقا چاچلىرىغا، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئىلىپتەك تۈز قارا قاشلىرىغا ، چىڭ يۇمۇلغان ھالرەڭ تومپىلاق لەۋلىرىگە، تىزى ئۈستىدە سوس تىترەۋاتقان نازۇك قوللىرىغا قارىدى. قىزنىڭ بۇ ھالىتى خۇددى بالىسىنى ئېلىپ قاچقان كۆكىنەكنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ زەربە بېرىۋاتقان ئاق قۇشقاچنى ئەسلىتەتتى . . . دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ھېچنىمىدىن يانمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر ئەنسىزلىك چىرمىۋالغان خالىق بىردىنلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ زۇمرەتكە قارىدى.

— قېنى نېمە ئىش بولغانلىقىنى دېمەمسىز؟ مەن گاڭگىراپلا قالدىم.

— تولا خوپسەنلىك قىلماڭ، — دېدى زۇمرەت چەكچىيىپ، — سىزنىڭ خىزمەت تەركىبىڭىزدە باشقىلارغا لايىق تونۇشتۇرۇش دېگەن ۋەزىپىڭىزمۇ بارمۇ؟

— شۇ ئىشمىدى؟ — خالىق غەلىتىلا كۈلۈپ قويىدى، — بۇنى دادىڭىز ئۇچۇق ئېيتمىدىمۇ؟ بىلسىڭىز بۇ ئىشلار دادىڭىزنىڭ خاھىشى بىلەن بولدى. ئۇ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالسا ماڭا نېمە ئامال؟

خالىق ئالدىرىماي تاماكىسىنى شورىغىنىچە، ياقۇپنىڭ ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلىپ، زۇمرەتنىڭ بېشىنى سىلىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى، ئەمدى ئېغىر كۆرمەي، ئۇنىڭ يۈز - ئابرويىلۇق، پۇللۇق بىرەر يەرنىڭ ئېپىنى قىلىپ، قىزىغا لايىق تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەنلىكىنى، ھەتتا گۇگۇشېغىمۇ بىر نەچچە قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ ياش تۆككەنلىكىنى تەسىرلىك سۆزلەپ ئۆتتى. ئۇ ئاخىرىدا ئېچىنغان قىياپەتتە:

— مېنىڭ بۇنداق ياخشىلىقلىرىمنىڭ سىزدە يامان تەسىرات قالدۇرۇشىنى ئويلىماپتىمەن! — دېدى.

— ياخشىلىقمىش تېخى، — زۇمرەت مەسخىرىلىك كۈلدى، — ئۇنداقتا ئون نەچچە خوتۇننى خارلاپ يولغا سېلىپ قويغان بىر ھايۋاننى سايە قىلغىنىڭىزغا رەھمەت ئېيتسام بولاتتىمۇ؟...

— ھايۋان؟ ھېھى، — خالىق دىمىغىنى قېقىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — سىز بۇ گەپنى چايناپ بېقىپ قىلسىڭىز ئوبدان بولارمىكى؟ نەچچە يىلدىن بېرى ئانىڭىزنى داۋالىتىپ، ئۆلۈمىنى ئۈزىتىپ، نەزىر - چىرىغىغا پۇل خەجلىگەن ئادەم كىم؟ بۇ ئاش بەرگەنگە مۇش بەر دېگەندەك گەپ بولمامدۇ!

— چۈشەنمىدىم، — دېدى زۇمرەت غەزەپ بىلەن، — شۇ چاغلاردىن باشلاپلا مەتمۇسانىڭ دالالچىسى بولۇپ كەپتىكەنسىز - دە؟ مەن تېخى دادامنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەنىدىم... ئەسلىدە بۇ سىزنىڭ ئويۇنلىرىڭىز ئىكەن. سىزدە ئەرلىك غۇرۇرى ۋە نومۇس دېگەن نەرسە بارمۇ؟...

— ئاغزىڭىزنى يىغىڭ! . . . تۇمشۇقىڭلار يەر تىرەپ قالغاندا، سۆڭىكى، قىلتىرىقى بارمۇ - يوقمۇ دېمەي، گېلىڭلارغا تىقىسىلەر، مانا ئەمدى مەن نومۇس قىلىمەنما؟ — دالتەك سۆزى تىك كەلگەن خالىق ئاچچىقلاپ قالدى، — بىلىپ قويۇڭكى، ئەگەر مۇشۇ سۆزلىرىڭىزنى مەتمۇسا ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيدۇ. . .

خالىقنىڭ ئاخىرقى سۆزى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت ئىدى. مەتمۇسا قىپقىزىل لۈكچەك، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇششۇق، كۆكەمە، پاھىشىۋاز ئادەم بولۇپ، بوستان تەۋەسىدە ھەممە ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. زۇمرەت مۇشۇنداق بىر زەھەرلىك چايانغا ئۆزىنى باغلاپ قويغان خالىققا چوڭقۇر بىر نەپرەت بىلەن قادالدى. بىراق خالىقنىڭ يۈرىكىدىكى تەكەببۇرلۇق، ئاۋازىدىكى كۆرەڭلىك، كۆزىدىكى مەككارلىق قىلچە سۇسلاشمىغانىدى.

— قېنى ئېيتىڭ! — دېدى زۇمرەت ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ، — سىز ئۇنىڭدىن ئىلگىر - ئاخىرى قانچە پۇل ئالغان؟ . . .

— ئىسىمدە يوق، ئالتە - يەتتە قېتىم ھۆججەت ئارقىلىق ئالدىم.

— ئەمسە سىزمۇ بىلىپ قويۇڭ، — دېدى زۇمرەت كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتمەي، — سىلەر ئىككىڭلار مېنى پۇل ئارقىلىق كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلاندۇرۇمىز دەيدىكەنسىلەر، ئۇخلىماي چۈش كۆرسىلەر . . . مەن جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. . .

— گەپنى ئۇنداق ئۇزۇۋەتمەڭ. . . بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بارىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن يەنە! . . .

— ئېسىڭىزدە ئوبدان ساقلاڭ، — زۇمرەت چىقىپ كېتىۋېتىپ شارتلا ئارقىغا قايرىلدى، — مەن سىزنىڭ ئېلىپ قويۇۋەتكەن خوتۇنلىرىڭىزغا ھەرگىز ئوخشىمايمەن! . . .

چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ، ۋۇجۇدىنى ئاچچىق چىرمىۋالغان زۇمرەت گۇڭگشي كۆۋرۈكى ئالدىدا، نەگە بېرىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كامىل، مۇراتلار شەھەرگە كىرىپ كەتكەنىدى. پەقەت ھېكمەتلا ياتىقىدا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ «بۇلاقتىكى شولا» دېگەن رەسىمنى

سىزىۋاتاتتى. ئۇ ئۇلۇشكۇن ئۇنىڭغا مودىل بولۇپ تۇرۇپ بەرگەنىدى.

زۇمرەت ئوتتۇرا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ خۇددى قەپەز ئىچىگە سولاپ قويغان قۇشتەك تىپىرلاپ قالغانىدى. تاغدەك ئىشەنگەن، چىن يۈرىكىدىن سۆيۈنۈپ ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلغان خالىقنىڭ كۆڭلى قارا، رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلىسىلا، كۆزلىرىگە ياش تولاتتى. شۇنداق، ئۇنى قارا بېسىپتۇ. . . ئۇ قاباھەتلىك چۈش ئىلكىدە ئويغىنالماي تۇنجۇقۇپ يۈرۈپتۇ. توۋا، دوستلىرى قانچە ۋارقىرىسىمۇ ئويغانماپتۇ. بىر چاغدا مۇرات ئالاقەتلىكتە توغرا دەپتىكەن، ئۇ بۇرۇنلا سەزگەنىكەن. نېمىشقىمۇ ئۇنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىغان بولغىيتتى؟ ئۇ بىكاردىن بىكار غەم يەپ، ئەندىشە قىلمىغانىكەن. . .

بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ يېڭىدىن بېكىتىلگەن چوڭ دەرۋازىسى، ئۇنىڭ ھەرخىل رەڭدار نەقىشلىرى، ياپيېشىل سىرلانغان رىشاتكىلارمۇ زۇمرەتنىڭ كۆڭلىنى ئاچالمىدى. ئۇ كۆزىگە قان قۇيۇلغان ھالدا ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. «بۇلاقتىكى شولا» ناملىق رەسىمنىڭ ئاخىرقى بوياقلىرىنى بېرىۋاتقان ھېكمەت ئون يىل كېسەل تارتقاندەك سارغىيىپ كەتكەن زۇمرەتنى كۆرۈپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي تۇرغان بىچارە قىز ھېكمەتكە ئېسىلغىنىچە يىغلىۋەتتى. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ھېكمەت تەمتىرەپ دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ زۇمرەتنى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. زۇمرەت ئۆپكىدەپ ھەم ئىسەدەپ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ ئالالمىدى.

— زۇمرەت سىزگە نېمە بولدى، ياقۇپكام ساقتۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، — قېنى چاي ئىچىڭ، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ.

زۇمرەتنىڭ چايغىمۇ مەيلى تارتمىدى. ئۇ پىيالىنى ئۈستەلگە قويغاندىن كېيىن، تۇنۇگۇن دادىسى بىلەن بىر كېچە جېدەللەشكەنلىكىدىن تارتىپ ھېلىلا خالىقنىڭ ئىشخانىسىدا بولۇنغان قورقۇنچلۇق سۆھبەتكىچە سۆزلىدى. زۇمرەتنىڭ ئېيتقانلىرىدىن خالىق بىلەن مەتمۇسانىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرەر شۇملۇقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ھېكمەت ئۇنىڭغا

نىمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ كەتتى . ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنىڭ ئەمدىلىكتە مۇراتنىڭ بېشىغىمۇ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئېغىر خۇرسىندى.

— خالىق مەتمۇسادىن قانچىلىك پۇل ئاپتىكەن؟ — دېدى ھېكمەت يەر بېقىپ ئولتۇرغان زۇمرەتكە قاراپ، — بىز ئۆز ئارا پۇل چىقىرىپ ئامالىنى قىلساق. . .

— بىلمىدىم، ئالتە قېتىم ھۆججەت بىلەن ئالغان دەيدۇ، — دېدى زۇمرەت كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — بىر - ئىككى قېتىم ئەچىقىپ بەرگەن 3 - 4 تال ئاق دورا، 4 - 5 مېتىر خەسە، گۈرۈچ، ماي، ئۇنلىرى ئۇنچە كۆپ پۇل بولۇپ كەتمەس. . .

— بۇ ئادەملەرگە بىر نېمە دېمەك تەس. . . پەرەز قىلىشىمچە، ئۇلار بۇرۇنلا سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشكەن ئىكەندە. . .

ھېكمەتنىڭ سۆزىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن زۇمرەت ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇپ ئاقارسا، تۇرۇپلا سارغىيىپ كېتەتتى. بەزىدە ئالقانلىرىدا يۈزىنى قاماللاپ جىمىپ كەتسە، بەزىدە كىچىك مۇشتۇملىرىنى شۇنداق چىڭ تۈگەتتىكى، بارماق ئۇگىلىرى ئاقىرىپ، قاس چىقىپ كېتەتتى.

— ھېكمەت، شەھەرگە كىرىپ مۇرات بىلەن كامىلنى تاپساق قانداق؟ — دېدى زۇمرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەگەر سىز كىرمىسىڭىز، مەن كىرىمەن. . .

— سىز بۇنداق جىددىيلىشىپ كەتمەڭ! — دېدى ھېكمەت سائەتكە قاراپ، — ھازىر چۈش بولۇپ قالدى. شەھەرگە ئىككى سائەتتە كىرىمىز. ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ بولغىچە بوستانغا قايتىش ۋاقتى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، كەچكىچە ساقلىساق قانداق؟

— ۋاي خۇدايىم، قاچانمۇ كەچ بولار؟ — زۇمرەتنىڭ بېشى مەيدىسىگە چۈشتى، — مەن. . . مەن. . . بەكمۇ ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن. . .

— بولدى ئۆزىڭىزنى تولا بىئارام قىلماڭ. . . ئۇلارمۇ كەچكە قالماي يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى ھېكمەت، — ئەڭ مۇھىمى مەتمۇسانىڭ قولىدىكى

قانچە پۇللۇق ھۆججەت؟ شۇنى بىلسەك بولاتتى. . .

— ئەمىسە مەن بېرىپ مەتمۇسا دېگەن سىبىسىق چوشقىدىن ئۇقۇپ كېلەي. .

— ياق بولمايدۇ، ھازىرچە ئۇنىڭ قېشىغا بارماڭ. . . پۇلنى سۇرۇشتە قىلىشىڭىزدىن گۇمانلىنىپ قېلىپ، خالىق بىلەن ئىككىسى يەنە باشقىچە تۇزاق قۇرۇشىدۇ. ئۇلار قاچانكى «پۇلنى تۆلە!» دەپ مەيدانغا چىقمىغۇچە، بىلىندۇرمەي تۇرۇڭ. . . بولسا، دادىڭىزدىن ئۇقۇشۇپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ. . .

زۇمرەت نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ، چاپسانراق پۈتۈشكە تەقەززا بولغان «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمىگىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. بۇ رەسىمدە مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ چېچەك پەسلى «ئالاقەتلىك» تە ئۇچراشقان چاغدىكى كۆرۈنۈشى ئاساس قىلىنغانىدى. رەسىمنىڭ ئەتراپى ئاق، سۇس ھالرەڭ ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل چېچەكلىرى بىلەن پۈركەلگەن بولۇپ، قويۇق ئورمان ئارىلىقلىرىدىن كۆپكۆك ئاسمان رۇجەكلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئالما ئالدىدىن چۈشكەن يول - يول شولىلار قۇياشنىڭ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ، ئەتراپتىكى گۈل - گىياھلارنى، مەجنۇنتالغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان قىز - يىگىتنى بىنەپشىرەڭ نۇر ئىلكىدە يورۇتۇپ تۇراتتى. سۇپسۇزۇك بولاق سۈيىدە بولسا، بىر جۈپ شولا جىلۋىلەنگەنىدى. . .

ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، پەي قەلەمنى قولىغا ئالدى - دە، بىر نەچچە قېتىم قول تەۋرىتىپ، زۇمرەتنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھېلىلا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ۋاقىتتىكى مۇڭلۇق چىرايغا ئالماشقانىدى. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن خۇددى جەننەت ھۆرلىرىدەك تېخىمۇ لاتاپەتلىك، جەزبىي كۈچكە ئىگە ساھىپجامالغا ئايلاندى. كۈلكە، يۇمۇر، شوخلۇق ئەكس ئەتكەن مۇراتنىڭ يۈزىمۇ گويا بۇ دۇنيانىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيران بولۇپ قاراۋاتقاندەك تۇسكە كىرگەنىدى. . .

ئاھ، ھېسسىيات. . ھېسسىيات! . . . سەن دەممۇ دەم

ئۆركەشلىگەن ئېقىنغا ئوخشايسەن!... سەن ئەۋج ئالساڭ، كۆتۈرۈلسەڭ، قىيانغا ئايلانساڭ، ئىلھام بولۇپ ئادەمنى لەرزىگە سالىسەن!... كۆز ياشلىرىڭ دۇر بولۇپ تۆكۈلىدۇ... ئىختىيارسىز قولۇڭغا قەلەم ئالىسەن!... تامچە - تامچە يۈرەك قانلىرىڭ، ئاچچىق تەرلىرىڭدىن گۈل - غۇنچىلار ئېچىلىدۇ... بۇنداق ئۇلۇغ روھ ئاۋام خەلقتىمۇ بولامدۇ؟ بولىدۇ، ئۇلار ئۇنداق دەقىقىلەردە يىغلايدۇ... ھاياجانلىنىدۇ... قاتتىق ئىزتىراپتىن ساراسىمىگە چۈشىدۇ... ئەمما، يازغۇچى، شائىر، رەسساملار بولسا، ئاق قەغەز، قېلىن سۇرۇپلار ئۈستىگە جۇلالىنىپ تۇرغان ئۈنچە - مارجانلارنى تىزىدۇ...

ھېكمەت كۆزلىرىدىن دومىلاپ چۈشۈۋاتقان قەترىلەرنى تۇيماي، رەسىمنى ئۆزگەرتمەكتە ئىدى. ئەنە مۇراتنىڭ مۇرىسىگە باش قويغان زۇمرەت ئۈمىد— ئۈمىدسىزلىككە، خۇشاللىق— قايغۇغا، پاك سۆيگۈ— ھەسرەتكە ئالماشقان مىسكىن چىرايى بىلەن بۇلاققا تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. تىزلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرغان نازۇك قوللىرى قانسىز ھەم جانسىز ساڭگىلىغان... پاھ، بوستاندەك كىرپىكلىرى نەمخۇ!... ئاھ ھەسرىتا! خۇددى كۆز يېشىدەك كۆلۈۋاتقان ئاق، ھالرەڭ چېچەكلەرگە قاراڭ!... ئۇلار مۇرات ھەم زۇمرەتنىڭ ئۈستىلىرىگە چۈشۈپ بۇلاق سۇلىرىدا لەيلىشىپ يۈرۈپتۇ...

ھېكمەت كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى، رەسىمنى سىزىپ تۈگەتتى. ئۇ رامكىنى تامغا يۆلەپ قويغاندىن كېيىن، پەي قەلەملىرىنى بىنزىنغا چىلاپ يۇيدى. ئاندىن، ئىشىك - دەرېزىلەرنى ئېچىۋېتىپ، ئۆينى سۇ سېپىپ سۈپۈرۈپ تازىلىدى. ئۇ ئەخلەت تۆكۈپ قايتىپ كىرگىنىدە، ئۆيدە كامىل، مۇرات، گۈلزىبا، ماھىگۈللەر رەسىمگە قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ھېكمەتنىڭ قايغۇلۇق چىرايىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە قاراشتى.

— ھېكمەت ئاكا، قورسىقىڭىز ئاچقاندۇر؟ — دېدى ماھىگۈل ئۈستەلگە بىر بولاق نەرسىنى قويۇپ، — ئۆيدىن سىزگە قاتلىما بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇم ئالغاچ كەلدۇق.

— رەھمەت، راستىنىلا قورسىقىم ئاچقاندى...

كامىل ، مۇرات، گۈلزىبالار رەسىمگە قاراپ ـ قاراپ تويمايتتى. بەرگىدىن ئۈزۈلۈپ تۆكۈلۈۋاتقان چېچەكلەر، سىرغىپ ئاققان بۇلاق سۈيىدىكى بىر جۈپ شولا. . . لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان مەجنۇنتالنىڭ چىۋىقلىرى. . . رەسىمدىكى قىز ـ يىگىتنىڭ روھىي ھالىتىگە ھەسسىلەپ مەنا ۋە گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى رىۋايەتلەردىكى ئاشىــــق ـ مەشۇقلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. مۇرات بىلەن زۇمرەتنىڭ كېيىملىرى ئىجادىي سىزىلغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايى ۋە سىمالىرى ئۆزلىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ۋىسال شادلىقىدىن دېرەك بېرىپ كۈلۈپ تۇرغان بۇ رەسىمنىڭ بىردىنلا مۇڭلۇق سىمفونىيىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئەقلى ھەيران بولغان كامىل، مۇرات، گۈلزىبالار ھېكمەتنىڭ غەمكىن چىرايىغا تەئەججۇپ ئىچىدە قارايتتــى. دەرۋەقە ھېكمەت بىر جۈپ كېپىنەك رەسىمنى سىزغان ۋاقىتىدىكى ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

— ھېكمەت، كۆڭلۈڭ پەرىشانغۇ؟ — دېدى مۇرات خۇرسىنغان ھالدا، — ئېيتقىنا، نېمانچە ھەسرەتلىك كۆرۈنىسەن؟ . . .

— دوستۇم ھېكمەت، — دېدى كامىل ئېغىر تىنىپ، — تۈنۈگۈن شەھەرگە بىللە كىرەيلى دېسەك، رەسىمنــى پۈتتۈرىمەن دەپ يالغۇز قالدىڭ. مانا ئەمدى تەنھا قېلىپ نېمە خىياللارغا پاتتىڭ؟ . . . كۆڭلۈڭگە تەككۈدەك نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

ھېكمەت ئولتۇرغان يېرىدە ئېڭىشكىنىچە، يۈزىنى ئالقانلىــــرى ئارىسىغا ئالدى ۋە خېلى جىمىپ كەتكەندىن كېيىــن، ھېچنېمە دەپ قويدى. توي ئىشى يېنىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ گۈلزىبانى خىجىل قىلىدىغان گەپلەرنى قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىمۇ خېلىلا جۈدەپ قالدى، ھېكمەتنىڭ بۇ ھالىتى تەڭلىكتە قىسىلىۋاتقان گۈلزىبانىــڭ كۆڭلىنى ئەلەمزادە قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز بىر تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ماھىگۈل ئاستىلا چىقىپ كەتتى. . .

— يەنە ھېچنېمە دەيسەنغۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى كامىل سەل

چېچىلىپ، — رەسىمنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىپ كېتىشى بۇ سېنىڭ روھىي ھالىتىڭدىن بولغان. . .

— بولىدۇ، مەن ئېيتاي، لېكىن مۇرات سەن ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈلپەت مۇراتقىمۇ كەلدى. ئەمدى كامىل بىلەن نەفىسەدىن ئەنسىرەپ قالدىم. مەن پۈتۈن بىر كۈن قىسمەتلىرىمىزنىڭ تەتۈر بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، رەسىمنىڭ قانداق سىزىلىپ قالغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالماپتىمەن!

ھېكمەت بۈگۈن ئەتىگەن زۇمرەت بىلەن بولغان سۆھبەتنى سۆزلەپ بەردى. بىچارە قىزنىڭ تۆككەن ياشلىرىنى كۆرۈپ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك چىرايى زادىلا كۆز ئالدىدىن كەتمەي كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ جىمىپ قالدى. بارغانسېرى تاتىرىپ، تېنى ئوت بولۇپ يېنىۋاتقان مۇرات ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. ئۇ خالىق، مەتمۇسالار بىلەن تۇتۇشماقچى ئىدى. لېكىن زۇمرەت ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، گۈلزىبانى قۇچاقلاپ، ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

— زۇمرەت، قانچە پۇل ئېكەنلىكىنى دادىڭىزدىن ئۇقالىدىڭىزمۇ، — دېدى كامىل زۇمرەتنى تىنچلاندۇرغاندىن كېيىن، — ئۇ ھۆججەتلەرنى ياقۇپكام كۆرۈپتىمۇ؟

— ياق، دادامۇ ئۇقمايدىكەن، — دېدى زۇمرەت تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەي، — تېخى دادام «يات يۇرتلۇققا توي قىلساڭ، ئۆلۈۋالىمەن. . .» دەيدۇ. . .

— خۇددى قايتكام دېگەندەكلا گەپ قىلىپتۇ. . . — دېدى كامىل، — بۇ چوقۇم خالىقنىڭ ئويۇنلىرى. . . زۇمرەت تولا بىئارام بولماڭ! بۇ ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىزلەيلى. سىزنىڭچە، خالىق نەچچە قېتىم، قانچە پۇللۇق دورا، ئۆلۈم ـ نەزىرلەرگە نەچچىلىك ئۇن، خەسلەرنى ئەكىرگەندۇر؟ . . .

— بۇنى بىر ـ بىرلەپ ھېسابلىساقلا چىقمامدۇ؟ — دېدى ھېكمەت قەغەز ـ قەلەم ئېلىپ، — ئەڭ بولمىسا، كەتكەن پۇل سانىنى تەخمىنەن چىقىرالايمىز. . .

— بىر ئادەمنىڭ بىر ئايلىق نورمىسى، — دېدى كامىل ، — ئۇن، گۈرۈچ، ماي بولۇپ ئالتە سوم قىرىق تىيىن بولىدۇ. . . مۇشۇ بويىچە ھېسابلىساق چىقىدۇ.

زۇمرەت يادىدا قالغان، دادىسى دەپ بەرگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ چىقتى. كامىل، ھېكمەتلەر ھەممىگە ئىمكانىيەت قالدۇرغان ھالدا يۇقىرى ھېسابلىدى. ھەتتا خالىقنىڭ دۆلەت ھېسابىغا داۋالىنىش كېنىشكىسىغا ئېلىنغان دورىلارمۇ پۇلغا سۇندۇرۇلدى. نەتىجىدە ئىككى يۈز يۈەنگە يەتمىگەن بىر سان كېلىپ چىقتى.

— ھېلىغۇ ئىككى يۈز يۈەن ئىكەن، — دېدى مۇرات سەكرەپ قوپۇپ، — ئۈچيۈز، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولسىمۇ تۆلەيمەن. . . ۋېلىسىپىت، گىلەم، سائەتلىرىمنى سېتىپ قايتۇرىمەن.

— سۇنى كۆرمەي ئاياغ سالمايلى، — دېدى كامىل، — زۇمرەت بۇ تويغا قەتئىي قارشىلىق قىلىپ تۇرغاندىلا، مەتمۇسا پۇل ھۆججەتلىرىنى چىقىرىدۇ. شۇ چاغدىلا، پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مات قىلىمىز.

— ئەمدى «ياقا يۇرتلۇق» مەسلىسىنى، — دېدى ھېكمەت، — مەكتەپتىكى چوڭلار ئارقىلىق سۆزلىشىپ، ياقۇپكامنىڭ ئەندىشە، گۇمانلىرىنى تۈگەتسەك ھەل بولىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ مەن ئالدىن پۇل تەييارلاپ قوياي، — دېدى مۇرات جىددىيلەشكەن ھالدا، — ۋاقتى كەلگەندە، ئالدى - ئارقامغا قاراپ قالسام بولمايدۇ. . .

— لېكىن، ۋېلىسىپىتىڭنى ئالدىراپ ساتما، — دېدى ھېكمەت، — يەتمىگەن قىسمىغا مەن ھەم كامىل بار. . . سەن ئۇنى جېنىڭدەك كۆرىسەن.

ئۇلار، مەتمۇسانىڭ ئەلچىلىرى پالتا - كەكىسىنى قاقتۇرۇپ، بۇرنىغا يىگەندىن كېيىن، زۇمرەتكە ئەلچى كىرگۈزۈش، تويلۇق بىلەن پۇلنىمۇ بىرگە ئاپىرىش ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشتى. پۇلنى كۆرگەن ياقۇپ ئېرىپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن پەرەزلەرنى قىلىشىپ تارقاشتى. مۇرات، ئاچچىقىدا كامىل بىلەن ھېكمەتنىڭ توسقىنىغا قارىماي،

زۇمرەتنى ۋېلسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، چوشقا فېرمىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى. قىز - ئوغۇللار ياتاقلىرى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بالىلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى، راۋاپلارنىڭ تىرىڭلاشلىرى جىمىقتى. چۈنكى، نۆۋەتچى ئوقۇتقۇچى مەكتەپ مەيدانىدا، ئوقۇغۇچىلارنى سىنىپلار بويىچە تىزىلدۇرۇپ، ئادەت بويىچە يەكشەنبە كەچلىك يوقلىمىنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇخلاشقا بالدۇرلا داڭ ئۇرۇۋەتكەنىدى.

ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا مەكتەپنىڭ بېغىغا ئاستا كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىر چاغدا ئاچچىق ئالاراھەت يېگەن ئېرىق لېۋىگە كېلىپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشتى. مۇرات زۇمرەتنى فېرمىغا ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن، ئىككىسى كەچتە ئۇچرىشىشقا كېلىشىۋالغانىدى. دېيىشىدىغان گەپ، قىلىشىدىغان مەسلىھەت يوق ئىدى. بىراق ھېكمەتنىڭ غەمكىن چىرايى، سۇس مۇئامىلىسى، يېقىندىن بېرى ئوتلۇق كۆزلەر بىلەن باقمىغانلىقى گۈلزىبانى ئەنسىرىتىپ، غەمگە مۇپتىلا قىلغانىدى. راستىنىلا ماھىگۈل ۋەقەسىدىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ چاقچاق - كۈلكىلىرى يوقاپ، دائىما خۇشخۇي يۈرۈيدىغان چىرايىنى بىر خىل ئۈمىدسىزلىك تۇمانلىرى چىرمىۋالغانىدى. ئۇ، گۈلزىبانى كۆرگەندە، ئادەت يۈزىدىن كۈلۈپ كۆرۈشىۋاتقاندەك، كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك ئۈچۈنلا زورمۇ - زور گەپ قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. . . راست ئەمەسمۇ؟ ھېكمەت شۇندىن بېرى، توي توغرىلىق، تەقدىر - قىسمەتلىرى، كەلگۈسى پىلانلىرى توغرىلىق چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. بۇرۇنلاردا، ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ، گۈلزىبانىڭ ھۆسنى - كامالىدىن، شېرىن - تاتلىق سۆزلىرىدىن، ھايالىق خۇلۇقلىرىدىن بەھرى ئالمىسا يۈرىكى سەگمەيدىغان بولۇپ قالغان ھېكمەتكە زادى نېمە بولغاندۇر؟. . . شۇڭا، ئۇ كەچتە ئۇچرىشىشنى تۈنجى قېتىم مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلگەندەك قىلىپ ئۆزى دېگەنىدى.

— ھېكمەت، — گۈلزىبا ياش تۆكتى، — مېنىڭ كۆڭلۈم تويۇپ

تۇرۇۋاتىدۇ... سىز، بىزنىڭ ئائىلىمىزدىن بىزار بولۇۋاتىسىز... شۇڭا مەندىنمۇ... خۇدا ھەققى، بېشىڭىزنى ئېغىتماڭ... مەن گېپىمنى قىلىۋالاي... سىز ئۇچرىشىشتىن، ماڭا گەپ قىلىشتىن، ھەتتا چىرايىمغا قاراشتىنمۇ ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇدىغان بولۇپ قالدىڭىز. مەن سىزنى ئويلايمەن... ناھايىتى كۆپ ئويلايمەن... ئەمما بەخت مەندىن يۈز ئۆرۈۋاتقاندەك، مېنى تەنھا تاشلاپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. پات - پاتلا كېچىلىرى ياتاقتىن، ئېتىزلىقلاردىن كېلىدىغان مۇڭلۇق گارمۇن ئاۋازىغا قۇلاق سالىمەن... بىلىمەن، سىزمۇ ئازابلىنىپ يۈرۈيسىز... بىزنىڭ ئائىلىمىزگە قىلغان ئەجرىڭىزگە تۇشلۇق خوۋلۇق كۆرمىدىڭىز... ئېيتىڭچۇ، مەندە نېمە ئامال؟ مەن بىر ئاجىز قىزغۇ! خۇدا مېنى مۇنداق ئازابلىغىچە، پىراق ئوتلىرىدا كۆيدۈرگىچە، ئالدىغان ئامانىتىنى ئالسا بولمامدۇ؟...

هېكمەت گۈلزىبانى شۇنداق تېزلىك بىلەن باغرىغا چىڭ باستىكى، قىز نەپەس ئالالماي قالدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە يۈرەك ئۇرۇشلىرىنى تىڭشاپ خېلى ئۇزۇن جىمىپ قېلىشتى. بىر چاغدىلا، هېكمەت، يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدا، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى شاھىت قىلىپ ۋەدىلەشكەن قەسىمىنى ئاستا، روشەن ئاھاڭدا قايتىلاشقا باشلىدى. ئارقىدىن گۈلزىبامۇ ھەسرەتلىك يىگىتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قوشۇلدى:

— ... بىر ئۆمۈر بىر جان، بىر تەن بولۇپ، ئەھدۇ - ۋاپالىرىمىز قان - قېنىمىزدا، جان - جېنىمىزدا ئەبەدىلئەبەت قوشۇلۇپ ئاققاي... پاك سۆيگۈمىز غۇبارسىز قەلبىمىزدە مەڭگۇ چېچەك ئاچقاي ... بېشىمىزدا...

قەسەم ئاياغلىشىش بىلەن، گۈلزىبا يىگىتنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتتى...

—گۈلزىبا، تىنىقىمۇ نېرى بولمىسام دەيمەن... تۈنۈگۈن سىز ماھىگۈلنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتىڭىز، ئەمما مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇيقۇدىن بىدار بولدۇم... بىلمەيمەن، رەسىم سىزنۇېتىپ، كۆزلىرىم دەممۇ دەم ئاچچىق ياشلارغا تولدى... تىرىق قىلغان بىرەر شەپە

ئاڭلانسا، چۆچۈپ سىرتقا قارايمەن... يوللىرىڭىزغا تەلمۈرىمەن... سىز بىلەن ئۇچرىشىش، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاش، ئوچۇق چىرايىڭىزغا قاراش مەن ئۈچۈن ئالەمچە شادلىق!... بىراق، ھازىر بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟... ئىككىمىز بىر يەرگە كەلدۇقۇ، تويدىن باشقا، ئامراقلىقتىن بۆلەك قىلىدىغان نېمە گېپىمىز بولاتتى؟ يەنىلا سىزنى تەڭلىككە، خىجالەتچىلىككە سېلىپ قويىدىكەنمەن... چۈنكى، توي ئىشىمىز بۇزۇلدى. بۇنىڭغا مەن سەۋەبچى بولدۇم...

— سىز ماھىگۈلنى قۇتقۇزغانلىقىڭىزدىن پۇشايمان قىلامسىز؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ھېكمەت رەنجىگەن ھالدا، — دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆسمۈرنىڭ ھاياتىنى، كەلگۈسى بەخت-ئىقبالىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق قۇربان بېرىشكە رازى!

— كەچۈرۈڭ، — گۈلزىبا خىجىللىق بىلەن نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى، — قاراڭ ھېكمەت، دادام ھازىر خېلىلا يۇۋاشلاپ، ئىنساپقا كېلىپ قالغاندەك قىلىدۇ... ئۆيگىمۇ ئانچە-مۇنچە قارىشىۋېتىپتۇ... يەنە بىر مەزگىل ساقلىساق، ئېرىپمۇ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— مەن بۇنداق ئادەمگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى ھېكمەت تۈزۈت قىلمايلا، — ئۇ بەلكىم بىزنىڭ ساقچىغا بېرىشىمىزدىن ئەنسىرىگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن دادامغا پۇل توغرىلىق خەت يازدىم. كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ دېگىنىنى بېرىمەن، بىراق يالۋۇرمايمەن!...

گۈلزىبانىڭ نومۇستىن بېشى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ھېكمەتنىڭ سۆزىدىن: «سىزنى بىرەر بويۇم سۈپىتىدە سېتىۋالىمەن...» دېگەن مەنا باردەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ھېكمەتكە نېمە ئامال؟... ئەگەر بىلسە، جېنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ماھىگۈلنى قۇتقۇزۇۋالغان ھىممىتى ئۈچۈنمۇ ئادىمىگەرچىلىك قىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قايتتا خىجىل بولىدىغان، ئۇيىلىدىغان يۈز يوق ئىدى.

ھېكمەت: «مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈلپەت، مۇراتقىمۇ كەلدى...» دەپ ئېيتقىنىدەك، ئەمدى گۈلزىبانىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن خورلۇق

زۇمرەتنىڭمۇ قەلبىنى يارا قىلدى. ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش قىسمەتكە يولۇقتى. پەقەت بۇ ئۈچ دوستنىڭ ئىچىدە كامىل ۋە نەفىسەلا بەختلىك بولۇپ چىقتى. گۇلزىبانىڭ ئۇلارغا ھەۋىسى كېلىدۇ. تونۇگۇن چۈشتە شەھەرگە كىرگەن نەفىسە كامىل بىلەن بىرلىشىپ، ئاتايىنىڭ پارس تىلىدىكى غەزەللىرىنى بىرلىكتە تەرجىمە قىلىشتى. مۇرات ئۇلارنى، كىنوغا تەكلىپ قىلىپ بارغاندا، ئۆزرە ئېيتىشىپ، كېچىچە، يەكشەنبە بىر كۈن غەزەللەر ئىچىگە چۆكۈپ كېتىشتى. بۇ تالىپ ۋە تالىپە ئىككىسى ئىشقى - مۇھەببەت، ئاشىقلىق سەۋدالىرىغا تالىق سەھىپىلەر ئۈستىدە مۇتائىلە ئېلىپ بارغانلىرىدا، قانچىلىك ئىزتىراپقا چۈشكەندۇر - ھە! جەننەتنىڭ ھۆرىدەك نازۇك بەدەنلىك، شەرم - ھايالىق، گۈزەل چىرايى سۇزۇكلۇكتە قاشتېشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان قىز — نەفىسە قاپقارا سىياھتەك كۆزلىرىنى نەلەرگە ئېلىپ قاچقاندۇر! . . . مەڭزىلىرى غەزنەت ئالمىسىنىڭ چېچەكىدەك قىزىرىپ، بوستاندەك كىرپىكلىرى قارا چۈمپەردە بولۇپ كۆز قارىچۇقلىرىنى يوشۇرغاندۇر بەلكى! . . . ئەمما گۇلزىبا بىلەن زۇمرەتچۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تەلىيى يوقتۇ؟ . . . خۇدا بۇ پاك قەلبلەرنى ئارزۇ - نىيازلىرىغا يەتكۈزەرمۇ؟ ئۆزى سۆيگەن يارلىرىغا نائىل قىلارمۇ؟ . . . ياكى ئۇلارنىڭ تەقدىرى «ۋاپا» دېگەن رەسىمدىكى قوش كېپىكنىڭ تەقدىرىدەك، «بۇلاقتىكى شولا» نامىلىق ئەسەردىكى ئۈمىدسىز، مۇڭلۇق چىرايلاردەك ھەسرەتلىك بولۇپ قالارمۇ؟

— ھېكمەت، — دېدى گۇلزىبا بىر پەس جىمىلىقتىن كېيىن، — «بولاقتىكى شولا» نامىلىق ئەسىرىڭىز بەكمۇ ھەسرەتلىك چىقىپتۇ. ئەمدى «چىلانلىقتا» دېگەن رەسىمنى سىزىسىڭىز، ھەرگىز ئۇنداق ئۈمىدسىز كەيپىيات ئەكس ئەتمىسۇن!

— ھازىرچە ئۇنى سىزمايمەن! . . .

— نېمە ئۈچۈن؟

— زەينىدىن مۇدىرنىڭ ئۆتكەنكى يىغىندا دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ھېكمەت، — ھازىر مۇرات بىلەن ئىككىمىز شۇنىڭ كويىدا. . .

ھەپتە ئىلگىرى زەينىدىن مۇدىر ئوقۇتقۇچىلار يىغىنىدا مۇراتقا، يېڭى كۇلۇپنىڭ پۇتۇشىنى سىنىپىي كۈرەش ئەكس ئەتكەن سەھنە ئەسىرى قويۇش ئارقىلىق تەبرىكلەشنى بۇيرىغانىدى. سەھنە ئەسىرى ياكى كىچىك تىپتىكى دراما، ئاددىيسى ئېپىزوتمۇ يېزىپ باقمىغان مۇراتقا بۇ ئىش خۇددى تۆگمەن تېشى قويغاندەك ئېغىر كېلىپ، بەك جىلى بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ھېكمەت ئۇنى ياتاقتا باشلاپ بېرىپ، چامادانىدىن ئىككى دەپتەر قول يازما نۇسخىنى ئېلىپ ئۈستەلگە تاشلىدى. ئۇنىڭ بىرسى گاۋيۇيباۋنىڭ ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان «يېرىم كېچىدە چىللىغان توخو» دېگەن بىر پەردە ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك دراما بولۇپ، يەنە بىرسى بىر پەردە ئىككى كۆرۈنۈشلۈك «تۆت ئادەم» دېگەن دراما ئىدى. ئۇنىڭدا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمىدىن قاچقان جىنايەتچىنى ئۇستىلىق بىلەن ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەنلىكى تەسۋىرلىنەتتى. ھېكمەت ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا بۇ درامىلارنى يېزىپ، ئۆزى باش رولدا سەھنىدە ئورۇنلاپ چىققانىدى. مۇرات دراما قول يازمىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا خۇشال ھالدا ھېكمەتكە «يېرىم كېچىدە چىللىغان توخۇ» نى رېپېتىتسىيە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، يېرىم كېچىدە، توخۇ كاتىكىدە خورازدەك چىللاپ، ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا ھەيدەيدىغان پومېشچىكنىڭ رولىنى ئۆزى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، باينىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كېلىپ ئىشلەمچىلەر تۇتۇۋالغان «توخۇ ئوغرىسى» نى ئۇقۇشماي ئېتىپ قويىدىغان گومىنداڭ ئەمەلدارىنىڭ رولىغا ھېكمەتنى تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

يېقىندىن بېرى، ھېكمەت دەم ئېلىش كۈنلىرى، ئاخشاملىرى مۇراتتىن دۇتار چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. شۇڭا مۇرات ئۇنىڭغا: «شاگىرت دېگەن ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، سۆزگە قۇلاق سالغۇلۇق. بولمىسا ھۈنەرنى تولۇق ئۆگەتمەي، چالا پوكان سازەندە قىلىپ قويىمەن» دەپ قورقاق سالدى. شۇڭا، ئۇلار سەنئەت گۇرۇپپىسىدىن باللارنى تاللاپ، كەچلىرى رېپېتىتسىيە ئېلىپ باردى، مۇرات ئىشلەمچىلەرنىڭ ناخشىلىرىغا ئاھاڭ سېلىپ، درامىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ

كەتتى. ھېكمەت بولسا، ھۆسۈيۈن خارەتكە سەھنە جاھازلىرىنى ياسىتىپ، دېكراتسىيەلىرىنى سىزىشقا باشلىغانىدى.

— ھېكمەت، زۇمرەتنىڭ بېشىغا كۈلپەت كەلدى، — دېدى گۈلزىبا ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قوناقلىقتىن بىر شەپىنى سەزگەندەك تېڭىرقاپ، — بۇ مۇراتنىڭ روھىي كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزەرمۇ؟

— ئېھتىمال، بىراق مۇراتنىڭ قەلبىدە ئىككى ئوت بار، بىرسى غايە ئوتى، يەنە بىرسى مۇھەببەت ئوتى! . . . ئۇ ھەر ئىككىسىنى ئوخشاش قەدىرلەيدۇ. . .

قوناقلىقتىن شىلدىر - شىلدىر قىلغان شەپە كەلدى. بۇ قېتىم ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا تەڭلا قارىدى. ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئاي قاراڭغۇسى بولغاچقا، باغنىڭ ئىچىدە ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ھېكمەت ئالدىدا تۇرغان تۇن پەرىسىنىڭ كۆزلىرىگە چوڭقۇر مەنا بىلەن باقتى. قىزنىڭ بېشى ھايا بىلەن كۆكسىگە ئېگىلدى. . .

— ھېكمەت، — دېدى گۈلزىبا ياتىقى ئالدىغا كەلگەندە، — مەن زۇمرەتتىن بەكلا ئەنسىرەۋاتىمەن. . . بىرەر ئىش بولماس؟ . . .

كونىلار: «كۆڭۈلدىن ئۆلۈغ نەرسە يوق دېيىشىدىكەن»، ئەتىسى چۈشتە، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ ئەنسىرىگىنىدەك ئىش يۈز بەردى. زۇمرەت ئىككى سائەتلىك دەم ئېلىش ۋاقتىدا، دادىسىغا تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىگە بارغانىدى، كۈتمىگەن يەردىن تۆردە لالبىيىپ ئولتۇرغان بىر ئەر، ئىككى ئايالنى كۆرۈپ، يۈرىكى قارتلا قىلىپ قالدى. شىرە ئۈستىگە قويۇلغان لىگەندىكى. ئەتلەس، تامباللىق رەخ، ئۈچلۈق قىزىل ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى ئەجەل سىرتمىقىدەك بىلىندى. زۇمرەتنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولدى - دە، سەنتۈرۈلۈپ تامغا يۆلىنىۋالدى.

— زۇمرەتخان، — دېدى تاغاردەك يوغان، قارا چوقۇر خوتۇن دىمىغىدا خىڭىلداپ، — لىگەندىكى تويلۇقلارنى كۆرۈپ ھۇشلىرىنى يوقىتىپ قويدىلىمۇ نېمە؟ تېخى ئەتلەسنىڭ ئۈستىدىكى تاۋارغا ئورالغىنى

تىللا ئۈزۈك، ئالتۇن مۇنچاق. . . چۇمپۇتمىسىلە، ئېچىپ ھاللاڭ - ئوچۇق كۆرسىلە. . .

— تەلەيلىككەنلا خان، تەلەيلىك، — دېدى ئۇچلۇق ئېڭىكى بۇرنىغا تاقىشىپ قالغان كوماك قېرى خوتۇن، — قول ئىلكىدە بار، مەرت، بوي - بەستى قاملاشقان، ئۆزى ئەمەلدار كادىي يىگىتكە نېسىپ بوپتىلا.

چىرايىدىن قان قېچىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك بېسىپ كەتكەن زۇمرەتنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەي، چوڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالغانىدى. ئۇ قانداق ئىش يۈز بېرىۋاتقىنىنى، ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى. قىزنىڭ بارغانسېرى ئاقىرىپ، جالاقلاپ لەرزىگە كېلىۋاتقان ۋۇجۇدىنى كۆرگەن ياقۇپنىڭ ئەنسىرەش، قورقۇش ئىچىدە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغانىدى.

— ھەيرانۇ ھەس بولمىسىلا خېنىم، — دېدى چوقۇر خوتۇن لۆمشىپ قويۇپ، — تېخى ئامەت ئالدىلىرىدا، مەتمۇساجان بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىگە تولغۇما ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالقاندەك ئالتۇن پوپۇزىلارنى قىلىپ بەرمەكچى. . .

— مەن. . . مەن. . . ئالتۇنغا. . . پۇلغا. . . لاتىغا. . . — دېدى زۇمرەت دۇدۇقلاپ، — تېگىشىدىغان مال. . . مال ئەمەس. . . بىلىپ قويۇڭلار، مەن دېگەن ئادەم! . . . دەرھال بۇ نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ يوقىلىش! . . .

— جېنىم بالىكام، — دېدى تاز چىراي چار ساقاللىق ئەر تىللىرىنى تامشىپ، — ئۆزلىرى ئادەم بولغاچقا، ئۆز تۆسىبلىرىنى قىلىپ، بىر مۇنچە بىرەمە بىلەن كەلدۇقيا؟ . . . مال ئالغىلى كەلگەن بولساق، ئاغامچا - توقىناق، چىگە - شانۇ ئېلىپ كېتتۇقيا؟ . . .

— مېنىڭ رازىلىقىمسىز. . . مەن ياخشى كۆرمىگەن ئادەمگە مېنى مەجبۇرلاش، زورلاش، دادامنى قەرزگە بوغۇپ قويۇپ بېسىم ئىشلىتىشنىڭ ئۆزى، — دېدى زۇمرەت ۋارقىراپ، — مېنى ئادەم قاتارىدا كۆرگىنىڭلارما؟

— ئا. . . خېنىم، نېمە دەۋاتىلا، يوچۇنلا گەپ قىلىۋاتىدىلىيا؟ — دېدى چوقۇر

قارا خوتۇن تۇكرۇكلىرىنى چاچرىتىپ، — قاچانمىتەم قىز بالىنىڭ رايىغا بارغان با؟ شۇنداق ئەمەسما ياقىۋاخۇن؟...

—ھە... ھە... بۇ... بۇ... شۇنداق ... توۋا... ئەلۋەتتە.

بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا پاتقان ياقۇپ چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ مەڭدەپ قالغاندەك، دۇمەل بىر نېمىلەرنى غۇدۇڭشىپ قويدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، خالىق ئېلىپ بەرمەكچى بولغان يۇمۇلاق چوكاننىڭ، مەتمۇسا سېلىپ بېرىدىغان ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ خىيالىغا يەنە پاتتى.

— ئاتام زاماندىن تارتىپ ئەينا، —دېدى تاز چىراي كالپۇكىنى يالاپ، —قىز بالا دېگەن چوڭلارنىڭ سىزغان سىزىقى بىلەن ياتلىق بولىدىيا؟ «ياخشى كۆردۇم، يامان كۆردۇم...» دېگەن قانداق گەپ؟... توۋا قىلدىم... غىلتاڭ ناشايان ئىشلار - يا ئۇ!...

—مۇنۇي، شۇ ئەمەسما! —دېدى كوماك قېرى باشلىرىنى گىلدىڭشىتىپ، —بىز مەزلۇم خەق دېگەن بىر كۆرپە، كىم ئاستىغا سالسا بولىۋېرتىيا... مانا مەن توققۇز ئەرنىڭ قويىنىدا بولدۇم، تەرىتىگە سۇ ئالدىم... ھەممىسى ئانىكام بىلەن دادىكامنىڭ رايى بىلەن بوغانىيا؟

—شۇ يا! بىرسى بىلەن خىۋالىشىش①، ئاھ - پاھ دەيدىغان گەپ كالىچىمۇ ھۆددەس② يوق ئىدى، —گەپ قىستۇردى چوقۇر خوتۇن، —شۇنداق ئەمەسما سەنبەخان ئاچا؟...

— تەمەت③، تەمەت...

— گېپىڭلار تۈگىدىما؟ —زۇمرەت بىردىنلا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، —تۈگىگەن بولسا، يوقىلىش كۆزۈمدىن!... ۋۇي بۇلاڭچىلار... يۈندىكەش دەللاللار... بىلىپ قويۇش، بۇ دېگەن پارتىيە، ماۋجۇشىنىڭ

---

① خىۋالىشىش— مۇھەببەتلىشىش، بىرلىككە كېلىش.
② پەقەت، زادى...
③ تەمەت — مۇتلەق...

زاماني. . . مېنى مەجبۇرلاپ مەنمۇسا دېگەن چوشقىغا تاڭالمايسىلەر!

— خېنىم، شاشمىسىلا، — دېدى چوقۇر خوتۇن، — ئون ئالتە ياشلىق قىزلارنى ئاتمىش ياشلىق ئىشان، مەزىنلەرگە چېتىپ قويىدىغان ئىشلارنى شۇنچە جىق قىلدۇقيۇ، ھېچقانداق مىزەممىتى چىقمىــــدى، ئەمدى ئۆزلىرىگە كەلگەندە، ئۇلار كۆلىدىن كېلىپ: «زۇمرەتخاننىڭ تويى قانداق بولدى؟ . . . » دەپ چۇقچۇلاپ يۈرەمدا؟ . . .

— ھەر قايسىلىرى، — دېدى زۇمرەت ھاسىراپ، — ئىـــززەت - ئابرويلىرى تۆكۈلمەسلىك ئالدىدا بۇ ئەسكى - تۇسكىلىرىنى ئېلىــپ كېتىۋېلىشسىلا. . . بولمىسا مېنىڭ. . . ساراڭلىق كېسىلىم قوزغالسا، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. . .

— مۇنۇچ، نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ — دېدى كوماك قېرى ماكىلداپ، — ئۆمرىمىز ئەلچىلىك بىلەن ئۆتتى. . . ئۆلمەن - ئۆچمەن دېگەن نىي - نىي ھازازۇل قىزلارنى كۆرگەن بىز. . . سىلىنىڭ بۇنداق نازلىرى چاچرىغان تۈپۈكىمىزگە پەرەك بەرمەيدۇ. . .

— بولىدۇ! . . . ئەمىسە، ھۆرمەت قىلغاننى بىلىشمىسەڭ، مانا ئەمسە! — زۇمرەت شىرەنى بىرلا تېپىپ ئۆرۈۋەتتــى، ئەلچىـــلەر ۋارقىرىشىپ - چىرقىشىپ كېتىشتى. لىگەندىكى ئەتلەس، تامباللىق رەختلەر كوماك خوتۇننىڭ بېشىدا، قىزىل ئۆتۈك قارا چوقۇرنىـــڭ ئېتېكىدە تۇراتتى. تامغا تېرىلىپ قالغان شىرەنىڭ ئاستىدىن تاز چىراي ئەلچى ئۆمۈلەپ چىقتى. زۇمرەت دادىسىنىڭ توسقىنىغا قارىماي، تام ئوچاقنىڭ كۈلىنى يىغىپ قويغان قالاقنى ئۇلارنىڭ يۈزىگە پىرقىرىتىپ ئاتتى. ئارقىدىنلا ئوت كوچىلايدىغان تۆمۈر زىقنى قولىغا ئېلىۋېدى، ئەلچىلەر پاتىپاراقلىشىپ ھويلىغا قېچىشتى. ئارقىدىن قوغلاپ چىققان زۇمرەت ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىماقتا ئىدى:

— «قاملاشقان» يىگىتىڭگە قىزىڭنى بېرىۋال. . . ئەمەلدار كادىرغا ئۆزەڭ تېگىۋال. . . باي غوجاڭنىڭ يۇندىسىنى ئىچ. . . يالىقىنى يالا!

قاياقتىندۇر سۆگەتنىڭ يېرىق شېخىنى قولىغا ئېلىۋالغان ياقۇپ قىزىنىڭ پاقالچاق، بىلەك، يوتىلىرىغا ۋاقىلدىتىپ سالماقتا ئىدى. لېكىن

زۇمرەت ۋاي دەپمۇ قويمايتتى، بەلكى پالاقشىپ كېتىۋاتقان ئەلچىلەرگە قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى. ئۇرۇپ هارغان ياقۇپ ئۇنى هاسىرىغىنىچە ئۆيگە سۆرەپ كىردى، — سەن... سەن... هازازۇل بىشەم! — ياقۇپ قولىدىكى تاياقنى ئېگىز كۆتۈردى، — هەممە ئىشنى بۇزدۇڭ!...

— تايىقىڭ سۇنۇپ كېتىپتۇ، مانا بۇنىڭدا ئۇر! — زۇمرەت قولىدىكى تۆمۈر زىخنى دادىسىنىڭ يەنە بىر قولىغا تۇتقۇزدى، — قېنى ئۇرغىن، ئۇرمامسەن دادا!.. مەن سىنىڭ قايسى ئىشلىرىڭنى بۇزۇۋەتتىم؟

— قاملاشالمىساڭ، كېيىن ئاجرىشىپ كەتسەڭمۇ بولىدىغۇ! — ياقۇپ بېشىنى چاڭگاللاپ سۇپىدا ئولتۇردى، — مەتمۇسا ئۇ ئۆي سېلىپ بەرمەكچى ئىدى، خالىق كاتىپ...

ياقۇپنىڭ كۆزلىرى غىلپال قىلىپ، زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. زۇمرەت بىر چاغدىكى خالىقنىڭ «دادىڭىزنى ئۆيلەپ قويسام قانداق؟» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى — دە، دادىسىغا قادالدى.

— خالىق كاتىپ ئۆيلەپ قويماقچى دېگىن، — زۇمرەت خورلۇق هېس قىلىپ يىغلىۋەتتى، — سەن مېنى يېڭى ئۆيگە، خوتۇنغا، پۇلغا ئالماشتۇرماقچى بوپسەندە؟... جېنىم دادا، سېنىڭ كۆڭلۈك نېمانچە پەسلىشىپ كەتتى؟ كەمبەغەل بولساڭمۇ غۇرۇر - ئىپتىخارىڭ بىلەن ياشىساڭ بولمامدۇ؟... خالىسانە ياردەملىرىنى پۇلغا سۇندۇرۇپ، سېنىڭ تىلىڭنى باغلىۋالغان ئاشۇ قىزىل كۆزلەر ساڭا ئۆي سېلىپ بېرەمدۇ؟ پۇل خەجلەپ ئۆيلەپ قويامدۇ؟...

— زادى ئۇقالمىدىم، مەتمۇسانىڭ نەرىنى يامان كۆرىسەن؟ ئۇ دېگەن مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىنىڭ باشلىقى هەم مال دوختۇرى. چەتئەلدىكى دادىسىدىن نۇرغۇن مىراس كەلدى... ئەگەر مەتمۇسا قەرزنى قىستاپ تۇرۇۋالسا...

ياقۇپ تۈكرۈكلىرىنى چاچرىتىپ بىر هازا چالۋاقىدى. ئۇنىڭ نەزىرىچە گۈڭشېدە خالىقتەك يۆلىنىدىغان بىر تۈۋرۈكنىڭ بارلىقى، مەتمۇسادەك بېشىنى سىلايدىغان شاپائەتچىنىڭ بولۇشى ئامەت ئىدى. ئۆز

ئايغى بىلەن كېلىپ قالغان بۇنداق ئاشنىي قولدىن بېرىپ قويۇش هاماقەتلىك بولاتتى. خالىق بولسا بىر ساپاق ئىدى، ياقۇپ بۇ ساپاقنى چىڭ تۇتسىلا، كۆزلىگەن رېجىسىگە يېتەلەيتتى. زۇمرەتمۇ ئۆمۈر بويى رىيازەت چەكمەي، ئەركىن - ئىمىن ياشايتتى، بىراق بۇ جاھىل قىز كىچىككىنە مۇشتۇملىرى بىلەن ئۆزىنىڭ بەخت يۇلتۇزىنى، دادىسىنىڭ ئارزۇ - ئارمان بىناسىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. . .

—زۇمرەت قىزىم، سەن ئوبدان ئويلاپ باق، —دېدى ياقۇپ زۇمرەتنىڭ بىلەكلىرىدىكى تاياق ئىزلىرىغا قاراپ، —خالىقتەك نام - نىشانى بار ئادەم ئارقىمىزدىن دۇرت ئوقۇپ بەرمىسە، بىزدەك گادايلارنىڭ چىرىغى ئۆرە كۆيمەيدۇ. . . مانا سەنمۇ خىزمەتلىك بولۇپ قالدىڭ! ئۇ بىر نەچچە قېتىم بوسۇغىمىزنى ئاتلىۋېدى، ئەلە - مەلە ئالدىدا ئىناۋىتىم كۆتۈرۈلۈپ، روھىم ئۆسۈپ قالدى. قىرىندىكىلەرمۇ «ۋاي ياقۇپكا» دەيدىغان بولدى! . . .

زۇمرەت دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ خۇددى بىر كىم يۈزىگە نىجاسەت سۈۋىغاندەك كۆڭلى ئېلىشىپ، كۆزلىرىدىن نەپرەتلىك ئۇچقۇنلار چاچراپ كەتتى. يەردىكى يول ئۆزگىرىشى مۇمكىن، مەنىۋى يول ئۆزگەرمەيدۇ. مېھنەتكە، تۇرمۇشقا، ساپ مۇھەببەتكە بولغان چىن ئەقىدىسى، خۇشخۇيلىقى، ئېتىقادى بىلەن ئۆز هاياتىنى مەزمۇنلۇق، مەنالىق ئۆتكۈزۈۋاتقان زۇمرەتنىڭ قەلبى مەنىۋى زوقلارغا تولغاچقا، بۇ قۇياشلىق جاهان ئۇنىڭكۆڭلىگە مېهر ۋە لەززەت بېغىشلايتتى. دۇنيادا بىر كىمنىڭ كۆزىگە قاراپ ياشاش، پىستە كۇچۇكلەردەك سۈۋۈنۈپ كۈن ئۆتكۈزۈش، قەلەندەردەك يېلىنىپ خۇشامەت قىلىش — بۇ كىشەنسىز مەهبۇس، زەنجىرسىز لالما ئىتنىڭ كۆرىدىغان كۈنى ئىدى. . .

ياقۇپ بۇرۇن تۇرمۇشنى پەم بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، خۇي - پەيلى ياخشى بىر ئادەم ئىدى! . . . هازىر ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇر؟ گۇڭشېدە خالىقنىڭ شاراپىتى بىلەن بىر - ئىككى قېتىم بوغالتىرلارغا دەرس ئۆتۈپ، ئۆزىنى نوپوزلۇق ئەربابلار پەدىسىدە چاغلاپ، بېشى چۆگىلەپ قالدىمۇ - يە؟ ياكى ياش چوكان، هەيۋەتلىك ئايۋان - سارايلار

ۋەسۋەسىسىدە ئەقلىنى يوقاتتىمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما ئۇنىڭ قول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەنپەئەتنىڭ قۇلى بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق! . . . ياقۇپنىڭ چاچ - ساقاللىــرى ئۆرۈك گۈلىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكىنى بىلەن، ئۆزى ئەقلى قىسقا، دېۋەڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

زۇمرەت دادىسىغا يالتىتىدە قىلىپ قارىدى. ياقۇپ بۇشىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قىزىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى، ياكى مەنمۇسانىڭ قەرزىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنــى بىلگىلى بولمايتتى.

— دادا، سەن پېشقەدەم بوغالتىرغۇ! — دېدى زۇمرەت يىلىنىپ، — ئەلۋەتتە كۆڭلۈڭدە سان بار، خالىق ئۆيىمىزگە زادى قانچىلىك پۇل خەجلىگەندۇر؟ . . .

— بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ؟ . . .

— ياق ئۆزەمچە. . . بىز ئۇنى تۆلىۋېتىش نىيىتىدە بولغاندۇق.

— كىم بىلەن؟ — ياقۇپنىڭ چىرايى ئۆڭدى، — ئاشۇ قەشقەرلىق بىلەنما؟ مەن ساڭا دەپ قويااي، ئۇ ئالىقاپ لۈكچەككە سېنى بەرمەيمەن. ئەگەر گېپىمگە كىرمىسەڭ، ئالدىڭدا ئېسىلىپ ئۆلۈپ بېرىمەن.

زۇمرەتنىڭ كەيپى زاۋال ۋاقتىنىڭ گۆگۈملىقى بىلەن تېخىــمۇ تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇ رومىلىنى بوينىغا سىلىپ بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي سىرتقا ماڭدى. دادىسىنىڭ «نەگە ماڭدىڭ؟» دېگەن ۋارقىرىشىغىــمۇ جاۋاب بەرمىدى.

زۇمرەت بۈگۈن يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى دوستلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، ھېلىقى تاز چىراي ۋە بەتبەشىرە ھاياسىز خوتۇنلارنىڭ نومۇسسىز گەپلىرىنى ئويلىدى، ئۇنىڭ دىمىغى ئېچىشىپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش يۈگۈردى، ئۇ يىغلىماي كىــم يىغلىسۇن؟ ئۇ ئۆز يۈرىكىدە ئۆستۈرگەن مۇھەببەت بىخىنى باشقىلار يۇلىۋېتىش ئالدىدا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن يىغلىمايدىكەن؟ . . . ئەلچــى

كىرگەننى ئاڭلىسا، مۇرات قانچىلىك ھەسرەت چېكەر؟ بۇ ئوي زۇمرەتنىڭ كۆڭلىدىن كېچىش بىلەن، ئۇ يۈرىكىدە چىدىغۇسىز بىر ئاچچىق ئاغرىقنى ھېس قىلدى. شوخ ھەم دىلكەش يىگىت مۇرات زۇمرەت ئۈچۈن ئۆز جېنىنىمۇ ئايىمايدۇ... ئۇنىڭ دوستلىرىچۇ؟... ۋاپادارلىق، ئىچكۆيەرلىك، دىيانەت ھۇلىغا قۇرۇلغان بۇنداق دوستلۇق دۇنيادا كەم تېپىلسا كېرەك... ھېكمەت بىلەن كامىلنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈپ تۇرۇۋقلۇقمۇ، مۇرات - زۇمرەتلەر ئۈچۈن ئىچ - باغرىنى تۇكۇشۋاتىدۇ، غېمىنى يەپ، ئەلەمىنى تارتىۋاتىدۇ... مۇشۇنداق پاسىبانلار تۇرغان يەردە، ئۇ يەنە نېمىدىن قورقىدۇ؟... ياق! ئۇ، مۇھەببىتى ئۈچۈن ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ مەتمۇسانىڭ ئۇزۇكىنىڭ كۆزى بولغاندىن، مۇراتنىڭ پۇتى ئاستىدىكى توپا بولۇشقا رازى!... ئەلۋەتتە ئارزۇ - ئارمانغا ئەجىرسىز، رىيازەتسىز يەتكىلى بولمايدۇ!

ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ خېلىلا يېنىكلەپ قالغان زۇمرەت كامىللارنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مۇراتنىڭ ياتىقىغا ماڭاي دەپ ئويلاپ، چوڭ ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرغان كامىلنى كۆرۈپ قالدى.

بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، مەكتەپتە ئومۇمىيۈزلۈك ئەمگەك پائالىيىتى بولغانىدى. ئورما ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، بۇغداينىڭ ئاخىرقى سۈيى بېرىلدى. بەزى سىنىپلار ئاق يەر قونىقىنىڭ تۈۋىگە ئوغۇت بېرىپ توپا يۆلىدى. 1 -، 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سەۋزە، پىياز، قىزىلچا، يېسىۋىلەك ئېتىزلىرىنى ئوتىدى. ھەر بىر سىنىپ ئۆزلىرى يىغقان ئوتلارنى بەس - بەس بىلەن كۆك ئوغۇت ئورنىدا مال ئېغىلىغا ئۆتكۈزۈپ، ھۆججەت ئېلىشتى. مەكتەپنىڭ چەكسىز كەتكەن ئېتىزلىق ۋە كۆكتاتلىقلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى، ناخشا ئاۋازلىرى بىلەن تولدى. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ: «ئوتنى ئېرىق ئىچىگە يىغماڭلار، مايسىغا دەسسىمەڭلار!» دېگەن بۇيرۇقلىرى ئاڭلانسا، سۇ تۇتۇۋاتقانلار:

«ئېچىقىنى ئەت ، توغقا ھېزى بول! . . . » دەپ توۋلىشاتتى.

بۈگۈنكى يېرىم كۈنلۈكتىن ئارتۇق ئەمگەككە مۇرات، ھېكمەت ۋە سەنئەت گۇرۇپپىسىدىكى بىر قانچە ئوغۇللار قاتناشمىغانىدى. ئۇلار «يېرىم كېچىدە چىللىغان توخۇ» دىرامىسىنى رېپېتىتسىيە قىلىشىۋاتاتتى. شۇڭا، كامىل ھېكمەتنىڭ سىنىپىغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئەمگەككە قاتناشقانىدى، ئۇ ئېتىزلىقتىن قايتىپ، قول - پۇتلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى.

— كامىل! — دېدى زۇمرەت ئاستاغىنا.

— ۋۇي زۇمرەت، — كامىل ئورنىدىن تۇردى، — قاچان كەلگەنتىڭىز؟ يىغلىدىڭىزمۇ - نېمە؟ . . .

— ياق. . . — زۇمرەت كۆزلىرىنى قاچۇردى، — مەن سىلەرنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

— ھەي نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ بولدى يىغلىماڭ! — دېدى كامىل كۈلۈپ، — سىزدەك بىر جەڭگىۋار قىزمۇ يىغلامدىكەن؟ . . . قېنى كۈلۈڭ، ھە كۈلۈڭە. . . ھىم بولدى. . . يىغلىسىڭىز، گۈزەل چېھرىڭىز بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. . .

— باشقىلار نەگە كەتتى؟ — دېدى زۇمرەت ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— ھەممىسى بار، ھېكمەت، مۇراتلار سەنئەت ئۆيىدە رېپېتىتسىيە قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى كامىل چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويۇپ، — سىز گۈلزىبانىڭ ياتىقىدا ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ، مەن ئۇلارنى باشلاپ كېلەي.

كامىل زۇمرەتنى باشلاپ گۈلزىبانىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى چەكتى. ئەمگەكتىن چۈشۈپلا، يۈزلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ ئولگۇرگەن گۈلزىبا دەرھاللا چىقتى. ئۇ زۇمرەتنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى. كامىل سەنئەت ئۆيىگە كەتتى، ئۇلار ياتاققا كىرىشتى. كارىۋاتقا يېيىلغان سۇپىرىدا خېمىر يېيىۋاتقان ماھىگۈل ئىللىققىنا كۈلۈپ سالام قىلدى. زۇمرەتنىڭ يىغىدىن ئىششىپ قالغان قاپاقلىرىغا، ئۈمىدسىزلىكتىن مۆلۈلدەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشقان گۈلزىبا بىردىنلا ئۇنىڭ قول بېغىشىدىكى قىزىرىپ

قاپارغان ئىزنى كۆرۈپ قالدى.

— قولىڭىزغا نېمە بولدى زۇمرەت؟...

گۈلزىبا زۇمرەتنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تولغان بىلەكلىرىدە بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن قىر - قىر قاپارتمىلار تۇراتتى. تاياق قاتتىق تەككەن ئىزلاردا قىپقىزىل قان ئۇيۇپ قالغانىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ياقۇپكام ئۇردىمۇ؟ مۇشۇنچىۋىلا قىلىۋېتىدىغانغا قانداقمۇ قولى بارغاندۇر؟

— پۇت، يوتا، بەللىرىمدىمۇ بار...

گۈلزىبا ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، زۇمرەتنىڭ ئۇزۇن پايپاقلىرىنى سېرىپ چۈشۈردى. كوپتىلىرىنى ئاچتى. زۇمرەتنىڭ يۇمران يوتىلىرى، ئۇزۇن چىرايلىق پۇتلىرىنىڭ بېلىق مۇسكۇللىرى، نازۇك بەللىرى تاياق زەربىدىن قىزىرىپ، كۆكۈرۈپ ، قاپىرىپ كەتكەنىدى.

— ئاھ خۇدا، بۇ دۇنيادا رەھىمسىز ئاتىلار نېمانچە كۆپتۇر؟ — گۈلزىبا يىغلىۋەتتى، ئارقىدىن ماھىگۈل بىلەن زۇمرەتمۇ يىغلىدى، — بىرسى ئۇرسا، بىرسى پەرزەنتلىرىنى ساتسا...

ئىشىك چېكىلدى. ماھىگۈل دەرھال ئىلغىرنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى. سىرتتىنلا يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۈچ قىزنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى ئۆڭۈپ كېتىشتى.

— قاراڭلار! — گۈلزىبا زۇمرەتنىڭ ئىككىلا يېڭىنى— قايرىدى، — مۇشۇنچىۋىلا ئۇرغان بارمۇ؟ تېخى پۇت، يوتا، بەللىرىگە قارىغىلى بولمايدۇ...

ھەممە جىمىپ كېتىشتى. مۇرات زۇمرەتكە قارىدى، ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرى قىزاردى. ئۇ قول ياغلىقىنى كۆزلىرىگە باسقىنىچە، كارىۋاتنا بېشىنى سىلىپ ئۈن - تۈنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. پەقەت دولىسىنىڭ يېنىك تىترەۋاتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— كۆڭلۈڭلارنى بۇزماڭلار، قېنى مۇرات بېشىڭنى كۆتۈر، دادىل بول! — دېدى كامىل ياتاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇپ، — بۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ياقۇپكامدىن كۆرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھازىر خالىق سەھنىگە چىقتى. ئۇ ئويۇننى باشلىۋەتتى... شۇڭا ھەممىمىز ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشىمىز كېرەك...

— قېنى، زۇمرەت بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېقىڭا! — دېدى ھېكمەت، — ھەممىمىز بىر چارە - ئامال تاپايلى.

زۇمرەت ئەلچىلەر بىلەن بولغان تالاش - تارتىشتىن تارتىپ، تا ئۇلارنىڭ قانداق قېچىپ كەتكەنلىكىگە قەدەر بولغان جەرياننى سۆزلەپ بەردى.

— مەن ئۆزەمنى باسالماي، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقتىم، نېمە دەپ تىللىغىنىم، قانداق ۋارقىرىغىنىم ئېسىمدە يوق، — دېدى زۇمرەت ئىسسەدەپ، — مېنى دادام قاچان ئۇردى، نېمە بىلەن ساۋىدى؟ ئۇنىمۇ بىلمەيمەن... تەككەن تاياقنىمۇ سەزمىدىم...

— ئازاپ چەكتىڭىز، — دېدى كامىل، — لېكىن سىز بىرىنچى قەدەمدە غەلىبە قىلدىڭىز... ئەمدى ئالدىڭىزدا يەنە بىر قىيىن ئۆتكەل بار. ئۇ بولسىمۇ، مەتمۇسا ھۆججەتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قەرزنى قىستايدۇ. بىز سەۋر - تاقەت قىلىپ، قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ئاندىن ھەرىكەتنى باشلايمىز...

— شۇ چاغقىچە پۇلنىڭ ئورنىنى قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ، — دېدى ھېكمەت مۇراتقا قاراپ، — بىز درامىنى دۈشەنبە كەچ قويىدىغان بولدۇق. شۇڭا سەن ئەتە رېپېتىتسىيەگە قاتنىشىپ بېرىپ، شەنبە كۈنى ئەتىگەندىلا شەھەرگە كىرىپ كەت، دەرسىڭنى مەن ئۆتۈپ قويىمەن.

— مۇرات، — دېدى زۇمرەت خىجىللىق ئىلكىدە، — ۋېلىسىپىتنى سىز بەك ياخشى كۆرۈسىز، ئۇنى ھەرگىز ساتماڭ. مەن ئىش ھەققىمدىن سەكسەن سومدەك يىغقان... ئۇنىمۇ قوشايلى.

— زۇمرەت، ھېلىغۇ ۋېلىسىپىت ئىكەن، لازىم بولسا جېنىمنى، قېنىمنى سېتىشقىمۇ نىيەت قىلىپ قويدۇم، — دېدى مۇرات تىترەپ

تۇرۇپ، — مەن ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ، چېكىسىگە تاڭىمەن. . .

— قېنىڭنى قىزىتما! — دېدى كامىل مۇراتقا ئالىيىپ، — زۇمرەت توغرا دەيدۇ. ئۆتكەنكى ھېساب بويىچە، ھېكمەت بىلەن مەن قېتىش - قۇياش قىلساق، پۇلنىڭ جايى چىقىدۇ. . .

— كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ زۇمرەت، — دېدى گۈلزىبا زۇمرەتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بىز ھەممىمىز سىزنىڭ دوستلىرىڭىز. مەنمۇ ئاز بولسىمۇ پۇل يىغقان، ئۇنىمۇ بېرەي. . .

— رەخمەت سىلەرگە. . . رەخمەت! . . .

— سىز ياتلارغا قىلىدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسىزغۇ؟ — دېدى ھېكمەت خاپا بولغان ھالدا، — بۇ چىن دوستلارنىڭ بۇرچى. بىز ئۇچۇن ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ ھاياتىڭىز ۋە بەختىڭىز. . .

ماھىگۈل ھەممىنىڭ ئالدىغا ئاق چامغۇر سېلىپ ئەتكەن ئۇگرە ئاشتىن بىر قاچىدىن ئېلىپ كەلدى. ئاشنىڭ ئۇستىدە لەيلەپ يۈرگەن ياپيېشىل ئاش كۆكىدىن گۈپۈلدەپ مېزىلىك ھىد تارقالدى. ئەمما مۇرات ئاشقىمۇ قارىماي، سىرتقا ماڭدى. كامىل ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ ھازىرلا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار ماھىگۈلنى ماختىغاچ، ئاشلىرىنى پۈۋلەپ بىر نەچچە قوشۇق ئىچىپ تۇراتتى، مۇرات كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى بىر قۇتا يود بىلەن سىقماق ماينى گۈلزىباغا كۆرسىتىپ، ئۇستەلگە قويۇپ قويدى.

— گۈلزىبا سىز زۇمرەتنىڭ جاراھەتلىرىگە ئاۋۋال يودنى سۇۋاڭ، — دېدى مۇرات ئېشىنى ئالدىغا تارتىپ، — يود قۇرۇغاندىن كېيىن، ئۇستىدىن سىقماق مايدا مايلاپ قويۇڭ، قاپارتمىلار ئاسانلا يانىدۇ.

— يائاللا، بىلمەيدىغان ئىشىڭىز يوقتە! — دېدى گۈلزىبا، — نەلەردىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيتىڭىز؟

— ئامال قانچە، يېزا - كەنتلەرگە داۋاملىق ئويۇن قويغىلى بارىمىز، سەھنە ياساپ بولغىچە، بەزى باللارنىڭ قولىنى بولقا سوقۇۋەتسە، بەزىلىرىنىڭ بىر يەرلىرىنى مىخ جىجىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ قىزلار بەك نازۇك

كېلىدۇ. ئۇلار راسا سەھنىگە چىقىدىغان ۋاقىتتا، بېشىم ئاغرىدى، قورسىقىم تولغاپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ نىزىقاپ تۇرۇۋالغاندا، ئاغزىغا ئىككى تال دورىنى ئۇرىمەندە ، قايناقسۇ ئىچۈرۈۋېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ساقىيىپ قالىدۇ. . .

— قىسقىسى، تازا ھالقىلىق پەيتتە ئۆزلىرىنى بىر كۆرسۈتۈۋالىدۇ دېگىنە! — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ.

— توغرا دېدىڭ. شۇڭا، سومكامدا ھەممە دورا تېپىلىدۇ. . . مۇرات زۇمرەتكە قاراپ قويدى، — كەلگۈسىدە قىزىمنى ئۆزەم داۋالايمەن. . . قانداق دېدىم زۇمرەت؟ . . .

— قېلىن! . . . — زۇمرەت ۋىللىدە قىزارغىنىچە كۈلىۋەتتى، — خەق نېمە غەمدە، بۇ نېمە كويدا؟ . . .

تاماق ئىچىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمما ماھىگۈل كۈلمىدى. ئۇ كامىل، مۇرات، ھېكمەت، زۇمرەت ۋە ئاچىسى گۈلزىبالارغا بىر - بىردىن قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا نەفىسەمۇ پەيدا بولدى. بويى سوزۇلۇپ ئون ئالتىگە كېتىۋاتقان بۇ قىزنىڭ يۈرىكىدە ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان ئاجايىپ نازۇك ھېس - تۇيغۇلار مەۋج ئۇرۇپ، يۈمران بەدىنىگە ئىللىق بىر سېزىم تارقالماقتا ئىدى. «ئۇلار نېمە دېگەن تەڭ باراۋەر - ھە؟ بىر - بىرىنى ئوخشاش ھۆرمەتلىشىدۇ» دېگەن ئوي ماھىگۈلنى سۆيۈندۈرمەكتە ئىدى.

بۇ بىر ئىسسىق دىيار، يازدا يامغۇرى، قىشتا قارى يوق دېيەرلىك قۇرغاق تۇپراق! . . . قۇياشنىڭ نۇرى تىك چۈشۈپ بۇ قەدىمىي يۇرتنى تونۇردەك قىزىتىدۇ. ھېچقانداق يەردە پىشمايدىغان بېھى بۇ زېمىندا تۈك تاشلاپ ساپسېرىق سارغىيىپ پىشىپ، مىزىلىك ھىدلىرىنى ئەتراپقا تارقىتىدۇ. يەل - يېمىشلىرى شىرنىلىك، ئېرىقلىرىدا ئاققىنى ئەركەك سۇ. . . تۇغۇلۇپلا شور يالاپ چوڭ بولغاچقا، قويلىرىنىڭ گۆشلىرى تاتلىق. . . يالاڭ ئاياق تاپانلاردىن ئۆتكەن ئاپتاپنىڭ تاۋى دېھقان باللىرىنى ساغلام، بەردەم يېتىشتۈرگەن. . . گەرچە ئۇلارنىڭ ئىچىشى ئۇماچ، يېيىشى زاغرا بولسىمۇ. سەكسەن ياشلىق قېرىلىرى ئېتىزلاردا

گۈپۈلدەپ كەتمەن چاپىدۇ... خوش، قىز - چوكانلىرىچۇ؟... تىك قادالغان ئاپتاپ تاۋنىنىڭ قۇۋۋىتىمۇ ياكى شىرنىلىك يەل - يېمىشلىرىنىڭ سېھرىي كۈچىمۇ، ئەيتاۋۇر بالدۇر يېتىلىدۇ... ناز - كەرەشمىلىك، شۇللۇق كېلىدۇ... ئاللانىڭ كارامىتى، تەبىئەتنىڭ نېمىتى بولغان قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق، قارىسى قارا چىراي - تۇرقى ئۇلارنى ئۈز ھەم چىن چىراي قىلىپ ياراتقان... ئەمما، بۇ ناتىۋانلارنىڭ بەخت - ئامەتلىرى ئاز، خورلىنىقلىرى كۆپ، جاپا - مۇشەققىتى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئىدى. ئەرلەر خوتۇنلىرىنى ئادەم ئورنىدا كۆرمەيتتى. «خوتۇن كونىراپ قالدى، يەڭگۈشلىسەك بولاتتى...»، «بىر خوتۇن بىلەن سېسىماي شۇنچە يىل ئولتۇردىڭما؟...» دېگەندەك گەپلەرنى ھەرقانداق سورۇنلاردا ئاڭلىغىلى بولاتتى. قىسقىسى، «چاپاننىڭ يېڭىسى ياخشى، خوتۇننىڭ كونىسى» دېگەن خەلق ماقالىسىنىڭ تەتۈرسىچە، «چاپان كونا بولسىمۇ مەيلى، خوتۇن يېڭى بولسۇن» دەيدىغان ئەرلەر كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلار خالىقتەك، مەتمۇسادەك خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قوياتتى ياكى ئاشنا ئوينايتتى. ھەتتا بەزى يەرلەردە ئاشنىسى يوق ئەر ئەركەك ھېسابلانمايتتى. خورلۇققا چىدىمىغان ئايال ئاجرىشاتتى ياكى ئۇمۇ بىرەر ئەرنى يار تۇتۇپ، ئاچچىقىنى چىقىراتتى. ماھىگۈلدەك بويىغا يېتىپ قېلىۋاتقان بىر قىز كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاپ تۇرۇپ، بۇ ئىشلارنى چۈشىنىپ يېتەلمەسمىدى؟... ئەدناسى ئانىسى بۇمەرەمخان بىلەن دادىسى قايىتنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس جەڭگە - جېدەللىرى... ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپ ئاڭلاپ كەلگەن قايىتنىڭ ھاياسىز، پاسكىنا، قاباھەتلىك تىل - ئاھانەتلىرى... دۇمبا - دەشنەملىرى... ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوغىدەك ئۇيۇپ قالغانىدى...

— ئەمىسە، زۇمرەت ناھايىتى ھوشيار بولۇڭ! — دېدى كامىل تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، — مەتمۇسانىڭ ئەتە يا ئۆگۈن ئۆيىڭىزگە بېرىشى ئېھتىمالغا يېقىن. شۇڭا، سىز ئۇ يەردە چوقۇم بولۇشىڭىز كېرەك...

— ماقۇل! خىزمەت ۋاقتىمنى تۈرسۇنكام بىلەن كېچىگە

ئالماشتۇرسام بولىدۇ. . . — دېدى خېلىلا يىنىكلەپ قالغان زۇمرەت، — خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم.

— توختاڭ زۇمرەت! جاراھەتلىرىڭىزگە دورا سۈۋۈغاندىن كېيىن مېڭىڭ، — دېدى گۈلزىبا ئۈستەلدىكى يود قۇتىسىنى قولىغا ئېلىپ، — ئەمىسە، ھەممىڭلار چىقىپ كېتىڭلار.

ئىش كامىل ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. دۈشەنبە كۈنى كۈن قېيىلغاندا، مەتمۇسا قەرزنى تۆلىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆتكەنكى ئەلچىلەردىن باشقا ئۈچ خوتۇننى باشلاپ كىردى. پارقىراق ئالا - يېشىل تاۋارلاردىن كېلەڭسىز كۆينەكلەرنى كېيىشكەن بۇ خوتۇنلارنىڭ قوللىرىدا داستىخانغا ئورالغان بوپا ۋە لىگەنلەر بار ئىدى. ياقۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بىجا كەلتۈرۈپ بولغىچە، يۈرىكى غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن زۇمرەت دادىسى ئىككى كۈن ئىلگىرى بىلەپ قويغان دەستىلىك پىچاقنى ئېلىپ، بوسۇغىدا پەيدا بولدى. كېچە - كېچىلەپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ، يۈرىكىنى ئويناتقان گۈزەلنى كۆرگەن مەتمۇسا تۈكرۈكىنى يۇتۇپ، تاماكىدىن قارىداپ كەتكەن ئاراچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى. بىراق ئۇ بىردىنلا چۆچۈپ ىسقلاپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدى. چۈنكى زۇمرەت ئارقىسىغا يوشۇرۇۋالغان پىچاقنى ئۆز بويىنىغا توغرىلاپ بولغانىدى. ئىتتىك تىغ ئۇنىڭ بويۇن تېرىسىگە پېتىپ تۇراتتى.

— بالام بۇ. . . بۇ. . . نېمە قىلغىنىڭ؟ . . . پىچاقنى تاشلا! — ياقۇپ ئالدىغا بىر قەدەم ئالدى، — ھەر ئىش بولسا گەپ بىلەن بولسۇن!

— يەنە ئالدىڭغا بىر قەدەم ئالساڭ، — دېدى زۇمرەت جىددىي ھالدا، — پىچاقنى بويىنۇمغا سۇرىۋېتىمەن! . . .

— زۇ. . . زۇمرەت قىز، — دۇدۇقلىدى مەتمۇسا كالپۇكلىرى تىترەپ، — ئۆ. . . ئۆتكەندە . . . ئە. . . ئەكەلگەن. . . نەرسىلەر ئاز. . . ئاز بولۇپ قاپتۇ. . . بۇ. . . قېتىم . . .

— ئالدىڭغا ماڭما! — ۋارقىرىدى زۇمرەت، — ئۇ نەرسىلىرىڭنى سەن خالىغان خوتۇنلىرىڭغا ئاپىرىپ بەر. . . يوقال دەۋاتىمەن. . . يوقىلىش جادۇ قېرىلار! . . .

— قىزىم پەيلىلىرىنى يامان قىلمىسىلا! — ياغاچتەك ئورۇق خوتۇن ئالدىغا ماڭدى، — ئاۋۋال ئەكەلگەن تويلۇقنى. . .

— گەپ قىلما! بولمىسا پىچاقنى سۇرۇۋېتىمەن. . .

— قىزىم ئۇنداق. . . — قىزنىڭ ھېچنىمىدىن يانماس چىرايىدىن قورقۇپ، ياقۇپنىڭ ئۈنى ئۆچتى.

— زۇمرەت قىز. . . — مەتمۇسا سۇرلۇك كۆزلەردىن ئەيمىنىپ ئارقىغا داجىدى.

— مەن سەنلەرگە يوقىلىش دەۋاتىمەن. . . ئەگەر يوقىلىشمىساڭ، مېنىڭ قاتىلىم ھەر قايسىڭ بولۇشىسەن. . .

مەتمۇسا بىلەن ياقۇپ بىر - بىرىگە كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، مەتمۇسا ئالدىغا ئىككى قەدەم ئالدى. . .

— زۇمرەت قىز ئاۋۋال. . .

— زۇۋانىڭنى ئۆچۈر. . . قولۇمغا قارا! . . .

پىچاق بىسىدىن يامراپ چىققان قان نازۇك بويۇنلاردىن ساقىپ چۈشۈپ، بىردەمدىلا ئاپئاق كوپتىنىڭ ياقىلىرىنى قىپقىزىل قىلىپ بويىۋەتتى. خوتۇنلار ۋارقىرىشىپ، چۇقۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قورقۇپ كەتكەن بىر خوتۇن دەرۋازا سىرتىغا قاراپ يۈگۈردى. مەتمۇسا ئالدىنقى ئەلچىلەرنىڭ: «زۇمرەت قورقۇمسىز، ھازازۇل، بىشەمكەن، خۇدا ساقلىسۇن بۇنداق قىزلار كېچىلىرى ئەرلىرىنى بوغۇزلىۋېتىشتىن يانمايدۇ. . .» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، قورۇپ كەتكەن تاماقلىرىنى تامشىپ، ئارقىسىدىكى دەرۋازا تېمىغا يۆلىنىپ قالدى. ياقىلىرى بىلەن مەيدىسى بارغانسېرى قانغا بويۇلۇپ كېتىۋاتقان قىزنى كۆرگەن ياقۇپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى.

— جېنىم قىزىم، ئۇنداق قىلما، بولدى مەن سېنى زورلىماي، خالىغىنىڭنى قىل! — ياقۇپ بىردىنلا قايرىلىپ، قوللىرىنى شىلتىغىنىچە مەتمۇسا ۋە خوتۇنلارغا ۋارقىرىدى. — يوقال. . . مەن سەنلەرنى يوقىلىش دەۋاتىمەن. . . ئۇ مېنىڭ دۇنيادا بىر تاللا جىگىرىم. . .

خوتۇنلار ئالدىدا، مەتمۇسا ئارقىدىن ئۆزلىرىنى كوچىغا ئېتىشتى.

زۇمرەتنىڭ قولىدىكى پىچاق يەرگە چۈشتى... ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەلگىنىچە، ياقۇپقا ئۆزىنى ئاتتى.

— جېنىم دادا!... سەن يەنىلا مېنىڭ ئوبدان دادام!... كۆيۈمچان دادام!...

— بولدى قىزىم يىغلىما! — ياقۇپ زۇمرەتنىڭ دۈمبىسىگە پەپىلىدى، — جۆر ئۆيگە كىرەيلى...

ياقۇپ ئۆي ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، مازلارنى كۆيدۈردى. قان سىرغىپ چىقىۋاتقان يەرگە باستى. پىچاق تېرىنى خېلىلا تىلىۋەتكەنىدى. ئەمما جاراھەتنى تېڭىپ، قىزىغا چاي ئىچۈرۈپ پاي - پېتەك بولۇپ يۈرگىنىدە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش زادىلا قۇرۇمىدى. زۇمرەت بولسا دادىسىنىڭ: «سېنى زورلىماي، خالىغىنىڭنى قىل!...» دېگەن سۆزلىرىنى ئىچىدە توختىماي يادلاپ تۇرغاچقا، ئاغرىقنىمۇ سەزمەي ئولتۇراتتى...

— دادا... مېھرىبان دادا!... سىز زادى قىزىڭىزغا ياخشىلىق تىلىمەمتىڭىز؟... — دېدى زۇمرەت ياقۇپنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بۇ دۇنيادا سىزدىن ئارتۇق ھىماتىم يوقمۇ؟...

— تىلەيمەن قىزىم... تىلەيمەن... — ياقۇپ بىردىنلا قېرىپ كەتكەندەك مۈكچىيىپ قالغانىدى، — ئاچىلىرىڭغۇ مەندىن لاتمۇ لات تېنىپ كەتتى... مەن سېنى ئەتلىمە گۆش ۋاقتىڭدىن تارتىپلا ياخشى كۆرەتتىم. سەن تېتىك، زۇۋاندار، ئىشچان بالا ئىدىڭ... مەن سېنى ئۇرسامۇ، تىللىسامۇ ماڭا چاپلىشىپ ئالاتتىڭكى، نېرى كەتمەيتتىڭ. مانا ھازىر شۇنچە پالاكەتلەر يۈز بېرىپ تۇرۇقلۇقمۇ، خۇددى قولغا كۆندۈرگەن قارا قۇشقاچ بالىسىدەك يېنىمدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈيسەن. راست گەپنى قىلسام، ساڭا چىدىمايمەن... سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن بالام...

ياقۇپ ھۆڭ - ھۆڭ ئېتىپ يىغلىدى. بېشىنى توختىماي چايقاپ يىغلىدى... دادىسىنىڭ چاناقلىرىغا، قورۇقلار بېسىپ كەتكەن كۆزلىرىگە، ئاپئاق ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىدىن يۇمىلاپ چۈشۈۋاتقان

ياشلىرىغا، كۆپكۆك تومۇرلار پولتىيىپ چىققان قوللىرىغا قاراپ، زۇمرەتنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئاتىغا كۆيۈنمەيدىغان بالا، بالىغا مېھرىنى بەرمەيدىغان ئاتا بولمىسا كېرەك!... ئەگەر ئۇلار دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشتىن ئاۋۋال، ئاللا دىيانەتسىزلىك، قارا كۆڭۈللۈك ۋە تاش بېغىرلىقنىڭ زەھەر زوقۇملىرىنى ئۇلارنىڭ زۇۋۇلىسىغا قېتىپ يۇغۇرۇۋەتمىگەنلا بولسا!...

زۇمرەت دادىسىنىڭ «سېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقىمەن...» دېگەن سۆزىنى كۆڭلىدە دەڭسەپ بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنى مۇراتنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ بولۇپ ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتىشى ئىدى. بۇ ئىشتا ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ، كۆڭلىنى تىندۇرمىسا زادىلا بولمايتتى.

— دادا، زادى سەن ماڭا ئىشىنەمسەن؟ — دېدى زۇمرەت جاراھىتىنى سىلاپ قويۇپ، — راست گېپىڭنى قىلغىنا؟...

— ئىشىنىمەن قىزىم، ئىشىنىمەن، — دېدى ياقۇپ يىغلاپ كاكىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن، — ھازىرغىچە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ كەلدىم.

— قارا دادا، مۇراتنىڭ دادىسى شەھەردە «سودا ـ سانائەتچىلەر جەمئىيىتى» نىڭ خوجايىنى تۇرسا... ئۇ يەنە نەگە باراتتى؟... شۇڭا، ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ خوتەنگە خىزمەتكە كەلگەن... — دېدى زۇمرەت ھالقىلىق پەيتتە نومۇس ـ ھايانى قايرىپ قويۇپ، — كېيىن، بىز ئۇنىڭ يالغۇز ئانىسىنى قەشقەردىن ئېلىپ كېلىۋالىمىز...

— شۇنداقمۇ قىزىم؟ — ياقۇپ يەنە ئىككى ئويلۇق بولۇپ تۇراتتى، — بىراق... مەتمۇسانىڭ پۇلىنى قانداق تۆلەيمىز؟...

— ئېيتىپ باققىنا، سەن كونا بوغالتىر، ھېسابىنى بىلىسەن، ئۇنىڭ بىزدە زادى قانچىلىك پۇلى باردۇر؟

— مەن ئاللىبۇرۇنلا ھېسابلاپ قويغان، — ياقۇپ يەنە جىمىپ قالدى، — ئۇ... ئۇ... جەمئىي بىر يۈز سەكسەن يۈەنلىكتەك نەرسە ـ كېرەك ئېلىپ كەلگەن...

زۇمرەتنىڭ چىرايىغا قان، چېھرىگە كۈلكە يۈگۈردى.

— ئەمىسە دادا، ئۈچيۈز يۈەندەك پۇل جايلاپ قويدۇق...

— «بىز...» دەپ كەتكىنىڭنى قارا!...

— دادا!...— زۇمرەت دادىسىنى قۇچاقلاپ ئەركىلىدى.

— بوپتۇ ئەمىسە قىزىم... بىز ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتەيلى!...

زۇمرەت بىردىنلا دادىسىنىڭ يىرىك ساقال قاپلاپ كەتكەن يۈزلىرىگە مەڭزىلىرىنى سۈۋاپ، ئۇنى سۆيۈپ كەتتى... ئۇ ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، كۆينىكىنى ئالماشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، سىرتقا يۈگۈردى. لېكىن بىر نېمىسى ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، ھويلىدىن يەنە قايتىپ كىردى - دە، دادىسىنى قۇچاقلاپ، ساقاللىرىغا، مەڭزىلىرىگە، قۇلاقلىرىغا، ھەتتا بويۇنلىرىغا قارا قويۇق سۆيۈپ، جاراھىتىنىڭ سىقىراپ ئاغرىپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى...

— زۇمرەت يەنە نەگە ئالدىرايسەن؟— دېدى ياقۇپ ھويلىغا چىقىپ بولغان قىزىغا قاراپ،— بوينۇڭدىكى جاراھەت زورۇقۇپ قالىدۇ.

— ھېچقىسى يوق دادا!— ۋارقىرىدى زۇمرەت،— مۇراتنىڭ قېشىغا بارىمەن. ئۇلار بۈگۈن مەكتەپتە دراما قويماقچى...

كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، قورۇق يۈزى تەمكىنلىك ۋە مۇلايىم تۈس ئالغان ياقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ خىيالغا پاتتى: «توۋا، مۇھەببەت دېگەنمۇ ئاجايىپ نېمە ئىكەنا؟... تىل - ئاھانەتتىن، تاياق - توقماقتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدىكەن...» ئۇ، ئۇزاقتا، بەكمۇ ئۇزاقتا قالغان ياشلىقىنى ئەسكە ئالدى.

ياقۇپ 19 ياشقا كىرگەن يىلى، ئەيسا توغراق دەيدىغان يېزا كۆكبېشىنىڭ 16 ياشلىق زۇمرەت بىبى ئىسىملىك دوملاقلىنا، ئوماق چېھرىدىن دائىما بىر سېھىرلىك كۈلكە كەتمەيدىغان قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇلار، شورا تاملاردىن ئاتلاپ، قاراڭغۇ باغلاردا، ئالاقەتلىكنىڭ يىكەنلىك سازلىقلىرىدا، قېلىن ئوت باسقان بۇلاق باشلىرىدا ئۇچرىشاتتى... قىز يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن چار مېغىزلارنى بىر - بىردىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىغا سالاتتى. ياقۇپ بولسا، قىزنىڭ بوينىغا قىزىل

مارجان ئېسىپ قوياتتى ياكى مەي بولۇپ پىشقان ئۆرۈكلەرنى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ كىچىك ئاغزىغا يېگۈزەتتى. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ئەيسا توغراق بىر كۈنى بىر نەچچە ئالىقاناتنى باشلاپ كېلىپ، ياقۇپنى تۇتتۇۋالدى. ئۇنى ئۇجمىنى قۇچاقلىتىپ باغلىغاندىن كېيىن، تامبىلىنى سالدۇرۇۋېتىپ، يالاڭ ساغرىسى ئېتىلىپ كەتكىچە ئۇردى. بەر دەسسىيەلمەس هالغا كېلىپ، هوشىدىن كەتكەندىن كېيىنلا ، ئۇنى قوللىرىدىن سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى. ياقۇپنىڭ خام يەكتەك كېيگەن ئاۋاق بەدىنى يەردە سۆرىلەتتى. . . توپىلارغا مىلىنەتتى. . . ئۇنى ئالاقەتلىكنىڭ سازلىقىغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىشتى.

ياقۇپنىڭ جىسمانىي جاراھىتى ساقىيىپ كەتتى، ئەمما روھىي جاراھىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە ساقايمىدى. چۈنكى، زۇمرەت بى بى قاراقاش ئاقسارايدىكى بىر باينىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىۋېتىلگەنىدى. ياقۇپ بىرەر يىلغىچە تىلەمچى قىياپىتىگە كىرىپ، ئاقسارايىنىڭ كەنت - بازارلىرىنى ئايلاندى، ئۆيمۇ ئۆي «هەقدوس» دەپ توۋلاپ يۈردى، بىراق زۇمرەت بىبىنى ئۇچرىتالمىدى . بۇ ئىشلار نەچچە يىللارغىچە خۇددى يىراقتىكى پادىچى گۈلخانلىرىدەك، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پىنهانلىرىدا بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈپ تۇردى. كېيىنچە، هاياتنىڭ بورانلىرى بۇ ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورىدى. خۇدايا توۋا، ئاللا يارانقان بۇ ئىنسان چۈشەنگىنى بولمايدىغان غەلىتىلا مەخلۇقكەن. . . زۇمرەتنىڭ ئانىسى ئاخىرقى قېتىم قورساق كۆتۈرۈپ، تەۋەللۇت ئۇستىدە قىينىلىۋاتقان كېچىسى، ياقۇپ زۇمرەت بىبىنى چۈشەپ قالدى. چۈش ناهايىتى روشەن ئىدى! . . . قىز ئۆز قولى بىلەن ياقۇپقا چار مېغىز يېگۈزۈۋاتاتتى. ئۇ، نەچچە كۈنلەرگىچە گېلىدىن تاماق ئۆتمەي، بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئاخۇنۇم زاكىدالغان بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئەزەن قىچقىرىۋېتىپ، ياقۇپتىن ئىسمى نېمە بولدى؟ . . . دەپ سورىغاندا، ئۇ هېچ تەمتىرىمەي، ئەتراپىغىمۇ قارىماي: زۇمرەت! . . . دەۋەتتى. . .

ياقۇپنىڭ سەپرالىقى قوزغالغاندا، كۆزىگە هېچنىمە كۆرۈنمەي، زۇمرەتنى ئۇرغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيەتتى. ئاچچىقى

يانغاندا، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، پۇشايماندا قالاتتى، كېچىلىرى مىچىلداپ يىغلايتتى. بۇ، ياقۇپنى ئۆتمۈش بىلەن باغلاپ تۇرغان بىردىن بىر ئاخىرقى يىپنىڭ زۇمرەت بولغانلىقى ئۈچۈنمىدى؟ ياق، ئۇنداق ئويلىساق، سەل ئېشىپ كەتكەن بولار... بۇنى پەقەت ئاتىلىق مېھرى دېسەكلا كۇپايە!...

ياقۇپ تاغ ئۆرۈكىدەك قىرتاق ھەم چۈچۈمەل ئەسلىمىلەردىن لەززەت ئېلىپ ئولتۇرغان بۇ پەيتتە، مۇرات رېپېتىتسىيە ئۆيىدە زۇمرەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ پىقىرتىۋاتاتتى. ھېكمەت ۋە باشقا بالىلار سەھنە تەييارلىقىنى قىلىش ئۈچۈن كۇلۇبقا كەتكەنىدى. بەخت ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان مۇرات بىردەم قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرايتتى. تۇرۇپلا زۇمرەتنى باغرىغا بېسىپ سۆيۈپ كېتەتتى.. ئۇ دەرھال ساندۇقىدىن ئاق داكا، يود، دورىلارنى ئېلىپ زۇمرەتنىڭ جاراھىتىنى پاكىزلاپ تازىلىدى. دورىلارنى سۈۋاپ قايتىدىن تاڭدى. ئاندىن ئۇنى كۇلۇب سەھنىسىگە ئېلىپ باردى. زۇمرەت گىرىمخانىدا بالىلارغا گىرىم قىلىۋاتقان ھېكمەتنى كۆرۈپ، ئۇنى تونىمايلا قالدى. ئۇ قاپقارا شاپ بۇرۇت تاقاپ، ئاسما گېلەپى ئىشتان ۋە گومىنداڭ شەپكىسىنى كىيىۋالغانىدى. ھېكمەت بىردەمدىلا مۇراتنىڭ يۈزلىرىنى مايلاپ گىرىم قىلىپ، قورسىقىغا يوغان پەي ياستۇقنى تېگىپ باغلاپ، ئۈستىدىن كېلەڭسىز ئاق كۆينەك كىيگۈزدى. مۇرات ئېگىز ھەم يوغان قورساق پومېشچىكنىڭ ئۆزىلا بولدى. مەڭزىدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قاپقارا يوغان مەڭ، داپ ساقىلى ئۇنى باشقىلا بىر ئادەمگە ئۆزگەرتىپ قويغانىدى. ئۇ زۇمرەتنىڭ قۇلىقىغا: — ئېرىڭلار ئوخشاپتىما مەزلۇم؟— دېۋىدى، قىزىرىپ كەتكەن زۇمرەت ئەتراپىغا ئالاق - جالاق قارىدى - دە،— يۈزى قىلىن، داپيۈز! بالىلار ئاڭلاپ قالىدۇ...— دەپ پىچىرلىدى. بۇ ئەسنادا، زەينىدىن، زىكرۇللا، كامىللار كىرىپ كەلدى. ئۇلار تەييارلىقنىڭ پۈتكەنلىكىنى، سەھنە دېكوراتسىيىلىرىنىڭ پۇختا ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ، خاتىرجەم بولدى.

— ئويۇن كۆرۈشكە،— دېدى زەينىدىن ،— تۇراپ شۇجى، خالىق

كاتىپلارمۇ كەلدى. ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بار. ئويۇننى ئوبدان قويۇڭلار.

— ئەمىسە، ئوقۇغۇچىلارنى تىزىلدۇرۇپ كۇلۇبقا ئەكىرىمىز، — دېدى زىكرۇللا غوجى، — بۈگۈن ئادەم ناھايىتى كۆپ، رەتلىك ئولتۇرغۇزمىساق پاتمايدۇ.

— زۇمرەت، — دېدى كامىل، — مەن بولغان ئىشنى مۇراتتىن قىسقىلا ئاڭلىدىم. بۇ توغرىلىق كېيىن پاراڭلىشايلى. نەفىسەمۇ بىر نەچچە ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ كەپتۇ. ھازىر گۈلزىبا بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ. سىزگىمۇ بىر ئورۇندۇق تەييارلاپ قويدۇق.

كامىل زۇمرەتنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. كۇلۇبنىڭ ئىككى تەرىپىگە تام ياقىلىتىپ ئۈچ قاتاردىن ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا گۇڭشې ۋە ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ئولتۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى مەيداندا، سىنىپلار بويىچە بويىسىرە قىلىپ ئوقۇغۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كۇلۇپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا، بازار ئەتراپى ۋە يېقىن ئارىدىكى كەنتلەردىن كەلگەن دېھقانلار ئۆرە تۇرۇشاتتى. ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا تۇراپ شۇجى بىلەن بىللە ئولتۇرغان خالىق پەردىنى قايرىپ سەھنە پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋاتقان زۇمرەت ۋە كامىلنى كۆرۈپ قالدى. ئەلچىلەر قايتىپ كەلگەن ھامان، مەتمۇسادىن ھەممىنى ئاڭلاپ بولغان خالىق زۇمرەتنىڭ ئاق داكا بىلەن تېڭىلغان بويىنىغا ھەيران بولمىدى. كامىل زۇمرەتنى نەفىسە، گۈلزىبالارنىڭ ئوتتۇرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سەھنىگە چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ سازچىلار بىلەن درامىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلاشقا مەسئۇل ئىدى. خالىق شۇ چاغدىلا نەفىسەنى كۆرۈپ قالدى.

ئېلانچى قىزنىڭ بىر نەچچە ئېغىز دەبدەبىلىك سۆزلىرىدىن كېيىن، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، ئويۇن باشلاندى. دەسلەپتە ھەيۋەتلىك چېلىنغان مۇزىكا بارا - بارا پەسىيىپ بىر خىل رېتىمگە چۈشكەنىدى. ئىشلەمچىلەر ياتقان ئۆيدىن ھەر خىل، ھەر ياڭزا خورەك ئاۋازلىرى كېلىشى بىلەن ، 14—15 ياشلاردىكى بىر كىچىك بالا

كۆينەكچان تامبال بېغىنى كۆتۈرگەنچە چىقىپ كېلىدۇ. ئۇ: «ۋاي - ۋاي، باي غوجامنىڭ ئۇمىچىنى ئۈچ ۋاخ ئىچىۋېرىپ، مۇشۇنداق خالادىن كېلەلمەيدىغان گەپ. مانا بېشىم ياستۇققا تېگىپ بولغىچە، بەشىنچى قېتىم چىقىشىم. بۇ باينىڭ تېخى يېرىم كېچىدە چىللايدىغان بىر ساراڭ توخۇسى بار. بۇ ياقتىن كۆزۈڭ يۇمۇلۇپ بولغىچە، ئۇياقتىن چىللاۋاتقان. . . مەنچە ئاشۇ توخۇنى باي ئۆزى بېسىپ چىقارغانمىكىن دەيمەن. . .» دەپ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىدە باي پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئىشلەمچىلەر ئۆيىنى كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، توخۇ كاتىكىگە بېشىنى تېقىپ، خورازدەك ئارقا - ئارقىدىن بىر نەچچىنى چىللايدۇ. بۇنى ئىشلەمچى بالا كۆرۈپ قالىدۇ. . . باي ئىشلەمچىلەرنى كۈنىگە 15 ـ 16 سائەت ئىشلىتىۋاتقانلىقىدىن ماختىنىپ، بىر مۇنچە قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كىرىپ كېتىشى بىلەن، بالا چىقىپ جاندىن ئۆتكۈدەك سېسىق يۇمۇرلۇق گەپلەرنى قىلىپ، كۆپچىلىكنى كۈلدۈرىۋېتىدۇ. ئارقىدىن، باي ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ چىقىپ: «ھاي، توخۇ چىللىغىنى نىكەم؟ ساغراڭغا ئاپتاپ چۈشكىچە ئۇخلىشامسەن؟» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئۇيقۇلۇق ئىشلەمچىلەر غۇدۇرشىپ تىللاشقىنى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن قىزىق، ئاچچىق سۆزلىرىنى ئاڭلىغان تاماشىبىنلار ئارقا - ئارقىدىن كۈلۈشۈپ، كۈلۈبنى كۆتۈرۈۋېتىشتى. ئەڭ قىزىق بولغىنى، مۇرات ئىشلەمچىلەرگە ھاسىسىنى تەڭلەپ، راسا ئاچچىقلاۋاتقاندا، قورسىقىغا تاڭغان ياستۇق ئاياغ ئاستىغىلا چۈشۈپ كەتتى. مۇرات ئۇنى بىرلا تېپىپ گېرىمخانىغا كىرگۈزۈۋەتتى - دە، كۆپچۈلۈككە قاراپ: «بۇ يالاڭتۆش گادايلارغا گەپ ئۇقتۇرالماي، كاتتا قورسىقىممۇ لەپپىدە بوشاپ كەتتىيا؟» دېۋىدى، كۈلۈبنىڭ ئىچى كۈلكە بىلەن قاپلاندى. ئىككىنچى كۆرۈنۈش دولقۇنلۇق مۇزىكا ۋە ناخشا ئاۋازى بىلەن باشلاندى.

يېرىم كېچىدە چىللاپ،
ئۇيقۇ بەرمىگەن توخۇ.
چۈشىگە تېرىق كىرىپ،
جۆيلىگەن ساراڭ توخۇ. . .

ۋاي. . . ئىلاھىمەي. . .

ئىشلەمچىلەر ئېتىزلىقتا كەتمەنلىرىنى قويۇپ، باينىڭ ئاچكۆزلىكى ھەققىدە گەپ باشلايدۇ . ئاخىرى ئۇلار قىرلارغا باشلىرىنى قويۇپ ئۇخلىشىدۇ. ئەمما باي كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنى ھاسىسىدا ئۇرۇپ ئويغىتىدۇ. بۇ يەردىمۇ كومېدىيىلىك ۋەقە يۈز بېرىپ، كۆلۈبتا قاتتىق كۈلكىلەر دەممۇ دەم كۆتۈرۈلدى. باي كەتكەندىن كېيىن، ئىشلەمچىلەر «ئىشلىمەيمىز» دەپ كەتمەكچى بولغاندا، كىچىك بالا ئاخشامقى ۋەقەنى ناھايىتى سىرلىق ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن سۆزلەپ بېرىدۇ ھەم بايدىن قانداق ئىنتىقام ئېلىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئېيتىدۇ. بولۇپمۇ 3 - كۆرۈنۈش باشلىنىش بىلەن، كۆلۈب ئىچىدە قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. باي كاتەككە بېشىنى تىقىپ چىللاۋاتقاندا، كىچىك بالا ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ: «ۋاي ئوغرى، توخۇ ئوغرىسى! . . .» دەپ ۋارقىرايدۇ. ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىشلەمچىلەر باينىڭ بېشىنى كاتەكتىن چىقارغىنى قويماي، ئۇنى تاياق - توقماقلار بىلەن دۇمبالايدۇ. . . باي: «ۋاي مەن ئىدىم» دەپ توۋلايدۇ. لېكىن ئىشلەمچىلەر: «ھە، سەن بولغاچقا ئۇرۇۋاتىمىز. . . ئەمدى بېگىمنىڭ توخۇسىنى ئوغۇرلامسەن؟ . . .» دېيىشىپ، ئۇنى ئېخىمۇ قاتتىق ئۇرىدۇ. بۇ چاغدا، كىچىك بالا باينىڭ ئۆيىگە قاراپ، «ۋاي بېگىم، توخۇغا ئوغرى كىردى. . .» دەپ ۋارقىرايدۇ. باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قونۇپ قالغان گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارى شەپكىسىنى تەتۈر كىيگەن، ئاسما ئىشتىنىنىڭ تاسمىلىرى ساڭگىلاپ قالغان ھالدا، تاپانچا كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇ: «مەن تۇرغاندا، بېگىمنىڭ توخۇسىنى ئوغۇرلىغان قانداق يۈرىكى چوڭ نېمىكەن بۇ؟ ئۆتۈش بۇياققا!» دەيدۇ - دە، «پاق» قىلىپ ئېتىۋېتىدۇ. باي: «ۋايجان، مەن ئىدىم. . .» دەپ ساغرىسىنى تۇتىدۇ. بارماقلىرى ئارىلىرىدىن قان ساقىپ چىقىدۇ. بۇچاغدا، باينىڭ خوتۇنى چالۋاقاپ يېتىپ كېلىدۇ: «ۋاي ئاتماڭلار، ئۇرماڭلار، ئۇ بېگىم ئىدى» دەپ ۋارقىرايدۇ. . . باينىڭ خوتۇنى سەھنىنى بېشىغا كىيىپ: «ۋاي سوقا سەندەلدەك بېگىم، بويى چىناردەك بېگىم. . . توخۇ كاتىكىگە سولىنىپ ساغرىسىغا ئوق يېگەن

بىگىم. . . » دەپ يىغلايدۇ. ئىشلەمچىلەردىن بىر نەچچىسى باينى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. بۇ چاغدا ئىشلەمچىلەر: «توۋا قىلدىم خۇدايىم، بىگىم توخۇ كاتىكىدە نىمە ئىش قىلىدىغاندۇر؟ . . . » دېسە، بەزىلىرى: «ئۆزلىرىگە ھېزى بولسىلا بىگىم، بۇ يەردە جىن - ئالۋاستىلار بار ئوخشايدۇ، شۇلار سىلىنى كاتەككە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. . . » دېيىشىدۇ، بىراق باي ئىنجىقلاپ: «ۋاي تاڭەي، مەنمۇ بىلەلمىدىم، ئۆيدە بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتاتتىم. . . » دەپ كىرىپ كېتىدۇ.

ئويۇن ئاياغلىششى بىلەن، كۇلۇب ئىچىدە ئۇزۇنغىچە چاۋاك بىلەن قىقاس - چۇقان ئۇزۇلمىدى. ھەممە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئالقىش ياڭراتماقتا ئىدى.

مۇرات، ھېكمەت، كامىللار ئارتىس باللار بىلەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇردى. ئۇلارغا نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەتلەرمۇ ياردەملەشتى. مۇرات ھەممەيلەننى سەنئەت ئۆيىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بىلەن ئاشخانىغا كىردى. ھەر قېتىملىق ئويۇندىن كېيىن، ئارتىسلارغا بىر ۋاقلىق تاماق بېرىش ئادەت ئىدى. جۇمراخۇن ئۇستام ئوخشىتىپ ئەتكەن ئىككى چېلەك گۆشلۈك پولۇ بىلەن بىر چېلەك دەملەنگەن چاينى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيىدە، نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر ئارتىس باللارغا سو تەييارلاپ بەردى. ھېكمەت چۆگۈن بىلەن سوپۇننى كۆتۈرۈپ سىرتقا مېڭىۋېدى، گۈلزىبامۇ بىللە چىقىپ ئېرىق لېۋىدە ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇپ بەردى. نەفىسە ئېلىپ كەلگەن ئۈچ ئوقۇغۇچىسىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، كامىل بىلەن ھېكمەت ئۇنىمىدى. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرغاندا، مۇرات چېلەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ قالدى. ئۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئىشىكنى گۇپلا ياپتى:

— ھېكمەت، ھېلىقى تاپانچاڭنى ئال، — دېدى مۇرات قولىنى شىلتىپ، — ئىشلەمچىلەر، سىلەرمۇ تاياق - توقمىقىڭلارنى ئېلىڭلار. مانا بۇ ئىشىكتە پوست تۇرۇڭلار. تاماققا ئېغىز تەگمەي، قېنى كىم چىقىپ باقىدىكىن؟ مەن بىر كۆرەي. . .

— مۇرات، سىزنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭىزنىڭ ئىچىلىشىدىن مەن بەك قورقىمەن، — دېدى نەفىسە قىزىرىپ، — بۈگۈن دېگەن بىلەن مېنى ئاياپ، ھايالىق گەپ قىلدىڭىز...

— قېنى سىلەر، — دېدى ھېكمەت ئارتىس باللارغا قاراپ، — نەفىسە خانىمنىڭ ئۈچ مېھمىنىغا قاچا بېرىڭلار... ئۆزەڭلارغا كەملەپ قالسا، ئىككىڭلار بىر قاچىدا يېسەڭلارمۇ بولىدۇ.

— كامىل، سەن نەفىسە بىلەن بىر قاچىدا يەمسەن - يە؟...

مۇرات گەرچە پەس ئاۋازدا چاقچاق قىلغان بولسىمۇ، نەفىسە ئاڭلاپ قالدى.

— مۇرات ئەسلىدە سىز زۇمرەت بىلەن بىر قاچىدا يېمەكچى ئىدىڭىز، — دېدى نەفىسەمۇ باللارغا ئاڭلاتماي، — شۇنى دېيەلمەي قىينىلىۋاتسىزغۇ دەيمەن؟...

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قاچىدا يېمەيمەن، — دېدى زۇمرەت ئۇنىنى قويۇپ بېرىپ، — ئاغزى، بۇرنى بوياق تۇرسا!...

كامىل بىلەن ھېكمەت يوشۇرۇن كۈلۈشۈپلىشتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، نەفىسە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئېلىپ ماڭدى. كامىل ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن بىللە چىقىپ كەتتى. پولۇ ئېشىپ قالغانىدى. شۇڭا، ھېكمەت ماھىگۈلگە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن، بىر قاچىغا ئۇسۇپ مۇراتقا قارىدى:

- مۇرات گۆش، قالماپتۇ - ھە؟

— يائاللا ھېكمەت، ماھىگۈلنى ئۇنۇتمايسەن - ھە؟ — مۇرات چېلەك ئاستىدا قالغان پولۇغا چۆمۈچىنى پاتۇرۇپ، ئىككى پارچە گۆشنى تارتىپ چىقتى، — تۇتە ماۋۇ بىرسىنى!

— ۋۇي ھېيلىگەر، — دېدى ھېكمەت كۈلۈپ، — پولۇنىڭ ئاستىغا گۆش يوشۇرۇپ قويغىنىنى كۆرەيمۇ! ئاۋۇ چوڭ بىر پارچىسىنى قانداق قىلىسەن؟

— بەللى، سەن قېيىن سىڭلىڭغا ئاپارساڭ بولىدىكەنۇ، مەن قېيىن ئاتامغا ئەۋەتسەم بولمامدىكەن؟...

ئارتىس ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا كېتىشتى. ھېكمەت بىلەن گۈلزىبامۇ بىللە چىقىشتى. زۇمرەت تېخىچىلا گىرىم بىلەن تۇرغان مۇراتنىڭ بېشىغا سۇ قويۇپ بېرىۋاتاتتى.

مۇرات يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، زۇمرەتنى ۋېلىسىپىتقا ئولتۇرغۇزۇپ، فىرمىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار بوستان بازىرىدىن ئۆتۈپ، سەگۇ تېرەكلەر خۇددى بىر پۈتىنى قانىتى ئاستىغا يوشۇرغان تۇرنىلاردەك تىزىلىپ كەتكەن يولغا چۈشتى. مۇرات قىسقا - قىسقا چاقچاقلارنى قىلىپ، زۇمرەتنى كۈلدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

—زۇمرەت، —دېدى مۇرات ئارقىسىغا قايرىلىپ، —مېنىڭ ئەتىلا كامىل بىلەن ھېكمەتنى ئەلچىلىككە كىرگۈزگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— يەنە ئازراق سەۋر قىلايلى، مەتمۇسا ھۆججەتلىرىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ... ماقۇلمۇ؟...

—ماقۇل، —دېدى مۇرات بېشىنى لىڭشىتىپ، —زۇمرەت سىزنىڭ ئۆمۈر بويى خىزمىتىڭىزنى قىلسام ئەرزىيدۇ. سىز مەن ئۈچۈن جىق ئازاپلارنى تارتىۋاتىسىز...

—مەن بۇنى ئازاپ دەپ بىلمەيمەن، —زۇمرەت مىچچىدە قىلىپ يىغلىدى، —ئەڭ ئازاپلىقى — ياخشى كۆرمىگەن ھەتتا نەپرەتلەنگەن ئادىمىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈش... نامراتچىلىق ئىچىدە ياشىساڭمۇ، ھەتتا قەلەندەر بولۇپ كەتسەڭمۇ، كۆڭلۈڭ ئازادە بولسا، ئون يىلىڭ بىر كۈندەك كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ... خۇدا ساقلىسۇن بىر كۈنى ئون يىلدەك ئۆتۈۋاتقان زېرىكەرلىك ئائىلىلەردىن...

—توغرا دەيسىز! ماددىي بايلىق تومۇزدىكى كەلكۈندەك تۇراقسىز ھەم ئۆتكۈنچىدۇر. مەنىۋى بايلىق مەڭگۈ خورىماس خەزىنە، —مۇرات بىردىنلا ئارقىسىغا قايرىلدى، —زۇمرەت سىزگە قانچە تەمشىلىپمۇ دېيەلمىدىم. دادام نەچچە قېتىم سىزنى ئۆيگە باشلاپ كېلىشىمنى ئېيتقانىدى.

—سىز ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى دېگەنمىدىڭىز؟

—ياق، ئەسلىدە دادام كامىلغا مېنى ئۆيلەپ قويۇش ھەققىدە سۆز

ئاچقان ئىكەن، كامىل: «ئۆنىڭ يۈرۈۋاتقان قىزى بار» دەپ ئۇچۇق ئېيتىپتۇ...

— دادىڭىز نېمە دەپتۇ؟

— دادام، «قارا بۇ بالىنىڭ بوينىنىڭ قاتتىقلىقىنى! ئىككى يىلدىن بېرى بىرەر قېتىم ئۆيگە ئەكىلىش ئەمەس، مىت قىلىپ زۇۋانىنىمۇ ئاچماپتىا؟ قۇدا بولغۇچى، كېلىن بالا بىزنى نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟...» دەپ ئاچچىقلاپ قاپتۇ...

— سىزمۇ نېمىشقا دېمىگەن بولغىيتىڭىز؟

— ئانا ئۆز بولمىغاندىن كېيىن، ئادەم قورۇنىدىكەن...

— ئۆگەي ئانىڭىزنى ماختاۋاتاتتىڭىزغۇ؟...

— ئۆزىغۇ ياخشى ئايال، لېكىن مەندىن باشقا يەنە بىر نەچچە ئۆگەي قېرىنداشلىرىم تۇرسا... ئېغىرلىقىمنى سالماي دەپتىمەن...

— سىزمۇزە بەكمۇ ئىنچىكە ئويلاپ كېتىدىكەنسىز... كونىلار: «ئانا ئۆگەيلىمەس، بالا ئۆگەيلەر» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەندە...

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ، فىرمىنىڭ چېگىرىسىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. مۇرات ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى ئوڭ تەرەپكە قايرىدى، ئاچال يول ئېغىزىدا، سەل دوكراق، ئېگىز، ئورۇق بىر كۆلەڭگە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساپ تۇراتتى. ھەر ئىككىلىسى ۋېلىسىپىتتىن چۈشتى.

— قورقماڭ، دادام ئىكەن، — دېدى زۇمرەت پىچىرلاپ، — بېرىپ كۆرۈشۈڭ... تېز بولۇڭ!...

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — مۇرات قولىنى كۆكسىگە ئالدى، — تەنلىرى ساق، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمىكى؟...

— ۋائەلەيكۇم... كېچىكىپ قالدىڭلارغۇ؟

— ئويۇن ھازىر تۈگىگەن تۇرسا، — دېدى. زۇمرەت كۈلۈپ، — بۇ يەردە تۇرۇپسەنغۇ دادا؟...

— يالغان ئېيتما، ئويۇنغا مەنمۇ بارغان تۇرسام! — دېدى ياقۇپ ھېجىيىپ، — مەن سېنى بۇ يەردە ساقلىغىلى نەۋاخ...

— سەنمۇ بارغانمىدىڭ؟ — زۇمرەت قەۋەتلا خۇشال بولۇپ

كەتتى، — بالدۇرراق ئۇقتان بولساق، مۇرات سېنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى.

— ئېسىت، ئارقىدا ئۆرە تۇرۇپ قاپلادە، — دېدى مۇرات خىجىل بولۇپ، — بەك سەت ئىش بوپتۇ...

— ياق، ئوتتۇردىراق بولسىمۇ ئولتۇردۇم، — دېدى ياقۇپ زۇمرەتكە قاراپ، — سەن سەھنىدىن بىللە چۈشكەن مۇئەللىم ئورۇندۇق ئەكېلىپ بەردى. بەلكىم ئاپپاق ساقاللىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالغان چېغى...

— دادا، ئۇ مۇراتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى كامىل... بەك قائىدە - يوسۇنلۇق ، ئەدەب - ئىكراملىق بالا...

— مەنمۇ بىلدىم، گەپ سۆزلىرىمۇ سىلىق، ئۆزى مۇلايىم بالىكەن.

— ئۆزلىرىنى، — مۇرات ياقۇپنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، — بۇ يەردە ساقلىتىپ قويۇپتۇق، بەك ئەدەبسىزلىك بولدى. ئۆيۈڭدىن كېيىن، ئارتىس بالىلارغا تاماق بېرىمىز دەپ خالىزىم بولۇپ قالدۇق.

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى ياقۇپ يەرگە قاراپ، — ئۆيۈڭنى بەك ئوبدان ئوينىدىڭلار، ھەممىنى كۇلدۇرۇپ تېلىقتۇرۇپ قويدىڭلار.

— دادا، بۇنى مۇرات سىزگە ئالغاچ كەلدى، — زۇمرەت تۇگۇچنى ياقۇپقا تۇتقۇزدى، — ئېلىڭ!

— بۇ نېمە قىزىم؟

- سىز ياخشى كۆرىدىغان گۆشلۈك پولۇ...

— كايىپسىلەر بالىلىرىم... كايىپسىلەر...

مۇرات ياقۇپ بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە قايتتى. ئۇ ۋېلىسىپىتنى يولدا ئۇچقاندەك قوينۇۋەتتى. لېكىن ئۇ ياقۇپنىڭ : «ئۆيگە كىرىپ، ھاردۇقىڭىزنى ئېلىپ قايتامسىز بالام؟...» دېگەن سۆزىنى ئىچىدە تەكرارلاپ كەلمەكتە ئىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلا ، كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر ياقۇپنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، بىر سائەتتەك مېھمان بولۇشتى. ھويلىدىكى مەي باغلاپ پىشقان

ئۆرۈكنى ئېغىتىپ يېيىشتى. قايتاشىدا، مەتمۇسانىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرسۇن دەپ، ياقۇپنىڭ قولىغا ئۇچيۈز سوم پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويۇشتى. بۇ ئۈچ دوست ياقۇپ سەپرادا تۇنجى قېتىم ئاجايىپ تەسىراتلارنى قالدۇردى. . .

# بىر كۆلكىنىڭ ئاچچىق يىغىسى

— ۋەي، ۋەي! 8 - باشقۇرۇش رايونى شۇجىسى مەتتۇرسۇن نىياز موللاجىما؟ — خالىق گۇڭشې بويىچە ھاشار ئەمگىكى بۇيرۇقىنى چۇشۇرۇۋاتاتتى، — سىلەرگە دەريا قۇم تۇغ ئەمگىكىگە 160 ئەمگەك كۈچى، تۆت ئات ھارۋا، ئالتە ئېشەك ھارۋا، 14 ئۇلاغ ۋەزىپە كەلدى. نېمە؟ ئەمگەكچى كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ؟. . ھەي سىنىڭ تەۋەيىڭدە 5 دادۈي بار. ھەر بىرسىگە 32دىن ئادەم توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭغا تولا كارا - كاراڭ قىلما! . . . ئەمما ئەۋەتىدىغانلىرىڭ ئاساسىي ئەمگەك كۈچى بولسۇن! قېرى - چۈرى، ئاقساق - چولاق، پاخپاق خوتۇن، ئۇششاق تازلارنى ئەۋەتسەڭ، قايتۇرۇۋېتىمىز. . .

ئىشىك غىق قىلىپ ئېچىلىپ، ئىشخانىغا مەتمۇسا كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇددى بۇرنىغا پەي ئۆتكۈزۈپ سۇغا باسقان كۈرۈك توخۇدەك شۇمشىيىپلا قالغانىدى. خالىق ئۇنى تۇمشۇقىدا ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلغاندىن كېيىن، قارشى تەرەپكە قاتتىق ۋارقىرىدى:

— نېمە؟ يازلىق يىغىم - تېرىمنىڭ جىددىي ۋاقتى بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە! . . . ئەزالار ئون - ئونبەش كۈن ئۇخلىمىغانغا ئۆلمەيدۇ. . . ھەي قارا! شاخ، چۇراڭ، تاش - شېغىل ۋەزىپىسىنى ئەتە رادىئودا ئۇختۇرىمىز. . . ئىشىڭ ئالدىراش بولسا، رادىئو تۈۋىگە ئادەم قوي. . .

خالىق تۇرۇپكىنى تاراققىدە قويۇپ، خۇددى ھاردۇق يەتكەندەك مەتمۇساغا قاراپ قويدى. ئىككى قېتىملىق ئەلچىلەرنىڭ رەسۋا بولۇپ

قايتىپ كېلىشى، زۇمرەتنىڭ پىچاقنى بويىنىغا سوۋاپ قورقاق سېلىشى، ياقۇپنىڭ قىزىدىن قورقۇپ مەتمۇساني قوغلاپ چىقىرىشى قاتارلىق ئىشلار خالىقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن قورقۇپمۇ قالدى. ئەمما، ئۇنىڭدىكى مەنمەنلىك، كۆرەڭلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ئۆزىنىڭ زۇمرەت بىلەن ياقۇپنىڭ ئالدىدا يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىشقا يول قويمايتتى. ئۇلارغا يول قويسا، كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر ئالدىدىمۇ يېڭىلگەن بولىدۇ... ئۇ بۇنداق شەرمەندىلىكنى كۆڭلىدىن ئەبەدىي يۇيۇپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ... خالىق مەكتەپتىكى ئويۇننى كۆرۈپ قايتىقاندىن كېيىن، بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى. زۇمرەت بويۇنى تېڭىغلىق تۇرۇقلۇق، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، كېچىلەپ مەكتەپكە كەلدى. پاھ، شۇ كېچىسى ئۇلارنىڭ چىرايلىرىنىڭ خۇشاللىق، ئىشەنچ، مۇرادىغا مۇيەسسەر بولغان ئەمىنلىك نۇرلىرى بىلەن چاقناپ كەتكىنىنى قارا! تېخى ھېلىقى ئەپەندىلەرمۇ ئويۇننى شۇنداق قىزىتىۋەتتا!... كۇلۇب ئىچىدىكى كۇلكىلەرچۇ؟... خالىق شۇ كېچىسى ئۆيگە كىرمەي، دوختۇرخانا دۇقمۇشىدا ماراپ تۇردى. بىر چاغدا، ئۈچ ئوقۇغۇچى درامىنىڭ قىزىق گەپ - سۆزلىرىنى دورىشىپ، ۋارقىرىشىپ كەلدى. ئارقىدىن كامىل بىلەن نەفىسە ئاستا پىچىرلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. خالىق ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن خېلى بىر يەرلەرگىچە ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ ئامۇتلىققىچە بىللە بارىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، كەينىگە ياندى. ئۇ ئەمدىلا مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتى ئالدىغا كەلگەنىدى، مۇرات زۇمرەتنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ يېتىپ كەلدى، ئۇلار چاقچاقلىشىپ، كۇلۇشۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى. خالىق ئىككى كېچە ئويلا - ئويلا، ئاخىرى ئۆزىنى بىر تونۇتۇپ قويۇش مەقسىدىدە ، مەتمۇساغا پىلان كۆرسىتىپ ئۇنى ياقۇپنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەنىدى.

— ئاكا، ئىشلار بىز ئويلىغان يەردىن چىقمىدى، — دېدى مەتمۇسا چۈشكۈن ھالەتتە، — مەن ھۆججەتلەرنى كۆرسەتتىم، ئۇ سەپرا قېرىمۇ بوش نېمە ئەمەسكەن. بىر دەپتەرنى ئېلىپ، بىر يۈز سەكسەن سوملۇق

ئىسپات كۆرسىتىۋاتىدۇ. جىق تاكاللىشىپ كەتتۇق. «خالىقكام ھەممىنى قاراڭغۇ بازاردىن ئالغان» دەپ، مەنمۇ تاش چىشلەپ تۇردۇم. بىراق قانچە ئىنچىكە ھېسابلىغان بىلەنمۇ، ھۆججەتلەر سەل ئەقىلغە سىغماس بولۇپ قاپتۇ. . .

— تولا تىلىڭنى چاينىما! ئاخىرى نېمە بولدى؟ — دېدى خالىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — پۇلنى تۆلەيدىغان بولدىمۇ؟

— مەن «گۇڭشى تىپ پەنىيۇەنگە ئەرز قىلىمەن، ھەر قايسىڭ ئاش بەرگەنگە مۇشت بەر دېگەندەك ئىش قىلىۋاتىسەن. . .» دەپتىم، ئۇ بوشاپلا كەتتى. بەلكىم سىزنىڭ گۇڭشېدىكى مەنسەپ - ئىناۋىتىڭىزدىن قورققان چېغى. . .

— ھە، بېرىدىغان بولدىمۇ؟

— ياقۇپ، ھازىرچە بۇنى ئېلىپ تۇرسىلا، قالغىنىنى نەرسە - كېرەكلىرىمنى سېتىپ تۆلەپ بېرەي دەپ، 300 يۈەن تەڭلەۋاتىدۇ. . .

— ئۇ راستىنلا 300 يۈەن تەڭلىدىما؟

— ھەئە. . . ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

خالىق تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ياقۇپتا بۇنچىلىك پۇل نېمە ئىش قىلسۇن! بۇ چوقۇم مۇرات، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ ھېممىتىدىن بولغان! . . . ئەگەر بۇگۈنكى خەۋەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، قالغان پۇلنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. . . ئۇ چاغدا! . . .

— پۇلنى ئالمىغانسەن؟

— ياق، ساراڭمۇ مەن؟ پۇلنى سىزگە نەق بەرگەن تۇرسام! ئەمدى ئاشۇ قەلەندەرنىڭ ئەسكى - تۇسكىسىنى سېتىشىغا قاراپ، بارمىقىمنى شۇمۇپ ئولتۇرۇمەنما؟ . . .

— ئالماي ياخشى قىلىپسەن! — دېدى خالىق بارمىقىنى چىقىرىپ، — ھەتتا 760يۈەننى نەق چىقىرىپ بەرگەن ھالەتتىمۇ قەتئىي ئالما!

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەي ساراڭ! ئۇ پۇلنىڭ بىر نەچچە يىللىق ئۆسۈمى قېنى؟ — خالىق ئاچچىقلىندى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنى سورۇندا رەسۋا قىلغان

دۈشمىنىڭنىڭ قوينىغا زۇمرەتنى سېلىپ بەرمەكچىمۇ سەن؟...

— بولدى قىلىلا ئاكا، — دېدى مەتمۇسا يېلىنىپ، — پۇلۇمنى تېرىلدۇرۇپ ئالساملا، شۇنىڭغا خوش... مەن زۇمرەتتىن ھەزەر ئەيلىدىم. ئۇ كېچىلىرى ئۇخلاپ قالغىنىمدا ياكى كەيپ بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا، مېنى بوغۇزلىۋېتىشتىن يانمىغۇدەك...

— خاتىرجەم بول، ئۇنى مەن قويىدەك يۇۋاشلىتىپ، قوينۇڭغا سېلىپ بېرىمەن، — خالىقنىڭ قىسىلىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن زەھەردەك ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — ھەممىنى قىلىۋاتقان ئۇچ ئەپەندى!... بىراق بۇ ئەبلەخلەرنىڭ تىزگىنى مېنىڭ قولۇمدا... خەپ، ياقۇپقا بىر ئۇلغۇماچ سالايكى، ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتسۇن!...

مەتمۇسا ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، خالىقنىڭ سۆزلىرى بىر - بىرىگە باغلانمىغان ۋە تاققۇ - تۇققۇ ئىدى. ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، تامغا بېسىلغان بىر بەتلىك قەغەزنى ئېلىپ مەتمۇساغا كۆرسەتتى. ئۇنىڭدا، «مەكتەپتىكى بەزى يولداشلارنىڭ پاش قىلىشىغا قارىغاندا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ چەت ئەلدىكى شيۇجىڭجۇيىچىلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقى، شۇڭا تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ لازىملىقى ...» يېزىلغانىدى. خالىق نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ مەسىلىنى كىمنىڭ پاش قىلغانلىقى ياكى ئۇ توغرىلىق ماتېرىيال بەرگەنلىكىنى كۆپ ئويلىنىپ، قۇتبىرەمدىن گۇمان قىلغانىدى. چۈنكى بىر چاغدا، مەكتەپتىكى كەچلىك ئولتۇرۇشتا، قۇتبىرەم ھېكمەتنى تانسىغا تارتىپ بىر قانچە قېتىم ئوينىغاندا، گۈلزىبا سورۇندىن چىقىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا، پەرمانشا خالىقنىڭ قولىقىغا: «جىگىدە گۈلى پۇراپ قالغان بۇ خېنىم شىماللىققا كۆيۈپ قاپتۇ...» دەپ پىچىرلىغانىدى. كېيىن بولسا، ھېكمەت گۈلزىبا بىلەن توي قىلماقچى بولدى. شۇنداق ئىكەن، قۇتبىرەم قىساس ئالماي قالارمۇ؟

— بۇلارنىڭ مېنىڭ پۇلۇم بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دېدى مەتمۇسا ھەيران بولۇپ.

— ئاخماق، ياقۇپ ھازىر بۇ ئۇچ ئەپەندىگە مايىل بولۇپ قالدى.

لېكىن ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچاق، تۇترۇقسىز، دېۋەك قېرى، — دېدى خالىق بىگىز قولىنى شىلتىپ، — بۇ ئەپەندىلەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ، يۈرىكىگە ئەنسىزلىك سېلىپ قويساقلا، ئۇلاردىن قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئېرتىدۇ. . .

— ۋۇي راست، ساي ئېسىمگە كەلدى، — دېدى مەتمۇسا كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — پەرمانشا مۇدىر تېخى يۆتكىلىپ كەتمىگەن چاغلار ئىدى. بىر كەچتە، شەھەردىن ئاتلىق چىقىۋاتسام، ھېكمەت مەستەك قىلىدۇ، قۇتبىرەم خانىم ئۇنى يۆلىۋاپتۇ، شەھەرگە مېڭىپتىكەن. . .

— مېنىڭ پەرىزىم قىلچە خاتا ئەمەس، — دېدى خالىق، — سەن كەتكەچ تۇر. مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم بار. كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۆزەم ساڭا ئۇقتۇرىمەن.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ 300 يۈەن تەييار قىلىپ بەرگەن خەق، 460 يۈەننىمۇ بىر ئاماللاپ تاپىدۇ. ئەڭ بولمىسا، مۇرات ۋېلىسىپىتىنى بازارغا سالىدۇ. . . قالغىنىغا كامىل، ھېكمەتلەر يول ماڭىدۇ. ئۇلار ھەرىكەتلىنىپ بولغىچە، ياقۇپنى ئىسكەنجىگە ئالغۇدەك ماتېرىيال تەييار قىلىش كېرەك. . . بۇنىڭغا بىر نەچچە كۈن كېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى مەكتەپتىن ۋاقتىنچە يوقىتىش زۆرۈر! . . .»

خالىقنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كېلىشى بىلەن، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. ئەمما ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، تۇرۇپكىنى ئاپپارات ئۈستىگە قويۇپ، تۇراپ ئىمىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تۇراپ ئىمىن قاتتىق ئىشلەپ چارچاپ كەتكەنمۇ ـ نېمە، ئۆز ئۈستىلىدە ئولتۇرماي، يېشىل مەخمەل تاشلىق پەس دىۋاننىڭ يۇمشاق يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تېرەپ ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ پۇشۇلداپ ھەر تىنغىنىدا، تاماكىدىن سارغىيىپ كەتكەن بۇرۇتلىرى تورۇسقا قاراپ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا دەم كىرىپ، دەم چىقىپ تىترەيتتى.

— تۇشۇجى! . . . تۇ شۇجى، — خالىق ئاستا تولۇلىدى.

— ھە. . . ھە. . . — تۇراپ ئىمىن ئوتتاشتەك قىزىرىپ كەتكەن

كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، — پاھ، پاھ، ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپ قاپتىمەنيا! ھە خالىق كاتىپ، بىرەر گەپ كالىچى بارمىدى؟

خالىق تۇراپ ئىمىننى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان سۆزى «سىنىپىي كۈرەش» بولۇپ، يامان كۆرىدىغىنى «ئاقنانچى ئەپەندىلەر...» ئىدى. ئۇ ھەرگىز ۋاڭ شۈجىدەك سۆزلىگەندە پىرىنسىپقا ئەھمىيەت بېرىش، گېپى لايىقىدا بولۇش، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش ۋە ئۇمۇمىيلىقنى نەزەردە تۇتۇشنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. پەقەت دادۇي، شياۋدۇيلەرگە بارغاندا، بىرەر - ئىككى تال قوناق ياكى بىرەر كاۋا ئوغۇرلىغان دېھقانلارنى، ئېشقا كېچىككەن ياكى چىقالمىغان بالىلىق ئايال، كېسەلمەنلەرنى، سۇنى يار ئالدۇرۇۋەتكەن سۇچىلارنى ئېتىز ئۈستىدىلا ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنى سىنىپىي كۈرەش بىلەن زەمچىگە بېسىپ، باشقىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشنى، شۇ ئارقىلىق ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىلا ئويلايتتى.

— تۇ شۈجى، ھازىر يازلىق يىغىم - تېرىمنىڭ قاتلاڭچىلىقىدا، — دېدى خالىق جىددىي كەيپىياتتا، — دېھقانلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئېڭى سەل تۆۋەنلەپ قالغاندەك تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن، بىرەر سىنىپىي تەربىيە ئېلىپ بارساقمىكىن دەيمەن...

— ياخشى ئويلاپسەن، مەنمۇ شۇ خىيالدا ئىدىم، — دېدى تۇراپ ئىمىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — دېھقان خەق دېگەن قورسىقى تويۇپ، كارتىشىدە بىرنى كېكىرىپ قويغان كۈنى ئادەم تونىمايدۇ... شۇڭا، ئۇلار ئۈچۈن، سىنىپىي كۈرەش، ئۇخلاش، تاماق يېيىش، ئەمگەك قىلىشتىنمۇ مۇھىم، قېنى ئېيتە، قانداق قىلساق بولار؟

— مەنچە، مەكتەپ قويغان دراما بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى خالىق تۇراپقا سىنچى كۆزلىرىنى تىكىپ، — ئۇلارنى يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ ئويۇن قويسا دەيمەن...

— راست، بۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن... ئۇ گۇيلار ئويۇننى ئوبدان قويدى... ھېلىقى پومنىڭ ئەدىۋىنى راسا بەردى. ھى... ھى... ھى... — تۇراپ ئىمىن كۆزلىرىنى يۇمۇپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەمىسە

دەرھال ئۇلارغا ئۇقتۇرۇۋەت.

— بۇنى ئۆزلىرى زەيىنىدىنگە تېلېفون ئارقىلىقلا دەۋەتكەن بولسىلا، — دېدى خالىق، — ھە راست، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، بەشىنچى باشقۇرۇش رايونلىرىدىن تەلەپ قىلىپ تېلېفونمۇ كەلگەنىدى.

تۇراپ ئېمىن ئېغىر تەۋرىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تېلېفوننىڭ قۇلىقىنى غىققىرتىپ پىرقىراتقاندىن كېيىن، باش ئاپپاراتتىكى زۇمرەتنىڭ ئاۋازى كەلدى. خالىقنىڭمۇ نەق ئەنسىرىگىنى مۇشۇ ئىدى.

— ۋەي زەيىنىدىنما؟ — تۇراپ ئېمىن ئۈيقۇلۇق خىققىرىدى، — ماڭا قالاڭلا ئاداش، مەكتەپنىڭ ئاياق ئويۇن گۇرۇپپىسى ئۆتكەنكى ئويۇننى 2 - باشقۇرۇش رايونى ئەسكەنتە، 4 - باشقۇرۇش رايونى بوۋاي قەمبەر، 5 - باشقۇرۇش رايونى كاسپى، تېتىلەردە قويسۇن! بۈگۈنلا يولغا سېلىڭلار... نېمە، يىللىق ئىمتىھان تەييارلىقى؟ ھەي ئاداش، ئىمتىھان دېگەن «سىنىپىي كۈرەش» تىنىمۇ مۇھىمما!... نېمە دەيدۇ ماۋۇ... مەكتىپىڭدە ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسا ئەپەندى... ئۇلارنىڭ دەرسىنى باشقىلار مۇزاكىرە قىلىپ بەرسۇن...

كۆڭلى جايىغا چۈشكەن خالىق ئاستا چىقىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قۇتبىرەم خانىمنى مەكتەپتىن قانداق ئېلىپ چىقىشنى ئويلاپ قالدى. ئۆزى كىرسە بولمايتتى. شۇڭا ئۇنى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى تۇردى ھېكىم ئارقىلىق چاقىرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، گۇڭشى ئالدىغا چىقتى. ئۇ، قۇتبىرەم خانىمنىڭ سودا سارىيى ماگىزىنىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى. پاھ، بۇ ئۇنىڭغا يونغاندەك بىر ئىش بولدى. خالىق ئۇنىڭ ئارقىدىن ماگىزىنغا كىردى. قۇتبىرەم بىر توقاچ كىر سوپۇن ئېلىپ، پۇلى بىلەن بېلىتىنى بەرگەندىن كېيىن، ماڭماقچى بولۇۋېدى، خالىق سۆز ئېچىپ قالدى:

— قۇتبىرەم خانىم، كىر سوپۇندا يۈزلىرىنى يۇيسىلا، — دېدى خالىق كۈلۈپ، — يۇمشاق، سىلىق تېرىلىرىنىڭ يېرىلىپ كېتىشىدىن قورقمامىلا؟

— ئەتىر سوپۇن ئالاي دېسەم بېلىتىم بولمىسا؟ — قۇتبىرەم ئەركىلەپ

تولغاندى، — يا بىلەتنى سىلى بىرەملا؟ . . .

— ئۆزلىرىدىن ئايلانسۇن، — دېدى خالىق پىركازچىكقا قاراپ، — نورۇمىتاخۇن ئاكا، بۇ خانىمغا ئەتىر سوپۇندىن بىرنى بەرسىلە، بۇ ئايلىق سوپۇن بېلىتىمدىن بېرىۋېتىمەن. . .

— ئا، نېمە دېگەنلىرى! ئۆزلىرىدىن بىلەت ئېلىپ يۈرەرمىزما؟ تۇتسىلا خانىم، — دېدى پىركازچىك ئەتىر سوپۇندىن بىرنى پوكەي ئۈستىگە قويۇپ، — قارىغاندا، خالىق كاتىپ ئۆزلىرىگە بەك ئامراق ئوخشايدۇ. . .

ئۇلار بىرلىكتە دۇكان ئالدىغا چىقىشتى. قۇتبىرەم قىيا بېقىپ كۆزلىرىدە گەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دەرھاللا «خوش» دېگۈسى يوق ئىدى. خالىق گەپنى نەدىن باشلاشنى ئويلاپ، بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، قۇتبىرەمنىڭ يېغىرىنى كوچىلاشنىڭ ئەڭ ئەپلىك چارە ئىكەنلىكىنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— قۇتبىرەم خانىم، بۇ ئەتىر سوپۇندا يۇيۇنۇپ، ھېكمەت بىلەن تانسا ئوينىسىلا، — دېدى خالىق چاندۇرماي، — ئۇ ھوشىدىن كېتىپ قالمىسۇن يەنە!

— مۇنۇي، نېمە دېگەنلىرى خالىق كاتىپ؟ — قۇتبىرەمنىڭ چىرايى ئۆڭدى، — ئۇنداق پايتىمىسىنى تەتۈر ئورايدىغان، بۇرنىدا پىننە سورۇيدىغان كەلگۈندىگە چۈشۈپ قالغان قۇتبىرەم يوق! . . .

— ۋۇي، سىلەر خېلى ياخشى ئۆتەتتىڭلارغۇ؟ — خالىق ئۇنىڭ كونا خامىنىغا ئوت قويۇۋەتتى، — ھەتتا بىر چاغلاردا، گۈلزىبا خانىمنىڭ ھەسەت ئوتىنى قوزغاپ، ئۇنى سورۇندىنمۇ چىقىرىۋەتكەن ئىدىڭلار. . .

— تېپىلماسنىڭ خورمىسىمىدى ئۇ؟ ئەشۇ پاسكىنىغا تاشلاپ بەردىم، — قۇتبىرەم تۇمشۇقىنى خالىقنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەپكەلدى، — ھېكمەت ياخشى نېمە ئەمەسكەن، ئۇلارنىڭ جىق ئىشلىرىنى بىلىپ قېلىپ، ئۆزەمنى چەتكە تارتتىم.

— ئۇلار دېگىنىڭىز كىم؟ . . .

— كامىل، مۇراتلارچۇ! . . . — قۇتبىرەم ئەتراپىغا ئالاق - جالاق

قاردى، — تېخى مەمتىلى ئىبراھىممۇ ئاجايىپ مەخپىي سىرلارنى بىلىدۇ.

— قۇتبىرەم خانىم، بۇ يەر گەپلىششكە بىئەپتەك تۇرىدۇ، — خالىقمۇ ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ سۆزلەشسەك قانداق؟ . . .

— ۋاي جېنىم، — باشقىچە چۈشىنىپ قالغان قۇتبىرەمنىڭ تېنى قىزىغاندەك بولدى، — مەن يىللىق ئىمتىھانغا سوئال چىقىرىۋاتاتتىم.

— ھايال بولمايمىز. . .

قۇتبىرەم خالىقنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە ھېكمەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ مېزىنى تىتىپ راسا بىر خۇماردىن چىقىش ئويى تۇغۇلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، خالىق بىلەن مۇناسىۋەتنى چىڭىتىۋالسا، كېيىنكى كۈنلەردە كۆپ پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. خالىق بولسا ئۇنى بىر توقاچ سوپۇن بىلەن ئاسانلا قىلتاققا چۈشۈرۈۋالغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى.

— قۇتبىرەم خانىم، قېنى ئېيتىڭا، قانداق مەخپىي ئىشلار ئىدى ئۇ؟ — دېدى خالىق ئۇنى دىۋانغا تەكلىپ قىلىپ، — مەن سىزنىڭ سىياسىي سەزگۈرلىكىڭىزنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ناھەق، يامان ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىڭىزنى بۇرۇنلا ئاڭلىغان. . . ھەقىقەتەن مەن ئويلىغاندەكلا ئىكەنسىز، مەيدانىڭىز مۇستەھكەم، بايرىقىڭىز روشەن ئىكەن. . . پارتىيىگە ئىلتىماس يازدىڭىزمۇ؟ . . .

— ۋاي جېنىم، مەن يازسام كىرگۈزەرما؟ . . . — قۇتبىرەم خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — پارتىيىگە كىرىۋالسام، ئاشۇ توخۇ پۇتى ئەپەندىلەرنىڭ، ئالۋاستى قېرىلارنىڭ بېشىغا دەسسەپ، مەيدەمنى كېرىپ يۈرەر ئىدىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ! مەن دېگەن گۇڭشې داڭۋېيىنىڭ ھەيئىتى، ئىشخانا باشلىقى، كاتىپ تۇرسام، — خالىق قۇتبىرەمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى، — ئىلتىماسىڭىزغا مانا مەن ئۆزەم تامغا ئۇرىمەن. . .

ھۆل خىشقا دەسسەۋېرىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويغان قۇتبىرەم

ھېكمەتنىڭ بۇرۇنقى سۆيگۈنىنىڭ سوۋېتتە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قېچىش توغرىلىق يازغان خېتىنى ئوقۇغانلىقىنى، ئىنىستىتۇتنىڭ ئۇنى خوتەنگە جازالاپ ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلىدى. ھەتتا ئۇ مەمتىلى ئىبراھىمنىڭ بالا يىغقىلى چىققاندا، ھېكمەت بىلەن يېزىدا قونۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى كۆپكۆك ئورۇسچە خەتلەرنى كۆرگەنلىكىنى، ھېكمەتنىڭ كامىل، مۇراتلار بىلەن بىرلىشىپ، سوۋېتتىكى بىر شيۇجىڭجۇيىچىدىن كىتاب ئەكەلدۇرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ رۇسچە كىتابلاردىن پايدىلىنىپ «ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى» تۈزگەنلىكىنى پاش قىلىپ ئۆتتى.

— قۇتبىرەم خانىم، مۇشۇ ئېيتقانلىرىڭىزنى يېزىپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى خالىق، — ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاستە كۆرگەنلىرىڭىزنى ۋە ئاڭلىغانلىرىڭىزنى ئايرىم - ئايرىم قىلىپ يازسىڭىز...

— ماقۇل يېزىپ بېرەي.

— مەمتىلى ئىبراھىممۇ يېزىپ بېرەلەرمۇ؟

— ئۇمۇ چوقۇم يېزىپ بېرىدۇ. بولسا ئۆزلىرى بىر سۆزلىشىپ كۆرگەن بولسىلا...

— ئۇنداق بولسا، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئىككىڭلار ئىشخانامغا كېلىڭلار، — دېدى خالىق قۇتبىرەمنى ئۇزىتىپ چىقىۋېتىپ، — قانداق يېزىش ھەققىدە بىرلىكتە پىكىرلىشەيلى.

كەچ گۈگۈم بىلەن، ئۈچ باش دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، ئۇستەل چىرىغى ئەتراپىدا بىر يەرگە كېلىپ راسا كۇسۇرلىشىۋاتقان پەيتتە، شەھەردىن يۈگۈرەپ چىققان مۇرات قارا تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەن ھالدا بوستانغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىلەك كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، سول تەرەپتىكى توپىلاڭ يولغا قايرىلدى. ئۇنىڭ يېپلىرىدىن چېتىپ مۇرىسىگە ئېسىۋالغان بەتىنكىسى مەيدە ۋە دۈمبىسىگە ئۇزۇلمەي ئۇرۇلماقتا ئىدى.

بۈگۈن ئەتىگەن، مەتمۇسا 760 سوملۇق 6 پارچە ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ياقۇپ ۋە زۇمرەت بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ قالغانىدى. زۇمرەت بۇ خەۋەرنى دوستلىرىغا يەتكۈزۈپ بولغىچە، ئىش

ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ئالدىراپ پوچتىخانىغا ماڭدى. ئۇ تۇرسۇندىن نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، تۇراپ ئىمىنىنىڭ زەينىدىنگە بەرگەن تېلېفونىنى مەكتەپكە ئۇلاپ بەردى. ئەمما ئاپپارات توچكىسىنى ئېچىۋېتىپ، بولۇنغان سۆزلەرنى تولۇق ئاڭلىدى. يىللىق ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق كېتىۋاتقان بىر پەيتتە، كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەرنى ئويۇن قويۇشقا ماڭدۇرۇش ئەقىلغا سىغمايتتى. بۇ خالىقنىڭ پىلانى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن زۇمرەت مەكتەپكە يۈگۈردى. ئۇ رېپېتىسىيە ئۆيىگە كىرگەندە، كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر كىيىم - كېچەكلەرنى ساندۇققا قاچىلاپ، پەردىلەرنى باغلاۋاتاتتى. ئۇلار زۇمرەتتىن بارلىق ئەھۋالنى ئاڭلىدى. مۇرات باشقىلارنىڭ مېڭىپ تۇرۇشىنى، ئۆزىنىڭ ۋېلسىپىتىنى شەھەرگە ئەكىرىپ، ئۇنى سېتىقچىلارغا تاشلاپ قويۇپ، ئويۇن قويۇشقا ئۇلگۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. كامىل سەئىدە ئاچىسىغا ھۇجرىسىدىكى گىلەمنى مۇراتقا بېرىشنى تاپىلاپ خەت يېزىپ بەردى. ھېكمەت چامادانىدا ئىككى يۈز سوم بارلىقىنى ئېيتىپ، ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

مۇرات توختىماي يۈگۈرۈپ، 2 - باشقۇرۇش رايونىغا يېتىپ كەلگەندە، باشقۇرۇش رايونىنىڭ قورۇسى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. يىراق - يېقىندىكى كەنتلەرنىڭ دېھقانلىرىمۇ كەلگەنىدى. ئۇ ئاشلىق ئامبىرى تېمىغا يۆلەپ ياسالغان سەھنىنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەلگەندە، گىرىم قىلىپ، كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار تۇرغان باللار «مۇرات مۇئەللىم كەلدى. . .» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى. مۇرات كۆينەك، مايكىلىرىنى سېلىپ سىقىۋېدى، شار قىلىپ سۇ تۆكۈلدى. ھېكمەت ئۆزىنىڭ گىرىملىرىنى قىلىپ بىردەمدىلا تەييار بولدى. ھەر ھالدا، تاماشىبىنلار ساقلاپ قالمىدى.

ئويۇن ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى. يېزا كادىرلىرى خۇشلۇقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىشتى. ئۇلار يۇيۇلۇپ پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق ئۆرۈكلەرنى سېۋەت - سېۋەت كەلتۈرۈپ دۆۋىلىۋەتتى. ئويۇندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بىر ۋاقلىق تاماق يەپ

ئۇخلاپ قېلىشتى. ئەمما مۇرات كامىل بىلەن ھېكمەتكە ئۆزىنىڭ ئويۇن قويۇشقا ئۈلگۈرۈپ 4 - باشقۇرۇش رايونىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاڭ سۈزۈلمەستىنلا يەنە شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇپ ۋە زۇمرەت 760 يۈەننى ياغلىققا ئوراپ، چۈشتە خالىقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. خالىق ئۇلارنى ئايالىنىڭ تۇغۇتلۇق ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئىشخانىغا باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ كەيپى سەل چىگىشتەك قىلاتتى. «بۇ قېرى بوغالتىر پۇلنى تۆلىمەك تەس كېلىپ، ئىنچىكە ھېسابلىشىش ئۈچۈن كەلدى. . . » دېگەن ئوي كۆڭلىدە بولغاچقا، ئۇ بىر ئاز دەككە - دۈككىگـــمۇ چۈشۈپ قالغانىدى. بىراق ياقۇپ 760 يۈەنلىك ئالتە پارچە ھۆججەتنى كۆرگەندىن كېيىن، خالىقتىن رايى يېنىپ ئۇنى تارازىغا سېلىپ جىگلاپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا، «پۇلنى تۆلىۋېتىپ، ئالتە پارچە ھۆججەتنى قولۇمغا ئېلىۋالسىلا بولدى» دېگەن ئويلا بار ئىدى. ئۇلار دەسلەپ مەتمۇسا بىلەن سۆزلىشىپ كېلىشەلمىگەندىن كېيىن، خالىقنى ئىزلەپ كەلگەنىدى.

— سىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگىنىڭلارنى بىلىمەن، — دېدى خالىق كىبىر بىلەن، — ئەگەر پۇلنى جىق كۆرگەن بولساڭلار، ئىنچىــكە ھېسابلىشايلى. . .

— يوقسۇ، يوقسۇ، — دېدى ياقۇپ قوينىدىن پۇلنى چىقىرىپ، — بىز ئۆزلىرىنىڭ پۇللىرىنى تۆلىۋەتكىلى كەلدۇق. مانا پۇل! . . .

— قول قولنى تونۇيدۇ دېگەن گەپ بار خالىقكا، — دېدى زۇمرەت سۇرلۇك قىياپەتتە، — دادام سىزدىن ئاپتىكەن، شۇڭا ئۆز قولىڭىزغا قايتۇرغىلى كەلدۇق.

خالىقنى سۇر باستى. «پاھ بۇ گادايى 760 يۈەننى نەدىن پەيدا قىلغاندۇر؟ ئۇ ئىنچىكە ھېسابلىشىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ھەممىنى بىر يوللا تۆلىۋەتمەكچى بولغانلىقىغا قارىغاندا، قامچىسىغا تۇكۇرۇپلا كەپتۇ - دە! ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە شۇنچە پۇلنى ئۇ نەدىن جايلىغاندۇر؟ قەرز ئالغانمىدۇر؟ ياق، فېرمىدىكىلەر كۈننى ئارانلا ئېلىپ كېتىۋاتقان خەقلەر. ئاۋۇ ئۈچ ئەپەندى بولسا يېزىلاردا ئويۇن

قويۇپ يۈرىدۇ. . . »

خالىقنىڭ بىردىنلا كۆزلىرى چەكچەيدى. توغرا، تۇراپ ئىمىن تېلېفۇن بەرگەندە، زۇمرەتنىڭ ئاۋازى كەلگەنىدى. ئۇ يوشۇرۇن ئاڭلاپ شۇ كۈنىلا مەكتەپكە بېرىپ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن گەپ. ھەي. . . بۇلارنى سەل چاغلىغىلى بولمىغۇدەك. . .

— ھۆججەتلەر، — دېدى خالىق خوشياقمىغان ئەلپازدا، — مەتمۇسانىڭ قولىدا تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭ قېشىغا بارمىدىڭلارمۇ؟ . . .

— باردۇق، — دېدى ياقۇپ راست گەپنى قىلىپ، — لېكىن ئۇ ئالمىدى.

— نېمە ئۈچۈن ئالمايدىكەن؟

— ئۆسۈمىنى بېرىسەن دەيدۇ.

— شۇنداق، — دېدى زۇمرەت تەئەددى بىلەن، — «قولى ئوچۇق» ، «مەرت» ، «داستىخىنى كەڭرى» ، «باشقىلارغا ياردەم قىلىشنى ساۋاب دەپ بىلىدىغان. . . » باي تۇققىنىڭىزنىڭ دېگەن گېپى بۇ! . . .

— سىز ماڭا زەھەرىڭىزنى تىقماڭ، — خالىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — ئەلبەتتە زىيان دېگەن ئاچچىق، بىلەمسىز 760 يۈەن بودىغان قويدىن ئۇن بەشى كېلىدۇ. نەچچە يىللاردىن بېرى ئۇ بىر قورو مال بولاتتى. كالا ئالسا موزىيى بىلەن ئىككىسى كېلىدۇ. ئۇ بۇ چاقىقچە قانچە بولار ئىدى؟ . . . ئەگەر توخۇ ئېلىپ باققان بولسا. . .

خالىقنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ياقۇپ بىلەن زۇمرەتنىڭ ئاغزىلىرى ئېچىلىپلا قالدى. ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى مەتمۇسانىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئۆز ئەينى ئىدى!

ئاتا - بالا ئىككىسى، بولۇپمۇ ياقۇپ خالىق بىلەن مەتمۇسانىڭ ئەزالدىنلا تىلىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— سىلەر ئىككىڭلار ھەقىقەتەن يۈرەكداش، قەلبداش، پىكىرداش قېرىنداشلاردىن ئىكەنسىلەر، — دېدى زۇمرەت خالىقنى قىلچە ئاياپ قويماي، — مەقسەت - نىشانىڭلارلا ئەمەس ھەتتا قىلغان سۆزىڭلارنىڭ چېكىت - پەشلىرىگىچە ئوخشايدىكەن. . .

سۆزدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن، خالىق قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، يۈزلىرى پوكاندەك ئېسىلىپ كەتتى.

— بولدى، بىز تالىشىپ ئولتۇرمايلى، — دېدى خالىق دەرھاللا، — سىلەر كەتكەچ تۇرۇڭلار، مەن ھازىر ئالدىراش، تۆۋەنگە بېرىپ قومتۇغ ئەمگىكىگە ئەمگەكچى ماڭدۇرۇش ئىشىنى تەكشۈرمىسەم بولمايدۇ. ياقۇپقا، سېلى ئەتە كەلسىلە، مەتمۇسا بىلەن سۆزلىشىپ ئۆزلىرىگە جاۋابىنى بېرەي...

— ھۆججەتلەرنى چوقۇم قايتۇرۇپ كېلىڭ، — دېدى زۇمرەت گەپنى ئۈزۈپلا، — ئارىمىز ئوچۇق بولۇپ كەتسۇن!...

«ئارىمىز ئوچۇق بولۇپ كەتسۇن»؟ ھې كاسكا قانجۇق، — دېدى خالىق ئاتا - بالا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — ئوچۇق بولارمىش تېخى، ئەگەر ئالدىرىغان بولساڭ، مەقسىتىڭگە يەتكۈزىمەن... ئۇ چاغدا چىدىيالىساڭ بولدى... پوتلاڭنى ئېقىتىپ، ئاياق ئاستىمدا ئىتتەك كۈچۈكلەنمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي...

خالىق ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشخانا ئىشىكىنى تاقىدى - دە، ئالدىن تەييارلانغان ماتېرىياللارنى ئۈستەلگە يېيىپ قويدى. ئۇ ھەممىسىگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئەڭ مۇھىم دېگەنلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، قىزىل خەتلىك دېلو خالتىسىغا سېلىنغان بىر دەستە ماتېرىيالنى ئۇنىڭ يېنىغا ئاشكارە تاشلاپ قويدى. ئاندىن ئۇ دەرىزىدىن گۈڭشې دەرۋازىسىغا قاراپ ئولتۇردى. بۇ ئارىلىقتا، ئىشخانا ئىشىكى بىر - ئىككى قېتىم چېكىلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئاچمىدى. قاچانكى ياقۇپنىڭ دوكراق گەۋدىسىنى كۆرگەن خالىق ئىشىكنى چوڭراق ئېچىپ قويۇپ، كارىدورنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. ياقۇپ ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ، خالىقنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى - دە، دېۋاندا ئولتۇرۇشقا ئەيمىنىپ، ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

خالىق خېلى ئۇزۇنغىچە كىرمىدى. كارىدوردىن تاراقلىغان بىرەر شەپە كەلسىلا، ياقۇپ قايرىلىپ قارايتتى. ئۇنىڭ بىردىنلا ئالدىدا تۇرغان دېلو خالتىسى ئۈستىدىكى يوغان قىلىپ يېزىلغان «مۇرات قۇتلۇقنىڭ

يەككە ماتېرىيالى» دېگەن خەتكە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ياقۇپنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى ـ دە، خالىتنى بارمىقى بىلەن ئاستا ئىتتىرىپ قارىۋېدى، ئوخشاشلا كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قالدى. قورقۇپ چىرايىدىن قان قاچقان ياقۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەڭ ئۈستىدە ئوچۇق تۇرغان: «گۇڭشې پارتكومىنىڭ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۈستىدىن چىقارغان قارارى» دېگەن بىر بەتلىك ماتېرىيالنى ۋە ئۇنىڭغا بېسىلغان قىزىل تامغىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى. ئۇ يېرىمى بېسىلىپ قالغان ماتېرىياللاردىكى «ئىسپات»، «مېنىڭ پاش قىلىشىم»، «مۇرات، كامىل ھېكمەتلەر ئۈستىدە كۆرگەنلىرىم ۋە ئاڭلىغانلىرىم. . .» دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ، ئىشخانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئەتراپىغا ئالاقىزادىلىك بىلەن قارىدى. بولۇپمۇ «مۇرات، كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى» دېگەن ماتېرىيالدا ئۆز ئىسمىنى كۆرۈپ قالغان ياقۇپ خالىقنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي، گاراڭلا بولۇپ قالغانىدى.

— ۋۇي ياقۇپكا، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — خالىق ئالمان ـ تالمان ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرغان ۋە ياپقان بولدى، — بۇ ھەممىسى مەخپىي ماتېرىياللار تۇرسا، كۆرگەنلىرى نېمىسى؟ ئەستاخپىرۇللا. . . چاتاق بولدى، بەك چاتاق بولدى! . . .

ياقۇپ نېمە بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئاڭقىرالماي، ئاغزىنى ئېچىپ دەلدۈشلەردەك قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايىنى، ئىككى يېقىنىدا ساڭگىلاپ توختىماي تىترەۋاتقان قوللىرىنى كۆرگەن خالىق غەلىبە ھاياجىنىنى ئارانلا بېسىپ، ئۇنى دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— خا. . . خالىق كاتىپ. . . بۇ. . . بۇ. . . نېمە ئىش. . . مەن. . . مەن، — ياقۇپنىڭ ئاغزىدىن گەپ ئارانلا چىقىۋاتاتتى، — ھېچ. . . ھېچ ئىشنى بىلەلمىدىم. . . مەن. . . ئىشەنمەيلا قالدىم. . .

— يەنىلا ئىشىنىشكە توغرا كېلىدۇ، — دېدى خالىق سۈرلۈك قىياپەتتە، — سىلى بۇ مەخپىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ بولدىلا، ئەمدى

سىلىدىن يوشۇرغانىنىڭ پايدىسى يوق! . . .

خالىق ئالدىرىماي سۆزلىدى. كامىل تەرجىمە قىلغان چەت ئەل ئەسەرلىرى، سوۋېتتىن كەلگەن خەت ۋە كىتابلار، ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكى، پارتىيە مەكتىپىنىڭ قارارى، ئەمەتنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇشتەك ئېچىنىشلىق پاجىئە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكسىيەتچىلىك، شيۇجىڭجۇيىلىق، قۇتراتقۇلۇق، قاتىللىق، ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈش دېگەندەك سۆزلەر بىلەن سۇپەتلەپ چىقتى. ھەتتا ھېكمەتنىڭ مەيدىسىدىكى خەتنىڭ كامىل، مۇراتلاردىمۇ بارلىقىنى، بۇنىڭ چەت ئەل ئىشپىيونلىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتىكى مەخپىي پارولى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى سىرلىق قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئۇ قۇتىبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئېلىپ ياقۇپقا كۆرسەتتى.

— ئۇ. . . ئۇ. . . تۇرقىدىن تۈزۈكلا كۆرۈنۈۋېدى. . . — ياقۇپ غۇدۇڭشىدى.

— تۇرقىدىن يىلپىز بىلەن قاپلانمۇ شۇنداق گۈلدار، چىرايلىق كۆرۈنىدىغۇ؟ — دېدى خالىق ياقۇپقا ئېڭىشىپ، — لېكىن ئۇلارنىڭ تەبىئىتى يىرتقۇچ. يولۋاسنىڭ توكلىرى يول - يول چىرايلىق تۇرغىنى بىلەن، ئۇ قان ئىچىدۇ. . . ياقۇپكا، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، ساپسېرىق پارقىراپ تۇرغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن بولمايدۇ! . . .

— ئاھ خۇدايىم. . . ئاھ خۇدايىم. . . — ياقۇپ بېشىنى چاڭگاللاپ ئىككى مۈك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۇبدان ئويلاپ باقسىلا، نەچچە يىللاردىن بېرى مەن ئۆزلىرىگە خالىسانە ياردەم قىلىپ كەلدىم. قىزلىرىنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇم. ھەتتا سىلىنى ئۆيلەپ قويايمۇ دېدىم، — دېدى خالىق ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، — بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يا سىلى مېنىڭ تۇغقىنىم، يەتمىش پۇشتۇم بولمىسىلا؟ زۇمرەتنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغان دېيەلەمىلا؟ ياق! مېنىڭ خوتۇنۇم تۇرسا، ئەگەر شۇنداق نىيىتىم بولسا، ئۇنىڭغا لايىق تاپامدىم؟ بۇ پەقەت سىلىدەك ئۆزۈن يىللىق پېشقەدەم بوغالتىرنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلگىنىمدىن بولغان! . . .



— ۋاي خۇدايىم، كىممۇ مېنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى دەپ ئىسمىمنى يېزىپ بەرگەندۇر؟ — ياقۇپ يىغلىۋەتتى،— مەن ئۇلار بىلەن بىرلا قېتىم كۆرۈشكەن تۇرسام. . .

— ھازىر بۇ ئۈچ ئەپەندىنى كۆزىتىۋاتقان ئادەملەر بار،— خالىق يالتىيىدە ياقۇپقا كۆز تاشلىدى،— ئەمدى يۇقىرىنىڭ ئويلىغىنى يىپنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، بۇلارنىڭ شەھەردىكى شايكىلىرىنى تۇتۇش، بوستاندىكىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاندى.

— خالىق كاتىپ، بۇ چاققىچىمۇ بىشىمىزنى سىيلاپ كەلدىلە،— دېدى ياقۇپ يىغلامسىراپ،— ئاشۇ تىزىملىكتىن قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىسمىنى چىقىرىۋەتكىلى بولماسمۇ؟ . . .

— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان،— خالىق بىردەم جىم تۇرۇۋالدى،— قېنى ئويلىشىپ كۆرەي. ھازىرچە دېلو خالتىسىغا سالماي، ئايرىم تۇرغاچ تۇرسۇن. . .

— رەخمەت، رەخمەت، مىڭ ياشىغايلا، ئەمدى مەن ئۇ بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى بوسۇغامغا يولاتمايمەن، زۇمرەتنىمۇ قاتتىق چەكلەي. . .

ياقۇپ پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى! . . . ئۇنىڭسىزمۇ شۇنچە نۇرغۇن ماتېرىيال، ئىسپات، قارارلار، شەخسىنىڭ قوللىرى بېسىلىپ، چوڭ تامغىلار ئۇرۇلغان ھالدا كۆز ئالدىدا تۇرسا. . . بۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئىشەنمىگىلى بولامدۇ؟ . . . توۋا، ئۆمۈر بويى ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەي، بىر ئۇندە، بىر تۇندە ياشاپ كەلگەن ياقۇپ قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ گورۇھىغا باغلىنىپ قالدىكىنە! . . . ھەممىنى قىلغان ئاشۇ باشتۇڭ، گەپ ئاڭلىماس، بەغەرەز قىزى، شۇنىڭ كاساپىتى! . . . ئەمدى ئۇنىڭ پوقىغا ياقۇپمۇ تېيىلىپ كېتىدىغان بولدى! . . .

خالىق ياقۇپنى تارازىغا سېلىپ، ئۇنىڭ نەچچە جىڭ قانچە سەر كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى. ئەمدى كىچىك باللار ھەر خىل ئويۇنچۇقلارنى ياساپ ئوينايدىغان لايدەك، ئۇنى قانداق شەكىلگە كەلتۈرسە بولىۋېرەتتى.

— ياقۇپكا، گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنتۇپ قالغىنى تاس

قاپتىمەن، — دېدى خالىق ئۇنى چېكىپ بېقىپ، — پۇلنى ئېلىپ كەلگەن بولسىلا، ھۆججەتلەرنى قايتۇرۇپ ئالاملا؟...

— بۇ ... بۇ ... ياق ... ھەرگىز... — ياقۇپنىڭ چىرايى سۇپ - سۇر بولۇپ كەتتى، — مەن بۇ پۇللارنى ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرەي...

— كىمدىن ئالغانتىلە؟...

— ... ياقۇپ تۇنجۇقۇپ كەتتى.

— سىلى دېمىسىلىمۇ مەن بىلىمەن، — خالىق غەلىتىلا كۈلدى، — بۇ توغرىلىق تېخى ئاخشاملا ماتېرىيال تاپشۇرۇپ ئالغانىدىم... دەپ بېرەيمۇ؟

— ماتېرىيال؟ — ياقۇپنىڭ نۇرى ئۆلگەن كۆز قارىچۇقلىرى پىلدىرلىدى، — بولدى، بولدى دېمىسىلە، مەن پوق يېگەن... مەن دېۋەڭ، مەن ئۆلگۈر!...

— ياقۇپكا، بۈگۈن بولۇنغان گەپلەرنى ھېچكىمگە ھەتتا زۇمرەتكىمۇ تىنغۇچى بولمىسىلا، — خالىقنىڭ چىرايى جىددىي تۇرۇلدى، — ئەگەر قىزلىرىنىڭ بېسىمىغا چىدىماي دەپ قويسىلا، ئۇ دەرھاللا كامىل، مۇرات ھېكمەتلەرگە خەۋەر قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالسا، بولۇپمۇ ياقا يۇرتلۇق مۇرات بىلەن ھېكمەت قېچىپ كەتسە، بۇنىڭغا سىلى جاۋاب قىلىلا!... ئادەم يوق ۋاقىتدا ئىشخانىغا كىرىپ مەخپىي ھۆججەت، مۇھىم ماتېرىياللارنى ئوغرىلىقچە كۆرۈش جىنايەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلا؟... قېرىغان چاغلىرىدا تۈرمىدە يېتىشنى خالىمايلىغۇ دەيمەن؟...

— يوقسۇ، يوقسۇ، ئەندىشە قىلمىسىلا، — ياقۇپ بىردىنلا قېرىپ ھالىدىن كەتكەندەك قوللىرىغا تايىنىپ ئارانلا ئورنىدىن تۇردى، سىر ساقلاشتا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى سادا چىقمايدىغان قەبرە دېسىمۇ بولىدۇ.

ياقۇپ مۈكچەيگىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. خالىق دېرىزىدىن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتكەچ ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، «گوڭشې پارتكومىنىڭ قارارى»، «ئىجتىمائىي

مۇناسىۋەتلەر...» دېگەندەك ئۆزى تامغا باسقان قەغەزلەرنى پۇرلاپ ئەخلەت قاچىسىغا تاشلىدى. ئاندىن دېلو خالتىلىرىنى دومبايتىپ تۇرغان «گوڭشې بويىچە ئاشلىق، مايلىق دان، مال - چارۋىلارنىڭ ستاتىستىكا قىلىنغان ماتېرىياللىرى»نى تارتىپ چىقىرىپ ئىشكاپقا سالدى - دە، خالتىلارنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇ پەقەت قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىم، ئەمەتلەر يازغان ئەرز ۋە ئىسپاتنامىلار بىلەن، پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىر بەتلىك خېتىنى ئىشكاپنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە يوشۇردى.

قېنى ئەمدى ياقۇپ زوۋانىنى ئېچىپ باقسۇن!... ئۇ توخۇ يۈرەك قېرى شۇنىڭ بىلەن جىمىقىدۇ... ئۇنىڭ مەمەدان قىزىمۇ بارا - بارا خالىق كولىغان ئورىغا پۇتىنى ساڭگىلىتىدۇ... ئۇ، شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھە، قەشقەرلىق نوچام، ئەمدى زۇمرەتنى ۋېلىسىپىتىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ خالىقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ باقمامسەن؟... شۇ كۈنلەردە خالىق ئاز ئازاب تارتتىمۇ؟ ... خۇددى ئاچچىق ياغ ئىچىۋېلىپ، ئېغىلمۇ ئېغىل يۈگۈرگەن موزاينىڭ ئۆزى بولدىغۇ!... ياق، خالىق بۇلارنى ئۇنۇتقىنى يوق... ئۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بۇ ساڭا بېرىلگەن بىرىنچى قېتىملىق سىگنال!... سەن خالىقتەك ئوت بىلەن ئويناشقان ئىكەنسەن، يۈرىكىڭدە تارتۇق قالغۇدەك كۆيمىسەڭ بولامدۇ؟... سەنلەر، خالىقنىڭ بېشى يۇمشاق، ئاسانلا ئېزىۋەتكىلى بولىدۇ... دەپ ئويلاشقانمىدىڭ؟... ياق، بىچارىلەر، تېخى كۆرۈمەڭ ئالدىڭدا!... كامىل سەن زەھەردەك گەپلىرىڭ ئۈچۈن، نەفسە ئۈچۈن، ھېكمەت، ئېسىڭدىمۇ ھېلىقى ھىڭدىن سېسىق تەئەددى چاقچىقىڭ، ھەببەللى، مانا شۇلار ئۈچۈن تېخى جاۋاب بېرىشىسەن!... بىر كۆزۈڭدىن ياش، بىر كۆزۈڭدىن قان ئاقىدىغان كۈنلىرىڭ ئالدىڭدا!... تېخى ئاياغلىرىم ئاستىدا ئۆمۈلەيسەن... ئىتتەك ھۇۋلاپ كۈچۈكلىنىسەن!... سەنلەرگە شۇنداق كۈنلەرنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، خالىقنىڭ خورلۇقلىرى يۇيۇلمايدۇ... ئۇنى كۆرسە، بوستانلىقلار پۇتىنى قويۇپ بېشىدا مېڭىۋاتقان يەردە، سەنلەر ئەجەب چېتىڭغا پاتماي كېتىشتىڭا!... «ھوقۇق» دېگەن نېمە؟ دېھقانلار ئۇنى بىكاردىن بىكار «ھوي، قوق» دەپ

ئېيتىشمىغان! . . .

دەرۋەقە، ئىشلار خالىق ئويلىغاندەك بولۇۋاتاتتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار يېزىدىن تۆت كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىپلا، زۇمرەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى ئۇقتى. بىراق يىللىق ئىمتىھان قىستاپ كېلىپ، باشقا ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىرىنى بىر نەچچە قېتىم مۇزاكىرە قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار تېخى دەرسلىرىدىن سوئالمۇ چىقارمىغانىدى. شۇڭا ئۇلار كېچىلەپ ئۇخلىماي سوئال چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بېسىپ تارقاتتى ۋە ئۆزلىرى ئارىلىقلاردىكى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، مۇزاكىرىنى باشلىۋەتتى. ھەتتا كېچىلىرى ياتاقلارغا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنمىگەن سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتى.

يىللىق ئىمتىھان ئاياغلىشىش بىلەنلا، ئورمىغا چىقىش تەييارلىقى باشلاندى. غەم - ئەندىشە تۈپەيلىدىن، كېچە - كۈندۈز كۆزىدىن ئۇيقۇ قېچىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلغان مۇرات زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، كامىللارنى ياقۇپنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئەمما ياقۇپ ئەلچىلەرنى ھويلىسىدىن ئۆيىگىمۇ كىرگۈزمىدى. ئۇ قولىغا ئېلىۋالغان يوغان چوقالنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايتتى. كامىل كەلگەنلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ياقۇپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ئاسمانغا قاردى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاڭلىغانلىرى ھېلىقى لەنتى تىزىملىكتىكى ئىسىملار ئىدى. . .

ياقۇپ ئۆيىگە دوڭغاسلاپ كىرگىنىچە، كونا ياغلىققا ئورالغان پۇلنى ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا ئاتتى. ئارقىدىن خۇددى پىچاقنى كۆرگەن كالىدەك ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى:

— كېتىڭلار، ھەممىڭلار كېتىڭلار. . . مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار. سىلەر مېنى ياشىغىنى قويماسىلەر؟ . . .

ياقۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى گۇلۇپپىدە تاشلىۋېتىپ، يەرنى قوچاقلىغىنىچە ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلىدى. زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، كامىللار بىر - بىرىگە ئىشارە قىلغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا

قايتىشتى. ئۇلار ئەتىسلا، «قاشى»غا ئورمىغا يۈرۈپ كەتتى.

10 كۈنلۈك ئورمىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىشكەن ئوقۇتقۇچىلار بىر كۈن دەم ئېلىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇشقا ئارانلا ئۈلگۈردى - دە، نەرسە - كېرەكلىرىنى هارۋىلارغا بېسىپ، شەهەردىكى كۈرسقا مېڭىشتى. لېكىن، مۇرات كېچىسى زۇمرەت بىلەن يوشۇرۇن ئۇچراشتى. ئۇلار بازارنىڭ چېتىدىكى ئورمان ئاسرىغۇچى قېرى بوۋاينىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بۆك بولجالىق ئىچىگە كىرىپ ئوتلاقتا ئولتۇرۇشتى.

— زۇمرەت!... — مۇرات يىغلامسىرىغاندەك پىچىرلىدى.

— مۇرات!... — قىز ئىختىيارسىز يىگىتنىڭ ئۆزىنى ئاتتى، — بۇ... بۇ... نېمە ئىشتۇر؟...

— ئېيتىڭا زۇمرەت، ياقۇپكامغا نېمە بولغاندۇر؟ — دېدى مۇرات ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە، — ئۆتكەندىلا ياخشى ئىدىغۇ!

— مەنمۇ بىلمىدىم، — زۇمرەت ياشلىرىنى سۈرتتى، — دادام گۈڭشېدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا خالىق بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ: «هۆججەتلەرنى ئېلىپ كەلدىم، پۇلنى ئالغاچ كەلگەنلا؟» دېسە، دادام: «مەن پۇلنى قايتۇرغىلى كەلمىدىم» دەپ قويۇپلا يېنىپ كېتىپتۇ. دادامدىن سورىسام، ئۇمۇ شۇنداق دەيدۇ...

— خالىق بىر نېمە دەپ قورقاتتىمۇ - يە؟

— دادام ئۇنىڭ ئىشخانىسىغىمۇ كىرمىدىم، دەۋاتسا؟...

— مەتمۇسا يولدا توسۇپ تەهدىت سالغانمىدۇر؟

— مەنمۇ شۇنداق گۇمان قىلغان، — دېدى زۇمرەت روهسىز هالەتتە، — ئوبۇل دوختۇرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مەتمۇسا بىلەن ئىككىسى ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئالدىراش ئىشلەپتۇ. داداممۇ مال نەسىللەندۈرۈش پونكىتىغا كىرمەپتۇ... هازىر دادام بىر كۈن كەچكىچە دەلتىلەردەك ئاغزىنى ئېچىپ ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى! قولى ئىشقا بارمايدۇ... كېچىلىرى ئۇنىڭ: «مۇرات، كامىل، هېكمەت...» دەپ جۆيلىگىنىنى ئاڭلاپ قالىمەن. پات - پاتلا: «سەن

ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەڭ، بوينۇڭنى ئۈزۈۋېتىمەن» دەپ ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرايدۇ.

— ئاھ خۇدا، — مۇرات قاراڭغۇ ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدى، — بۇ قانداق قىسمەت، قانداق تەقدىردۇر؟

— كامىل بىلەن ھېكمەت نېمە دەيدۇ؟ — زۇمرەت مۇراتقا تەلمۈردى.

— ئۇلار خالىقتىن گۇمان قىلىۋاتىدۇ، كۆرستىن قايتىپ كېلىپ چوقۇم ئېنىقلايمىز... دېدى. ۋاي خۇدا، 9 - ئايغىچە قانداقمۇ چىدار كىشى!

— خاتىرجەم كېتىۋېرىڭ، مەن دادامنى ئاستا - ئاستا قايىل قىلىمەن، — دېدى زۇمرەت ئۇلۇغ تىنىپ، — پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، سىزنى ئىزلەپ شەھەرگە كىرىمەن.

— زۇمرەت، بۇ قېتىمقى كۇرس جىددىي ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مۇرات، — يىلدىكىدەك ئازادە بولالمايمىز... سىز ۋاقتىڭىز يەتسىلا، شەھەرگە كىرىپ تۇرۇڭ!

— تايىنلىق سوۋېت شيۇجىڭجۇيىچىلىرىغا قارشى نەزىرىيە ئۆگىنىشىدۇر، — زۇمرەت يۈزىنى پۈرۈشتۈردى، — ھازىر پۈتۈن ئىدارە - جەمئىيەت، كارخانىلاردا شۇ ئۆگىنىش، رادىئو - گېزىتلەرنىڭ تەشۋىقاتىمۇ شۇ.. تۈگىمەيدىغان قانداق جىق ھەرىكەت بۇ؟... «3كە قارشى، 5كە قارشى ھەرىكەت»، «ئوڭچىلار - يەرلىك مىللەتچىلەرگە قارشى ھەرىكەت»، «ئىستىل تۈزىتىش»، «سوتسىيالىستىك تەربىيە»، مانا ئەمدى «شيۇجىڭجۇيىچىلارغا قارشى ھەرىكەت»... ئويلاپ باقسام، مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ، ھەرىكەت ئىچىدىلا چوڭ بوپتىمەن!...

— شۇنداق، بىز بۇ دەۋرنىڭ ئەۋلادلىرى تۈگىمەس - پۈتمەس سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ قۇربانلىرى بولۇۋاتىمىز!...

ئۇلار ھەسرەتلىك نىدا قىلىپ، ئاچچىق - ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكۈپ، يەنە بىر دەم ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. زۇمرەت مۇراتنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ مىچىلداپ يىغلىدى. مۇراتنىڭمۇ

ئۇنىڭ بۇ مىسكىن ھالىتىگە چىدىيالماي، دىمىغى ئېچىشىپ، كۆزلىرىنى ياش قاپلىدى.

ئاسماندا ئاي يوق ئىدى. بىراق سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار قەدىمي تېرەكلەر شاخاراپ تۇرغان بوستان بازىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىككى قاتار پاكار ئۆيلەر، ئاشخانا، سودا سارىيى، باجخانا، باشلانغۇچ مەكتەپ، مال دوختۇرخانىلىرى جىمجىت سۈكۈنات ئىچىدە ئىدى. مۇرات بىلەن زۇمرەت پوچتىخانا ئالدىدىكى تېرەك ئاستىدا خوشلاشتى.

— زۇمرەت، ھەر قانچە بالايى - ئاپەت ياغسىمۇ بەرداشلىق بېرىڭ، ئۈمىدۋار بولۇڭ...— دېدى مۇرات ئۇنىڭ مەڭزىلىرىنى سىيلاپ، — خالىق، مەتمۇسالار سىزنى ئاۋارە قىلىشى مۇمكىن. ھەرگىز ئازابلىنىــــپ، ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويماڭ... بەردەمرەك بولۇڭ... سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ...

— خالىق، مەتمۇسا!...— زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىدىن گويا ئوت چاچرىغاندەك بولدى، — مەن ئۇلارغا جېنىمنى تىكىــپ قويدۇم... بەرىبىر بىر ئۆلۈم!

— سىز بۇنداق دېسىڭىز مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟ — دېدى مۇرات قىزنىڭ مۇرلىرىدىن سىلكىپ، — ئەگەر مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، سىزنى داغدا قويمايمەن دەپ، ۋەدە بېرىڭ!...

زۇمرەت ئۇنىڭغا ئۇزاق قاراپ تۇرۇش بىلەن جاۋاب بەردى. مۇرات قىزنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ مۇھەببەت بىلەن تولغان كۆزلىرىنىڭ نەملىك يالقۇنىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى...

ئەي، ھىكمىتى كەڭ ئاللا، بۇ غۇبارسىز، گۇناھسىز ئىككى مەسۇم ياشقا ھىممەت قولۇڭنى سوزغايسەن!... بۇنىڭ ئۇلارنىڭ باغرىنــى باغرىغا ئاخىرقى قېتىم تاڭغانلىقى، تەشنا لەۋلىرىدىن بىر - بىرىگە قېتىلغان ئوتلۇق نەپەسلىرىنىڭ كەنجە خاتىمىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!...

زۇمرەت مۇراتنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۈچىنچى كۈنى مەتمۇسانىڭ

ئەلچىلىرى تاۋاق، بوپىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ يەنە كىرىپ كېلىشتى. خىزمەت ۋاقتى بولغاچقا، زۇمرەت يوق ئىدى. ياقۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي «خوش، خوش. . .» دەپلا تۇردى. ئەلچىلەر توينى كېلەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنىگە توختىتىپ خۇشال قايتىپ كېتىشتى. لېكىن شۇ كېچىسىلا، زۇمرەت مال نەسىللەندۇرۇش پۇنكىتىغا باردى - دە، مەتمۇسانى چاقىرىپ چىقىپ، تويلۇقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىۋېتىپ يېنىپ كەلدى.

خالىقنىڭ ھەدەپ يەل بېرىشى بىلەن، مەتمۇسانىڭ ئەلچىلىرى توختاپ قالمىدى. ئۇلار بىر ئاي ئىچىدە بەش نۆۋەت بېرىپ، ياقۇپ بىلەن زۇمرەتكە ھەر خىل چىرايلىق ۋەدىلەرنى قىلىپ، يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ، بولمىغاندا بېسىم ئىشلىتىپ، ئاخىرى ئۈمىدىنى ئۈزۈشتى.

ھازىر ياقۇپنىڭ ھەممىدىن رايى يانغانىدى. ئۇنىڭ خالىق ۋە مەتمۇسانى، شۇنداقلا كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەرنىمۇ كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا «خالىسانە ياردەم» دەپ ئېلىپ كەلگەن ئازغىنا نەرسىلىرىنى شۇنچە نۇرغۇن پۇلغا سۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي ئۆسۈم تەلەپ قىلغان بۇ ئىككى ئاچكۆزنىڭ ئىچ - باغرىنى كۆرۈپ بولغان ياقۇپ ئۆزىنىڭ قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ، مۇرات بىلەن قىزىغا ئۇۋال قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغان، پارتىيە - سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلار بولۇپ چىقىشىنى كىم بىلسۇن؟ ياقۇپ ھەر قېتىملىق ئەلچىلەر كەلگەندە، «ياق» دەي دېسە، 760 يۈەندىن ئىبارەت تۈگمەن تېشى گەدىنىنى بېسىپ تۇراتتى. «ماقۇل» دەي دېسە، بۇنداق قىزىل كۆز، خوتۇن بىدىكلىرىنىڭ قۇچىقىغا قىزىنى تاشلاپ بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، ھېلىقى قورقۇنچلۇق تىزىملىك كۆز ئالدىغا كەلسىلا، خالىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈشتىن ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇڭا، ئۇ ئەلچىلەرگە يا «ھە. . .»، يا «ياق» دېمەي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، «خوش»تىن باشقىسىنى دېمەيتتى.

زۇمرەتتىن رايى يېنىپ، ئۈمىدىنى ئۈزگەن مەتمۇسا خالىقنى

كېچىلەپ ئىزلەپ كەلدى. ئۇلار ئىچكەركى مېھمانخانىدا پاراڭلاشتى. ئۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن خالىق ياسىما تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. مەتمۇسا ئەمدى «پۇلنى ئالىمەن» دەپ غەۋغا كۆتۈرگىنىنى بىلەنمۇ بىكار ئىدى. چۈنكى ياقۇپ پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتتى. ياقۇپنىڭ بېشىدا تۇگمەن تېشىنى چۆگىلەتسىمۇ، ئەمدى ئۇ مۇراتتىن قەرز ئالمايتتى. شۇڭا، خالىق مەتمۇسانىڭ جېدەل چىقىرىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىشىنى كۈتۈپلا تۇراتتى.

بىراق ئەھۋال ئۇ ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى.

— ئاكا، — دېدى مەتمۇسا غۇڭشۇپ، — زومرەت ئۆزىڭىزگە قالسۇن، پۇلۇمنى بېرىۋەتكەن بولسىڭىز... ئەمدى مەن بۇ ئىشنى بولدى قىلاي دەيمەن...

— نېمە، كاللاڭ جايىدىمۇ؟ — خالىق بىردىنلا ھۆرپەيدى، — مەن زومرەتنى ساڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تۇرسام، ئەمدىزە ئۇنى قايىل قىلالماي، ماڭا ئۇسكىنى كەلدىڭما؟ ئۇنداق ئاسان ئىش يوق... «مەتمۇسانىڭ ئالماقچى بولغان لايىقىغا خالىق چاڭگال ساپتۇ...» دېگەن ئاتاقنى كۆتەر دېمەكچىمۇ سەن؟...

— بۇ... بۇ... ئەمدى... — مەتمۇسا گەدىنىنى قاشلىدى، — پۇلنى مەندىن سىز ئالغان تۇرسىڭىز... نېمە دەپ مەن ئۇنىڭغا...

— دۇرۇس، پۇلنى مەن ئالدىم، بىراق ھۆججەتتە «ياقۇپ ئىگە» دېيىلگەن تۇرسا! شۇنىڭغا بېرىپ دېمەمسەن!...

خالىق بىلەن تاكاللىشىشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن مەتمۇسا ئالتىنچى قېتىم ياقۇپنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ پەيلى بۇزۇق ئىدى. ئەلۋەتتە شۇنچە ھەرەج تارتىپ، ئارزۇ ـ نىياز قىلغان قىزغا ئېرىشەلمىدى. 6 ـ 7 قېتىملىق ئەلچىسى قۇرۇق يېنىپ، نام ـ نىشانى تۆكۈلۈپ، يۈزى سۆرۈن بولدى. بۇلار ئاز بولۇپ قالغاندەك، بىكاردىن بىكار شۇنچە نۇرغۇن پۇلى شامالغا ئۇچۇپ كېتەمدۇ؟... ئەسلىدە ياقۇپ پۇلنى تەييارلاپ كەلگەن چاغدىلا، موكلا ئېلىۋالغۇلۇقتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆچ ئېلىش مەستانىسى بولۇپ كەتكەن خالىقنىڭ مەنمەنلىك،

تەكەببۇرلۇق ۋە كۆرەڭلىكنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ! پۇل دېگەن جەننەتنىڭ نېمىتى، دۇنيانىڭ ئاچقۇچى! . . . ، ۋىجدان، غۇرۇر، كۆڭۈل، مۇھەببەت، نەپرەت دېگەنلەرنى يېگىلى، ئىچكىلى، كىيگىلى بولمىسا. . . يا ئۇنىڭغا خوتۇن كەلمىسە. . .

— پۇلنى دەرھال قايتۇر، — دېدى مەتمۇسا ھۆججەتلەرنى قولىغا ئېلىپ، — سەن بۈگۈن پۇلنى بەرمىگۈچە، ئۆيۈڭدىن چىقمايمەن. . .

— ھازىر مەندە تۆلىگۈدەك پۇل يوق، — دېدى ياقۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى مۆلۈلدىتىپ، — ئامالىنى قىلىپ بولغىچە، سەۋر قىلسىلا. . .

— سەۋر دېگەننىڭمۇ چېكى بولىدۇ. . . ئەمدى مېنىڭ تاقىتىم تاق بولدى، — مەتمۇسا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى، — پۇلنى بېرەمسەن - بەرمەمسەن؟

— ھەي، نېمىگە ۋارقىرايسەن، — زۇمرەت ئىچكەركى ئۆيدىن چىقتى، — دادام سەندىن قاچان پۇل ئالغان؟ . . . دەب باقە، ئۆز قولۇڭ بىلەن بەرگەنما؟ قانداق دۆت، قاپاقباش، خامكاللا نېمىسەن؟ كىمگە بەرگەن بولساڭ، شۇنى تۇتمامسەن؟ . . .

— ھۆ. . . ھۆججەتتە «ياقۇپ ئىگە» دېيىلگەن تۇرسا، — دېدى مەتمۇسا ھۆججەتلەرنى كىگىزگە يېيىپ كۆرسىتىپ، — بەرگەندە ھۆپۈپنى يۇڭدىلماي يېگەندەك، موك، موك ئېلىشىسەن. . . ئەمدى بەرمەك تەس كېلىۋاتامدۇ؟ . . .

— ھەي، — دېدى زۇمرەت قولىنى شىلتىپ، — ئاغزىڭنى چايقىۋېتىپ گەپ قىل، سەن قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايدىن گۆش سورىغاندەك ئىش قىلىۋاتىسەنغۇ؟ بىلىپ قوي، بىز سېنى تونىمايمىز. تامغا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالساڭمۇ بەرمەيمىز. . . يامىنى كەلسە، سوتقا ئەرز قىل، ئۇ چاغدا تازا ياخشى بولىدۇ! . . .

— يا. . . ياخشى بولىدۇ؟ . . . — مەتمۇسا غەزەپتىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن يوغان قىلىپ تاماكا ئورىدى، — قانداق ياخشى بولىدۇ ئەرز قىلسام؟ . . .

— خالىق دېگەن ھېلىگەر بىلەن سەندەك چوشقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇملۇق، ھارام سودا ئاشكارىلىنىدۇ. . . شۇنىمۇ بىلمەمسەن! . . .

— مەن. . . مەن. . . سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە ئوت قويۇۋېتىمەن، — مەتمۇسا ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — بىلىپ قويۇش، گۆرۈڭلارنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن! . . .

— ئوت قويامسەن؟ ماقۇل. . . سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزۈپ قوياي.

زۇمرەت ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. فىرمىدا موتۇر بۇزۇلۇپ، ئىككى - ئۈچ كۈن چىراغ يانمايدىغان، بەزىدە توك بالدۇر كېتىپ قاراڭغۇدا قالىدىغان ئىشلار داۋاملىق بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا ياقۇپ ئېھتىيات ئۈچۈن پات - پاتلا بېنزىن ئەكىرىپ قوياتتى. زۇمرەت بىر بوتۇلكا بېنزىننىڭ يېرىمىنى چىنىگە قۇيۇپ ئېلىپ چىقتى.

— تۆت مانى! ئۆيگە چاچ، ئاندىن سەرەڭگەڭنى چاق، — دېدى زۇمرەت چىنىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ، — نېمە، قولۇڭ تىترەۋاتىدىغۇ؟ قورقۇۋاتامسەن؟ مانا ئەمىسە! . . .

زۇمرەتنىڭ بېنزىننى ئۇنىڭغا چېچىشى بىلەن، مەتمۇسانىڭ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇشى تەك كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كىيىملىرىگە لاپلا قىلىپ ئوت تۇتاشتى. مەتمۇسا «ۋا» ياكى «ئا» غا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئەسەبىي ئاۋاز بىلەن چىرقىرىدى - دە، تالاغا قاراپ قاچتى. ئۇ، ھوجەتلىرىنى سىقىمدىغىنىچە، شۇنداق تېز چاپتىكى، ئۇنىڭ توپتەك يۇمىلاق، پاكار گەۋدىسى يۇمۇلۇنۇپ كېتىۋاتامدۇ ياكى يۈگۈرۈپ كېتىۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ تەلىيىگە زۇمرەتلەرنىڭ ئۆيىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تۆت يول ئېغىزىدا، لاي - لاتقا چۈشۈپ تىنىپ كېتەيلا دەپ قالغان بىر چوڭ كۆل بار ئىدى. ئەتىياز پەسىللىرى ئېرىپ - تېزىپ يولغا چىقىپ كەتكەن سۇلار نەق مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بەلگىمۇ كەلمەيدىغان سۈيى يېرىچە سېسىپ، كۆكىرىپ، پاقا لەشلىرى بىلەن تولۇپ كېتەتتى. ھاۋا تازا ئىسسىغان چاغلاردا، فىرمىنىڭ چوشقىلىرى بۇ كۆلدە لايلارنى پېتىقداپ سالقىنداشاتتى. چاپىنىدىكى ئوت ئۆچۈپ،

ساغرىسى كۆيۈۋاتقان مەتمۇسا خۇددى ئەپەندىم ئۇچىسىدىكى ئوتۇنغا ئوت كەتكەن ئېشىكىگە «ئەقلىڭ بولسا سۇغا چاپ...» دېگىنىدەك، ئۇدۇل كۆلگە يۈگرەپ كەلدى - دە، بەتبۇي پۇراپ تۇرغان سۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئېچىشقان يەرلىرى ئارام ئېلىپ كۆزىنى ئاچقاندا، لايغا پۇچۇلانغان بىر نەچچە چوشقا كۈچۈكى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى...

بۇ ۋەقە خالىقنىڭ دەھشەت غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇ قوغداش بۆلۈمىدىن ئىككى مىلىتسىنى ئەۋەتىپ، زۇمرەتنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۇنى بىر چاغدا مۇراتنى سولىغان ئۆيگە قاماپ قويدى. ئەمما ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. زۇمرەتتەك ئوت - بالا قىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىگىنى تۈزۈك ئىدى. ئۇ قانچە غەزەپلەنسە، شۇنچە ئۆرلەيدۇ... ئۆرلىگەنسېرى كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. قارا بۇنىڭ يامانلىقىنى! «سوتقا ئەرز قىل، ئاراڭلاردىكى شۇملۇق، ھارام سودا ئاشكارىلىنىدۇ...» دەپتۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ بەزى نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق تېگىگە يەتكەن. بىراق زۇمرەت ھەر قانچە بولسىمۇ خالىق ئۈستىدىن ئەرز قىلالمايدۇ... خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىنىڭ يۈزى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئەرز قىلىپ قويسا، ئۆزىنىڭ بوستاندا تۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ... شۇڭا، ئۇنىڭ غەزەپ ئوتىنى تاشتۇرغان پايدىلىقمۇ ياكى زىيانلىق بولامدۇ؟... مانا ئۇ سولانغان كۈندىن تارتىپلا تاماق يېمەيۋاتىدۇ... ئۇ بۇنداق قىلسا...

خالىق ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە سولاقخانا قىلىنغان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. زۇمرەت دادىسى ئەكېلىپ بەرگەن ئەدىيالنى بىر بۇلۇڭغا سېلىپ قويۇپ، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ قايرىلىپ قاراش ئەمەس، ئورنىدا مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى سارغىيىپ، جۇدەپ قالغانىدى.

— زۇمرەت، — دېدى خالىق چىرايىغا مېھرىبانلىق، ئاۋازىغا ئېچىنىش تۈسىنى بېرىپ، — سىز مەتمۇسانى خېلىلا بەك كۆيدۈرۈۋېتىپسىز... بۇ قانۇنغا خىلاپ، ئەرز قىلسا ئاقىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئاچچىقى بېسىلسۇن ئۈچۈن سىزنى بۇ يەرگە ۋاقىتلىق ئەكىرىپ

قويغان. هازىر چىقىپ كېتىپ، خاتىرجەم خىزمىتىڭىزنى قىلىڭ. . . بۇنى توغرا چۈشىنىڭ! . . .

زۇمرەت يالتىيىدە قىلىپ، خالىقنىڭ سۈپ - سۈر سوغاق تەلەتىگە نەشتەردەك قادالدى. ئۇ: «قەتئىي چىقمايمەن، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل!» دەپ تۈرۈۋالماقچىمۇ بولدى. لېكىن دادىسىدىن ئەنسىرەپ قالدى. كېيىنكى كۈنلەردە، ياقۇپ قويغان - پۈتكىنىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى. زۇمرەت ئەدىيالنى ئېلىپ، ئۈنى ئۆي ئىچىدىلا قېقىپ قاتلىدى. ئاندىن ئىشىك بوسۇغىسىغا كەلگەندە، كەينىگە شارتلا قايرىلىپ، ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان خالىقنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

— بۈندىن كېيىن كىمكى دادامدىن قەرز سوراپ كېلىدىكەن، — دېدى زۇمرەت كۆزلىرىنى قىسىپ، — بوستاندا يۈز يىلغىچە ئۇنتۇلمايدىغان ئىش چىقىرىمەن. . . ئاندىن سولامدۇ - ئاتامدۇ، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرىمەن! . . .

زۇمرەت گۈگۈشي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، قوللىرى تېڭىلغان، يۈزلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە يود سۈۋالغان مەتمۇساغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ زۇمرەتنى كۆرۈش بىلەنلا، چىرايى ئۆمسۈرۈن بولۇپ، چۈچۈپ كەتتى ۋە ئالچاڭلاپ ماڭغىنىچە، ھويلىغا قېچىپ كىرىۋالدى.

مەتمۇسا ئىشخانىغا كىرگەندە، خالىق پەس دېۋانغا چۆككىنىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ھالقا - ھالقا تۈتۈنلەرنى توزۇسقا پۈۋلىگىنىچە، ئاچچىق خىيالغا پاتقانىدى.

— ھە كىردىڭما؟ قېنى ئولتۇر! — دېدى خالىق مەتمۇساغا ئورۇندۇقنى ئىشارە قىلىپ.

— ئولتۇرالمايمەن. . . كاسامنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ چۈشتى، — مەتمۇسانىڭ گۆشلۈك يۈزى بىچارە ھالەتتە ئىدى، — سىز. . . سىز زۇمرەتنى قويۇپ بېرىپسىزغۇ؟

— قانداق قىلسام بولاتتى؟

— ساقچىغا تۇتۇپ بېرىمەن دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟

— ئۇنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرسەم، سەن كىمدىن ئەنتىكىنى ئالىسەن؟ — دېدى خالىق ئاچچىقى بىلەن، — بىلىپ قوي، «بۆرە قەرزىنى تېرىسى بىلەن تۆلەيدۇ...» دېگەن گەپ بار. ئۇنى ئاخىر بىر كۈن يۇۋاشلىتىمەن دېدىمغۇ!...

— بولدى، مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىسامۇ، يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدۇ، — مەتمۇسا بىر قەدەم ئارقىسىغا چېكىندى، — ئەمدى... ئەمدى... مەن پۇلۇم توغرىلىق سوتقا ئەرز تۇتىمەن...

— ئەرز تۇتىمەن؟ — خالىق تاماكىسىنى شورىغىنىچە، خېلى ئۇزۇن جىمىپ كەتتى ـ دە، بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى، — بولدى ئەرز قىلما، سوتقا بارساڭمۇ پۇلنى مەندىن ئېلىپ بېرىدۇ... ئۇنىڭدىن كۆرە، مەنلا بېرىۋەتسەم بولمىدىمۇ!...

— راستما؟ — مەتمۇسا تەلۋىلەرچە ھىجايدى، — نېمىلا دېگەن بىلەن سىز يەنىلا ياخشى جومۇ... ۋاي، ۋاي، ھېلىقى ئالۋاستىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن... تاس قالدا، مېنى بىر سىقىم كۈلگە ئايلاندۇرۇپ قويغىلى...

— مەن ئۈچ جەھەتتىن زىيان تارتىدىكەنمەن، مەيلى ئەمەسمۇ ئۆز تۇغقىنىم بولغاندىن كېيىن! — خالىق ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردى، — بىرىنچى پۇلدىن، ئىككىنچى ئۆزەم سۆيگەن زۇمرەتتىن، ئۈچىنچى تۆكۈلگەن يۈز ـ ئابرويىمدىن... ھە، قېنى، ھۆججەتلەرنى ئەكەلگەنمىدىڭ؟

— ئەكەلدىم مانا... — مەتمۇسا ھۆججەتلەرنى قولىغا ئالغان بولسىمۇ، خالىقنىڭ ئاۋازىدىكى ئاچچىق ئىستىھزادىن چۆچۈپ قالدى، — ھازىرلا بېرەمسىز؟

— ھازىرلا! — خالىق ھۆججەتلەرنى ئېلىپ، ئاۋۋال ئىككى پارچە، ئاندىن تۆت پارچە، ئاخىرىدا ئۇششاق قىلىپ يىرتىپ، ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىدى، — جور، پۇلۇڭنى ئۆيدىن ئېلىپ بېرەي. ۋاي توۋا، مېنىڭ ئۇنۇتقاقلىقىمنى كۆرمەمدىغان؟ ساڭا دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى... ئانچە چوڭ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ... قارا، تۇشۇجى بىلەن

مەسلىھەتلىشىپ، سىنىڭ ئورنىڭغا ئوبۇلنى ئۆستۇرمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرگەن، كەسپكە پۇختا بالا!...
— نېمە، مەنچۇ؟ ... — مەتمۇسانىڭ چىراي بىردىنلا تاتىرىپ، ئاغزىدا نەم دىدارى قالمىغاندەك، تاماقلىرىنى تامشىدى، — مەن... مەن ئاشۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيمەنما؟ ...
— ياق... — خالىق «ياق»نى بىر غولاچ سوزۇپ ھېجايدى، — سەن بۇرۇنقى دادۇيىڭگە كېتىسەن... ھە، توغرا، ئۇلار سىنىڭ ئورنۇڭغا چارۋا مال دوختۇرى تېپىپ بوپتۇ... شۇڭا، ئۇدۇللا شياۋدۇيگە بار... شودۇيجاڭ سىنىڭدەك قاۋۇل ئەمگەك كۈچىنى كۆرسە، خۇشال بولماي قالمايدۇ... قۇم توغ ئەمگەككە ئادەم كۈچى چىقمىشتۇرالماي تۇرغىنىدا، ئۇنىڭغا مايدەك موكلا ياقىسەن...
مەتمۇسا ساغرىسىنىڭ پىژىلداپ ئاغرىۋاتقىنىنى، قول - پۇزلىرىنىڭ تارتىشىپ ئېچىشىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: «قايسى شەيتان ئازدۇرۇپ بۇ يەرگە كىرىپ قالغاندىمەن؟ قانداق ۋەسۋەسىدە بۇ مىڭبىر ھىيلە - مىكىرلىك تۈلكىگە پۇت ئاتقاندىمەن؟ ... ئۇنىڭغا كىم تەك كېلەلىگەن؟ ... بۇ بىر تاش، مەن بولسام ياڭاق، ئۇ يەپ تويماس توخۇ، مەن دېگەن تېرىق! ... ئۇنىڭدەك بازغانغا مەندەك داتلاشقان قەلەي تەڭ كېلەلەمتى؟ ...
— خالىق ئاكا، مەن... مەن... بۇ... بۇ... ئىشخانىڭىزغا كىرمىگەن بولاي، — مەتمۇسانىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، — سىزمۇ مېنى كۆرمىگەن بولۇڭ ... ئۇ ... ئۇ ... قانچىلىك پۇل ئىدى... مەن... سىز... سىز بىلەن چىقىشىپ...
— نېمىلەرنى دەپ يۇرۇيسەن؟ — خالىق قىتىۋالدى، — ماڭ پۇلۇڭنى ئېلىپ بېرەي...
— مەن ... مەن ... كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ دېدىمغۇ؟ ھۆ... ھۆ... ھۆ... — مەنمۇسا ئۆرە تۇرۇپلا يىغلىۋەتتى، — مەن ئۆلەي...، مەن ئىت...، مەن توخۇ پوقى...، ئاكامنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان قارا يۈز...

مەتمۇسا ساق قولى بىلەن ئىككى كاچىتىغا ئۇرغىلى تۇردى. خالىق ئۇنى توسماي، كۆزلىرىنى مىختەك قىلىپ بىردەم قاراپ تۇردى.

— بولدى، بولدى، ئۆزەڭنى ئۇرۇپ تولا ھۆداقلىق قىلما، يەنە باشقا گېپىڭ بارمۇ؟...

— يوق، تەمەت يوق...— مەتمۇسا ئارقىچە ماڭدى.

— يەنە قەرز سۇيلەپ چوشقا فىرمىسىغا بارامسەن؟

— ئىللا تەۋارا بارمايمەن!...

— ئەگەر بارغۇدەك بولساڭ، ماڭا خەۋەر قىلىپ قويغىن،— دېدى خالىق ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ،— ئۆلۈكىڭنى ئېلىپ كەلگىنى ھارۋا ئېلىپ بارىمەن...

— نېمە؟...

— زۇمرەت بوستانلىقلار يۈز يىلغىچە ئۇنتۇمايدىغان بىر ئىش قىلماقچى...

مەتمۇسا چىقىپ كېتىشى بىلەن خالىقنى ئاچچىق تۇتۇۋالدى. ئۇ ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ خام سۈتى پۇراپ تۇرىدىغان بىر كىچىككىنە قىزدىن يېڭىلگەندى. زۇمرەت مەيلى ئۇششۇقلۇق، بىشەملىك، ھازازۇللۇق قىلسۇن، بەربىر غەلىبە قىلدى. شۇنىڭغا قارىغاندا، «ئىرادە — مەنئۇى كۈچتۇر» دېگەن سۆزنىڭ راستتىنلا سالمىقى، ۋەزنى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا بۇنداق تەۋرەنمەس، قاتتىق ئىرادە نەدىن كەلگەندۇر؟ چىن مۇھەببەتتىنمۇ؟... قۇرۇق گەپ! ئالىي مەكتەپ يۈزىنى كۆرمىگەن، مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى بولغان چوڭ شەھەرلەردە ياشىمىغان، مۇھەببەت داستانلىرىنى ئوقۇمىغان زۇمرەتتەك بىر قىزنىڭ ئېتىقاد، ئەقىدە، ۋاپادارلىق، چىن سۆيگۈ دېگەنلەرنى چۈشىنىپ يېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟... بەلكىم بۇ كۆزى ئېچىلمىغان نادان قىزنىڭ قەشقەردەك قەدىمىي ئۇيغۇر ماكانىنى كۆرگىسى كېلىپ قالغاندۇر ياكى مۇراتنىڭ چالغان ھەر خىل سازلىرىغا، مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا مەھلىيا بولۇپ قالغاندۇر؟... ئەڭ بولمىسا، ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىنى، شوخ مىجەزىنى، قاڭشارلىق ئېگىز بۇرۇنلىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇر!

دەرۋەقە، خالىق چىن مۇھەببەتنى ھېس قىلالمايتتى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە ئۇقۇۋاتقان چېغىدىكى ھېلىقى سەتەڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەش قېتىم ئۆيلەندى. ھەر قېتىم قىز تاللىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمىدى. خالىق بوستانغا كېلىپ، يېڭى توي قىلىدىغانلارغا خەت كېسىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، يېزىلىق ئىككى ياش قىزنىڭ قەغەز ئالغىلى كىردى. ئۇ، قىزنىڭ بوتىلاقتەك خۇمارلىق كۆزلىرىنى، قىپقىزىل مەڭزىلىرىنى، جىنەستىدەك لەۋلىرىنى، نوتىدەك يۇمران سىماسىنى كۆرۈپ، كالپۇكلىرىنى تامشىدى، كۆزلىرىدىن شەھۋانىي ئۇچقۇنلار چاچرىدى: «بۇ كىچىككىنە ئاق بېلىق مۇشۇ ماي گەدەن، تەر خالتىسىنىڭ قويىنىدا پىلتىڭلاپ ئوينارما؟» دېگەن ئوي كېلىشى بىلەن، يوغان قاسقانلىق تەلپەك كىيىۋالغان يىگىتتىن:

— سىلەر ئۆز ئارا خېۋالىشىپ كەلدىڭلارما؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى، — يىگىت.

لېكىن خالىق ئاچچىقلىدى:

— ئەمىسە، نېمە ئۈچۈن قىز گەپ قىلمايدۇ؟

— ئۇ... ئۇ... خاپا بولاپ[①]، — يىگىت گەدىنىنى قاشلىدى.

— سەن سىرتقا چىقىپ تۇر! — دېدى خالىق يىگىتكە، — مەن ئۆزۈم ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ باقىمەن...

سادda يىگىت چىقىپ كېتىشى بىلەن، خالىق قىزنىڭ ئەتراپىنى پىرقىراپ گەپ قىلغاچ، بويۇنلىرىنى، مەڭزىلىرىنى، ئېڭەكلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭ نەپسى ئەقلىنى خىرەلەشتۈرۈپ، قولىنى باشقا يەرلەرگىمۇ سوزماقچى بولۇۋېدى، قىز قىچىقى كېلىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، ئۆزىنى قاچۇردى... لېكىن كاتتا ئەمەلدارنىڭ قىلىقسىزلىقى نادان قىز ئۈچۈن شاپائەت بىلىندى...

— سىلەر ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كېلىڭلار! — دېدى خالىق يىگىتنى چاقىرىپ ئەكىرىپ، — قىزىل قەغەز تۈگەپ قالغان. شەھەردىن

---

① «خاپا بولۇپ» — ئىزا تارتىپ.

ئېلىپ كەلگىچە توختاپ تۇرۇڭلار. . .

خالىق ئەتىسىدىن باشلاپ ھەرىكەتكە چۈشۈپ، تۇراپ ئىسىنىنى ئەلچىلىككە ماڭدۇردى. ئارىدىن ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتمەي، بۇ كىچىك بىلىق ئۇنىڭ قويىنىدا پىلتىڭلىدى. . . خالىق ھەر قېتىم خىزمەت تەكشۈرگىلى يېزا - كەنتلەرگە چىققاندا، ئۈستەڭ بويلىرىدا كىر يۇيۇۋاتقان، خاماندا توپان سورۇۋاتقان، ئۈگزىدە قاق سېلىۋاتقان قىزلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى، تومتەك بىلەكلىرى، چىرايلىق پاقالچەكلىرى، تېرىسىگە پاتماي يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ قالغان چىڭ كۆكسى، ساغرىلىرىغا قاراپ، بىرسىنى: «پاھ، پاھ، مېغىزدەك چىڭ نېمىكىنا! . . .» دېسە، يەنە بىرسىنى «ۋاھ، تاشپۇرچاقتەك تولغان چوكانكەن» دەيتتى. ھەتتا ھازىر ئاجراشماقچى بولۇۋاتقان بەشىنچى خوتۇنىنى «پۇخۇي، قوچاققۇي بۇ قوچاق! . . .» دەپ تۇرۇپ، ھەپتە ئىچىدىلا توي قىلغانىدى. شۇنداق ئىكەن، ئۇ كۆڭۈلگە، يۈرەككە تالىق «چىن سۆيگۈ» ، «چىن ئاشىق» لىق، «چىن ۋاپادارلىق» دېگەنلەرنى قانداقمۇ چۈشىنىپ تېگىگە يېتەلەيتتى؟

خالىق ئەمدى بولدى قىلسۇنمۇ؟ ياقۇپ سەپرانىڭ قىزى تەنتەنە قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈلسۇنمۇ؟ . . . پۈتۈن بوستاندا شىردەك ھۆركىرەپ، ھەممىنى تىترەتكەن ھەيۋەتى نەدىكى ئەرزىمەس بىر قىزنىڭ قولىدا بەربات بولسا، بۇ بىر كۈلكىلىك ئىشقۇ؟ . . . ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم تۇتۇشۇپ باقسۇنمۇ؟ . . . زىنھار مۇمكىن ئەمەس. . . ئۇ دېگىنىنى قىلىپ چوڭ بىر ۋەقە تېرىپ قويسا، خالىق تۆگىنى دەپ تۆگىدىن قۇرۇق قېلىشتىن سىرت، نام - نىشانىنىمۇ بولغۇالىدۇ. . . ئەلۋەتتە، ياتلا بىر قىزنى سىرتىدىن سېتىپ، ئارىدىن پۇل ئۇندۇرۇش ئادەتتىكىدەك ئىش ئەمەستە! . . . ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتقان نەفسە بۇنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنىڭ ھەممە پىلانلىرى سۇغا چىلىشىدۇ، بەربات بولىدۇ. . . شۇڭا كاۋاپمۇ، زىخمۇ كۆيمەيدىغان بىر ئامال تېپىشى كېرەك! . . .

خالىقنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرى قاتتىق قىسىلدى.

كۆكرەكلىرى ئىغىر نەپەستىن كۆتۈرۈلۈپ تاشلاندى! . . . پېشانىلىرىدا ئۇششاق سوغۇق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. . .

— ياق، سەپرا قىرى ۋە ئۇنىڭ جاھىل قىزى نالە بىلەن چىرقىرىشى كېرەك! — خالىق ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى، — چىرقىرىغاندىمۇ قاتتىق چىرقىرىشى، ھەتتا ئوتقا چۈشكەن يىلاندەك تولغىنىپ، تېنىدىن بىر سىقىم گۆل قىلىشى كېرەك، شۇندىلا، خالىق پۇخادىن چىقىپ ئارام تاپىدۇ، خۇماردىن چىقىدۇ. . . قورساقنى كۆپتۈرگەن زەرداپ تارقايدۇ. . .

خالىقنىڭ چىرايىدا بىردىنلا سۈرلۈك كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى، . . . ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ مال ئىغىلىغا باردى - دە، ئىتنى توقۇتۇپ، چوشقا قىرمىسىنىڭ شۈجىسى ساقى نۇر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كەتتى. . .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ياقۇپنىڭ ئۈچ يىللىق ھېساباتى قايتا تەكشۈرۈلۈپ، گەدىنىگە بەشيۈز قىرىق ئالتە يۈەن خىيانەت ئارتىلىپ قالدى. ئۇ ئۇزۇن يىل دېلىغا ئىشلەپ كەلگەن بوغالتىرلىقتىن مانا مۇشۇنداق شالتاقنى ئارتىۋېلىپ خوشلاشتى! . . . ياش قىرىتماس، تەشۋىش قېرىتار دېگەندەك، ئىتىزلىقتا رىجىم ئاستىدا ئىشلەۋاتقان قىسقىغىنا كۈنلەر ئىچىدە، ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى يىپەكتەك ئاقىرىپ، بەللىرى پۈكۈلۈپ، كۆز گۆھەرلىرى تۆكۈلۈپ، ئۆزى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا تۇرغان تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاپ قالدى! . . .

# كېرىموف ۋە گۈلرۇز

شەھەردىكى شىيۈجېڭجۈيىغا قارشى كۇرسىنىڭ ئوقۇتۇش ۋاقتى قىستاپ قالغانىدى. ئىككى ھەپتىدە بىر كۈن دەم ئېلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار شەنبە كەچ ئۆيلىرىگە قايتاتتى. لېكىن ھەر بىر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى كامىل، مۇراتلارغا ئوخشاش گۇمانلىق دەپ قارالغان ئوقۇتقۇچىلار ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈپ، «مەسىلە» تاپشۇرۇۋاتقاچقا، بۇ دەم

ئېلىشتىن مەھرۇم ئىدى.

كۇرس جەريانىدا، كامىل، ھېكمەت ۋە مۇراتلار ئوتتۇرا مەكتەپ گۇرۇپپىلىرى بويىچە بىر - ئىككى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىق «خاتالىق»لىرىنى تەكشۇرۇپ ئۆتتى. قۇتبىرەم، مەمتىلى، رېخىم نۇرى، زەينىدىن قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار پرولېتارىيات مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ پىكىر قىلىشتى. بىراق، كامىل باشتىن - ئاخىر ھېچقانداق «خاتالىق» ، «گۇناھ» ، «زەھەرلىنىش» دېگەنلەرنى بويىنىغا ئالمىدى. ئۇ، ھازىرغىچە بولغان بارلىق تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالدۇرۇۋالغان ئوقۇشلۇقلار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر پۈتۈن جىنايەت بۇ دەرسلىكلەرگە ئارتىلىپ قويۇلسا، ئازادلىقتىن بۇيان تەربىيىلەنگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە كادىر - خادىملارنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلەنگەن شيۇجېڭجۇيىچىلار بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنداقتا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، پارتىيە تەربىيىسىنى نېمە دەپ چۈشەندۇرىسىلەر؟ دەپ تۇرۇۋالدى ۋە تەنقىد يىغىنىنى مۇنازىرە مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. . .

كۇرس داۋامىدا، ئەڭ نۇقتىلىق تۇتۇلغىنى يەنىلا ھېكمەت بولدى. زەينىدىن، قۇتبىرەم، مەمتىلىلەر كۇرسقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپا ئىشخانىسىغا پات - پاتلا كىرىپ كېتەتتى. ئۇلار قايتىپ چىقىپ، «قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى» ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل سوئال - سوراقلارنى ياغدۇرۇۋېتەتتى. ھېكمەت سوۋېتتىن كەلگەن خەتلەرنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق نورمالسىزلىقنىڭ يوقلىقى ھەققىدە چىڭ تۇردى. ئەگەر كۇرس يەنە مۇشۇنداق كەيپىياتتا بىر نەچچە كۈنلا داۋاملاشسا، بۇ ئۈچ دوستقا ئېغىر خەۋپ يېتىپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى.

«ئەتە كۇرستىن خۇلاسە دوكلاتى بېرىلىدۇ» دېگەن كۈنى كەچتە، گۈلزىبا ئۆيىگە كەلدى. ماھىگۈل قازانغا ئاش سېلىۋاتاتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، نېمىدۇر سورىماقچى بولدى، بىراق ئاچىسىنىڭ غەمكىن

چىرايىنى كۆرۈپ، سۆلتۈيۈپ جىمىپ قالدى. بۇ ئارىلىقتا، ئۆيدىن چىققان بۇمەرەمخان ئىككى ھەپتىدىن بېرى كۆرمىگەن قىزىنى قۇچاقلاپ، يىرىك ئالقانلىرىدا يۈزلىرىنى سىيپاپ، مەڭزىلىرىگە سۆيدى. كۆڭلى ئەلەمزادە بولۇپ ئارانلا تۇرغان گۈلزىبا بۇ مېھرىبانلىقتىن بىردىنلا يىغلىۋەتتى. چايخانا تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، ئاچىسىنىڭ سولغۇن چىرايىنى، مۆلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى كۆرگەن ئابدۇنەبى قىپقىزىل قىزىرىپ، دومسايغىنىچە كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇراتتى.

چايخانا سۇپىسىغا شىرە قويۇلدى. ماھىگۈل ئەڭ ئاۋۋال ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە ئاش ئېلىپ كەلدى. گۈلزىبا تاماق يېگۈسى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا دۈمبىسىنى قىلىپ سۇپىدا ئولتۇراتتى. باياتىندىن بېرى قورسىقىم ئېچىپ كەتتى دەپ غەلۋە قىلىۋاتقان ئابدۇنەبى گۈلزىبانىڭ تاماق يېمەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، غىققىدە بولۇپ قالدى - دە، چوكىسىنى شىرەگە قويدى.

— گۈلزىبا ئاچا، — دېدى ئابدۇنەبى قايرىلىپ، — سەنمۇ ئازراق يېگىنە!

— ئاپپاق ئۇكام، سەن يەۋەرگىن، ماڭا تارتىشما، — دېدى گۈلزىبا ئابدۇنەبىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — مېنىڭ قورسىقىم توق.

— سەن يېمىسەڭ . . . — ئابدۇنەبى ئاچىسىنىڭ مەڭزىلىرىدىن بىر - بىرىنى قوغلىشىپ چۈشۈۋاتقان ياشلارغا قاراپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — سەن . . . سەن. . . يېمىسەڭ، مېنىڭ . . . مېنىڭمۇ يېگۈم كەلمەيدىكەن. . .

— جېنىم ئۇكام، كۆيۈمچان ئۇكام، سەنلا مېنىڭ دەردىمگە يېتىسەن، — گۈلزىبا ئابدۇنەبىنىڭ بېشىنى باغرىغا باستى، — مەن يەي ئۇكام، سېنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يەي. . .

يېرىم تەخسە ئاشنى گۈلزىبانىڭ ئالدىغا قويغان ماھىگۈل تامىقىنى قازان بېشىدا يېدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش قاپلىۋالغانىدى. ئۇ ئۇكىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ھېكمەت ماھىگۈل ۋە ئابدۇنەبى ئۈچۈن بىر تۇغقان قېرىنداشتىنمۇ چارى ئاكا

ئىدى. ھەر قېتىم كەلگىنىدە، ئۇ ئابدۇنەبىگە ئەدەبلىك، قائىدىلىك بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كۇلدۇرەتتى، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى كۆرۈپ ماختايتتى ياكى تەنبىھ بېرەتتى. بەزىدە ئۆزى چۈشەندۈرۈپ، سوئاللارنى سورايتتى. گاھىدا كىنولارغا ئەكىرىپ ئويناتسا، تۇرۇپلا كىچىك بالىدەك قەغەزلەرنى ھەر خىل قاتلاپ ۋە كېسىپ، خوراز، چاشقان، تۆگىلەرنى ياساشنى ئۆگىتەتتى. ئۆمرىدە ئاتا خوۋلىقىنى كۆرمىگەن ئابدۇنەبى ئۈچۈن، ھېكمەت ھەم ئاتا، ھەم ئاكا ئىدى. شۇڭا نەبى شەنبە كەچ، يەكشەنبە كۈنلىرى گۈلباققا چىقىپ، بوستان يولىغا قارايتتى. ئاچىسى گۈلزىبانىڭ يالغۇز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا، سۇلتۇيۇپ، خۇيلىنىپ قالاتتى. كۇرس باشلانغان دەسلەپكى ھەپتىلەردە، ھېكمەت كېلىپ تۇرغانىدى. مانا بىر ئايدىن بېرى كېلەلمىدى. ئابدۇنەبى ئۆزى نەچچە قېتىم بارغان بولسىمۇ، دەرۋازا ئالدىغا ئۇستەلنى توغرا قويۇپ ئولتۇرغان ئىككى دېژورنى مۇئەللىم ئۇنى كىرگۈزمىدى. ئۇ مەكتەپ ھويلىسىغا بويۇنداپ ئۇزۇنغىچە قارىدى، ئەمما ھېكمەت كۆرۈنمىدى.

ماھىگۈلمۇ ھېكمەتنى سېغىنغانىدى. ئۇ ئاچىسىنىڭ «سەنلا دەردىمگە يېتىسەن» دېگەن سۆزىدىن ئانىسىغا بولغان ئاچچىقىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. دېمىسىمۇ بۇمەرەمخان ئانلىق بۇرچى بىلەن قايىتقا ئىككى ئېغىز گېپىنى يېگۈزەلمەيتتى، ئۇنىڭدىن قورقۇپ - تىترەپلا تۇراتتى. ئۇ ئەقەللىسى مەھىگۈلنى ئۆز ھاياتى بەدىلىگە قۇتقۇزۇۋالغان ئىشنى بولسىمۇ ئويلىسا بولاتتى! . . . ھېكمەت ماھىگۈلنى بوستانغا ئېلىپ كەتكەندىن بېرى، خاتىرجەم، خۇشال تۇرمۇشنىڭ خاسىيىتىمۇ نېمە، ماھىگۈلنىڭ رەڭگى - رۇخسارى دائىم پاكىزە، كىيىنىشلىرى رەتلىك، يۈرۈش - تۇرۇشى چوڭ ئادەملەردەك سىپايە بولۇپ، ھەممە كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەتنىڭ خۇشخۇي مۇئامىلىسى، مېھرىبانلىقى، ئاق كۆڭۈللۈكلىكى، پاك نىيىتى قانلىرىغا سىڭىپ، ماھىگۈلنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىدە ئۇلۇغ ئىستەكلەرنى ئويغاتقانىمىدىكىن، ئىش قىلىپ، ئۇ ئەدەب - ئېكراملىق، پەزىلەتلىك چوڭ بولۇۋاتاتتى.

— بالام، — دېدى بۇمەرەمخان گۈلزىباغا قاراپ، — ھېكمەتنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ . . .

— ياخشى ئەمەس، — دېدى گۈلزىبا ئانىسىغا قارىمايلا، — ئۇنى «سوۋېتتە تۇغقانلىرىڭ بار، خەت - ئالاقە قىلدىڭ» دەپ خېلىلا خاپا قىلدى.

— كىر - قاتلىرىنى ئالغاچ كەلگەن بولسىڭىز. . .

— ئۆزى يۇيۇۋاتىدۇ، — گۈلزىبا ئېغىر تىنىپ قويدى، — ئۇ: «مەندىن يىراق تۇرۇڭ، ماڭا چېتىلىپ قالىسىز. . . يىغىنلاردا مېنىڭ ئۈستۈمدىن پىكىر قىلىڭ. . . سىزنىڭ ماڭا باغلىنىپ دەرد چېكىشىڭىزنى خالىمايمەن» دەيدۇ.

— ۋاي خۇدايىم، بىر ئوبدان بالا ئىدى، كۆز تەككەندەكلا بولدى - دە.

— ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، ئابدۇنەبى بىلەن ماھىگۈلگە بەش يۈەن بېرىۋېدى، — گۈلزىبا ئىككى ئۈكىسىغا تۇتقۇزدى، — ئوقۇش باشلايدىغانغا ئاز قالدى، دەپتەر، قەلەم ئالسۇن دېگەن.

ھويلىغا گۈلرۇز كىرىپ كېلىشى بىلەن ھەممە جىمىقتى. ماھىگۈل ئالمان - تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاش سېلىشقا تۇتۇندى. ئابدۇنەبى شىرەگە جەينەكلىگىنىچە ئالىيىپ قارىدى. بۇمەرەمخان گۈلرۇزنىڭ ساغرىسى پوسكۇيۇپ چىقىپ تۇرغان شىمىغا، تارلىقىدىن كۆكسىلىرى تېشىپ چىققۇدەك بولغان قىزىل كوپتىسىغا قاراپ بېشىنى ئېغىتتى.

— ماۋۇ سېنىڭ خېتىڭ، — دېدى گۈلرۇز تومپىيىپ تۇرغان كونۋېرتنى گۈلزىبانىڭ ئېتىكىگە تاشلاپ، — بايىلا بىر كىم ئالدىمنى توساپ بەرگەنىدى.

— كىمكەن ئۇ؟ — گۈلزىبا چۆچۈپ قارىدى، — ماڭا نېمىشقا خەت بېرىدىكەن؟ . . .

— سېنىڭ ئارىلىشىۋاتقان ئادەملىرىڭنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى گۈلرۇز شۇملۇق بىلەن قاراپ، — بىر ھەربىي ئادەمكەن! . . .

گۆلزىبا كونۋېرتنىڭ سىرتىدىكى «كېرىموف» دېگەن ئىسمىنى كۆرۈش بىلەن ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ماھىگۇل ئاش سېلىۋاتقان قازاننى كۆتۈرۈپ ئوچاق بېشىغا ئالدى ـ دە، كونۋېرتنى لوغۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىدى.

— ھەي، خەتنى سەن مۇشۇنداق ئوقۇمتىڭ؟ — گۇلرۇز ئورنىدىن چاچراپ تۇردى، — ئەجەب نوچىغۇ سەن؟...

— بىلىپ قوي، مەن بىلمىگەن ـ تونىمىغان ئادەمنىڭ خېتىنى ئوقۇمايمەن، — ۋارقىرىدى گۆلزىبا، — ئەجەب سەن خەت بەرگەن ئادەمنى تونىمايدىكەنسەنۇ، يەنە چىچاڭشىپ كېتىسەن؟

— ھەي يۈزسىز! — گۇلرۇز ئاغزىنى بۇزۇپ دېۋەيلەپ كەلدى، — سېنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن نەچچە قېتىم پاراڭلىشىپ تۇرغىنىڭنى كۆرمىسەمكەن كاشكى...

— ھە، ئەمدى بىلدىم، سېنىڭ كۆردۈم دېگىنىڭگە قارىغاندا، سەن ئوينىۋاتقان ئويۇنلاركەندە بۇ؟ — گۆلزىبانىڭ غەزەپتىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى، — بىلىپ قوي، ھېلىغۇ ئۇ ئەبلەخنى ئىككى قېتىم ئالدىمنى توسقىلى سالدىڭ، يۈز قېتىم، مىڭ قېتىم كۇشكۇرتسەڭمۇ يۈزىگە تۈكۈرىمەن...

— ھەي بولدى قىلىڭلار! — دېدى بۇمەرەمخان ۋارقىراپ، — گۇلرۇز سەن پەيدا بولدىڭمۇ، بۇ ئۆيدە خاتىرجەملىك يوق...

— ئاغزىڭنى يۇم، — گۇلرۇز ئانىسىنى سىلكىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگۈپ گۆلزىباغا يېقىنلاشتى، — ھەي جالاپ، ئەمدى نىجاستىڭنى مېنىڭ يۈزۈمگە سۈۋىماقچىمۇ؟...

— جالاپ دېگەن ئۆزۈڭ! — گۆلزىبا ۋارقىرىدى، — سېنىڭ ئۇ ئەبلەخ بىلەن قاچاندىن بېرى ئارىلىشىۋاتقانلىقىڭنى مەن ئوبدان بىلىمەن.

گۇلرۇز غۇلىچىنى چۆرۈپ مۇشت ئاتتى. گۆلزىبا ئۆزىنى ئېتتىك تارتىۋالغاچقا، مۇشت ئۇنىڭغا تەگمىدى. ئەمما ئوچاق بېشىدىكى قىڭراقنى قولىغا ئېلىۋالغان ئابدۇنەبى قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ، گۇلرۇزغا ئېتىلدى. ئۇ قىڭراقنى غەزەپ ـ ئاچچىقىدا شىلتىپ يوگرۇپ

كېلىشۋەرگەچكە، قورقۇپ كەتكەن گۈلرۇز ئارقىغا چېكىنىپ قاچتى. بۇ ئەسنادا، گۈلزىبا ئابدۇنەبىنى ئارقىدىن كېلىپ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى.
بىراق ئۇ بۇلجىناتتى «مېنى، قويۇۋەت» دەپ تېپىرلايتتى.
— بۇندىن كېيىن گۈلزىبا ئاچامنى تىللايدىكەنسەن، ئۇرىدىكەنسەن، — دېدى ئابدۇنەبى ئاپئاق تاتارغان هالدا، — سېنى چانىۋېتىمەن. . . ئۇقتۇڭمۇ؟ يۈزلىرىڭنى تىلىم - تىلىم كېسىۋېتىمەن. . . سەن داۋاملىق جامەنىڭ ئارقا تېمىدا شۇ هەربىي بىلەن گەپلىشىسەن. . . مەن نەچچە قېتىم كۆردۈم.
— سەن، — گۈلرۇز سەرسان كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ قېچىشىنى بىلمىدى، — يالغان سۆزلىمە. . .
— ئاچا، مېنى قويۇۋەت، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — ئابدۇنەبى قىڭراق تۇتقان قولىنى بوشاتماقچى بولۇپ سىلكىدى، — يالغان دەۋاتقىنىنى. . . بىز جامەنىڭ هويلىسىدا گاگار ئويناپ، گاگار بالچۇق تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈپ كەتكەندە، باللار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ چىقساق، سەن شۇ هەربىي بىلەن قۇچاقلىشىپ تۇرۇپسەنغۇ؟ . . . ئاغىنىلىرىم مېنى زاڭلىق قىلدىغۇ؟ . . .
گۈلرۇز هۆپپىدە قىزىرىپ، بوزۇرۇپ تۇرۇپ قالدى. گۈلزىبا ئابدۇنەبىنىڭ كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئايرىپ قىڭراقنى ئېلىۋالدى. ئاغىنىلىرىنىڭ ئىنتايىن پاسكىنا، جاندىن ئۆتكۈدەك ئاچچىق مەسخىرىلىرى تېخىچىلا غۇبارسىز يۈرىكىدىن كەتمىگەن ئابدۇنەبى غەزەپ ئاچچىقىدا يىغلىۋەتتى. ئۇ قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغانسىرى، يۈزلىرى شالتاق بولۇپ كەتتى.
— باللار. . . باللار. . . مېنى. . . مېنى. . . هازىرغىچە زاڭلىق قىلىدۇ. . . مەن. . . مەن. . . ئۇلار بىلەن ئوينىمايدىغان بولدۇم.
گۈلزىبا مەكتەپكە يەنە دەرد - ئەلەم يۈكىنى يۈكلەپ قايتتى. هېكمەت بىلەن ئىككىسىنىڭ ئۇ هەربىي توغرىسىدا چۈشەنچىسى باشقا ئىدى. ئەگەر گۈلرۇزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىش نىيىتى بولسا، بۇنىڭ

نېمە يامىنى بار دەپ كۆڭلىدە قوللىغانىدى. لېكىن ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. گۈلزىبا كۆرسقا قاتنىشىۋاتقاندىن بېرى، كېرىموف داۋاملىق ئۇنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى. بىر كۈنى كەچتە، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۆزىنىڭ توي قىلىش مەقسىدى بارلىقىنى ئېيتىپ، بىر پارچە خەت بېرىۋېدى، گۈلزىبا خەتنى ئالغىلى ئۇنىمىدى ۋە ئۆزىنىڭ لايىقى بارلىقىنى ئوچۇق دېدى. بىراق، كېرىموف ئاسانلىقچە بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قوراللىق بۆلۈمدە «كېچاڭ» دەرىجىلىك باشلىق ئىكەنلىكىنى، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ چوغدەك قىپقىزىل گىلەم بىلەن قاپلانغانلىقىنى، ئاتمىش ئىككى يۈەن مائاش ئالىدىغانلىقىنى، ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، بەختلىك بولالمىغانلىقىنى سۆزلىگەچ، تاپ بېسىپ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلدى. ئاخىرى، گۈلزىبا ئاچچىقلاپ، ئۇنىڭغا قارىمايلا ھويلىسىغا كىرىپ كەتتى. ئىككى كۈن ئۆتكەندە، قىزىق دەرۋازىسىدىكى «ئەخمەتجان كوچىسى» ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغان كېرىموف لوڭ - لوڭ دەسسەپ يېتىپ كەلدى. ئۇ گۈلزىبانىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ، جاۋاب بېرىشقا قىستىدى.

— قانداق يۈزسىز، نومۇس قىلمايدىغان ئادەمسىز؟ — دېدى گۈلزىبا ئاچچىقلاپ، — مۇنۇ كىيىۋالغان ھەربىي كىيىملىرىڭىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭ. . . سالاھىيەت - سۈپىتىڭىزگە، ياش قۇرامىڭىزغا قاراپ، ئۆزىڭىزگە لايىق ئاياللارنى ئىزلەڭ. . .

— بىلىمەن، سىز. . . سىز ھېكمەت دېگەن غۇلجىلىقنى ياخشى كۆرىسىز. . .

— شۇنداق، ياخشى كۆرىمەن، پۈتۈن مېھرىم بىلەن! . . . — گۈلزىبا ئاچچىقىدا نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويدى، ئەجەب سىز بۇلارنى بىلىدىكەنسىز؟

— بىلىمەن، ياق ئاڭلىغان، — كېرىموف ھودۇقتى، — بىراق سىزگە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قوياي، ئۇ خەتەرلىك ئادەم! . . . ئاخىرى بىر كۈن سىزنىمۇ ئوتقا سۆرەپ كىرىدۇ. . .

— ئوتقا؟ ھى، — گۈلزىبا مەسخىرە بىلەن دېمىغىنى قاقتى، — مەن

سىزگە شۇنى ئۇچۇق دەپ قويااي، ھېلىغۇ مېنى ئۇتقا ئېلىپ كىرىدىكەن، دوزاختىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كىرسىمۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇشاللىق بىلەن ماڭىمەن! . . . يولنى بوشىتىڭ. . .

— گۈلزىبا، سىز. . .

— ئەمدى ئادەم چاقىرىمەن، ھەربىي دېگەن كۆپكۆندۈزدە قىزلارنى توسسا، — دېدى گۈلزىبا قەھرى بىلەن، — ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت شوئارىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ. . .

. . . گۈلزىبا كۆڭۈلسىز خىياللار ئىلكىدە قىزىق دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنى دەپ ئېيتقۇسىز خورلۇق چىرمىۋالغانىدى. گۈلرۇز كېرىموف بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، ئۇنىڭ پۇلىنى خەجلەپ، كۆڭلىنى ئېچىپ يۈرگىنى بىلەن، قەستى ھېكمەتتە ئىدى. ئۇ، كېرىموفنىڭ گۈلزىباغا ئىچ - پەش تارتىپ يۈرگىنىنى تانسا ئويناپ يۈرگەن چاغلاردىلا بىلگەنىدى. شۇڭا گۈلرۇز ھېكمەتنى ئۆزىگە تارتماقچى، تارتالمىسا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى ئىدى. خېلى - خېلى يىگىتلەرنى ئويىنىتىپ، تۇمىقىنى تەتۈر كىيدۈرۈپ يولغا سالغان بۇ قىز ھېكمەتتىن يېڭىلگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى يەنىلا گۈلزىبادىن كۆرۈپ يۈردى. ئۆچمەنلىك خۇددى گىياھقا ئوخشايدۇ، ئۆسكەنسېرى يىلتىزى چوڭقۇرلىشىپ، ئۇنى يۇلىۋېتىش تەس بولمايدۇ. گۈلرۇزنىڭمۇ كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك راسا قۇرامىغا يەتكەن بولسا كېرەك، ئۇ، ھەر كېچىسى تۈن نىسپىلىرىغىچە ئۇخلىماي، ئۆچ ئېلىشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن يوللىرىنى ئويلاپ چىقاتتى.

— گۈلزىبا؟ — گۈلزىبا چۆچۈپ قاردى - دە، ئالدىدىلا تۇرغان نەفىسەنى كۆرۈپ قالدى، — چاقىرمىسام، قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتىڭىز - ھە؟ . . . ۋۇي چىرايىڭىز بىر قىسىملا تۇرىدىغۇ؟ ئۆيىڭىزدە يەنە بىر ئىش بولدىما؟

— ياق، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، — دېدى گۈلزىبا زورمۇ زور كۈلۈپ، — بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟ بوستاندىن قاچان كىردىڭىز؟ بوۋىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— بىر سائەتتەك بولدى كەلگىلى، — دېدى نەفىسە گۈلزىبانى دەرەخ دالدىسىغا تارتىپ، — بوۋام كېسەل ئەمەس، يالغان ئېيتىپ رۇخسەت سورىغانىدىم. . .

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مۇراتنى كۆرگەنسىز، كۈندىن كۈنگە تۇگىشىپلا كېتىۋاتىدۇ، — دېدى نەفىسە ئاستا پىچىرلاپ، — شۇڭا، كامىل بىلەن ھېكمەت زۇمرەتتىن ئەنسىرەپ، مېنى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى.

— ئۇ قانداقراق تۇرۇپتۇ؟ — ئەندىكىپ سورىدى گۈلزىبا، ئەھۋالى ياخشىدۇر؟ — مەتمۇسا يەنە ئەلچى كىرگۈزۈپتىمۇ؟

— مەن سىزنى شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغان. ھازىر ھېكمەت، مۇراتلار كامىلنىڭ ئۆيىگە كەتتى، — دېدى نەفىسە ئالدىراپ سۆزلەپ، — كۈرەش ئەتە تارقىلىدىغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كىنوغا كىرىپ كېتىشتى. سۇرۇشتە قىلىدىغان ئىش بۈگۈن تۈگىدى.

نەفىسە يولدا كەلگۈچە بوستاندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ ماڭدى. زۇمرەتنىڭ پاجىئەسىنى ئۆز بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر بىلەن باغلاپ، كۆڭلى يېرىم بولغان گۈلزىبا گۈجان مەھەللىسىگە كىرگۈچە، ئۈنسىز ياش تۆكۈپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىشىگە، سەئىدە ئۆيىدىن چىقىپ قارشى ئالدى. ئۇ كامىللارنىڭ باغدا ئىكەنلىكىنى ئىشارە قىلدى. لېكىن نەفىسە:

— ئاۋۋال خانىمزاتخان ئانامغا سالام بېرىپ چىقايلى، — دېدى.

سەئىدە ئىككى قىزنى باشلاپ مومايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئۇلار كۆپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقىشتى. نەفىسە بىلەن گۈلزىبا ئىگىز تاش پەلەمپەي ئارقىلىق كۆتۈرۈلۈپ، باغنىڭ قۇببە شەكىللىك كىچىك قوش ئىشىكىنى ئاچتى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار كۆل بويىدىكى چىملىققا سېلىنغان گىلەمدىلا ئولتۇرۇشاتتى. گەرچە قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، ئايدىڭ بولغاچقا، كۆلگە چۈشۈپ لەيلەپ يۈرگەن ئالمىلار، ھەم بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئاشىق - مەشۇق غول شاخلىرىدىكى ئاق ھەم قىزىل غەزىمەت ئالمىلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىدىن يۈلتۈزلاردەك

جىمىرلىشاتتى. ئەتراپتىكى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر، قويۇق ئوتلار، ئالاراھەت، شاپتۇللۇقلاردىن ھاشاراتلەرنىڭ ھەر خىل نەغمە - ناۋاسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. . .

— كېلىڭلار قىزلار، — دېدى يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، — قېنى ئولتۇرۇڭلار.

— ئاۋۋال ھاردۇقىڭلارنى ئالغاچ، يەل - يېمىش يەڭلار، — دېدى كامىل، ئالما، شاپتۇل، ئالاراھەتلەر تىزىلغان تەخسىلەرنى ئالدىغا سۈرۈپ، — شاپتۇل بەكمۇ سۇلۇق پىشىپتۇ، ئۇسسۇزلىقىڭلارنى باسىدۇ.

تەخسىدىكى مېۋىلەر پاكىزە يۇيۇلغاچقىمۇ، ئايدىڭدا قاشتېشىدەك ۋېلقىلدايتتى، مېزىلىك ھىدلىرى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. بىراق ئۇلارنى يېيىشكە ھېچقايسىسىنىڭ رايى بارمىدى. بىر يېرىم ئاي ئىچىدە زۇمرەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازاپلىق كۈنلەر ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى بوغۇپ، گېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتكىلى قويمىدى. ھەممىسىلا ئېغىر مۇسىبەتتە قالغاندەك، سۈكۈت ئىچىدە ئىدى. پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تىزلىرىغا ئېڭىكىنى قويغان مۇرات كۆل سۈيىدىكى ئالمىلار بىلەن ئوينىشىۋاتقان ئاي شولىسىغا قاراپ چوڭقۇر قايغۇغا پاتقانىدى.

— گۈلزىبا، — دېدى كامىل ئېغىر نەزەردە بېقىپ، — سىز زۇمرەتنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، يولدا كەلگىچە نەفىسەدىن ئاڭلىدىم، — دېدى گۈلزىبا ئۇھ تارتىپ، — مەن ئۇ قىزنىڭ جاسارىتىگە، شىجائىتىگە، ئەقىدىسىگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن! . . . بۇنداق يەكدىللىق روھ قىزلاردا كەم تېپىلىدۇ.

— مۇرات سەن كۆپ ھەسرەت چەكمە، — دېدى كامىل، — زۇمرەتنىڭ ۋاپادار ئەقىدىسىدىن پەخىرلىنىشىڭ كېرەك. ئۇ چىن سۆيگۈ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. . . 6 ـ 7 قېتىملىق ئەلچىلەرنىڭ بېسىمىنى يەڭدى. قەرز پۇلنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئەقىل بىلەن ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنى چۆچۈتتى. شۇڭا، مەتمۇساغا ئوت قويۇۋەتسىمۇ، ئامالسىزلىقتىن ئۈچىنچى كۈنىلا سولاقنى بىكار قىلىشتى.

— ھازىر، زۇمرەتتىن، پۇلدىن قۇرۇق قېلىپ يۈزى تۆكۈلگەن

خالىق، — دېدى ھېكمەت مۇراتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي، ھۇجۇمنى ياقۇپكامغا قاراتتى. ئۇمۇ خالىقنىڭ ياۋۇز نىيىتىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— سىلەرنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇتقىنىڭلارغا رەخمەت، — دېدى مۇرات، — لېكىن بىر ئىشنى ئويلىسام ـ ئويلىسام تېگىگە يېتەلمەيمەن، نېمە ئۈچۈن ياقۇپكام بىر نەچچە كۈننىڭ ئىچىدىلا يېنىۋالىدۇ. . . ئۆزگىرىپ كېتىدۇ؟

— توختاڭلار! — دېدى نەفىسە بىردىنلا، — زۇمرەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ياقۇپكام كېچىلىرى جۆيلۈيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ: «كامىل، ھېكمەت، مۇرات قېچىڭلار! . . . »، «ئۇلار چۆكۈپ كەتتى! . . . »، «تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىڭلار. . . »، «مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق! . . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ۋارقىراپ، تەرلەپ، ھاسىراپ تۇرۇپ كېتىدىكەن. . .

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە سىرلىق مەنادا قارىشىپ قېلىشتى. ياقۇپنىڭ جۆيلۈشلىرىدىن قانداقتۇر بىر ۋەھىمە، تەھدىت، قورقۇنچ چىقىپ تۇراتتى.

— مەسىلە ناھايىتى ئېنىق، — دېدى كامىل، — سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، پۇلنى قايتۇرغىنى كەتكەن ياقۇپكام نېمە ئۈچۈن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ قايتىپ كېلىدۇ؟ چۈنكى ئۇنى بىر كىم قورقۇتقان! . . .

— مېنىڭچە، كامىل، ھېكمەت ئىككىڭلار، — دېدى گۈلزىبا، — ياقۇپكام بىلەن خالىي بىر يەردە سۆزلىشىپ كۆرسەڭلار! . . .

— گۈلزىبا توغرا ئېيتىدۇ، — كامىل ھەممىگە تەكشى قارىدى، — مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم. ئەتە خۇلاسە دوكلاتىدىن قايتىپ، كېچىدىلا فىرمىغا بارايلى. . .

ئۇلار، ياقۇپقا خىيانەت ئارتىپ، بوغالتىرلىقتىن توختىتىپ، رىجىمدا ئىشلىتىۋاتقان ئىشتىمۇ خالىقنىڭ قولى بارلىقى ھەققىدە بىر ئاز سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال مەكتەپكە قايتىشتى. چۈنكى كىنوغا كىرىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭمۇ چىقىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا، «ئاممىۋى كىنوخانا» نىڭ يازلىق كۇلۇبى ئادەم بىلەن لىق تولدى، خۇلاسە دوكلاتى ناھايىتى سۈرلۈك باشلاندى. ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتىكى كۇرسلاردىكىدەك پىچىرلىشىش، باش ئېگىشىپ سالاملىشىش، خوشلىشىش پاراڭلىرىنى قىلىشلاردىن خالى ئىدى. كۇرسقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر بوجاڭنىڭ ئاۋازى يۇقىرى بېسىملىق رادىئو كارنىيىدىن شەھەر رەستىلىرىگىمۇ ئاڭلانماقتا ئىدى...

ئەنۋەر بوجاڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، كەڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنى، ئوقۇتقۇچىلار سىپىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيىسى بىلەن زەھەرلەنگەن، تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنى تەھلىلىي تەنقىد ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋېلىشنى، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا شيۇجېڭجۇيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئاخىرىدا، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرى ئارقا - ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ، ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

قىسقىسى، بۇ قېتىمقى يازلىق كۇرس ئوقۇتقۇچىلارنى يەنە بىر قېتىم تاسقاپ بەلگە قويۇش، چېكىت ئۇرۇش، رەتكە تۇرغۇزۇش، نىشانلاش، قىسمەن زەربە بېرىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ياتىقىنى بىر قۇر تازىلاپ، يوتقان - كۆرپىلىرىنى قېقىپ سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار گۇڭشې پوچتىخانىسىغا ئەۋەتكەن گۇلزىبادۇ بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى. ئۇ، «زۇمرەت كەچتە ئىشلىمەيتۇ» دېگەندىن كېيىن، ئۈچ دوست يولغا چىقىشتى. ئۇلار يول چېتىدىكى دەرەخ سايىلىرى، پىنھان قاراڭغۇلۇقلاردا مېڭىپ، قىرمىغا يېتىپ كېلىشتى. مۇرات دەرۋازىنى ئېچىپلا كىرمەكچى بولۇۋېدى، كامىل ئۇنىمىدى. ئۇنىڭغا ئىلاجى بار **ياقۇپقا** كۆرۈنمەسلىكنى تاپىلىدى. كامىل دەرۋازا يوچۇقىدىن قارىدى. كېچە ئايدىڭ بولغاچقا، ھويلا ئاپئاق يورۇپ تۇراتتى.

ئۆي تېمىغا يۆلەنگەن شوتا بالدىقىدا بىر دەرا كۆلەڭگە ئېگەك تېرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ زىلۋا سىياقىغا، مۇرىسىگە چۇشۇپ تۇرغان قويۇق چاچلىرىنىڭ سايىسىغا بىرلا قاراپ، ئۇنىڭ زۇمرەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن كامىل ئىشىك ھالقىسىنى بوشقىنا شىرىقلاتتى. سايە دەرھال چۆچۈپ يەرگە چۈشتى ۋە يۈگۈرۈپ كېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

— كامىل، ھېكمەت! . . . — زۇمرەت كامىلنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلىۋەتتى، — مۇرات قېنى، ئۇ كەلمىدىمۇ؟ . . .

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ زۇمرەت، — دېدى كامىل ئاستا شىۋىرلاپ، — ئاۋۋال ئىككىمىزنى دادىڭىزنىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىڭ! مۇرات سىزنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بولجالىقتا ساقلاپ تۇرىدۇ.

زۇمرەت قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتكىنىدىن ھاياجىنىنى باسالمايلا قالدى. ئۇ كامىل بىلەن ھېكمەتنى باشلاپ كىرگەندە، ياقۇپ كاڭ ئۈستىدە ياستۇققا يۆلىنىپ، مۈكچەيگىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ياقۇپكا! — دېدى كامىل بىلەن ھېكمەت قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — تەنلىرى سالامەت، ئۆزلىرى ئوبدان تۇردىلىمۇ؟

— سى. . . سىلەر؟ . . . بۇ. . . بۇ. . . — ياقۇپ قورقۇش، ئەندىشە ئىزتىراپىدا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تالاغا قارىدى، — ۋاي خۇدايىم، بۇ. . . بۇ قانداق قىلغىنىڭلار؟ سىلەر قورقماي. . .

— ياقۇپكا، ئۆزلىرىنى بېسىۋالسىلا، بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى، — دېدى ھېكمەت ياقۇپنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، — ئۆزلىرى بىلەن ئىككى ئېغىزلا سۆزلىشىپ كېتىمىز. . .

— ياقۇپكا، بىز جىنايەتچى ياكى سىنىپىي دۈشمەن ئەمەس، — دېدى كامىل سەل رەنجىگەندەك قىلىپ، — بىزدىن ئۈنچىۋېلا قورقۇپ كېتىش ھاجەتسىز. . .

— سىلەر سۆزلىشىڭلار، مەن سىرتقا چىقىپ تۇراي، — دېدى زۇمرەت ئالدىراپ.

زۇمرەت ھويلا ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پەس ئاۋازدا: «مۇرات، مۇرات» دەپ توۋلىدى. تۇيۇقسىزلا ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن ئازغان گۈلى ئارقىسىدىن چىققان مۇرات زۇمرەتنى قۇچاقلىۋالدى.

— مۇرات!.. — زۇمرەت لاسسىدا بوشاپ، مۇراتنىڭ قۇچىقىدا ساڭگىلاپ قالدى.

— زۇمرەت!... زۇمرەت؟... — مۇراتنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۇ دەرھال ئېرىققا ئېگىشىپ، قىزنىڭ يۈزىگە سۇ سەپتى... بىر چاغدىلا كۆزىنى ئاچقان زۇمرەت مۇراتنىڭ بوينىنى چىڭ قۇچاغلىۋالدى.

— زۇمرەت، ماڭا بىر قاراڭ، مەن سىزنى بىر كۆرەي...— مۇرات ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، — زۇمرەت بۇ مەن...

— مۇرات!... ئاھ خۇدا بۇ دۇنيادا سىز بارمۇ؟... سىز مېنى تاشلاپ نەگە كەتتىڭىز؟... — زۇمرەت مۇراتنىڭ مۈرىلىرىگە ئۇراتتى، سىلكىنەتتى، ئېسەدەپ يىغلايتتى.

— زۇمرەت جۇدەپ قاپسىز؟... قېنى ئۇ گەپ قىلىشنى بىلىدىغان، ماڭا قاراپ كۈلىدىغان قارا كۆزلەرنىڭ نۇرلۇق شولىسى؟ ئېيتىڭا، لەۋلىرىڭىز نېمانچە گەز باغلاپ كەتتى؟... نېمە ئۈچۈن قىياقتەك قاشلار قىيىلدى؟...

— ئاھ مۇرات، كۆزلىرىمگە نۇر بېرىدىغان قۇياشىم بولمىسا! — زۇمرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرى بىلەن شىۋىرلايتتى، — لەۋلىرىمگە شەربەت ئاتا قىلىدىغان تومۇرۇمدىن ئايرىلغان تۇرسام!... قاشلىرىم نېمە ئۈچۈن قىيىلمىسۇن؟ ئۇنىڭ تەشنالىقىغا زەمزەم بېرىدىغان باھار يامغۇرۇم تۆكۈلمىسە!...

— زۇمرەت، مېنىڭ تۇمۇچۇقۇم، — دېدى مۇرات قىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، — سىز مەندىن رەنجىدىڭىز، مېنى ئۇرۇڭ، تىللاڭ، مەن ئەسكى...

— ياق، ياق، ئۇنداق دېمەڭ، — زۇمرەت مۇراتنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالدى، — مەن نەفسەدىن ئاڭلىدىم... ئەنسىردىم... بىتاقەت

بولدۇم. . . ماڭا نېمە چارە؟ . . .

ئىككى دەردمەن يۈرەك ناھايىتى يېقىنلا بىر يەردە بىللە ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ئارا شىۋىرلىشاتتى. قىز يۈرىكى: «مەن سېنىڭ بىلەن مەڭگۈ مۇشۇنداق سىردىششقا تەشنا» دەيتتى. يىگىت يۈرىكى: «ئاھ، مەن ساڭا قاچانمۇ قانارمەن؟ » دەپ پىچىرلايتتى. قىز يۈرىكى: «قايسى مەلئۇن بىزنى ئايرىۋەتسە ئوت ئۇۋۇالىمىزغا قالىدۇ. . . » دېگەندەك نالە قىلاتتى. . . يىگىت يۈرىكى: «سەن ماڭا تېخىمۇ يېقىنراق كەل. . . » دەۋاتقاندەك رىتىمىدىن ئېزىپ ئۇراتتى. . .

— زۇمرەت، مەن كۆپ ئويلىدىم. ئاخىرى سىزنى قەشقەرگە ئېلىپ قېچىش قارارىغا كەلدىم، بولامدۇ؟ . . . — دېدى مۇرات ناھايىتى ئاستا،— گەپ قىلىڭا! نېمە ئۈچۈن يىغلايسىز؟ . . .

مۇئەللىپ سىلەرگە ئاق يول تىلەيدۇ! . . كېتىڭلار. . . قانچە يىراق كەتسەڭلار شۇنچە ياخشى! . . . بەختىڭلار ئۈچۈن! . . . ئەتەڭلار ئۈچۈن! . . . كەلگۈسىڭلار ئۈچۈن! . . . زۇمرەت ماقۇل دەڭ. . . ئاچچىق - ئاچچىق ياشلارنى تۆككىچە، كىچىككىنە يۈرىكىڭىزنى قوقاسقا سېلىپ كاۋاپتەك ئۆرتىگىچە، كېتىڭ. . . دەرھال جاۋاب بېرىڭ! . . . بىراق زۇمرەت بېشىنى چايقىدى. ئۇ: ئەي مېنى شەربەت تامغان قەلىمى، ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن يارانقان يازغۇچى، مۇشۇنداق ھالەتتە سىز ئۆزىڭىزمۇ قېرى ئانىڭىزنى، ياشانغان دادىڭىزنى بالا - ئاپەت دوزىخىغا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلەمسىز؟ ئۆمۈرلۈك يۈرەك جاراھىتى پەيدا بولمامدۇ؟ ئۇ ۋىجدانىڭىزنى ئۆرتىمەسمۇ؟ . . . بىزنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، يۈرەك قانلىرىنى بەرگىنى ئۈچۈن، ئەقىل نۇرلىرى بىلەن كۆڭلىمىزگە چىراغ يېقىپ ئادىمىيلىك پەزىلەت ئاتا قىلغىنى ئۈچۈن، ئاتا - ئانىمىزنى مۇشۇنداق جازالىساق، خۇدا بىزنى ئەپۇ ئېتەرمۇ! . . . دەپ ماڭا سوئال قويدى. مەن قىزاردىم، تاتاردىم، نومۇستىن يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بىلىندى. ئەقلىڭىزگە ئاپىرىن زۇمرەت! . . . مەن سىزنى شوخلۇقنىلا بىلىدۇ، تەبىئىتى يېنىك دەپلا يۈرۈپتىكەنمەن، بىراق سىز ئەخلاق ۋە ۋىجدان بابىدا مېنى تاڭ قالدۇردىڭىز! . . .

— زۇمرەت، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى مۇرات قىزغا ئېگىشىپ، — قانداق بىر قارارغا كەلدىڭىزمۇ؟

— كەچۈرۈڭ مۇرات، بۇ دۇنيادا تەنها بولغان بولسام، بىر جېنىم ئەمەس ئون جېنىم بولسىمۇ، سىزگە ئاتىۋەتكەن بولار ئىدىم! — دېدى زۇمرەت ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ، — لېكىن دادام ھازىر ئىنتايىن بىچارە، بىقۇل، ئۇ ماڭا مۇھتاج! . . . ئۇنىڭ ئاپئاق چاچ - ساقاللىرىنى، ئېگىشىپ ماڭغاندىكى تىترىگەنلىرىنى، يىغلامسىرىغاندەك قاراشلىرىنى كۆرسەملا، ئىچىم سىيرىلىپ كېتىدۇ. ئىشقا ماڭسام، بىر كۆزۈم ئارقىدا قالىدۇ. دادامنىڭ. . .

— بولدى يىغلىماڭ. . . مەن. . . سىزنىلا ئويلاپتىمەن. . . كەچۈرۈڭ مېنى! سىزنىڭ دادىڭىز مېنىڭمۇ دادام! . . . ئۇ ساددىلىقىدىن، نادانلىقىدىن، كۆڭلىنىڭ تۈزلۈكىدىن ئالدانىدى. . . بىز بۇنى توغرا چۈشىنەلمەيمىز. . .

— رەھمەت سىزگە مۇرات! . . . مېنىڭ مۇراتىم! . . .

— زۇمرەت! . . . ئاھ، مېنىڭ زۇمرىتىم! . . .

مۇرات بىلەن زۇمرەت بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تويماي قارىشىپ، كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە بىر دەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئەمما يېقىنلا بىر يەردىن زەئىپ يۆتەلگەن ئاۋاز كەلدى. بۇ ياقۇپ ئىدى.

— زۇمرەت، زۇمى قىزىم. . . كەچ بولۇپ كەتتى. . .

— خوش ئەمىسە مۇرات. . . مەن بۈگۈن بەك خوشال. . . سىزنى كۆردۈم. . . راستتىنلا بەك خۇشال. . .

— مەن يەنە كېلىمەن. . .

— ئەمدى پوچتىخانىدا كۆرۈشەيلى. . .

زۇمرەت كېتەر چېغىدا، مۇراتقا ئېسىلىپ بىر ئۆپۈش ھەدىيە قىلدى. مۇرات ئۆز جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئەتراپىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. توغرا، ئۇ كىمنىدۇر ئىزلىدى، بىراق ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى قۇش ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

— دادا، كامىل، ھېكمەتلەر قېنى؟ — زۇمرەت مۇراتنى ئاڭلىسۇن

دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — نېمە، كەتتى دېدىڭما؟ . . .

مۇرات چېغىر يوللار بىلەن ئارقىغا قايتتى. ئۇ يىراقتىنلا چوڭ يول ئېغىزىدا ساقلاپ تۇرغان كامىل بىلەن ھېكمەتنى كۆرۈپ ئالدىراپ يېتىپ كەلدى.

— قانداق سۆزلەشتىڭلارمۇ؟ — مۇرات ئالدىراپ سورىدى، — ياقۇپكام بىر نېمە دېدىمۇ؟ . . .

— بىزمۇ تەڭلىكتە قالدۇق، — دېدى ھېكمەت خۇرسىنىپ، — ئۇ قورقۇپ، تىترەپ يىغلاپلا تۇردۇ. ئاپئاق ساقاللىق ئادەم ياش تۆكسىمۇ بىر قىسمىلا بولۇپ قالىدىكەن كىشى. . .

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىنتايىن زىل، قورقۇنچلۇق بىر ئىشتا ياقۇپكامنىڭ تىلى باغلىنىپ قالغان، — دېدى كامىل ئېغىر تىنىپ، — شۇڭا بىزدىنمۇ قورقۇپ تۇرۇۋاتىدۇ! . . .

— مۇرات، يەنە سەۋر قىلايلى، — دېدى ھېكمەت، — ھازىر ئەلچىنىڭ قويرۇقى ئۈزۈلۈپتۇ، پۈلنىمۇ سۈيلىمەيدىغان بوپتۇ. بەلكىم زۇمرەتنىڭ بىرەر ۋەقە تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالغان بولسا كېرەك. . .

دوستلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق زۇمرەت بىلەن كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىۋالغان مۇراتنىڭ كۆڭلى خېلىلا ئارامىغا چۈشتى. ئۇلار كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەچ، مەكتىپىگە قايتىپ كېلىشتى.

ئوقۇغۇچىلار يىغىلىپ دەرس باشلاندى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بارلىق ئوقۇتقۇچىلار چوڭ ئىشخانىغا كەسپىي ئۆگىنىش ئۈچۈن يىغىلدى. ئۇلار ئۈچ كۈندىن بېرى كامىل بىلەن ھېكمەت يازغان «دەرس ئۆزلەشتۈرۈش ۋە مېتودىكا» دېگەن ماقالىنى مۇزاكىرە قىلىپ تالاش - تارتىش قىلىۋاتاتتى. بۇ ماقالە ئەسلى يازلىق تەتىل ئالدىدىلا بىر قېتىم مۇنازىرە قوزغاپ ئۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. لېكىن مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا ئىشلەش جىددى باشلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋاقتىنچە توختاپ قالغانىدى. ماقالىنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى

يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەمەلىي ئۈنۈمى بارلىقىنى بۇرۇنلا ھېس قىلغان زىكرۇللا غوجى ئۇنى قايتا مۇزاكىرىگە سالغانىدى.

ئوقۇتقۇچىلار بەس - بەستە سۆزلەپ، مۇنازىرە راسا قىزىۋاتقان پەيتتە، زەينىدىن تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپنى باشلاپ كىردى. ئىشخانا ئىچى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغاق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك بىردىنلا جىمىلىققا چۆكتى. خالىق ھەر قانچە ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندەك تۇرسىمۇ، يەنىلا ئوغۇرلۇقچە مۇرات، ھېكمەتلەرگە كۆز سالدى. بولۇپمۇ ئۇ كامىلغا دەممۇ دەم قارايتتى، چىڭقالغاندەك بولۇپ، گۇرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقاتتى.

زەينىدىن تۇراپ ئىمىننى يولىيۇرۇق بېرىشكە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇ ناھىيىنىڭ «ئەڭ مۇھىم ھۆججەت» چۈشۈرگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا ھەممە كىشىنىڭ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى قاتتىق تەلەپپۇزدا سۆزلىدى. خالىق كاتىپ ماتېرىيال پوپكىسىدىن ھۆججەتنى ئالدىرماي ئېلىپ ئوقۇدى. ھۆججەت ئوقۇلغانسېرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېشى چۈشۈپ، يۈرىكىنى ئەندىشە قاپلىدى. ھەپتىدىن بېرى كېچە - كۈندۈزلەپ جاپا چېكىپ ئاران يىغىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ يەنە توزۇپ كېتىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا گەپ سىغمايتتى. ھۆججەتتە، ئوقۇغۇچىلارغا ئايلىق تاماق پۇلى بېكىتىش — تاماق پۇلىنى شەخسى ئەللىك پىرسەنت، دادۇي ئون پىرسەنت، مەكتەپ ئون پىرسەنت، دۆلەت ئوتتۇز پىرسەنت كۆتۈرۈش بەلگىلەنگەنىدى. تاماق پۇلى تۆلىمەي تۇرۇپمۇ مەكتەپتىن قېچىش، دەرسكە كەلمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر تۇرسا، ئەمدى مەكتەپتە ئوقۇغۇچى قالارمۇ؟... ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە ئىشلەپ تۇرۇپمۇ يەنە قەرزگە بوغۇلۇپ، بىر تىيىننىڭ قارىسىنى كۆرمەيدىغان دېھقانلار ئايلىق تاماق پۇلىنى قانداق تۆلەيدۇ؟... دېگەن ئېغىر ئوي ئوقۇتقۇچىلارنى تاغدەك كېلىپ باستى...

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايلىق تاماق پۇلى يەتتە يېرىم يۈەن، — دېدى تۇراپ ئىمىن ۋارقىراپ، — ئەللىك پىرسەنت دېگەن ناھايىتى ئۈچ يۈەن

يەتمىش بەش فوڭ، ئەمما پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ بالىلىرى تاماق پۇلىنى يۈز پىرسەنت تۆلەيدۇ. ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ بالىلىرىمۇ ئەللىك پىرسەنتتىن يۇقىرى تۆلىشى كېرەك... بۇ دېگەن سىنىپىي كۈرەش...

— تاماق پۇلى بېكىتىش خىزمىتى مۇھىم ۋە جىددىي سىياسىي خىزمەت، — دېدى خالىق سىپايىلىق بىلەن، — بۇنىڭغا ئاجرىتىلغان ئوقۇتقۇچىلار خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلماي، ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم. تۇ شۇجى رادىئو ئارقىلىق يەرلىك كادىرلارنىڭ يېقىنىدىن ياردەمدە بولۇشىنى ئۇقتۇرماقچى.

ئەتىسىلا، تاماق پۇلى باھالاش خىزمىتىگە ئايرىلغان ئون ئوقۇتقۇچى يوتقان - كۆرپىسىنى باغلاپ، يېزا - كەنتلەرگە يۈرۈپ كەتتى. كامىل بىلەن مۇرات ئوتتۇرا مەكتەپپى يوق سىرت گۇڭشېلاردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلىنى باھالاش ئۈچۈن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا توساللا، بۇزاق يېزىلىرىغا ماڭدى. ئەسلىدە بۇ ئىشقا سىنىپ مۇدىرلىرىنى بەلگىلىمەسلىك دېگەن قارار بولسىمۇ، ھېكمەت بوستاننىڭ قارىشاش ناھىيىسىگە چېگرىداش بولغان ئەڭ يىراق تايتاق، يۇقاقۇن، تۇنۇن كەنتلىرىگە تەقسىم قىلىندى. كېچىچە ھېكمەتنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تەييارلىغان گۈلزىبا بىلەن ماھىگۈل ئەتىگەندىلا كامىلنىڭ ياتىقىغا كىردى. بۇ يىل مەكتەپتە بىر تولۇق سىنىپ قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ماھىگۈل شەھەرلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ كەتمىگەنىدى.

— ماھىگۈل سىڭلىم، — دېدى ھېكمەت سومكىسىغا خاتىرىسىنى سېلىۋېتىپ، — ياخشى ئوقۇڭ، تىرىشىپ رىقابەت بىلەن باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىڭ. سىز مۇشۇ مەكتەپتە 10 - سىنىپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن سىزنى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا يولغا سالىمەن...

— رەخمەت ھېكمەت ئاكا! — ماھىگۈل يىغلىغان پېتى يۈگرەپ چىقىپ كەتتى.

— گۈلزىبا، — دېدى ھېكمەت، — سىنىپىمغا رېخىم نۇرى مەسئۇل بولدى، ئۇ ئىت تالاشتۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بالىلارغا ئوبدان

قارىيالمايدۇ. سىز كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇڭ. سىزنىڭ سىنىپ مۇدىرلىق تەجرىبىڭىز بار. . .

— بىلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ. . .

— ھە راست، نەفىسە، زۇمرەتلەر بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇڭ، بولۇپمۇ زۇمرەتنى كۆپرەك يوقلاڭ! . . .

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ. . . — گۈلزىبا قىيالماسلىق بىلەن ھېكمەتكە باقتى، — سىز خىزمەت بىلەن بولۇپ كەتسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئونتۇپ قالىسىز. . . ۋاقتى - ۋاقتىدا تاماق يېيىشنى ئۇنتۇماڭ. . .

تاماق پۇلى باھالىغۇچىلار كېتىپ ئىككى كۈن ئۆتتى. بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە يەنە بىر يېڭىلىق يۈز بەردى. ئەتىگەنلىك سىياسىي ئۆگىنىشتە، ئىشخانىدا ئىككى ھەربىي ئولتۇراتتى. بىرسى قارىراق، ئاغزىدا ئىككى تال ئالتۇن چىشى بار، يۈزلىرى سوزۇنچاق 25 - 26 ياشلار چامىسىدىكى ئادەم ئىدى. يەنە بىرسى تۇرقىدىن قىرىقلارغا ئۇلىشىپ قالغان ئادەم بولۇپ، ئۇ بېشىنى گەجگىسىگە چۆكۈرۈپ، ئېڭىكىنى ئۇچلاپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ يۈزىدە ئۇششاق پورەك سەپكۈن بولۇپ، كىچىك قىيپاش كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قېشى بىلەن كىرپىكىنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، ئادەمگە كۆچار سوپۇننىڭ سىياقىنى ئەسلىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ، گۈلزىبانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ كېرىموف ئىدى. . .

زەيىنىدىن ئۇلارنى قورالىق بۆلۈمدىن مىنبىڭ تەربىيىلەشكە كەلگەن ئۆمەر، كېرىموف دەپ كۆپچىلىككە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە مىنبىڭ تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ كەڭ قانات يايغانلىقى، چۈنكى دۆلەت ئىچىدىكى ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، يومىشچىك، باي دېھقانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى، سىرتقى جەھەتتىن جاھانگىرلار ۋە سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى مەۋجۇت ئىكەنلىكى، شۇڭا ھەر بىر ئادەمنىڭ سىنىپىي كۈرەشنى ئۇنتۇماي، قورال تۇتالايدىغان، ئاتالايدىغان، دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان

ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا سۆزلىدى.

زەيىندىن بۇگۈن ناھايىتى تېتىك، روھلۇق كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇ خالىقنىڭ يولىيۇرۇق كۆرسىتىشى بىلەن، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى يېراققا پالاپ، ئۇلاردىن تۇنجى قېتىم ئۆچ ئېلىپ، ئىچىنى بىر ئاز بوشۇتۇۋالدى. ئەمدى ئۇلار بىرەر ئايغىچە ئاچ - توق يۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ تىل - ئاھانىتىنى ئىشتىپ، راسا ئەدىبىنى يەيدۇ...

كېرىموف ئەتىسىدىن باشلاپقا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ مەكتەپ بويىچە ئەللىك ئوقۇغۇچى تاللاپ، پەيجاڭ، بەنجاڭلارنى سايلىدى. ئۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە - كەچتە، «ئوڭغا»، «سولغا»، «ئارقىغا» دېگەندەك بۇيرۇقلار بىلەن مېڭىشنى، ئۈمۈلەشنى مەشىق قىلدۇراتتى. مىنبىڭلار قوللىرىدىكى قىزىل بويالغان تاياقلىرىنى پاخالدىن ياسالغان «دۈشمەن»لەرگە «شا...» دەپ تىقاتتى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئەمگەك پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايتتى. ئۆمەر ئىسىملىك ياش ھەربى مەشىق ۋاقىتلىرىدىن باشقا چاغلاردا، توپ مەيدانىدىن چىقماي، ئوقۇغۇچىلار بىلەن ۋاسكىتبول ئوينايتتى.

كېرىموف خىزمەتتە ناھايىتى ئەستايىدىل، سىنىپىي كۈرەش ئېڭى يۇقىرى ئادەممۇ نېمە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى ئەھۋاللىرىنى ئېنىقلاشنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىش زەيىندىنگە مايدەك ياقتى. ئۇ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ «جىنايەت»لىرىنى ئۇنىڭغا ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. ھەتتا، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، ئەخمەن ھوشۇرلارنىمۇ يامانغا يان تاياق بولىدىغان، سىنىپىي ئېڭى تۆۋەن، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتى.

كېرىموف بىر كۈنى كەچتە، زەيىندىننىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇلار ئىچكەركى ھۇجرىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئاق قوناق ھارىقىدىن ئىچىشتى. ئۇياقتىن - بۇياقتىن سۆزلىشىپ، گەپ گۈلزىبا ئۈستىگە مەركەزلىشىپ قالدى. زەيىندىن تەڭشىلىپ قالغان كېرىموفنىڭ ئاغزىدىن ھەممە گەپنى ئاڭلاپ، گۈل - قەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. ئەگەر كېرىموف گۈلزىبانى

بىر ئاماللاپ تارتىپ كەتسە، ھېلىقى گەپدان شىماللىقنىڭ ئۆپكىسى قېقىلىپ كەتكەن بولارئىدى.

— نەچچە قېتىملىق خەتلىرىنى ئالماي، گەپلىرىنى يىرىۋەتكەن بولسا، — دېدى زەينىدىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — ئۇنىڭ سەۋەبى يەنە شۇ ھېكمەت. . . گۇلزىبا ئۆزى ئۆز بولغىنى بىلەن، بۇ ئىشتا دىۋەڭلىك قىپتۇ.

— مەن ھېكمەتنىڭ ئىشلىرىنى بۇرۇنمۇ ئىگىلىگەن، ھازىر تېخىمۇ تولۇق بولدى، — دېدى كېرىموف پىيالىدىكى هاراقنى گېلىغا گۇپلا قىلىپ ئۇرۇپ، — كۆرۈپ تۇرسىلا، مەن ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىمەن. . .

— ھەببەللى، يارايلا. . . سىلى دېگەن ھەربىي تۇرسىلا، ۋۇي توختىسىلا، بىر ئىش خەتمىگە كەلدى، — زەينىدىن تۇيۇقسىزلا بۇرگە چاققاندەك سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، كۆز چاناقلىرى كېڭەيدى، — قىشلىق تەتىلدىكى شىۋجېڭجۇيىچىلارغا قارشى كۇرستا پارتىيە مەكتىپىدىن ھېكمەتلەر توغرىلىق بىر مەخپىي ماتېرىيال ئەۋەتىپتىكەن. ئۇ ماتېرىيال ھازىر خالىق كاتىپنىڭ قولىدا! . . .

— نېمە ماتېرىيال ئىكەن؟ — كېرىموف دەرھال سۇرۇلۇپ زەينىدىنگە ئېڭىشتى.

— كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسى ھەققىدە يېزىلغانىكەن.

كېرىموف هاراق تۈگىمەيلا، زەينىدىنىنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىقتى. ۋاقىت ئانچە كەچ بولۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. ئۇ دەسلەپ بوستانغا كەلگەن كۈنى تونۇشتۇرۇشلىرىنى كۆتىرىپ گۇڭشې پارتكومى ئىشخانىسىغا بارغانىدى. خالىق كاتىپ ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ، هاردۇق چىقىرىمۇ قويۇپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا، خالىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ھەققىدە توختىلىپ، بىر قىسىم مۇئەللىملەرنىڭ شىۋجېڭجۇيىلىق ئىدىيە بىلەن زەھەرلەنگەنلىكى، ئۇلارغا نىسبەتەن ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، كۆز ـ قۇلاق بولۇشنىڭ

زۆرۇرلىكىنى پۇرتىپ ئۆتكەنىدى. مانا ئەمدى خىزمىتىدىن دوكلات قىلىش باھانىسىدا، ھېكمەتنى يەنىمۇ چوڭقۇر قېزىش پۇرسىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان كېرىموف كېچىلەپ خالىقنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

خالىق ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە ئىچكەركى مېھمانخانىنىڭ قاتمۇ قات گىلەم - كۆرپىلەر سېلىنغان سۇپىسىغا تەكلىپ قىلدى. خالىقنىڭ لەڭپۇڭدەك لىغىرلاپ تۇرىدىغان، لېكىن چىرايىدىن قورقۇش، چۆچۈش ئالامەتلىرى كۆرۈنىپ تۇرغان ئايالى بىردەمدىلا شىرەنى گۈللىتىۋەتتى. قايناق دەملەنگەن دورا چاينىڭ ئۆتكۈر ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلدى. توقاچلار ئۇشتۇلۇپ، پىيالىلەرگە ناۋات سېلىندى. ئاندىن، قېنى، ئالسىلا - باقسىلا! دېگەندەك تەكەللۇپلار باشلاندى.

زەينىدىننىڭ ئۆيىدە تۆت سەر ئىچىپ تەڭشىلىۋالغان كېرىموف ھېچ تۈزۈت قىلمايلا خىزمەتلىرىدىن دوكلاتىنى باشلىۋەتتى. خالىق كاتىپنىڭ ئۆتكەنكى يولىيورۇقى بويىچە، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي «ھاۋا»سىنى ئوڭشاش ئۈچۈن، بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنلىكىنى ھاياجان بىلەن سۆزلىدى ۋە زەينىدىن، قۇتبىرەم، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، دەسلەپكى قەدەمدە كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ «خەتەرلىك ئۇنسۇرلار» ئىكەنلىكى، زىكرۇللا غوجى، توختى قۇربان، ئەخمەت ھوشۇرلارنىڭمۇ بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم، ئىدىيىسى ساغلام بولمىغان «مۇجمەل ئۇنسۇرلار» قاتارىغا كىرىدىغانلىقى، بولۇپمۇ غۇلجىلىق ھېكمەتنىڭ «تۈتمىسا بولمايدىغان ئەكسىيەتچى» ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كېرىموف ھەتتا ئۈچ خەتەرلىك ئۇنسۇرنىڭ ئوغرىلىق ئىشىنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، بىر ئوقۇغۇچىنى ئېسىپ قويۇپ قاتتىق ئۇرغانلىقىدەك جىنايىتى تۇرۇقلۇقمۇ، تېگىشلىك قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىلمەي، ھازىرغىچە ئىنقىلابىي سەپ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئىچىنغان ھالدا بايان قىلىپ ئۆتتى. ئەمما خالىق پىيالىنى قوش ئالقىنىدا سىقىمدىغان ھالدا، چېيىنى پۈۋلىگەچ، نېمىنىدۇر ئويلاۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلىدە، كېرىموفنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان پايدىلىق

«ماتېرىيال» ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ بولغانىدى. بىراق «ئوغرىلىق» تىن ئىبارەت تۇتقىدىن پايدىلىنىپ «جازا يۈرۈشى» قىلىش ئۇنىڭ كاللىسىغا سىغمايتتى. بۇنى قىلغاندا، چۈلۈۋۈرنى قاياققا تارتسا، لاي - پاتقاقمۇ، ئوي - چۇڭقۇرمۇ، ئېگىز - پەسمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلاشماي، شۇ ياققا ماڭىدىغان زەيىندىندەك كۆنۈك ئېشەكتىن ئايرىلىپ قالاتتى. بۇنى كېرىموف ھەرگىز چۈشەنمەيتتى.

— ھەقىقەتەن سىياسىي جەھەتتە پىشقان كادىر ئىكەنلا! — دېدى خالىق پىيالىنى شىرەگە قويۇپ، — ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ۋاقىت ئىچىدە خېلىلا مەسىلىلەرنى قېزىپ چىقىپلا. . . بولۇپمۇ ئۈچ ئەپەندىنىڭ ئىچىدە كامىل بىلەن مۇرات ناھايىتى قۇۋ، ھىيلىگەر، يامان نېمىلەر. . .

— ھېكمەتكىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. . . ئۇ شيۇجېڭجۇيىچىلار-نىڭ ئۇۋىسى بولغان ئىلىلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ كىم بىلىدۇ، ئىشپىيونمۇ تېخى؟ — دېدى كېرىموف ئىڭىكىنى ئۇچلاپ، — بۇ ئەبلەخ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، گۈلزىبا خانىمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. . . گۈلزىبا بۇ قىز. . .

كېرىموف ئۆزىگە مەنىلىك تىكىلىپ تۇرغان كۆزلەرگە قاراپ قىزىرىپ ۋە ھولۇقۇپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى. تەجرىبىلىك خالىق ئۇنىڭ ئىشىق ھەسەتلىرى چاچراپ تۇرغان قىيپاش كۆزلىرىگە قاراپلا، ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى. شۇڭا ئۇ زەيىندىنىنىڭ يالغان - ياۋىداق دوكلاتىنى ئاڭلاپ، گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتكەن ئىكەندە، ! شاشمىسىلا جەڭچى قارى! ئۇياقتىن دادخولۇق قىلىپ بولغىچە، بۇياقتىن ماتېرىيالىنى يېزىپ، تامغىنى بېسىپ، ھېكمەتنى دادىخاھقا تارتىپ، گۈلزىبانى قويۇنلىرىغا سېلىپ بەرگىلى بولمايدۇ. . . قايناقسۇدا تەرەت ئېلىپ، مىچىتقا چىچاڭشىپ كىرىپ، بىر قېتىم روكوغا بارمايلا، خۇدادىن بايلىق تىلىسەڭ، ئاسماندىن تىللا ياغىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. . . خۇدايا تووۋا، ماۋۇ زەيىندىن دېگەن خام كاللا، دۆت ئېشەك ئوغرىلىق ئىشنى قايتا سۈرۈشتە قىلسىلا، ئۆزىنىڭ يۈندا ئەۋرىزىگە چۈشۈپ كېتىپ، تاجىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنە! قۇلىقىغا سىرغىدەك

ئېسىپ قويغان گەپلىرىم نەگە كەتتى؟ . . .

— كېرىموف قارىسىلا، — دېدى خالىق جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئوغرىلىق ئىشنى ھەرگىز ئىغىزلىرىغا ئالغۇچى بولمىسىلا، ئۇنى قايتا تەكرارلاپمۇ سالمىسىلا. . . بولمىسا ئىشنى بۇزۇپ قويىلا. . .

— نېمىشقا ئەمدى؟ . . .

— بۇنداق قىلساق، زەيىندىننى ئوتقا ئىتتىرىۋەتكەن بولىمىز. . .

— چۈشىنەلمىدىم. . .

— نېمە دېسەم بولار، — خالىق تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، — ئۇ ئوغرىلىقنىڭ باش بالاخورى دەل زەيىندىننىڭ ئۆزى! . . .

— ھە؟ ! . . . — كېرىموف چۆچۈپ كەتتى.

— ئەمما، بۇ پەيلىقۇش ئاداش كامىلنىڭ قولىدىكى ئىسپاتنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر نېمە دەپ جۆيلۈيدىيۇ، ئاقىۋىتىنى ئويلىمايدۇ.

— ئۇ قانداق ئىسپات؟

— ئوغۇرلانغان زاڭ ماللارغا شېرىك بولغان ئىسپات. . .

— ئۇنداقتا زەيىندىنمۇ؟ . . .

— يا، ياق! باشقىچە چۈشىنىپ قالمىسىلا، ئۇ ھەر نېمە دېگەن بىلەن سىلى بىلەن ماڭا پايدىلىق ئادەم. . . — خالىق مەسخىرىلىك كۈلدى، — مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تىزگىنى بىزنىڭ قولىمىزدا. . .

خالىق بىلەن كېرىموف كامىل، ھېكمەت مۇراتلارنى تۇتۇشنىڭ پۇرستى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى، ئەمما بۇ كۆڭۈلدىكىدەك كۆپ قالمىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھازىرچە زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇر، توختى قۇربانلارغا چېقىلماي، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرى، ساجىتخانلاردىن پايدىلىنىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە بىر چاغقىچە كۇسۇرلاشتى.

— بىراق خالىق كاتىپ، — دېدى كېرىموف سوۋۇپ قالغان چېيىنى قولىغا ئېلىپ، — مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرى، ساجىتخان، قۇتبىرەملەر ئۆز ئارا ئۇرۇشۇپ، بىر - بىرىنى كوچىلاپ، پۇت تېپىشىپلا يۈرىدىكەن. مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئىچىدىلا، مەمتىلى بىلەن رېخىم نۇرى،

ساجىتخان بىلەن قۇتبىرەم بىر - بىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپ جىدەل چىقاردى، ھەتتا، قاش - قاپاقلىرىنى يىرتىۋېلىشتى.

— ئۇلارغا خىزمەت ئىشلىسلە! ئىتتىپاقلاشقىنى تۈزۈك...

— ئىشلىدىم، بىراق بىر — بىرىگە ئىتتەك خىـــقىـــرنىشـــپلا يۈرۈيدىكەن.

كېرىموف ئەتىسى پىكىر ئېلىش باھانىسىدا گۈلزىبانىڭ ياتىقىغا كىردى، ماھىگۈل كەچلىك مۇراكىرىگە چىقىپ كەتكەنىدى. كېرىموف تاپانچىسىنى غىلاپتىن سۇغۇرۇپ چىقىرىپ، قىزىل يىپەك لاتىـــدا سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئۇستەلگە تاققىدە قويدى. ئۇنىڭ كىتابلار ئاستىدا تۇرغان ئالبۇمغا كۆزى چۈشۈشى بىلەن، ئۇنى ئېلىپ ئاچتى. بىرىنچى بەتتىلا گۈلزىبا بىلەن ھېكمەتنىڭ باشلىرىنى يېقىن قىلىپ چۈشكەن كۈلۈپ تۇرغان سۈرىتى تۇراتتى. گۈلزىبا قىشلىق تەتىـلدە چۈشكەن بۇ سۈرەتنى چوڭايتىپ يۆيغۇزغانىدى. كېرىموفنىڭ قاپىقى غۇژژىدە تۈرۈلدى. ئاڭغىچە گۈلزىبا ئالبومنى ئۇنىڭ قولىدىن شارتلا تارتىۋېلىپ، ياستۇق ئاستىغا باستۇرۇپ قويدى.

— قىزلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى رۇخسەتسىز ئېلىشنىـڭ، كۆرۈشنىڭ، — دېدى گۈلزىبا ئالىيىپ، — ئەخلاقسىزلىق بولىدىغانلىقىنى بىلمەمسىز؟...

— كەچۈرۈڭ خانىم، — دېدى كېرىموف سەتلا ھىجىيىپ، — مەن ئەسلىدە سىزدىن پىكىر ئالغىلى كىرگەن...

— نېمىنى ئۇقماقچى ئىدىڭىز؟ تېز دەڭ، مېنىڭ ئىشىم بار...

— ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى سىياســـي ۋە ئىـــدىيـــۋى مەسىلىلەر... يەنى...

— كەچۈرۈڭ، مەن ئاددىي ئوقۇغۇچىمەن... دەرسنى قانداق ياخشـى ئۆتۈشنى، باللارنى ئەخلاق - پەزىلەتلىك تەربىيىلەشنىلا ئويلايمەن... ئىرناق ئاستىدىن كىر ئىزلەپ، ئايغاقچىلىق قىلىشقا ۋاقتىم يوق!

— سىز؟...

ياتاققا دەپتەر، كىتابلىرىنى قولتۇقلىغان ماھىگۈل كىرىپ كەلدى.

گۇلزىبا ئالبۇمنى ساندۇقتا سالدى - دە، ئاغزىنى گۇپلا يېپىپ، قۇلۇپنى سالدى ۋە ماھىگۇلگە قايرىلدى:

— ئۇكام ماھىگۇل، مەن قىزلار ياتىقىنى تەكشۇرۇپ كېلىمەن. ياتاقتا ئولتۇرغاچ تۇر. . .

گۇلزىبا چىقىپ كەتتى. كېرىموف مانا شۇندىن باشلاپ بۇ ياتاقتا نەچچە - قېتىملاپ كىرگەن بولسىمۇ، بىر ئېغىز گېپىنىمۇ قىلالمىدى. چۇنكى ئۇ كىرگەن ھامان گۇلزىبا: «مۇزاكىرىگە يېتەكچىلىك قىلىمەن. . .»، «ئىشخانىدا دەرس تەييارلايمەن. . .»، «توختى قۇربانغا دەرس تەستىقلىتىمەن. . .» دېگەندەك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كېرىموفنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتەتتى.

بىر شەنبە كۇنى، كېرىموف شەھەرگە كىردى. ئۇ گۇلباغدىن قايرىلىپ مۇنچا كوچىسى دۇقمۇشىغا كەلگەندە، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان ئاغىنىسى جامال توختى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ شەھەرنىڭ ئامانلىق ساقلاش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئىدى.

— تويغا بارماي، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۇرۇيسەن؟ — دېدى جامال ئۇنىڭ بىلەن كۇرۇشۇپ، — جۇر، بىللە بارايلى.

— مەن يېزىغا خىزمەتكە كەتكەن، — دېدى كېرىموف خۇشياقمىغاندەك قىياپەتتە، — ھازىرلا كېلىشىم.

— ئۇنداقتا، ئىشكىڭگە قىستۇرۇپ قويغان باغاقنىمۇ كۇرمەپسەندە؟ — جامال ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى، — نېمە بولدى ساڭا؟ چىرايىڭ كەكرى يەۋالغاندەك تۇرۇلۇپلا كېتىپتىغۇ؟

— ۋاي دېمە ئاداش، — دېدى كېرىموف ئېغىر تىنىپ، — بېشىمغا بىر ئىش كېلىپ قالدى، قارا، ھېچ ئامالىنى قىلالماي جىلى بولۇپ قالدىم.

— جۇر، ماڭ! تويدا ئېچىلىپ پاراڭلىشىمىز. . .

ئۇلار مۇنچا كوچىسىغا پەسلەپ چۇشۇپ، كەڭ يېيىلىپ تۇرغان يېشىل كۇل بويىغا چىقتى. ئۇ يەردىن قىزىق دەرۋازا رەستىسىنى توغرا كېسىپ، ئەنجان كوچىسىغا كىرىپ، قوش قاناتلىق ئەگۇن ئالدىدا توختاشتى. شەھەر ئاھالىلىرى كاسىپ - ھۇنەرۋەن، ئوقۇتقۇچى دېگەندەك

ئاددىي پۇقرالار ھويلا ۋە پېشايۋان سۇپىلىرىغا سېلىنغان كىگىز - پالازلاردا ئولتۇرۇپ، «دۇڭلا»غا كاكچا چىلاپ يەۋاتاتتى. ئادەتتىكى دالان، تاق ۋاسىلىق ئۆيلەرگە ماگىزىنچىلار، ئىدارە - جەمئىيەت كادىرلىرى، كالتە - كۆسەي باشلىقلار ئورۇنلاشقانىدى، ئەمما ئىچكەركى گىلەم، تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغان ياسىداق مېھمانخانىغا يۈز - ئابرويلۇق بايلار، چوڭ شۇجىلار، باشلىقلار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كىشىلەر ئۇلارنى نام - ئەمەلىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، «كاساڭ يۈز»، «داپ يۈز» «پولۇ يۈز...» دەپ ئاتىشاتتى. پەتنۇس - لىگەنلەردە سۇنۇلىۋاتقان مەزەلەرمۇ ئولتۇرغان ئورنىغا قاراپ پەرقلىق بېرىلىۋاتاتتى. «يۇقىرىغا»، «ئوتتۇرىغا»، «پەسكە» دېگەن بۇيرۇقلارغا كۆنۈپ كەتكەن مۇلازىملار كىشىلەر ئارىسىدا پالاقشىپ يۈگۈرۈشەتتى. مېھمان كۈتكۈچى جامال توختى بىلەن كېرىموفقا: «خۇش كېلىشىپتىلا» دېگەندىن كېيىن، بىر ھازا قاراپ كەتتى. ئۇ بەلكىم «بۇ ئىككىسى قايسى تەبىقىگە مەنسۇپ ئىكەن؟» دەپ، ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى بولغاي. جامال توختىنىڭ يوغان قورسىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى يۇقىرىغا باشلاشنى ئويلىدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى «توپا چىراي»نى پەسكە ئولتۇرغۇزساممىكىن دەپ ئىككىلەندى، ئەمما دەرھال قارار قىلالمىدى، ئاخىرى ئۇ كۆڭلىدە «تەۋەككۇل غوس» دېدى - دە، ئۇلارنى «ئوتتۇرا» تەبىقە ئولتۇرغان دالانغا باشلاپ كىردى.

جامال توختى بىلەن كېرىموف بىر بۇلۇڭغا سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. تاماقلار يېيىلىپ بولۇشىغا، بىر نەچچە قورۇلما ۋە ھاراق كەلتۈرۈلدى. پەتنۇسلاردا سۇنۇلغان پىيالىلەر دەسلەپتە خېلى رەتلىك ماڭغانىدەك قىلدى، بىراق ساقى ئۇسالراق بىر نېمىمۇ نېمە، كېيىن ئۆز يېقىنلىرىغا، ئەمىلى چوڭراقلارغا ئاتلىتىپ ماڭدۇرغىلى تۇردى. تامىقىنى تامشىپ چاڭقاپ تۇرغانلار ئۇنىڭغا يول قويامدۇ؟ ئارىدىن بەزىلەر: «ھەي، ھەي ئاداش، بېشىڭلار چۆگىلەپ قالدىمۇ نېمە؟ ساقىلىقنى ئوخشىتالمىساڭلار، ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار!...» دەپ ۋارقىرىدى. يېزىدىن ئاچ قورساق كىرىپ، تاماققا تويماي چالا پوكان

بولۇپ قالغان كېرىموف بىردەمدىلا تەڭشىلىپ قالدى. ئۇ بۇلۇڭغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، گۇلزىبا توغرىلىق دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى.

—ۋاي بىلمەن، ئاداش بىلمەن، —دېدى جامال توختى، —ئاۋغان كوچىسىدىكى قايىت قىمارۋازنىڭ ئۆگەي قىزى. بىز ئۇ بەڭگىنى بىر نەچچە قېتىم تۇتۇۋېلىپ سولاپ قويغاندا، تاماق ئەكەلگەن قىز. . . ئۇزۇن چاچ، ئاي يۈزلۈك، مەڭزىدە قىزىل خالى بار؟ . . .

— شۇ، شۇ، شۇ! . . .

— هەي قارا، مەن بىر نەچچە قېتىم ئۇ قىزنىڭ گىدى چاچ، ئاق پىشماق، كېلىشكەن بىر يىگىت بىلەن بىللە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

— گەپ شۇنىڭدا! . . .

كېرىموف هېكمەت توغرىلىق كۇسۇلداپ بىر مۇنچە دادلىدى. كۆزى هاراقتا قالغان جامال توختىنىڭ بەزى گەپلەر قۇلىقىغا كىرەتتى، بەزىلىرى كىرمەيتتى، هەر هالدا ئۇ ئاڭلاۋاتاتتى.

—هەي، مەن ساڭا بىر ئامال كۆرسىتەي، —دېدى جامال توختى پىچىرلاپ، —مائارىپ ئىدارىسىدا تونۇشلىرىڭ باردۇر؟ هەببەللى، شۇلار ئارقىلىق گۇلزىبانى ئاۋۋال شەهەرگە يۆتكىۋال. . . قالدى ئىشنى كېيىن مەسلىهەت قىلمايمىزمۇ! . . . ئاممىزە. . .

—هە، نېمە بولدى؟

— قارا، ئۇنىڭ دادىسى قايىت قىمارۋازلارغا چوققىسىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، هازىر قارىقاش، لوپ، چىرا، كېرىيىلەردە قېچىپ يۈرۈيدۇ. قىمارۋازلار ئۇنى تۇتۇۋالسىلا، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. . .

—ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

—ئۇ. . . ئۇ، نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلارمىكىن دەيمىنا؟ . . .

— مەيلى، قانچە كەتسە تۆلەيمەن. . . .

—سەن ئالدى بىلەن گۇلزىبانى هېلىقى شىماللىقتىن يىراقلاشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىل.

كېرىموف «سىرتقا چىقىپ كىرەي» دېگەن باهانە بىلەن تويدىن قېچىپ چىقتى ـ دە، ئۇدۇل مائارىپ ئىدارىسىدىكى كادىرلار خىزمىتىگە

مەسئۇل ئاغىنىسى مەتنىياز تۇردىنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن ئۇ يېزا ئۇقۇتقۇچىلىرىنى شەھەرگە يۆتكەشكە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، چىڭ تۇرۇۋالدى. كېرىموفنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ھەر خىل ۋەدىلەرنى قىلىپ كەتكىنىگە ئۇنىمىدى. تەڭلىكتە قالغان مەتنىياز تۇردى ئاخىرى سەل خاپا بولۇپ قالدى:

— سىلى نېمانداق غەرەز ئۇقمايسىلەر؟ ئۇ قىزنىڭ يۆتكىلىش ئىلتىماسى بولمىسا، ياكى ئاتا - ئانىسى تەلەپ قىلمىسا؟ بىكاردىن بىكار يۆتكىسەك، كېيىن گۇلزىبا غەۋغا كۆتۈرسە، مەن رەھبەرلەر ئالدىدا نېمە دەيمەن؟ مېنى مائارىپ ئىدارىسىدا تۇرغىنى قويامسىلەر - يوق؟...

كېرىموف بىردىنلا گۇلرۇزنىڭ ئانىسى توغرىلىق ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى - دە، دەرھاللا سورىدى:

— ئەمىسە، ئۇنىڭ ئانىسى كونا ئۆپكە كېسىلى، ئېرى قارىمايدۇ، تۆت بالىسى بار، شۇ ئايال ئۆزى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس يازسىچۇ؟

— ئۇنىڭدا مۇمكىن. ئەمما ، ئائىلىدىكى ئەمىلىي قىيىنچىلىق باشلىقلارنى تەسىرلەندۈرگۈدەك، گەۋدىلىك يېزىلىشى كېرەك...

كېرىموف ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ساقلىنى ئالدى. ئاندىن كېيىن، بىر قۇر پۇقراچە يېڭى كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ تانسا زالىغا كەلدى. ئۇ گۇلرۇزنى چوقۇم مۇشۇ سورۇندىن تاپىمەن، دېگەن ئويدا ئىدى. لېكىن كېرىموف زالنى نەچچە ئايلىنىپمۇ ئۇنى تاپالمىدى. ئۇ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ، ئەتلەس كارخانىسىغا كېتىدىغان يولدا خېلى ئۇزۇن ساقلىغاندىن كېيىنلا، گۇلرۇزنىڭ قارىسى كۆرۈندى. كېرىموف يول چېتىدىكى يوغان پور سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئۇنى ئاستا چاقىردى.

كېرىموف گۇلرۇزنى سوگەت دالدىسىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئالدىراپ - تېنەپ سۆزلەشكە باشلىدى. يولدىن ئۆتكەنلەر ئۇلارنى كۆرەلمەيتتى. كۆرگەن تەقدىردىمۇ «دادىسى قىزىغا تەربىيە بېرىۋېتىپتۇ» دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

— بۇنداق قىلىش ئۈچۈن كېرىموفكا، — دېدى گۇلرۇز ئالقانلىرىغا

ئۇرۇپ، — پۇل كېتىدۇ، بىلەمسىز پۇل! . . . مەن «مائاشىم چىقىپتۇ ئانا. . .» دەپ، بىرەر ھەپتە ئۇنى - بۇنى ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى يۇمشىتىشىم، ئالدىشىم كېرەك. . . ئاندىن بىر پارچە ئىلتىماسنى يېزىپ، ئۇنىڭغا قول قويدۇرۇپ، ئۆزىنى مائارىپ ئىدارىسىغا يېتىلەپ ئاپارسام بولىدۇ.

— مانا بۇنى ئېلىڭ، — دېدى كېرىموف يىگىرمە يۈەن پۇلنى گۈلرۇزغا تۇتقۇزۇپ، — ئەمدىغۇ بولغاندۇر. . . يائاللا سىززە. . .

— ھەي، جەڭچى ئاكا، بۇ پۇلىڭىزغا ھۆپۈپمۇ ئۇسۇرۇپ بەرمەيدۇ، — كېرىموفنىڭ جىددىي توقالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلگەن گۈلرۇز قېتىۋالدى، — ھەپتە - ئون كۈنگىچە ئېلىپ كىرىدىغان سامسا، گۆش گىردە، ناۋاتلارغا بۇ پۇل يېتەرمۇ؟ ئېلىڭ بۇ بىر نېمىڭىزنى. . .

— مانا، مانا! ئاچچىقلىماي تۇرامسىز؟ — كېرىموف يەنە يىگىرمە يۈەن چىقىرىپ بەردى، — ئەمدىغۇ يېتەر؟ . . .

— سىز زادىلا مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدىغان گىرى ئادەمكەنسىز. گۈلرۇز كۆزلىرىنى ئويناتتى، — مۇشۇنىڭ بىلەن دادى - مۇئامىلەم تۈگىدى دەپ ئويلامسىز؟ مەن سىزگە دەپ قوياي، بۇ چاغقىچە ھېكمەتنىڭ كەلگەن - كەتكەن خەۋىرىنى، كۇرستا تۇتۇلغانلىقىنى سىزگە كىم يەتكۈزدى؟ بۇندىن كېيىن ئۇلار يەنە ئۇچراشماسمۇ؟

— گۈلرۇز خاپا بولماڭ! مەن سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن. . .

— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تېخى ئۆتكىلى بولمايدىغان سېپىل بار! — گۈلرۇز كېرىموفقا چەكچەيدى، — ئۇ چاغدا، مېنىڭ ئاياقلىرىمغا يىقىلىپ، تاپانلىرىمغا باش قويىسىز. . .

— قانداق؟

— ئويىڭىزدا، «گۈلزىبانى يۆتكەپ ئەكىرىۋالسام، مەن بىلەن قول تۇتۇشۇپ قىزىل قەغەز ئالغىلى بارىدۇ» دەپ ئويلايدىكەنسىزدە! — دېدى گۈلرۇز مىختەك قادىلىپ، — ئۇخلاپ چۈشىڭىز! . . . شۇ چاغدا يەنە ماڭا چۈكۈلدايسىز. . .



— راست، بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن...

— ئەگەر نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ چىقىپ، «مەن گۈلزىبا» دەپ قىزىل قەغەز ئېلىپ بەرسەم، ئۇ سىزنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنىڭىز بولمامدۇ!

— تۇتۇڭ، ئاز بولسىمۇ مۇشۇلا قاپتۇ، — كېرىموف ئاخىرقى ئون سومنى چىقىرىپ بەردى، — كېيىنچە يەنە مەن بولغاندىن كېيىن...

— جىم بولۇڭ! سەئىدە ئاچام بىزنى كۆرۈپ قالدى، — دېدى گۈلرۇز ئالمان - تالمان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ۋە ئۆزىنى سۆگەت دالدىسىغا ئالدى، — ئۇ گۈلزىبا بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان كامىلنىڭ ئاچىسى.

# ئاجايىپ قىسمەتلەر

تاماق پۇلى باھالاشقا كەتكەن ئون ئوقۇتقۇچى 36 كۈن بولغاندا، قارىداپ، جۇدەپ، ئىلگىر - ئاخىر بولۇپ قايتىپ كېلىشتى. ئەمدى يۈگۈرۈش، قوغلاش، جىددىيلىشىش نۆۋىتى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا كەلگەنىدى. مەكتەپ بويىچە ھەر كۈنى يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى دەرسكە قاتناشمايتتى. سىنىپ مۇدىرلىقىغا سەپلەنگەن ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈنۈپ بالا يىغقىلى چىقىپ كەتسە، مەكتەپتە قالغان ئوقۇغۇچىلار قاچاتتى. ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، كۈزلۈك كۆكتاتلارنى يىغىش، ئامبارغا ئېلىپ كىرىش، قوناق چېپىش، سوقۇش ئىشلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شېكەر قارىم ھەر كۈنى دېگۈدەك، ئەخمەت ھوشۇرغا، قىزىلچىلارنى ۋاقتىدا قازمىسا، تېرىسى قېلىنلاپ غاشىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى بۇ ئىشقا ئوقۇغۇچى ئاجرىتىشقا قىستايتتى. دېمىسىمۇ، ئۆگزىدە بىر مەزگىل قۇرۇتۇلىدىغان پىيازلار تېخىچىلا ئېتىزدا ئىدى. ياڭيۇ، كاپۇستا، تۇرۇپ، چامغۇرلار قېزىلماي تۇراتتى. ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزلىرى بالا قوغلاپ، كېچىلىرى دەرس تەييارلىق قىلىپ، پۇرسەت چىقسىلا سىنىپقا كىرىپ، بالىلارنىڭ سانىنى

ئېلىپ، ئۇلارغا ئەتىكى ئېتىز ئىشلىرى، ئوغۇت توپلاش، غازاڭ يىغىش، تەرەتخانىنى پەرۋىش قىلىشتەك ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاق كىنىشكىسى بىلەن سېۋەتنى ئېلىپ، يېزىنىڭ توپىلاڭ يوللىرىدا تېزەك ئىزلەپ يۈگۈرەيتتى، ئۇچرىغان دادوي، شىياۋدوي تەشكىللىرىگە ئوغۇتلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئاق كىنىشكىسىغا يېزىلغان سان ھەم تامغىغا قاراپمۇ قويماي، مەكتەپكە كەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىزلەپ ئۆيمۇ ئۆي قاترايتتى. مۇشۇنداق قاتىلاڭچىلىق پەيتتە، زەيىنىدىن مۇدىر بىلەن كېرىموف «سىنىپىي كۈرەش» نى چىڭ تۇتۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق دەبدەبىلىك ئۇلۇغ چاقىرىققا كىممۇ «ھازىرچە تۇرغاچ تۇرسۇن» دېيەلىسۇن؟ ئۇلارنىڭ بېشى ئون ئەمەستە! . . . زەيىنىدىننىڭ تەلىپىگە، بېيجىڭدە يىغىنغا قاتنىشىپ، رەھبەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ كەلگەن بىر پېشقەدەم دېھقان ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى بىلەن بوستان گۇڭشېسىغا كېلىپ قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ مويسىپىت بېيجىڭگە ئېشەككە مىنىپ بارماقچى بولغانىكەن. . .

ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ كۇلۇبىغا يىغىلدى. ئېگىز بوي، شالاڭ ئۇزۇن چار ساقاللىق، قارا يەكتەكلىك ئۈستىدىن كۆك چېت پوتا باغلىغان بۇ ۋەكىل دېھقان سەھنىدە پەيدا بولۇشى بىلەن، گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ئۇ، بېيجىڭدە بىر - بىرسىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىۋالغان ئۆيلەرنىڭ ئېگىزلىكى، ئىتنىڭ قورۇتىدەك مىغىلداپ كەتكەن ماشىنىلار، تاغار يۇتكەن، كەتمەن كۆتۈرگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردە يوقلۇقى قاتارلىقلارنى سۆزلەپ كۇلۇپ كەتتى.

— بىر كۈنىسى يىغىندا ئولتۇرۇپ زەرە قىلغۇم كېلىپ قالدى، — دېدى ۋەكىل دېھقان، — خىزمەتچى قولۇمدىن يېتىلەپ خالانى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنى كۆرسەڭلار، خالا دېمەيسىلەر، بەئەينى بىگىملەرنىڭ ھوجرىسى. مەن شۇنداقلا كىرىشىمگە، بىر تەتەي ئاپئاق يوتىلىرىنى ئېچىپ، مۇشۇنداق ئولتۇرمامدۇ؟ . . .

ۋەكىل دېھقان ئۇ تەتەينىڭ قانداق ئولتۇرغانلىقىنى سەھنىدە دوراپ كۆرسىتىشى بىلەن، ئوقۇغۇچىلار پاراقلاپ كۇلۇشۇپ كېتىشتى. لېكىن،

زەينىدىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا نىمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىدى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل ئىشارىسىنى قىلدى. زەينىدىننىڭ بۇ ھەرىكىتى خۇددى ھاشىم يالاڭغا گەپ ئۆگەتكىنىگە ئوخشاپ كەتتى.

— ھە، ياخشى ئوقۇڭلار، ئوبدان ئوقۇساڭلار، كادىر بولىسىلەر. شىرەدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، يالاڭتۆشلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىسىلەر، — ۋەكىل دېھقان بىردىنلا قىزلارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — سەن پاخپاق پۇلۇقلارنىڭ قېشىغا قويۇۋالغان دەندادەك ئوسماڭدىن ھاڭگا ئېشەكمۇ ھۇركۇپ ئۆتەلمەيدۇ... ھە، سەن ئىنەكلەرمۇ ئوبدان ئوقۇش! ئوبدان ئوقۇساڭ، مانا مۇشۇ ئولتۇرغان ئەپەندى، شوجاڭ، كادىرلار خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. بولمىسا، ئوتانچى، كۆمۈرچى، مەدىكارمۇ سىلەرنى ئالمايدۇ، ۋۇي... چىلار...

كۇلۇپ ئىچىدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى قىسماقتەك ئېگىلىپ، تىزلىرىغا بېشىنى يوشۇرۇۋالدى. ئوغۇللار ئۆگزىنى كۆتۈرۈۋەتكۇدەك قىلىشىپ قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى. ئوقۇتقۇچىلار بىر - بىرلەپ چىقىپ كېتىشتى...

خاماندا ھاشىم يالاڭغا سىنىپىي كۈرەش دەرسى سۆزلىتىپ، مەكتەپتە «ئۆتمۈشنى ئەسلەش ئېشى»نى يېگۈزۈپ، بۇرنىغا سۇ كىرمىگەن زەينىدىن بۇ قېتىم تولىمۇ ئوسال بولدى. ئۇ يەنىلا مەكتەپتە قويغان درامىنىڭ ئەمەلىي تەسىرى بارلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، ھېكمەتكە يېڭىدىن «سىنىپىي كۈرەش» درامىسى يېزىپ چىقىشنى بۇيرىدى. ھېكمەت بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، «قىر ئاستىغا كۆمۈلگەن تاش» ناملىق درامىسىنى يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى. زەينىدىن گەرچە كۆڭلىدە كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش، مۇزىكا، سەنئەت ئىشلىرىدىكى نەتىجىلىرىگە قايىل بولسىمۇ، ئاستىرتتىن ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىۋاتاتتى. ئۇ قىسمەن «ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ تاماق پۇلى يۇقىرى باھالىنىپ قاپتۇ» دەپ داد ئېيتىپ كەلگەن سىنىپ مۇدىرلىرىغا: «كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا دەڭلار، شۇلار باھالىغان» دەپ، ئۇلارنى جىدەلگە سېلىپ قويۇۋاتاتتى. ئەمما، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارمۇ تاماق

پۈلى باھالاش جەدۋەللىرىگە ئىمزا قويغان، تامغا باسقان، شۈجى، دادۈيجاڭ، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىسپاتلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قايىل قىلىشاتتى.

بۇ قېتىمقى تاماق پۇلى باھالاشتا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئىنتايىن ئەستايىدىل ئىشلىگەنىدى. ئۇلار ئاۋۋال يەرلىك كادىرلاردىن، خولۇم - خوشنىلاردىن ئەھۋال ئىگىلەپ، تۇرمۇش ئەھۋالى، ئەمگەك كۈچى، جان سانى، ئائىلىدە مېيىپ، كېسەلمەنلەر بارمۇ - يوق؟ دېگەنلەرنى ئېنىقلاپ، بىر ئايلىق تاماق پۇلىنىڭ تۆۋىنىنى ئالتە مو، يۇقىرىسىنى تۆت يېرىم سومدىن قىلىپ بېكىتكەنىدى. بۇنىڭدا، ئەڭ ئۇۋال بولغانلىرى يەنىلا پومېشچىك - باي دېھقان ئائىلىلىرىدىن چىققان ئوقۇغۇچىلار بولۇپ، ئۇلار يەتتە يېرىم يۈەندىن تۆلەيتتى. خۇددى ئورۇق كالىغا يوغان مۈڭگۈز دېگەندەك، قاتلاممۇ قاتلام مۇسادىرە، كۈرەش، سۈرگۈن قىلىشلاردىن ھالى كېتىپ، ئاخىرىغا بېرىپ قۇرۇق سۆڭەككە ئايلىنىپ قالغان بۇ كىشلەرگە «پومېشچىك، باي دېھقان» دىن ئىبارەت يوغان مۈڭگۈزنى كۆتۈرمەك ئەمىلىيەتتە ئېغىر كېلەتتى.

ھېكمەت بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ كېچىلىرى دەرس تەييارلىقى قىلىپ بولۇپ، ئارقىدىن «قىر ئاستىغا كۆمۈلگەن تاش» دىرامىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتەتتى، تىلىنى پىششىقلاپ، ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇيتتى، كامىل، مۇراتلارنىڭ پىكرىنى ئالاتتى. زىكرۇللا غوجىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بويىچە، دراما ئوقۇتقۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىم ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ھەممە بىردەك درامىنىڭ ۋەقەسىنىڭ جىددىي، زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ كەسكىن بولغانلىقىنى ماختاشتى. ھاياجانلىنىپ كەتكەن زەينىدىن دەرھال تەييارلاشنى بۇيرىغانلىقى ئۈچۈن، مۇرات بىلەن ھېكمەت دېكوراتسىيەلىرىنى سىزىپ، مۇزىكىلىرىنى ئىشلەپ، ئۇنى ھەپتە ئىچىدىلا سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. درامىنىڭ تەشۋىقاتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىشىغا خېلىلا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنداقتىمۇ، تاماق پۇلىنىڭ تەسىرىدىن، يەنە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كەلمەيۋاتاتتى. ھېكمەت باشقىلارغا يالۋۇرۇپ، دەرس سائەتلىرىنى ئالدىغا

سۇرەتتى ياكى ئالماشتۇرۇپ، بالا يىغىشقا چىقاتتى. يېزا - كەنتلەردىن كىرىپلا، تاماقمۇ يېمەي، ئىشتان پۇشقاقلىرىنى تۇرۇپ، باللار بىلەن ئېتىزغا چىقاتتى، ئوغۇت توپلايتتى. ئۇنىڭ سىنىپى بۇ يىل 2 - يىللىققا كۆچكەن كونا ئۇقۇغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تاماق پۇلى باھالاشتىن كېيىن، ئون نەچچە ئوقۇغۇچىسى يوق ئىدى. بولۇپمۇ ئۆگىنىش باشلىقى سىراجىنىڭ قېچىشى بىلەن، ئۆگىنىش، ئىنتىزامدا ياخشى بولغان نازىلخان ئىسىملىك بىر قىزنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى كەلمەسلىكى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېغىر كەلگەنىدى. ھېكمەت سىراجىنى نەچچە قېتىم تۇتۇپ ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قېچىۋاتاتتى.

ھېكمەت بىر كۈنى ئەتىگەندىلا سىراجىنى تۇتۇپ كېلىپ، سىنىپ ھەيئەتلىرىگە تاپشۇردى - دە، نازىلخاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. يۈزلىرى گىردە ناندەك قىپقىزىل، دومىلاقىنا كەلگەن بۇ قىز دەرستىلا ياخشى بولۇپ قالماي، ھەر قانداق پائالىيەتتە بەكمۇ ئاكتىپ ئىدى. بىر كىم بۇيرۇمىسىمۇ، سىنىپ، كارىدورلارغا سۇلارنى سېپىپ، دېرىزىلەرنى سۈرتۈپ كېتەتتى. بۇ چاغقىچە بىرەر قېتىممۇ دەرس قالدۇرمىغانىدى. ئۇقۇتقۇچى سۆزلەپ بولغىچە، قول كۆتۈرۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ھېكمەت ئۇنىڭ ئۆيىگە ئائىلە سۆھبىتى قىلىشقا ئانچە كۆپ بارمايتتى. ئۇلار بىر ئائىلىدە ئانا - بالا تۇراتتى. دادىسى قازا قىلىپ كەتكەن بولۇپ، بىر ئاكىسى ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئانىسى پاتەمخان كەنت بويىچە قاۋۇل ئەمگەكچىلەردىن سانىلاتتى. ئۇ گەپكە ئۇستا، ئىشقا چىۋەر ئايال ئىدى.

ھېكمەت ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە، پاتەمخان پاكار ئۆگزىدە شاپتۇل مونەكلىرى ۋە ئۆرۈك قاقلىرىنىڭ قۇرت چۈشكەنلىرىنى بىر تەرەپكە خىللاپ ئولتۇراتتى. ھېكمەتمۇ شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتى. پاتەمخان ئۇنى سوغلا قارشى ئالدى. ئۇلار سۇسلا سالاملاشقاندىن كېيىن، ھېكمەت پاكىزە قۇرۇغان مونەك ۋە قاقلارغا زوقلىنىپ قاراپ، ئۆزىمۇ خىللاشقا باشلىدى. لېكىن پاتەمخاننىڭ تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ، بۈگۈن نازىلخاننى ئېلىپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ گەپ قىلىپ

باقماقچى بولۇپ تەمشىلىپ تۇرىۋېدى، پاتەمخان بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە مىچچىدە يىغلىۋەتتى.

— پاتەمخان ئاچا، ئۆيدە بىرەر كېلىشمەسلىك بولدىمۇ؟ يىغلاۋاتىلىغۇ؟ — دېدى ھېكمەت ھەيران بولۇپ.

— مۇئەللىم، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكلىرىنى بىلمەن، — پاتەمخان ياغلىق ئۇچىدا كۆز، بۇرۇنلىرىنى سۈرتتى، — ئەمدى سىلىدىن يوشۇرىدىغان يېرىمۇ قالمىدى. بازار بويىلىق بىر ئالا قانات نازىلخاننى بولغاپ قويۇپتۇ... كۆرمەملا بۇ شەرمەندىچىلىكنى!...

— ۋاي توۋا، شۇنداقمۇ ئىش بوپتىما؟ ئۇ كىمكەن؟

— ئېزىز تارمۇش دېگەن بىر ھايانكەش بولمامدۇ!

ھېكمەت دەرھاللا بىر چاغدا كامىل ماختاپ بەرگەن كىتابخۇمار دېھقان يىگىتنى ئەسكە ئالدى.

— گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىگە مەلۇم قىلدىلىمۇ؟

— شۇنداقمۇ قىلاي دېدىم، ئەمما قىلمىدىم...

— نېمە ئۈچۈن؟

— قىزىمنى ھاي ـ ھايلاپ بازارغا سېلىپ رەسۋا قىلغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى پاتەمخان مىچىلداپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنەك تەلمۈرۈپ قارىمىسا، بۇقا ئارغامچىنى ئۈزەمدۇ؟... ئاچچىقىمدا بازارغا كىرىپ، ھېلىقى ھوگگول چىش ئوغرى بىلەن كۆرۈشتۈم، قارىسام گەپ ـ سۆزلىرى تۈزۈكلا بالىكەن... ئۇ: «نازىلخاننى ماڭا بەرسىلە!» دەپ پۇتلىرىمغا يامىشىپ تۇرۇۋالدى. ئۆزەمنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىپ قالدى...

— ئەمدى نازىلخاننى ئوقۇتماملا؟...

— ئوقۇمىسۇن...

— بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان بالىنى يېرىم يولدا قالدۇرۇپ قويسىلا قانداق بولىدۇ؟

— ۋاي... مۇئەللىم، ئەمدى ئوقۇسا، ئىشنىڭ پۇپىكى بۇزۇلىدۇ، — پاتەمخان قولىدىكى قۇرت چۇشكەن قاقنى كۆرسەتتى، — قارىسىلا، بۇ قۇرتلۇق قاقنى نېمە ئۈچۈن ساقلىرىدىن ئايرىۋېتىمىز؟ ئاۋۇ ساقلىرىنىمۇ

بۇلغاپ قويمىسۇن ئۇچۇن. . . ئىش كۆرۈپ قالغان قىز بالىنىڭ شەيتىنى يامان بولىدۇ. . . كۇيلەپ قالغان غۇنۇجۇندەك ئۇنىڭغا سۇۋۇنۇپ، بۇنىڭغا غىلجىڭلاپ، ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى تاپلىما تېزەك قىلىدۇ.

— ئىشنى ئۇنداق يامىنىغا تارتمىسىلا. . . نازىلخان قۇلىقى يۇمشاق، گەپ ئاڭلايدىغان قىز. . .

— قۇلىقى يۇمشاق؟— پاتەمخان ئىستىھزا بىلەن كۇلدى، — شۇنداق بولغاچقا، «جۇرۇ» دېسە «خوش» دەپ ، خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىر كېچە قونغان گەپ. . . ئاڭلىسام، ئۆزلىرى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىغان ئىكەنلا، ئۇقمايلا. . . بوۋاق تۇغۇلغاندا، ئېغىزلاندۇرماق بەك تەس. . . ئەمما ئېغىزلىنىپ قالدىمۇ، ھە دېسە بولماق دەپ خاپا قىلىدۇ. ئەمدى نازىلخاننى ئىزدىمىسىلە! . . .

ھېكمەت مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئۇ ۋەقەنى كامىل بىلەن مۇراتقا دەپ، ئۆزىنى زادى تۇتۇپ ئالالمىدى، «سېنىڭ ماختىغان ئادىمىڭ شۇنچىلىكمىدى؟» دېگەندەك، كامىلغا نارازىلىق بىلەن ھومايدى ۋە ئېزىز تارمۇشنى تېپىپ، ئۇنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولدى.

. . . ئېزىز تارمۇش بىر قېتىم كامىلدىن كىتاب سوراپ كەلگەنىدى. بۇ چاغدا، ھېكمەت بىلەن مۇرات كەچلىك مۇزاكىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇ: «كامىلدا ھەر خىل رومانلار كۆپ دەپ ئاڭلىغانلىقىنى» ئېيتىپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى. ھەتتا: «ئىشەنمىسىلە، مېنىڭ بۇ كىتابىم سىلىدە تۇرغاچ تۇرسۇن! » دەپ، گېزىتكە ئورالغان كىتابنى تەڭلىدى. كامىل گوركىينىڭ نادىر ئەسىرى «فوما گوردېيېۋ» نى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. ئاردىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، ئۇ ماگىزىندىن سودىلىق قىلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئېزىز تارمۇشقا ئۇچراپ قالدى. ئېزىز ئۇنىڭ قوللىرىدىن تارتىشتۇرۇپ يۈرۈپ، تار دەلىزلىك ھويلىسىغا باشلىدى. ئۆي بىر ئېغىز بولسىمۇ، كەڭتاشا ئىدى. ئاشلىق بولسا كېرەك، بىر بۇلۇڭدا يېرىملاشقان تاغارلار تۇراتتى.

— تاغارلارغا قاراپ كەتتىلە مۇئەللىم، — دېدى ئېزىز ھىجىيىپ، — ئۆزەم دېھقان بولغىنىم بىلەن، ئانچە - مۇنچە ئاشلىق ئېلىپ - ساتىمەن.

گۆشىگىردە، نان ياپىمەن. . .

كامىل ئېزىزنىڭ ئورۇق ئەمما مەزمۇت گەۋدىسىــــگە، ئازراق سەپكۈنلۈك ئاق سېرىق چىرايىغا، يېرىلىپ پىشقان زاغرىدەك ئالقانلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭغا «تارمۇش» دېگەن لەقەم بىكار قويۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— قاراڭغۇ بازارچى، ھايانكەشمەن دېگىنە! — دېدى كامىل گەپنى ئەگىتمەيلا.

— ئۇنداق دېسىلە ئاشۇرۇۋەتكەن بولىلا. . . بۇ دېگەن تىرىكچىلىك.

ئېزىز شۇ كۈنى قوتۇما ساندۇقتىن بىر مۇنچە كىتابلىرىنى ئېلىپ كۆرسەتتى. كامىــــل «ئاكا - ئۇكا ئارتامانوۋلار»، «بۇ ۋەقە رۇۋۇنۇ ئەتراپىدا بولغان»، «سىرلىق سوقماقلار» قاتارلىق رومانلارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كىتابقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كېيىن بۇ توغرىلىق دوستلىرىغا سۆزلەپ، ئېزىز تارمۇشنى ماختاپ بەرگەنىدى.

— جۇرۇڭلار! — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئېزىز دېگەن بۇ ھايۋان بىلەن بىر سۆزلىشىپ كۆرەيلى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئېزىز تارمۇش بىلەن بىر سائەتتەك سۆزلەشتى. ئەيىبلەپ تىللىسىمۇ، غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ۋارقىرىسىمۇ، ئۇنىڭغا بەربىر ئىدى. ئۇ كۈلۈپلا تۇراتتى. پات - پاتلا: «خاپا بولۇشمىسىلا، مېنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. . .» دەپ قوياتتى. ئۇنىڭ يۇقىرىقى كالپۇكىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوغرى چىشلىرىنىــى كۆرگەن ھېكمەت پاتەمخاننىڭ «ھوگگۈل چىش ئوغرى» دەپ تىللىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار نازىلخاننىڭ ئېزىزنى بىر يىلدىن بېرى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇشۇق گەپ قىلالمىدى.

— ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟ — دېدى كامىل قولىنى شىلتىپ، — ئۇ قىزنى بۇلغاپ قويۇپ، مۇشۇنداقلا بولدى قىلاي دەمسەن؟

— يوقسۇ، ھەر قايسىلىرى ماقۇل كۆرسىلە، ئەتىلا قىزنىڭ قەغەز ئېلىپ، توي قىلىۋېتىمەن.

— زەيىندىن مۇدىر بەرىبىر ئۇنىمايدۇ، — دېدى ھېكمەت.
— ھەر قايسىلىرىنىڭ ئۇ مۇدىرلىرى سۆڭگىكى يوق ئادەم ئىكەن، — ئېزىز ھېيلىگەرلىك بىلەن كۆزىنى قىستى، — ئاخشام ئازراق بىر نېمە كۆتۈرۈپ كىرگەنىدىم... ئۇ تېخى ھېكمەت مۇئەللىمگە تەربىيە بەرمەكچىمۇ بولدى.

مۇرات پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت بىر - بىرىگە قاراپ باش چايقىدى ۋە ئۆيدىن چىقىشتى. لېكىن ئېزىز ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، يەنە ھىجايدى:

— ھېكمەت مۇئەللىم، كامىل مۇئەللىم، مۇرات مۇئەللىم... مەن سىلەرنى سىرتىڭلاردىن ئاڭلاپ، غايىبانە ھۆرمەت قىلىپ كەلدىم. ھەر قايسىڭلار بوستاننىڭ يورۇق يۇلتۇزلىرى!... ئويلاپ باقسام، يامان ئىشتىن ياخشى ئىش كېلىپ چىقىدىكەن... سىلەر مېنى تىللاپ بەشپۇچۇق قىلىۋەتكەن بولساڭلارمۇ، لېكىن سىلەر بىلەن تونۇشۇۋالدىم. بۇندىن كېيىن، سىلەرنى داۋاملىق ئىزلەيمەن... قېنى بىز دوست بولۇپ قالايلى...

ئېزىز قولىنى سۇندى. ئۈچ دوست بىر - بىرىگە قاراپ تېڭىرقاپ قالدى - دە، ئاخىرى ئۇلارمۇ قولىنى بەردى. ئېزىز تارمۇشنىڭ قولى بەكمۇ كۈچلۈك ھەم قاتتىق ئىدى. ئۇلار خۇددى يىرىك ئىكەكنى تۇتقاندەك ھېسسىياتقا كېلىشتى.

— ئەمىسە، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە بوز يەرگە كېرىپ چىقىپلا، توي قىلىمەن، — دېدى ئېزىز ئۇلارنى ئۇزۇتۇۋېتىپ، — سىلەر تۆردە ئولتۇرۇپ بەرمىسەڭلار، رەنجىيمەن....

بوستان بازىرى بويىچە ئېزىز تارمۇشتىن ھېيىقمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئېزىز يۇۋاشنى بوزەك قىلمايتتى، ياماندىن قورقمايتتى. ئۇ شۇنچىلىك چاققان ئىدىكى، قۇيۇندەك پىرقىراپ يۈرۈپ، ئۆزىدىن بەردەم بىر نەچچە ئادەمنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالاھىدىلىكى قولى ئوچۇق مەرت ئىدى. ھايانكەشلىكتىن تاپقان پۇللىرىغا ئوتۇن، ئاشلىق، كىيىم - كېچەك، كىگىز، يوتقانلارنى

ئېلىپ، قارىغۇچىسىز بوۋاي - مومايلار، تۇل خوتۇن، مېيىپ، غېرىپ - غۇرۋالارنى يوقلايتتى. شۇڭا، دېھقانلار ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر ئۇنى ئاشلىق ھايانكەشلىكى، گۆشگىردە، نان يېقىپ ساتقان، قوي سويۇپ مەككارلىق قىلغان دېگەندەك قاراڭغۇ بازارچىلىقتا ئەيىبلەپ قوغداش بۆلۈمىدىن تۇتۇپ كەلسە، سوراق قىلغانلارغا گەپ بەرمەيتتى. تىللاپ، ئۇرۇندۇق، سىيا قۇتىلىرىنى ئېتىپ، سولاپ قويسا، دېرىزىلەرنى چېقىپ، ئىچىنى رەسۋا قىلاتتى. شۇڭا ئۇنى، «چويۇن ھۇررەك» دەپمۇ قويۇشاتتى. ئەڭ يامىنى، دۆي ياكى گۇڭشې كادىرلىرىدىن كىمكى ئاڭا قول تەككۈزۈپ بوزەك قىلسا، جىق بولسا بىر يىل، بولمىسا بىرەر - ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ئۆيىگە، پىچان - سامانلىرىغا ئوت قويۇۋېتەتتى. ئۆيىنىڭ ئاستىغا سۇ قويۇپ بېرىپ، قۇم توپىلىق تاملارنى ئېرىتىپ لايغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئىچكى جەھەتتىن ئېنىقلىغاندا، ئۇ كۈنلەردە، ئۇ بىرەر توي ياكى ئولتۇرۇشلاردا دېھقانلار بىلەن بىللە بولغان بولۇپ چىقاتتى. ئۇ شەيتاننىڭ ئۆزىلا ئىدى. بۇلتۇر بىر شياۋدۇيجاڭ تىلى يوق بىر گاچىنى «كۆكباش قوناق ئوغۇرلىدىڭ» دەپ خاماندا قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. بىراق، ئۇ گاچىنىڭ قورساقلىرىغا تېپىپ، گەدەنلىرىگە مۇشتلاپ، ئۆزىنى يەردە يۇمىلىتىپ يۈرگەندە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ھويلىسىدىن ئىس كۆتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئېغىلىغا ئوت كەتكەندى. شياۋدۇيجاڭ يېتىپ كەلگەندە، تۆت قويى قاپقارا كۆسەيگە ئايلىنىپ قالغاندى. ئېزىز تارمۇشنى گۇڭشې قوغداش بۆلۈمىدىن بىر - ئىككى كۈن سولاپ قويسا، ھەرگىز چىققىنى ئۇنىمايتتى. ئۇ: «مەن ئېتىزدا ئىشلىسەم مۇنچە نومۇر ئالغان بولاتتىم، تۆلەپ بەرمىسەڭلار چىقمايمەن...» دەپ، كاتىبات بۆلۈمىدىن ياكى بىرەر باشلىقتىن خەت ئالماي قويمايتتى.

ھېكمەت ئېزىزنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپلا، ئەتىگەندە تۇتۇپ كەلگەن سىراجىنىڭ يەنە قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. سىراجى باغچە كەنتلىك بولۇپ، يول ئۈستىدە چوشقا فىرمىسىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

توپىلاڭ يولدا ئالدىراپ كېتىۋاتقان ھېكمەت زۇمرەت بىلەن

ئۈچرىشىپ قالدى. بىچارە قىز خېلىلا جۈدىگەن ھەم سولغۇن ئىدى.
— زۇمرەت ئىشقا ماڭدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھېكمەت ئۇي ئەھۋالىنى سوراپ، — ياقۇپكامىنىڭ سالامەتلىكى ياخشىدۇر؟
— ياخشى، ھازىر دادام بىر ئېغىز گەپمۇ قىلمايدۇ... خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان... — زۇمرەت قول ياغلىقىدا كۆزلىرىنى سۈرتتى، — ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن...
— مۇرات بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟
— ئۇلۇشكۈن كەچ كەپتىكەن...
— كۆپ ئويلانماڭ... بىز ھەممىمىز مەسلىھەتلەشتۇق، — دېدى ھېكمەت تەسەللى بېرىپ، — مۇشۇ كۈزلۈك قاتلاڭچىلىق ئۆتۈپ كەتكەن ھامان، فىرمىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىپ، ياقۇپكامىنى خاتىرجەم قىلىمىز.
— رەھمەت سىلەرگە! — زۇمرەتنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى كەتكەنىدى، — گۈلزىبا ئوبدان تۇرغاندۇر؟
— ياخشى... ماڭا دادامدىن پۇل كەلدى. قولىمىز سەل بېسىققاندىن كېيىن، گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە ئادەم كىرگۈزىمىز...
— بەك ئوبدان بوپتۇ.
ئىككىسى ئايرىلىشتى. زۇمرەت كەينى - كەينىدىن ئېسەدەپ، چوڭقۇر تىنىدى - دە، يولىغا راۋان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەت - ئەلەملەر، خورلۇقلار، دادىسىنىڭ تارتىۋاتقان ئازاپلىرىنى ئويلىسىلا، خالىقنىڭ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك چىرايى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. بىر ئوبدان تىنچ ئائىلىنى ۋەيران قىلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن، ساددا ياقۇپنى سىپاپ - سىلاپ يۈرۈپ، كىشەنسىز تۇتقۇنغا ئايلاندۇرغان بۇ ئادەمگە ئۇنىڭدا قېنىقماس ئۆچمەنلىك قوزغالغانىدى. خالىق زۇمرەتنى ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى دەپ شۇنداق قىلغانىدى. بۇنى زۇمرەت كېيىن چۈشىنىپ يەتتى، ئەمما كېچىككەنىدى...
مەتمۇسانىڭ مەكزىدىكى گۆش بىلەن كاسىسىدىكى گۆشنىڭ ئانچە پەرقى يوق ئادەم ئىدى. ئۇ نۇرغۇن پۇلدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن،

ھايا - نومۇسنى، يۈزىنىڭ چۈشۈشىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، قىرمىدىكى بىر مۇنچە كىشىلەرگە خالىقنىڭ ئۆزىنى قانداق قىلىپ قاپقانغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بۇ گەپنى يېيىۋەتكەنىدى. شۇندىن كېيىنلا، زۇمرەت تولىمۇ ساددىلىقىنىڭ ئادەمنى بىخود قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدە ئۇ يىرتقۇچ ئوۋچى يىلپىزنىڭ پەنجىلىرى ئاستىدىكى شوخ كىيىك بالىسىدەك ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز يۈرۈپتۇ. بۇ يىلپىزنىڭ كۆزى بىردىنلا نەفسەگە ئوخشاش قوينىڭ قوزىسىغا چۈشۈشى بىلەن، كىيىك بالىسىنى جۈپتىگە تاشلاپ بەرگەنىدى، خۇددى ئەرزىمەس نەرسە - كېرەكلەردەك سىرتىدىن سېتىلىشتىن چەكسىز خورلۇق ھېس قىلغان زۇمرەت شۇ كۈنلەردە ئەقلىدىن ئادىشىپ، سۆزلەپ قالغىنىنى ئازلا قالغانىدى. ئۇ تۇرۇپلا، نېمىلەرنىدۇر دەپ، سىرتقا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتەتتى. . . تۇرۇپلا «مۇرات مانا تاپتىم. . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلاتتى. ئۆزىنىڭ نېمىگە خۇشال بولغانلىقىنى بىلمەي، كۈلۈپ كېتەتتى. . . ئۇنىڭسىزمۇ تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغان ياقۇپ بىر كۈنى قىزىنى باغرىغا بېسىپ يىغلىدى. يىغلىغاندىمۇ كانايلىرى بوغۇلۇپ، ئاۋازلىرى كاركىراپ قالغىچە يىغلىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ، ئۇمۇ بىر يەرگە قارىسا، كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندەك تىكىلىپ قالىدىغان، ئۆزىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايدىغان، كىملەر بىلەندۇر سۆزلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ھېلىقى كېچىسى مۇرات، كامىل، ھېكمەتلەر كېلىپ زۇمرەتنىڭ قەلب جاراھىتىگە مەلھەم بەرمىگەن بولسا، ئۇ ھازىرغىچە قانداق ھالغا چۈشۈپ قالاتتىكىن - تاڭ؟

زۇمرەتنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىۋالغىنى ياخشى بولدى. بىراق ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيۋاتقىنى دادىسىنىڭ قانداق قورقۇنچلۇق ئىشتا خالىققا باغلىنىپ قالغانلىقى، تىلى تۇتۇلۇپ، زوۋاننى ئاچالماس دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقى ئىدى.

زۇمرەت خىيال بىلەن پوچتىخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ پوكەينىڭ قاپقىقىنى كۆتىرىپ، تېلېفۇنخانىغا كىرىپلا، ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاپپارات ئالدىدا،

قۇلاقلىرىغا تىڭشىغۇچلارنى بېكىتىپ بىر قىز ئولتۇراتتى. خالىق بولسا ئۇنىڭغا چاپلىشىپ نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلاۋاتاتتى. ئۇ زۇمرەتنى كۆرۈپ، گويا ھېچنېمە بولمىغاندەك، چىرايىدىكى ياسىما تەبەسسۇمنى قىلچە بۇزمىدى.

— ھە، زۇمرەت قىز، كېلىپ قاپسىز؟ بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — خالىق قارا چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئارقىغا تاردى، — داڭۋېينىڭ قارارى بىلەن، مەلىكە سايىپخاننى ئورنىڭىزغا بېكىتتۇق. خەۋەر تېپىپ قېلىڭ! . . .

— زۇمرەت دېگەن سىز ئىكەنسىز ـ دە؟ خې! — تېلېفونىست خىڭىلداپ غەلىتىلا تولغاندى، — تېلېفون ئاپپاراتلىرى بەكمۇ پاسكىنا بولۇپ كېتىپتۇ، سۇرتۇپ تازىلىدىم. . .

— ئەپتىڭىزگە قاراپ گەپ قىلىڭ! — دېدى زۇمرەت قەھرى بىلەن، — ھەر ھالدا سىزنىڭ يۇزىڭىزدىن پاكىزە. . . داستىكى يۇندىغا بىر قارىسىڭىز بىلىسىز، بويۇنلىرىڭىز خۇددى ئىسلىشىپ كەتكەن مىس چۆگۇننىڭ ئۆزىلا ئىكەنغۇ؟ . . .

— سەن. . .

خالىق زۇمرەتنى ئىتتىرىپ پوچتىخانا ئالدىغا ئېلىپ چىقتى. چۇنكى ئۇ بىرەر جېدەل چىقىپ قېلىشتىن قورققانىدى.

— قانداق بۇ قىز بولامدىكەن؟ — دېدى خالىق مەسخىرىلىك كۇلۇپ.

— بولمامدىغان! — دېدى زۇمرەت مەڭسىتمىگەندەك قىياپەتتە، — بۇ قىزنىڭ ئەلپازىغا قارىغاندا، سىز ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خالىسانە ياردەم قىلىپ، ياردەم قىلغان نەرسىلىرىڭىزنىڭ باھاسىنى ئون ھەسسىلەپ ئۆستۇرۇپ، ئۇ باھالارنى يىل، ئايلىرى بىلەن قويۇن دەپتىرىڭىزگە يېزىپ ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ، ئۆزىلا ئىندەككە كەلگۇدەك . . .

— بۇ . . . بۇ. . . نېمە دېگىنىڭىز؟. . . — زۇمرەتنىڭ سوزى خالىقنىڭ يېغىرىنى ئىچىۋەتكەنىدى، — ئەجەب تېگى بار گەپ قىلىسىزغۇ؟

— خۇپسەنلىك قىلماڭ! مەتمۇسا بىلەن ئاراڭلاردا قانداق نومۇسسىز سودا بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم، — دېدى زۇمرەت خەنجەردەك

قادىلىپ، — سىز بىر چاغدا مەتمۇسانى سېتىۋەتكەندەك، ئۇمۇ سىزنى ھېچ ئايانمايلا سېتىۋەتتى... ھەقىقەتەن سىلەر بىر - بىرىڭلارغا... «ئامراق»، «ۋاپادار»، «ۋىجدانلىق» قېرىنداشلاردىن ئىكەنسىلەر!...

— زۇمرەت قاراڭ، بۇرۇن مەن سىزنى ياخشى كۆرگەن!...

— ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! — دېدى زۇمرەت. دادىللىق بىلەن، — سىزدە سۆيىدىغان قەلبمۇ، ئۇيۇلىدىغان يۈزمۇ يوق تۇرۇغلۇق، ياخشى كۆرۈشتىن گەپ ساتىسىزغۇ؟... بىلىپ قويۇڭ، بۇگۇن مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم خىزمىتىمنى تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى سىلەردەك ۋىجدان سودىسى قىلىدىغان ئادەملەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق!...

زۇمرەت كېتىپ قالدى. ئۇ چوڭ يولغا چىقىپ، فىرما تەرەپكە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. بۇنى كۆرگەن خالىقنىڭ يۇرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ئاچچىق زەھەر كانايلىرىنى بوغقاندەك دېمىقىپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ ئىچىدە: «خەپ، ھازازۇل قانجۇق، بۇگۇنكى ئاھانىتىڭنىڭ ئۆتىنى ھەرگىز نېسى قالمايدۇ...» دەپ پىچىرلىدى.

خالىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى مۇراتقا دەپ قويۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان زۇمرەتكە ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان يۈك بىردىنلا غۇلاپ چۈشكەندەك بىلىنىپ كەتتى. چۈنكى خالىقتەك ئادەمنىڭ ئىلتىپاتى ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈزىگە نىجاسەت سۈۋىغاندەك پاسكىنا، سەدىقە قوبۇل قىلغاندەك نومۇسلۇق ئىش ئىدى. مانا ئەمدى يېنىكلەپ قالدى. لېكىن يەنە قانداقتۇر قاراڭغۇلۇق كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇراتتى. شەرمەندە بولغان خالىق قايتىدىن نەشتىرىنى تىقىپ، زۇمرەت ۋە ياقۇپتىن يەنە ئۆچ ئېلىشتىن يانمايتتى.

زۇمرەت مەكتەپكە كىرگەندە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئېتىز ئۈستىدە يېسىۋېلەك ھەم كاپۇستا قېزىۋاتاتتى. قېزىلغان بۇ كۆكتاتلارنى توپ - توپ ئوقۇغۇچىلار زەمبىل، تاغارلاردا ھەم قوللىرىدا ئامبارغا توشۇماقتا ئىدى. يىراقتىنلا زۇمرەتنى كۆرۈپ قالغان مۇرات رېزىنكە ئاياغلىرى لاي ھالدا يۈگۈرەپ كەلدى. ئىككى كۈندىن بېرى

كۆرۈشمىگەچكە، ئۇ بەك خوشال بولۇپ كەتكەنىدى.

— زۇمرەت، بۈگۈن ئىشلىمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى مۇرات ئۇنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — سىزگە بىر نېمە بولمىغاندۇر... ياقۇپكامچۇ؟...

— ئەمدى ئىشلىمەيدىغان بولدۇم، — زۇمرەت لاپپىدە قاراپ قويدى.

— راستمۇ؟ بەك ياخشى بوپتۇ... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دېيەلمىگەن ئىدىم، — دېدى مۇرات، — دېگىنىم بىلەنمۇ خالىق «ئاكىڭىز» نىڭ لەۋزىنى يىرالمايتتىڭىز - دە...

— ئەسكى، ئەسكى! — زۇمرەت كېچىك مۇشتۇملىرى بىلەن مۇراتنىڭ مەيدىسىگە مۇشتلاپ كەتتى، — سىز خالىق دېگەن لامزەللىنى ماڭا چاپلاۋاتىسىز...

— بولدى، بولدى قىلىڭ! ئوقۇغۇچىلار قاراۋاتىدۇ... مەن ناماقۇل، — مۇرات يانچۇقىدىن بىر كاللەك ئاچقۇچنى ئېلىپ زۇمرەتكە بەردى، — سىز ياتاققا كىرگەچ تۇرۇڭ، مەن ئىشتىن چۈشۈپلا بارىمەن.

زۇمرەت سەنئەت رېپېتىتسىيە ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئىچكىرى ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. مۇرات سەھەردىلا چىقىپ كەتكەچكە، يوتقان - كۆرپىلىرى يىغىقسىز ئىدى. كىر كىيىملەرمۇ ئورۇندۇق يۆلەنچۈكلىرىدە ئېسىقلىق تۇراتتى. زۇمرەت ئىككى چايداننى كۆتۈرۈپ بېقىپ، قايناقسۇ بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، رېپېتىتسىيە ئۆيىگە ئېلىپ چىقتى. سۇ تەڭشەپ، كىرلەرنى داسقا چىلاپ قويۇپ، ئۈستەل ئۈستىنى پاكىزە تازىلاپ، كىتاب - دەپتەرلەرنى رەتلىك تىزىپ قويدى. ئاندىن، ئۆينىڭ بىر قۇر تازىلىقىنى قىلىۋېتىپ، كىر يۇيدى. ئۇ دەسلەپتە، كىيىملەرنى يۇيۇپ ئىشىك ئالدىدىكى ئاغامچىغا ئېسىۋەتكەندىن كېيىن، يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەر - تاشلىرىنى يۇيۇشقا باشلىدى. مۇرات بىر كورىدا سۇيۇقئاش بىلەن ئىككى نان كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ زۇمرەتنىڭ خۇددى بىر ئۆينىڭ ئايال خوجايىنىدەك، ئۆيلەرنى پاكىزلەپ، كىر - قاتلارنى يۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى. گويا ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى - شەپقەتكە ئېرىشكەندەك،

ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايلا قالدى:

— ئاھ، مېنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىم، چىرايلىق رەپىقەم، — دېدى مۇرات كورىنى ئۈستەلگە قويۇۋېتىپ، — كىر يۇيغان قوللىرىڭىزغا سۆيۈپ قويايمۇ؟ ... جاپا چەكتىڭىز، ھاپاش ئېتەيمۇ؟ ... تەرلەپ كېتىپسىز، سۈرتۈۋېتەيمۇ؟ ...

— قوللىرىمغا تاماكا ئوتى ياقمىسىڭىزلا بولدى، — دېدى زۇمرەت يېقىملىققىنا قاراپ، — كېلىڭ، يوتقاننىڭ ئەستەرلىرىنى سىقىشىپ بېرىڭ!

ئۇلار ئىككىسى يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئەستەرلىرىنى سىرتقا يېيىۋەتكەندىن كېيىن، مۇراتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ تاماق يېيىشتى. ئۇلار، تامدىكى «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمگە تەڭلا قاراپ، بىر - بىرىگە چوڭقۇر مەنادا بېقىشتى، ئاشۇ ئۇنتۇلماس كۈنلەرنى ئەسكە ئېلىشتى. زۇمرەت پوچتىخانىدا خالىق ئىككىسىنىڭ تاكاللىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— كۆڭلىڭىز يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟ — دېدى مۇرات زۇمرەتنى چېكىپ بېقىپ.

— نېمىشقا ئۇنداق بولغۇدەك؟ ئەكسىچە يېنىكلەپلا قالدىم! ...

— ھەببەللى، ماۋۇ گېپىڭىزنىڭ قۇربانى بولسا ئەرزىيدۇ، — دېدى مۇرات ئېشىنى پۇۋلىگەچ، — راست گەپنى قىلسام، سىزنىڭ ئاشۇ يەدە ئىشلىشىڭىزگە كۆڭلۈمدە نارازى ئىدىم. شۇڭا، مائارىپ ئىدارىسىدىكى ئالىمجان زىھرۇللاغا مەسلىھەت سالغانىدىم، ئۇ: «زۇمرەت پوچتىخانىدىن چېكىنىپ چىقسا، بىز مەكتىپىڭلارغا ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى قىلىپ بېرىمىز. بىرەر يىلدىن كېيىن، رەسمىيلەشتۈرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. چۈنكى ناھىيە بويىچە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشمەيدۇ» دېگەن.

— راستىما؟

— مەن سىزنى قاچان ئالدىغان؟ بىزنىڭ 12 سىنىپلىق بۇ چوڭ ئوتتۇرا مەكتەپتە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىدىن بىرسىلا بار، — دېدى مۇرات، — زىكرۇللا غوجىمۇ ئىككى نوۋەت دوكلات يېزىپ، مائارىپ

ئىدارىسىدىن ئوقۇتقۇچى ھەل قىلالمىدى.

مۇرات بىلەن زۇمرەت خېلى ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ توشۇپ قالغىنىنى بىلمەي قېلىشتى. ئۇستى - ئۇستىلەپ كەلگەن بالايىئاپەت دەستىدىن، شوخلۇقى يوقىلىپ ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان زۇمرەت مۇرات دەرسكە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يوتقان - كۆرپىلەرنى تىكتى. ياستۇقلارنى قاپلاپ، كىيىم - كېچەكلەرگە دەزمال سالدى. دەرس - مۇزاكىرىلەر ئاياغلىشىپ، ھەممە ئىشتىن چۈشكەندە، مۇرات ئىككىسى كەچلىك تامىقىنى چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ يېيىشتى.

كەچ كىرىپ، ئەتراپنى گۈگۈم پەردىسى قاپلىغاندا، ئۇلار فىرمىغا قاراپ يول ئالدى. زۇمرەت مۇراتنىڭ ئۇمىدۋارلىققا تولغان سۆزلىرىنى، تەمسىل - ماقاللىرىنى ئاڭلاپ، خېلىلا روھلىنىپ قالدى. شوخلۇق، تېتىكلىك، زېرەكلىك، ئۇنىڭ كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان زىننىتى ئىدى. مۇرات ھېلىھەم ئاشۇنداق بولۇشنى ئىستەيتتى. ئۇ، «زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكۈم» دېگەن ناخشىسىنى، «ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاش» ناملىق مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغاندىمۇ، قىزنىڭ خۇلقىدىن ئەندىز ئالغانىدى!... مۇرات ئاشۇ ئىجادىيەتلىرىنى تەمبۇر، دۇتار، ئىسكىرىپكا، راۋاپلاردا ئورۇنلىغان چاغلىرىدا، زۇمرەتنىڭ كۈلۈپ تۇرغان سىيماسى... ئاجايىپ لەزىز مەنالارغا تولغان بوتا كۆزلىرى، قايرىلىپ قاراشلىرى... قانلارنى ئۇرغۇتۇپ، يۈرەكلەرنى ئوينىتىپ، ناگىھان ھالدا قىينايدىغان كىرپىك ئېتىشلىرى... ئۇنىڭغا ئىلھام بولغانىدى! قېنى شۇ شادىمان قىز؟... مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنىڭ قانداق دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ چېھرىدىكى باھارغا زىمىستان چىللاپ كەلگەن؟... پاھ، ئۇنىڭ قاراشلىرى ئەمدى نېمىدېگەن ئېغىر... ئاپتاپتەك نۇرلۇق يۈزىنى دەرد - ئەلەم بۇلۇتلىرى تۇتاش مانانلاشتۇرغان... ئاھ، خوتەن قىزى زۇمرەت، سەن ئۇۋۇلۇپ كەتسەڭمۇ بەرىبىر زۇمرەتسەن!... پېقىر يارالغان ئىگىسىدىن سېنىڭ ئامانلىقىڭنى، بەختىڭنى، شادلىقىڭنى، شوخلۇقىڭنى تىلەيدۇ...

— كەلدۇق، — دېدى زۇمرەت مۇراتتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك تەلمۈرۈپ، — مەن كىرىپ كېتەي، سىزمۇ قايتىڭ! . . .

— ماقۇل! — دېدى مۇرات زۇمرەتكە كۆزى قىيمىغان هالدا، — ئەمسە مەن كەتتىم.

زۇمرەت كىرىپ كەتتى. بىراق مۇرات قايتىپ كېلىپ، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن مەھبۇبىسىنىڭ سايىسىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، هويلىغا قارىدى. ئەمما كۈتمىگەندە، ئۆي ئىچىدىن شۇنداق دەھشەتلىك چىرقىراش ئاۋازى كەلدىكى، مۇراتنىڭ يۈرىكى قېپىدىن ئاجراپ، قوقاسقا چۈشكەندەك سىلكىنىپ كەتتى - دە، ئۆزىنى هويلىغا ئاتتى. مۇرات ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئېتىلىپ كىرگەندە، ياقۇپ تورۇس لىمىدا ئېسىقلىق تۇراتتى، ئۇنىڭ هېلىھەم ئاستا پۇلاڭلاپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئېسىۋالغىنىغا كۆپ بولمىغانىدى. مۇرات ناهايىتى تېزلىك بىلەن ياقۇپنىڭ تىزلىرىدىن قۇچاقلاپ يۇقىرى كۆتۈرگەچ، چىرقىراپ يىغلاۋاتقان زۇمرەتكە ۋارقىرىدى:

— ئاغامچىنى كېسىۋېتىڭ! تېز بولۇڭ. . .

زۇمرەت ئۈستەلدىكى پىچاقنى ئالدىيۇ، نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈگۈرۈپ يۈردى، ياقۇپ تېپىپ ئۆرۈۋەتكەن ئورۇندۇق پۇتىغا پۇتلىشىپ يۇرسىمۇ، ئۇنى تىكلەپ ئۈستىگە چىقىشقا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

— ئورۇندۇقنى قويۇڭ! — ۋارقىرىدى مۇرات، — هە، چىقىڭ. . . كېسىڭ! . . .

ياقۇپ مۇراتنىڭ قۇچىقىغا لاسسىدا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇنى كۆتۈرۈپ ياتقۇزۇپ بولغىچە، زۇمرەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان خولۇم - خوشنىلاردىن بىر نەچچىسى كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا، مۇرات ياقۇپنىڭ قول - پۇتلىرىنى تارتىپ هەرىكەتلەندۈرۈپ، كۆكسىنى بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئاغزىغا پۈۋلەش ئارقىلىق نەپەس كەلتۈرمەكچى بولدى. بىراق زۇمرەتنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ پۇت - قولىنى تىترىتىپ، بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

— بولدى يىغلىماڭ، — ۋارقىرىدى مۇرات مۇنچاق - مۇنچاق تەرلەپ

كەتكەن هالدا، — سۇ ئەكىلىڭ!...

مۇرات ياقۇپنىڭ ئاغزىغا ھەرقېتىم چىڭقىلىپ بىر پۇۋلەپ، كۆكسىنى بېسىش ھەرىكىتىنى ئىككى - ئۈچ تەكرارلىغاندىن كېيىن، ياقۇپ «خارت» قىلىپ بىر تىنىدى. مۇرات ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتى. بۇ چاغدا، مۇراتنىڭ پېشانىلىرىدىن ئاققان تەر كىرپىكلىرىدىن تامچىلاۋاتاتتى، كۆينىكىمۇ سۇغا چىلىغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. ياقۇپ بىر قېتىم نەپەس ئالغاندىن كېيىنلا، مۇرات ئۇنىڭ بېشىدىن تارتىپ پۇت - قوللىرىغىچە تېز ئۇۋۇلىغىنى باشلىدى. ئارقىدىن زۇمرەت ۋە خوشنىلارمۇ ئۇۋۇلىدى.

— تېز ھەم قاتتىق ئۇۋۇلاڭلار، —دېدى مۇرات تەرلىرىنى يېڭىدە سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، — تومۇردا توختاپ قالغان قانلار راۋانلىشىدۇ.

ياقۇپ زەئىپ ئىڭرىدى، ئارقىدىن قاپاقلىرىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ، مۇراتنى ناھايىتى خىرە كۆردى. ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار چېكىلىرىدىن ساقىپ، قۇلاقلىرىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. مۇرات ئۇنى يۆدۈپ گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئەكىرمەكچى بولغانىدى، ياقۇپ بېشىنى چايقاپ، بارمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، مۇرات بىر چىنە سوغاق چاينى قوشۇقتا ئىچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە بىر خىلدا نەپەس ئېلىپ تىنچلاندى، خوشنىلارمۇ چىقىپ كېتىشتى. لېكىن چار ساقال بىر دېھقان قېلىپ، ئۇلارغا ھەمراھ بولدى. دېھقاننىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، فىرمىنىڭ بىر نەچچە ئادىمى كېلىپ، ياقۇپقا، ئۇنىڭ بوز يەرگە كۆچۈش ئائىلىسى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكىنى، قورۇ - جايىنى خىيانەتكە ھېساب قىلىپ تۇتۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ياقۇپ بەشيۈز يىگىرمە يۈەننى بىر ئاماللاپ تۆلەپ بېرەي، دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ: «بۇ فىرما پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ قارارى، گۇڭشې داڭۈيسى تەستىقلىغان، چۈنكى، بوز يەردىكىلەر ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ ئېلىش ئۈچۈن ئىككى كۈن يول بېسىپ شەھەرگە كىرىدىكەن، شۇڭا، سىزنى ئۇ يەرگە جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەشكە يۆتكەپتۇ» دەپ ئېيتىپ قويۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

چار ساقال دېھقان مۇرات بىلەن زۇمرەتكە : «ئەمدى ئەنسىرىمىسەڭ ـ
لارمۇ بولىدۇ، ياقۇپ ئەتىگىچە ياخشى بولۇپ قالىدۇ. . .» دەپ، كېيىن
چىقىپ كەتتى. بىراق ئۇنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرى بۇ ئىككەيلەننى يۈرىكىگە
نەشتەر ئۇرغاندىنمۇ بەتتەر ئازاپلىدى. زۇمرەت مۇراتنىڭ تەكلىپى
بىلەن، ئاچچىق - چۇچۇك سۇيۇقئاش ئەتتى. ياقۇپقا زورلاپ يۇرۇپ بىر
چىنە ئىچۈردى. ئۇلار كېچىچە كىرپىك قاقماي، ئۇنىڭ بېشىدا
ئولتۇردى. تاڭ سۇزۇلەرگە يېقىن، مۇرات مەكتىپىگە قايتتى، ئۇنى
ئۇزىتىپ چىققان زۇمرەت يىغلاپ تۇرۇپ:

— رەھمەت سىزگە! ھېلىمۇ ياخشى سىز باركەنسىز، ئۇنىڭ
ئۇستىگە قۇتقۇزۇش چارىلىرىنىمۇ بىلىدىكەنسىز. . . بولمىسا. . . دېدى.

— مەن بۇزاق گۇگۇشىگە ئويۇن قويغىلى بارغاندا، ئۆزىنى ئېسىۋالغان
دېھقاننى قۇتقۇزغاننى كۆرگەنىدىم، — دېدى مۇرات، — بىچارە دېھقان
ئاشلىق نورمىسى يەتمەي، دادۇي ئامبىرىدىن ئۇچ ئاي ئالدىغا يەپ
بولۇپتۇ. كېيىن بارسا بەرمەپتۇ، شۇڭا، ئۇ ئۇششاق باللىرىنىڭ زارىغا
چىدىماي، ئۆزىنى ئېسىۋاپتۇ. . .

— ۋاي ئىسىت بىچارە! — دېدى زۇمرەت ئالدىراپ تۇرغان مۇراتقا
قاراپ، — مۇرات، مەن ئەمدى ھېچيەرگە بارالمايمەن. . . سىز كېلىپ
تۇرارسىز. . .

— ئەلۋەتتە كېلىپ تۇرىمەن. . . فىرمىنىڭ قارارىنى كامىل،
ھېكمەتلەرگە ئېيتىپ، بىر چارە ئىزلەشنىڭ كويىغا كىرىمىز.

— فىرما ياچېيكىسىنىڭ قارارىنى بۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇزالمىغان، — دېدى
زۇمرەت ئۇمىدسىزلىنىپ، — ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ قارارنى گۇڭشې
داڭۋېيسىمۇ تەستىقلاپتۇ.

— ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن سىز ئۇچۇن جېنىمنى
تىكىپ قويدۇم، سىزنى بوز يەردىن ئېلىپ قاچىمەن. . .

— مەنمۇ سىزنىڭسىز بۇ دۇنيادا ياشىمايمەن. . . بۇ چىن سۆزۈم.

— مەنمۇ سىزدىن ئۆزگىگە كۆڭۈل بەرمەيمەن. . . ماڭا ئىشىنىڭ.
مۇرات باغرىغا تاشلانغان زۇمرەتنى قاتتىق قۇچاقلىدى. . .

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئەتىگەنلىك سىياسىي ئۆگىنىش تۈگىگەن ھامان، مەيداندىكى گىمناستىكىغىمۇ قاتناشماي، ياتاققا كېلىشتى. ئۇلار ياقۇپنى بوز يەرگە يۆتكەش خالىقنىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا دەرستىن چۈشۈپ تۇراپ ئىمىن بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇشتى. بىراق، ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىنلا، ئۇلارنى زەيىندىن مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ كىردى. بۇ يەردە زىكرۇللا غوجى بىلەن كېرىموفمۇ بار ئىدى.

ھېلىلا تۇراپ ئىمىندىن تېلېفون كەلگەنىدى. ئۇ، لايقا گۇڭشېسىدا ئېتىز ئۈستى نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدۇ، يىغىنغا ناھىيە بويىچە بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ دېھقانچىلىق ۋە ئورۇقچىلىق تېخنىكلىرى ۋە پېشقەدەم دېھقانلار قاتنىشىدۇ، نەق مەيدان يىغىنىدا، كېۋەز پىتى ۋە قۇرۇتىنى يوقىتىش بويىچە تەجربە سۆزلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسى بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا لايقا گۇڭشېسىغە بارسۇن! دەپ ئۇقتۇرغانىدى.

— سىنىپ ۋە دەرسلەردىن خاتىرجەم بولۇڭلار — دېدى زەيىندىن، — ئىلمىي مۇدىر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى. ناھايىتى ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئىش ئىكەن.

— نېمە، ئۈچ - تۆت كۈنلۈك؟ — دېدى مۇرات كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— شۇنداق، — دېدى كېرىموف ھېكمەتكە ئۆچمەنلىك بىلەن تېكىلىپ، — لايقىدىكى نەق مەيدان يىغىنى تۈگىگەندىن كېيىن، توساللىنىڭ قوناق تاپلىرىغا ماشىنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش تەجربە يىغىنى، ئاندىن مەنزىرە گۇڭشېسىدا چارۋىچىلىق يىغىنى بار. . . قايتىشقا تولا ئالدىراپ كەتمىسەكمۇ بولىدۇ.

مەنزىرە گۇڭشېسىنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن ، كامىل ، ھېكمەت، مۇراتلار بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. چۈنكى بۇ چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنغان تاغلىق رايون بولۇپ، ئۇلاغ بىلەن يېرىم كۈندىن ئارتۇق يول بېسىشقا توغرا كېلەتتى. سەنئەتچى باللارنى، سەھنە ماتېرىياللىرىنى،

كىيىم - كېچەك سېلىنغان ساندۇقلارنى يۆتكەشنىڭ ئۆزىلا بىر ئاۋارىچىلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېرىموفنىڭ خىقىراپ تۇرۇپ قىلغان ئاخىرقى سۆزىدە بېرەر شۇملۇق باردەك قىلاتتى.

— بەلكىم ئۇلار مەنزىرە گۈزەشىسىگە يۆتكەلگەندە، سىلەرنى قايتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى زىكرۇللا غوجى، — ئۇنداقتا پاتلا قايتىپ كېلىسىلەر.

— ھەي. . . ئىلمىي مۇدىر، نېمە دېگەنلىرى ئۇ؟ — دېدى كېرىموف، — بۇ دېگەن سىياسىي ۋەزىپە، سىياسىي تەشۋىقات ئىشى. . . بىلىسىلە، تەشۋىقات دېگەن پارتىيىنىڭ ئاۋازى، قۇلىقى، بۇرنى ھەم كۆزى. . .

— مەكتەپتىكى ۋەزىپىنىمۇ پارتىيە تاپشۇرغان، — دېدى زىكرۇللا غوجى سەل تېرىكىپ، — بۇلار مەخسۇس كەسپىي سەنئەت ئۇمىكى ئەمەس، بەلكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇنداق تۆۋەنگە چۈشۈش، — كېرىموف سەل تاتاردى، — كەمبەغەل - تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تەربىيەسىنى ئېلىش بۇلار ئۈچۈن بىر ئىدىيە ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بولىدۇ.

— توختىسىلا، گەپلىرى تاپتىن چىقىپ كېتىپ بارامدۇ - قانداق؟ — دېدى ھېكمەت ئاچچىقىدا، — بىز ئىدىيە ئۆزگەرتكىلى، تەربىيە ئالغىلى پومبىشچىك ياكى باي دېھقان ئەمەسمىز. . . سىلىنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى، تەھدىت سېلىشلىرىنىڭ ئورنى يوق. ئىت چاشقان تۇتىمەن دېگەندەك، ئارتۇقچە ئىشلارغا چېپىلىپ يۈرمىسىلىمۇ بولىدۇ.

— ئاڭلىشىمچە، سىلىنىڭ ئېلىپ كەلگەن ئۇقتۇرۇشلىرىدا، — دېدى كامىل ۋەزمىن ئاھاڭدا، — «مېنىڭ تەربىيىلەيدۇ، يېقىندىن ياردەمدە بولۇڭلار» دېگەن گەپ بار ئىكەن، ياكى ئۇنىڭدا، مەكتەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، كەسپىي ئىشلىرىغىمۇ رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن گەپ بارمىدى؟ . . .

— مېنىڭچە، زەينىدىن مۇدىر ھوقۇقىنىڭ يېرىمىنى بۇ ئادەمگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ؟ — جىلى بولۇپ تۇرغان مۇرات گەپنىڭ سېسىقىنى چىقاردى، — شۇنداق قىلغانمىدىلە مۇدىر؟ . . .

— بۇ. . . بۇ. . . ھەي، بولدى قىلىڭلارچۇ! — قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، زەيىندىنىڭ كالپۇكلىرى تىترىدى، — ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! سىلەر تەييارلىقىڭلارنى قىلىڭلار. . .

بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغان كېرىموف يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ، ئولتۇرۇپ قالدى. زىكرۇللا غوجى كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ھېكمەتنىڭ ئاچچىقى تېخىچىلا يانمىغاچقا، ئارقىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. مۇشۇ يىغىندىن بېرى كېرىموف ھېكمەتنى ئىككى قېتىم ياتىقىغا چاقىرىپ، پارتىيە مەكتىپى، چايخانا مەكتەپتىكى شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش كۇرسىدا ھېكمەتنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقى، مەسىلىسىنى ئويلىماي، گۈلزىبا خانىمنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقى، شۇڭا، داۋاملىق سىياسىي خاتالىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ، يۇۋاشلىق بىلەن ئىشلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتىپ، خۇددى ھېلىلا ئېتىۋېتىدىغاندەك، تاپانچىسىنى سۇرتۇپ ئۈستەلگە قويۇپ، ئۇنى يەنە ئېلىپ ئۇيەر - بۇيەرلىرىنى پۈۋلەپ، قانداقتۇر بۇلۇڭلارغا چىنەپ باققانىدى. . .

ئاچچىقى كەلگەن ھېكمەت قۇرالنى شەخسىي غەرەز بىلەن كەلسە - كەلمەس يەردە چىقىرىش، ئۇنى كۆز - كۆز قىلىپ كۆرسىتىش، ئۇنى ئادەم قورقۇتۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەربىي تۈزۈمدە كەچۈرگۈسىز قانۇنىي خاتالىق بولىدىغانلىقىنى، بۇنداق ئەخمىقانە ئىشنى پەقەت ساۋاتسىز، چالا كۆرەك، مەمەدانە ھەربىيلەرنىڭلا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى تولىمۇ ئوسال قىلىۋەتكەنىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى زىكرۇللا غوجى كامىلنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — تۇراپ شۇجى بىلەن سۆزلەشمەكچى بولساڭلار، بۇ ياخشى پۇرسەت. كەچتە ئۆيۈندىن كېيىنلا سۆزلىشىڭلار. لېكىن، ئۇ ئادەمدىن ئانچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتمەڭلار. . . پەرەز قىلىشىمچە، ئۇمۇ خالىقنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك. . .

— سىزمۇ بىر ئىلمىي مۇدىر بولغاندىن كېيىن، — دېدى مۇرات قايناپ، — «ئوقۇتۇش ئىشلىرى جىددىي، ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيدۇ» دەپ

دادىل پىكىر قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

— ھەي مۇرات، ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغاندەك گەپ قىلىسەن! — زىكرۇللا بېشىنى چايقىدى، — ئۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھاشار، سەيلىسى تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدۇ. بالا. يىغماق، داۋىلەردىن تاماق پۇلى ئۇندۇرمەكنىڭ تېخىمۇ تەس بولىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارغۇ! . . .

سەييارە ئويۇن قويغۇچىلارنىڭ كەتكىنىگە ھەپتە بولاي دېدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە، گۈلزىبا مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرتىلدى. زەيىنىدىن بىلەن كېرىموف ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئىشخانىنىڭ ئىچى تاماكا ئىسىغا توشۇپ كەتكەنىدى. گۈلزىبا ياغلىقىدا بۇرنىنى تۇتقىنىچە، كېرىموفنىڭ قولىدىكى تاماكىغا قاراپ قويدى.

— ئولتۇرۇڭ گۈلزىبا خانىم! سىزگە خۇشخەۋەر، — دېدى كېرىموف دېۋانىنى كۆرسىتىپ، — قېنى مەرھەمەت!

— بولدى، گېپىڭلارنى ئاڭلاپلا چىقىپ كېتىمەن، — دېدى گۈلزىبا بوسۇغىدىلا، — بۈگۈن مېنىڭ سىنىپىمغا ئەمگەك كۈنى، بالىلىرىمنىڭ قېشىغا چىقمىسام بولمايدۇ. . .

— ھەي . . . مەن سىزنى ئولتۇرۇڭ دەۋاتىمەن، — كېرىموف ئۈنلۈك بۇيرۇق قىلدى، — خۇش خەۋەر دېگەننى ئولتۇرۇپ ئاڭلىغۇلۇق. . .

— نېمە، سىز مەن بىلەنلا قالدىڭىزغۇ؟ — گۈلزىبا غەزەپ بىلەن كېرىموفقا تېكىلدى، — سىز مىنبىڭلىرىڭىزغا بۇيرۇق قىلىۋېلىڭ ياكى زەيىنىدىنكام مۇدىرلىقىنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنمۇ؟ . . .

گۈلزىبا شارتلا ئارقىغا قايرىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، زەيىنىدىن ئۇنى توسۇپ قالدى. كېرىموف ئورنىدا ھۇپپىدە ئىسىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۆتكەندە، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۇنى لەت قىلىپ ئېغىزىنى تۇۋاقلاپ قويغانىدى. ھازىر بولسا، گۈلزىبا ئۇنى بىر تىيىنغا ئالغۇسىز رەسۋا قىلىۋەتتى.

— مۇنداق ئىش ئىدى، قاراڭ، — دېدى زەيىنىدىن يالغان ھېجىيىپ، — سىزنى مائارىپ ئىدارىسىدىن شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە يۆتكەپتۇ. . .

شۇڭا، بۈگۈنلا رەسمىيەتلىرىڭىزنى...

—نېمە؟... يۆتكەپتۇ!...—گۈلزىبانىڭ نېمىدۇر بوغۇزىغا تېقىلىپ قالغاندەك نەپەس ئالالماي قالدى، —مەن يۆتكىلىمەن دەپ ئىلتىماس يازمىغان ئىدىمغۇ؟

—ئۇنى ئۇقمىدۇق،—زەينىدىن لاپپىدە كېرىموفقا قاراپ قويدى، —سىز ئەمدى بۈگۈندىن ئېتىبارەن تەييارلىقىڭىزنى قىلىپ ماڭسىڭىز بولىدۇ.

—بۇ بىر سۇيىقەست،— گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىدىن چاقنىغان كەسكىن نەپرەت ئوتى كېرىموفنىڭ خۇنۇك، ئۇزۇنچاق تەلەتىگە قادالدى، — مەن... مەن مائارىپ ئىدارىسى بىلەن سۆزلىشىمەن.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ،—دېدى كېرىموف گېپىنى سوزۇپ، —بۇ دېگەن پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى، كادىر دېگەن دۆلەتنىڭ بايلىقى، ئۇنى قەيەردە ئىشلىتىش پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى، قانداق دېدىم مۇدىر؟...

—شۇ، شۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە خەقلەر بېشىنى تاشقا ئۇرۇپمۇ شەھەرگە يۆتكىلەلمەيۋاتسا؟...

—مەن بۇنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ،—دېدى گۈلزىبا ئارقىغا قايرىلىپ،—كىمنىڭ سۇيىقەستى ئىكەنلىكىنى تاپىمەن...

گۈلزىبا چىقىپ كەتتى. كېرىموف مەنىلىك كۈلۈپ قويدى. بىراق زەينىدىننىڭ چىرايىدىن بىر خىل غەشلىك چىقىپ تۇراتتى، ئۇ كېرىموفقا:

—مەن گۈلزىبانىڭ مۇشۇنداق دېيىشىنى باشتىلا بىلگەن، ئەمدى مائارىپ ئىدارىسى سۈرۈشتە قىلىپ قالسا، بۇ مەسىلە سىلىگە تۇتىشىپ قېلىشى مۇمكىن، —دېدى.

—خاتىرجەم بولسىلا دەيمەن، مەن ئۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلغىلى كىچىك بالا ئەمەس، —دېدى كېرىموف ئىشەنچلىك ھالدا، —بۇ ئىشتا مېنىڭ قولۇم يوق... ئۇقتىلىمۇ؟ ئاڭلاشمىدىم...

—ھەي ئىست! سىنىپى مەكتەپ بويىچە ياخشى ئىدى، —دېدى

زېيىندىن تىيالمىغاندەك قىياپەتتە، — سىنىپ مۇدىرلىق تەجرىبىسى مول، ئوقۇتۇش سۈپىتى ئىنچىل ياخشى بولۇپ كەلگەن بىر ئوقۇتقۇچىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇق. . .

زېيىندىن ئۆزىمۇ دىلغۇل بولۇپ تۇراتتى. ئۇ ھېكمەتتىن ئەتىنى ئېلىشنى ئويلىسا، گۈلزىبانىڭ كېتىشىنى خالايتتى. ئەمما تەجرىبىلىك، ئۈن - تىنسىز ئىشلەشنىلا بىلىدىغان، تىرىشچان بىر ئوقۇتقۇچىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭمۇ كاللىسىدىن ئۆتمەيتتى. زېيىندىنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا ياقمىغان كېرىموف ئۇنىڭغا گەپ يوپۇتتى:

— ھە راست، ئۆتكەنكى بىر كىيىملىك شىپۇن دوخاۋىنى ئاياللىرىغا تىكتۇرۇپ بەردىلىمۇ؟ — دېدى كېرىموف كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — ئىدارىمىزدىن ھەر بىر ئادەمگە يەنە بىر كىيىملىكتىن كېۋىركوت تارقىتىپتىكەن، مەن ھەربىي ئادەم بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئېلىپ قويدۇم. . .

— ئۇنچىلىك كايىمىسىلىمۇ بولاتتى، — زېيىندىنىڭ چىرايى شام چىراغتەك يېنىپ كەتتى، — ھېلىمۇ ھەر كىرگەنلىرىدە قۇرۇق كىرمەيلا.

زېيىندىن بىلەن كېرىموف باشقىلارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، گۈلزىبا شەھەر يولىدا تېز كېتىۋاتاتتى؛ ئۇ، ئۆتۈشۈپ تۇرغان ھارۋىلارغىمۇ قارىمايتتى. پەقەت: «سۈرۈشتە قىلسامىلا كېرىموفنىڭ سۈيىقەستى ئاشكارىلىنىدۇ. . .» دېگەننىلا ئويلايتتى. چۈنكى، ئارقىسىغا سايىدەك كېرىۋالغان بۇ ئادەم ھېكمەتكە چىش - تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىدى. ئىككىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايتتى.

گۈلزىبا مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تال بوستانلىق قورۇسىغا كىرىپ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىمجان زىھرۇللانىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. لېكىن ئۇ ئوقۇتۇش ئىشىغا مەسئۇل بولغاچقا، مەكتەپلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىغا كەتكەنىدى. گۈلزىبا ئۇدۇللا باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۈستەل ئالدىدا جۇغى كىچىك، باشلىرى دوپ - دوگىلەك، قاپقارا بىر ئادەم خەت يېزىپ ئولتۇراتتى. بۇ كىشى كىتابخانىنىڭ خاتىرىسىدە بولسا

كېيىن، «ئۇلتارسىلا خانىم!» دەپ قويدى. گۈلزىبا ئولتۇرمىدى، لېكىن ئۇ تۇيۇقسىزلا يىغلىۋەتتى.

كېرەك، ھېكمەت دەسلەپ كەلگەن يىلى، «ھەي ئادىشەي، ھابدال داۋۇز قاقاندەك ئىشىكنى ئۇرۇۋېرىسىيا!» دەپ تۆت گۆھەرنى باشلاپ چىققان ئا كوجاڭ ئىدى. ئۇ كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ، تىكىلىنىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، «ئۇلتارسىلا خانىم!» دەپ قويدى. گۈلزىبا ئولتۇرمىدى، لېكىن ئۇ تۇيۇقسىزلا يىغلىۋەتتى.

ئا كوجاڭ گۈلزىبانىڭ ئەرز - ھالىنى ئاڭلاپ بولۇپ، دىككىدە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىك تۈۋىدىلا: «مەتنىياز تۇردى» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا، بېشى سوزۇنچاق، قارىغا مايىل، ئېگىز، ئورۇق، ئوتتۇز ياش ئۆپچۆرىسىدە بىرسى كىرىپ كەلدى. ئۇ كوجاڭنىڭ گۈلزىبانى نېمە ئۈچۈن يۆتكىگەنلىك توغرىسىدىكى سوئال - سوراقلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈندىمەيلا چىقىپ كەتتى ۋە بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىردى.

—كوجاڭ، بۇنىڭغا ئۆزلىرى تەستىق سالغان تۇرسىلا... مانا قارىسىلا، —دېدى مەتنىياز ئىمزانى كۆرسىتىپ، —ئۆزلىرىنىڭ رۇخسىتىسىز شەھەرگە ئادەم يۆتكەشكە مېنىڭ بېشىم ئونمۇ؟...

—ھە توغرا، توغرا! ساي خەتمگە كەلدى، بۇ خانىم ھېلىقى كېسەلچان ئايالنىڭ قىزى ئىكەندە! —دېدى كوجاڭ خەتنى گۈلزىباغا سۇنۇپ، —ئانىلىرىنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسىنى ئوقۇپ باقسىلا خانىم...

گۈلزىبا «ئىلتىماس» دېگەن خەتكە كۆز تاشلىۋېتىپ ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدا، بۇمەرەمخان ئۆزىنىڭ ئۆپكە كېسىلى بارلىقى، ئېرىنىڭ بالىلىرىغا قارىمايدىغانلىقى، پۈتۈن ئائىلىنى گۈلزىبا بېقىۋاتقانلىقى، ئاغرىپ - تارتىپ قالسا، گۈلزىبانىڭ خىزمەت ئورنى يىراق بولغاچقا، ئۇششاق بالىلىرىنىڭ قىيىلىنىپ كېتىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار يېزىلغانىدى.

گۈلزىبا قاغا پۇتىدەك ئىرماش - چىرماش يېزىلغان خەتكە قاراپلا گۈلرۇزنىڭ قولى ئىكەنلىكىنى تونىدى. چۈنكى ئۇ باشلانغۇچتىلا توختاپ قالغاچقا، خەتنىمۇ تۈزۈك يازالمايتتى. لېكىن خەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئىمزا ئانىسىنىڭ قولى ئىدى. گۈلزىبا نە يىغلاشنى، نە ئاچچىقلاشنى بىلمەي

ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئانىسىنىڭ باشقىلارغا قول چوماق بولۇپ، ئۆزىگە تۇزاق قۇرۇشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

— لېكىن مەن يۆتكىلىشنى خالىمىسام، — دېدى گۈلزىبا يىغلامسىراپ، — مېنىڭ زادىلا يۆتكەلگىم يوق.

— ھىم، ماقۇلە، — دېدى كوجاڭ باشقىچە چۈشىنىپ، — كېسەلچان ئانىڭىزدىن، ئۈششاق ئۆكىلىرىڭىزدىن بىزار بولۇپ، كۆزىدىن نېرى تۇراي دەپسىزدە... ھەي، ھەي، بىزنىڭ بەزى ياشلىرىمىزنىزە...

— ياق، ياق، بۇ... ئۇنداق گەپ ئەمەس...

— شەھەر ئەمەس، ئاتا - ئانىسىنى دەپ، ئۇ گۈڭشېدىن - بۇ گۈڭشېگە يۆتكىلەلمەي يۈرگەن كۆرمىگ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بار! — دېدى مەتنىياز ئاچچىق كۈلۈپ، — ئۆزلىرى دېگەندەك بىرەر سەۋەب بولمىسا كوجاڭ، بۇ خانىم شەھەرگە كېرىشتىنمۇ قاچامدۇ؟...

گۈلزىبا ھېچ ئاساسسىزلا كېرىموفنى چىشلەپ تارتىشنى، قېرىنىدىشى گۈلرۇزنى يامانلاشنى، ئائىلىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چىتقا يېيىشنى خالىمىدى. بۇلارنى دېگەننىڭ پايدىسى نېمە؟ «ئۇلار مېنى ھېكمەتتىن ئايرىۋەتمەكچى» دېسىلا بولمىدىمۇ!... بۇنىڭغا ھايا - نومۇس يول قويمايتتى. دېگەن بىلەنمۇ ئۇلار: «سېنى ئېغىر قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئاناڭدىن يىگىتىڭ ئەلامۇ؟» دەپ سورىسا، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟...

— ئەمدى ئىككىلەنمەي خانىم، — دېدى مەتنىياز سىرلىق قاراپ قويۇپ، — دەرھال كېلىپ خىزمەتكە چۈشسىلە! سىلىنىڭ مائاش، خىزمەت رەسمىيەتلىرى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە كېتىپ بولدى.

روھسىزلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئىسكەنجىسىدە، پۇت - قولىدا مىسقالچە مادار قالمىغان گۈلزىبا ئېلەڭ - سېلەڭ مېڭىپ، ئۆيىگە كەلدى. گۈلرۇز چايخانىدا ئولتۇرۇپ ئايىغىنى مايلاۋاتاتتى. ئۇ، ئۈچ ئېلىش سۆيىقەستىدىن ھوزۇرلانغان ھالدا، پىسسىڭىدە كۈلۈپ قاراپ قويدى. بۇ كۈلۈش گۈلزىبا ئۈچۈن گويا يۈرىكىگە قادالغان مىختەك تۇيۇلدى.

— سەن. . . سەن نېمە رەزىللىكلەرنى قىلىۋاتىسەن؟ — گۈلزىبا تىترەپ تۇراتتى، — مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان؟. . . سەن مېنى شەھەرگە يۆتكەپ نېمە پايدا ئالماقچىسەن؟

— ھەي ياخشىلىقنى بىلمايدىغان كالۋا! — دېدى گۈلرۇز گۈركىرەپ، — شەھەرگە يۆتكەپ قويغىنىمغا رەھمەت دېمەي، يەنە تېخى ئادەم تىللايسىنا؟ .

— سېنىڭ خەيرىخاھلىقىڭنىڭ ماڭا لازىمى يوق، — ۋارقىرىدى گۈلزىبا، — ئەگەر سەنلا باشلاپ ماڭىدىكەنسەن، مەن جەننەت بولسىمۇ كىرمەيمەن. . .

— ئەمسە دوزاخقا كىر! . . .

— سېنىڭ قىلىۋاتقان پاسكىنا ئىشلىرىڭدىن، ياۋۇز تەلەتىڭدىن دوزاخ ياخشى! . . .

— ھەي، مەن قايسى پاسكىنا ئىشلارنى قىلىپتىمەن؟ — گۈلرۇز گۈلزىبانىڭ ياقىسىدىن ئالدى، — ئېيتە جالاپ، مېنىڭ تەلەتىم نەرىڭگە تاقاشتى؟ بىر يېرىڭنى بىر نېمە قىلىۋەتتىمۇ؟. . .

— ياقامنى قويىۋەت، — گۈلزىبا گۈلرۇزنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى، — ھايا - نومۇسنى بىلمەيدىغان بىشەم! . . .

— پاھ كۆچۈڭگە كېلىپ قاپسەنغۇ! — دېدى سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن گۈلرۇز ئېتىلىپ كېلىپ، — مانا ئەمسە، مانا ئەمسە! . . .

كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە، گۈلزىبانىڭ كالپۇكى يېرىلىپ، بۇرنىدىن شۇرقىراپ قان تۆكۈلدى. بۇ چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولغاچقا، مەكتەپتىن قايتقان ئابدۇنەبى ئاغزى - بۇرنى، كۆينەكلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەن گۈلزىبانى كۆردى - دە، تونۇر بېشىدىكى كۆسەينى ئالغانچە كېلىپ، قارا - قويۇق مۇش سېلىۋاتقان گۈلرۇزنىڭ دۈمبىسىگە نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئەسەبىيلىكى تۇتقان گۈلرۇز ئابدۇنەبىنىڭ قولىدىكى كۆسەينى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر مۇشت سالدى. ئابدۇنەبى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، جاۋغايلىرىدىن قان تەپچىپ، بىر تال چىشى يەرگە چۈشتى. بىراق ئابدۇنەبى شالاقشىدە يەرگە تۈكۈرۈپ، دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. بۇ ئەسنادا، مىجەزى يوق

ئۆخلاپ قالغان بۈمەرەمخان ئىنجىقلاپ چىقىپ، قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىم! تارت قولۇڭنى ئىپلاس! — بۈمەرەمخان گۈلزىبانى توسۇپ تۇراتتى، تېۋەززۇن[①]كۆتۈرگەن ئابدۇنەبى ئېتىلىپ چىقتى.

— ئابدۇنەبى، نېمە قىلماقچىسەن؟ تاشلا تېۋەززۇننى! . . .

— مەن . . . مەن . . . بۇ شاپاقچىنى چانىۋېتىمەن . . .

14 ياشلىق ئۆسمۈر ئابدۇنەبى ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇ ئاچىسى ماھىگۈل، ئانىسى بۈمەرەملەرنى ياخشى كۆرەتتى. بولۇپمۇ گۈلزىباغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. گۈلزىبانىڭ ئاچچىقلىشى، تەنبىھ بېرىشى، ھەتتا كىچىك ۋاقىتلىرىدا، كۆينەكلىرىگىنى شالتاق قىلىۋەتتىڭ، دەپ قوللىرىغا ئۇرۇشمۇ، ئۇنىڭغا قېرىنداشلىق مېھرى بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئابدۇنەبى ئەقلىنى تاپقانسېرى، ئاچىسىنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى چۈشىنىشكە باشلىدى. دادىسى قايىت، ئاچىسى گۈلرۇزلارنىڭ شۇملۇقلىرىنى ئويلىسىلا، ئۇنىڭ قېنى قىزىپ، يۈرىكىنى ئاچچىق بىر دەرد چىرمىۋالاتتى. ئىچىدە: «خەپ چوڭ بولايچۇ قېنى!» دەپ، قانداقتۇر ئەھدىلەرنى پىچىرلايتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئويلىماي، تېۋەززۇننى قالايمىقان چۆرۈپ، گۈلرۇزنى قوغلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى، گۈلزىبا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئاغزى قىپقىزىل بولۇپ بويىلىپ كەتكەن ئابدۇنەبى قانلارنى چاچرىتىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ، ۋارقىرايتتى، بۇلجىناتتى.

— ئاچا، مېنى قويۇۋەت ، جېنىم ئاچا، خۇش بولۇپ كېتەي، ئۇنى چانىۋېتىمەن . . . ئۆلتۈرۈۋېتىمەن . . .

— قاچ دەيمەن قاچ! — بۈمەرەمخان گۈلرۇزغا ۋارقىرىدى، — بول چاپسان! . . .

گۈلرۇزنىڭ تالاغا قېچىپ چىقىشى، پىرقىراپ كەلگەن تېۋەززۇن دەرۋازىغا قادىلىپ قالدى . . . بۈمەرەمخان يۈرىكىنى تۇتقانچە، سۇپىغا

---

① تېۋەززۇن — مەخسۇس مېۋە دەرەخلىرىنىڭ هارام شاخلىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلەنگەن كىچىك ئۆتكۈر پالتا.

لاسسىدا ئولتۇرۇپ، يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ خۇدايىم، ئالىدىغان ئامانىتىڭنى ئالساڭچۇ! . . . بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق؟ . . . قايسى بىرسىنىڭ دەردىنى تارتاي؟ . . . سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇم بولا؟ . . . بۇنداق ئازاپلارغا مۇپتىلا قىلغۇچە، بىر يولىلا ئېلىپ كەتسەڭچۇ مېنى. . .

گۈلزىبا بىچارە ئانىسىنىڭ ئاھ - نالىسىغا چىدىمىدى. ئۇ، ئاستا كېلىپ بۇمەرەمخاننى قۇچاقلىدى، ئۆزىمۇ مىچىلداپ يىغلىدى. ئابدۇنەبى ئۇلارغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇراتتى. ئەمدى مائارىپ ئىدارىسىغا يېزىلغان ئىلتىماس توغرىلىق گەپ ئېچىشقا يول قالمىغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ھەممە گەپنى ئاڭلىغان بۇمەرەمخان تەڭلىك، پۇشايمان ئىسكەنجىسىدە قالغانىدى.

— خاپا بولماڭ قىزىم! مەن دېۋەڭ ئازدىم. . . مېنى شەيتان ئازدۇردى، — دېدى بۇمەرەمخان ھاسىراپ، — «بۇ يىل ھەل بولۇشى ناتايىن، ئىككى - ئۈچ يىلدا ھەل بولسا چوڭ گەپ، گۈلزىبا ئاچامنۇ يېزىدا ئىشلەپ قىينىلىپ كەتتى، سىزمۇ كېسەلچان. . .» دەپ ئالدىسا، گول بوپتىمەن. . . ئۇنىڭ ھىيلىقى ئەسكەر بىلەن بىرلىشىپ بۇنداق قىلىشىنى ئويلىماپتىمەن. . .

— گۈلزىبا ئاچا، سەن شەھەرگە كەلسەڭ، — دېدى ئابدۇنەبى ياشلىق كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، — ھېكمەت ئاكام ئەشەدە قالامدۇ؟ . . .

— بولدى، ئابدۇنەبى بالام، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمە! — دېدى بۇمەرەمخان يۆتىلىپ، — مەن مائارىپ ئىدارىسىغا باراي. . .

بۇمەرەمخان ئورنىدىن تۇردىيۇ، مەيدىسىنى تۇتۇپ، يۆتەلگىنىچە سەنتۈرۈلۈپ يىقىلغىلى تاسلا قالدى. گۈلزىبا بىلەن ئابدۇنەبى ئۇنى يۆلىۋالدى. ئۇ شۇنچە چىڭقىلىپ يۆتەلدىكى، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ نەپەس ئالالمايلا قالدى ۋە يەرگە سۇس ھالرەڭ بەلغەم تۈكۈردى. قورقۇپ كەتكەن گۈلزىبا ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ، ئويۇقتىكى دورا قۇتىسىنى ئالدى. ئابدۇنەبى قايناقسۇ ئېلىپ كەلدى.

گۈلزىبا كەچلەپ مەكتەپكە قايتىپ كەلدى. ئەخمەت ھوشۇر ئەتىسىلا ئۇنى خوجىلىققا چاقىرىپ، نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيەتلىرىنى قولىغا

تۇتقۇزدى ۋە مەكتەپنىڭ باھالاپ بەرگەن قەغىزىنىمۇ قوشۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئوينىلىۋاتقان ئويۇندىن خەۋىرى بولغاچقا، كىرىموف، زەينىدىنلەرنى ئىچىدە تىللايتتى. بىراق «مىللەتچى» دېگەن قالپىقى بولغاچقا، گۈلزىبا ئالدىدا ئۇشۇقچە بىر نېمە دېيەلمىدى.

چۈشتىن كېيىن، سەييارە ئويۇن قويۇشقا كەتكەنلەر قايتىپ كەلدى. يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار گۈلزىبانىڭ ياتىقىغا كىردى. ئۆي ئىچىگە قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۇچ يىللىق ئەجرى سىڭگەن ئوقۇتقۇچىسىغا قىيالمايتتى، بەزىلىرى ئۈن سېلىپ يىغلايتتى، بەزىلىرى مىچىلداپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. كامىل ئوقۇغۇچىلارنى بەزلەپ، تەسەللى بېرىپ قايتۇردى. يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن گۈلزىبا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا قارىسىلا، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، ئېسەدەپ، ئۆزىنى تۇتۇپ ئالالمايتتى.

گۈلزىبا ئەمدى بۇ يەردىن كېتىدۇ... شۇنداق! كېتىدۇ... بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك بولۇپ كەتكەن ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك، ئىستېداتلىق دوستلىرىدىن ئايرىلىدۇ!... ئەمدى ئۇ ئاشۇ خۇشخۇي چىرايلارنى ، سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقنىغان كۆزلەرنى پات - پات كۆرەلمەيدۇ!... بۇ خۇدانىڭ قانداق قىسمەتلىرىدۇر؟... ئىنساني پەزىلەت بىلەن ياشىغان كىشىلەرنىڭ تەقدىر - ئىقباللىرى نېمە ئۈچۈن مۇنداق قاراڭغۇ بولىدىغاندۇر؟... ساختىپەز، قارا كۆڭۈل، بىدىيانەت، ھىيلىگەر ئادەملەر نېمىشقا ھەمىشە ياخشىلار ئۈستىدىن تەنتەنە قىلىشىدىغاندۇر؟... ئۇلار باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى ياڭاق قىلىپ چاقىدۇ، چىنە قىلىپ سۇندۇرىدۇ!... چېقىلغان ياڭاق، سۇنغان چىنە چاپلانغان ۋە قادالغان بىلەنمۇ ئەسلىگە كەلمەيدىغۇ!...

— گۈلزىبا، تەقدىرگە تەن بېرىڭ! — دېدى كامىل نېمىگىدۇر ئاچچىقلىغان تەلەپپۇزدا، — ئەگەر ئانىڭىزنىڭ تەلەپ - ئىلتىماسى بولمىغىنىدا ئىدى، بۇنىڭ يولىنى مېڭىپ ھەل قىلغىلى بولاتتى. بىز ھازىرقى شارائىتتا، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدۇق...

— ھەي. . . گۈلرۇزنىڭ خۇي - پەيلى ئۆزگىچە بەش قولدەك ئايان تۇرۇپ، — دېدى مۇرات غەزەپ بىلەن، — ئانىڭىزنىڭ يەنە ئالدانغىنى نېمىسى؟ . . .

— ئەمدى تاپا - تەنە قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — كامىلنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — بۇ قېتىم كېرىموف گۈلرۇز ئارقىلىق غەلىبە قىلدى، بۇنىڭغا ئۆزىمىزدىكى بىخودلۇق، بوشاڭلىق، يۇۋاشلىقمۇ سەۋەبچى بولدى. . .

گۈلزىبا ھېكمەتكە قارىدى. ھېكمەت كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋە ئالدىنى ئېلىپ بولمايدىغان قورقۇنچلۇق بىر پاجىئەنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلى تۇيغاندەك، بېشىنى تۆۋەن ئەگكەن ھالدا، يەردىكى نېمىگىدۇر تېكىلىپ قالغانىدى. باياتىندىن بېرى ھېكمەتنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ماھىگۈل ئۇنىڭ بۇ مىسكىن ھالىغا چىداپ تۇرالمىدى.

— ھېكمەت ئاكا، سىزگە نېمە بولدى، گەپ قىلىڭچۇ؟ — دېدى ماھىگۈل يىغلامسىراپ، — ئاچام كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بىر ئېغىز گېپىڭىزمۇ يوقمۇ؟ . . .

— تۇۋا! — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرمەي، — بۇمەرەمخان ئانىمىزنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىدۇر! . . . مېنىڭغۇ يامانلىقىم تەگمىگەندەك قىلىۋېدى. . . بولدىلا، بۇلار ئىش بولدى! ماھىگۈل سىڭلىم، سىز قانداق قىلىسىز؟ قالامسىز - كېتەمسىز؟

— مەن؟ — ماھىگۈل گۈلزىباغا قارىدى، — ئاچام بىلەن كەتسەم بولارمىكىن. . .

— مېنىڭچە، مەشەددە ئوقۇڭ! تاماق پۇلىدىن خاتىرجەم بولۇڭ. . . — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، ئۇ ئائىلە شارائىتىدا سىز ياخشى ئوقۇيالمايسىز. . . سىزچە قانداق گۈلزىبا؟

— مەن ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم، — يىغلىدى گۈلزىبا، — ماھىگۈل ئۆزى نېمە دەيدىكىن؟ . . .

— مەن ھېكمەتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن، — دېدى كامىل، —

قېنى، ماھىگۈل ئىختىيار ئۆزىڭىزدە! بىر قارارغا كېلىڭ. . .

ئاچىسى گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇھەببەتتىن چەكسىز سۆيۈنىدىغان ماھىگۈلنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە يۈرىكىگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالغانلىقى ئېنىق ئىدى. دادىسىنىڭ نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلىپ توينى بۇزۇۋەتكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۆزىنى قىمارۋازلارغا تۇتۇپ بېرىش پاجىئەسىدىن كېيىن، ئۇ ئاچىسى بىلەن ھېكمەتنىڭ مۇھەببىتىگە ئۇششۇك تەككەندەك ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش - تۇرۇش مۇئامىلىلىرىنى كۆزىتەتتى، يۈرىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. ھېلىقى يەكشەنبە كەچتە گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت باغدا ئۇچراشقىنىدا، قوناقلىق ئىچىدە شەپە بەرگەن ئادەممۇ نەق ماھىگۈل ئىدى. ئۇ ئاچىسى بىلەن ھېكمەتنى مەڭگۈ باغلاپ تۇرۇش ئۈچۈن، ھەر قانداق قۇربان بېرىشتىن يانمايتتى.

— مېنىڭ، — دېدى ماھىگۈل دادىللىق بىلەن، — قالغۇم بار. . .

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! — دېدى كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز رېپېتىتسىيە ئۆيىدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى، مۇرات يۈيۈنۈپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسۇن، ئۇ زۇمرەتنىڭ قېشىغا بارماقچى ئىدى. سىلەر پاراڭلىشىڭلار.

كامىل شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، زۇمرەتنىڭ ھويلىسىدا قىيامەت - قايىم بولۇۋاتاتتى. قىرمىنىڭ بىر - نەچچە مىنىبكلىرى ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى تالادىكى ھارۋىغا باسماقتا ئىدى. توپلىشىۋالغان كىشىلەر ئىچ ئاغرىتىپ ئاھ ئۇرۇشاتتى. ئاياللار مىچىلداپ ياش تۆكەتتى. ئاپئاق ساقاللىق چىشسىز قېرىلار ئاغزىلىرىنى ماكىلدىتىپ، نېمىدۇر دېيىشەتتى. ياقۇپ ھويلا ئوتتۇرىسىدا دۈم يېتىۋېلىپ، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلايتتى، يۇملايتتى. ئۇ گويا: «بۇ يەر مېنىڭ! بۇ يەرگە مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن. . .» دېگەندەك قىلىپ، پۇت - قوللىرىنى كېرىپ، يەرنى قۇچاغلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ توپىغا ياققان يۈزلىرى، ئاق ئۆسكىلەڭ ساقاللىرى لاي بولۇپ كەتكەنىدى. ياقۇپقا بىر كىم: «باغاشلا ياقۇپ، باغاشلا! بۇ يەر سېنىڭ، زېمىن سېنىڭ، تۇپراق سېنىڭ! . . . سەن

باغاشلىماي كىم باغاشلىسۇن! . . . » دەپ مەدەت بېرىۋاتقاندەك، ئۇ غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ يىغلايتتى. بىر چاغدا، خوشنىلاردىن كىمدۇر بىرى ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. بىراق ئۇ يۆلىگەن دېھقاننى ئىتتىرىۋېتىپ، هويلىدىكى بىر تۈپ ئۆرۈككە قادىلىپ قاراپ قالدى. ياقۇپ ئۆرۈكنىڭ ئۇچىدىن تا تۈۋىگىچە، يېرىلىپ غۇدۇر - غۇدۇر بولۇپ كەتكەن قوۋزاقلىرىدىن يەر ئۈستىگە چىقىپ قالغان يىلتىزلىرىغىچە، غول، شاخلىرىدىن يوپۇرماقلىرىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ، هاڭقىيىپ تۇراتتى. ئۇ، بىردىنلا ئۆرۈكنىڭ يوغان غولىنى قۇچاقلاپ، ياشتىن شالتاق بولۇپ كەتكەن يۈزلىرىنى يىرىك قوۋزاقلارغا يېقىپ، ئادەمنىڭ ئىچى سىرىلغۇدەك يىغلاشقا باشلىدى، كاكىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن غۇدۇڭشۇپ، نېمىلەرنىدۇر دېدى:

— سەن مېنى ئېلىپ قال! . . . سېنى دادام تىككەن ئىدىغۇ؟ . . . مەن ئۇ چاغدا ئارانلا ئالتە ياشتا ئىدىم! . . . هەي ئۆرۈك، خۇۋەيىنى ئۆرۈك! ئاڭلاۋاتامسەن؟ . . . ئايرىلىدىغان چېغىمىزدا، «خوش» مۇ دېمەيسەنغۇ! . . . مەن سېنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولغان، مېۋەڭنى ئېغىتىپ يېگەن . . . شاخلىرىڭنى يېرىۋەتكەن . . . كەچۈر مېنى . . . ئەپۇ قىل مېنى! . . . نېمە دېدىڭ؟ شۇنداق! ئەمدى فىرمىنىڭ توڭگۇزلىرى بۇ هويلىنى تىلغىشىدۇ . . . يىلتىزلىرىڭنى قۇرۇتىدۇ . . . يىقىلساڭ، غازاڭلىرىنى يەپ، ئۆرۈكىڭنى پايخان قىلىشىدۇ . . . سەن قۇرۇق - قاقشالغا ئايلىنىسەن! . . . ئۇلار نېمىلەرنى ۋەيران قىلمىغان؟ نېمىلەرنى توزۇتمىغان! . . . مانا مېنىمۇ، — ياقۇپ بىردىنلا هۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى، — تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇتىۋەتتىغۇ؟ . . . ئەمدى قايسى چۆللەردە قامغاقتەك ئۇچۇپ يۈرەي؟ . . .

ياقۇپ ئۆرۈك غولىدىن سىيرىلىپ، يەردە ئولتۇرۇپ قالدى. گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن زۇلمەتلىك ئاسمانغا قارىدى. ئۇ، تىرىك مۇردىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ياقۇپ ئۆرۈك تۈۋىگە تارىمۇشتەك قوللىرىنى پاتۇرۇپ، بىر چاڭگال توپىنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۇرتتى.

— زۇمرەت قىزىم، قېنى سەن؟ —ياقۇپ ئولتۇرغان يېرىدە غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن توۋلىدى، — بۇ توپىدىن ئېلىۋال! بۇ دېگەن تەۋەرۈك توپا... ئانا تۇپراق دېگەن تۇتىيا بولىدۇ. بىلەمسەن؟ بۇ توپىغا سېنىڭمۇ كىندىك قېنىڭ سىڭگەن!... نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟... بىلىمەن، سەن مېنىڭدىن نەپرەتلىنىسەن!... شۇنداق، بەختىڭگە ئولتۇرغان نەپرەتلىك قېرى، يىرگىنىچلىك ئەبلەخ!... ئەمما... ئەمما...— ياقۇپنىڭ ئاغىزلىرى ئۈمچۈيۈپ، كۆزلىرى چۈمچىقلاپ، توپا قوللىرى تىترەپ، خۇددى كۈلۈۋاتقاندەك خىرقىراپ يىغلايتتى، —سەن مېنىڭ جىگىرىم تۇرساڭ!... ئوماق قىزىم تۇرساڭ!... بۇ دۇنيادا سېنىڭدىن ئۆزگە تايانچىم يوق، سەن مېنى يالغۇز قويما، قىزىم زۇمرەت!...

بۇ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازنى — پىغانلىق نالىنى زۇمرەت ئاڭلىدىمۇ ياكى ئاڭلىمىدىمۇ؟ بۇنىسى نامەلۇم. باغرى قان، يۈرىكى زەرداپ بىلەن تولغان، ھەسرەتلىك ناتىۋان قىز ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى بولجالىقتا، تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، چوڭ يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. توۋا، ئۇ خۇشالدەك قىلىدىغۇ؟... شۇنداق، ئۇنىڭ خۇنى كەتكەن چىرايىدىن، نۇر ئۆچكەن قارا كۆزلىرىدىن، گەز باغلىغان ئوماق لەۋلىرىدىن غەلىتىلا كۈلۈمسىرەش يېلىنجاپ تۇراتتى... مۇرات بىلەن چېقىشىپ ئولتۇرغان ۋاقىتىدىكىدەك، يۈزلىرىنى ئۇ ياق - بۇ ياققا يوشۇرۇپ ئەپقاچقاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى. بىردە ئىلپىتەك تۈز قاشلىرىنى تۈرۈپ، بويىنىنى سوزۇپ چوڭ يولغا قارىسا، تۇرۇپلا ئۆزىچىلا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

ئەي قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا!... كارامىتىڭدىن گويا جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدەك ئاجايىپ گۈل بەدەنلەرنى يارىتىسەن!... ئاياللارنىڭ زوق نەزىرىنى، يىگىتلەرنىڭ مۇھەببەت - ھەۋەسلىرىنى ۋە قىزلارنىڭ ھەسەت نەزىرىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى تاڭ قالدۇرىدىغان پەرىزاتلارنى ئەھيا قىلىسەنۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بېشىغا تاغدەك دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەتلەرنى ئارتىپ قويىسەن!... قارىغىنا زۇمرەتكە!... ئۇنى نېمە قىلىپ قويدۇڭ؟... ئۇنى گۈزەل، ئوماق، شۇللۇق، شوخ، تېتىك

يارىتىپ قويغانلىقىنىڭ بەدىلىگە بەرگەن زاكاتىمۇ بۇ؟... ياكى جازايىمۇ؟... مەن بۇنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم!...

ئېرىق لېۋىدە ئولتۇرغان زۇمرەت بىردە ئۆزىگە كېلىپ، بىردە كېتىپ، ناگىھان بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا مۇرات گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ يوقايتتى ۋە چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىرماش - چىرماش خىياللار قايىنىمىدا، بىر چىراي لىپ قىلىپ كۆرۈنۈپ كۈلۈمسىرەيتتى. يەنە قانداقتۇر ئالاقەتلىك، بۇلاق، ئولتۇرۇۋاتقان قىپقىزىل قۇياش، ھالرەڭ چېچەكلەر، قولۋاق، بۇلاق قاتارلىقلار قوشۇلۇپ كېتەتتى... لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە، كىمدۇر بىرسىنىڭ قولىدىكى تاماكا... قارىس يېقىلغان چاقماق... پىژ قىلىپ كۆيگەن قول... دەممۇ دەم كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى...

شۇنداق! زۇمرەت كېتەر چېغىدا، مۇراتقا چىن يۈرەكتىن سۆيىدىغانلىقىنى، ھېچ تەخىرسىز ھالدا سۆيىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، بۇ يەرگە چىققانىدى. ئۇ بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى، ئەقىل - پاراسىتى، سەۋر - تاقىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرى ھاردى، ھالسىزلاندى!... ياش تۆكتى، يېشىمۇ تومۇرسىز بۇلاقلاردەك قۇرۇپ كەتتى!... مۇھەببىتى يولىدا نەررە تارتىپ جەڭگە چۈشتى، بىراق ئاۋازى پۈتتى!... ئاھ، مۇشۇ دەقىقىدە مۇرات قېشىدا بولسىچۇ كاشكى! بويىنىغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالسا... زەررىچە بولسىمۇ كۆڭلى - كۆكسى بوشاپ، يۈرىكى ئارام تاپار ئىدى!... ئۇ زادى نەگە كەتكەندۇر؟... مانا بۈگۈن توققۇز كۈن بولدى... ئۇنىڭ زۇمرەتنى كۆرگىسى كەلمىدىمىكىنە، سېغىنمىدىمىكىنە؟... ياكى خالىق دېگەن مەرەز ئۇنى سولاپ قويدىمۇ؟... توغرا، خالىق دېگەن كىم ئۇ؟... غەلىتىلا ئىسمىغۇ بۇ!... بىر يەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلىدىغۇ!... بۇلارنى ئويلاپ نېمە قىلىدۇ؟ ئىسىم دېگەن بەربىر ئىسمىغۇ!... خالىق دەمدۇ، ھېلىقى كۈلۈمسىرىگەن چىرايىنى دەمدۇ، ئۇ كىم ئىدى؟... بولدىلا، بەربىرغۇ!... ھەممىسى بولمىغانلا ئىشلار تۇرسا!...

— زۇمرەتخان، تۇرسىلا دەيمەن! — دېدى خۇددى كۆسەيدەك قارا بىر

مىنبىك، — ياقۇپكام ئۆرۈكنى قوچاغلىۋېلىپ، زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. . .

— نېمە؟ . . . ئالاقەتلىككە بارامدۇق؟ — زۈمرەت لىككىدە تۇرۇپ نېمىدۇر دەپ غۇدۇڭشىدى، — راست ، ئۇ مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. . .

زۈمرەتكە تەئەججۇپ ئىچىدە قارىغان مىنبىك «ھەئە شۇنداق!» دەپ قويۇپ، ئۇنى باشلاپ ماڭدى. ھويلا ئالدىغا توپلىشىۋالغان دېھقانلار زۈمرەتنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئاستا ئارقىغا داجىشتى. ئۆرۈككە چاپلىشىۋالغان ياقۇپ توپىغا پۇچۇلۇپ كەتكەنىدى.

— جۇرۇ دادا، بىز ماڭايلى. ئۇ ساقلاپ قالمىسۇن! . . . — دېدى زۈمرەت كۈلۈمسىرەپ، — بۇلار بىزنى ئالاقەتلىككە ئاپىرىپ قويماقچى! . . .

— زۈمرەت! ، زۈمرەت! . . . سەن. . . سەن. . . ساڭا نېمە بولدى قىزىم؟ — ياقۇپ تىترىگەن قوللىرىدا قىزىنىڭ باش - يۈزلىرىنى سىلاپ، ئۇنى باغرىغا باستى، — ئاھ خۇدايىم، ساڭا نېمە بولغاندۇر؟ . . . نېمە بولغانسەن قوزام؟ . . .

— ھېچنېمە دادا! — زۈمرەت كۈلدى - دە، ياقۇپنىڭ بىلىكىدىن يېتىلەپ ماڭدى، — تېزرەك ماڭساڭچۇ. . كۈن قىپقىزىل بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. . . چېچەكلەر يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتىدۇ! . . . بۇلاقتا شولىمىز چۈشىدۇ. . . قولۇمغا تاماكا ياقماڭ! . . .

كامالچىدەك ئېگىلىپ قالغان ياقۇپ قىزىنىڭ تاققۇ - تۇققۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتتى. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىنى نەۋاخ؟ نەدىكى يامغۇردەك تۆكۈلگەن چېچەككەن ئۇ؟ بۇ كەچكۈز تۇرسا! . . . قېنى ئۇ بۇلاق؟ . . . قولۇمغا تاماكا ياقماڭ؟ . . .

— ئاھ خۇدا، مەن قىزىمنىڭ ئوت ئۇۋۇلىغا قالدىمغۇ؟ مېنى كەچۈر، مەندەك گۇناھكار بەندەڭنى كەچۈر! . . . ئىنسان بالىسى خام سۈت ئەمگەنغۇ. . .

ياقۇپ تۇۋۇلىغىنچە ھاڭۋېقىپ ئاسمانغا تىكىلدى. ساپسېرىق سارغايغان ياپراقلار شىرتىلداپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ھويلا ئارام، كوچا - كويلاردىكى قۇرۇغان غازاڭلار قاياققىدۇر ئالدىرىغاندەك ئۇچۇشۇپ

يۈرۈشەتتى. سوغۇق قىشتىن دىرەك بېرىپ چىقىۋاتقان ئاچچىق شامال شور تاملاردىن سامان تارتىپ نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى. ياپراقسىز يالىڭاچ قالغان داۋۇ دەرەخ، قاراڭغۇ باغلار ئەمدىلىكتە غېرىپسىنىپ قالغانىدى. ياقۇپ قايرىلىپ ئۆرۈككە قارىدى.

— ياق، مەن كەتمەيمەن!...— ياقۇپ ۋارقىرىغان پېتى بېرىپ ئۆرۈكنى قۇچاغلىۋالدى، — مېنى مەشەگە كۆمۈۋېتىڭلار!... ئۆرۈك تۈۋىگە دەپنە قىلىڭلار!...

قاۋۇل ئىككى مىنبىڭ ياقۇپنى قوللىرىدىن سۆرەپ ماڭدى . ئۇنىڭ يىرتىق كونا چاپانلىق ئورۇق گەۋدىسى يەردە سۆرىلەتتى. زۇمرەت هارۋىغا ئۆزى چىقتى. نەرسە - كېرەكلەر ئېگىز قېلىپ باغلانغان، تۆت ئات قېتىلغان رېزىنكە چاقلىق هارۋا غىچىلداپ قوزغالدى. لېكىن، ئۇلار ئاپئاق بۇس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان هاراق، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ كارخانىلىرىدىن، كۆكتاتلىق مەيدانلىرىدىن ئۆتۈپ، فىرما چېگرىسىدىن چىقىپ بولغىچە، ياقۇپنىڭ نېمىدۇر دەپ ئۇزمەي تولۇلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى.

زۇمرەت پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، ئېڭىكىنى تىزلىرىغا تىرىگەن، ياقۇپ بېشىنى ئۇستەل پۇتىغا قويۇپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە، هېكمەت هەيدىگەن ئېشەك هارۋىسى ئاتچۇي يولىدا كېتىپ باراتتى. نەرسە - كېرەكلىرى ئوتتۇرىسىدا چوقچۇيۇپ ئولتۇرغان گۈلزىبا قارا خىياللارغا پاتقانىدى. بۇلارنى ئۇزىتىپ قويغان مۇرات فىرمىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ گۆڭشې دوختۇرخانىسىدىن ئۆتۈپ، چوڭ يول ئاچىلىغا كەلگەندە، قاپقارا چاچلىرىنى ئارقىسىغا پارقىرىتىپ تارىغان، پاكىزە كىيىنگەن خالىق كۆك جىرەن ئاتقا يانتۇ مىنگىنىچە، ئۇنى تاراسلىتىپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئېغىزدۇرۇق چۇلۇۋۇرىنى بىرلا تارتىش بىلەن، ئات توپىلاڭ يولنى تىلغاپ ئىككى پىرقىراپ مۇراتقا توغرىلاندى. خالىق تەرلەپ هەم هاسىراپ كەتكەن مۇراتقا مەسخىرىلىك كۈلۈپ قارىدى.

— ئەپەندىم، بۇ يۈگۈرۈشىڭىز بىلەن ئۇلگۈرەلمەيسىز.. تېخىمۇ تېزرەك يۈگۈرۈڭ!... خا...خا... خا!...

خالىق ئېتىنىڭ بېشىنى شارتلا بۇراپ چوڭ يولغا چۈشتى. . . ئۇنىڭ كۈلكىسى خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى. ئۇ خۇشال ئىدى. چۈنكى، بەشىنچى خوتۇننى تۆت ئايلىق بولمىغان بوۋىقى بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. قولىدىكى كىشەن، پۇتىدىكى ئىشكەل يۇلۇپ تاشلاندى. هازىر ئۇ ئازاد! . . . شۇنداق ئازاد! . . . بىر مەزگىل ئۆزىنى بىلمەي، خوجا ئاكىسىنى تونىماي شىلتىلاڭ ئاتقان زۇمرەت يەر بىلەن يەكسان قىلىندى! . . . ئەمدى ئۇ جۇمباق بوز يەرنىڭ ياۋا قۇمۇشلىقلىرىدا پاشا ـ كۇمۇتىلارغا تالىنىپ، پىت ـ سىركىلەرگە يەم بولۇپ، ئېغىر ئەمگەك ئازابىدا، تۆت كۈندىلا دۈمچەك مومايغا ئايلىنىدۇ! . . . ئۇنىڭ گۈزەللىكى، تىز پۈكمەس غۇرۇرى، ياشلىقى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئاشۇ باياۋانلار ئارا دەپنە قىلىنىپ، ئۆزى بىر پارچە نانغا زار، غايىسىز دىۋانە بولۇپ قالىدۇ! . . . مۇنۇ مۇرات دېگەن ئەپەندىچۇ؟ ئۇ تېگىشلىك ئەدىۋىنى يېدى، ئۇنىڭ كۆرۈمى تېخى ئالدىدا. . . هازىرچە بارمىقىنى شوراپ تۇرسۇن! . . . ئاجايىپ ئىش! ئامەت دېگەن كەلسىمۇ قوش ـ قوشلاپ كېلىدىكىنا. . . زىيانغا چىدىماي، خالىقنى كوچا ـ كويلاردا سېسىتىپ يۈرگەن مەتمۇسادەك دىۋەڭگە بىرلا ئولغۇماچ سېلىۋېدى، هۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈچيۈز يۈەن پۇلنى خالىققا تۇتقۇزۇپ، بىر پاقلاننى هويلىسىغا باغلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. يەتتە يۈز يۈەن دەردىدە يۈرىكى قورۇلۇپ قالغان مەتمۇسا ئۈچۈن، بۇ خۇددى چاشقان تۆشۈكىگە پاتمىسا، كۆتىگە غەلۋىر ئېسىۋالغاندەكلا ئىش بولدى.

مۇشۇنداق خۇشاللىقلار ئىلكىدە خۇدىنى يوقاتقان خالىق نەفسەنىڭ هۆسنى ـ جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ، بوۋاي قەمبەر مەكتىپىگە ماڭغانىدى. مۇرات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈككىنىچە قاراپ تۇراتتى. بولۇپمۇ قاقاقلىغان مەسخىرە كۈلكە ئۇنىڭ يۈرىكىگە خەنجەردەك قادىلىپ، كۆزلىرىگە ئاچچىق ياش كەلدى.

غەزەپكە تولغان مۇرات فىرما يولىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئىچىدە پىچىرلايتتى:

— خەپ خالىق! سەن مېنىڭ بېشىمغا نى كۈنلەرنى سالمىدىڭ؟

مەيلى، هازىرچە راسا كۆل، قانغىچە مەمنۇن بولۇپ نەغمە - ناۋا قىل. بىلىپ قويغىنكى، خۇشاللىق هېچكىمگە باقى ئەمەس! . . . سېنىڭ دېپىڭ يېرىلىدىغان، ئاچچىق - ئاچچىق يىغلايدىغان كۈنلىرىڭ كېلىدۇ. مەن ئۇ كۈنلەرنى كۆرىمەن! . . . مەن كۆرەلمىسەم، بالىلىرىم . . .

مۇرات بىردىنلا خالىقنىڭ «ئۈلگۈرەلمەيسىز» دېگەن سۆزىنى يادىغا ئېلىش بىلەن، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك ئەنسىزلىككە چۈشتى. شۇملۇق يېغىپ تۇرغان چىراي، غورۇرى زەرەرلەنگۈدەك كۈلكىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن، ئۇ ئۆلە - تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈردى. ئۇ فىرما يولىغا قايرىلىپ، هارۋا يولىنى تاشلاپ، ئېتىز قىرلىرى، ئېرىق بويلىرى ئارقىلىق يىقىلىپ - قوپۇپ هويلا ئالدىغا كەلدى. قوش قاناتلىق دەرۋازا چوڭ ئېچىقلىق بولۇپ، هويلا ئىچىدە چۇۋۇلغان سېۋەت، كونا ئەلگەك، جىيەكلىرى يىرتىلغان كونا دوپپا، ئەسكى تەلپەك دېگەندەك ئەسكى - تۈسكىلەر قالايمىقان چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆي ئىشىكىمۇ هاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، ئوچاقلار ئۆرۈلگەن، سۆكىلەر بۇزۇلغان، چىنە - قاچا پارچىلىرى بىلەن تولغان ئۆيلەردىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. قۇرقۇنچلۇق كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى. مۇرات قاتتىق ۋارقىرىدى:

— زۇمرەت! . . . زۇمرەت! ! . . .

مۇراتنىڭ ئارقىسىدا بىر سايە پەيدا بولدى. بۇ، ياقۇپ ئۆزىنى ئېسىۋالغاندا، مۇراتقا ياردەملەشكەن چار ساقال دېهقان ئىدى. ئۆي ئىچى قاراڭغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ مۇراتقا بىر سائەت ئالدىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى. ھەتتا زۇمرەتنىڭ قىلغان ئېگىز - پەس گەپلىرى، ئۇنىڭ بىردە كۈلۈپ، بىردە يىغلاپ، غەلىتىلا بولۇپ قالغانلىقىغا قەدەر ھەممىسىنى ئېيتتى.

— ياقۇپقا قىرىغان چېغىدا ئۇۋال بولدى. ئاممىزە، زۇمرەتنىڭ هالى نىچۇك بولۇپ كېتەر؟ — دېهقان ئېچىنغان هالدا ساقال سىيپىدى، — قورقۇپلا قالدۇق، چۈشەنگىنى بولمايدىغانلا گەپلەرنى قىلىدۇ. تۇرۇپلا، «ئۇ مېنى

ساقلاپ تۇرىدۇ. . . » دېسە، بىردىنلا دادىسىنى ئالدىرىتىپ «بىزنى ساقلاپ قالمىسۇن. . . » دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. تېخى مېنىڭغا «ئالاقەتلىككە بارامدۇق؟ » دەۋاتىدۇ. . . خۇدايىم ساقلىسۇن، ئالدىمىزدا بىر چىرايلىق چوڭ بولغان تۇزۇكلا قىز ئىدى. . .

—يەنە نېمىلەرنى دېدى تاغا؟ —مۇرات دېھقاننىڭ قوللىرىنى تۇتتى، — ئېيتىڭا، تېز ئېيتىڭا! . . .

— ئاڭلىسىلا ئىشەنمەيلا، — دېدى دېھقان مۇراتنى ھويلىغا باشلاپ، — ئۇ «كۆن قىپقىزىل بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. . . » ، «چېچەكلەر يامغۇردەك تۆكۈلىۋاتىدۇ. . . » ، «بۇلاقتا شولىمىز چۈشىدۇ. . . » ، «قولۇمغا تاماكا ياقماڭ. . . » دېگەندەك بىر نېمىلەرنى دېدى.

مۇرات، زۇمرەت! . . . دەپ ۋارقىرىغىنىچە، قاراڭغۇ كوچىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئېتىزلارنى توغرا كېسىپ، ئېرىقلاردىن ئاتلاپ، چىغىر يوللاردا مۇدۇرۇپ، لاسكوي يولىغا چۈشتى. گۇپۇلدىگەن، ھاسىرىغان ئاۋاز كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىرەر ئۆتەڭ ياكى يېڭىئېرىق دەڭلىرىدە يېتىشۋالارمەن دېگەن ئۈمىددە توختىماي يۈگۈرۈۋاتقان مۇرات قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، سۇدىن سۇزۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتى.

تۇن نىسپىدىن ئۆتتى. ئاي قاراڭغۇسى ئىدى. يېڭىئېرىقنىڭ ياۋا قومۇش قاپلىغان داۋالىرى ئارقىدا قالدى. ئەملىكتە شاھمات تاختىسىدەك تېگانلار، شاللىرى ئورۇۋېلىنغان چەكسىز ئېتىزلار قارىيىپ كۆرۈنمەكتە! . . . يىراق كەنت ئىزنالىرى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ ئۇزۇپ - ئۇزۇپ قاۋىغان ئاۋازى كېلەتتى. مانا ئاشۇ تىغ ئۆتمەيدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئەسەبىيلەرچە «زۇمرەت! ! . . . » دەپ توۋلىغان ئاۋاز بەكمۇ يىراقلاردىن ئۇزۇلماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەسرەتلىك ندا، ئېچىنىشلىق نالە، مۇڭلۇق پىغان بارا - بارا زۇلمەتلىك تۈن باغرىغا سىڭىپ كەتتى. . .

# رەزىللىك

«بوستان» گۈڭشېسى ئېغىر ۋەھىمە ۋە ئەندىشىلىك سۈكۈنات ئىچىدە قالدى. ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن «سوتسىيالىستىك تەربىيە» گۇرۇپپىلىرى يەرلىك ئىدارە - جەمئىيەتلەردىن كادىرلارنى ئاجرىتىپ، ئۇلارنى قىسقا كۇرسلارغا ئۇيۇشتۇردى؛ يېزىلاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان «سوتسىيالىستىك تەربىيە» خىزمىتىنىڭ نۇقتا ۋە نىشانلىرى، سىياسەت ۋە ئەمىر - پەرمانلىرى توغرىسىدىكى ھۆججەت، يوليورۇقلارنى يەتكۈزۈپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن، ئۇلارنى يېزىلارغا تۈركۈم - تۈركۈملەپ ماڭدۇردى. دادۇي، شياۋدۇيلەرگىچە چۈشكەن كادىرلار «چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، ئوغرىلىق - خىيانەتچىلىك ۋە خۇسۇسىيلىققا قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى» ھەرىكەتنى باشلىۋەتتى. ئاز ساندىكى دادۇي، شياۋدۇيلەرنىڭ شۇجى، دادۇيجاڭ، بوغالتىر، ئامبارچىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئۈششۈك قامچىسى يەنىلا دېھقانلارنى ساۋاپ، ئۇلارنىڭ مادارىنى قۇرۇتتى. خۇددى قوپال كۆن ئۆتۈكلىرىگە ئۈستى - ئۈستىلەپ سېلىنغان ياماقتەك، يىللاردىن بېرى گەدىنىگە ئارتىلىۋەرگەن نورما ئاشلىقى قەرزى ئۇلارنى دەم كۆتە قىلىۋەتكەنىدى. «تەمىنلەشنى قايتۇرۇش» شوئارى ئاستىدا، قەرز قايتۇرۇش باشلىنىش بىلەن، يېزا - كەنتلەردە، نامرات دېھقان ئۆيلىرىدە قىيامەت قايىم باشلاندى. ھەر كۈنى دېگۈدەك كەنت ئىشخانىلىرىدا خىزمەت گۇرۇپپا ئەزالىرىغا تىزلىنىپ يىغلاش، يالۋۇرۇپ - يېلىنىش، قىيا - چىيا ۋە يىغا - زارە ئۈزۈلمەيتتى. لېكىن دېھقانلارنىڭ بۇ ئاھ - نالىلىرى ئۇلارغا گويا ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا سۇنەي چالسا تەسىر قىلمىغاندەك، تەسىر قىلمايتتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆي - ئۆيدىن قوي، كالا، ئېشەك، ئۆچكىلەرنى سۆرەشتۇرۇپ، يوتقان - كۆرپە، كىگىز - كېچەك ۋە ئۇن قويىدىغان ساندۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىۋېرەتتى. ئۇلارنىڭ

ئارقىسىدىن تا كەنت ئىشخانىسىغىچە پوتلىسىنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان يېرىم - يالىڭاچ ئۇششاق باللار، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، يىرتىق خام كۆڭلەكلىرىدىن سوغۇلۇپ كەتكەن كۆكسىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئاياللار، ساقاللىرى ئۇچىغىچە ئاقارغان دۇمچەك بوۋايلار: «ئۇز غوجام، ئالتۇن كادىيىمىز، خوندەك بالىكام، چىرايلىق يەھمەيلىرىمىز. . . » دېگەندەك شېرىن - سۆخەن گەپلىرىنى ئۇزمەي ئېيتىپ يالۋۇرۇشۇپ، يىغلاپ پەريات كۆتۈرۈشۈپ كېلىشەتتى. ھەتتا بەزىبىر تەمەچىتە ئىلگۇدەك ئۆي بىساتى بولمىغان دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆزى يىقىتىلىپ، ئۆيىنىڭ ياغاچ - تاش، ئىشىك - راملىرى ئۇماچ قەرزىگە ھېسابلىنىپ ئىشخانىغا توشۇپ كېلىنىپ دۆۋىلىنەتتى. ماكانسىز قالغان بۇ بىچارىلەر ئازغىنا يىرتىق يوتقان، جۇلدۇر كۆرپە دېگەندەك لاقا - لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بوز يەرگە كۆچۈرۈلگەن ئائىلە دېگەن چىرايلىق نام بىلەن تېخىمۇ چەت چۆللەرگە سۈرگۈن قىلىناتتى.

بۇ شامال بوستان ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىمۇ ئالا قويمىدى. ھەر ئىككىلا مەكتەپ «شيۇجيڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئەتىگەنلىك سىياسىي ئۆگىنىش ئىككى سائەتكە كۆپەيتىلدى، كەچتە، ئوقۇغۇچىلار مۇزاكىرىگە كىرىپ كېتىش بىلەن، يەنە ئىككى سائەت ھۆججەت - ماتېرىياللار ئوقۇلىدىغان بولدى. «تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد» قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆگىنىشنىڭ روھىنى ھەركىم ئۆزىگە تەتبىقلاپ، ئۆز خاتالىقلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئوقۇتقۇچىلار «دەرسنى ئوبدان تەييارلىمىغانلىقى، دەرس مەزمۇنلىرىغا سىياسىي - ئىدىيە تەربىيىسىنى ياخشى سىڭدۈرمىگەنلىكى، دەرسكە كېيىن كىرىپ، بالدۇر قايتىپ چىققانلىقى، كېچىككەن، سورىغان، كېسەل بولۇپ قالغان» دېگەندەك تەرەپلىرىنىمۇ ئۆزىدىكى شيۇجيڭجۇيىلىق ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرى دەپ ھېسابلاپ، پەللىگە كۆتۈرۈپ سۆزلەيتتى ۋە قەلب تاپشۇراتتى. ھېچ گەپ تاپالمىغانلىرىمۇ، ئوغۇت توپلىيالمىغان، سۇنى ياخشى تۇتالماي ئېتىز قىرلىرىنى يار ئالدۇرۇۋەتكەن، ۋەزىپە قىلىپ بېرىلگەن تەرەتخانىلارغا تۇجۇپىلەپ قارىيالمىغان، قارانچۇق قويماي، ئاپتاپپەرەسلىكنى قوشقاچقا يېگۈزۈۋەتكەن دېگەندەك «خاتالىق»لىرىنىمۇ

شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسسۇل ئوينىغانلىق، ئۇلارنىڭ كېچىكىشىگە سۇ باشلىغانلىق، دەپ سۆزلەيتتى.

خالىق كاتىپنىڭ ئاستىرتتىن سالغان سىياسىي تەھدىتىدىن چۆچۈپ قالغان تۇراپ ئىمىن نەمەت مىرزىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، يېزا - كەنتلەردىكى مۇئەللىملەرنى باش مەكتەپكە ھەپتىدە ئۈچ قېتىم يېرىم كۈندىن يىغىپ، «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ئۆگىنىش»نى يولغا قويدى. خالىقنىڭ نەمەت مىرزىغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق، نەفىسەنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆگىنىشتە تۇتۇلۇۋاتقان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا چېتىپ كۆرەش قىلدۇرۇپ، ئۇنى ياۋاشلىتىپ ئىندەككە كەلتۈرۈش نىيىتى بار ئىدى. چۈنكى بۇ نازۇك ياۋا قۇش خالىقنىڭ يايغان تورلىرىغا، قۇرغان قاپقانلىرىغا چۈشمىگەندەك كۆرۈنمەيتتى.

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشىدە، نەفىسە ئىككى نۆۋەت «مەسىلە تاپشۇرۇش مەيدانى»دا ئۆزىنى تەكشۈردى. ھەر قېتىملىق يىغىن باشلىنىشتىن ئىلگىرى، خالىق نەمەت مىرزىغا نەفىسەنى قايسى تەرەپلەردىن چىڭ تۇتۇشنى، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى سورۇشتە قىلىشنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۇلارنىڭ تارقاتقان شيۇجېڭجۇيلىق زەھەرلىرى ھەمدە قانداق ئەكسىيەتچى سۆز - ھەرىكەتلەردە بولغانلىقىنى پاش قىلدۇرۇشنى ئۆگىتەتتى، بۇنىڭ ئامالىرىنى ئۇنىڭغا ئېزىپ ئىچۈرەتتى.

شۇ دېمەتلىك بولغۇچە بىرەر كىمگە تىكىلىپ قاراپ باقمىغان، شەرمى - ھايا پىنھانىدا ئېچىلغان گۈل بولغان نەفىسەنىڭ بۇنداق سورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن ئارتۇق ئازاپ ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ سۈت ئالمىدەك ئاقارغان مەسۇم رۇخسارىدىن، جەننەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايلىق كۆزلىرىدىن نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇ دەسلەپكى قېتىمقى كۈرەش يىغىنىدىن كېيىنلا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگىمۇ كېلىپ قالغانىدى. بىراق كەچ گۈگۈم بىلەن ئاموتلۇققا يېتىپ كەلگەن كامىل ئۇنىڭغا مەدەت ۋە كۈچ ئاتا قىلدى. ئۇلار كەچكۈزنىڭ ساپسېرىق يوپۇرماقلىرى ئۇچۇشۇپ، مېۋە كۆچەتلىرى يالىڭاچلىنىپ قالغان غېرىبانە باغدا ئۇچراشتى. نەفىسە ئۈستىنى بىر

قەۋەت غازاڭلار قاپلاپ كەتكەن چوڭ كاتتا، تىۋىت شال رومىلىنى يۆگىنىپ يەر بېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە ھال رەڭ لەۋلىرى ئۇمچىيىپ تۇراتتى، سەرۋى بويلۇق سىيماسىنى ئۇمىدسىزلىك ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى. غەزەپ - نەپرەت، قورقۇش ۋە ۋەھىمە ئارىلىشىپ كەتكەن بىر قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ كۆيدۈرەتتى.

زۇمرەت دادىسى ياقۇپ بىلەن بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىنغان كۈنى كەچتە، خالىق بوۋاي قەمبەر مەكتىپىگە چىقىپ، نەفىسەگە توي قىلىش تەلىپىنى قويدى. ساددا، مۇلايىم، بىچارە ئاجىزەلەرنى دەپسەندە قىلىپ، شەھۋانىي نەپسى قانغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يېشىغا توشمىغان نارەسىدىلىرىنى قولتۇقلىتىپ ئۆيىدىن ئىت - مۈشۈكنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ چىقىرىۋاتقان بۇ ئادىمىي ھايۋانغا نىسبەتەن بولغان ئۆچمەنلىكى، نەپرىتى ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان نەفىسەنىڭ ئۇنىڭ كاچىتىغا سالغۇسى كەلدى، ئاچچىق تىل سېلىپ، ئۇنى ھەيدىۋەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ تەلىپىنى ئەدەپ - ئېكرام بىلەن رەت قىلدى. بىراق، خالىق شۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرنەچچە قېتىم، بوۋاي قەمبەر مەكتىپىدە، ئامۇتلۇقنىڭ يولىدا نەفىسەنىڭ ئالدىنى توستى. تىل نەشتەرلىرى، تەئەددى - كىنايىلار، زەھەردەك جاۋابلار بۇ تاڭ ساباسى غۇنچىسىنىڭ كويىدا مەست بولغان خالىققا تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئاخىرى، كامىلنىڭ «ئىقبالى قاراڭغۇ»، «خەتەرلىك ئادەم» ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىپ، نەفىسەنى قورقۇتماقچى بولدى. ھەتتا ئۇ پارتىيە مەكتىپىدىن كامىللار توغرۇلۇق كەلگەن خەتنىمۇ ئاشكارىلىۋەتتى. رەزىل تەبىئەتلىك بۇ ئادەمگە خەنجەردەك قادىلىپ قاراپ قالغان نەفىسە ئۇنىڭ زۇمرەت بىلەن مۇراتنىڭ بېشىغا سالغان كۈلپەتلىرىنى، كامىل، ھېكمەتلەرگە ئىشلىتىۋاتقان نەيرەڭ ۋە سۇيىقەستلىرىنى ئويلىدى، ئۇنىڭ قەلبى تىكەن تىلىۋەتكەندەك ئېچىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى غەزەپ يالقۇنى قاپلىۋالدى.

— شۇنداق، سىزنىڭ قولىڭىزدىن ھەرقانداق شۇملۇق كېلىدۇ، — دېدى نەفىسە قىلچىمۇ تەپ تارتماي، - لېكىن، بىلىپ قويۇڭكى، ديانەت ۋە پەزىلەت بىلەن ياشىغان ئىنسان خۇددى قۇياش پارقىراق قوڭغۇزدىن نۇر سورىمىغاندەك، سىزدەك ئەخلاقسىز، ھاياسىز، قارا كۆڭۈل

كىشىلەردىن ھەرگىز مەدەت تىلىمەيدۇ...

گەرچە شۇنداق دېگەن بولسىمۇ، ئەمما نەفىسەنىڭ يۈرىكىگە بىردىنلا ئەنسىزلىك كىرىۋالدى. «ديانەت ۋە پەزىلەت»، «ئەخلاقسىز، قارا كۆڭۈل...» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى خالىق ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ قولىدىكى ھوقۇق كالتىكىگە تايىنىپ، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشقا قادىر ئىدى. ئۇ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا ھەر خىل يوللار بىلەن يالا چاپلىيالايتتى، ئۇلارنى جازالىيالايتتى. ئۆزىنىڭ باش مەكتەپتە دەسلەپتىلا تۇتۇلۇشىنىڭ كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئەتتۇرا مەكتەپتە قاتتىق ئىسكەنجىگە ئېلىنىشىنىڭ خالىق كاتىپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن بولۇۋاتقانلىقى نەفىسەگە ئايان ئىدى.

خالىقنىڭ ئۆزىگە توي قىلىش تەكلىپىنى قويۇشىدەك بۇ خورلۇق، ئۆزىنىڭ كاساپىتىدىن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ تارتىۋاتقان ناھەقچىلىقلىرى نەفىسەنى ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ ئۈنسىز يىغلىۋەتتى. ئۆرە تۇرغان كامىل ئۇنىڭ يۇمىلاق مۇرىلىرىنى، قۇندۇزدەك قارا، ئىپار ھىدلىق چاچلىرىنى سىيلىدى...

— نەفىسە، سىز مېنىڭ دەردىمنى تارتىۋاتىسىز، — دېدى كامىل قىزنىڭ مەڭزىلىرىنى سۆيۈپ چۈشۈۋاتقان ياشلارغا كۆز تاشلاپ، — ئەمما بىز دوستلار، ئەل ئالدىدا يۈز كەتكۈدەك ئىشلارنى قىلمىدۇق. ئەۋلادلار ئۈچۈن يېڭىدىن - يېڭى ئوقۇش سەھىپىلىرىنى ئاچتۇق. ئەخلاق - پەزىلەت دەرسلىكىنى تۈزدۇق. ھەقىقەتنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ، ناھەقچىلىقلار بىلەن ئېلىشتۇق. دوستلارغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈپ، ئىنسانىي بۇرچىمىزنى ئادا قىلدۇق. ئەجىبا، بۇمۇ شىيۇجېڭجۇيىلىق ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنىڭ بىزدىكى ئىنكاسى بولسا؟

كامىل ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىپ ئېرىق لېۋىگە كېلىپ، قوشنا باغدىكى يوغان بىر تۈپ ياڭاقنىڭ يالىڭاچلىنىپ قالغان شاخلىرىدا پىلدىرلاپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى ياشاۋاتقان بىرنەچچە تال زەپىران يوپۇرماققا تىكىلدى ۋە ھەسرەت بىلەن ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ مۇكاپاتتۇر...» دېگەنىكەن، — دېدى كامىل گويا ئۆزىگە ئۆزى

سۆزلەۋاتقاندەك، — دوستىمىز ھېكمەت يۇرتىنى تاشلاپ، ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ، بۇ زېمىنغا قان ـ تەرىنى تۆكۈۋاتىدۇ. ئۇ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتسە، ئۇنىڭ قىزىقارلىق مىساللار بىلەن ئۆتكەن دەرسىنى باشقا سىنىپ باللىرىمۇ دېرىزە تۈۋلىرىدە تۇرۇپ ئاڭلىشىدۇ. ھېكمەت پۈتۈن مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، ئەقىل ـ ئىدرىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا، دوستلىرىغا ئاتىغان. ئۇ سىزغان «بۇلاقتىكى شولا»، «ۋاپا»، «ئايدىڭ كېچە» (نەفىسە ئانارلىق باغنى ئەسكە ئېلىپ ۋىللىدە قىزاردى)، «ئەلۋىدا» دېگەن بۇ ئەسەرلەر ئېھتىمال كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالىدۇ.

كامىلنىڭ كۆڭلىنى ئەلەملىك تۇيغۇلار چىرماپ، بىر ھازا جىمىپ كەتتى ـ دە، نەفىسەنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئويلاپ كۆرۈڭ نەفىسە، — دېدى كامىل قىزنىڭ مۈرىسىگە يېنىككىنە پەپىلەپ، — مۇراتمۇ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى ئېزىزانە قەشقەرنىڭ مېھرىدىن كېچىپ، خوتەننىڭ توپىلاڭ يېزا يوللىرىدا تىنماي چېپىپ يۈرۈپ ئىشلەپ، بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۇستازى بولدى، ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىق ئىشىغا پۈتۈن ھاياتىنى ئاتاپ قويغان. ئۇنىڭ: «زۇمرەت كۆزلۈك ئۈزۈكۈم»، «ئەزىم دەريا يۇرۇڭقاش»، «بوستان باغلىرى» قاتارلىق ناخشا ـ مۇزىكىلىرى خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىدىن ئەبەدىي ـ ئەبەد يۇيۇلمايدۇ. ھېكمەت ۋە مۇراتلارنىڭ بۇ ئىجادىي ھەدىيەلىرى ئەۋلادىمىز ئۈچۈن بىباھا بايلىقتۇر... ئۇلارغا يەنە قانداقتۇر ئەيىب ـ نۇقسانلارنى ئارتساق، بۇ ئادىللىق بولامدۇ؟... ياق!... بۇ قارا كۆڭۈللۈكتىن باشقا نەرسە ئەمەس!...

كامىلنىڭ ھەمىشەم ئىلھام، پىكىر، مۇھەببەتنىڭ تازا نۇرى بىلەن يانغان كۆزلىرىگە غەزەپ بىردىنلا لىق توشۇپ، سۆزلىرىدە ئاچچىق كىنايە پەيدا بولدى.

— ھېكمەت، مۇرات، زۇمرەت، گۈلزىبا ھەم سىز — خەلق ياندۇرغان مەرىپەت مەشئەللىرى! — كامىلنىڭ قارا قاشلىرى يىغىلىپ كۆزلىرى قىسىلدى، — ئۇلارنى خەلق قانداق قىلىپ قەلبىدىن

چىقىرىۋېتەلىسۇن! . . . كونىلار: «خەلق ياندۇرغان چىراغنى پۈۋلىگەننىڭ ساقىلى كۆيەر» دەپ بىكار ئېيتمىغان. ئىشەكتىن بەتتەر دۆت، چاياندىن ئارتۇق بۇ زەھەرخەندىلەر ھامان بىر كۈنى تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىدۇ.

نەفىسە ياشتىن جۇپلەشكەن كىرپىكلىرىنى لىپپىدە كۆتۈرۈپ، كامىلغا تىكىلدى.

— ئەپۇ قىلىڭ نەفىسە! سىز، — كامىل قىزغا ئېگىشتى، — ئىككىمىز بىرلىكتە قىلغان ئىشلاردىن پۇشايمان يەمسىز؟ . . .

نەفىسە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

كامىل بىلەن نەفىسە قۇمقايىغاندىكى ئورمىلىقتا تونۇشقاندىن كېيىن، ئانارلىق باغ بىلەن چىلانلىقتا، ئىگەچى باغچىسىدىكى مۇشائىرە ئولتۇرۇشىدا، قۇرۇم كۆلىدىكى سەيلى - ساياھەتلەردە شېرىن سۆھبەتلەردە بولدى. بىر - بىرىنى چۈشىنىپ، ياخشى كۆرۈشتى ۋە مۇھەببەتلىرىنى دىل پىنھانىدا خۇپىيانە تۇتۇپ كەلدى. كېيىنچە، كىتابلارنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇشتى؛ ئۆزئارا يېزىشقان مەكتۇپلىرىدىن، تۇرمۇش خاتىرىلىرىدىن ۋىسالغا قانمايۋاتقان چاڭقاق قەلبلىرىدىكى مۇھەببەت نوتىلىرىنى سۇغىرىشتى . . . ئۇلار قۇتلۇق ھاجىم، خان ئانا بەرگەن جاھان كلاسسىكلىرىدىن «ئەللامە زەمەخشەرى» ، «ھافىز شىرازى» ، «شەيخ سەئىدى» ، تارىخىي يادنامىلاردىن: «تارىخىي تەبەرى» ، «بابۇرنامە» ، ئەدەبىي ئەسەرلەردىن «دىۋانى ئاتايى» ، «ئەخلاقۇل جەمىلىيە» قاتارلىق كىتابلارنى ئەرەب - پارس تىللىرىدىن ئاغدۇردى ھەم كۆچۈرۈپ چىقتى. ئۇ، بۇ — نەفىسە ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن ساۋابلىق ئىشلار ئىدى. ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى چەكسىز بەختلىك ۋە سائادەتلىك ھېس قىلاتتى. لېكىن كامىلنىڭ سوئالى ئۇنى كىرىپ ئانىرىدەك قىزارتىپ قويدى. نەفىسەنىڭ ھەسرەتلىك ياش تۆكۈشى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىئارام بولۇشى ھەرگىز پۇشايماندىن ئەمەس ئىدى! . . . ياق! ئۇنداق مۇناپىقلىقتىن خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

— كەچۈرۈڭ كامىل، سىز مېنى توغرا چۈشەنمەپسىز، — دېدى نەفىسە نازاكەت بىلەن باش ئېگىپ، — مەن سىز بىلەن بىرلىكتە قىلغان

ئۇ ھەممەتلىك ئىشلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن. ئۇنىڭدىن ئالغان لەززىتىمنى ئۇن سەككىزىمنىڭ ئالەمنىڭ شاتلىقىغا تېگىشمەيمەن! . . . بىراق. . .

— بىراق، ئامما ئالدىدا كۆرەشكە تارتىلىشتىن نومۇس ھېس قىلىسىز، شۇنداقمۇ؟ . . .

كامىل نەق ئۇستىدىن چۆشكەندى. نەفىسە ئانار چېچىكىدەك قىزاردى، بېشى چىرايلىق كۆكسىگە ئېگىلدى. دەرۋەقە بۇ ھايالىق قىز ئۇچۇن نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ تەقىپ قىلىشى ئاستىدا، جاۋابكارلىق مەيدانىدا ئۆزىنى تەكشۈرۈش قىيىنغا چۈشەتتى ئەلۋەتتە. . . چۈنكى، نەفىسە گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى يېگانە گۈل، نازۇك بىر سىماب گۈلى ئىدى!

— بىلەمسىز نەفىسە، — كامىل ئاچچىققىنە كۈلدى، — ماڭغان پۇتقا ھامان توپا يۇقىدۇ. ئىزدەنگۈچى ئادەمنىڭ ھەمىملا يەردە قەدەم ئىزى قالىدۇ. سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىكەنسىز، ئۇنداقتا بۇ يولدا تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىڭىز، خورلۇق - ئەلەملىرىڭىزدىنمۇ پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك! شۇندىلا ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭىز چوڭقۇر مەنا ۋە ئۇلۇغلۇققا نائىل بولىدۇ! ئويلاپ كۆرۈڭ، بىلىنىسكىي قاتتىق قامچىلىمىغان بولسا، گوگول دۇنياغا تونۇلمىغان بولار ئىدى! «جانلىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات قانۇنىيىتى» دېگەن مەشھۇر كىتابى ئۇچۇن دارۋىن ئېپىسكوپلار تەرىپىدىن ئوتقا تاشلاندى. ئەمما، ئۇنىڭ تاپقان قانۇنىيىتى بۈگۈنكى كۈندە تەبىئەتنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ قالدى. . . شۇنداق، ھەرقانداق ئالىم ۋە كەشپىياتچى زىددىيەتسىز، قارشىلىقسىز، پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار بولماي تۇرۇپ، دۇنياغا تونۇلغان ئەمەس! . . .

— كامىل، ئەپۇ قىلىڭ مېنى! — نەفىسە تارتىنىپقىنا كامىلنىڭ مەيدىسىگە ئاستا باش قويدى، — مەندىكى نومۇسچانلىق ئىنسانىي غۇرۇر بىلەن ئالمىشىپ قاپتۇ. . . مەن خاتا قىپتىمەن! . . .

— بۇ سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىرلەرنى كىملەرنىڭ پىلانلىغانلىقىنى بىلگەن ئىكەنسىز، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەغرۇر، تېتىك ۋە مەسخىرىلىك كەيپىياتتا بولۇڭ! — كامىل نەفىسەنىڭ مۇرىلىرىنى يۇمشاققىنا سىلىدى، — سىزنىڭ ياش تۆكۈپ، روھىي جەھەتتىن چۆشكۈنلىشىپ،

نومۇس ۋەجىدىن جاسارىتىڭىزنى يوقىتىشىڭىز غۇرۇرىڭىزنى دەپسەندە قىلغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ، سۇيىقەستچىلەرگە نىسبەتەن تەنتەنە ۋە شادلىق بايرىمى بولىدۇ! قاراڭ، زۇمرەتنىڭ دەردىدە ئەسەبىي ھالغا كېلىپ قالغان مۇرات، گۈلزىبادىن ئايرىلغاندىن كېيىن چۈشكۈنلەشكەن ھېكمەت نېمە ئۈچۈن خالىق، زەينىدىن، كىرىموف، قۇتبىرەملەرنىڭ ئالدىدا يەنىلا ھېچنېمە بولمىغاندەك مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدۇ؟

— توغرا دېدىڭىز. مېنىڭ روھىي ھالىتىمنى كۆرۈپ، خالىق كۆرەڭلەپ كەتكەن ئوخشايدۇ، نەمەت مىرزى، تۇردىلارنىڭ ئەلپازى بارغانسېرى يامان، گەپ ـ سۆزلىرى تېخىمۇ تېتىقسىز بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

كامىل بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈرەش ۋەزىيىتى، ئوتتۇرىغا قويۇلۇش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر، ئۇلارغا قانداق جاۋاب بېرىش، مەيداندىكى تەمكىنلىك قاتارلىق ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلەر ئۈستىدىمۇ توختىلىپ، نەفىسەگە كۈچ ۋە مەدەت بەردى. ئۇلار ئاي تۇغقانغا قەدەر مۇڭداشقاندىن كېيىن، نەفىسە كامىلنى ئىشىك ئالدىدا ئۇزىتىپ قويدى.

. . . نەفىسە ئىككىنچى قېتىم مەسىلە تاپشۇرۇش مەيدانىغا چىققاندا، باشقىچىلا روھىي كەيپىياتتا ئىدى. ئۇ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ئىنقىلابىي دوستلۇق، سەپداشلىق، خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بىر ـ بىرىمىزگە ياردەملەشتۇق، ئوقۇشلۇق تېكىستلىرىنى بىللە تەھلىل قىلدۇق. ئەخلاق ـ ئىنتىزام تەربىيىسى، دەرس ئۆتۈش مېتودى قاتارلىقلاردا تەجرىبە ئالماشتۇردۇق، دېدى ۋە بۇ ھەقتىكى ئەمەلىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. دېمىسىمۇ، بوۋاي قەمبەر مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دەرسكە قاتنىشىش، سىنىپ كۆچۈش ۋە سۈپەت نەتىجىلىرىنىڭ ھەر يىلى توقسان پىرسەنتتىن چۈشمەيدىغانلىقى، يىللىق ۋە مەۋسۇملۇق خۇلاسە يىغىنلىرىدا، كۆچمە قىزىل بايراقنى نەفىسەنىڭ تاپشۇرۇپ ئالىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى.

نەفىسە خالىق قۇلىقىنى تولغاپ تەربىيىلىگەن «ئاكتىپ»لارنى ئېغىز ئاچۇرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار دەممۇ دەم پەيدا بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە، مۇھەببىتىگە، دوستلىرىغا بولغان

سەمىمىي ـ سادىق سىماسى نەفىسە ئۇچۇن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بەخش ئېتەتتى. ئۇلار ئۇچۇن، كۆپچىلىك ئالدىدا بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق ئۆرە تۇرۇشقا ئەرزىيتتى. ئۇ، خالىق، زەينىدىن، كىرىموف، تۇردى قاتارلىق دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە مەرىپەت مەرەزلىرىنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە، ئوتتۇرىدا ئۆرە تۇرۇۋاتقانلىقىغا پەخىرلىنەتتى. بۇ، تارازىغا سېلىنغان ۋىجداننىڭ پاك ياكى ناپاكلىقىنى ئايرىيدىغان، ئىنسانىي بۇرچىنى سىنايدىغان مەيدان ئىدى.

«مەسىلە تاپشۇرىدىغان، ئۆزىنى تەكشۈرۈدىغان» بۇ سورۇنغا نەفىسە ئۇچىنچى قېتىم چۈشكەندە، خالىق كىرىپ كەلدى. ئۇ، گويا ھېچنېمىدىن خەۋەرسىزدەك، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، نەمەت مىرزى بىلەن تۇردىلارغا ئالايدى:

— سىلەرنىڭ بۇ قانداق قىلغىنىڭلار؟ نەفىسە خانىمنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپسىلەرغۇ؟ — خالىق «ئولتۇرۇڭ» ئىشارىسىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، نەفىسە ئۆزىنى دەرھال قاچۇردى، — نەفىسە خانىمنىڭ مەسىلىسى — خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت. بۇ ھەرگىزمۇ دوست ـ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىستىك زىددىيەت ئەمەس. بۇنداق تونۇش مەسىلىسىنى ئۆزئارا چۈشىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. قېنى، نەفىسە ئولتۇرۇڭ! ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ...

— رەھمەت ئىلتىپاتىڭىزغا... مەن ئۆرە تۇرسام تېخى ياخشىراق بولىدىكەن، ھەممىنىڭ چىرايىنى تەكشى كۆرەلەيدىكەنمەن!...

— ھەممە چىرايغا قاراپ سۆزلەش ھاجەتسىز، — دېدى خالىق يالغان ھىجىيىپ، — بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئاساسىي مەقسەت مەسىلە پاش قىلىش.

— ھەممەيلەننىڭ چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇش مەن ئۇچۇن ناھايىتى مۇھىم، — نەفىسەنىڭ قارا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىدى، — چۈنكى كىملەر ئىنسان، كىملەر ئىنسان تۇسىدىكى ھايۋان؟ بۇنى بىلىۋېلىشتىنمۇ ئارتۇق خاسىيەتلىك ئىش بولامدۇ؟

خالىق دېمىققاندەك بولۇپ، نەمەت مىرزىنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. نەفىسەنىڭ يىمىرىلگەن ھىلال ئايدەك

ئىنچىكە قاشلىرىغا، بىر چېكىتتىكە تىكىلىپ قېتىپ قالغان قارا كۆزلىرىگە، توخۇمدەك سىيلىق قوش ئېڭەكلىرىگە، چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرى يېنىدىكى قوش زىناقلىرىغا قارىغىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن: «پاھ بۇ نازىنىنىنىڭ ئاچچىقلىنىشىمۇ ئاجايىپ بىر لاتاپەت ئىكەنا!» دېگەن ئوي لىپ قىلىپ ئۆتتى. ئۇ، نەفەسىنى ئىككى قېتىم زەمچىگە بېسىپ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، يۇمشاق ۋە قاتتىق ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزى بىۋاسىتە تەھدىت سېلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. شۇڭا، خالىق گېلىنى قىرىپ، كارنىيىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ خائىنلىرى بولغان خرۇششېۋ، تېتو، توليانتى ۋە مورىس. تورېستلارنىڭ شىۋجېڭجۇيىلىق سەپسەتىلىرى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا چاپلىغان بۆھتانلىرى ۋە كوممۇنىزم بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان پارتىيىلەرنى ئاغدۇرۇش يولىدا ئىشلىتىۋاتقان نەيرەڭلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئاخىرىدا، ۋەزىيەتنىڭ بۇ ئېقىمىنى مەكتەپ، ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەرگە تەتبىقلاپ خېلىلا قايىندى:

— سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار! — دېدى خالىق كۆپچىلىككە بوينىنى سوزۇپ، — ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىدىيىسى ساغلام بولمىسا، ئۇ ئۈچ قىزىل بايراققا سادىق بولمىسا، سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى مۇجمەل بولسا، ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسىگىمۇ زەھەرلىك ئىدىيە سىڭگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەربىيىسىمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ مائارىپ كۆزقارىشى نۇقتىسىنەزەرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىر ئوقۇتقۇچى قەدىمكى كىتابىي تومپايلارنى، كىگىز كىتابلارنى كۆپ كۆرگەن ئىكەن، تۇرغان گەپ، ئۇنىڭ تەرغىپ قىلىدىغىنى فېئودالىزمنىڭ پېسسىمىزم نەزەرىيىسى بولىدۇ. چەت ئەل شىۋجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ماختاش، ئۇلارنى دەرسلىكلەرگە ماختاپ كىرگۈزۈشلەر شىۋجېڭجۇيىنىڭ مايىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ...

بۇنداق سورۇنلاردا تاسقىلىپ باقمىغان نەفىسە خالىق تەڭلىگەن بۇ بىر مۇنچە قالپاقلاردىن چۆچۈگەندەك بولدى. بىراق كىتابىي تومپاي، كىگىز

كىتاب دېگەن ھاقارەتلەر ئۇنىڭ پاك ئېتىقادىغا يوندا چاچقاندەك بولۇپ، سەسكىنىپ كەتتى. خالىق بوۋاي قەمبەر مەكتىپىنىڭ مەشغۇلات ئۆيىنى ياساپ بېرىش باھانىسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم چىققاندا، نەفىسەنىڭ ئۇستىلىدە تۇرغان مىر ئەلشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سىنى كۆرگەندىمۇ، بۇ گەپلەرنى دېگەنىدى. ئۇ چاغدا، نەفىسە خالىققا گەپ قىلىشنى ئەمەس، بەلكى قىيا كۆزىنى سېلىپ قاراشنىمۇ ئۆزىگە راۋا كۆرمەيتتى. بۈگۈن بۇ گەپنىڭ يەنە تەكرارلىنىشى نەفىسە ئۈچۈن چىدىغۇسىز زەربە بولدى.

— خالىق كاتىپ، — دېدى نەفىسە نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى خالىقنىڭ سوزۇنچاق خۇنۈك چىرايىغا قاداپ، — سىزنىڭ كىتابىي تومپاي، كىگىز كىتاب دېگەن سۆزلىرىڭىزنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقىنىم يوق. ئەجدادىمىزدىن ئەۋلادىمىزغا مىراس قالغان قىممەتلىك بايلىقلارنى ھاقارەتلىشىڭىز، سىزنىڭ ئەسلى قىياپىتىڭىزنى ئاشكارىلىدى. مەن سىزنى ئالىي مەلۇمات ئالغان دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئەمما سىز كارسىك ئەدەبىيات جەھەتتە ساۋاتسىز ئىكەنسىز...

كۈرەش مەيدانىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ئېغىزلىرىنى تۇ.پ قېلىشتى. خالىق قاققان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. بوستان بويىچە دېھقانلار تۇرماق، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۇنلۇكرەك گەپ قىلالمايدىغان، تىكىلىپ قارىيالمايدىغان بۇ نوپۇزلۇق ئەربابنىڭ ئېغىزىنى بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا يەملىۋېتىش كىمنىڭ قولىدىن كېلەتتى! بىراق خالىق ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ، چىنىنى تاشقا تاشلايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، غەلىتىلا كۈلۈپ قويۇپ، نەفىسەگە قارىدى.

— بوپتۇ، سىزنىڭچە مەن ساۋاتسىزمۇ بولاي، — دېدى خالىق ئورنىدا قىمىشىپ قويۇپ، — ئۇنداقتا جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتى كەسكىنلىشىپ، شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئېغىۋاگەرچىلىكى، بۇزغۇنچىلىقى ھەددىدىن ئاشقان مۇنداق ئىنچىكە ۋەزىيەتتە، ئۇلاردىن كىتاب ئەكەلتۈرۈپ ئوقۇش، ئۇ كىتابلارنى تەشۋىق قىلىش، شېئىرلىرىنى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش، ھەتتا ناخشا تېكىستلىرىگە ئاھاڭ سېلىپ سەھنىدە ئېيتىشلارنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟...

— كەچۈرۈڭ خالىق كاتىپ، — نەفىسە پەسىڭدە كۈلۈپ

قويدى، — بۇ سوئالىڭىزغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، سىزدىن بىر سوئال سوراپ باقسام بولامدۇ؟

سەھنە ئارقىسىدا تۇرۇۋېلىپ «قورچاق ئويۇنى» ئوينىتىۋاتقان بۇ سېھىرگەرنىڭ يالىڭاچ مەيدانىغا چۈشكەنلىكىگە غەزىپى تاشقان نەفىسە ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل رەسۋا قىلىش نىيىتىگە كەلدى. خالىق تۇكۇرۇكىنى يۇتۇپ ئەتراپىغا غىل - پال قاراپ قويدى. نۇرغۇنلىغان كۆزلەر ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىكىلىپ تۇراتتى. بىرىنچى قېتىملىق ئېلىنىشتىلا توپا چىشلەپ قالغان خالىق نەفىسەنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان رەقىب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. لېكىن ھازىر «ياق» دېسە يۈزى تۆكۈلەتتى.

— قېنى سوراڭ...

— سىز ھەم مەن قاتارلىقلار ساۋاتىمىزنى چىقارغاندىن باشلاپ تا ھازىرغىچە قانداق كىتابلارنى ئوقۇپ بىلىم ئالدۇق؟

— بۇ ئېنىققۇ! تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى. شۇمۇ سوئال بوپتۇ؟...

— ئالدىرىماڭ، ئۇ كىتابلار قەيەردە نەشر قىلىنغان؟ كىملەر تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان؟

— بۇ... بۇ... سىز زادى نېمە دېمەكچى؟

— نېمە؟ تىلىڭىز تۇتۇلۇپ قالدىغۇ! — نەفىسە دېيىشلەشتى، — سىز ئېتىراپ قىلىڭ - قىلماڭ، بۇ بەرىبىر پاكىت! بىز ھەممىمىز سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈزۈلۈپ، نەشر قىلىنغان ئوقۇشلۇقلار بىلەن ئوقۇدۇق! ئۇنداقتا، مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شىۋجېڭجۇيىچى ۋە ئەكسىيەتچى بولامدۇ؟... ئۇلارنىڭ ئىچىدە سىز يوقمۇ؟

نەفىسە خالىقنى ئورۇندۇقتا مىخلىۋەتكەنىدى. دوستلىرىغا، خىزمەتداشلىرىغا ئىللىق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئوشۇق سۆزنى راۋا كۆرمەيدىغان، نازاكەتلىك، تالىپە مىجەز نەفىسەنىڭ كۈرەش مەيدانىدىكى بۇ خىل جاسارىتى، يەكدىللىقى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى. ئۇلار، ھەق بىلەن ناھەق، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئالىيجاناپلىق بىلەن رەزىللىك ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كەسكىن ئېلىشىشتا، بۇ ھۆرنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرغا، چاقماقتا، سۆزلىرىنىڭ ياردىن ئېتىلغان

ئوققا، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ ئوت يالقۇنغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. مەغلۇبىيىتىگە ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدىغان خالىق ئۆزى ئۈچۈن ئوڭۇشسىز بولۇۋاتقان بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇردى.

— سىز پاكىتلارنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىشقا ناھايىتى ماھىر ئىكەنسىز، — دېدى خالىق قوللىرىنى شىلتىپ، — ئۇ دەرسلىكلەر ۋە ئوقۇشلۇقلار ستالىن دەۋرىدە تۈزۈلگەن. ئەمما، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئالدۇرغان ناخشا ۋە شېئىر توپلاملىرى بولسا سوۋېتنىڭ يېقىنقى زامان ئەدىبىيسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتلاردۇر . . .

خۇداغا شۈكرى دېدى نەفىسە كۆڭلىدە، كامىل توغرا ئېيتقانىكەن، خالىقنىڭ ئەدەبىياتتىن ھېچقانداق بىلىمى يوق ئىكەن. ئۇ شۇنچىلىك ئاددىي ساۋاتنىمۇ بىلمەيدىكەن. دەرۋەقە، خالىق يانپاشقا چىقىپ قالغانىدى، ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرسىلا بولاتتى.

— خالىق كاتىپقا بۇ تەرىپىنى چۈشەندۈرۈپ قويسام بولغۇدەك، — نەفىسە كۆپچىلىككە قاراپ يېنىككىنە تەبەسسۇم قىلدى، — تۇراپ تۆلە ھازىر ئاتمىشقا يېقىنلاپ قالغان ئادەم، ئۇنىڭ «ئارامى جان» ناملىق ناخشا تېكىستلىرى ۋە شېئىرلار توپلىمىدىكى ئەسەرلەر قىرىقىنچى يىللاردىن تارتىپ يېزىلغان ئەسەرلەر، ئەللىكىنچى يىللاردا، سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ سەنئەت دېلگاتسىيە ئۈرۈمچىگە شىنجاڭنى ئايلىنىپ ئويۇن قويغاندا، ئاتاقلىق ناخشىچى ھەلىمە ناسىرىۋا ئېيتقان «بىر پىيالە مەي» ناخشىسىمۇ «ئارامى جان» توپلامىدىكى بىر پارچە نادىر ئەسەر. . . بۇ ناخشا كۆپ يىللارغىچە بىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىمۇ ئېيتىلىپ يۈردى! . . . شيۇجېڭجۇيى بولسا ئەمدىلا چىققان بىر ئاتالغۇ! . . . سىز دېگەن ستالىن دەۋرى قايسى دەۋر؟ بۇ شيۇجېڭجۇيى دېگىنى ئۇلاردا قىرىقىنچى يىللاردىمۇ بارمىدى؟

خالىق ھەممە تەرەپتىن قاپسىلىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، بۇرۇن ئۇچلىرى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ گويا شاھمات تاختىسىدىكى قېچىپ يۈرگەن شاھقىلا ئوخشاپ قالغانىدى، قايسىلا يولغا كىرمىسۇن، نەفىسە ئۇنىڭ ئالدىنى «شاھ!» دەپ توسۇپ تۇراتتى. خالىق پۇشايمان قىلىپ قالدى، نېمە پوق يەپ، نەفىسەگە ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى

قورقۇتماقچى بولۇپ بۇ سورۇنغا كىرىپ قالغاندۇر؟ . . . نەمەت مىرزى، تۇردىلارنىڭ ئارقىسىدىن كالتەكلەپ، ئۇلارنى كىش - كىشلەپ بەرسىمۇ بولۇۋېرەتتىغۇ؟ بۇ قوتۇر لالمىلار ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى چىشلەۋېرەتتى! . . . بۇ نېمە رەسۋاچىلىق بولدى ئەمدى! . . . بوستاندا ئۆزىگە ھېچكىمنى تەڭ قىلماي، مەلۇماتلىق، بىلەرمەن، ناتىق ۋە پەم - پاراسەتلىك بولۇپ كۆرۈنۈپ يۈرگەن ئادەم بۇ ئولتۇرغانلار ئالدىدا ئەمدى پاتلىمىغان سەرگەزدەك بەترەڭ، چىغدا پىشمىغان كىگىزدەك بوش، ئۇرۇچى شالاڭ توقۇلۇپ قالغان ماتادەك كۆرۈمسىز بىر ھالغا چۈشۈپ قالدىغۇ؟ . . . خالىقنىڭ نەفسەنى سوراق قىلىش ئارقىلىق باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش نىيىتى بار ئىدى. بىراق، ئېتىلمىغان تاشمۇ قاڭشارنى يارىدۇ دېگەندەك، ئۆزى جاۋابكار ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. قاملاشمىغان گەپتە بۇ! . . . ئەگەر بۇ ئىش يېزا - كەنتلەرگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ تەسىرى قانداق بولىدۇ؟ . . . سۇنغان چىنىنى قادىغىلى بولغان بىلەن، تۆكۈلگەن ئىناۋەتنى يامىۋالغىلى بولمايدۇ - دە!

خالىق ئەسلىدە، يىغىننىڭ ئاكتىپلىرىنى پاكىت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، يوپكىسىغا ئۈچ بەتلىك بىر ماتېرىيالنى سېلىۋالغانىدى. ئۇنى كۆپچىلىككە كۆرسىتىش ياكى كۆرسەتمەسلىك ھەققىدە ئۇ قىينىلىپ ئويلاۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئابروينىڭ نەفسە غۇلىتىۋەتكەن بۇ بىناسىنى قايتا تىكلىمەي بولمايتتى. نەتىجىدە، ئۇنىڭدىن مەنمەنلىك ۋە كىبىر غالىب كەلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كوزىرىنى يوپكىسىدىن سۇغۇرۇۋالدى.

— قاراڭلار مانا بۇ، — دېدى خالىق ماتېرىيالنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — نەفسە خانىم ئاقلاۋاتقان كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ شيۇجېڭجۇيىلىق ئىدىيىسى ئۇستىدىن پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىنىڭ چىقارغان يەكۇنى! . . . مانا بۇ بولسا، سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بىر قىزنىڭ ھېكمەتنى قېچىشقا قۇترىتىپ خەت يازغانلىقى ھەققىدىكى ئىسپات. مانا بۇ ئۈچىنچى ئىسپاتتا، ھېكمەتنىڭ بەدىنىدە يىڭنە بىلەن چېكىلگەن رۇسچە خەتنىڭ بارلىقى يېزىلغان. بۇ خەتنىڭ قانداق ئەكسىيەتچى مەزمۇندا ئىكەنلىكى تېخى نا ئېنىق. . . كۆپچىلىك ئويلاپ كۆرۈڭلار، بۇلار زادى

قانداق ئادەملەر؟

نەفسەنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، نەپسى قىسىلغاندەك بولدى. قىشلىق كۇرس تۈگىگەندە، پارتىيە مەكتىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ خەتتىن ئۇنىڭ خەۋىرى بار ئىدى. لېكىن، قالغان ئىككى ئىسپاتنامىنى كىملەر بەرگەندۇر؟ بىر يېرىم يىل ئالدىدا زەيتۇنەدىن كەلگەن خەتنى نەفسە ئوقۇغان ۋە دوستلار بىردەك خەتنىڭ ئېچىلغانلىقىنى قۇتبىرەمدىن كۆرگەنىدى. ئەمدى يەنە بىر ئىسپاتنى قايسى نائەھلى بەرگەندۇر؟

خالىقنىڭ بۇ كوزىرى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. باياتىندىن بېرى نەفسەنى قوللىغانلىقى يۈز ھەرىكەتلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئوقۇتقۇچىلار بىردىنلا قورقۇش ۋە گۇمانسىراش كەيپىياتىغا كىرىپ، تۇنجۇقۇپلا كەتتى. دوستلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىشىدىن چۆچۈگەن نەفسە ئەمدى ئۆز تەقدىرىنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى.

— خالىق كاتىپ، — دېدى نەفسە ئىسپات بەرگۈچىلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش نىيىتىدە، — ئىسپاتلارنىڭ بىرسىنىڭ پارتىيە مەكتىپىدىن ئەۋەتىپتۇ، ئەمما مەن قالغان ئىككى ئىسپاتنامىدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن. ئۇلارنى ئۆزىڭىز ياساپ چىقمىغانسىز؟

— سىز مېنى پۈچۈق قاپاققا سېلىپ كولدۇرلىتىمەن دېمەك، — دېدى سوئالنىڭ تېگىگە يەتكەن ھىيلىگەر خالىق، — مەسىلە پاش قىلغۇچى ۋە ئىسپات بەرگۈچىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايدىغانلىقىنى سىزمۇ ئوبدان چۈشىنىسىز.

— ئۇنداقتا، ئىسپاتنامىلارنى ئوقۇپ بېرىشكىڭىز بولار؟ بولمىسا، مەن ئەمەس، مۇشۇ ئولتۇرغانلارمۇ بۇ ئىسپاتلارغا ئىشەنمەيدۇ...

خالىق ئېگىز - پەس ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئۇ ئىسپاتنى ئوقۇمىسا، ھەممىنى گۇمانغا سېلىپ قوياتتى، بارلىق تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كېتەتتى؛ ئوقۇسا، بۇ چېچەن قىز ئىسپاتنىڭ مەزمۇنىغا قاراپلا، ئۇنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلىۋالاتتى. شۇڭا، خالىق ئۈچ دانە ئىسپاتنامىنىڭ ھەممىسىنىڭ پەقەت ئۆزى ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان بىرەر- ئىككى جۈملىسىنىلا ئوقۇدى.

— خالىق كاتىپ، سىز ئۆزىڭىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان يەرلىرىنى

ئوقۇدىڭىز، — نەفىسە پىسسىڭىدە كۈلدى، بۇ كۈلكە خالىقنىڭ يۈرىكىگە يىڭنىدەك قادالدى، — شۇنچىلىكلا گەپ ئىكەنغۇ؟... پارتىيە مەكتىپىنىڭ خېتىدە: «بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان تەرەپلىرىگە ياردەم بېرىش...» دېيىلىپتۇ. مەشەدە ئولتۇرغانلارنىڭ قايسىسى مەندە بۇرژۇئا ئىدىيىسى يوق دەپ ئېيتالايدۇ؟ ئائىلىۋى، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلىكتىپ مەنپەئەتتىن يۇقىرى قويۇش، ئۆز ئارزۇ - ھەۋەسلىرى ئالدىدا ئومۇملۇقنى ئۇنتۇش... ھەتتا غەيرىي نىيەت بىلەن بىراۋلارغا خالىسانە ياردەم قىلغان بولۇپ، يامان غەرىزى ئىشقا ئاشمىغاندا، ئۇ قىلغان ياردەملىرىنى ئۆسۈمى بىلەن تۆلىتىۋېلىش... — نەفىسە سۆزلىگەنسېرى غەزەپ ئىزتىرابىدا ھاياجانلىنىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چىرايلىرى ئاقارماقتا ئىدى، — پاناھسىز ئاجىزەلەرنى قان - قان يىغلىتىپ، ئۆي - ماكانىدىن ھەيدەش... پارتىيە، ھۆكۈمەت بىر نىكاھلىق بولۇپ ئىناق ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلسا، ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا، خوتۇن - قىزلارنى خارلاپ، كۆپ نىكاھلىق بولۇش... بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، ئۆزىنىڭ قىزىدەك، سىڭلىسىدەك قىزلارنىڭ ئارقىسىغا لالما ئىتلاردەك كىرىۋېلىش... ھەتتا ئانىسىنىڭ ھەققى ياردەك، يات قىزلارنى بىراۋلارغا سېتىپ، قۇلدارلىق جەمئىيەتنىڭ چىرىك ئادەتلىرىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكىچە كۆتۈرۈپ كېلىشتەك بۇ خىل ئىشلار، ھەتتا جىنايەتلەر قانداق ئىدىيە كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ؟ ... ياكى پارتىيە ئەزالىرى بولۇۋالغانلاردا بۇ خىل ئىدىيىلەر سۈرۈشتە قىلىنمامدۇ؟ قېنى ئېيتىڭا، سىز ئۆزىڭىز زادى كىم؟ قانداق ئادەم؟...

ئوق نىشانغا تەگدى. خالىق گاراڭلا بولۇپ قالدى. نەفىسە ئۇنى مەنتىقە گۈرزىسى بىلەن دۇمبالاپ يەرگە كىرگۈزىۋەتكەندى. نەفىسەنىڭ تىلىنىڭ ئۆتكۈرلىكى، پىكرىنىڭ يارقىنلىقى، سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ سالمىقى، جۈملىلىرىنىڭ راۋان ھەم روشەنلىكى ھەممىنى تاڭ قالدۇرغانىدى. ئەزەلدىنلا ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن بۇ ساھىبجامال ھەققىدە ئوقۇتقۇچىلار پىچىرلىشىپ ۋە كۇسۇرلىشىپ سۆزلىشەتتى. ئۇنى مەدھىيىلىشەتتى. بېشى چۈشۈپ كەتكەن خالىق زىندىيەتكە تولغان ئوي - خىياللار ئىلكىدە خاموش ئولتۇراتتى...

«پاھ بۇ قىزغا ئەقىل ۋە بىلىم جەھەتتە تەڭ كەلگىلى بولمىغۇدەك... ئۇ ھازازۇل، بېشەم زۇمرەتكە ئوخشمايدىكەن... توۋا، مۇلايىم ھەم يۇمشاق سۆزلەيدىكەنۇ، بىراق سۆزلىگەنلىرى سۆز ئەمەس، بەجايىكى ئەپيۇندەك، نەشىدەك دىمىقىڭدىن شىرىن، سىيلىق ئۆتىدىكەن... ئەمما، كەيپى ئەقلىڭنى ئېلىپ، ئۆزۈڭنى جەھەننەمگە تاشلايدىكەن... ئەگەر ئۇ بىرەر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ قالغان بولسا، ھاكىم، ۋالىي، ياق، ياق، ھەتتا ئايال داھىمۇ بولۇپ كېتەر ئىكەن ـ دە!...»

— خالىق كاتىپ، ھازىر ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟...

خالىق چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالمان ـ تالمان سائەتكە قارىدى:

— ھازىر ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ... داۋامىنى...

— كەچۈرۈشىسلە، مېنىڭ ئۆزۈمنى تەكشۈرۈشۈم تېخى تۈگىمىدى، جىندەك سەۋرى قىلىپ بېرىشەلا...

نەفىسە زەيتۇنەدىن كەلگەن خەتنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەش ئارقىلىق ھېكمەتنى ئاقلاپ چىقتى. كامىل بىلەن مۇراتنىڭمۇ ئىستىدات ۋە پەزىلەتتە ھۆرمەتكە لايىق ئوقۇتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئېنىق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلىدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بۇرچى ۋە قەرزى زادى نېمە؟... ئۆز كەسپىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا چەكسىز مۇھەببەت باغلاپ، ئەۋلادلارنى كەلگۈسىگە لايىق يارامىلىق كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەش، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار — ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان يېڭىلىق يارائقۇچىلار! — نەفىسە دوستلىرىنىڭ تۆھپە ۋە نەتىجىلىرىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتتى، — خالىق كاتىپ سىز ھېلىلا: «بۇ زادى قانداق ئادەملەر؟» دەپ سورىغاندىڭىز... ئۇلار پۈتۈن ياشلىق ھاياتىنى، ئەقىل ـ ئىدرىكىنى خوتەن باللىرىغا، خوتەن خەلقىگە ئاتىۋەتكەن ئەنە شۇنداق پىداكار ئادەملەر!...

مەسىلە تاپشۇرۇش، تەھلىل ـ تەنقىد ئېلىپ بېرىش مەيدانى تەشۋىقات سورۇنىغا ئايلاندى. يىغىن خالىقنىڭ يۈزىنىڭ تۆكۈلۈشى بىلەن

ئاخىرلاشتى. نەفسەنى ئۇچۇغداپ، ئۇنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئۆرە تۇرۇشتىن قۇتقۇزۇۋالغان قىياپەتكە كىرىپ، ئۆز تەسىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولغان خالىق، ئۆزىنىڭ ئابروينى دەپ، نەفسەنىڭ جەھلىنى قاتتۇرۇپ قويغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. ئۇ، يىغىندىن كېيىن سۆھبەتلىشىش باھانىسىدا، ئۇنى ئىشخانىغا ئېلىپ كىردى.

خالىق ئاچچىق ئەلەم ھەم ئۆكۈنۈش ئىچىدە، نەفسەگە ئېغىر قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. قىز ئولتۇرۇشقىمۇ رايى بارمىغان ھالدا ئىشىك تۈۋىدىلا ئۆرە تۇراتتى. خالىق ئۇنى بىرنەچچە قېتىم دىۋانغا تەكلىپ قىلىۋېدى، ئۇ: «ئىلتىپاتىڭىزغا رەھمەت» دېگەن بىر ئېغىز تەئەددى سۆز بىلەنلا كۇپايىلەندى. نەفسەنىڭ سىياقىدىن ئىشخانىنىڭ ئىگىسىگىلا ئەمەس، بەلكى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە يىرگىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مېھرى ئوتلۇق قارا كۆزلىرى بولسا قىنىقماس دۈشمەنلىك نەزەرىدە قەيەرگىدۇر تىكىلگەنىدى. خالىق دەرۋەقە بوگۈن ئۆزىنىڭ يالىڭاچ مەيدانغا چۈشۈپ، پەدىشەپنى يىرتىپ، ئۇنىڭسىزمۇ ھۈركۈپ تۇرغان مۇلايىم قىزنى جەڭگە چاقىرغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. نېمىلا دېگەن بىلەن، بىر چاغدا، نەفسە ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر چىنە سوغۇق چاي قۇيۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغانىدى. خالىق مەكتەپ مەشغۇلات ئامبىرى پۈتكەندىن كېيىن: «نەفسە خانىم، يەنە قانداق ئىش - كۈشلەر باركىن؟» دەپ سورىغاندا، نەفسە تۇز كۆڭلى بىلەن: «رەھمەت سىزگە! ئۇنىڭسىزمۇ كۆپ ئاۋارە قىلدۇق» دېگەنىدى. ھەر نېمە بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر ئېغىز «رەھمەت» دېگەن سۆزىگە نائىل بولغانىدى. مانا ئەمدى ئىشلار تامامەن بۇزۇلدى. بۇنى تۈزەش، ئەكسىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، خالىق قىزغا ئىشىق - مۇھەببەت توغرۇلۇق گەپ ئېچىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— نەفسە خانىم، سىز خاھ ئىشىنىڭ، خاھ ئىشەنمەڭ، خۇدا ئالدىدا قەسەم قىلالايمەنكى، مەن باشلانغۇچ مەكتەپكە سىزنى مەسىلە تاپشۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئاڭلاپ، قۇتقۇزۇۋېلىش مەقسىتىدە بارغانىدىم. . .

ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، ئىككىمىز كۆپچىلىك ئالدىدا بىر مەيدان كومېدىيە ئويناپ سالدۇق. . . — خالىق نەفىسەنىڭ ھۆسنىدىن ئەيمىنىپ يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن، بۇ. . . بۇ قانداقلارچە شۇنداق بولۇپ قالدى؟ . . . مېنى كەچۈرۈڭ! . . .

— مەن ئۆكۈنمەيمەن، — دېدى نەفىسە كۆپ سۆزلەشنى خالىمىغان قىياپەتتە، — ئويۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدۇق، سىزمۇ رولغا ئۇستىكەنسىز! . . .

— بۇنداق دېسىڭىز، مەن قارىغا كەتكەن بولىمەن. سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنىڭ خالىس نىيىتىمنى توغرا چۈشەنسىڭىز. . .

— مەن، ئۇچ پارچە قارا ئىسپاتنامىنى پوپكىڭىزدىن چىقارغان ۋاقتىڭىزدىلا، سىزنىڭ «خالىس» نىيىتىڭىزنى چۈشىنىپ بولغان! .

— بۇ. . . بۇ. . . ئىلاجسىزلىقتىن بولغان! . . .

خالىق راست گەپ قىلدى. كۆڭلىدىكىنى دېدى. ئۇ نەفىسەنىڭ ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي، تەمكىنلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان پاكىتلىرىنىڭ چېقىلغان چاقماقتەك ئېغىر بېسىمىغا، كۆز قاماشتۇرغۇدەك ئۆتكۈر نۇرلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇ نەفىسەنى مىچىلداپ يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، دەپ چوتنى خام سوققان، ئۇنىڭ دىل خەزىنىسىدىكى سۆز گۆھەرلىرىنى دەڭسەپ باقمايلا، سوغا سەكرىگەنىدى، ئۆزىنىڭ تۇنجۇقۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغان. . .

ئەي خالىق، كونىلار: «دۇنيادا كۈچلۈكمەن دېمىگىن، ئۆزۈڭدىنمۇ كۈچلۈكلەرگە دۇچ كېلىسەن. . .» دېگەنىكەن. سەن «مەن ھەممىدىن ئۇستۇن» دەپ، ئۆزۈڭگە تەمانىنا قويما، ئۇلۇغلار ئالدىدا كۈچۈكلىسەن! . . . «مەن ھەممىدىن بىلەرمەن» دەپ ئالچاڭلاپ كەتمە، دانىشمەنلەر ئالدىدا ئويانقا قالىسەن! . . . قارىغىنا، بەش يېشىدىن تارتىپ دىنىي بىلىم ۋە كلاسسىكلار خەزىنىلىرىدىن ئۇنچە ـ مارجانلارنى يىغىپ، كۆڭۈل كۆلىگە سۇ باشلىغان كىچىككىنە بىر ناتىۋان قىزنىڭ ئالدىدا، مانا مۇشۇنداق رەسۋايى ـ ئالەم بولدۇڭ! . . .

— نەفىسە، بۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆرە تۇرمايدىغانلىقىڭىزغا مەن كاپالەتلىك قىلاي، — دېدى خالىق ئۆپكىدەك

قىزىرىپ، — ئەمما مېنى كەچۈرسىڭىز...

— ھىممىتىڭىزگە بارىكاللا! — نەفىسە خالىقنىڭ بىچارە ھالىتىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا تەئەددى قىلدى، — شۇ نەرسە ئوچۇق بولسۇن، ئەگەر سىز مېنى غەيرىي بىر نىيەت ۋەجىدىن قۇتقۇزماقچى بولۇۋاتقان بولسىڭىز، مەن كۈرەش مەيدانىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۆلۈشكە رازى... گېپىڭىز تۈگىدىمۇ؟

نەفىسە خالىققا يالتىيىدە قىلىپ قارىدى. گويا ئۇنىڭ ئالدىدا، بىر سائەت ئىلگىرىكى بۆرە بىردىنلا توشقانغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇ مۆكچىيىپ، مۇلايىم قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

— ئەگەر سىزدە ئادىمىيلىك خىسلەت، ئىنسانىي ۋىجدان تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن بولسا، گۇناھ ۋە جىنايەتتىن قولىڭىزنى تارتىڭ... سۇيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، دىيانەتلىك كىشىلەرگە ئورا كولىماڭ... كىمىكى باشقىلارغا زۇلۇم سالسا، ئۇنىڭ ھالاكىتى يېقىن بولىدۇ...

نەفىسە چىقىپ كەتتى. خالىق ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە بېشىنى تاشلاپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە، ئۇلۇق - كىچىك تىندى. ئەگەر ئىشخانىغا گۈڭشې شۇجىسى ۋاڭ لىمىڭ كىرىپ قالمىغان بولسا، ئۇ يىغلىۋەتكەنمۇ بولاتتى. خالىق ئالمان - تالمان ئۆزىنى رۇسلاپ، چىرايىغا خاتىرجەملىك تۈسىنى بەردى.

ۋاڭ لىمىڭ ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، بوغداي ئۆڭ، ئورۇق، ئوتتۇرا بوي ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قاتمال چىرايىدىن، بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قورۇقتىن ھەر قاچان ئىللىق بىر كۈلۈمسىرەش كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ھەربىي سەپتىن بوشىنىپ بوستانغا كەلگەن ۋاقتى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلار ئىدى. ۋاڭ لىمىڭ پومېشچىك - باي دېھقانلاردىن تارتىۋېلىنغان يەرلەرگە قايتا گۈڭ سېلىش، دېھقانلارغا يەر تەقسىم قىلىپ، قوزۇق قېقىش، يەر ئىسلاھاتى مېۋىلىرى بولغان ئات، كالا، ئېشەك، ساپال، سۆرەم، ئورۇقلۇق، ھەتتا يوتقان - كىگىزلەرنى بۆلۈپ بېرىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە قاتناشقانىدى. ۋاڭ لىمىڭ شۇ تۇرۇپ قالغىنىچە، ھەمكارلىق گۇرۇپپا، ئالىي كوپېراتسىيە، گۈڭشېلاشقانغا قەدەر بوستاندا ئىشلەپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ پەۋقۇلئاددە

ئالدىراش ئىش چىقىپ قالسا، باشقۇرۇش رايونلىرى ۋە دادۋىلەرگە ئېشەك بىلەن بارمىسا، قالغان چاغلاردا، يېزا - كەنتلەرنى، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى پىيادە ئايلىناتتى. دېھقانلارمۇ ئۇنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى ئاسانلا بىلىۋالاتتى. چۈنكى ئۇ قىش - ياز پۇتىغا پۇرمە چورۇق تارتىپ، تىزىغىچە خاللاپلار توقۇغان توقۇما جاۋىنى ئورايتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق توپىغا چۈشكەن تۆگە تاپىنىدەك سىيلىق ئىزىنى بويلاپ، ئۇنى ئازما بويلىرىدىن، خامانلاردىن تاپقىلى بولاتتى. ئۇ دېھقانلار بىلەن چاقچاقلىشىپ قالغىنىدا: «پۇرمە چورۇق دېگەن يېنىك، يول مېڭىشقا ئەپلىك، شۇڭا توشقاندەك چاققانمەن. قېنى بەسلىشىپ باقامدۇق؟» دەيتتى. ۋاڭ لىمىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگەندىمۇ، سېپى ئۆزىدىن بولۇپ، يەرلىك شىۋىدە تەلەپپۇز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئون بەش - ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن ۋاڭ شۇمېي دېگەن بىر قىزى بار ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن بوستاندا چوڭ بولغاچقىمۇ، گەپ - سۆزلىرى، قىلىقلىرى، بېشىغا رومال ئارتىشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر قىزلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ دېھقان ئاياللىرى بىلەن كوچا - كويلاردا مۇڭدىشىپ كەتسە، ھېچكىم ئۇنى خەنزۇ دېمەيتتى.

ۋاڭ لىمىڭ يېزا - كەنتلەردە ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھەپتىلەپ ئۆيىگە كەلمەيتتى. ئۇدۇل كەلگەن كەنت ئىشخانىلىرىنىڭ بورا سېلىنغان سۇپىلىرىدا، ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىدە قونۇپ قالاتتى. ئۇماچ، يوبدان، سىقماق، كۆمۈلەك ئاشلىرىنى خولۇپلىتىپ ئىچىپ، زاغرا، ئارپا كۆمەچلىرىنى سوغۇق سۇغا تۆگۈرۈپ يەپ، كارتىندا بىرنى كېكىرىۋېتىپ، ئېتىزلارغا كېتىپ قالاتتى. دېھقانلار ئۇنى «ياما شۇجى» دەپ ئاتىشاتتى. بۇ لەقەمنىڭ قويۇلۇشىغا قىزىق بىر ۋەقە سەۋەب بولغان. ئالىي كوپېراتسىيە يېڭى قۇرۇلغان يىللىرى، ئۇ دېھقانلار بىلەن خاماندا قوناق سوقۇۋاتقاندا، بىر دېھقان سېۋەتتە شاپتۇل ئېلىپ كەلدى. دېھقانلار قوناق پاسارلىرىغا يۆلىنىپ، شاپتۇل يېيىشتى. ۋاڭ لىمىڭ مۇشتۇمدەك كۆك شاپتۇلدىن بىرنەچچىنى ماكلاپ يېدى. شاپتۇلنىڭ شەربەتلىرى شۇرقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. شىرە باغلىغان قېپقىزىل ئۇرۇقلىرى پارقىرايتتى. لېكىن ئۇ بىر شاپتۇلنى زادىلا ماكلىيالمىدى. شاپتۇل بېزىرىپلا تۇراتتى. كۈلۈپ كەتكەن چار ساقال دېھقان ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

— ۋاڭ جۈرېن، قوللىرىدىكى ئەششاپتۇل، ئۇنى ماكلىغىلى بۇمايتىيا، مانا ماۋۇ ياما شاپتۇلنى يېسىلە! — دېدى ئۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن، ھەپتە ئۆتكەندە، ۋاڭ لىمىڭ ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئۇ بالىلىرىغا بىر سېۋەت شاپتۇل ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن، شاپتۇللۇق بېغى بار بىر ھويلىغا كىرىپ، ئۆي ئىگىسى ئايالغا بىر يۈەن پۇل تۇتقۇزۇپ، «ياما، ياما. . .» دېدى. تېڭىرقاپ قالغان ئايال توخۇلىرىغا بېرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ چۈشىنىپ، لىگەندە قوناق يامىسى كۆتۈرۈپ چىقتى. ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چۈمچۈكلاپ كەتكەن ۋاڭ لىمىڭ قوللىرىدا قانداقتۇر ئىما ـ ئىشارىلەرنى قىلىپ، يەنە، «ياما، ياما» دېدى. ئايال «بۇغداي يامىسىدا يۈمران تامىقى ئېتىدىكەن ـ دە! » دەپ ئويلاپ، بۇغداي يامىسى ئېلىپ چىقتى. ۋاڭ لىمىڭ كۈلۈپ كېتىپ، باغدىكى شاپتۇلنى كۆرسىتىپ، يەنە «ياما» دېدى. ئىككى يوتىسىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن ئايال: «ۋاي خۇدايىم، بۇ گاچا جۈرېن ياما شاپتۇل دەپتىكەن ـ دە! » دېدى ـ دە، پۇلىنىمۇ ئالماي، ئۇنىڭغا بىر سېۋەت ياما شاپتۇل ئۈزۈپ بەردى. بۇ گەپ كوچا ـ كويلارغا تارقىلىپ، ئۇ كوپېراتسىيە ۋاقتىدا «ياما جۈرېن» ، گۇڭشېلاشقاندىن كېيىن «ياما شۇجى» بولۇپ ئاتىلىپ قالدى.

ۋاڭ لىمىڭ بېيجىڭ پارتىيە مەكتىپىدىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، بىرەر ئايدەك، داجەي، داچىڭ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ كېلىشى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇ يېزا ـ كەنتلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، قەرز قايتۇرۇش شامىلىنىڭ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيان تۈپلىنىپ قالغان ئۇماچ قەرزىنى تۆلىيەلمەي، ئۆي ـ ماكانى، ئازغىنا مال ـ ۋارىنى، ھەتتا كىگىز ـ كېچەكلىرىدىن ئايرىلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلاپ، زادىلا چىدىيالمىدى. بىز كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ۋاڭ لىمىڭ ھەر قانداق ئىشتا نامرات دېھقانلارنى كۆزدە تۇتىدىغان، «پرىنسىپ»قا ئەھمىيەت بېرىش، گېپى، قىلغان ئىشى لايىقىدا بولۇش، ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش ۋە ئومۇملىقنى نەزەردە تۇتۇش»

نى ئۆزىگە مىزان قىلغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ سەھرالىقلاردەك: «ئۇلاغنىڭمۇ ئۇچىسىنى سىيلاپ، يەم - خەشىكىنى ئوبدان بېرىپ، يادىتىپ قويمىساڭ، ئۇ ساڭا نورغۇن كۈچ بېرىدۇ...» دېگەن بىر ئېغىز سۆزى قارىماققا قوپاللاراق بىلىنسىمۇ، ھەقىقەت گەپ ئىدى. ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي، ئاچ - توق، يېلىڭ - يوپۇق قالسىمۇ قاخشىماي، ھەممە ئۇچۇن يەردىن ھاياتلىق ۋە جان ئېلىپ كېلىۋاتقان مۆمىن دېھقانلارنى قان يىغلىتىشنى ئۇ ئادالەتلىك ئىش دەپ قارىمايتتى. ۋاڭ لىمىڭ ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەزالىرىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى خىزمىتىگە نىسبەتەن بولغان تونۇشىنى قويدى. بىراق، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى قېنى قىزىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويغان خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقلىرىنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. ھەتتا بەزىلىرى بۇ «ئوڭچىللىق» دەپ، ۋاڭ لىمىڭغا قالپاق تەڭلىدى.

— ئولتۇرۇڭ ۋاڭ شۇجى، — دېدى خالىق بايىقى خامۇشلىقىدىن يېشىلەلمەي، — بىر ئىش بارمىدى؟

— ھەي خالىق، باياتىن ئىشخانىڭدىن چىققان نەفىسە خانىم يامغۇردەك ياش تۆكۈپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ سەن بىر نېمە دېگەنمىدىڭ؟

— يوقسۇ، ۋاڭ شۇجى، — خالىقنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلدى، — ھەي... مۇشۇ بەز قولاق، چېچىنى ئال دېسە، بېشىنى ئەكىلىدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتىكىلەرنىڭ ئىشى بولمامدۇ! ئۇ بىچارىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ «مەسىلە تاپشۇرۇش»قا ساپتۇ...

— ئوتتۇرىغا ساپتۇ؟ — ۋاڭ لىمىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — ما قاملاشمىغانلارنىڭ ئىشىنى كۆرۈڭ! نېمىشقا ئەمدى؟

— «سوۋېتتىن كىتاب ئەكەلتۇرگەن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار بىلەن ئالاقەڭ بار» دەپ، — خالىق ۋاڭ لىمىڭنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، — ئۇلار ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپتە تۇتۇلۇۋاتىدۇ...

— قاملاشمىغانلار، — ۋاڭ لىمىڭ ئىشخانا ئىچىدە ماڭغىلى تۇردى، — كىتاب ئەكەلتۇرسە نېمە بوپتۇ؟ ئۇ كىتابتا شيۇجېڭچىيى بولۇشىنىڭ مىزانلىرى سۆزلەنگەنمىكەن؟

— ياق، ئاڭلىسام، ناخشا تېكىستلىرى ھەم شېئىر توپلىمىكەن. . .

— مانا، مانا شۇ ئەمەسمۇ! ئوقۇتقۇچى دېگەن ئۆز كەسپىنى پىششىقلاشتا، ھەر خىل ماتېرىياللارنى كۆرۈشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق بىلىمىنى كېڭەيتسە، بۇنىڭ نەرى يامان؟ «ئالاقەڭ بار!» ماۋۇ قاملاشمىغان گەپنى كۆرۈڭ ئوقۇتقۇچىلار ئۆزئارا ئالاقە باغلىسا، ماتېرىيال ئالماشتۇرسا، تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتسە، بۇمۇ شپيۇنلۇقمۇ؟...

— نەفىسە خانىم يەنە كونا كىتابلارنىمۇ كۆرىدىكەن. بۇ بىر پەننىي ئوقۇتقۇچى ئۈچۈن. . .

— ھەي خالىق، سەنمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زىيالىيغۇ، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ بىگىز قولىنى جۇنۇپ، — ئويلاپ باققىنا، بۇ دېگەن تۆت - بەش مىڭ يىللىق مەدەنىيەت. . . كۆڭزى، مېڭزىنىڭ تەلىماتلىرىمۇ ھازىرغىچە ئۆز تەسىرىنى يوقاتقىنى يوققۇ؟ . . . ھەتتا خەلق ئۇلارغا شاڭ كۆيدۈرۈپ، ئىسرىق سېلىپ چوقۇنىشىدۇ. . .

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. . .

— مەن نەفىسە خانىمنى ئوبدان بىلىمەن، ھەر قېتىم ئېتىز - ئېرىقلارنى تەكشۈرۈپ، بوۋاي قەمبەرگە بارغىنىمدا، ئۇ خانىم چاي دەملەپ بېرەتتى، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ پەسكارىغا چۈشۈپ، — نەفىسە خانىم بەك يۇزى تۆۋەن قىز. بۇنداق ئېغىر زەربىنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرىنى يىغىۋېلىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش — بۇ كىم ئويلاپ تاپقان ئويۇن زادى؟ . . . ئۇلار ئوقۇتۇش ئىشىنى ئېلىپ بارغاچ، ماتېرىيال كۆرۈپ، گېزىت ئوقۇپ، شپيۇنلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسىلا بولمىدىمۇ؟ ھە، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشلىرىچۇ؟

— ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىشى سەل مۇرەككەپرەك. . .

خالىق پوپكىسىدىن ئۈچ پارچە ئىسپاتنامىنى ئېلىپ كۆرسىتىپ، ۋاڭ لىمىڭنى بىر چېكىپ كۆرمەكچى بولدىيۇ، ئەمما بۇ ئىسپاتلارنى ئۇنىڭ قايتا تەكشۈرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ، قىشلىق ئۆگىنىش كۇرسىدا پارتىيە مەكتىپى ئەۋەتكەن خەتنى پوپكىسىدىن ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. ۋاڭ لىمىڭ گوڭشې شۇجىسى بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇيغۇرچە خەت ساۋاتىنى چىقارغانىدى، ئۇيغۇرچە خوتەن گېزىتى ۋە شىنجاڭ

گېزىتنى كۆرۈپ تۇراتتى.

— كامىل! ھە، بۇ ھېلىقى قاشتېشىدەك سالمىقى بار بالا، مۇرات شەيتاننىمۇ بىلمەن. بۇ ھېكمەت دېگىنى كىم؟ — ۋاڭ لىمىڭ خالىققا قارىدى، — يېڭىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچىما؟

— شۇنداق، سىز بېيجىڭغا مېڭىشىڭىز ھارپىسىدا كەلگەن. ئۆزى غۇلجىلىق...

— «بۇرژۇئا ئىدىيىسى تەسىرىگە ئۇچرىغان تەرەپلىرىگە...» ۋاڭ لىمىڭ ئۈنلۈك ئوقۇدى، — خالىق كاتىپ، دۇنيادا ئەڭ تەس نەرسە پاك بولۇش، مەن ئۆزۈمنى نۇقسانسىز، پاك دېيەلمەيمەن، سەنچۇ؟

— ئەمدى... ئەمدى ئادەم بولغاندىن كېيىن...

— ھەببەللى، مۇشۇ گېپىڭىزنىڭ ئۆزى كۇپايە، سەن بىلەن مەندە بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇش ئەمەس بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ خېلىلا بار دېگەن گەپ، — ۋاڭ لىمىڭ كۈلدى، — كامىل، مۇراتلار قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئوبدان يىگىتلەر، مەن ئۇلارنى خېلى - خېلى ئوقۇتقۇچىلارغا تەڭ قىلمايمەن...

ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئاخىرقى سۆزى خالىقنىڭ بېشىغا بازغاندەك ئۇرۇلدى. ئۇنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بولۇپمۇ بۇرژۇئا ئىدىيىسى مەسىلىسىدىكى كۆزقارىشى خۇددى نەفىسە بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ئوخشاش ئىدى.

— خالىق، مەن ئەتە نەفىسە خانىم توغرۇلۇق نەمەت مىرزى، تۇردىلار بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي دەيمەن، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ ئاچچىقى بىلەن، — ئۇلار نوچى بولسا، خىرۇشچېۋ، تىتو، تولىياتتىلارنى پىپەن قىلسۇن.

— ياق، ياق، ۋاڭ شۇجى، — خالىق گەدىنىدىن مۇز سېلىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتى، — نەفىسە خانىم ھال ئېيتىپ كىرىپتىكەن، مەن ئەتىدىن باشلاپ ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەردىم...

— ئوبدان قىپسەن، بىر ئوبدان خانىمنى شۇنداقمۇ قىلغان بارمۇ؟ مۇشۇ تۇرقىدا ھېلىقى نەمەت مىرزى دېگەن پوقاقنى تازا دۆشكەللۇگۇم كېلىۋاتىدۇ.

ۋاڭ ليمىڭ خالىقنىڭ موخۇركىسىدىن بىرنى ئوراپ چەكتى - دە، يۆتىلىپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي نېمانچە ئاچچىق موخۇركا بۇ؟ — ۋاڭ ليمىڭ تاماكىنى كۈلدانغا باستى، — خالىق، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ھېلىقى غەلىتە مۇدىرنىڭ تىزگىنىنى تارتمىسا بولمىغۇدەك. ئوقۇتقۇچىلار گېزىت - ماتېرىيال كۆرۈش، ھۆججەتلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق تونۇشىنى ئۆستۈرسە بولىدۇ. ئۇلارنى ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ، تارىنى چىڭىتىۋەرسە، سولچىللىق خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. سەن مەدەنىي - مائارىپ، تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، ئىلاجى بار ئوقۇتقۇچىلارنى ئاسرىشىڭ كېرەك.

خالىق دەرمەھەل بىر نېمە دېيەلمىدى. ۋاڭ ليمىڭنىڭ غەلىتە مۇدىر دېگىنى زەينىدىن ئىدى. ۋاڭ ليمىڭ ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆيىدىن ھال سوراپ كىرگۈچىلەرنىڭ ئايىقى ئۈزۈلمىدى. بوستاندىكى ئىدارە - جەمئىيەت باشلىقلىرى قاتارىدا زەينىدىنمۇ كىردى. خالىق ئۇنى تونۇشتۇردى. بىراق زەينىدىن ئادەمنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك قىلىقلارنى قىلىپ، دېمىگەن گېپى قالمىدى. خىزمەتلىرىدىن ئۈزۈندىن - ئۈزۈن دوكلات قىلدى. خالىقنىڭ ئىما - ئىشارىلىرى، چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ شەپە بېرىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلمىدى. ئۇ، دادۇيلەرگە قانچە قېتىم ئوغۇت ياردەم قىلغانلىقى، پېشقەدەم دېھقانلارنى تەكلىپ قىلىپ سىنىپىي كۈرەش دەرسى سۆزلەتكەنلىكى، ئۆتمۈشنى ئەسلەش تامىقى يېگۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپىي زۇلۇمنى ئەسلەتكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ، مەكتەپتە سىنىپىي كۈرەشنى چىڭ تۇتقانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي جەھەتتىن، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئىنقىلابچىلار، ئىدىيىسى مۇجمەل ئوتتۇرىدا قالغانلار ھەم قالاقلار دەپ، ئۈچكە ئايرىپ چىققانلىقىنى ئېيتتى، قازانغان «نەتىجە»، تارتقان «جاپا»لىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ ليمىڭنىڭ خۇددى چىشى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك، يۈزلىرىنىڭ بارغانسېرى پۈرۈشۈپ، پۇشۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن خالىق گەپنىڭ قاپ بېلىگە تېپىپلا، زەينىدىننى ئېلىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ۋاڭ ليمىڭ خالىققا: «ھېلىقى زورالداي غەلىتىلا نېمىكەنا؟ يە گېپىنى تۈزۈك

ئۇققىلى بولمايدىكەن. . . ‹جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئىنقىلابچى ! › تاپقان گېپىنى قارا ئۇنىڭ. . . ‹ئوتتۇرىدا قالغانلار. . . › ، ‹قالاقلار› دەپ بۆلۈپ - پارچىلاپ، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغىنىسى نېمىسى؟ قاملاشمىغان نېمە ئىكەن! . . . » دېگەنىدى.

— خالىق، ئەسلىدە مەن قېشىڭغا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كىرگەنىدىم، — دېدى ۋاڭ لىمىڭ يانچۇقىدىن بىر دەستە خەتنى ئېلىپ، — بۇ دېھقانلارنىڭ ماڭا يازغان ئەرىز ۋە ئىلتىماسلىرى. . . ئۆزۈممۇ يېزا - كەنتلەرنى ئارىلاپ چىقتىم. «قەرز تۆلىتىش» شامىلى دېھقانلارنى ۋەيران قىلىۋەتتى، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلارمۇ بار. شۇڭا، مەن ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى كادىرلىرىنىڭ باشلىقىنى تەكلىپ قىلىپ قويدۇم. ھېلى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. سەن بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قوي. تۇ شۇجىنىمۇ خەۋەرلەندۈرۈپ قويدۇم. ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويايلى. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس دېگەن گەپ بار. يىغىندا، بىرەرسىمىز يېتىم قالمايلى.

ۋاڭ لىمىڭ چىقىپ كەتتى. خالىق ئورۇندۇقىغا لاسسىدا ئولتۇرغىنىچە: «ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىرى يېتىپ كەلدى. . . » دەپ پىچىرلىدى.

خالىق ئەمدى نەفسە مەسىلىسىدە ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەسلىدە، ھېلىقى بالايىئاپەت بوۋاق شۇم ئانىسىنىڭ قورسىقىدا شۇنچە ئۇزۇن يېتىۋالمىغان بولسا، ئۇ، لەكچۆكنىڭ خوتۇنىنىڭ بوز خالتىسىنى ئالىۋېرۇن جىمىقتۇرۇپ، ئۇنى ۋاقتىدا يولغا سېلىۋەتكەن بولاتتى. ھەر خىل ئامال - چارىلەر بىلەن، نەفسەنىمۇ كامىلنىڭ چاڭگىلىدىن يۇلۇۋالالايتتى. ئەمدى كېچىكتى. . . ئۇنىڭسىزمۇ، ۋاڭ لىمىڭنىڭ دۆلەت كادىرىنىڭ، يەنە كېلىپ بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ خوتۇن ئېلىپ، خوتۇن قويۇپ، كۆپ قېتىم نىكاھلىق بولۇشىنىڭ ئۆزى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكەت ۋە ئەخلاقسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن تەربىيە - تەنبىھلىرى خالىقنىڭ ئېسىدىن چىقمىغانىدى. بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق يۇلتۇزى ھەدەپ پارقىراۋاتقان، يۇقىرى ئەمەلگە ئۆرلەش خۇمارى تېخى قانمايۋاتقاندا، ئويلىمىغان يەردىن

گۆپپىدە قىلىپ يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ يېڭى ئامال ئويلاپ، ئامۇتلۇقنىڭ دۈيجاڭ، شۇجىلىرى ئارقىلىق نەفسەنىڭ ئانىسى ۋە بوۋىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق. . . بىراق كامىل خالىقنىڭ كۆزىگە مىقتەك قادىلىپ تۇراتتى. خالىقنىڭ «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ، «شىيۇجېڭجۇيىغا قارشى ھەرىكەت» دېگەن بۇ شامالللاردا كامىلنى ئۈچۈرۈۋېتىش خىيالى ھازىرچە سۇغا چىلىشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى كورەشنى يەنە چىڭىتىۋەرسە، تارىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارمۇ جىم ياتمايتتى. ۋاڭ لىمىڭ دېگەن بۇ پۈرمە چۈرۈقمۇ بوش ئادەم ئەمەس. ئۇ زەينىدىن، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىملارنى بىرلا ئىسكەنجىگە ئالسا، خالىقنىڭ يېغىرى ئېچىلىپ قالاتتى. بۇ قورقۇنچاق خوپ - خوپچىلار ھەتتا «بۇ يىلقىنى دەيمۇ ياكى بۇلتۇرقىنى؟» دەپ، ئۇنىڭ مازىلىرىنى تىتىغلى تۇرار؟. . .

نەفسەنىڭ «سۈيىقەست، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، دىيانەتلىك كىشىلەرگە ئورا كولىماڭ. . . » دېگەن سۆزىنى، ۋاڭ لىمىڭنىڭ «كامىل قاشتېشىدەك سالمىقى بار بالا. . . » ، «كامىل، مۇراتلارنى خېلى - خېلى ئوقۇتقۇچىلارغا تەڭ قىلمايمەن» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە ئېلىش بىلەن، خالىقنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىدى. ئەگەر قودرىتى يەتسە، ئۇ ۋاڭ لىمىڭ بىلەن كامىلنى بويۇنلىرىغا تاش باغلاپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىغا چۆكتۈرۈۋەتكەن بولار ئىدى. كامىل ھېلىمۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنلىرىنى تەشۋىقات سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ماركس، لېنىن ئەسەرلىرىدىن ۋە ھۆججەتلەردىن كەلتۈرگەن نەقىللىرى زەينىدىن، كېرىموف، مەمتىلى ئىبراھىم، قۇتبىرەم، رېخىم نۇرى قاتارلىقلارنى كىرىشكە تۆشۈك تاپالماي قالغان چاشقانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. ئۆزىنى باسالماي قالغان زەينىدىن بىلەن كېرىموف ئاغزىنى بۇزۇپ ئۇنى تىللىدى. بىراق ھېكمەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ماۋزېدۇڭنىڭ: «تىل - ھاقارەت ئىشلىتىشنىڭ ئۆزى ئاجىزلىقنىڭ ئالامىتى» دېگەن سۆزىنى ئوقۇۋىدى، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە چەكچىيىپ، ئۇزۇن قارىشىپ كەتتى - دە، پۇشۇلداپ تىنىشقا باشلىدى.

خالىق تۇنجى قېتىم ھەسرەتلەندى. يۈرىكى دەردكە تولدى. ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن ھېلىلا ۋاڭ لىمىڭ تاشلاپ قويغان خەتلەرگە قارىدى. «ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ...» دېگەن سۆز قولىقىدا ئەكس سادا بەرگەندەك بولدى. كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچكەن خالىقنىڭ كۆز چاناقلىرى كېڭىيىپ، لەۋلىرى چىڭ يۇمۇلدى ۋە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

— پاھ، بۇ گاداي «سوتسىيالىستىك تەربىيە» ھەرىكىتىگە قارشى گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرماقچىمۇ - قانداق؟، «يىغىندا بىرەرسىمىز يېتىم قالمايلى» دېگەن سۆزىدىن، يالغۇز مەنلا جەڭگە ئاتلانماي دېگەن مەنا چىقمامدۇ؟...

پارتىيە ئىنتىزامى، پارتىيىۋىلىك ئەخلاق، پارتىيە نىزامنامىسىدىن ئىبارەت تاياقلار بىلەن پات - پاتلا ساۋىلىپ تۇرىدىغان خالىق ۋاڭ لىمىڭغا ئىچىدە غۇم ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. پارتىيە تۇرمۇشى يىغىنى ئۆتكۈزۈلىدۇ دېسە، ئۇنىڭ بېشى ئاغرىيتتى. ئۇ، تۇراپ ئىمىننى يۆلەنچۈك قىلىپ، خېلى - خېلى ئىشلارنى تەۋرىتەلەيتتى. ۋاڭ لىمىڭمۇ ئۇنى تەنقىدلەپ تۇرغىنى بىلەن، «قابىلىيەتلىك كادىر، سەۋىيىسى بار...» دەپ ئەتىۋارلايتتى. خالىق بولسا، ئادەتتە ئۆزى تۇتۇلۇپ قالمايدىغان چارىلەر بىلەن، تۇراپ ئىمىننى ۋاڭ لىمىڭغا قارىتا كۈش - كۈشلەپ قوياتتى. تۇراپ ئىمىن ھەپتە - ئون كۈنلەپ باتناپ، ۋاڭ لىمىڭغا گەپ قىلمايتتى. يىغىنلاردا ئۇنىڭغا تاراڭ - تۇرۇڭ تېگەتتى. تەنە - تاپا قىلاتتى. ۋاڭ لىمىڭ ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، چاقچاق گەپلەر بىلەن ياكى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، بىرەر - ئىككى رومكا ھاراق قۇيۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ھاراق گېلىغا كىرگەن ھامان، تۇراپ ئىمىنمۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن خوپلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ ئېسىگە ئالالماي، ئېچىلىپ قالاتتى.

خالىق ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىدۇ. گوڭشې پارتكومىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى ياكى ئىشخانا جۇربىنلىرى يىغىنلىرىدا، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالاش - تارتىش بولۇپ قالغىنىدا، يەرلىك كادىرلارنىڭ كۆزقاراشلىرى مۇكەممەل توغرا بولۇپ كەتمىگەن ھالەتتە، ۋاڭ لىمىڭ ئۆز

تونۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، لېكىن ئۇلارغا تاڭمايدۇ. بۇ بەلكىم يەرلىك كادىرلارغا ھۆرمەت قىلغىنىدۇر ياكى ئۆزىنىڭ «ئۇسۇلغا دىققەت قىلىش، ئومۇملىقنى نەزەردە تۇتۇش» مىزانىغا ئەمەل قىلغىنىدۇر، ھەر ھالدا، ئۇ يەرلىك كادىرلارنى رەنجىتىشنى خالىمايدۇ. شۇڭا، تۇراپ ئىمىننىڭ خاتا قاراش، خاتا ئۇسۇل ۋە قاملاشمىغان قىلىقلىرىغا قارىتا، ئۇنىڭغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەربىيە بېرىدىيۇ، تۇزەتمىسە، قاتتىق قوللۇق قىلالمايدۇ. تۇراپ ئىمىننىڭ دېھقانلارغا سېلىۋاتقان زۇلۇمى، يولسىزلىقى، ھەتتا ئەترەت كادىرلىرىنى ئۇرۇۋدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلىرى توغرىسىدىكى ئىنكاسلارنى ئاڭلاپ، بۇ مەزمۇندا بىرمۇنچە نامسىز خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالغان ۋاڭ لىمىڭ ئۇنىڭغا توختىماستىن تەربىيە بېرىپ، دوستانە سۆھبەتلىشىپ كەلدى. ئەمما، تۇراپ ئىمىن تولا ھاللاردا «ئاناڭنى! قايسى ستاركىنا مېنى غاجىغان؟ . . .» دەپلا ھۆركىرەپ قوپاتتى. مانا بۈگۈنمۇ ۋاڭ لىمىڭ ئۇنىڭغا يۇقىرىدىن چۈشكەن سوتسىيالىستىك تەربىيە ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شەھەردىن بۇ يەرگە چىقماقچى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، قەرز تۆلەش شاملىنى ئىلاجى بار توسايلى، دېۋىدى، تۇراپ ئىمىن سىنەكىمىگەن ھالدا:

— ھەي لاۋۋاڭ، ئىت سەمرىسە، ئىگىسىگە ھۆرەر، دېگەن گەپ بار. قېچىرمۇ تېنىگە ئەت قونسا، شاشلىشىپ ئىگىسىنى تېپىدۇ. دېھقان دېگەنىنىڭ ئاچ چۆجىدەك چۆكۆلداپ تۇرغىنىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى، بولمىسا، ئۇچىسىنى سىيلاپ بەرگەنچە، بىر نېمىدەك تىك تۇرۇۋالىدىغان خەق بۇ! — دېدى.

تۇراپ ئىمىننىڭ بۇ سەت ئوخشىتىشىنى ئاڭلىغان ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا يىغىندا دېيىشكە تېگىشلىك گەپلەرنى ئۆگىتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، شۇڭلاشقا خالىقنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى.

خالىق ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆيگە كىرگەن چاشقاننىڭ قۇيرۇقىدىن چىمدىپ ئۇنى ئوڭايلا تۇتۇۋالغاندەك خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ۋاڭ لىمىڭنىڭ بۇنداق تۇتسا تۇتۇۋالغىلى بولىدىغان ئىلمەك گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقىنى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى. ھەپتە

ئالدىدا، گوڭشې پارتكوم ھەيئەتلىرىنىڭ سىياسىي ئۆگىنىشى بولدى. ئۆگىنىشتە، «خەلقارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ئىختىلاپلار» ھەققىدە كۆپ تالاش - تارتىش بولدى. شۇ چاغدا، ۋاڭ لىمىڭ كىمنىڭدۇر سورىغان سوئالىغا يېرىم چاقچاق ئارىلاش: «شۇ ئەمەسمۇ؟ قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ...» دەپ، ھەممىنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ گەپنىڭ مەزمۇنى خالىقنىڭ ئاڭلىشىچە، «... شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئېيتىۋاتقانلىرى توغرىمۇ ياكى بىزنىڭمۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس...» دېگەنلىك بولاتتى.

خالىقنىڭ كۆڭلىدىن يەنە بىر ئىش كەچتى. بۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇددى چۆچەكلەردىكى توخۇسى گۆھەر تۇغۇپ بەرگەن ئوتۇنچىنىڭ كۆزلىرىدىن چاچرىغاندەك ئۇچقۇنلار چاچراپ كەتتى. ۋاڭ لىمىڭ بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئۈچ كۈن بولغاندا، ئۆز زىيارىتى توغرىسىدا ھەممە داجەي بىلەن داچىڭنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىنى تونۇشتۇرۇشنى تېما قىلىپ، دوكلات بەرگەنىدى، بۇ دوكلات يىغىنغا ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن كەلگەن دېھقان ۋەكىللىرى قاتناشتى. ۋاڭ لىمىڭ داجەي دېھقانلىرىنىڭ تاغ يامزىللىرىنى ئويۇپ، پەلەمپەي ئېتىزلارنى بەرپا قىلغانلىقى، بۇ ئىشتا كۆرسەتكەن قاتتىق ئىشلەش ئىرادىسىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇ يەردە دېھقانلار بىر قازان ئۇماچنى ئېتىۋالسا، ئۇنى بىرنەچچە كۈنگىچە پىچاقتا ئاز - ئازدىن كېسىپ ئېلىپ، سۆگپىياز ۋە تۇزلۇق سەيلەر بىلەن قوشۇپ يەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ چاغدا دېھقانلاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاڭ شۇجى، بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن داشقازاندا ئۇماچ ئېتىپ، ئۇنى يان پۇچۇقتا ئويۇپ يەمدۇق؟ — دەپ سورىدى. ۋاڭ لىمىڭ كۈلۈپ كېتىپ:

— بۇرادەر، سېنىڭ بىلەن بىز سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزمنى بىر كۈندىلا قۇرۇپ بولالمايمىز دېگىنە! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالدىراپ سالغان ئۆينىڭ ئۈلى بوش بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. شۇڭا، سوتسىيالىزمنى ئۈچ ۋاق ئىسسىق تامىقىمىزنى ۋاقتىدا يەپ، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ، سالماقلىق

بىلەن قۇرساق قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

يىغىندىكىلەر پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى، خالىقمۇ ئۇلارغا قوشۇلۇپ كۈلدى. لېكىن، بۇ گەپنى كۆڭلىگە ئېلىپ قويدى.

. . . خالىق بىردىنلا بېيجىڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئاغىنىسى ئەركىنىنىڭ يېقىندا يازغان خېتىنى ئەسكە ئالدى. ئۇ خالىقنىڭ ئۇرۇمچىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئەركىن خېتىدە: «ئالدىمىزدا چوڭراق بىر ەر سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ يازغانىدى.

خالىق كۆڭلىدە مانا شۇ ھەرىكەتنى پاتراق يېتىپ كەلسىكەن دەپ تىلىدى. ئۇنىڭ نەفسەنىڭ ۋەسلىگە تېزرەك يەتكۈسى، بۇ يولدا توغرا تۇرۇۋالغان كامىل، ھېكمەت، مۇرات ھەتتا مۇنۇ ۋاڭ لىمىڭنىمۇ قوشۇپ، جەھەننەمگە ھەيدىگۈسى كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ۋاڭ لىمىڭنىڭ: «شيۇجېڭجۇيى بولۇشنىڭ مىزانلىرى. . .»، «كوڭزى ـ مىڭزى تەلىماتلىرى. . .»، «كامىل قاشتېشىدەك سالمىقى بار بالا. . .»، «بىز ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ. . .» دېگەن سۆزلىرى ۋە «ئۇماچنى ئۈيۈتۈپ يېيىش. . .»، «ئالدىراپ سالغان ئۆينىڭ ئۇلى بوش بولىدۇ. . .» دېگەندەك ھاقارەتلىرى بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ: «دۇنيادا ئەڭ تەس نەرسە پاك بولۇش. . .» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى دەڭسەپ كۆردى. خالىق «ئۇ بۇ گەپنىڭ تىغ ئۇچىنى كىمگە قاراتماقچى؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، قويۇن يانچۇقىدىن تولا ئىشلىتىپ كىرلىشىپ كەتكەن كىچىككىنە خاتىرىسىنى ئالدى. بۇ، ئۇز ۋاقتىدا مەتمۇسانى قاپقانغا دەسسەتكەن، زۇمرەت بىلەن ياقۇپنى ۋەيران قىلغان لەنىتى خاتىرە ئىدى. . .

## مۇراتنىڭ پىغانى، ھېكمەتنىڭ قارارى

ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، زەيىندىن بىلەن كېرىموف ئەتىگەندىلا خالىقنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

ئۇلار شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ پاراڭلاشماقتا ئىدى. بۇ 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، ئۆرۈك ئوتۇنى چويۇن مەشتە پاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. بىردەمدىلا ئىسسىپ كەتكەن كېرىموف بېشىدىن شەپكىسىنى ئالدى، ئۇنىڭ تاقىر چوققىسىدا مونچاق ـ مونچاق تەرلەر كۆرۈندى. زەيىندىن كىرلىشىپ كەتكەن مايسىرەڭ لاتا سومكىسىدىن بىر مونچە ماتېرىياللارنى قولىغا ئېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ «سىنىپىي كۈرەش» ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ماتېرىيال ئوقۇلۇۋاتقاندا، خالىق باشتىن ـ ئاياغ قاپىقىنى ئاچمىدى. چۈنكى زەيىندىن بىلەن كېرىموف يېزىپ چىققان بۇ ماتېرىيال باشتىن ئاخىر «ئۇنداق زەھەر تارقاتقان، مۇنداق ئەكسىيەتچى» دېگەندەك قۇرۇق قالپاقلار بىلەن تولغان بولۇپ، قالپاقتا چۈشلۇق پاكىت يوق ئىدى. پەقەت «كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئەمەتنى ئۇرغان، ئاسقان، باغلىغان» لىقىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك پاكىت ئىدى. . «ئەخلاق ـ پەزىلەت» دەرسلىكى تۈزۈش، سوۋېتتىن كىتاب ئەكەلدۈرۈش، دەرس ئۆتكەندە چەت ئەل ھېكايىلىرىنى مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەش قاتارلىق ھالقىلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ قىلمىشلارنىڭ ئەكسىيەتچىلىكى ۋە زەھەرلەش ۋاستىلىرى ئەمەلىي ئىسپاتلار ئارقىلىق شەرھىلەنمىگەنىدى.

خالىق تاماكىسىنى شورىغىنىچە، بېشىنى سىڭايان قىلىپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. «ئۇ كۆڭلىدە: بۇ ئىككىسى نېمانداق ئېشەكتەك دۆت نېمىلەر؟» دەپ ئويلىدى. بۇنداق شاكىلى بار، مېغىزى يوق قۇرۇق ماتېرىيالنى يۇقىرىغا يوللىغىلى بولامدۇ؟ ماتېرىيالدا، قانۇننىڭ كانارىغا ئېلىنغۇدەك، رەھبەرلىك چۆچۈگۈدەك مەسىلىلەر قويۇلمىسا، ئاخىرىدا ئۆزلىرى زوڭدا ئولتۇرۇپ قالامدۇ؟

— بوپتىمۇ؟ — سورىدى زەيىندىن بويىنىنى سوزۇپ.

— بولماپتۇ، — دېدى خالىق ئۈمىدسىز كەيپىياتتا، — ئۇلار ئۆزلىرى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى تاپشۇردىمۇ؟

— نەدىكىنى؟ — كېرىموف ئېغىر پۇشۇلدىدى، — ئۇلار بىر ـ بىرىنى ماختاپ يېزىشىپتۇ.

— مۇراتچۇ؟ — خالىق چەكچەيدى.

— ئۇ بىر ئېغىزمۇ مۆرىمىدى، ئالىيىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان، — دېدى زەينىدىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، — تېخى تۇرۇپلا، ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك شۇنداق ھىجىيىدۇكى، بەجايىكى ئوغا ـ زەھەرنىڭ ئۆزى.
— مۇشۇ ماتېرىيال ئارقىلىق ئۇلارنى بىر نېمە قىلغىلى بولماسمۇ؟ — دېدى كېرىموف.
— بۇنداق ئالدى ـ قاچتى گەپلەر بىلەن خەقنى بىرنېمە قىلغىلى بولامدۇ؟ — خالىق دېمىقىنى قاقتى، — ئەگەر بۇ ئىشنى ۋاڭ شۇجى بىلىپ قالسا، ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز تۇتۇلۇپ قالىمىز.
— نېمىشقا ئەمدى؟ — زەينىدىن دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى، — ئۇ...
— ۋاڭ شۇجى ئۇلارنى «قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق، ئەخلاقلىق» يىگىتلەر دەپ ماختاۋاتسا!
خالىق ۋاڭ لىمىڭ بىلەن تۇنۇگۇن بولغان سۆھبەتنى سۆزلەپ بەردى. زەينىدىن بىلەن كېرىموف «ۋاڭ لىمىڭنىڭ ئۆگىنىشنى مەسىلە تاپشۇرۇش يىغىنىغا ئايلاندۇرۇۋەتمەسلىك، ئۆگىنىشتە تونۇشنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىش، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ ئۆز مەكتەپلىرىگە قايتۇرۇش»، «سولچىللىق» خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىق توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشۇشۇپلا كەتتى. خالىق ئۇلارنىڭ روھىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋاڭ لىمىڭنىڭ «ئوڭچىللىق»قا مايىل گەپ ـ سۆزلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، ئۇنىڭ يامانغا يان تاياق بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى. ئارقىدىن، «چوڭ ھەرىكەت»نىڭ بولىدىغانلىقىدىن شەپە بېرىپ، ئاغىنىسى ئەركىننىڭ خېتىنى ئوقۇدى. بۇ شەپە زەينىدىن بىلەن كېرىموفقا دەرھاللا تەسىرىنى كۆرسەتتى. خۇددى سۇغا قانغان شۇمبۇيىدەك، بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قان يۈگۈرۈپ قالدى، باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى ۋە بىر ـ بىرىگە سىرلىق قاراپ قويۇشتى.
— خالىق كاتىپ، بۇ «چوڭ ھەرىكەت» زادى قاچانمۇ يېتىپ كېلەر؟ — دېدى كېرىموف كۆزلىرىنى چۈمچۈقلىتىپ، — شۇ چاققىچە ساقلايمىزمۇ؟

— ئىككى ئاي سەۋر قىلىپ كۆرەيلى. بەلكى بۇ يىل قىشلىق تەتىلدە بولىدىغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى ئادەتتىكىدەك ئۆتمەس؟...

— مەنمۇ ناھىيىلىك كومىتېتتىكى بىر تونۇشۇمدىن شۇنداقراق پاراڭنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى زەينىدىن «تونۇشى»نىڭ ئىسمىنى چىقارماي، — ئوقۇتقۇچىلار سېپىدە بىر تازىلاش ئېلىپ بارىدىغان گەپ بار...

— بۇ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — خالىقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاڭلىسام، ھېكمەتكە غۇلجىدىن يۆتكىلىش قەغىزى كەپتىمىشقۇ؟... ئۇلارنىڭ تاماشاسىنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى، بىراق بۇ كەلگۈندى قۇتۇلۇپ قالىدىغان بوپتۇ ـ دە!

— نەدىكىنى؟ ئا كوجاڭ ئۇنىڭغا يۆتكەلمەڭ، دەپ نەسىھەت قىپتۇمىش، — دېدى زەينىدىن، — شەھەردىن چىقىپلا جىمىپ كەتتىغۇ!...

— مەن: «رەسمىيەتىڭىزنى قاچان بېجىرىسىز؟» دەپ چېكىپ باقسام، — دېدى كېرىموف چىرتىندە تۈكۈرۈپ، — بۇ ئوغرى ماڭا نەيزىدەك قادىلىپ قاراپ: «گۈلزىبا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن» دەۋاتامدۇ!...

خالىق كونا رەقىبى مۇراتنى، يېڭى رەقىبى كامىلنى يوقىتىشقا قانچە ئالدىرىسا، كېرىموفمۇ كۆزىگە يىڭنىدەك سانجىلىپ تۇرغان ھېكمەتنى ئوتتۇرىدىن قومۇرۇپ تاشلاشقا شۇنچە ئالدىرايتتى. زەينىدىنىنىڭ بولسا، بىر چاغدا ئۆزىنى رەسۋايى ئەزىم قىلىپ، مۇدىرلىق تاجىدىنمۇ ئايرىپ قويغىلى تاسلا قالغان بۇ ئۈچ گەپتاننى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيقۇسىنى ھارام قىلىپ، ئىشتىيىنى بوغۇپ كېلىۋاتقان ئەمەتنىڭ ئىسپاتنامىسى ھازىرغىچە يەنىلا كامىلنىڭ ساندۇقىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئالقانچىلىك قورقۇنچلۇق قەغەزنى قولىغا چۈشۈرمەي تۇرۇپ، ئۇ خاتىرجەم بولالمايتتى، ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلماي كېتەتتى.

خالىقنىڭ خۇش خەۋىرىدىن روھلىنىپ قالغان زەينىدىن بىلەن كېرىموف ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ سىرتقا چىقتى. خېلىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرلىرى بالدۇرلا يازنىڭ تەپتىدىن دېرەك بېرىپ

تۇراتتى. كېرىموف كىچىك كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، كۆك ئاسماندا غۇڭۇلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن ئاپئاق كەپتەرلەرگە قاراپ، تۇيدۇرماي ئېغىر تىنىپ قويدى. گەرچە، ئۇنىڭ «خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەش ۋاقتى» توشۇپ ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قايتمىغان، بۇ قېتىمقى «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى ھەرىكەت»تە، ھېكمەتنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولى بىلەن ھەل قىلىپ بولۇپ، ئاندىن قايتماقچى بولغانىدى. بۇ ئىش ئەمدى كەينىگە سوزۇلدى. شۇڭا، دەرھال قايتىپ، گۈلزىبانىڭ پېيىگە چۈشمىسە بولمايتتى.

— زەينىدىن مۇدىر، مەن ئەتە قايتسام دەيمەن، — دېدى كېرىموف كېتىۋېتىپ، — ۋاقتىممۇ توشۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىدارىدىكىلەر قايتىپ كەل دەۋاتىدۇ.

— گۈلزىبا خانىمنى كۆرگۈم كەلدى دېسىلە! ھې... ھې... ھې...

— سىلى كۈلۈۋاتىدىلا مۇدىر، —كېرىموف روھسىز كۆرۈنەتتى، — لېكىن مېنىڭ كۆڭلۈم بىرنەرسىدىن ئۈيۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بولسا، ھېكمەتنى چىڭراق تۇتۇپ، شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئۇنى بىرەر ئىشقا مىلىكە قىلىپ تۇرغان بولسىلا...

— قانداق؟ ئۇلار كۆرۈشۈپتىمۇ؟

— گۈلرۇزنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ھېكمەت ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ئۇلار يەنە قانداق مەسلىھەت قىلىشقاندۇر؟

— بىلمىدىم... بۇ شىماللىقنى گۈلزىبانىڭ كۆكسىنى ئورۇپ قويامدىكىن دەپ ئەنسىرەپلا قالدىم...

— ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، قانداق قىلالا؟...

كېرىموفنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلار مۇزلاپ كەتكەندەك بىلىندى. «راست، زەينىدىن دېگەندەك بولۇپ قالسىچۇ!» دېگەن ئوي ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى تىلغىۋەتكەنىدى، ئۇ تولغىنىپ كەتتى. بىراق، گۈلزىبانىڭ گۈلدەك رۇخسارى، ئىنچىكە بەللىرى، ياقۇتتەك سۇزۇك لەۋلىرى، لەپپىدە تاشلىنىدىغان قويۇق كىرپىكلىرى ئۇنىڭ كۆز

ئالدىدىن ئۆتتى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئەسەبىلەرچە ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى، ئۇنىڭسىز ياشىسا، ياشىغىنىنىڭمۇ ھېچ مەناسى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— نېمە بولسا بولسۇن، ئالغىنىم ئالغان! — دېدى كېرىموف خۇددى قەسەم بېرىۋاتقاندەك جىددىيلىشىپ.

زەينىدىن بىلەن كېرىموف چوڭ يولغا قايرىلىپ ئوقۇغۇچى يىققىلى ماڭغان ھېكمەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇلار، ھېكمەتنىڭ ئالدىدىن خۇددى ئوغرىلىق ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك خۇدىكسىنىپ، كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي ئۆتۈپ كېتىشتى.

«بۇلار تۇراپ ئىمىن ياكى خالىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ ـ دە! » دېگەن ئوي ھېكمەتنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى. ھەرىكەت باشلانغاندىن بېرى، ئۇلار يەرگە دەسسىمەيمۇ ـ دەسسىمەيمۇ دېگەندەك قىلىشىپ كېرىلىپ، خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشقاندى. ئۇلار، يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن: «بىز كومپارتىيە ئەزالىرى» دەپ، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمايتتى. بۇ سالاھىيەت زەينىدىن ۋە كېرىموف ئۇچۇن ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان، مەڭگۈ خورىمايدىغان بىر قوغدىنىش قالپىقى بولۇپ قالغاندى. ئۇلار بۇ سايىۋەنىنىڭ تېگىدە تۇرۇۋېلىپ، دەبدەبىلىك شوئارلارنى توۋلاپ، سىياسىي ئاتالغۇ دېگەنلەرنى يامغۇردەك تۆكۈۋېتەتتى. باشقىلارنى خالىغانچە ئەيىبلەپ، ئۇلارغا ھەر خىل گۇناھلارنى ئارتاتتى. ئەجىبا بۈگۈن ئۇلار ئۇششۇك تەگكەن پىلەكتەك شۇمشىيىپلا قاپتىغۇ؟. . . چىرايلىرى ئۇمسۇرۇن، ھەرىكەتلىرى غەلىتە. . . ۋاڭ شۇجى بىرنېمە دەپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ قويدىمۇـ يە؟. . .

ھېكمەت ۋاڭ لىمىڭنىڭ داجەي ۋە داچىڭ روھى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا «سەۋىيىلىك، تەجرىبىلىك، كۆڭلى تۈز ئادەم ئىكەن» دەپ باھا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ كەمتەرلىكى، تۆۋەنگە چۈكۈشى، دېھقانلارنىڭ ھالىغا يېتىشى ھېكمەتنى سۆيۈندۈرگەن، «ئەمەلدار بولسا مۇشۇنداق بولسا» دېگەن ئويغا كەلتۈرگەنىدى. ئادەتتىكى دېھقان بالىلىرىدىن تارتىپ چوڭلارغىچە «ياما شۇجى خاماندا دېھقانلار بىلەن

قوناق سوقۇۋاتىدۇ. . . » ، «ياما شۇجى ئورمانچى بوۋاي بىلەن دەرەخلەرگە نومۇر سېلىۋاتىدۇ» ، «ياما شۇجى يىگىتلەر بىلەن سۇ تۇتۇۋاتىدۇ. . . » دېيىشەتتى. بۇ سۆزلەر ۋاڭ لىمىڭ ئۈچۈن خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات ئىدى! . . .

ئەگەر ۋاڭ لىمىڭ بۇرۇنراق قايتىپ كەلگەن بولسا، ياقۇپكام بىلەن زۇمرەت بوز يەرگە كۆچۈش ئالدىسى بولۇپ ھەيدىلىپ كەتمەسمىدىكىن؟ دەپ ئويلىدى ھېكمەت ۋە دوستى مۇراتنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى. . .

. . . زۇمرەتنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭغان مۇرات توختىماي يۈگۈرۈپ ۋە ۋارقىراپ، ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا، تارشىلىق لەنگەرنىڭ ياۋا قومۇش قاپلىغان شورلۇق دالاسىدا، ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپ قالغانىدى. تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئېشەك ھارۋا ھەيدىگەن بىر يولۇچى كېلىپ قالدى ۋە ئۇنى كۆتۈرۈپ ھارۋىغا سېلىۋېتىپ، بىردىنلا: «مۇرات مۇئەللىم. . . » دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بۇ يولۇچى بوز يەردىكى دېھقانلاردىن يوشۇرۇنچە سېتىۋالغان ئوننەچچە چارەك ئاشلىقىنى كېچىدە يۆتكەپ ماڭغان ئېزىز تارمۇش ئىدى. چىرايلىرى زەپىرانەدەك سارغىيىپ كەتكەن مۇرات بىر ھەپتىدەك ئاغزىغا ھېچنېمە ئالماي ئاغرىپ ياتتى. ھازىر ئۇ بۇرۇنقى شوخلۇقلىرىدىن قالغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ھېچنېمە بىلەن ھەپسىلىسى يوق بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ، «بۇلاقتىكى شولا» رەسىمگە قارىغىنىچە، ئۈنسىز ياش تۆكەتتى. ئاھ ئۇراتتى. . . تاماكىنى ئۇزمەي چېكەتتى. ئۇنىڭ ھەسرەت - پىغانلىرىنى زەررىچە بولسىمۇ يېنىكلىتىش ئۈچۈن، كامىل بىلەن ھېكمەت ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنى سازغا، ناخشىغا، قىزىق گەپلەرگە مىلىكە قىلاتتى. مۇرات ئوننەچچە كۈننىڭ ئالدىدا بوز يەرگە يەنە قاچتى. ئۇنى گۇڭشې مىنبىگلىرى ئاتلىق قوغلاپ بېرىپ، ئىككى كۈن بولغاندا، قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تىرناق يارىسى بولۇپ كەتكەن، كۆڭلىكىنىڭ ئىككىلا يېڭى يوق ئىدى.

مۇرات يالغۇز توغراق دەپ ئاتىلىدىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىغا بىر كېچە، يېرىم كۈندۈز يۈگۈرۈپ يېتىپ بارغان. ئۇ، ياقۇپ

بىلەن زۇمرەتنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىپ، دادۇي مال ئېغىلىنىڭ چوڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، زۇمرەت لاپاسنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنغان هالدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ سامان ۋە پىچاننىڭ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ قۇش چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن چاچلىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن يۈزىنى يېپىۋالغانىدى. ئۇ كاللەك ـ كاللەك چاچلىرى ئارىلىقلىرىدىن ئاسمانغا تىكىلگىنىچە هاڭۋېقىپ تۇراتتى. ئوڭ پۇتىنىڭ ئوشۇقى ئۈستىدىن باغلاپ قويۇلغان ئۇزۇن زەنجىرنىڭ هالقىسىغا قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، زەنجىرنىڭ تۈۋرۈككە باغلانغان يەنە بىر ئۇچىمۇ قۇلۇپلۇق ئىدى. زۇمرەت زەنجىرنى سۆرەپ ئايلىنىۋەرگەچكىمۇ، تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپى ئاق توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مۇراتنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن تاغ قاپتاللىرىنى غۇلۇتۇپ چۈشكەن قىياندەك ئاچچىق ياشلار يامراپ چۈشۈشكە باشلىدى.

— زۇمرەت!...

مۇرات ئېلىشىپ قالغان قىزنىڭ پاخپايغان بېشىنى مەيدىسىگە بېسىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. قىز بىرلا يۇلقۇنۇپ بېشىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بىر هازا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. كېيىن دەهشەتلىك چىرقىرىغىنىچە، مۇراتنىڭ يۈزىگە چاڭگال سېلىپ، بىرلا ئۆرۈلۈپ ئۇنى بېسىۋالدى. ئۇ، مۇراتنىڭ يۈزىنى تاتىلايتتى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىنى چىشلەيتتى. مىسرەڭ چىراي، ئاپئاق ساقاللىق بىر قېرى ئادەم يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاجرىتىۋالمىغان بولسا، ئۇ مۇراتنىڭ يۈزىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتكەن بولاتتى.

— بالام، نېمانداق قاراملىق قىلىلا؟ — دېدى بوۋاي هاسىراپ، — بۇ قىزنىڭ قېشىغا مېنىڭدىن باشقا هېچكىم يېقىن يولىيالمايدۇ...

— نېمىشقا ئۇنى زەنجىردە باغلاپ قويىدىلا؟ — دېدى مۇرات يۈزلىرىدىن ساقىۋاتقان قاننى سۈرتمەي، — ئۇ... ئۇ... ئىت ياكى باشقا مال بولمىسا؟...

— ئۇ بىر قېتىم پىچان دۆۋىسىگە، يەنە بىر قېتىم بورا توقۇيمىز دەپ راسلاپ قويغان قومۇشقا ئوت قويۇۋەتتى، — دېدى بوۋاي، — بوش قويۇپ بەرسەكلا، ئۇنى چېقىپ، بۇنى سۇندۇرۇپ خاپا قىلىدۇ. ئۇنىڭ

ئۇستىگە، گۇگۇشىدىن قاتتىق تۇتۇگلار، دېگەچكە...

— قاتتىق تۇتۇگلار؟...

— شۇنداق، گۇگۇشىدىن شۇنداق دېگەن. تېخى بۇ قىز بىرەر نەرسىگە ئوت قويۇپ بەرسە، ياكى بىرەر نېمىنى بۇزۇۋەتسە، خۇشال بولۇپ، قاقاقلاپ كۇلۇپ: «چوشقا قاچتى، ئالا كالا قاچتى...» دەپ ۋارقىرايدۇ...

— چوشقا؟ ئالا كالا؟ — مۇرات مەتمۇسا بىلەن خالىقنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى، — ياقۇپكامچۇ؟ ئۇ نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟

— ئۇ ئەنە ئاشۇ قازناقتا! — بوۋاي قورۇنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىك بىر ئۆينى كۆرسەتتى، — ياقۇۋاخۇن ئېتىزلىقتىن خامانغا پاسار توشۇۋاتىدۇ، ۋەزىپىسى ئېغىر، پات كېلەلمەيدۇ...

مۇرات ئاق توپا ئۇستىدىلا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان زۇمرەتكە ياش تۆككىنىچە ئۇزۇن قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە يېقىنلاشماقچى بولدى، بىراق بوۋاي ئۇنى دەرھاللا توستى.

— بالام، ئۆزلىرى مۇرات دېگەن بالا ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ سىنچىلاپ قاراپ، — شۇنداقمۇ؟

— چوڭ دادا، سىلى مېنى قانداق بىلىلا؟

— گۇگۇشىدىن كەلگەن بۇيرۇقتا، — دېدى بوۋاي ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — ئۆزلىرىنى بۇ خېنىم بىلەن ئۇچراشتۇرماسلىق ئېيتىلغان.

— ئەمىسە، مېنى قوغلىۋەتمەملا، — غەزىپى ئۆرلىگەن مۇرات قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — ۋۇي، مۇناپىق خالىق... خەپ سېنى! هاياتلا بولسام، بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمەي قويمايمەن!...

— بالام، ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولسىلىرى، بىرەر پارچە قەغەزنى تاماكىدەك ئوراپ، ئوت تۇتاشتۇرۇپ باقسىلا! ئەڭ ياخشىسى، ئۇنى ئۇنىڭ قول بېغىچىغا يېقىپ كۆرسىلە...

— ئوتنى قولىغا ياقامدىم؟...

— قەغەزنىڭ ئوتى قانچىلىك كۆيدۇرەتتى دەيلا، لېكىن نېمە ئىشكىن، شۇنداق قىلسا، بۇ قىز خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى بوۋاي ساقىلىنى ئوچۇمداپ، — قارىسىلا، ئۆزى شۇنداق قىلىپ ئوت يېقىۋېرىپ،

قولىنى قىلىۋەتكىنىنى! . . .

— ئاھ خۇدا! — دېدى مۇرات زۇمرەتنىڭ قولىدىكى چېكىم - چېكىم كۆيۈك ئىزلىرىغا قاراپ، — ئۇ مېنى ئۇنتۇماپتۇ. . . مەن ئۇنىڭ قەلب تۆرىدە ھېلىھەم يېزىقلىق ئىكەنمەن. . .

مۇرات قەغەزدە تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردى - دە، ئاستا قەدەملەر بىلەن زۇمرەتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى ئالقانلىرىغا ئالدى ۋە تاماكىنى ئۇنىڭ قول بېغىچىغا بىلىنەر - بىلىنمەس يېقىپ كۆردى. زۇمرەت غەلىتە ھىجايغىنىچە، ئىنتائەتمەنلىك بىــــلەن جىــــم تۇرۇپ بەردى. مۇرات سومكىسىدىن بىر تۇخۇمنى ئېلىپ ئاقلاشقا باشلىدى. تۇخۇمنىڭ يېرىمىنى ئاقلىۋىدى، قىز پاسكىنا قوللىرى بىلەن ئۇنى يۇلۇۋالدى - دە، شاكاللىرى بىلەنلا ئاغزىغا تىقتى. لېكىن، تۇخۇم گېلىغا تۇرۇپ قېلىپ، قېقىلىپ كەتتى. بوۋاي دەرھاللا بىر جام سوغۇق سۇنى ئۇنىڭغا سۇندى. مۇرات سۇنى ئۇنىڭغا ئالدىرىماي ئىچۈردى. سومكىسىدىن بىر ئاق ناننى ئېلىپ، ئۇنى سۇغا تۇگۇرۇپ قىزغا يېگۈزدى. زۇمرەت بوز يەرگە كەلگەندىن بۇيان، ئۇماچ ئىچىپ ئارپا كۆمىچى يەپ كەلگەچكىمۇ ياكى قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەنمۇ، ئىش قىلىپ، مۇرات سۇدا يۇمشىتىپ بەرگەن بىر ناننى يەۋەتتى.

مۇرات زۇمرەتنىڭ كۆيۈك داغلىرى قاپلىغان قوللىرىنى قولــغا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتتى، سۆيدى. زەنجىر يارا قىلىۋەتكەن پۇتلىرىنى سىيلىدى. ئۇنىڭ ئوشۇقىنىڭ ئۈستى قىپقىزىل گۆش بولۇپ ئېچىلىپ قالغانىدى. مۇرات قول ياغلىقىنى ئېلىپ، ئۇ يەرنى يۆگەپ باقتى، بىراق، جاراھەت يېپىلمىدى. شۇڭا، كۆڭلىكىنى سېلىپ، كۆڭلەكنىڭ ئىككىلا يېڭىنى قولتۇقىدىن سۆكۈپ ئاجرىتىۋالدى.

— چوڭ دادا، زەنجىرنىڭ قۇلۇپىنى بىردەملىك بولسىمۇ ئېچىۋەتكەن بولسىلا. . .

— بولىدۇ بالام، قىزىمۇ خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالدى، — بوۋاي قۇلۇپنى ئېچىپ، زەنجىرنى بىــر چەتكە ئالدى، — بۇ قىز تۇرۇپلا بىــر ئوبدانلا بولۇپ قالىدۇ. ئــۇنداق چاغدا جىمىپ كېتىــدۇ. . . ياكـــى يىغلايدۇ. . . مانا ئۆزلىرىنى كۆرۈپ. . .

مۆرات جاراھەتلەنگەن پۇتقا كۆڭلەكنىڭ يېڭىنى ئوراۋاتقاندا، زۇمرەت ئاستا ئۇنىڭ بۇرنىنى سىيلىدى. مۆراتمۇ ئەيمەنمەي، يۈزىنى تۇتۇپ بەردى.

— زۇمرەت، بۇ — مەن... مۆرات! سىز مېنى ئېگىز بۇرۇن، يوغان بۇرۇن دەيتتىڭىزغۇ؟ — مۆراتنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار يەنە يۇملاپ چۈشتى، — زۇمرەت، گەپ قىلىڭا! مەن مۆرات... بىر ئېغىز گېپىڭىزنى ئاڭلاي...

زۇمرەت كىر ئالقانلىرىدا مۆراتنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، يېرىم ئېچىلغان لەۋلىرىدىن، ئېلىشاڭغۇ چىرايىدىن ھېچ ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ياش بىلەن ھۆللەنگەن بارماقلىرىنى تىلىغا تەگكۈزدى، ئاندىن ئۇنى شورىدى.

— زۇمرەت، ماڭا قارىڭا... مەن مۆرات ئەمەسمۇ!... مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ بېقىڭا...

— بۇلاق.. بۇلاق... مۆرات!... — زۇمرەت مۆراتنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى ھېسسىياتسىز، مەناسىز بىر تۇستە قېتىپ قالغانىدى.

— نېمە، مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىردىڭىز؟ — مۆرات شارتلا بوۋايغا قارىدى، — قارىسىلا چوڭ دادا، ئۇ... ئۇ... ئەسلىگە كەلدى... مەن... مەن ئۇنى ئېلىپ كېتىمەن!

— بۇ... بۇ... دېگەن بىردەملىك ھالەت بالام...

بوۋاينىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى. دادۇي دەرۋازىسىدىن ئاتلىق مىنبەگلار باستۇرۇپ كىردى. ئۇلار مۆراتنى باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. مال ئېغىلى قورۇسى ئىچىدىن «بۇلاق... بۇلاق... بۇلاق!...» دېگەن چىرقىرىغان ئاۋاز كەلدى. توپىلاڭ يولدا كېتىۋاتقان مۆرات كەينىگە قايرىلدى. چوڭ دەرۋازا ئالدىدا، بوۋاي زۇمرەتنى قۇچاقلىۋالغانىدى. لېكىن ئۇ «بۇلاق» دەپ نالە قىلىپ، ئېلىشاڭغۇ تولاپ، بۇلجىناتتى، تىپىرلايتتى، چىرقىرايتتى...

— زۇمرەت، — مۆرات ۋارقىرىدى، — جېنىم تىنىمدىلا بولسا،

مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن! . . .

ھەسرەتلىك خىياللار قاينىمىغا پاتقان ھېكمەت بىر كىمنىڭ «مۇئەللىم. . . » دەپ چاقىرغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتى. يولنىڭ ئۇ قاسنىقىدىكى ئېرىقتىن بىر كىشى بۇ تەرەپكە سەكرەپ ئۆتۈپ كۈلۈپ كېلىۋاتاتتى.

— جۇ رۇڭفامۇ سىز؟ — ھېكمەت قولىنى بەردى، — بۇ ياقتىن كېلىۋاتىسىزغۇ؟

— بەزى دادۇيلەر تېخىچە كۆزگى بۇغدايغا توك ياتقۇزماپتۇ، — دېدى جۇ رۇڭفا قول ياغلىقىدا يۈزلىرىنى سۈرتكەچ، — سىمونت زاكوغا بېرىپ، ئۇلارغا ئىككى تاشلىق سۇ تەقسىم قىلىپ بېرىپ كەلدىم.

جۇ رۇڭفا بوستان گۇڭشېسىنىڭ سۇ ئىشلىرى كادىرى ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېگىز، بەستلىك، بەردەم ئادەم بولۇپ، بوستاننىڭ دېھقانلىرى ئۇنى «جۇمىراخۇن مىراپ»، «جۇمىراخۇن تۆگە» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى چىڭ بولۇپ، قارامتۇل چىرايىدىن بىر خىل ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈكلىكى چىقىپ تۇراتتى. جۇ رۇڭفا گەرچە ئوتتۇز بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچىلا بويتاق ئىدى. ئۇ، بۇ دۇنيانىڭ مەئىشتى، پۇل، دۇنياسى بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندەك، دەرۋىشتەكلا ياشايتتى. داۋاملىق ئۇچىسىدا كۆك چاپان، كۆك ئىشتان، پۇتىدا يوغان رېزىنكە ئاياغ، ھېچكىمگە ئارىلاشماي، دەريا، زاكو، ئازما باشلىرىدا دېھقانلار بىلەن بىرگە بولاتتى. جۇ رۇڭفا يىل بويى ئېتىز - ئېرىقلاردىن، كەنتلەردىن كەلمىگەچكە، قايسى ئۆيدە تەنھا بوۋاي ياكى موماي ئولتۇرىدۇ، كىمنىڭ ئۇششاق بالىلىرى كۆپ، كىملەر ئاش - ئوزۇقتىن ئۈزۈلۈپ قالدى، بۇلارنى بەشقولدەك بىلەتتى. شۇڭا، ئايلىق مائاشى چىققان ھامان، ئۇلارغا بىرەر چارەك بۇغداي ياكى قوناق، كىيىم - كېچەك، دورا دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى ئۇدۇل كەلگەن دېھقان ئۆيلىرىدە قورسىقىنى بېقىپ يۈرۈۋېرەتتى. بۇلتۇر كۈزدە، ئوقۇغۇچىلار بىر ھەپتە دەرستىن توختاپ تاش ئۆستەڭ ياساشقا قاتناشتى. شۇ چاغدا، مۇرىسىگە ئۆلچەش - سىزىش جازىلىرىنى ئارتىۋالغان جۇ رۇڭفا ھېكمەتتىن: «مۇئەللىم، سومكىڭىزدا نان بارمۇ؟ قورسىقىم زەپ ئېچىپ

كەتتىيا. . . » دەپ سورىغانىدى، ئۇلار ئىككىسى تاش ئۈستىدە رويىرۇ ئولتۇرۇپ، سۇداندىكى سوغۇق چاينى تەڭ ئوتلىغاچ، قورساق تويغۇزۇشقانىدى. ھېكمەت كېيىن ئوقۇغۇچى يىققىلى چىققاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىر - ئىككى قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىپ، پاراڭلاشتى. . . مانا شۇنىڭدىن بېرى، ئۇلار كۆرۈشكەن ھامان ئىسسىق سالاملىشاتتى.

— يەنە ئوقۇغۇچى يىققىلى مېڭىپسىز - دە؟ — دېدى جۇ رۇڭفا كېتىۋېتىپ، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتىن قېچىشىمۇ يەنە شۇ نامراتچىلىقتىن دەڭا! دېھقانلار ئەمگەك نومۇرى ئېلىش ئۈچۈن، ئائىلىسىدە كۆپرەك ئەمگەك كۈچىنىڭ بولۇشىنى ئويلايدۇ. بالىلار ئەڭ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ مال - ۋارانلىرىغا ئوت ئېلىپ بەرسىمۇ، ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئاراملىق بولىدۇ ئەمەسمۇ!

— قارىماسىز، دەرستە ياخشى، ئۆزى ئۆگىنىش باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر ئوقۇغۇچىم بار ئىدى، ئىسمى سىراجى ساتتار، — دېدى ھېكمەت شۇنداق دېگەن ئىشارىگە باش ئېغىتىپ، — تاماق پۇلى بەلگىلەنگەندىن بېرى، مەكتەپتىن قېچىپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. ئەتىگەندە تۇتۇپ كەلسەم چۈشتە، چۈشتە تۇتۇپ كەلسەم كەچتە. . . قاچقىنى - قاچقان.

— ئەسلىدە، ئائىلىسىدە ئېغىر تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلىنى دۆلەت بىلەن كوللېكتىپ، يەنى دادۇيلەر ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى، — جۇ رۇڭفا ئېغىر تىنىپ قويدى، — دېھقانلارنى ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي ئىشلىتىدۇ، بىراق ئۇلاردىن ھالىڭ نىچۇك؟ دەپ سورىمايدۇ. . .

— دادۇيلەر، — دېدى ھېكمەت ئاچچىقى بىلەن، — تاماق پۇلىدىن ئۆزلىرىگە ئاجرىتىلغان ئون پىرسەنت ئۆلۈشىنىمۇ ۋاقتىدا تاپشۇرمايۋاتسا. . .

— ھە، توغرا، ئۆتكەندە مەن چوشقا فېرمىسىغا بېرىپ ئاڭلىدىم، — دېدى جۇ رۇڭفا سەل قىزىشىپ، — بىر مۇئەللىم ئالتە نۆۋەت كېلىپ، پۇلنى ئالالماپتۇ، فېرمىنىڭ شۇجىسى لى مىڭسەن قول ئاستىكىلەرگە بۇ پۇلنى ئاجرىتىپ بېرىڭلار دېيىشىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە ھېلىقى مۇئەللىمنى ناھايىتى سەت تىللار بىلەن تىللىدى. نەق شۇ چاغدا،

ئېتىمىز ئارىلاپ يۈرگەن ۋاڭ لىمىڭ كېلىپ قالدى، ئۇ، لى مىڭسەنگە بىرلا ۋارقىرىۋېدى، فىرمىنىڭ بوغالتىرى پۇلنى شۇ ھامان ئاجرىتىپ بەردى.

— ئۇ لى مىڭسەن دېگىنى قانداقراق ئادەم؟

— ئۈچىنچى چىققان توخۇ پۇقى بىر نېمە؟ — جۇ رۇڭفا ئاچچىقىدا يەرگە بىرنى تۈكۈردى، — ئۇ، تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىققا بۇتقا سەجدە قىلغاندەك سەجدە قىلىدۇ. باشقىلارنى نەزىرىگىمۇ ئىلمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئەبلەخنى شەھەر كۆكتاتچىلىق دادۇيىدىن يۆتكەپ ئېلىپ كېلىپ، فىرمىغا شۇجى قىلغانلار نەق شۇلار ـ دە!

— جۇ رۇڭفانىڭ ئاچچىقى بەكلا كەلدىمۇ نېمە، خەنزۇچىلاپ «با جىگا خۇندەن. . . »① دەپ غۇدۇڭشۇپ قويدى.

— ياقۇپكامغا قەستەن خىيانەت ئارتىپ، ئۆيلىرىنى مۇسادىرە قىلغانمۇ شۇ ئىكەن ـ دە؟

— نەق شۇ! — جۇ رۇڭفا قوللىرىنى شىلتىدى، — مەتمۇسانىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، خالىق ئۇنىڭ قىزىغا ئېرىشەلمەي، ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىكەن.

جۇ رۇڭفا مەتمۇسانىڭ نۇرغۇن سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەردى. خالىق بىر قېتىم يەتتە يۈز يۈەن، يەنە بىر قېتىم ئۈچ يۈز يۈەن پۇلۇمنى، بىر نۆۋەت بىر قويۇمنى تارتىۋالدى، مال نەسىللەندۇرۇش پونكىتىنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىنى دائىم سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاردىن نەپ ئالىدۇ، دەپ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردا سۆزلەپ يۈرىدۇ، دېدى. جۇ رۇڭفا ۋاڭ لىمىڭ ھەققىدە سۆزلىگىنىدە، تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭدىن سەل رەنجىگەنلىكى چىقىپ قالدى. ۋاڭ شۇجى ئەمەلدارلىق كىبرى يوق، خىزمەتنى جان تىكىپ ياخشى ئىشلەيدىغان ئادەم بولغان بىلەن، ھالقىلىق پەيتلەردە كۆڭۈلچەكلىك قىلىدۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرمايدۇ، بولۇپمۇ خالىقنىڭ رەھبەرلىك ئىستىلى، تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتىكى خاتالىقلىرىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سۈكۈت قىلىدۇ، تېخى ئۇنى يىغىنلاردا ماختاپ، خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ، دەپ قايىندى. ئۇلار باغچا كەتتىنىڭ ئۈستىكى

---

① — بۇ ئەبلەخنى.

يېنىغا كەلگەندىلا، ئاندىن خوشلاشتى. جۇ رۇڭفا شۇما ئۆستىڭىنىڭ زاكۇسىغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. ھېكمەت ئوڭ تەرەپكە قايرىلىپ ئامۇتلار، ئۆرۈكلەر، ياڭاقلارنىڭ ۋە دەل - دەرەخلەرگە ياماشتۇرۇۋېتىلگەن ئايىمىقى تاللارنىڭ شاخلىرى قاپلاپ تۇرغان باغچا كەنتىنىڭ يولىغا قاراپ ماڭدى. ياز كۈنلىرى، بۇ يولدا ئون قەدەم ئارىلىقتىكى ئادەمنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، ھەممە تەرەپنى شاخ ۋە يوپۇرماقلار يېشىل بۇلۇتتەك قاپلاپ كېتەتتى. ھازىر بولسا، ئېتىز - ئېرىقلار، دەل - دەرەخلەر، دېھقان ھويلىلىرىمۇ قۇرۇق ھەم يالىڭاچ ئىدى. پەقەت ئۆگزىلەردە چۇقچايغان قوناق شېخى، پالاڭ، پىچان، شاخ - شۇمبىلارلا ھەممە يەردە كۆزگە چېلىقاتتى. باغچا كەنتىنىڭ ھارۋا يولىدا، يولنى بويلاپ چوڭقۇرلۇقتا ئاقىدىغان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى. يولدىن دېھقان ئۆيلىرىگە دەرۋازىلىرى ئالدىدىكى كۆۋرۈك ئارقىلىق كىرگىلى بولاتتى. ئەتىگەنلىك دولقۇن ئەمگىكىدىن قايتقان ئەر - ئايال دېھقانلار كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، تاغارلىرىنى ئۆشنىسىگە ئارتقان ھالدا، ئۆيلىرىگە ئالدىراپ كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ توپا باسقان چىرايلىرى ھارغىن ھەم سولغۇن بولۇپ، كەتمەنلىرىنىڭ پارقىراق يۈزلىرى ئاپتاپتا يالت - يۇلت چاقنايتتى. ھېكمەت ئۆستەڭنى ياقىلاپ مېڭىپ، كەنتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تونۇش ئۆيگە يېتىپ كەلدى. سىراجىنىڭ دادىسى ساتتار ئاكا ياماۋاتقان تاغىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بىلەن سۇسلا سالاملاشتى. ئوچاققا قازان ئېسىلغان بولۇپ، قازاندا ئۇششاق توغرالغان ئاق چامغۇر قايناۋاتاتتى. پاقپاق چاچلىرى چارلاشقان ئايال كاساڭدىكى قوناق خېمىرىنى ئوچۇمداپ ئېلىپ سىقاتتى. ئۇ ھەر سىققىنىدا، بارماق ئارىلىقلىرىدىن مىرتىلداپ چىققان خېمىر قازانغا چۈشەتتى. ئايال قازاننى نوغۇچتا پات - پاتلا قوچۇپ قوياتتى. بۇ خىل تاماقنى دېھقانلار «سىقماق ئاش» دەپ ئاتىشاتتى. ياشانغان قېرىلار بولسا، بۇ تاماقنى «موللا مىرت - مىرت» دەپمۇ ئاتايتتى.

ھېكمەت ساتتار ئاكا بىلەن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن، سۇپىنىڭ قىرىدىلا ئولتۇردى. ئۇ تولا سۆزلەپ ياد بولۇپ كەتكەن ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى، كەلگۈسى ئىستىقبال، بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى قاتارلىق

تەربىيە ـ تەنبىھلىرىنى قايتا تەكرارلاشنى خالىماي، گەپنى تۈزلا قىلدى.

— ساتتار ئاكا، سىراجى يەنە قېچىپ كەتتى، — دېدى ھېكمەت، — ئۆتكەندە ئۆزلىرى بىرمۇنچە ياخشى گەپلەرنى قىلىۋېدىلە. . . مەن بەك خۇشال بولغان. مانا ئىككى كۈن بولدى. . .

— قانداق قىلغۇلۇق؟ سىلىگە ئاۋۋى قىلمايمىز مۇئەللىم، — دېدى ساتتار ئاكا تىكىۋاتقان تاغىرىنى تىزىغا ئېلىپ، — بەشۈيتەك شۇم نان دەپ كاككۈكنىڭ بالىسىدەك ئاغزىنى ئېچىپ تۇرسا! مەزلۇم ئىككىمىز خۇدانىڭ ئاق تاڭاتقان كۈنى ئېتىزدا كار قىلساق، بىرىدىغىنى يىگىرمە نومۇر، كۈزدە بوغالتىر چوتنى ئىككىلا شاراقشىتىپ «ئون نومۇر ئالتە فۇڭ، يەتتە فۇڭ بولدى. يىگەن ئاشلىقىڭنىڭ نەرخىگە پايلىمىدى، قەرز بولدۇڭ» دەپ، بىرمۇنچە ئارغامچا ـ توقۇمىنى گەدىنىمىزگە ئارتىپ قويىدۇ. سىراجى بولسا باللارنىڭ چوڭى، كۈنىگە بەش ـ ئالتە نومۇرغا ئىشلىسىمۇ، جانغا ئارام بولىدىكەن.

— ئېيتقانلىرىغۇ يوللۇق، ساتتار ئاكا، — ھېكمەت ئېچىنغان ھالدا قاراپ قويىدى، — لېكىن، ھازىرچە بەش ـ ئالتە نومۇرنى كۆزلىگەنلىرى بىلەن، بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان بالىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى توسۇپ قويىلا.

— دېھقان خەق ئۈچۈن مۇئەللىم، —دېدى ساتتار ئۇدۇللا، — «ئىستىقبال» ، «كەلگۈسى» دېگەنگە ئوخشاش نېسى نەرسىلەر ئەمەس، جان ساقلاش ئۈچۈن ھازىر نەق يەيدىغانغا بىر زاغرا كېرەك. ھەممىسى يوقسۇزلۇقتىن بولۇۋاتقان ئىش. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، تاماق پۇلى دېگەن ئالۋاڭنى ئارتىپ قويىلا، بىز ئۇ پۇلنى نەدىن تاپىمىز؟

— ناھايىتى سەكسەن فۇڭغۇ؟ بىر چارەك چامغۇرنىڭ پۇلى، — ھېكمەت سەل خاپا بولدى، — توخۇلىرىنىڭ بىر ھەپتە تۇغقان تۇخۇمىنى ساتسىلىمۇ، سىراجىنىڭ بىر ئايلىق تاماق پۇلى تۆلىنىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟

— ۋاي. . . مۇئەللىم، قايسى توخۇلارنى دەۋاتىلا، نەدىكى تۇخۇملار ئىكەن ئۇ؟ — ساتتار ئاچچىققىنە كۈلدى، — سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدىغان خىزمەت گورۇپپىلىرى چۈشۈپ، قەرز

تۆلىنىش باشلانغاندىن بېرى، دېھقانلارنىڭ كۆزى ياشتىن قۇرۇمايۋاتىدۇ. خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر كاتەكتىكى توخۇ، ئېغىلدىكى قوي، ئۆيدىكى كاچۇ ـ ساندۇق دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇماچ قەرزىگە ھېسابلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— توخۇلارنىڭ تۇخۇمى بولسىمۇ، چاي، تۇز، تاختا گۇگۇت دېگەندەكلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، — دېدى ئۇنىڭ ئايالى خۇرسىنغان ھالدا قازانغا سىقماق تاشلاۋېتىپ، — قويىمىز قوزىلايلا دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قوزىسىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆزىنى سېتىپ، پۇلىغا بالىلارغا ئېگىن ـ ئاياغ قىلىپ بېرەرمىز دېگەن تامادا يۈرۈپتىمىز. مانا ئەمدى ئۇمۇ ئامىن ئاللاھۇئەكبەر بولدى.

— بۇلتۇر بۇ قوينىڭ ئانىسىنى قەرزگە تۆلىگەنىدۇق، — دېدى ساتتار ئاكا يىغلامسىرىغاندەك تەلەپپۇزدا، — بۇ يىل بولسا. . .

— ئۇنىمۇ ئېلىپ كەتتىمۇ؟ — ھېكمەت ساتتارنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولدى.

— ھەرىيلى كۈزدە «دارامەت تارقىتىمىز» دەپ داۋراڭ سالىدۇ. بىز دېھقانلار قولىمىز تۆت تەڭگە پۇل كۆرەرمىكىن دەپ تاماقلىرىمىزنى چاكىلدىتىپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرىمىز. . . بىراق قەرز ئېلان قىلىدۇ! — ساتتار چار ساقىلىنى تاتىلاپ قويدى، — يازدا ئائىلىمىزگە بىر قۇتا پىلە قۇرۇتى ئۈرۈقى تەقسىم قىلىنغانىدى. بىر ياز ئۈجمە يوپۇرمىقى يىغىپ، سېتىۋېلىپ، ئۇ قۇرتلارنى ئاسراپ باقتۇق. جاپا چېكىپ، جېنىمىز تۇمشۇقىمىزغىلا كېلىپ قالدى. قۇرتلار يېتىلىپ، پىلە بېرىدىغان چاغدا، بەش ـ ئالتىسى بوۋا قۇرت كېسىلى بولۇپ ئۆلۈپ قالغانىدى، كەنت باشلىقى جەرىمانە دەپ، بىر تاغار قۇرۇتقان گۆلىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن، بىر قۇتا قۇرتتىن ئاتمىش جىڭ پىلە چىقىدۇ، سىېنىڭ يىگىرمە بەش جىڭ پىلەڭ كەملەپ قالدى، جەرىمانە تۆلەيسەن دەپ، دارامەت تارقاتقاندا، بۇ جەرىمانىنىمۇ قەرزگە ھېسابلاپ، بۇ قەرز ئۈچۈن قويىمىزنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

— ساتتاركا، پىلە مەھسۇلاتلىرى بەكلا كەملەپ كېتىپتىغۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— بىر قوتا پىلە قورۇتىدىن ئادەتتە ئوتتۇز بەش — ئوتتۇز ئالتە جىڭ ئەتراپىدا پىلە چىقىدۇ. نەگىلا بېرىپ سورىسىلا، بۇ ھېساب شۇنداق. لېكىن ۋەزىپىنى ئاتمىش جىڭ دەپ بەلگىلەپ قويغان تۇرسا! بۇ ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا ئاقمايدىغان «تۆمۈر ۋەزىپە» بولۇپ قالدى، ئۇنى قانداق ئورۇندىغىلى بولىدۇ؟

ھېكمەت يەنە نېمە دېيەلەيتتى؟ ئۇ دېمىققان ھالدا ئوچاق بېشىدىكى ئايالغا قارىدى. ئۇ، ئىنجىقلاپ، قازاننى تۇللۇككە ئالغاندىن كېيىن، پاسار چوغلىرىنى ئوچاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىپ، ئوچاققا ئازراق تۇز سۇيى سەپتى. ئاندىن قوناق خېمىرىنى پوخۇنداپ، ئۇنىڭغا يېقىشقا باشلىدى. كان ئوچاققا بەش زاغرا چاپلاندى. بىكار قالغان بۇلۇڭلارغا بالىچۇق زاغرىلار سىغداپ يېقىلدى. بۇ — ئەتە ئەتىگەننىڭ غېمى ئىدى.

— بولىدۇ ساتتار ئاكا، — دېدى ھېكمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىراجىنىڭ تاماق پۇلىنى مەن ئۇستۇمگە ئالاي.

— بۇ... بۇ... بۇنداق قىلساق قانداق بولىدۇ؟ سىراجى سىلى ئۇچۇن ئوقۇپ بېرەمتى؟ — ساتتار ئاكا خىجىللىق بىلەن يەرگە قارىدى، — يەنىلا ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلاي...

— سىراجىنىڭ ئوقۇشى ناھايىتى ياخشى ئىدى، مەكتەپتىن قېلىپ قالسا ئۇنىڭغا ئۇۋال بولىدۇ... — ھېكمەت ساتتارنىڭ قولىنى تۇتتى، — رەھمەت سىلىگە... مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، ياردەملىشىمەن... ئەمىسە قايتاي...

— سىقماقتىن ئىچىپ ماڭسىلا.

— رەھمەت، بۇ تاماق يېمىگەن ئۆي ئەمەس، ئۆتكەندىلا بىر ئاياق كۆمۈلەك ئاشلىرىنى ئىچتىمغۇ؟...

— ھەي... مۇئەللىم، بارنى ئايىمايمىز... يوقىغا كايىمايمىز...

تاماقتىن كېيىن، ساتتار ئاكا سىراجىنى ھېكمەتكە قېتىپ بەردى. ئۇلار مەكتەپكە كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلار چۈشلۈك تاماق يەۋاتاتتى. ھېكمەت سىراجىنى يېڭى كۆلۈب ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، سانى سەككىزگە توشمىغان بىر گۇرۇپپىغا قېتىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار كەچلىك

مۇزاكىرىدىن چۈشكەندە، زەينىدىن مۇدىر ھېكمەتنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا ئاقىرىپ كەتكەن كۆن ئۆتۈك تۇراتتى.

— مەن سىراجى دېگەن تاز بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭغا بىر ئاز تەربىيە بەردىم، — دېدى زەينىدىن قولىدىكى ئۆتۈكنى ھېكمەتكە تۇتقۇزۇپ، كېچىچە يەنە قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋالدىم. ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا چىقىشتىن ئاۋۋال، ئەكىرىپ بەرسەڭ بولىدۇ.

— سىلىنىڭ قانداق قىلغانلىرى بۇ؟ — ھېكمەت ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋېلىشمۇ چارىمۇ؟ ... بۇ بىر ئىشەنمەسلىكقۇ؟ ...

— قاچسا، يەنە پالاقلايدىغان گەپ، دەرسكە قاتنىشىش ئىنتىزامىدىن نومۇر قىيىلىدىغان گەپ، ئۇقتۇقما؟ ...

زەينىدىن چىقىپ كەتتى. ھېكمەت ياتىقىدا يالغۇز قالدى. كامىل مۇراتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، سەنئەت ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قونۇشۇۋاتاتتى. ئېزىز تارمۇش مۇراتنى مەكتەپكە ئېلىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، ئۆزى غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى. ئىككىنچى قېتىم گۇڭشې مىنبىگىلىرى ئۇنى يالاپ ئېلىپ كېلىپ، مەكتەپكە تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۇ كۈنلەپ تاماق يېمەيدىغان، كامىل بىلەن ھېكمەت زورلاپ يېگۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئاغزىدىكى تاماقنى چاينىماي، بىر چېكىتكە تىكىلىپ قاراپ قالىدىغان، دەرس تەييارلىغان دەپتەرلىرىنى يىرتىپ، قەلىمىنى ئۇستەلگە ئۇرۇپ سۇندۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت سىنىپ مۇدىرى بولغاچقا، دەرستىن چۈشۈپلا، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوغۇت توپلاش، تەرەتخانىدىن خەۋەر ئېلىش، ئوقۇغۇچى تولۇقلاش، دەرس تەييارلاش دېگەنگە ئوخشاش ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتەتتى، شۇڭا، مۇراتنىڭ ياتىقىغا ئاخشاملىرىلا بارالايتتى. ئۇ يەردە ئۈچ دوست ئوتتۇرا كېچىگىچە مۇڭدىشىپ چىقاتتى. ھازىر ھېكمەتمۇ جىمخۇرلىشىپ كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. كۆلزىبا شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن پات - پات يۈز كۆرۈشەلمەيدىغان، بۇرۇنقىدەك كەچ تەرەپلەردە

ئۆچرىشىپ، گۈلزىبانىڭ تاتلىق كۈلۈشلىرىدىن، ھايالىق قىزىرىشلىرىدىن تەسكىن تاپالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزى كېچىلىرى، ئۇ تۇمار چاچلىق قىز بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىپ، ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ھېكمەت ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن شەھەرگە كىردى. يۆتكىلىش مەسىلىسىدە، ئا كوجاڭ ئۇنىڭغا: «ئاداش، راستلا كېتىش نىيىتىڭلار بولسا، رەسمىيىتىڭلارنى بېجىرىپ بېرىمىز. ئالىمجان زىھرۇللا كۆپ تەرىپىڭلارنى قىلدى. ئۆزۈممۇ بىرنەچچە قېتىم بوستانغا چىقىپ، سىلىنىڭ ھەممىگە يېتۈكلۈك ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىڭلارنى كۆردۈم. خوتەنمۇ ياخشى يۇرت، ئەگەر ئىچىڭلار پۇشقان، زېرىككەن، تېرىككەن بولساڭلار، خوتەننىڭ قىزىل گۈلىنىڭ تاجىسىدەك قىزلىرىدىن بىرنى ئېلىپ بېرەيلى... ئوقۇتقۇچى ئەتقانىڭ سۈتىدەك تۇتىيا بولۇۋاتقان چاغدا، كېتىمەن دېسەڭلار قانداق بولار؟... ئەڭ ياخشىسى، يەنە بىر قېتىم ئويلىشىپ كۆرسەڭلار...» دېدى.

ھېكمەت گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىدا، 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە كەلدى. لېكىن، ئۇ كەلگەن چاغدا ئوقۇتقۇچىلار چۈشلۈك تاماققا تارقاپ كەتكەنىدى. ئۇ ئارقىغا قايتىپ، ئاۋغان كوچىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. چۈنكى، گۈلزىبانىڭ ئۆيىدە قايىت، گۈلرۇزلارنىڭ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى. شۇ ئەسنادا، بىرسى ئۇنى ئارقىدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى. ئۇ مەكتەپتىن قايتقان ئابدۇنەبى ئىدى. ئۇ، ھېكمەتنى قانچە زورلاپمۇ ئۆيىگە ئەكىرەلمىگەندىن كېيىن، گۈلزىبانى چاقىرىپ بەردى. ئۇلار ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا يېرىم سائەتتەك سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ھېكمەت قىزغا ئۆزىگە غۇلجىدىن يۆتكىلىش قەغىزى كەلگەنلىكى ھەققىدە بىر نېمە دېمىدى.

... ھېكمەت ئايىقىنى سېلىپ، پايپىقىنى يۇيۇپ تۇراتتى، ئىشىك چېكىلىپ، ماھىگۈل كىرىپ كەلدى. گۈلزىبا شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ تولۇق سىنىپىدا ئوقۇۋاتاتتى. مەكتەپ بويىچە ئۇنى ماختىمايدىغان ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى

يوق ئىدى. يېقىندا، ئۇ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولدى. ماھىگۈل كۈندىن - كۈنگە تولۇپ، بوي تارتقانسېرى گۈلزىبانىڭ سۈرىتىدەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ تاماق پۇلىنى كۆتۈرۈشتىن سىرت، كىيىم - كېچەكلىرىنىمۇ قىلىپ بېرەتتى. ماھىگۈل بۇرۇن ئىككى ھەپتىدە بىر نۆۋەت شەھەرگە كىرىپ، ئانىسىنى، ئابدۇنەبىنى كۆرۈپ كېلەتتى. ئاچىسى يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەر شەنبىدە كىرىپ، گۈلزىبانىڭ خەتلىرىنى، سالاملىرىنى ھېكمەتكە ئېلىپ كېلىدىغان بولدى.

— ھېكمەت ئاكا، كىر يۇيۇۋاتامسىز؟ — دېدى ماھىگۈل، — مەن يۇيۇپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، كىيىم - كېچەكلىرىمنى يۇيۇپ بېرىۋاتىسىز، ئەمدى پايپىقىمنىمۇ تاشلاپ بەرسەم سەت تۇرار، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — ھە، كىرىپ قاپسىزغۇ؟

— بۈگۈن ئەتىگەن قىشلىق ئايىقىمنى ئېلىپ كەلگىلى شەھەرگە كىرگەنىدىم، — دېدى قىز يانچۇقىدىن قاتلانغان كونۋېرتنى ئېلىپ، — بۇ خەتنى ئاچام سىزگە ئەۋەتتى.

ماھىگۈل خەتنى بېرىپلا چىقىپ كەتتى. ھېكمەت كارىۋىتىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، خەتنى ئاچتى:

«قەدىرلىكىم ھېكمەت! مەن بۇ خەتنى ئەقلى - ھوشۇمنى يوقاتقان ھالدا يېزىۋاتىمەن... ئۆتكەندە ئاقمۇللا ئىمامنىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدا كۆرۈشكەن ۋاقتىمىزدا، سىزنىڭ سولغۇن چىرايىڭىزدىكى غەمكىنلىك، روھسىزلىق ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ، بەلكىم مېنىڭ شەھەرگە يۆتكىلىشىمدىن يۈرىكى دەردكە تولغاندۇر ياكى كېرىموف بىلەن ئېگىز - پەس بولۇشقانمىكىن؟... ئېھتىمال، بوستاندىكى تارتىپ چىقىرىش، كۈرەش قىلىشتەك كۆڭۈلسىزلىكلەر ئازاپ ئېلىپ كەلگەندۇر، دەپ ئويلاپتىمەن. مەن خاتا پەرەز قىپتىمەن... ئەسلىدە سىزگە غۇلجىدىن يۆتكىلىش قەغىزى كەلگەنىكەن... ئېيتىڭا، ھېكمەت، سىز بۇنى نېمە ئۈچۈن مەندىن يوشۇرىسىز؟... سىز مېنى داغدا قويۇپ، ئۇن - تىنسىز خوتەندىن كەتمەكچىمۇ؟ مەن دۇنيادىكى بىرلا يالغۇزۇم،

شاپائەتچىم، بېشىمنى سىلاپ، دەردلىرىمگە مەلھەم بولغۇچى ماشايىخىمدىن مۇشۇنداقلا ئايرىلىپ قالامدىم؟ ... بىلەمسىز، مەن پەقەت سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ياشاپ كېلىۋاتىمەن! ... نادامەتلىك ھاياتىمغا مەدەت، سونۇق كۆڭلۈمگە تەسەللى، پىغانلىق نىدالىرىمغا شاپائەت ئاتا قىلغان ئاخىرقى ئۈمىدىم سىز ئىدىڭىز، ئەمدى بۇ ئۈمىد تارىسىمۇ ئۈمۈچۈك توردەك ئۈزۈلسۇنمۇ؟ ... ھېس قىلالامسىز، ھازىر مەن ۋەيلۇن دوزاختا ياشاۋاتىمەن! ... نەشكەش دادامنىڭ قايتىنىڭ بىر نەپەسلىك تۇتۇندە بۇسلاشقان خونۇك چىرايى، تاۋكا بوغىناقلىرىدا ئوتقاشتەك قىزارغان كۆزلىرى، دۇنياغا تويماس ئاچكۆز كۆڭلى... قارا نىيەت گۇلرۇزنىڭ زەھەر تېمىپ تۇرغان ھەر ئىغىز سۆزى، ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك بىلەن ئالىيىشلىرى مېنى ياشاشتىن بىزار قىلدى. ئۇلارنى زادىلا كۆرەر كۆزۈم يوق! ...

ئۈمىدىم ھېكمەت! مەن كۇتۇپخانىغا كىتاب ئالغىلى بارغانىدىم، غازاخۇن ئاكام سىزگە يۆتكىلىش قەغىزى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئۆز قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمىدىم. ئۇ، بۇ خەۋەرنى ئوغلىدىن ئاڭلاپتۇ. بەلكىم ئالىمجان زىھرۇللا ئامانىللاغا دېگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن، پۇكەيگە يۆلىنىۋالدىم... كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم، بۇ خەتنى سىزگە كۆز ياشلىرىم بىلەن يېزىۋاتىمەن... ئاھ، مېنى قورقۇنچ، ئەنسىزلىك، ۋەھىمە تۇمانلىرى ئۆز قوينىغا ئالدى. سىزنىڭسىز بۇ ھاياتنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى؟ ... بەزى چاغلاردا، ئۆلۈمنى چىن ئىخلاسىم بىلەن تىلەپ قالىمەن... نېمىشقىمۇ ئانامنىڭ كېسىلى ماڭا يۇقمايدىغاندۇر؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىل كېسىلى ياشلارنى ناھايىتى تېزلا ئېلىپ كېتەرمىش! ...

مېنىڭ ۋاپادارىم، ئاق كۆڭۈللۈكىم، دۇنيادا بىرلا خوشپېئىلىم ھېكمەت! ... ئېيتىڭا، سىز راستىلا كېتەمسىز؟، مېنى ھىجران چۆللىرىدە سەرسان قىلىپ، ئازاب دېڭىزىدا ئۆرتەپ، قان ـ قان يىغلىتىپ كەتمەكچىمۇ؟ ... سىزنىڭسىز ئۆلگۈنۈم تۈزۈكقۇ! ئاھ خۇدا، مېنىڭ قەلبىم كۆكىدىكى يورۇق يۇلتۇزۇم كۆچمەكچى! ... ئۇنىڭ ئاققان يوللىرىدىن بىرەر ئىزنامۇ قالارمۇ؟ ...»

ھېكمەت خەتنى قاتلاپ ياستۇق ئاستىغا تىقىپ قويۇپ، چوڭقۇر تىندى ۋە بېشى ئەلەم بىلەن مەيدىسىگە ئېگىلدى. يۆتكىلىش قەغىزى كەلگەن كۈنلەردە، ئۇ كۆرەشكە تارتىلىۋاتاتتى. ھەر كۈنلىكى تەكرارلىنىۋاتقان زەيتۇنەنىڭ ئىسمى، «سوۋېتكە قېچىشقا ئۇرۇندۇڭمۇ - يوق؟» دېگەن بىمەنە سوراقلار، تۇراپ تۇلە ئەۋەتكەن كىتابلار، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەر ئاخبارات تۇسىنى ئالغانمۇ - يوق؟» دېگەندەك ۋارقىراش - چۇرقىراشلار، ۋەھىمىلىك گۇمانلار ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەيدىسىدىكى كىچىكىدە چېكىلگەن خەتنى سۇرۇشتە قىلىش، ھەتتا، «ئېچىپ باقسۇن، كۆرىمىز» دەپ ۋارقىراشلار ئۇنىڭ بەكمۇ نومۇسىنى كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ، «ۋاي بولدىلا، كەتسەم كېتەيلا» دېگەن ئويغىمۇ كېلىپ قالغانىدى، ئەمما، كامىلنىڭ «گۈلزىبانى قانداق قىلىسەن؟» دېگەن سوئالى ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇۋەتتى. راست، ھېكمەت گۈلزىباغا قىيالامدۇ؟... خوتەننىڭ ئاشۇ زۇھراسىنىڭ قىياقتەك قاشلىرىنىڭ، بىر تاتلىق ئىستىغنا بىلەن كۈلۈپ بېقىشلىرىنىڭ، تۇمارلىق سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ، ئانار گۈلىدەك قىزىرىپ بېقىشلىرىنىڭ سادىغىسى بولۇپ كەتسە ئەرزىيدىغۇ!... ئاشۇ بىچارە مەسۇمە، مىسكىن قەلب، مۇڭلۇق كۆي، ھەسرەتلىك مەبۇدىنىڭ دەردلىرىگە - دەرد قوشۇپ، ئۇنى تەنھالىق دەشتلىرىدە قانداقمۇ يالغۇز قالدۇرسۇن!... بۇ بىر قارا كۆڭۈللۈقۇ!... شۇڭا، ھېكمەت ئا كوجاڭنىڭ ئالدىدىن ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي يېنىپ چىققانىدى.

ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشى ۋە ئەنسىز تۈۋلىغان ئاۋاز ھېكمەتنى چۆچۈتىۋەتتى.

— مۇئەللىم، تېز بولسىلا، — دېدى سىنىپ باشلىقى ئابدۇللا ياتاق بوسۇغىسىدىلا، — سىراجى قاچتى.

— قاچتى؟ — ھېكمەت تاشلاپ قويغان ئۆتۈككە قارىدى، — ئۇنىڭ ئۆتۈكى بۇ يەردە تۇرسا؟

— يالاڭ ئاياغ قاچتى.

— ئاپلا، بۇ سوغۇقتا ئۇ، — ھېكمەت ھودۇققىنىدىن قاتتىق ۋارقىرىدى، — ماڭ، تېز ئىمىن توختىنى چاقىرىپ كەل!

ئابدۇللا يۈگۈرگۈنچە كەتتى. ھېكمەت ئالمان - تالمان ئايىغىنى

كىيدى، قول چىرىغىغا ماي سالدى. ئاندىن سىراجىنىڭ ئۆتۈكىنى قولتۇقىغا قىسىپ سىرتقا چىقتى - دە، ئوغۇللار ياتىقى تەرەپكە قارىدى. كۆك ئاسمان يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، سوغۇق شامال ھەردەمدە چىقىپ تۇراتتى. ھېكمەت يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر قارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

ئىمىن توختى ھېكمەتنىڭ سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئۇ ئۈجمەك، ئورۇق، بېشى سويمىدەك ئۇچلۇق، ناھايىتى چاققان بالا بولۇپ، مەكتەپ مەيدانىدا داۋاملىق باشقىلارنىڭ توپىنى ئەپقېچىپ، تۇتۇق بەرمەيتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئىزچى بولۇپ، قانداقلىكى يەردە ئوغرىلىق يۈز بەرسە، نەچچە كۈنلۈك يەرلەرگىچە ئىز قوغلاپ باراالايتتى. ھېكمەت دەسلەپ سىنىپ مۇدىرى بولغان يىلى، بىرنەچچە قېتىم، بالىلار كۆز ئالدىدىلا قېچىپ كېتىپ، 20 - 30 قەدەم ئارىلىقىدىلا يوقاپ كېتەتتى. ئىمىن توختى چوڭ يولدىكى كۆرمىگىلىغان ئاياغ ئىزلىرى ئىچىدىن نىشان قىلغان ئادەمنىڭ ئىزىنى تونۇپ، ئۇنىڭ نەگە ماڭغانلىقىنى پەرق ئېتىپ تېپىپ باراالايتتى. شۇڭا، ھېكمەت مەكتەپكە كەلمىگەن بالىلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئۆزى يالغۇز بارغىنى بىلەن، قاچقانلارنى قوغلىغاندا، ئىمىن توختىنى بىللە ئېلىۋالىدىغان بولغانىدى.

— مۇئەللىم، قول چىراغنى ئېلىۋالدىلىمۇ؟ — دېدى يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىمىن توختى، — ئەمىسە تېز ماڭايلى.

ھېكمەت بىلەن ئىمىن توختى گۇپۇلدەپ يۈگۈرۈپ، تىنچ، تىۋىشسىز بوستان بازىرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. سىراجىنىڭ ئۆتۈكىنى قولتۇقلىۋالغان ھېكمەت ھاسىرايتتى. ئىمىن توختى قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا، قۇم توپىلىق يولدىكى ئىزلارغا قارايتتى. چوشقا فېرمىسىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، باغچا كەنتىنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ھېكمەت ئوڭ تەرەپتىكى يولغا قايرىلدى. ئۇ 40 - 50 قەدەم ئۆزاپ ئارقىغا قايرىلغىنىدا، ئىمىن توختى چوڭ يول ئوتتۇرىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

— ئىمىن توختى، تېز بول! — ۋارقىرىدى ھېكمەت.

— مۇئەللىم، بېرى كەلسىلە، بۇنىڭغا قارىسىلا!

ھېكمەت قايتىپ كەلدى. ئىمىن توختى قول چىرىغىنى بىر ئىزغا

يورۇتۇپ تۇراتتى.

— مۇئەللىم، بۇ سونجىقى تار، پەنجىسى كەڭ ئىز سىراجىنىڭ ئىزى. ئۇ ئۆيىگە قاچماي، ئۇدۇل كېتىپتۇ...

— ئۇدۇل؟... — ھېكمەت ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق تېقىلغان چوڭ يولغا قارىدى، — ئۇ نەگىمۇ بارار؟

— سىراجى قارىقاش ناھىيىسى تەرەپكە قېچىپتۇ. توغرا، ئۇنىڭ قارىقاش ئاقسارايدا تۇغقانلىرى بار، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

ھېكمەت ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى. قوغلىماي دېسە، سىراجى يالاڭ ئاياغ ئىدى. قوغلاي دېسە، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئۇنى قەيەردىنمۇ تاپار؟ ئۇ، باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «قاچقان بالىنى ھەر قانداق ئىشنى تاشلاپ شۇ ھامان قوغلاش كېرەك، شۇندىلا، ئۇ قاچماس بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدى.

— ئىمىن توختى، سىراجىغا يېتىشكىلى بولارمۇ؟ — سورىدى ھېكمەت.

— سىراجى توختىماي يۈگۈرۈيدىغانغا شاتۇر بولمىسا؟ — دېدى ئىمىن توختى كۈلۈپ، — ئۇمۇ بىرەر يەردە دەم ئالىدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا تىكەن كىرىدۇ، پەشۋا يەيدۇ... تېخى تايناق سايلىقىغا بارغاندا، تاشلىقتا پۇتىغا ياسغاق پېتىپ، تېز يۈگۈرەلمەيدۇ.

— جۇر ئەمىسە!

شۇما، يۇقاقۇن كەنتلىرىنى ئارقىدا قالدۇرغان ھېكمەت بىلەن ئىمىن توختى تايناق كەنتىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۆستەڭدىن بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ، گاللىرىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن، دەرھاللا قوزغالدى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاغزىلىرىدا لاي سۇ بىلەن كىرگەن قۇم گىچىرلايتتى.

تايناق كەنتىدىن چىققاندىن كېيىن، بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن قوناق، كېۋەز ئېكىنزلىقلىرى بار ئىدى. بۇ تۇزلەڭلىكتە، چۇقچىيىپ قالغان بىر تال كۆچەت ياكى خامان مومىسىمۇ قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئىمىن توختى يول ئۈستىدە يېتىپ قۇلىقىنى يەرگە ياقتى. ئۇ، بىر قۇلىقىغا بارمىقىنى تىقىۋالغانىدى.

— مۇئەللىم، ھاسىرىمىسىلا، ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ نېرى

كەتسىلە. . . — ئىمىن توختى هايال ئۆتمەيلا ئورنىدىن تۇردى، — تېز يۈگۈرەيلى مۇئەللىم، سىراجى ئالدىمىزدا. . .

ئۇلار قۇرۇق قاخشال ئېتىزلارنى كېسىپ ئۆتۈپلا، قاراڭغۇلۇققا پاتقان چەكسىز تاشلىق سايغا چىقتى. سايلىق ئوتتۇرىسىدا، بىر قارا كۆلەڭگە تاشلارنى شاراقلىتىپ مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ باراتتى. هېكمەت بىلەن ئىمىن توختى بار ئاۋازى بىلەن توۋلىغاچ، ئۇنى قوغلاپ كېتىشتى. تۈندە تەرەپ - تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى يانماقتا ئىدى. سىراجى ئۆلە - تىرىلىشكە باقماي، تاشلارغا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ - قوپۇپ قاچاتتى. هېكمەت ئىمىن توختىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يۈگۈردى. سايلىقنىڭ ئىچى شېغىللىق بولۇپ، بەزلىشىپ كەتكەن لاتقىلىق ئىچىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قورام تاشلارمۇ ئۇچرايتتى. كۆك قۇم تىنىپ قالغان ئازگاللاردا پۇت ئوشۇقىغىچە پېتىپ كېتەتتى. ئاقساراي كەنتىنىڭ يۇمشاق توپىلىق قىرغىقىغا چىقىپ كەلگەن هېكمەت جاھىللىق بىلەن قېچىۋاتقان سىراجىنىڭ دۈمبىسىدىن بىر ئىتتەردى - دە، ئۆزىمۇ ئوتلاققا يىقىلدى. سىراجى دۈم، هېكمەت ئوڭدىسىغا ياتقىنىچە هاسىرايتتى. ئېغىر نەپەس زەربىدىن ئۇلارنىڭ كۆكرەكلىرى ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلەتتى. بۇ چاغدا، هاسىراشتىن ئاغزى يوغان ئېچىلىپ قالغان ئىمىن توختى يېتىپ كەلدى - دە، ئۆزىنى ئوتلاققا ئاتتى.

ئۇلار يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، هېكمەت ئۆمىلەپ كېلىپ، سىراجىنىڭ پۇتلىرىنى سۈرتۈپ، خام پايتىمىنى ئوراپ، ئۆتۈكىنى كىيگۈزدى. ئاندىن ئۈچىلىسى ئارقىغا قايتىشتى. پۇتلىرى جىجىلىپ، قاپىرىپ كەتكەن سىراجى ئىڭغاڭلاپ ئارانلا ماڭاتتى. شۇڭا، هېكمەت بىلەن ئىمىن توختى ئۇنى قولتۇقلىۋالدى. يول بويى ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، ئۈنچىقماي مېڭىشتى.

ئوتتۇرا كېچىدىن ئاشقاندا مەكتەپكە قايتىپ كەلگەن هېكمەت لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاپ كەتتى. بىراق ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەتىگەنلىك داڭ ئۇرۇلدى. سىياسىي ئۆگىنىشكە چىقماي بولمايتتى. هېكمەتنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. كۆزلىرى قۇم قۇيغاندەك ئېچىشاتتى. ئۇ ئىنجىقلاپ يۇرۇپ، ئورنىدىن ئارانلا تۇرۇپ،

يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيدى ـ دە، ئاندىن ئۆزىنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالىنى ئېلىپ، ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

ھېكمەت كېچىكىپ قالغانىدى. چوڭ ئىشخانىنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن تولغان بولسىمۇ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. كامىلنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان مۇرات ئۇخلاۋاتامدۇ ياكى خىيال سۈرۈۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغانىدى. بۇ تەنقىد ـ كۈرەش مەيدانىنىڭ سەردارلىرى بولغان ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرى، قۇتبىرەملەرنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. زەينىدىنىڭمۇ روھىي ـ كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. كېرىموف بېشىنى گەجگىسىگە چۆكۈرگەن ھالدا، قاپاقلىرىدىن قار ياغدۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئىلمىي مۇدىر زىكرۇللا غوجى، ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى توختى قۇربان، بوغالتىر ئەخمەت ھوشۇر قاتارلىق ئوقۇتقۇچىلار ھېكمەتنىڭ قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىغىنىچە ئېغىر تىنىپ قويدى.

بۈگۈن سىياسىي ئۆگىنىشتە ھېچكىم تاختا پەرىگە تارتىلمىدى. زەينىدىن، بۇنىڭدىن كېيىن، «مەسىلە تاپشۇرۇش»، «تەنقىد ـ كۈرەش» يىغىنلىرىنىڭ ئېچىلمايدىغانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ پەقەت ماتېرىيال، ھۆججەت ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋەزىيەتكە نىسبەتەن بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. زەينىدىنىڭ بۈگۈنكى ئۆگىنىشتە ئاساسلىق ئۇقتۇرماقچى بولغىنى كېرىموفنىڭ قايتماقچى ئىكەنلىكى ئىدى، شۇڭا، يۇقىرىغا يوللاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆتۈق ـ نەتىجىلىرىنى يەكۈنلەپ بېرىش كېرەك ئىكەن. بۇنداق «شۇم خەۋەر» نىڭ ئېلان قىلىنىشى ساجىتخان، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، قۇتبىرەملەر ئۈچۈن زور يوقىتىش ئىدى. ئۇلار، بەس ـ بەستە كېرىموفقا بولغان مەدھىيە سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كېرىموفنى خىزمەت ئىستىلى، تۇرمۇش ئىستىلى ياخشى، سىنىپىي كۈرەش كۆزقارىشى ئېنىق دەپ ماختىسا، بەزىلىرى ئۇنىڭ ئۈچ قارارلىق مىنبىڭ تەربىيىلەشتە ئۆزلىرىگە سىلتىق تۇتۇشنى، ئېتىشنى ئۆگەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە ۋەتەن، خەلقنى سىنىپىي دۈشمەنلەردىن قوغداشتەك يۇكسەك ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرغانلىقى دەپ سۆزلىدى. قۇتبىرەم ھەتتا، «بىز بىر ياخشى يول

باشلامچىدىن، قابىلىيەتلىك رەھبەردىن، ئىنقىلاب مەشئىلىدىن ئايرىلىپ قالدۇق» دەپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. مۇرات كامىل ھەر قانچە تارتىپ تۇرسىمۇ پەرۋا قىلماي سۆز ئالدى:

— يولداشلار توغرا باھا بەردى، — دېدى مۇرات زەينىدىنگە كۆزلىرىنى نەيزىدەك قاداپ، — مۇدىر ياخشى بىر مەسلىھەتچى، قابىل يولدىشىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئىنقىلابىي ئاكتىپلىرىمىز ئەمدى ئانىسىدىن ئايرىلغان كۈچۈكلەردەك بويىنىنى قىسىپ قالىدىغان بولدى... ئەمدى ئۇلار قاچانغىچە غىڭشىپ سەرسان بولۇپ يۈرەر؟... مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ... نېمىلا بولسا، خۇدا بىر ئاسانلىقنى بېرەر...

ئوقۇتقۇچىلار ئاغزىلىرىنى تۇتۇۋالدى، ئۇلار كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالغانىدى. كېرىموف ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ئاچچىق تەنىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، مۇراتنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ ئۈندىمىدى. زەينىدىن، رېخىم نۇرى، مەمتىلى ئىبراھىم، ساجىتخان، قۇتبىرەملەر تاتىرىپ - بوزۇرۇپ كېتىشتى، ئۇلارنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. چۈنكى، زۇمرەتنىڭ دەردىدە ساراڭ بولاي دەپ قالغان مۇرات كۈرەش باشلانغاندىن بېرى ئۈششۈك ھەرىسىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دېتىنغا ياقمىغان بىرەر ئېغىز گەپ چىقا - چىقمايلا، ئۇستەللەرنى دەسسەپ، ئورۇندۇقلارنى ئۆرۈپ، ئالدىغا سەكرەپ چۈشەتتى - دە، «ئاتامسەن؟ چاپامسەن؟ ئاسامسەن؟ قىلىدىغىنىڭنى قىلىشامسەن پاچاقچىلار، ۋۇي يۈندىكەش يالاقچىلار...» دېگىنىچە، سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ، ئۇنى زادىلا قويۇپ بەرمەيتتى. ھەتتا بىر كۈنى ئۇ: «خەپ توختاپ تۇرۇش! ھەر قايسىڭنى بىر - بىرلەپ بوغۇزلىمىسام، مۇرات بولماي كېتەي...» دەپ ۋارقىرىغانىدى.

بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن زەينىدىن چۈشتىن كېيىن ئۆزىنىش زىياپىتى بارلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، سىياسىي ئۆگىنىشنى ئاياقلاشتۇردى. ئەتىگەنلىك مەيدان گىمناستىكىسىغا قاتناشقان كامىل، مۇرات، ھېكمەتلەر ياتاققا كېلىپ، قايناق سۇغا نان چىلاپ، ئەمدى ناشتا قىلىپ تۇراتتى، ئېزىز تارمۇش كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇشپېئىل يىگىت

بولغاچقا، كۇلۇپلا تۇراتتى. ئۇ كۈلسە، ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوغرى چىشلىرى «مانا مەن ئۆز جايىمدا بار» دېگەندەك كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— كەل ئېزىز، ناشتا قىل! — دېدى كامىل ئۇنىڭغا ئورۇن بىكار قىلىپ، — ئەتىگەندە كەلگىنىڭگە قارىغاندا، يەنە شۇ كىتابنىڭ گېپى ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ئالدىرايمەن، — دېدى ئېزىز ئۆرە تۇرۇپ، — مۇنداق ئىش ئىدى، مەن بوز يەرگە بارماقچى. شۇڭا، ئىش - كۈشلەر بولسا. . . ئورۇندىغاچ كېلەي دېگەنىدىم.

— ئەمىسە، ئېزىز، — دېدى مۇرات يانچۇقىدىن پۇل ئېلىپ، — بۇنىڭغا تۇخۇم ئېلىپ، ياقۇپكامغا ئالغاچ بارغىن، ئۇنىڭغا ئوبدان تاپىلاپ قوي، زۇمرەتكە ھەر كۈنى تۇخۇم پىشۇرۇپ بەرسۇن. بولمىسا، ئۇ. . . بەك ئاجىزلاپ كېتىدۇ. . .

مۇراتنىڭ چوڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، چاناقلىرىنى لىپمۇلىپ ياش قاپلىۋالدى. ھېكمەت بىلەن كامىلمۇ يانلىرىدىن پۇل ئېلىپ، ئېزىزغا بەردى.

— قانداق قىلىشنى دېسەڭلارلا بولىدۇ، — دېدى ئېزىز خىجالەت بولۇپ، — پۇل مەندە بار. . .

— ھەي مەككار! — دېدى كامىل ئېزىزنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ، — سەن توخۇ سۇتىدىن باشقىنى تاپالايسەن. شۇڭا گۆشنىڭ ئامالىنىمۇ قىلىپ باق، تاپالىساڭ ياقۇپكامغا ئالغاچ بارغىن. ھازىر سوغ چۈشۈپ كەتتى، پۇراپ قالمايدۇ. زۇمرەتكە كۈنىگە بىر ۋاقتىن شورپا قىلىپ بەرسۇن.

— ئېزىز، — دېدى مۇرات تامچىلاۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتمەي، — ھېلىقى كەكە ساقال قېرىغا دەپ قويساڭ، زۇمرەتنىڭ پۇتىغا ئىشكەل سالمىسۇن. . . ئۇنىڭ پۇتلىرى. . .

مۇراتنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. لېكىن ئېزىز ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەردى:

— مۇرات مۇئەللىم، خاتىرجەم بولسىلا، مېنىڭمۇ ئايالىم بار. سىلىنىڭ قەدىرلىرىگە يېتىمەن. ئۇ قېرىغا بىرەر چارەك بۇغداي بېرىپ قويسام، زۇمرەتئاينىڭ ئايىقىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلىدۇ.

ئېزىز ئۆزىنىڭمۇ زۇمرەتكە ئاتىغانلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. كامىل بىلەن ھېكمەت سوۋۇپ قالغان قايناق سۇدىكى ئىۋىپ كەتكەن نانلىرىنى يېدى. ئەمما مۇرات تامغا يۆلەنگىنىچە، بىر چېكىتكە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېمىلەر كېچىۋاتقانلىقى دوستلىرىغا ئايان ئىدى. كامىل ئەمدىلا ئۇنىڭغا تەسەللىــي بېرىشكە تەرەددۇتلەنگەنىدى، ياتاققا كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ئىمىن توختى كىرىپ كەلدى.

— ھې. . . ھېكمــەت مــۇئەللىم، سىــر. . . سىــراجــى يەنە قېچىپتــۇ! . . . — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — قانداق، قوغلامدۇق؟

— قېچىپتۇ؟ . . . ھېكمەتنىڭ غەزەپتىن كۆزلىــرى ئوت بولۇپ ياندى، — قاچان؟

— ئەتىگەنلىك توم نېنىنى ئېلىپلا تىكىۋېتىپتۇ. . .

— جۇر، قوغلايلى. . .

ھېكمەت ئاغزىغا بىر بۇردا ناننى سالدى ـ دە، ئىمىن توختىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كامىلنىڭ «بىرەر پارچە نان ئېلىۋال» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىماي قالدى. بۇ قېتىم، ئىمىن توختى ئىز بېقىپ باغچا كەنتى تەرەپكە يول ئالدى. سىراجىنىڭ ئىزى ئۆزىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، مەھەللىنىڭ ئاياق تەرىپىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئىز قوغلاپ غارلىق بىر ھويلا ئالدىدا توختىدى. سىراجىنىڭ مۇشۇ ھويلىــغا كىــرىپ كەتكەنلىكىنى جەزم قىلغان ئىمىن توختى ھېكمەتكە قولىدا ئىشارە قىلىپ تۇراتتى، ھويلىدىن ئۆشنىسىگە تاغار ئارتىۋالغان ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر ئايال چىقىپ كەلدى.

— ئاچا، سىراجى مۇشۇ يەردىمىكى؟ — دېدى ھېكمەت قورۇنۇپ، — قارىساق. . .

— مەن سىراجى ـ پىراجى دېگەننى تونىمايمەن، — دېدى ئايال ۋە شىلتىڭ ئېتىپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار غارلىنى ئىتتىرىپ ھويلىغا كىردى. ئۆينىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىگە مەدەكتەك ئۇزۇن قارا قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئىشىكنىــڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىنى كۆرگىلى بولاتتى. چۈنكى تۈگلۈكتىن چۈشكەن

نۇر ئۆيدىكى ھەممە نېمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

— مۇئەللىم، ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ئىشىكنى كۆردىلىمۇ؟ — دېدى ئىمىن توختى، — سىراجىنى چوقۇم ئاشۇ قازناققا سولاپ قويىدۇ. يا دېرىزە، يا پەنجىرىسى بولمىسا، قانداق كىرگۈلۈك؟ — ھېكمەت ئەتراپقا قارىدى.

— ماڭسىلا، ئاۋۇ تىكلەكلىك شوتا ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقىپ، تۇڭلۇكتىن قاراپ باقايلى.

ئۇلار ئۆگزىگە چىقتى. لېكىن قازناقنىڭ ئۆگزىسىگە قوناق شېخى بېسىلغان بولۇپ، تۇڭلۇكى ئۇنىڭ ئاستىدا قالغانىدى. شاخنى بىر چەتكە يۆتكەپ بولغۇچە، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى، قاش - كىرپىكلىرى توپا - چاڭدا بۇلغىنىپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىمۇ پۈتۈپ كەتتى. تۇڭلۇك ئېچىلدى، بىراق ئىچى بەك قاراڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. ھېكمەت نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئىمىن توختى پەسكە چۈشۈپ كېتىپ، بىردەمدىلا ئارغامچا كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى.

— بۇنى ئېغىلدىكى كالىنىڭ بوينىدىن يېشىۋالدىم، — دېدى ئىمىن توختى ھەجىيىپ، — ئارغامچىنى چىڭ تۇتسىلا، مەن قازناققا سىيرىلىپ چۈشەي.

ھېكمەت ئىگىسىز ئۆيىنىڭ قازنىقىغا ئوغرىلىقچە چۈشسە قانداق بولار، دەپ ئويلىنىپ قالدى. ئەگەر سىراجى قازناقتا بولۇپ چىقسىغۇ بىر يولى، لېكىن بولماي قالسىچۇ، ئۇ چاغدا ئۆي ئىگىسىنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بولمامدۇ؟ ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقمۇ تەسكە چۈشىدۇ - دە!

— ئىمىن توختى، ئەگەر سىراجى قازناقتا بولماي قالسا، سەن كىچىك ئوغرى، مەن چوڭ ئوغرى بولۇپ قالىمىز جۇمۇ! — دېدى چىرايى تونۇغۇسىز توپا بولۇپ كەتكەن ھېكمەت كۈلۈپ، — ئويلىنىپ بىر ئىش قىلساق قانداق؟

— خۇدا ھەققى، مۇئەللىم، سىراجى چوقۇم قازناقتا، — دېدى ئىمىن توختى ئارغامچىنى بېلىگە باغلاۋېتىپ، — ئۇنىڭ ئىزى نەق ھويلىغا كىرىپ كەتكەن، گېپىمگە ھېلى پۈتۈپ قالىلا...

ئىمىن توختى قازناققا چۈشۈپ كەتتى، ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ

ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى:

— مۇئەللىم سەرەڭگىلىرىنى تاشلاپ بەرسلە، قازناق ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم.

ھېكمەت سەرەڭگىنى تاشلاپ بەردى. قازناق ئىچى ۋىللىدە يورىدى.

— مۇئەللىم، سىراجى بۇلۇڭغا دۈۋىلەكلىك پاختىنىڭ ئىچىدە ئىكەن، قانداق قىلىمەن؟

— پاختىغا ئوت چۈشۈپ كەتمىسۇن! — ۋارقىرىدى ھېكمەت، — سىراجىنىڭ بېلىدىن مەزمۇت باغلا. . .

سىراجى ئەتلىك، بەدىنى تولۇق، تاشتەك چىڭ بالا ئىدى. ھېكمەت ئۇنى تۆگىلۈكتىن تارتىپ چىقارغۇچە قارا تەرگە چۈمۈپ كەتتى. قاتتىق ئېشىلگەن كەندىر ئارغامچا ئۇنىڭ ئالقان تېرىلىرىنى سۈرۈپ، قاپقارا قان ئۇيۇتۇۋەتتى. تارتىپ چىقىرىلغان سىراجى باغلاقلىق پېتى شۇمشەرەپ تۇراتتى. ھېكمەت ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى قازناققا چۈشۈرۈپ، ئىمىن توختىنى چىقىرىۋالدى.

ئۇلار ئۇن - تىنسىز مەكتەپكە قايتىشتى. يولدا كەلگۈچە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ چىرايىغا پات - پات زەڭ سېلىپ كېلىۋاتقان ئىمىن توختىنىڭ ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشقاندەك بولۇپ ئازاپلاندى. ھېكمەتنىڭ ئۈچ كۈندىن بېرى ئاچ - توق پالاقلاپ يۈرۈپ تارتقان جاپاسى ئاز ئەمەس ئىدى. ئاشۇنچىلا جان كۆيدۈرۈپ، ياشلىق ھاياتىنى ئوپرىتىۋاتىدۇ، سىراجى ئۇنىڭغا نېمىمۇ قىلىپ بېرەر؟ ئەگەر ئۇ ئوقۇۋالسا، بىرەر ئىدارىنىڭ كادىرى ياكى ئوقۇتقۇچى، ئەڭ بولمىسا بىرەر كەنتنىڭ بوغالتىرى ياكى ئامبارچىسى بولۇپ قالسا، پايدىسىنى ئۆزى كۆرىدىغۇ. . . ئۇ چاغدا، ئۇ بۇ جاپاكەش مۇئەللىمىنى ئەسلەپمۇ قويارمۇ؟ . . .

ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت سىراجىنى ياتىقىغا ئېلىپ كەتتى. ئۇ سىراجىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى. ئاندىن ئولتۇرغۇزۇپ گېپىنى ئەمدىلا باشلىۋىدى، ئابدۇللا، ئىمىن توختى، خىلچىۋانى قاتارلىق بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار «ھارمىسىلا مۇئەللىم»، «ھارمىغايلا»

دېيىشىپ، ھېكمەتتىن ھال سوراشتى ۋە ئۇنىڭ ھارغىن، تورپا چىرايىغا قاراپ بىر قىسمىلا بولۇپ قېلىشتى.

— ھەي سىراجى، — دېدى ئابدۇللا قولىنى جۇنۇپ، — مۇئەللىم ساڭا كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كىگىز لەرگىچە ھەل قىلىپ بەردى. بەزى ئايلاردا تاماق پۇلۇڭنىمۇ كۆتۈردى. نېمانداق ئىزا تارتمايدىغان نېمىسەن؟ يەنە نېمىشقا قاچىسەن؟

— يىل بويى ئېلىپ كېلىۋاتقان قىزىل بايراقنى، — دېدى خىلچىۋانى قىزىرىپ، — مۇشۇ قارا مەدەكنىڭ كاساپىتىدىن بۇ ئايدا تارتقۇزۇپ قويدۇق.

—ھەي پەيلىقۇش گاچا، ياتقان ئېشەكنىڭ تېزىكى ئەتىۋارلىق دەپ. . . — ئىمىن توختى ھېكمەتنىڭ قوللىرىنى سىراجىغا كۆرسەتتى، — مۇئەللىمنىڭ قوللىرىنى قىلىۋەتكىنىڭنى قارا! . . .

ھېكمەتنىڭ ئالقانلىرىنىڭ سۇرۇلۇپ كەتكەن تېرىسىنى، قاپقارا قاپارتمىلىرىنى، قان قېتىشىپ قالغان بارماق ئارىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاچچىقى كەلدى، بەزىلىرى مىچىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ، مۇئەللىمنى غۇلجىغا يۆتكىلىپ كېتىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ، ھەپتىدىن بېرى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ياشتىن قۇرىماي كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ياتاقلىرىدا يېتىشىپ، ھېكمەتنىڭ ئېيتىپ بەرگەن ئاجايىپ ھېكايىلىرىنى ئەسلىشەتتى. ھېكمەت ئادەتتە مەيداندا ئوقۇغۇچىلار بىلەن تەڭ توپ ئوينايتتى، قىش كۈنلىرى قارلاردا پومۇداقلىشاتتى. ھېكمەت ئوقۇغۇچىلىرىغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. ئەگەر بىرەر بالىنىڭ بېشى ياكى قورسىقى ئاغرىپ قالسا، ئۇنى دەرھال گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باراتتى ياكى مەكتەپ دوختۇرى خەيرىنىسا خانىمنى كېچىلەپ بولسىمۇ ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن دورا ئېلىپ چىقاتتى. پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپقا ھەۋەس قىلىشاتتى. بۇ سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھېكمەتتەك سىنىپ مۇدىرى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىشەتتى. بەزى چاغلاردا، ئۇ ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىپ ھېكايە سۆزلەپ بەرسە، قالغان سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ياتاق ـ ياتاقلىرىدىن چىقىپ كىرەتتى ۋە شۇنچە چوڭ ياتاققا پاتماي قېلىشاتتى. ئۇ سۆزلەپ

بەرگەن «كۆنلەر ۋە تۈنلەر» ، «ئادىنە» ، «قۇللار» ، «يېڭى باتۇرلار» قاتارلىق رومانلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئۇلارنىڭ قىزغىن سۆھبەت تېمىسى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ كېتىش خەۋىرى ھەممىنى قايغۇغا سالغانىدى. . .

ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىراجىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ھېكمەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ مېھرى ئىللىق يۇرتىنى، سۆيۈملۈك كىشىلىرىنى تاشلاپ كېلىپ، بۇ يەردە ھەممە بارلىقىنى قۇربان قىلىۋاتىدۇ. بىراق، ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئېغىر خىزمەت ۋە ناھەقچىلىق ئۇنى سەسكەندۈرمەكتە ئىدى. جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەۋاتقان دوستلىرى قارىلىنىپ، سورۇنلاردا خارلىنىۋاتىدۇ. تاتلىق خولۇقلۇق، شۆللۈك قىز زۇمرەت زەنجىر ـ كىشەنگە مەھكۇم بولۇپ قالدى. ئەر زاتىغا قاش كۆتۈرۈپ قارىمايدىغان ئەھلى مۇسۇلمان قىزى نەفسە بىر توپ ئىتلارنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ بېرىلدى! شوخ يىگىت مۇراتنىڭ جاراڭلىق كۈلكىلىرى ئۆچتى. ئۇنىڭ شوخ چاقچاقلىرىنىڭ ئورنىنى ھەسرەتلىك ھالىتى ئالدى! . . . ئەمدى يەنە نېمە قالدى؟ . . . ھېكمەت يەنە نېمىگە تارتىنىدۇ؟ . . . خوتەندە كوممۇنىزمنى ئۇنىڭ يالغۇزلا ئۆزى قۇرۇپ چىقالارمىدى؟ . . .

— رەھمەت باللار، سىلەرگە رەھمەت، — ھېكمەت سىراجىغا قايرىلدى، — سەن كەت سىراجى، ھازىرلا كەت! . . . مەنمۇ كېتىمەن! . . . ئىككىمىز بۇ مەكتەپتىن يوقىلايلى. . . ئەمدى سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق، — ھېكمەت قاتتىق ۋارقىرىدى، — ئاڭلاۋاتامسەن؟ كەت! . . .

چۈرقىرىشىپ يىغلاشقان باللار ھېكمەتنى ئورىۋالدى. ئۇلار ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ، بۇقۇلداپ ياش تۆكۈشتى. . .

— مۇئەللىم كەتمىسىلە. . .

— ھېكمەت مۇئەللىم، بىزنى تاشلاپ كېتەمال؟ . . .

— ئەمدى بىز سىلىنى خاپا قىلمايمىز. . .

ھېكمەت غۇلىچىنى كەڭ يېيىپ باللارنى شۇنداق قۇچاقلىدىكى، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۇنىڭ كۆكرىكى ئۈستىدە بىرلىشىپ كەتتى.

ھېكمەتنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈلدى. بۇ ياشلارغا دوستلىرىنىڭ ھەم ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت زەردابلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. . .

سىراجى ھېكمەتنىڭ جاراھەتلەنگەن ئالقانلىرىنى قارا ـ قويۇق سۆيۈپ، كۆزلىرىگە، يۈزلىرىگە سۈرتمەكتە ئىدى.

— مۇئەللىم، — سىراجى ھۆركۈرەپ يىغلىغانچە ھېكمەتنىڭ باغرىغا تاشلاندى، — مەن ئەسكى، مەن ئىت، مەن ئەمدى قاچماي. . . سىلى كەتمىسىلە. . . مەن خوش بولۇپ كېتەي، كەتمىسىلە. . . مېنى ئۇرسىلا. . . قاتتىق ئۇرسىلا. . . دەردلىرى چىققۇچە ئۇرسىلا. . .

— مەن سېنى نېمىشقا ئۇرىمەن؟ . . .

— مۇدىر ئۇرسا بولىدىكەنۇ. . . ئۆز ئوقۇتقۇچىم ئۇرسا نېمە بوپتۇ! . . .

— نېمە، سېنى مۇدىر ئۇردىما؟ . . .

سىراجى چاپانلىرىنى سېلىپ، كۆڭلىكىنى قايرىدى. ئۇنىڭ قورساق، دۈمبىلىرىدە قىر ـ قىر چىققان قاپار ئىزلار گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. . .

— مەن ئەسلىدە ئەمدى قاچماي دېگەن، — دېدى سىراجى ئىسەدەپ، — مۇدىر خەرىتە كۆرسىتىدىغان تاياقتا ئۇرۇپ، ئۆتۈكۈمنى سالدۇرۇۋېلىپ، ياتاققا يالاڭ ئاياغ قوغلىۋەتكەندىن كېيىن، جەھلىم قېتىپ. . .

ھېكمەت سىراجىنى باغرىغا باستى ۋە «خاپا بولما، مېنى كەچۈر! » دەپ پىچىرلىدى. . .

# تۇنجى قار ياغقان كۈنى

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، خوتەن ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار تۇتاش قاپلىغانىدى. گۈلباغ ئەتراپىدىكى رەستىلەر كۈمۈش رەڭ چاڭغا پۈركەلگەن بولۇپ، قۇچاق يەتكۈسىز چوڭ يالىڭاچ دەرەخلەر، ھەيۋەتلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىناسى، مىلىچماللار ماگىزىنى، پاكار ـ پاكار دۇكانلار، ئاشخانىلار تۇمان ئىچىدە رىۋايەتلەردىكى كونا قەلئەلەردەك غۇۋا كۆرۈنەتتى. ھايال ئۆتمەيلا نەم سوغۇق باشلىنىپ، تۇنجى قار لەرزان چۈشۈشكە باشلىدى.

خانىمزاتخان ئانىنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ھېكمەت، مۆرات، نەفىسە، گۈلزىبالار ئۇنى يوقلاپ كېلىشكەنىدى. شۇنداقلا توي تەييارلىقىنى قېلىۋاتقان ئابلىز ناۋا ئۇلارنى كەچتە بولىدىغان مەسلىھەت چېيىغا تەكلىپ قىلغانىدى. كامىل، سەئىدەلەر كۆتۈرمە لاپاس ئۆينىڭ پەلەمپىيىدە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى ۋە خانىمزاتخان ئانىنىڭ سارىيىغا باشلىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەشتاقتا قويۇلغان مەشتە لوغۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى سىرلىق چۆگۈنمۇ شىڭىلداشقا باشلىغانىدى. سول تەرەپتىكى تامدا، ھېكمەت سىزغان قوش كېپىكنىڭ «ۋاپا» ناملىق ماي بوياق رەسىمى ئېسىلغان بولۇپ، رامكا ئۈستىدىن يېشىل شايى رومال ساڭگىلاپ تۇراتتى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا لەپپىدە كۆز تاشلىدى ـ دە، چاندۇرماي ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىدى ۋە ھېكمەتكە ئوغرىلىقچە قارىۋالدى.

كات ئۈستىدىكى قوش پەي ياستۇقتا يۆلەنگەن موماي كېچىلىك يېپەك كىيىمدە بولۇپ، ئاق داكىدا پېشانىسىنى چىكىلەۋالغانىدى. ئۇنىڭ نۇرانە يۈزلىرى سەل سولغان، مېھرىبان كۆزلىرى ياشتىن غۇۋالاشقان، كۈمۈش رەڭ چاچلىرى تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بىراق، ئۆيدە تەنتەنىلىك روھ ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى!

— ئەسسالام خان ئانا، — قىز ـ يىگىتلەر بىردەك سالام بېرىشتى، — ئۆزلىرىنى تاۋى يوق دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشىمىز...

— بارىكاللا، رەھمەت باللىرىم، ئاللا دىلىڭلارغا ئىنساپنى يار قىلغاي، — خان ئانا قەۋەتلا خۇشال بولۇپ كەتتى، — تېنىمدە كۆپ بىتابلىق يوق، تومۇ تەگكەن باھانە بولدى، پۇت ـ قولۇمدا ماغدۇر كەم. ھەي... ئۆمۈر دېگەن ئۆز مەنزىلىگە قاراپ چاقماق سۈرئىتى بىلەن ماڭىدۇ ـ دە...

— بىھۇدە خىياللارنى ئۆزلىرىگە يولاتمىسىلا خان ئانا، — نەفىسە تەزىمدىن كېيىن خان ئانىنىڭ قولىنى پېشانىسىگە، كۆزلىرىگە سۈرتتى، — بىر ئوبدان تىمەن تۇرماملا!...

— نەفىسە قىزىم، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟ قۇتلۇق ھاجىمچۇ؟ — موماي نەفىسەنىڭ پېشانىسىگە ئۆپۈپ، يۈزلىرىنى سىيلىدى.

— ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى.

— كۆپ دېشىۋارچىلىقتا يولۇقۇپسىز پەرىشتەم، — نېمىگىدۇر خاپا بولغان خان ئانىنىڭ چېكىلىرىدىكى ئىنچىكە تومۇرلارغا قان يۈگۈردى، — ئۇلار نېمىدېگەن ئادالەتسىز ۋە تاش يۈرەك ئادەملەر... نوتىدەك بىر ئاجىزەگە شۇنداقمۇ رەھىمسىزلىك قىلغان بارمۇ!...

نەفسەنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى. خان ئانا گۇلزىبانى قۇچاقلاپ سۆيگەندىن كېيىن، ھېكمەتنىڭ بېشىنى سىيلاپ:

— بالام، بۇ رەسىمنى مەن ئۈچۈنلا سىزغان ئىكەنسەن، — خان ئانا تامدىكى قوش كېيىك رەسىمنى ئىما قىلدى، — رەسىمگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارايمەن... گويا ئۆزۈمنى ئاشۇ كۆكۈلمەيدانلىق تاغلار ئارىسىدا، بۇلاق باشلىرىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن... بۇ رەسىم ماڭا ھەر كۈنى ئوخشىمىغان ھۇزۇر ئاتا قىلىدۇ. ھايات خاتىرىلىرىمنى ئەسكە سالىدۇ، — دېدى، ئاندىن مۇراتقا تىكىلدى:

— مۇرات بالام، بېشىڭغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلىدىم، زۇمرەت بىبى بىباھا گۆھەردەك قىز ئىدى، — موماي ئېغىر خۇرسىندى، — قايغۇ - ئەلەم بىلەن يىگىت كۆكلىمەس، ھىممەت ۋە غەيرەتنى ئەسلا قولدىن بەرمىگىن ئوغلۇم. سەن زەبەردەست يىگىت ئەمەسمىدىڭ... مۇشۇ شىجائىتىڭ، مۇشۇ سادىق ھەمراھلىرىڭ بار ئىكەن، خۇدا بۇيرۇسا، مۇرادىڭغا يېتىسەن!...

يۈرىكى زەرداپقا تولغان مۇرات ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ كات ئالدىدا تىزلاندى - دە، خان ئانىنىڭ پۇتلىرىغا يۈزلىرىنى ياققىنىچە، ئىنتايىن ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىۋەتتى. بۇ ئۆيگە تۇنجى قېتىم دوستلىرى بىلەن كىرگەندە، خان ئانا زۇمرەتنىڭ يۈزلىرىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ «قاراڭلار بۇ قىز نېمانچە ئوماق؟ تۇمۇچۇقنىڭ ئۆزىلىغۇي، ئانام، ئانام...» دەپ ئەركىلەتكەنىدى. زۇمرەت مۇشۇ باغنىڭ تاش پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋېتىپ، مۇراتقا: «يوغان بۇرۇن» دەپ شۇنچە تاتلىق خۇلۇق بىلەن دۇمسايغانىدى. «كۆيدۇرەلىدىممۇ؟» دەپ مۇراتنى ناگىھان ھالەتتە قىيىنىغان شۇ كۆزلىرى ئويناق شوخ گۈزەل ئەمدى نەدە؟ ئۇنىڭ سىرلىق تەبەسسۇم، كۈلكە، ئالەمچە مەنا ئىپادىلىرى كەتمەيدىغان رۇخسارى ئەمدى پۇچۇلغان ... مۈشكى ئەنبەر ھىدلىق

قوڭۇر چاچلىرى قۇشلارنىڭ چاڭگىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. چىرايلىق ئۆزۈن پۆتلىرى زەنجىرلەر بىلەن باغلانغان!... زۇمرەتنىڭ پاك مۇھەببەت يولىدا ئېرىشكىنى — ئېلىشىپ قېلىش، قەلب ئابىدىسىدە ئۆچمىگەن ئەقىدىسى — بۇلاق بولدىغۇ؟...

— ئاھ خان ئانا، — دېدى مۇرات بوزلاپ، — بەختسىزلىك، خاپىلىق، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك — مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئىزىمدىن قالمايدىغان ھەمراھلىرىم بولۇپ قالدى!... مەن ئەمدى قانداق قىلاي؟... ماڭا نېمە چارە!...

— نائۈمىد بولما بالام، — دېدى خان ئانا مۇراتنىڭ بويۇنلىرىنى سىيلاپ، — زامان ئۆزى شۇنداق، دائىم دېيانەتلىك، پاك ئادەملەرنى بورانلىرىدا ئۇچۇرۇپ، تاشلىرىدا سوقۇپ كەلگەن... ئەمما، ھەربىر ئىشتا، سەبىر ۋە سالماق كېرەك...

— تاقىتىم تۈگىدى خان ئانا... مەن ئۇ مەلئۇنلارنى بىر ـ بىرلەپ جەھەننەمگە ئۇزىتىشنىلا ئويلاۋاتىمەن... — مۇرات بارغانسېرى ئىسەدەۋاتاتتى، — بولدى، مېنىڭ ھاياتىم زۇمرەت ئۈچۈن سەدىقە!...

— بالام، ئىشقى سەۋدانىڭ ئۆزى ئاللا تائالا تەرىپىدىن بىزلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىلاھى تۇيغۇ... شۇنداق ئىكەن، ئاللاھ ھەر قاچان سەن بىلەن بىللە! — خان ئانا ھەممىگە تەكشى قارىدى، — قان بىلەن قاننى يۇيغىلى بولمايدۇ. ھەق ھامان ئۆز ئورنىنى تاپىدۇ. رەھىم ـ شەپقەت، روھىي قەدىر ـ قىممەتنى دەپسەندە قىلغان ئىمانسىزلارنىڭ جازاسىنى ئاللاھ ئۆزى بېرىدۇ، قانداق دېدىم باللىرىم؟...

— توغرا ئېيتتىلا خان ئانا، — دېدى قول قوشتۇرۇپ تۇرغان نەفىسە، — ئۆزلىرىنىڭ دانا پىكىرلىرى ئەقىل ئەزىمنىڭ شەربەتلىك سۇيىدۇر...

— يىغىمۇ خاسىيەتلىكتۇر، مۇرات بالام، ئىچىڭدىكى دەرد ـ پىغانلىرىڭ ئاچچىق ياش بولۇپ چىقىپ كەتتى. كۆڭلۈڭمۇ بوشاپ قالغاندۇر، — خان ئانىنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، «تۇۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى، — تۈنۈگۈن سەھەردە بىر چۈش كۆردۈم باللىرىم، ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن... مەن گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بىر باغى كەرەمدە ئولتۇرغۇدەكمەن. ھەر

خىل مېۋىلەرنىڭ ھىدى، رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىمىقىمغا ئۇرۇلغۇدەك، ئەتراپىمدا بوغا - مارال، ئىپار كېيىكلىرى ئوتلاپ، قۇشلارنىڭ نەغمە - ناۋالىرى ئاڭلىنىپ تۇرغۇدەك، تەرەببا، ياپيېشىل چىمەنلەر ئارا، چىغىر يول بويلاپ مۇرات ئوغلۇم بىلەن زۇمرەت قىزىم ماڭا قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. مۇراتنىڭ بېشىدا چىرايلىق ئورالغان سۇس ھاۋارەڭ سەللە... ئۇچىسىدا زەڭگەر كالۋاتۇنلۇق ئاق يەكتەك، زۇمرەتنىڭ چاچلىرىدا گۆھەر، ياقۇتلار بىلەن بېزەلگەن ئوتىغات... ئاپئاق لىباس كىيگەن ھالدا، قول تۇتۇشۇپ كېلەرمىش... ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يېنىك يەلپۈنۈپ پىلدىرلاپ تۇرارمىش... «باللىرىم بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈسىلەر؟» دېگۈدەكمەن. ئۇلار: «بۇ باغقا سەيلە قىلغاچ، ئۆزلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلدۇق» دەيمىش. مەن: «قىزىڭلار بار ئىدىغۇ؟» دېسەم، ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە مەنىلىك بېقىپ: «سەئىدە ئاچامغا تاپشۇردۇق...» دېگۈدەك...

خانىمزاتخان ئانا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىدى ۋە قوش كېيىكنىڭ رەسىمىگە ئۇزۇن تىكىلىپ قالدى. سېھىرلىك چۈش تەسىرىدىن ھەممە جىمىپ كەتكەنىدى. بۇ ئاجايىپ كارامەت ئىدى. مۇرات دائىم بىر قىزىم بولسا، دەپ ئارزۇ قىلاتتى. زۇمرەتكىمۇ چاقچاق ئارىلاش بىرنەچچە قېتىم ئېيتقانىدى. پەرىشتىدەك خان ئانىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئۇنىڭدا يېڭى ئۈمىدلەرنى ئويغاتتى.

— خان ئانام بۇ چۈشنى تۈنۈگۈن ئەتىگەن چاي ۋاقتىدا ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدى، — دېدى سەئىدە ئەدەپ بىلەن، — مەن تەبىر بېرىپ: «مۇرات بىلەن زۇمرەت مۇرادىغا يەتكۈدەك...» دېسەم، خان ئانام «چۈش دېگەن يېتىلەنگەن تۆگە، قاياققا بۇرىساڭ، شۇ تەرەپكە ماڭغۇسىدۇر... ئىلاھىم، ئېيتقىنىڭدەك بولار...» دەپ، دۇئا قىلدى.

— رەھمەت خان ئانا، خۇدايىم سىلىگە قۇياشتەك ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلغاي، — مۇرات ئېھتىرام بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە يېنىپ - يېنىپ ئۆز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى.

ياشلار خان ئانىنى يوقلاپ ئېلىپ كەلگەن نەرسىلىرىنى قويۇپ ۋە ئۇنىڭغا شىپالىق تىلەپ، قايتىپ چىقىشتى. لېكىن خان ئانا ئىچىدە:

«خۇدا ئاخىرقى قارارىڭدا، مۇشۇ ناتىۋان، نۆدەرلەرگە مەدەت بەرگەيسەن، شاپائىتىڭنى ئايىمىغايسەن» دەپ چىن ئىخلاس بىلەن تىلەك تىلىدى.

سىرتتا قار ئۇبدانلا چۈشۈۋاتاتتى. ھويلىدىكى بىر تۈپ ئالۇچىنىڭ غولى ئېرىگەن قار سۈيىدە توق قوڭۇررەڭ بولۇپ تاۋلىنىپ تۇراتتى، قۇرۇغان گۈل شادىلىرىنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت قار بېسىپ تۇراتتى. كامىل دوستلىرىنى مېھمانخانىغا باشلىدى. سەئىدە مەشكە ئوت يېقىۋەتكەنىدى. ئۆينىڭ ئىچى ھۇپپىدە ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، گىلەم ئۈستىگىلا تاۋار كۆرپىلەر سېلىنغانىدى. سەئىدە داستىخان سېلىپ، قەنت - گېزەك، توقاچلارنى تىزغىچە ئارىلىقتا، ئۇلار تامدىكى ھېكمەت سىزغان «ئايدىڭ كېچە»، «ئەلۋىدا» ناملىق رەسىملەرگە قاراشتى. «ئايدىڭ كېچە» رەسىمى كامىل بىلەن نەفىسەنىڭ ئانارلىق باغدىكى ئۇچرىشىشىغا سىمۋول قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدا، چەت - چۆرىسى ئالتۇن رەڭدە تاۋلانغان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا، تولۇن ئاي مۆئەللەق ئېسىلىپ تۇراتتى. ئانارلىق باغنىڭ ئۇ تەرىپىدە سۇس سۆسۈن رەڭ ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى غۇۋا كۆرۈنەتتى. نېپىز شايى رومىلىدا يۈزىنى يېرىم توسقان نەفىسە قىيا باققان ھالدا ناز - ئىستىغنا ۋە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى. چىمەن دوپپىلىق كامىل بىر قولىنى كۆكسىگە ئالغان ھالدا قىزغا تەلمۈرەتتى. . . مۇرات، ھېكمەت، گۈلزىبالار بۇ رەسىمگە قاراپ قالغان پۇرسەتتە، كامىلنىڭ ئوتلۇق نەزەرلىرىنى سېزىپ قالغان نەفىسە مەخمەلدەك قاپقارا قويۇق كىرپىكلىك كۆزىنى سوزۇپ، ئۆزىنىڭ قىپقىزىل لەۋلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئالامىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى.

گۈلزىبا «ئەلۋىدا» رەسىمگە قارىغانسېرى، ھېكمەت يۈرۈڭقاش دەرياسى بويىدا ئېيتقان «ئۇنۇت» ناخشىسىنى ئەسلىمەكتە ئىدى. ناخشىنىڭ بېشىدىلا: «كۆپ ئۆتمەستىن مەن كېتىمەن، بۇياققا ئەمدى كەلمەيمەن. يالغۇزلا قالدۇرىمەن سېنى، ئۇنۇت، ئۇنۇت تېزرەك مېنى. . . » دەپ ئېيتىلغانىدى. . . توغرا، ھېكمەت كەتمەكچى. . . ئۇ گۈلزىباغا «ئۇنۇت» دېمەكچىمۇ؟ . . . بۇ شۇنداقلا توغرا كېلىپ قالغان تاسادىپىيلىقمۇ ياكى رەسىم مۇشۇ تەقدىردىن ئالدىن بېشارەت بەرگەنمۇ؟ . . . دەرۋەقە، رەسىمدە چېتى كۆرۈنمەس كۆك دېڭىز ئۇپۇقىدا

بىر ئاق يەلكەن تۇمانلار ئىچىدە كېتىپ بارماقتا. قىرغاقتىكى قورام تاشتا قول پۇلاڭلىتىپ قالغان قىزنىڭ قولىدىكى پەرەڭ ياغلىق، قىزنىڭ ئاق نېپىز كۆڭلىكى دېڭىزنىڭ ئۈزۈلمەس شاماللىرىدا يەلپۈنمەكتە. رەسىمنىڭ ئاستىدا بىر چەتتە رۇس شائىرى م. يۇ. لېرمونتوۋنىڭ مۇڭلۇق بىر كۇبلېت شېئىرى ئاق رەڭ بىلەن يېزىپ قويۇلغانىدى:

ئاقىرىپ كۆرۈنەر يالغۇز بىر يەلكەن،
ئۇپۇق ئاستىدا، تۇمان ئىچىدە.
يىراق يۇرتتا ئۇ نېمە ئىزدەركەن،
نېمىنى تاشلاپ كەتكەن ئېلىدە؟...

— ھېكمەت، — دېدى كامىل گۈلزىبانىڭ قېشىغا كېلىپ، — «ئەلۋىدا» دېگەن ئەسىرىڭدىكى دېڭىزغىلا ھەيران بولــمەن. كۆپكۆك چەكسىز سۇ، ئۆركەشلىگەن ئاپئاق بۇژغۇنلار، يىراقتىكى دولقۇنلار... خۇددى سەن دېڭىزنى كۆرگەندەكلا تەبىئىي چىققان.

— شۇنداق، مەن دېڭىزنى كۆرمىگەن، ئېيتىپ باقە، قانداق بولۇپ شۇنداق چىققاندۇر؟

— تەسەۋۋۇر كۈچىڭگە تايىنىپمۇ؟...

— ياق، مەن ئايۋازاۋوسكى① نىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان.

— توغرا، ئېسىمدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپتۇ. يېڭى كەلگەن يىلىڭ كۆرسەتكەنىدىڭ، — كامىل پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئۇ ھەرخىل تەبىئەت ئۆزگىرىشىدىكى دېڭىز ھالىتىنى سىزىدىغان رەسسام...

سەئىدە ھەممىنى چايغا تەكلىپ قىلدى. يىگىت ـ قىزلار كۆرپىلەردىن ئورۇن ئېلىشتى. پەتنۇسلاردا چاي تارتىلىپ، توقاچلار ئۇشتۇلدى ۋە «ئېلىڭلار، بېقىڭلار» دېگەندەك تەكەللۇپلار باشلاندى.

ھېكمەتنىڭ «يۆتكىلــىش» خەۋىرى چــــىققاندىن بېرى، گۈلزىبا

---

① ئايۋازاۋسكى — رۇس رەسسامى (بېلىقچىنىڭ ئوغلى)، ئۆمرىدە پۈتۈنلەي دېڭىزنىڭ ھەرخىل ئۆزگىرىشلىرىنىلا سىزغان.

سەئىدەگە بىرنەچچە قېتىم دەردلىرىنى تۆككەنىدى. ئۇ پۈتۈن ئەيىبنى ئۆزىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە قويattى. ھېكمەت بۇ ئائىلىگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان، قايىت، گۈلرۇزلارنىڭ تىل - ھاقارەت، دۈشمەنلىكلىرىگە سەۋرچانلىق بىلەن چىداپ كەلگەن، لېكىن، تاغدەك ئىشەنگەن بۇمەرەمخانىنىڭمۇ ئۇلارنىڭ پىيىنى قىرقىشىنى ئۇ زىنھار تەسەۋۋۇر قىلالمىغان، شۇڭا ئۇ گۈلزىبانىڭ شەھەرگە يۆتكىلىشى بىلەن گويا يەتتە قەۋەت ئاسماندىن چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ، ئۈمىدسىزلەنگەن، كۆڭلى ئەلەمگە تولۇپ، گۈلزىبادىنمۇ دىلى رەنجىگەن...

سەئىدە گۈلزىبانىڭ بۇ تەسەۋۋۇرلىرىغا لايىقىدا چۈشەنچە بەردى. ھېكمەتنىڭ ئادىمىيلىك بابىدا ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قەسىمىگە ۋاپا قىلىدىغانلىقىنى، گۈلزىبانى ھەرگىز پىراق ئوتىغا تاشلىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما گۈلزىبا يەنىلا ئەندىشە ئىچىدە قالغانىدى.

— ھېكمەت، سىز راستىنلا يۆتكىلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ — سورىدى سەئىدە گۈلزىباغا كۆز تاشلاپ، — ئەگەر بىر قارارغا كەلگەن بولسىڭىز، دوستلىرىڭىزغا قانداقمۇ قىيارسىز؟...

— كەتسۇن! — دېدى مۇرات ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى قەيەرگىدۇر تىكىپ، — كەتكىن دوستۇم، يۈرەك زېدىسى بولۇپ، قەلبىڭ جاراھەتكە تولماستىن بۇرۇن، بۇ يەرلەردىن كەت!... يىراقلارغا كەت!... كۆزۈڭ ئوچۇق تۇرۇپ، مەھبۇبەڭنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك!...: سېنىڭ بىلەن بىز بۇ تۇپراققا ئاچچىق تەر، ئىسسىق قانلىرىمىزنى تۆكتۇق، بىراق، نېمىگە ئېرىشتۇق؟...

— مۇرات، — دېدى كامىل ئېغىر تەلەپپۇزدا، — دۈشمەنلىك بىزگە ئانا تۇپراقتىن ئەمەس، بەلكى يامان ئادەملەردىن كېلىۋاتىدۇ...

— مەن بۇ يەردە يۇرتۋازلىق قىلىۋاتقىنىم يوق، — دېدى مۇرات يەنىلا ئاچچىقى يانمىغان ھالدا، — كامىل، نەفىسە، زۇمرەتلەرمۇ ئوخشاشلا يامان ئادەملەرنىڭ زۇلمىنى تارتىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇلار، رەزىللىككە دۇچ كەلگەندە، ھاياتى، يۈز - ئابرويى، تەقدىر - ئىقبالى بىلەن ھېسابلاشماي، بۆرە، قاۋانلارغا جەڭ ئېلان قىلدى. نەفىسەدەك بىر تالىپە قىزنىڭ

يۈزلىگەن كۆزلەر قادالغان ۋەھىملىـــــك سورۇندا مەلئۇنلارنـــى يەر چىشلىتىشىنى كىممۇ ئويلىغان؟ . . . مانا بۇ، خان ئانام دېگەندەك، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىلاھى تۇيغۇنىڭ قۇدرەتلىك كۇچىدۇر. زۇمرەت. . . زۇمرەت ئۇ. . . مۇراتنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، سۆزلىيەلمەي قالدى، — ئۇ تا ئېلىشىپ قېلىش گىردابىغا كىرىپ قالغۇچە، خالىق، مەتمۇسالار بىلەن ئېلىشتى. ئۆزىنى بوغۇزلاشتىن يانمىدى! . . . مەتمۇساغا ئوت قويۇۋەتتى! . . . ياقۇپكام ئۆزىنى ئېسىۋالغاندىمۇ، ئۇ چىن ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ھەقىقىي مۇھەببىتىنى قوغدىدى! . . . مانا ھازىر ئۇ زەنجىر ـ كىشەنلەرگە چىرمالدى. . . بىراق ئۇ. . . ئۇ. . . ئاشۇ مەجنۇنلىقىدا، — مۇرات يىغلاپ سالدى، — «بۇلاق» نى ئۇنتۇغىنى يوق! . . .

ئۆيىنى گۆرۈستان جىمجىتلىقى باستـــى. ھەممە سۈكۈتكە چۆمدى! . . . نەفىسە قول ياغلىقىنى كۆزىگە باسقان ھالدا، ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاۋاتاتتى.

— مېنىڭ دوستۇم ھېكمەتكە ئىچىم ئاغرىيدۇ، — دېدى مۇرات بېشىنى كۆتۈرمەي، — ئۇ ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي، كۆڭۈلچەك. . . شۇڭا، مەن چېقىشىپ ئۇنى «مۆمىن» دەپ قويىمەن. ئۇ دوستلىرى، ياخشى كۆرگەن كىشىلىرى ئۈچۈن، ھەممە نەرسىنى قۇربان قىلالايدۇ. بىراق. . . بىراق، ئاھ خۇدا، نېمە دېسەم بولار؟ . . .

ھەممە بىردەك مۇراتقا قارىدى، ئۇنىڭ پىغانى ھەقىقەتەن ئۆرلەپ تۇراتتى.

— ئەگەر سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا، — دېدى مۇرات ياشلىق كۆزلىرى بىلەن دوستلىرىغا قاراپ، — بىر لىگەندە «ھەقىقەت»، يەنە بىر لىگەندە «ھايا ـ نومۇس، ئانا مېھرى» دېگەنلەرنى ئېلىپ كەلسە، قايسىسىنى تاللىغان بولاتتىڭلار؟ . . .

بۇ جاۋاب بېرىشكە ئىنتايىن تەس بولغان قىيىن سوئال ئىدى. «ھەقىقەت» مۇھىم ئىدى، لېكىن، ئىنساننىڭ زىننىتى، كۆركـــى، تۈتىياسى بولغان ھايا ـ نومۇسمۇ، ئانىمۇ ئەلۋەتتە. . . ھاياسى بولمىغان، ئانىنى خارلىغان بەندە ئادەم ئەمەس بەلكى ھايۋاندۇر. كامىل، ھېكمەت، نەفىسە، گۈلزىبالار مۇراتنىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي،

چوڭقۇر نەپەس ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشتى.

— مېنىڭچە، — دېدى كامىل ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن، — ھەممىنى «ھەقىقەت» ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا توغرا كېلىدۇ!...

— ھەببەللى، — دېدى مۇرات ئاچچىق ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ، — ماھىگۈلنى قۇتقۇزىمەن، دەپ بۇلاڭچى قىمارۋازلار بىلەن ئېلىشقاندا، ئەگەر دوستۇم ھېكمەت ئۆلگەن بولسا، بەلكىم بۇ چاققىچە ئۇنىڭ تېنى ئىككى غۇلاچ سوغۇق يەر تېگىدە چىرىپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى... ئۇ، بۇ مەرەمخان ئانىغا يەتكۈزگەن ھىممەتلىرىنى ئېھتىمال ئۇر [illegible] قىلمىغان بولغىيتتى!... ئەمما، بۇ مەرەمخان ئانا ئۆزى قول قويۇپ بەرگەن ئىلتىماسنىڭ، گۈلزىبا بىلەن ھېكمەتنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي قالارمۇ؟... ئاددىيسى، گۈلرۇزنىڭ خۇي ـ پەيلىنىمۇ بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ... بىلىپ تۇرۇپ، ئۇ شۇنداق قىلدى. هې[illegible] بىلەن، لەنىتى ئىلتىماسنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئازاب ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىر ئۆزى بىلىدۇ، بىر خۇدا بىلىدۇ... گۈلزىباچۇ؟ ئاردىن شۇنچە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەر ئۆتتى. ئۇ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىسا بولاتتى، قارىغۇلارچە «ئانام، ئانام...» دەپلا ھېكمەتنىڭ يۈرەك جاراھەتلىـــرىگە مەلھەم بولالمىدى!... ھەتتا: «ئاناڭدىن يىگىتىڭنى يۇقىرى بىلەمتىڭ؟» دېگەن بىر ئېغىز سۆزدىن نومۇس قىلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى مائارىپ ئىدارىسىگە بېرىپ ئېيتمىدى. ئار ـ نومۇس پەردىسىنى يىرتالمىدى!... خالىق، زەينىدىن، كېرىموف، گۈلرۇزلارنىڭ تەنتەنە قىلىشىغا يول قويۇپ، سۈكۈت قىلدى. قېنى ئۇنىڭدىكـــى جاسارەت؟ نەفـــسە، زۇمرەتلەر كۆرسىتەلىگەن شىجائەت، سۆيگەن كىشىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى قېنى؟... مەن ھەر قېتىم ھېكمەتنىڭ مىسكىن چىرايىـــغا قارىغىنىمدا، بۇ توغرۇلۇق تۇغلەپ ـ تۇنلەپ ئويلاپ چىقىمەن!...

گۈلزىبا يۈزىنى تۇتۇپ ئۈن سېلىپ يىغلىغىنىچە، سىرتقا ئۆزىنى ئاتتى... ھېكمەتمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ كەتتى. نەفـــسە، سەئىدەلەر ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، كامىل ئۇلارنى توسۇپ قالدى.

— مۇرات، ھېكمەتنىڭ يۆتكىلىش مەسىلىسىدە بىز ئۈچىمىز بىر قارارغا كېلىپ بولغان تۇرۇقلۇق، — دېدى كامىل، — ئەجەب بۈگۈن

باشقىچىلا گەپلەرنى قىلىسەنغۇ؟ گۈلزىباغا مۇنداق قاتتىق تېگىشىڭ زادى قاملاشمىدى.

— تاڭ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. . . جۇدۇنۇم ئۆرلەپلا تۇرىدىغۇ؟ . . .

— مۇرات، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، — كامىل مۇراتنىڭ چىنىسىگە چاي قۇيدى، — سەن بىر ئىشنى ئويلىنىپ كۆردۈڭمۇ؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ ياشاش شارائىتى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى، ئەتراپىدىكى قورشاپ تۇرغان مۇھىت ئۇنىڭدا ئوخشىمىغان پسىخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. زۇمرەت بىرنەچچە خىل مىللەت بالىلىرى ئىچىدە چوڭ بولغان، باتۇرلۇقنى، قورقماسلىقنى، يۈز - خاتىرە قىلماسلىقنى ۋە ئوچۇق - يورۇق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە يېتىشتۈرگەن. نەفىسە بولسا كىچىكىدىن باشلاپلا جاھان كلاسسىكلىرىنىڭ دىۋان ھەم داستانلىرىدىكى مۇھەببەت - نەپرەت، ئالىيجاناپلىق ھەم رەزىللىك، سەممىيلىك بىلەن ساختىپەزلىك، دىيانەت ۋە قارا كۆڭۈللۈككە ئوخشاش ئادەم تەبىئىتى بىلىملىرى بىلەن كۆپ ئۇچراشقان! . . . گۈلزىباچۇ؟ ئۇ كىچىكلا ئۆگەي ئاتىنىڭ قولىغا قالغان. ۋەھشى قايتىنىڭ بومەرەمخان ئانىنى خورلاشلىرى، دۇمبا - تېپىكلىرى، جەڭگە - جىدەللەر ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتكەن. . . ئۇ كىچىككىنە شەپىدىنمۇ چۆچۈپ تۇرىدۇ. . . ھەممە ئىشتا ئېھتىيات قىلىدۇ. . . كۆڭۈل ئاغرىقىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

— مۇرات، بىلىمەن، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز تۈز، — دېدى نەفىسە، — دوستىڭىز ھېكمەتنىڭ دەردلىرىگە چىدىيالمىدىڭىز، لېكىن ئويلىنىپ كۆرۈڭ، كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاغرىتىش ياخشى ئەمەس. كۆڭۈلنىڭ شىشىسىدەك نازۇك نەرسە يوق! . . .

— زادى چۈشىنەلمەيمەن، — مۇراتنىڭ چوڭ كۆزلىرى ئالايدى، — ماھىگۈلنى گۆر ئاغزىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتەك پىداكارلىق ئۇلارنى ئېرىتەلمىسە. . . قىزىنى بېقىپ، ئوقۇتۇپ، ئۆز قېرىندىشىدەك تەربىيىلەۋاتقان ئىشمۇ يۈرىكىنى يۇمشىتالمىسا. . . تېخى سۈيىقەستچى گۈلرۇزنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھېكمەتنى ئوتقا تاشلىسا. . . گۈلزىبامۇ ۋىجدان ئازابىنى كۆچكە ئايلاندۇرالمىسا؟ زادى ئۇلارنىڭ ئەقلى دۇمبىسىگە ئۆتۈپ قالغان. توۋا، بىزنىڭ بۇ ۋاپاسىز دۇنيامىزدا، كىمگە ياخشىلىق قىلساق،

شۇنىڭدىن يامانلىق يانامدۇ؟ . . .

— بارلىق سۆزلىرىڭ يوللۇق، — كامىل بېشىنى كۆتۈردى، — لېكىن گۈلزىباغا شەك كەلتۈرۈشۈڭ ئۇشۇقچە. . . نەۋائى: «گۈلنىڭ تونى قىرىق ياماق، يوپۇرماقلىرى يىرتىق بولسىمۇ، ھۆسنى پاكىزە ئەمەسمۇ؟» دېگەن، گۈلزىبانىڭ بارلىق قۇدرىتى يۈرىكىدە! . . . ئۇنىڭدا، ھالقىلىق پەيتلەردە ھېكمەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلالايدىغان روھ بار.

— كامىل ھارىقىڭ بولسا ماڭا بىر يۇتۇم بەرسەڭچۇ! . . . — دېدى مۇرات يېنىككىنە تىنىۋېتىپ، — باياتىن بېرى مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ . . . ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالمايلا قالدىم. . .

— بىردەم سەۋر قىل، ساڭا ئاتاپ قويغان بىر نەرسەم بار! — كامىل چىقىپ كەتتى.

— توۋا، سىز. . .

سەئىدە سۆز باشلاپ بولغۇچە، نەفىسە ئۇنىڭغا «گەپ قىلماڭ» دېگەندەك ئىما قىلدى. زۇمرەت ئېسىگە كېلىشى بىلەن، بىر ئۆزىگە كېلىپ، بىر كېتىپ تۇرغان مۇرات خۇددى ئۇلۇق ئوتتەك يالقۇنجىغان ھېسسىيات تۈپەيلى، قويغان - پۇتكىنىنى، ... - نەتكىنىنى بىلەلمەيدىغان، ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، بۇنى دوستلار چۈشىنەتتى.

— سىز ھېچنېمە دېمىدىڭىزغۇ؟ بىھۇدە خىياللاردا بولماڭ! — دېدى نەفىسە كۈلۈپ، — بىز ئۆزئارا پاراڭلاشتۇق.

كامىل بىر بوتۇلكا «شىپىڭ» ھارىقىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى. ئۇ پىيالىگە يېرىم قۇيۇپ، مۇراتقا سۇندى.

— سېنىڭ بۇ نەرسىگە ئامراق ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن. . . شۇڭا، ھېچكىمنى ئويلىمىسامۇ، سېنى ئېسىمدىن چىقارمايمەن. . .

— رەھمەت ساڭا! . . .

مۇرات ھاراقنى ئاستا سۇمۇرۇپ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، گۈلزىبادىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن، ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، كامىل ئۇنى توسۇپ قالدى.

— بولدى چىقما، قارىغا چۈشكەن ئىزدىن قارىغاندا، ئۇلار باغ تەرەپكە چىقىپ كېتىپتۇ. . . ھېلى كىرىدۇ.

— بوپتۇ، گۈلزىبا سوغۇقتا قانچە توڭلىغانسىرى، — دېدى مۇرات، — ھېكمەتنىڭ ئوتلۇق ھارارىتىگە شۇنچە تەشنا بولار...

— ياﺋاللا سىزنىڭ ئاغزىڭىزنىزە، — نەفىسە قىزىرىپ كەتتى، — گېپىم بار دەپلا قىلىسىز...

نەفىسە بىلەن سەئىدە چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. مۇرات پىيالىگە ھاراق قۇيۇپ ئىچكەندىن كېيىن، كامىلغا تۇتتى. ئۇمۇ ئىككى يۇتۇمدەك ئىچتى. ئاندىن، مۇراتنىڭ خوش كەيپىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىچىدە يىغىلىپ قالغان گەپنىڭ ھەممىنى تۆكۈۋالدى.

مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىنىپپي كۆرەش ھەرىكىتى ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان بىر قىسىم ھورۇن، جان باقار ئوقۇتقۇچىلار ھەدېسە يىغىنلاردا ۋارقىراپ - جارقىراش بىلەن بولۇپ، دەرس ئۆتۈشكە قىزىقماي قويىغانىدى، سىنىپقا كىرسىمۇ كىتابنى ئوقۇپ بېرىپلا يېنىپ چىقاتتى. زۇمرەت بوز يەرگە سۈرگۈن قىلىنغاندىن بېرى، مەكتەپنىڭ سەنئەت ئىشلىرى تاشلىنىپ قالغانىدى. مۇرات دەرس تەييارلىقىنى قول ئۈچىدىلا قىلىپ، ۋەزىپە ئادا قىلىش ئۈچۈنلا سىنىپقا كىرەتتى. پەقەت ئۇنىڭ كېچىلىرى چەت ياقىدىكى ياتىقىغا كىرىۋېلىپ، دۇتار ھەم راۋابنى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچنېمە بىلەن كارى يوق بولۇۋالغانىدى. كامىل بۇ توغرۇلۇق مۇراتنى ئۈچۈغداپ خېلىلا تەرلەتتى. ئېزىز تارمۇشنى پات - پات بوز يەرگە كىرگۈزۈپ، زۇمرەتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرايلى، قىشلىق تەتىلدە قايتۇرۇپ چىقىپ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا داۋالىتايلى، دېدى. ھېكمەت، ئالىمجان، ئامانىللا، نائىبى، شادىمان، ئابلىز ناۋا قاتارلىق دوستلارنىڭ بۇ ئىشتا شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. دوستلىرىنىڭ شاپائىتىدىن سۆيۈنگەن مۇرات خۇشال بولغان بولسىمۇ، «قىشلىق تەتىلدە» دېگەن سۆزدىن ئۇنىڭ كۆڭلى سەل خىرەلەشتى. بۇنى سەزگەن كامىل قىشلىق تەتىلگىمۇ ھېچقانچە ۋاقىت قالمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

كامىل مۇراتقا كۆيۈپ - پىشىپ نەسىھەت قىلىۋاتقان بۇ پەيتتە،

سىرتتا قار پاختا ئاتقاندەك لەپەڭشىپ چۈشمەكتە ئىدى. ھويلا، قىيما بالداقلىق پېشايۋاننىڭ سالاسۇنلىرى، باغنىڭ تاش پەلەمپەيلىرى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغانىدى. باغ ئىچىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆچەتلىرى، قۇرۇغان گۈل - گىياھلارنىڭ شادىلىرى، ئەينەكتەك مۇز قاتقان كۆل سۈيى... قارىغاندا ئاق چايشاپ يېپىنغان ھازىدارلارغا ئوخشايتتى. كۆل بويىدىكى غوللىرى چىرماشقان «ئاشىق - مەشۇق» ئالمىغا يۆلىنىپ تۇرغان ھېكمەتنىڭ كۈل رەڭ قۇلاقچىسى، پالشۇپكىسىنىڭ ياقىلىرى ۋە مۈرىلىرىگە بىر قەۋەت قار قونغانىدى. گۈلزىبانىڭ ئېگەكلىرى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ چېگىۋالغان يېشىل يۇڭ ياغلىقى، پەلتۇسىنىڭ دۈمبىلىرىدىكى قار بارغانسېرى قېلىنلاشماقتا ئىدى.

— گۈلزىبا، مۇراتنىڭ سۆزلىرىدىن راستىنلا خاپا بولمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھېكمەت قىزنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە قاراپ، — ئەمسە نېمە ئۈچۈن كۆزلىرىڭىزدىن ياش توختىماي تۆكۈلىدۇ؟

— دېدىمغۇ؟ ھەرگىز رەنجىمىدىم دەپ! — گۈلزىبا يۈزلىرىنى سۈرتتى، — ئۆزۈم ئەسكى... مۇراتنىڭ سۆزلىرى ماڭا سىگنال بولدى. مېنى ئويغاتتى. سىزگە مەن، ئانام، ماھىگۈل ئابدۇنەبىلەر يۈز كېلەلمەيمىز...

— بۇ گەپنى سىز ئەمەس قايىت، گۈلرۇزلار قىلسا توغرا بولاتتى، — ھېكمەتنىڭ قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلدى، — مەن رەنجىمىدىم دېسەم، سىلەرنى ئالدىغان بولىمەن. ئانىڭىزنىڭ ئىلتىماسىنى، سىزنىڭ مائارىپ ئىدارىسىگە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتمىغانلىقىڭىزنى كۆڭلۈمگە زادىلا سىغدۇرالمىدىم. ئالىمجان: «مەن يېزا مائارىپىنى تەكشۈرگىلى چىقىپ كېتىپ قايتىپ كېلىپلا، گۈلزىبانى يۆتكىمەكچى ئىكەنلىكلىرىنى ئاڭلىغانىدىم، لېكىن گۈلزىبا مېنى ئىزدەپ كەلمىدى» دەيدۇ.

— راست، كېيىن پۇشايمان قىلدىم، بىراق كېچىكتىم، — گۈلزىبانىڭ چىرايى بەكلا بىچارە ئىدى، ئېيتىڭا ھېكمەت، سىز... سىز مېنى تاشلاپ كېتەمسىز؟... مەن... مەن... قانداق قىلارمەن؟... ئويلاپ كۆرسەم... سىز كەتسىڭىز، مېنىڭ بىرمۇ يېقىن ئادىمىم، سىردىشىم، ھەمراھىم قالمايدۇ... تىكەندەكلا يالغۇز قالىمەن... بىلەمسىز، مەن

ئائىلىدىكى قاباھەتلىك چۈشلىرىمنى سىزنىڭ مېھر بۇلىقىڭىز بىلەن يۇيۇپ كېلىۋاتىمەن! . . . سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا، مېنىڭ يۈرىكىم پۈتۈن! . . . سىز مېنىڭ كەلگۈسى يولدىشىم ئەمەس، — ئۇ بىردىنلا قىزىرىپ كۆزلىرىنى ئەپقاچتى، بەلكى ئاكام، قېرىندىشىم، دوستۇمدەكلا تۇيۇلىسىز، سىزگە ئىچىكىپ كېتىپتىكەنمەن! . . . سىزنىڭسىز كۈنلەر ماڭا بەجايىكى ئۆلۈم. . . مەڭگۈلۈك ماتەمدەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ! . . .

— گېپىمنى ئاڭلاڭ گۈلزىبا! . . .

—ياق، ياق، سۆزۈمنى بۆلمەڭ، مەن ئىچىمنى بوشىتىۋالاي. . . ۋاي خۇدايىم، قوللىرىمنىڭ مۇزلاپ كەتكىنىنى! . . . — گۈلزىبا قىزىرىپ كەتكەن قوللىرىنى ھوردىدى.

— ئەكىلىڭ قولىڭىزنى، — ھېكمەت پالشۇپكىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ پوپايكىسىنى قايرىدى، — بۇ يەرگە سېلىڭ. . . ناھايىتى ئىسسىق. . .

— بۇنداق قىلسام، — گۈلزىبا باغ ئىشىكى تەرەپكە يالتىيىدە قارىۋالدى، — بىر كىم كۆرۈپ قالسا. . .

— سىز! . . . — ئاچچىقى كەلگەن ھېكمەتنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — قولنى ئىسسىتىپ قويۇشمۇ يامان ئىش بولامدۇ؟

گۈلزىبا ھېكمەتنى قۇچاقلىدى. ھېكمەت ئۇنىڭ قوللىرىنى ئىككى بىلىكى ئاستىغا ئېلىپ قىستى ۋە ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن يۈزى، پېشانىسى، بويۇنلىرىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ، ئۇنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق پۇرىدى. گەرچە، ھېكمەتنىڭ يۈز - بۇرۇنلىرى مۇزلىغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرەك قاتلاملىرىدىن ئېتىلىپ چىققان قۇياش تەپتىدەك ئوتلۇق نەپىسى گۈلزىبانىڭ يۈرىكىگە بېرىپ ئۇرۇلدى.

— ئاھ نېمىدېگەن ھۇزۇر! . . . — گۈلزىبا ئوتلۇق يۈزىنى نېمىدۇر تىپچەكلەۋاتقان كۆكرەك ئۈستىگە قويدى، — مەن يۈرىكىمنىڭ سىزنىڭ ئوتلۇق نەپسىڭىزدە ئېرىپ كېتىشىگە شۇ قەدەر تەشنا! . . . ئاھ، مېنى يالغۇز - يىگانە، تەنھا بىچارە قىلىپ، تاشلاپ كەتمەڭ. . . مەن. . . مەن. . . سىز بىلەن بىللە كېتىمەن! . . . ماڭا جاۋاب بېرىڭ. . . مېنى بىللە ئېلىپ كېتەمسىز؟

گۈلزىبا ھېكمەتكە ئىشەنمەي تۇراتتى. ئىككى كۈن ئىلگىرىلا ئۈچ

دوست يۈتكىلىش ئىشى ئۈستىدە سۆزلىشىپ، بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدى. ھېكمەت ۋەزىيەت مۇشۇنداق زىل پەيتتە يۈتكىلىپ كەتسە، «جىنايىتىدىن قورقۇپ قاچقان»غا ھېساب بولاتتى. بۇنىڭ بىلەن، دوستلىرىنىڭ تىلىنى باغلاپ قوياتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئوتقا تاشلايتتى! خالىق، زەينىدىن، كېرىموف، قۇتبىرەملەر تەنتەنە شاتلىقىغا چۆمگەن بولاتتى. يەنە ئەڭ مۇھىم ئىش، گۈلزىبانى زار يىغلىتىپ، ئۇنى مەڭگۈلۈك دەردكە مۇپتىلا قىلىپ كېتىشكە ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. شۇڭا، ئۇ كەتمەس بولغانىدى، ھېكمەتنىڭ بۇ قارارى كامىل بىلەن مۇراتنى شادلىققا چۆمدۈرگەن، ئۇچىلىسى تەڭلا قۇچاقلىشىپ كەتكەنىدى.

— راستمۇ ھېكمەت؟ گۈلزىبانىڭ كۆز قارىچۇقلىرىنى شادلىق ياشلىرى قاپلىدى، — ئاھ مېنىڭ ھېكمىتىم... يولەنچۈكۈم، كۆڭۈل خۇشۇم...

نۇرانە كۆزلەردىن ئېقىۋاتقان ياشلار قىزنى گويا ئېچىلىۋاتقان گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. گۈلزىبانىڭ «مەن سىز بىلەن كېتىمەن» دېيىشى بىردەملىك ھاياجاندىن چىققان سۆز ئەمەس ئىدى. ئۇ شەھەرگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ھېكمەتسىز تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر زېرىكەرلىك، مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ كۈنلەپ - كۈنلەپ ئۇنى ئويلىسا، تۈن كېچىلەردە «چۈشۈمدە كۆرەرمەن» دەپ كۆز يۇماتتى. بىراق ئۇيقۇ ئۇنىڭدىن بىزار ئىدى... گۈلزىبا ھېكمەتنى تاقەتسىز سېغىناتتى، شۇنداق مىنۇتلارمۇ بولاتتىكى، سېغىنىشتىن تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ ياستۇقىنى ھۆل قىلىۋېتەتتى... ئۇ، خۇدايىم ئۇنىڭ ئۇچۇنلا يارىتىپ قويغان بۇ خۇش خۇي يىگىتنى تۆڭلۈكتىن بىدار قاراپ، يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئىزدەيتتى.

شەھەرگە يۆتكەلگەندىن كېيىن، گۈلزىبا ئانىسىغا قاپاق ئاچمايدىغان، كەمسۆز، خۇشال ياكى خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ھېچكىمگىمۇ ئارىلاشمايدىغان غەلىتىلا بولۇپ قالغانىدى. پەقەت ئۇ ئابدۇنەبى بىلەنلا پاراڭلىشىپ قوياتتى. ئۇنى پات - پاتلا كىنولارغا ئېلىپ باراتتى. گۈلزىبا كىنودىن قايتىپ كېچىلىرى يوللاردا كېلىۋېتىپ: «ئابدۇنەبى ئۇكام، ھېكمەت ئاكاڭنى كۆرگۈڭ كەلدىمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئابدۇنەبى بولسا،

«ھېكمەت ئاكام ماڭا پىرقىرىغۇچ ئېلىپ بەردى»، «ھېكمەت ئاكام لەگلەك ياساشقا ئۇستا ئىدى»، «ھېكمەت ئاكام كىنوغا ئاپارغاندا، ‹ماھىگۇلنى بوزەك قىلساڭ، قۇلىقىڭنى چىشلىۋالىمەن› دېگەن...» دېگەندەك ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم بولغان خاتىرىلەرنى ئاغزى بىسىقماي سۆزلەيتتى. گۈلزىبا شۇ چاغلار قايتا تەكرارلىنىۋاتقاندەك، ھېكمەت يېنىدا بىللە كېتىۋاتقاندەك يان ـ يېنىغا ئىنتىزار قارايتتى. ئىشتىن چۈشكەندە، بەزىدە گۈلزىبا ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە، قاراڭغۇ چۈشكۈچە، بەزىدە ئاي تىك كۆتۈرۈلۈپ دۇنيانى تەكشى يورۇتقۇچە، سۈكۈت بىلەن ئولتۇرۇپ، خۇدايىم ھېكمەتنى تۇنجى قېتىم ئۇچراشتۇرغان ئاۋغان كوچىسى ئېغىزىدىكى ھېلىقى سىرلىق يولغا تەلمۈرەتتى...

گۈلزىبا يېقىندىن بېرى ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. كېرىموف پات ـ پاتلا مەكتەپ ئالدىغا كېلىۋېلىپ، توي قىلىش تەلىپىنى قويۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇۋالىدىغان بولدى. بىر كۈنى مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى مەخپۇزخان گۈلزىبانى ئىشخانىغا چاقىرىپ، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن تەربىيە ئىشلەپ، ئۇنىڭغا «ھەربىيلەر ئائىلىسى» بولۇشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورانىدىن يالۋۇرۇش بىلەن قورقۇتۇش چىقىپ تۇراتتى. گۈلزىبا ئۇنىڭغا ناھايىتى يامان بىر ئالايدى ـ دە، ئىشخانىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. مەخپۇزخان گۈلزىباغا ئىككىنچى قېتىم يەنە «تەربىيە» بەرمەكچى بولۇپ، «دەرستىن چۈشۈپ ئىشخانىغا كىرىڭ، كېرىموف كەلمەكچى» دېۋىدى، ئۇ: «ئەگەر سىز شان ـ شۆھرەتكە شۇنچە موھتاج بولسىڭىز، ئۇنىڭغا ئۆزىڭىز قىزىڭىزنى بېرىۋېلىڭ، ئۇنداق ئىبلىسنى كۆرەرگە مېنىڭ كۆزۈم يوق...» دېدى ـ دە، ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۇستەلدە دۈم يېتىپ يىغلىدى. ئەگەر گۈلشەن مۇئەللىم كىرىپ قالمىغان بولسا، ئۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشخانىدىن چىقمىغان بولاتتى. گۈلشەن گۈلزىبانىڭ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپ ناھايىتى يېقىن ئۆتكەنىدى. گۈلزىبا شەھەرگە يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى بۇ كونا ساۋاقدىشى بىلەن بىر مەكتەپتە بولۇپ قالغانىدى. گۈلشەن ئۇنىڭ مۇڭگىغا ـ مۇڭ بولالايتتى. ئەھۋالنى ئاڭلىغان گۈلشەن ئاچچىقىدا:

«بۇ كوت ـ كوت خوتۇنغا ئىلمىي مۇدىرلىق ئازلىق قىلىپ، ئەمدى دەللاللىقنىمۇ قوشۇپ قىلاي دەۋېتىپتۇ ـ دە!» دەپ ئۇنى تىللىدى. گۈلزىبا بۇ خورلۇققا چىدىيالماي تۇرغىنىدا، كېرىموف ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا، ئىككى خوتۇنغا بىر مۇنچە نەرسىنى كۆتۈرگۈزۈپ، ئۆيىگە ئەلچىلىككە كىرگۈزدى. قايىت ئۆيدە يوق ئىدى. قەرز سوّيلەپ كەلگەن ئىككى ئادەم بىلەن بولغان جېدەلدىن كېيىن، ئۇنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. بۇمەرەمخان ئەلچىلەرگە ئۆز يولىدا ئۆزرە ئېيتىپ، بولمايدۇ، دېدى. ئەمما بۇ خوتۇنلار خېلى پىشقان دەللاللاردىن بولغاچقا، بۇ گەپكە قۇلاق سالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇمەرەمخان ئاخىرى ئۇلارنى «قىزىمنىڭ بېشى باغلاقلىق، ئىسسىقىدا كېتىۋېلىشسىلا» دەپ، تاۋاقلىرىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. بۇمەرەمخان ئۇنىڭسىزمۇ قىزىغا يۈز كېلەلمەيتتى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئۈستىگە، قەرز سوّيلەپ كېلىدىغانلارنىڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆتۈرىدىغان غەۋغاسى قولۇم ـ قوشنىلار ئالدىدىمۇ گۈلزىبانىڭ يۈزىنى يەر قىلىۋاتاتتى. گۈلرۇزمۇ قەستەن ئۇرۇنۇپ ـ سوقۇنۇپ، جېدەل چىقىرىشقا ئارانلا تۇراتتى. بۇ ئۆي ھەقىقەتەن گۈلزىبا ئۈچۈن بەجايىكى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئۇۋىسىدەكلا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئاقمۇللا ئىمامنىڭ مەسلىھىتىگە ئۆز ۋاقتىدە نېمىشقا قۇلاق سالمىغاندىمەن؟ دەپ ئۆكۈنەتتى. گۈلزىبا ئۇ چاغلاردا بىچارە ئانىسىنى ئويلىغانىدى. لېكىن ئانىسىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ئۇنىڭ يولىغا قاپقان قۇرۇپ، ئۇنى ۋەيلۇن دوزاققا تاشلايدىغانلىقىنى ئويلىمىغان. شۇڭا، گۈلزىبا ھېكمەت بىلەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بولسىمۇ كېتىشكە رازى ئىدى. . .

— گۈلزىبا نېمە ئويلاۋاتىسىز، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ھېكمەت قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ھېكمەت مېنىڭمۇ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، سىز بىر ئامالىنى قىلىسىڭىزچۇ. . .

— بوستاندا خالىقلا بولىدىكەن، ئۇلار ئىككىمىزگە ھەرگىز توي خېتى بەرمەيدۇ، — دېدى ھېكمەت بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، — توي خېتىنى شەھەردىن ئالايلى دېسەك، مېنىڭ نوپۇسۇم يېزىدا. . . مەن شەھەردىكى

دوستلارغا دەپ باقاي، ئۇلار بىر ئامالىنى قىلالىسا. مۇشۇ قىشلىق تەتىلدىلا تويىمىزنى قىلىۋېتەيلى.
— ئەگەر شەھەردىنمۇ ئامال بولمىسا قانداق قىلارمىز؟
— بىرلا چارە بار...
— قېنى ئېيتىڭ؟...
— ئاقمۇللا ئىمامغا نىكاھ قىلدۇرۇپ، بىر ئۆيگە كىرىش...
— ماقۇل گېپىڭىزنى ئاڭلايمەن،— گۈلزىبا هايا بىلەن ۋىلىققىدە كۈلدى - دە، ھېكمەتنىڭ كۆكرىكىگە يېپىشتى، — ئەمما تويىنى دوستلىرىمىز ئىچىدىلا ئۆزىمىز بىلىپ قىلىمىز...
ھويلىدىن كامىلنىڭ «ھېكمەت، تاماق تەييار بولدى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار چىڭ قۇچاقلاشتى... ھېكمەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى يېنىكلەپلا قالدى. گۈلزىبامۇ يورۇتۇلغان قەلبىدە يېڭى ئارزۇلارنى ئېلىپ، باغنىڭ تاش پەلەمپىيىدىن چۈشتى.
ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئىسسىق مېھمانخانىغا كىرگەندە، مۇرات ئويدانلا قىزىۋالغانىدى. سەئىدە، نەفىسەلەر ھەر بىرسىنىڭ ئالدىغا بىر تەخسىدىن لەغمەن ئېلىپ كەلدى. بايا خېلىلا قاتتىق گەپلەرنى قىلىۋەتكىنىگە خىجالەت بولغان مۇراتنىڭ گۈلزىبانىڭ ئاداۋەتسىز ئوچۇق چىرايىغا قاراپ، كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى.
— گۈلزىبا سوغۇقتا توڭلىغانسىز؟— دېدى مۇرات تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن،—مەن سىزگە سوغ تېگىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم...
— ياق، توڭلىمىدىم، — گۈلزىبامۇ كۈلدى، — تېخى ئىسسىپ كەتتىم.
— ئەلۋەتتە ئىسسىپ كېتىسىز - دە! يېنىڭىزدا بىر پارچە چوغ تۇرسا...
ئۆينىڭ ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى...
— بولدى، سىز ماڭا گەپ قىلماڭ، — دېدى گۈلزىبا يېقىملىققىنا ئالىيىپ، — مېنىڭ تېخى ئاچچىقىم يانمىدى.
ھەممە ئوچۇق - يورۇق كۈلۈشۈپ تاماققا تۇتۇش قىلىشتى. كامىل، نەفىسە، سەئىدەلەر گۈلزىبانىڭ ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرغىنىنى

كۆرۈپ، خاتىرجەم بولۇشتى ۋە مۇراتنىڭ ئەسەبىيلىكىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىزلىكلەر خۇددى تاڭ تۇمانىدەك تارقاپ كەتكەندى.

داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ھەممىسى كېيىملىرىنى كېيىپ سىرتقا چىقىشتى. ئابلىز ناۋانىڭ مەسلىھەت چېيىغا بېرىشقا تېخى بالدۇر ئىدى. شۇڭا، كامىلنىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۇلار دەسلەپ غازاخۇن ئاكىنى يوقلىماقچى، كېيىن ئالىمجان زېھرۇللانىڭ ئۆيىگە بارماقچى بولۇشتى. چۈنكى، دوستلار ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلماقچى ئىدى.

لەپىلدەپ چۈشكەن قار ئۇششاق ئۇچقۇنلارغا ئايلىنىپ قۇيۇندەك پىرقىراۋاتاتتى. گۇجاننىڭ چوڭقۇر كوچىسى، ئىككى قاسناقتىكى ئېگىز - پەس ئۆيلەر، ئېگىزلىكتىكى باغلار قويۇقلىشىۋاتقان قار تۇمانى ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنەتتى. قار ئۇچقۇنلىرى ۋىژىلداپ كېلىپ، يۈزلەرنى، بويۇنلارنى چاقاتتى. قىيپاش ئۇرۇلۇۋاتقان شامالدىن تەنلەر شۈركىنەتتى. خوتەندە قىش بويى بىر - ئىككى نۆۋەتلا قار ياغاتتى. قار يەرگە چۈشۈپلا، ئەڭ بولمىغاندا ئەتىسى ئېرىپ، قۇم توپىغا سىڭىپ تۈگەيتتى. شۇڭا ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى، قۇم تۇغ ئەمگىكى، زەيكەش چېپىش دېگەندەك ھاشارلاردىن ئېغىر يۈك - تاقلىرىنى يۇدۇشۇپ قايتقان دېھقانلار قىش ئىكەنلىكىگە قارىماي، نەم توپىدا يالاڭ ئاياغ كېتىۋېرەتتى. بىرىنچى ئاي كىرمەي تۇرۇپلا، جۇدۇننىڭ بۇنداق قاتتىق بولۇشىغا قارىغاندا، بۇ يىل قىش قاتتىق كەلگەندەك تۇراتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار كىچىك پاتەم ئاشخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە، گۈلباغدىن پەسكە قاراپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان كېرىموف ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىنى پاكار لەمپىلىك دۇكانلارنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئۇ مۈرىسى ئارقىلىق يانغا قاراپ نەفسە بىلەن گۈلزىبانى كۆرۈپ قالدى. كېرىموف ئىچىدە: «ئەگەر دوستلىرىنى بوستانغا ئۇزىتىپ قويۇشقا ماڭغان بولسا، گۈلزىبا گۈلباغدىن ئارقىغا يالغۇز قايتىدۇ... شۇ چاغدا...» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇلار توساللا يولىغا قاراپ ماڭدى. كامىل، ھېكمەتلەرنىڭ قىزلارنى بىرەر دوستىنىڭ ئۆيىگە تاماشاغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق بولدى.

كېرىموف خۇددى ئوغا يۇتقاندەك تولغىنىپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇ

ئاغىنىسى جامال توختىنى ئىزدەپ شەھەرلىك پەيچۇسوغا كېتىۋاتاتتى. گۇلزىبانىڭ ئۆيىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر نەتىجىسىز قايتىپ كەلگەن كۈنى كېرىموف كەچكىچە قويغان ـ يۈتكىنىنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇزمەي تاماكا چەكتى. ئۆي ئىچىدە توختىماي ماڭدى. بارماقلىرىنى قايرىپ قارس چىقاردى. كېيىن، بىردىن جامال توختى ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ قالدى. ئەنجان كوچىسىدا ئۆتكەن تويدا، ئۇ «قايىت قىمارۋازلارغا چوققىسىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قېچىپ يۈرىدۇ، نۇرغۇن پۇل تەلەپ قىلارمىكىن...»، دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئەسلەپ، ئۇمىد چىرىغى قايتىدىن يانغان كېرىموف شۇ كۈنى كەچتە جامال توختىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا دەردىنى تۆكتى. بۇ قەدىناس بۇرادىرىنىڭ خېلى ـ خېلى ئىشلارغا ئېپى بار ئىدى. ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، گۇلزىبانى شەھەرگە يۆتكىۋېلىش ئىشى خۇددى پايپاقنىڭ يىپىنى سۇغارغاندەك ناھايىتى ئەپلىك بولغانىدى. ئىچىدە چوت سوقۇۋاتقان جامال توختى ئۆزىگە چېكەتكىدەك تىكىلىپ تۇرغان كېرىموفقا قاراپ:

— بىز قايىتنى سولاپ قويغان چاغلاردا، بۇمەرەمخان پەيچۇسوغا كۆپ كېلەتتى... ئۇ قايىتتىن بىسوراق ئۇنلۇكرەكمۇ يۆتىلەلمەيدۇ... ئۇ ئايال پۈت ـ قولى چۇشەلگەن قۇلنىڭ ئۆزى... ھالقىلىق شەخس قايىت... بىز مۇشۇ ساپاقنى چىڭ تۇتۇۋالساق، گۇلزىبا ھېچيەرگە قاچالمايدۇ... — دېدى.

— ھەپتە بوپتۇ، قايىت يوقاپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى كېرىموف.

— مەن تاپىلاپ قويسام، قىمارۋازلار دېرىكىنى ئالالايدۇ... — جامال توختى كۆزلىرىنى ئويناتتى، لېكىن ۋاقتى كەلگەندە، مېنىڭ قىلغان ئەجرىمنى ئۇنتۇپ قالمىساڭلارلا بولىدۇ...

... قارنىڭ سوغۇقىدىن شۇمشىيىپ، يېشىل بوبرۇك پەلتۇسىنىڭ ياقىلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ كېتىۋاتقان كېرىموف ئىچىدە ئۇنى: «ھۇي، تويمايدىغان ئاژناپ پارىخور...» دەپ تىللىدى. جامال توختى ھېلىراقتا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون بېرىپ: «يانچۇقىڭغا بىر مىڭ ئىككى يۈز سوم پۇل سېلىپ دەرھال كەل» دەپ بۇيرۇق قىلغانىدى. بۇنىڭدىن بىرەر خۇش خەۋەرنىڭ بارلىقىنى جەزم قىلغان كېرىموف پەيچۇسوغا قاراپ يول ئالغانىدى، ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا جىپ ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىك

تۇتقۇچىغا بىر قولى كويزا ئارقىلىق چېتىپ قويۇلغان، سوغدا شۇمشىيىپ تۇرغان قىرىق ياشلاردىكى بىر ئادەمنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇرۇن، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، يۈزىدىكى جاراھەتلىرىدىن ئاققان قان ئېگەكلىرىدە قېتىپ قالغانىدى. ئېچىلىپ قالغان تۇكلۇك مەيدىسىدىمۇ تىرناق ياربلىرى تۇراتتى. كېرىموف ئۇنىڭ بۇ پاسكىنا ئەلپازىدىن سەسكىنىپ، كارىدورغا كىرىپ كەتتى. ئۇ ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرۈپ يەنە توختاپ قالدى. جامال توختى ئۆي ئىچىدە كىمگىدۇر ۋارقىراۋاتتى:

— پەيچۇسو سېنى يوشۇرۇپ قويۇپ باقىدىغانغا ئوغرىنىڭ قازنىقى ئەمەس. قانداق نېمە بۇ؟... ئۇن نەچچە كۈن سولاپ قويساڭلار!... دەۋاتقان گېپىنى قارا!... ئۇدۇل تۇرمىگە بارسەن، بىلەمسەن، قاتتىق ئەمگەك، دىكتاتۇرا ئارقىلىق ۋاي جېنىڭنى چىقىرىدىغان يەرگە!...

— خۇش بوپ كېتەي سوجاڭ... جۇگۇ... جۇگۇ... دەپ كېتەي...

كېرىموف ئىشىكنى چەكتى. جامال توختى هايال ئۆتمەيلا چىقىپ كەلدى. ئۇلار كارىدورنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ بىر ئورامدىن تاماكا ئوراشتى ۋە ئاستا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى. جامال توختى ساقچىلارنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۇلارنى تەرەپ - تەرەپكە چاپتۇرۇپ، قايتنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ قانچىلىك جاپا چەككەنلىكىنى پۈرىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقى چىرايىدىكى سوغۇق هىجىيىش بىلەن ئاۋازىدىكى هودۇقۇشتىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئەسلىدە، قايتنى ئىزدەپ يۈرگەن خوتەنلىك قىمارۋازلار ئۇنى قارىقاشتا تۇتۇۋېلىپ، قاتتىق ئۇرۇۋەتكەنىدى. ئۆلۈم ۋەقەسى چىقىشقا ئاز قالغاندا، بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ قالغان قارىقاشنىڭ ساقچىلىرى ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ، قايت توغرىسىدا خوتەن شەھەرلىك پەيچۇسوغا خەۋەر قىلغانىدى.

— قارا كېرىموف، قايت ئۆزىنى پەيچۇسونىڭ تۇتۇپ تۇرۇش ئۆيىگە سولاپ قويساڭلار، دەپ يالۋۇرۇۋاتىدۇ، — جامال توختى تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى، — چۈنكى ئۇ، قويۇپ بەرسەك، سىرتقا چىقسىلا، قىمارۋازلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى... مېيىپ قىلىپ

قويغۇدەك دەرىجىدە يەنە ئۇرىدىغانلىقىنى بىلىدۇ... شۇڭا، ئۇنىڭ قەرزلىرىنى تۆلىيەلەمسەن؟

— تۆلەي. بىراق كېيىن قىچىپ كەتسچۇ؟

— ساددا ئىكەنسەن! بىز ئۇنىڭدىن ھۆججەت ئالىمىز، — دېدى بۇنداق ئىشلاردا پىشىپ كەتكەن جامال توختى، — ھۆججەت «پۇلنى ۋاقتىدا قايتۇرالمىسام، قورۇ - جايىمنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى كېرىموفقا تەۋە بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا يېزىلىدۇ. ئۇ چاغدىغۇ بولار؟...

— بولۇپ قالغۇدەك...

— ئەمىسە، مەن يۆتىلىپ شەپە بەرگەندە، ئىشىكنى چەك، بولامدۇ؟...

جامال توختى ئىشخانىغا كىرگەندە، قولىدىكى كويزىغا قاراپ ئولتۇرغان قايىت ئۇنىڭغا يىلىنغان قىياپەتتە مۆلۈلدەپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تۇخۇمدەك ئىششىپ چىققان يۈزلىرى، كۆكىرىپ قان ئۇيۇپ قالغان كۆزلىرى، يېرىلغان قاپاقلىرىدىن بىچارىلىك، ئامالسىزلىق، روھسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسى ساتىراچنىڭ لاتىسىدەك پارقىراپ كەتكەن، تىزلىرى سۇرۇلۇپ يىرتىلغان تامبىلىمۇ يىلىڭ ھەم مەينەت بولۇپ، ئايىغىنىڭ ئاجرىغان تۇمشۇقىدىن ماتا پايپىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تۇرمىگە ئەۋەتىپ بېرەيلى دېسەك، ئەمگەكتىن قورقساڭ، — دېدى جامال توختى ئاچچىقى بىلەن ئۇستەلگە ئۇرۇپ، — شەرتىڭمىغۇ توشۇپ قالغاندى، ئەمدى قانداق قىلساق بولار؟ دەپ باقە قېنى...

— ئەمدى... سوجاڭ ئۆزلىرى...

— قەرزىڭمۇ ئاز ئەمەسكەن، بىر مىڭ بىر يۈز! جامال توختى ئۇستەلگە بارماقلىرى بىلەن چېكىپ ئويلانغاندەك بولدى، — نەچچە ئادەم دېدىڭا؟

— ئالتە ئادەم...

— مۇنداق بولسۇن! مەن بىر ئاغىنەمدىن ساڭا پۇل ئېلىپ بېرەي، قەرزلىرىڭنى تۆلىۋال... بىراق ئىككى شەرت بار. بىرسى، بۇنىڭدىن كېيىن قىمار ئوينىمايسەن، نەشە چەكمەيسەن؛ ئىككىنچىسى، پۇلنى ئۈچ

ئاي ئىچىدە قايتۇرۇپ بېرىشەن. . . لېكىن، قېچىپ كېتىمەن دەپ خام خىيال قىلما! . . .

— توۋا دېسىلە سوجاڭ. . . ئاش بەرگەن قازاننى يەرگە ئۇرغان نەدە بار؟ — قايىت بىردىنلا جانلاندى، — سوجاڭ، سۇرۇكنى ئالتە ئاي قىلىپ بەرگەن بولسىلا. . .

— قېنى، ئاغىنەم كەلسۇن، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار، — جامال توختى تېلېفۇننى ئېلىپ چۆگىلەتتى، لېكىن ئۇ ئاپپارات توچكىسىنى بارمىقىدا بېسىۋالغانىدى، — ۋەي، ۋەي، قوراللىــــق بۆلۈمگە ئۇلاپ بەرسىڭىز. . . ھە، ھە، كېرىموفمۇ؟ . . . مۇنداق ئىش ئىدى قارا، ماڭا پۇل لازىم بولۇپ قالدى. توي قىلىمەن دەپ يىغىپ قويغان پۇلۇڭنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەلسەڭ. . . خاتىرجەم بول، سەن توي قىلغۇچە قايتۇرۇپ بەرسەم بولمىدىمۇ؟ . . . شۇنداق بولسۇن، مەن سېنى ئىشخانىدا ساقلايمەن. . .

جامال توختى قايىتنىڭ قولىدىكى كويزىنى ئېلىۋېتىپ، ئۇنى يۇز ـ قوللىرىنى يۇيۇۋېلىشقا بۇيرۇدى. ئىشخانىدا تازىلىق چېلىكى، داسمۇ بار ئىدى. تامدىكى قوزۇقتا لۆڭگە ئىلىغلىق تۇراتتى. ئۆزى سىرتقا چىقىپ كېتىپ، خېلى ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ قايتىپ كىرگەندە، قايىــــت يۇزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ مەش يېنىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇراتتى. جامال توختى ئۇستىلى ئالدىغا كېلىپ دېلو خالتىسىدىن بىر دەستە ماتېرىيالنى ئالدى ۋە ئۇنى كۆرگەن قىياپەتتە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، يۆتىلىپ قويدى. ئىشىك چېكىلىپ، كېرىموف كىرىپ كەلدى. قايىت ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك تېڭىرقاپ قالدى. بويىنى قىسقا، ئېڭىكى ئۇچلۇق، بېشىنى گەجگىسىگە چۆكۈرۈۋالغان، قىيسىق كۆز بۇ ئادەم ئۇنىڭغا تونۇشتەكلا بىلىندى. قايىت ئاخىرى، كېرىموفنى ئاۋغان كوچىسى ئەتراپىدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. لېكىن ئۇ چاغدا ئۇ بۇنداق ھەربىي فورمىدا ئەمەس ئىدى.

جامال توختى قايىتنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى، بىر ئاز پۇلغا ھاجەتمەن بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن، كېرىموف قايىتنىڭ ئادەمنىڭ تېنى شۇركەنگۈدەك دەرىجىدە جاراھەتلەنگەن بەدبەشرە تەلەتىگە

قارىدى، قايىت بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى.

— قايىتكامنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ھەيران بولما، — دېدى جامال توختى ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە، — ئۇششاق بالىلىق ئادەم، ئايالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالغانىكەن... قەرز ئىگىلىرى ئۇرۇپتۇ...

— سېنىڭ بىلەن بولغان ئۇزۇن يىللىق ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلمىسام، رەنجىپ قالارسەن، — دېدى كېرىموف پۇلنى جامال توختىغا سۇنۇپ، — بىراق، قاچان قايتۇرۇپ بېرىدۇ، بۇ ئېنىق بولسۇن!

— قايىتكام ئالتە ئايلىق سورۇك بەرسە دەيدۇ.

— بولمايدۇ، مەن تۆتىنچى ئايلاردا توي قىلىدىغان تۇرسام...

— ماقۇل، ماقۇل، شۇنداق بولسۇن... — دېدى قايىت بۇنداق مەردلىكتىن سۆيۈنۈپ، — تىرىك جان بولغاندىن كېيىن، بىر ئامالىنى قىلمامدىم!...

— بۇ دېگەن پۇلنىڭ ئىشى، — جامال توختى يۈز يۈەننى قايرىۋېلىپ، قالغىنىنى قايىتقا بەردى، تىلخەت يېزىپ بېرەرسەن؟

— مەن ساۋاتسىز ئادەممەن، ئۆزلىرى يازسىلا، مەن بارمىقىمنى بېسىپ بېرەي.

جامال توختى بىر پارچە ئىش قەغىزىنى ئېلىپ، ھۆججەت يېزىشقا باشلىدى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئۆچۈرۈپ، ئوڭلاش ئارقىلىــق يېزىلغان ھۆججەتنى ئىچىدە ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، باشقىدىن كۆچۈرۈپ چىقىپ، قايىتقا ئوقۇپ بەردى.

## ھۆججەت

مەنكى ئاۋغان كوچىسى ئۈچىنچى قورۇدا ئولتۇرۇشلۇق قايىت، قورالىق بۆلۈمدىكى كېرىموفتىن بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن پۇلنى ئۆسۈمسىز قەرز ئالدىم. بۇ پۇلنى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن چوقۇم قايتۇرىمەن. ئەگەر قايتۇرمىسام، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، كۈنىگە ئىككى پىرسەنت

ئۆسۈم قوشۇلۇش شەرتى بىلەن، قورۇ - جايىمنىڭ مۈلۈك
ھوقۇقى كېرىموفقا تەۋە بولىدۇ...

جامال توختى ھۆججەت بەرگۈچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، يىل، ئاي، كۈنلىرىنى ئوقۇپ بەردى. بېشىنى چاتىرىقىغا تىقىپ ئولتۇرغان قايىت ھۆججەتنى ئاڭلاپ تۇنجۇقۇپ كەتتى. ئۇ دەسلەپ پۇلنى قولىغا ئالغاندا، بۇ قەرزنى «قىمار دورۇم كېلىپ قالسا، ئەڭ بولمىسا ئوغرىلىق قىلىپ بولسىمۇ قايتۇرۇۋېتەرمەن، ئەگەر قايتۇرالماي قالسام، ئىلى تەرەپلەرگە قېچىپ كەتسەم، مېنى نەدىن تاپالايتتى بۇ دېۋەڭلەر...» دەپ ئويلىغانىدى. ئۇ، سۈرۈكتىن ئۆتۈپ كەتسە، كۈنىگە ئىككى پىرسەنت ئۆسۈم قوشۇلىدىغانلىقىنى، قورۇ - جاينىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ كېرىموفقا تەۋە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ قاپقاننىڭ ئايىقى ئاستىغىلا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، ئەخمەق ئادەم قالماپتۇ... پۇلنى قايتۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق! قولىغا چۈشكەن بۇنداق لوق گۆشنى تاشلاپ بېرىش قاپاقباشنىڭ ئىشى بولار! بەكرەك جىدەل كۆتۈرۈۋاتقان ئۈچ - تۆتىنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتىپ، قالغىنىنى قىمارغا دەسمى قىلسام بولىدىغۇ... خۇدايىم، «ئال قۇلۇم» دەۋاتسا، ئامىتىم كېلىپ، پۇللۇق بولۇپ قالسامىۇ ئەجەپ ئەمەس!... ئۇ چاغدا، كېرىموفنىڭمۇ پۇلىنى قايتۇرالايمەن... كىم بىلىدۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قاچقان دو بىر يولىلا كېلىپ قالامدۇ تېخى... «يەرگە بىر، ئەرگە بىر» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟... لەيلىۋەشتەك دېۋانە تاز بىرلا دەتتىكام دەپ ئېتىپ، جەمشىت شاھنىڭ پۈتۈن دەپى دۇنياسىنى چاڭگىلىغا ئالغان، تېخى ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل خوتۇنى مەلىكە دىلسوزنىمۇ ئۇتۇۋالغان ئەمەسمىدى؟...

بەڭگىنىڭ خىيالىغا بېرىلىپ ھۇزۇرلانغان قايىت ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇنتۇدى، كېيىنكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنىمۇ ئويلىمىدى. چۈنكى، قولىدىكى پۇل شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئالقىنىنى ئەمەس، بەلكى نەق يۈرىكىنى كۆيدۈرۈۋاتاتتى...

— بوپتۇ... — دېدى قايىت بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، — ھۆججەتنىڭ مەزمۇنىغا قوشۇلدۇم.

— ئەمسە، ماۋۇ ئىسمىڭنىڭ ئۈستىگە قولۇڭنى بېسىۋەت، — جامال توختى سۆرۈق قۇتىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈردى، — ھەببەللى، ئەمدى قەرزىڭنى تۆلەپ، ئەركىن - ئىمىن ياشىساڭ بولۇۋېرىدۇ...

قايىت ئىككى قولىنى مەيدىسىگە ئېلىپ، ئۇلارغا يېنىش - يېنىشلاپ تەزىم قىلغىنىچە، ئارقىچىلاپ مېڭىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كارىدوردىكى ئاياق تىۋىشى بېسىقمايلا، جامال توختى بىلەن كېرىموف ئاغزىلىرىنى تۇتۇپ كۈلۈۋېتىشتى.

— قاپاقباش! ئۇرە يۈرگىنى بىلەن ئىشەكتىن بەتتەر دۆت بىر نېمىكەن، — دېدى جامال توختى كۈلكىسىنى ئارانلا بېسىپ، — ئىككى پىرسەنتنىڭ سالمىقىنىمۇ دەڭسىيەلمىگىنىنى!... كۈنىگە يىگىرمە ئىككى سوم قوشۇلسا، ئون كۈندىلا ئىككى يۈز يىگىرمە سوم بولۇپ قالىدۇ ئەمەسمۇ!...

— تۆت ئاي سۈرۈك بەك كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟ — كېرىموف ئەنسىرەپ قالغانىدى، — ئۇ چاققىچە ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا...

— ئەخمەق ئىكەنسەن، ئۇ قىمارۋاز ئۈچ كۈنگىچە پۇلنىڭ غېمىنى ئويان، ئۆدىكىنى بويان قىلىپ بولىدۇ، — جامال توختى مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى، — ئاندىن بىز پۇل لازىم بولۇپ قالدى دەيمىز - دە، ھۆججەتنى باشلىۋېتىمىز...

— ياقا يۇرتلارغا قېچىپىقۇ كەتمەس؟...

— ئۇنداقتا تېخى ياخشى، ھېلىقى كېسەل كۆرپىسى خوتۇن تۆت بالىسىنى سۆرەشتۈرۈپ ئۆيىدىن كۆچىدۇ ياكى گۈلزىبانى ئۆزى قايىلغا كەلتۈرىدۇ...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. جامال توختى قايىتنى ئىزدەپ كەلدى. بۇمەرەمخان دالان ئۆيدە چۈشلۈك تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. گۈلزىبا بىلەن گۈلرۇز ئىشتىن كەلمىگەنىدى. ئابدۇنەبى بولسا مەكتەپتە ئىدى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ پاراڭلاشتى. جامال توختىنىڭ پۇلنى سۈيلەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قايىتنىڭ پېشانە، بۇرۇنلىرى ئاقىرىپ، يىرىك قوڭۇر تۈكلەر قاپلىغان كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. تومۇرلىرىدىكى قان توختاپ قالغاندەك، ئۇنىڭ قىمىرلاشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى.

— بۇ... بۇ... بىز تۆت ئاي دەپ پۈتۈشكەن تۇرساق؟— قايتىنىڭ تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك كېكەچلەپ ئارانلا غۇدۇڭشىدى، — هازىر مەن نەدىن پۇل جايلاپ بېرىمەن؟...

— كېرىموف ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئالغان خوتۇنلىرى توغمىدى، — دېدى جامال توختى، — ئۆتكەندە ئۇ پۇلنى ماڭا يۈز كېلەلمەي بەردى. هازىر ئۇ ۋالىي مەھكىمىسىدىكى بىر باشلىقنىڭ قىزى بىلەن پۈتۈشۈپتۇ...

— پۈتۈشۈپتۇ؟...

قايتىنىڭ كاللىسىدىن ناھايىتى نازۇك بىر خىيال قىلدەك سۈرۈلۈپ ئۆتتى. ئەگەر ئۆتكەندىلا بۇ ئىشنى ئۇققان بولسا، جامال توختى ئارقىلىق ئۇنىڭغا گۈلزىبانى سايە قىلىپ باققۇلۇق ئىكەن. ھۆسن، پەزىلەتتە قايسى قىز ئۇنىڭغا يېتەلەيتتى؟ كېرىموف ئۇنى تېخى كۆرمىدى، ئەگەر كۆرۈۋدىغان بولسا، سالجىدەك چاپلىشىۋالار!... ئۇنداقتا بىر مىڭ بىر يۈز سوممۇ «سۈت ھەققى» ھېسابىغا كېتەتتى ـ دە!...

— ئەتتەڭەي... بالدۇرراق ئۇقۇشقان بولساقچۇ،— دېدى قايىت گويا ئۆزىگە ـ ئۆزى گەپ قىلىۋاتقاندەك پىچىرلاپ، — تازا ئوبدان بولىدىكەندۇق...

— كىمنى دەۋاتىسەن؟— جامال توختىنىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلدى، — سەن قىزىڭ گۈلزىبانى دەۋاتمايدىغانسەن؟

— قانداق، بولارمۇ؟ كېرىموف ئۇ...

جامال توختى ئاتقان تېشىنىڭ نەق نىشانغا تەگكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايى ۋە ھەرىكىتىدىن بۇ ھالىتىنى زادىلا بىلدۈرمىدى. ئۆتكەندە ئەلچى كەلگەن ئىشتىن ئۇنىــڭ خەۋىرى يوق ئوخشايدۇ، ئەگەر خەۋىرى بولسىمۇ، كېرىموفنى بۇرۇن كۆرمىگەچكە، ئەلچى ئەۋەتكۈچىنى باشقا كىشى دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى.

— ۋۇي، بۇ تازا قىزىق گەپ بولدى ـ دە! — جامال توختى چىرايىغا ھەيرانلىق تۈسى بەردى، — ئۆتكەندە ئۇ ئەلچى كىرگۈزسە، «قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق» دەپ، ئەلچىلەرنى ھەيدىۋېتىپسىلەرغۇ؟

— مەنما؟ — قايىتنىڭ كۆل رەڭ كۆز قارىچۇقلىرى چەكچىيىپ كەتتى،— چاقچاق قىلمىسىلا، نەدە ئۇنداق ئىش بولسۇن؟

— بۇ گەپچە، سىنىڭ خەۋىرىڭ يوق ئىسكەندە؟ خوتۇنۇڭ ساڭا ئېيتمىغان ئوخشايدۇ،— جامال توختى يارىنىڭ ئېغىز ئالىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى،— ئەلچىلەر نەتىجىسىز قايتقاندىن كېيىن، ئۇمىدى ئۈزۈلگەن كېرىموف يېقىندا باشقا قىز تاپقان گەپ. . .

— راستما؟ ماۋۇ پاخپاق خوتۇننىڭ قىلغان ئىشىنى كۆرۈڭ! — قايىت چاچراپ تۇرۇپ كەتتى،— راسا بىر. . .

— بولدى، بولدى، قېنىڭنى قىزىتما! خوتۇن كىشى دېگەن ئۆچكە يېغى. . . ئاستا ـ ئاستا ئېرىتمەمسەن ئۇنى! — دېدى جامال توختى جىدەل چىقىشتىن ئەنسىرەپ، — بۇنداق سەپرالىقلىڭ بىلەن، بولىدىغان ئىشنىمۇ بۇزۇپ قويىسەن. . . ئەمىسە مەن كېرىموفقا دەي، ئۇ يېڭىدىن قودىلاشماقچى بولغان يەردىن يېنىۋالسۇن.

— مۇمكىن بولارمۇ؟

— مەن دېسەم، ئۇ يانىدۇ، ئەمما خېلىلا زىيان تارتىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئەكىرگەن تويلۇقلار قايتۇرۇلمايدۇ، چۈنكى ئەر تەرەپ قىزنىڭ يۈزىنى چۈشۈرگەن ھېسابتا بەدەل تۆلەيدۇ. — دېدى جامال توختى قورقاق سىلىپ، — ئەگەر سىنىڭ يېلىڭ چىقىپ كەتسە، كېرىموف ھەر ئىككىلا تەرەپتىن قوش زىيان تارتىدۇ، بۇنى ئويلاشساڭ بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، مەندە گەپ يوق. ئۆگەي دادىسى بولسامۇ، ئۇنى تۆت سەر، يېرىم جىڭ كەلمەيدىغان ئەتلىمە گۆش ۋاقتىدىن تارتىپ باققانمەن. . . ئوقۇتقانمەن. . .

— ئۇنداقتا، قايىت مەن ساڭا كېرىموفنىڭ پۇلىنى قايتۇرمايدىغان بىر ئامالنى كۆرسىتەي.

ئىككى كاللا بىر ـ بىرىگە تەگكۈدەك يېقىنلاشتى. جامال توختى بىر ھازا كۇسۇرلىغاندىن كېيىن، قايىتنىڭ چىرايى ئازغان گۈلدەك ئېچىلدى.

— ۋۇي، بەلەن گەپكەنغۇ! — دېدى قايىت قىماردا دوسى چۈشكەندەك

خوش بولۇپ، — قىنى، ھۆججەتنى ئۆزگەرتىپ يازسىلا، مەن قول قويۇپ بېرەي.

ھۆججەت «قەرز» دىن ئالدىنئالا ئالغان «سوٸت ھەققى» گە ئۆزگەرتىلدى، ئەگەر قايىت قىزنى كۆندۈرەلمىسە، پىرسەنت ئۆسۈم ساقلاپ قېلىنىدىغان بولدى.

جامال توختى ئۇنىڭغا كېرىموفنى كۆيئوغۇل قىلىۋالسا، ئېنىدىن ھەم بويىدىن پايدا بولىدىغانلىقىنى بىر ھازا چۈشەندۈردى. قوراللىق بۆلۈمدە ئۇنىڭ كېچاك دەرىجىلىك كۆيئوغلى بارلىقىنى بىلسە، قىمارۋازلار ئۇنىڭغا تەرەببا قول سېلىشتىن ئەيمىنەتتى. كېرىموفنىڭ قايىتنى بىرەر زاۋۇت ـ كانلارغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشقىمۇ قۇربى يېتەتتى. بۇنداق پۇلى بار، ھەيۋىسى بار، قۇدرىتى بار كۆيئوغۇلنى كۈندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپقىلى بولماس. . . قايىت جامال توختىغا كۈچۈكلىنىپ، ئۆز ساداقىتىنى بىلدۈردى. قايىتنىڭ بۇ ساخاۋەتلىك ئىشنىڭ پۇپۇكىنى بۇزۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن جامال توختى ئۇنىڭغا بۇمەرەمخاننى ئىندەككە كەلتۈرۈشتە ياۋاش ـ يۇمشاق بولۇشنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى. بولمىغاندا، بېسىم ئىشلىتىش، قورقاق سېلىش ئارقىلىق ئىسكەنجىگە ئېلىشنىڭ سىرلىق يوللىرىنىمۇ پۇرىتىپ ئۆتتى.

چۈشلۈك تاماق بولۇپ قالغانىدى. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى. بۇمەرەمخان «داداڭنىڭ مېھمىنى بار» دېگەنىدى، گۈلزىبا كىچىك شىرەنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ، جامال توختىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى. چۈنكى پەيچۇسو قايىتنى نەشە چېكىش، قىمار ئويناش سەۋەبىدىن سولاپ قويغان چاغلاردا، ئۇ تاماق ئاپىرىپ بېرىمەن دەپ بېرىپ، بۇ ئادەمنى كۆپ كۆرگەنىدى. گۈلزىبا شىرە قويۇپ، داستىخان سېلىپ، تاماق ئەكىردى. «ئەجىبا، بۇ ئادەم نېمىگە كەلگەندۇر؟ دادام بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك نېمە گەپ ـ سۆزى بار ئىكەنا؟» دەپ ئويلىدى ئۇ. جامال توختى گۈلزىباغا ئوغرىلىقچە زەڭ سالماقتا ئىدى. يېشىل يۇڭ ياغلىق، يېشىل فوپايكا قىزنىڭ چېھرىنى شۇنچىلىك ئېچىۋەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ ئاي يۈزى خۇددى ئاق ئەتىرگۈلنىڭ يوپۇرماقلار ئىچىدىكى غۇنچىسىغىلا ئوخشايتتى. گۈلزىبانىڭ تولۇپ ـ

يېتىلگەن سىماسى، ئاللا سېخىيلىك بىلەن ئاتا قىلغان ئاجايىپ قاش - كۆزلىرى، ئالا راھەتتەك لەۋلىرى، بىر جۈپ غەزىمەت ئالمىسىدەك چىرايلىق كۆكسى جامال توختىنى ئىبىسىدىن كەتكۈزۈپ، بىر قىسمىلا قىلىپ قويدى. ئۇ ئىچىدە: «قانچە پۇل خەجلىسە ئەرزىگۇدەك... پاھ - پاھ... كۈنلەپ - كۈنلەپ تاماق يېمەي، ھۆسنىگە قاراپ ئولتۇرساڭمۇ، جەننەت نېمەتلىرىنى يېگەندەك ياشىرىپ كەتكۇدەكسەن...» دەپ، كېرىموفقا ھەۋەس ۋە ھەسەت قىلدى. بۇ ئەسنادا، ئاش سۇيى ئېلىپ كىرگەن گۈلرۇز مېھمانغا مەنىلىككىنە قاراپ قويدى. جامال توختىمۇ: «كېرىموف ئىچ پۇشقىنى چىقىرىدىغان ھېلىقى يامان قىز مۇشۇ ئىكەن - دە!» دەپ مۇسەللىدى.

جامال توختى ۋە كېرىموفلارنىڭ يېقىن بۇرادەرلەردىن ئىكەنلىكىنى بىلگەن گۈلرۇز مېھمانخانىدىن چىقىپلا، شۇنداق سەت ھىجايدىكى، گويا گۈلزىبانىڭ يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرغاندەك بولدى. شۇڭا، ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئىككىنچى قېتىم چىقمىدى. جامال توختىنى باشقىلار ئۇزىتىپ قويدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قايىت خۇددى بېشىغا شىۋە قەدرىنىڭ شولىسى چۈشكەندەك، باشقىچىلا ئادەمگە ئايلاندى. ھەرىكەتلىرى سىپىلىق، گەپ - سۆزلىرى مۇلايىم، كۆيۈمچان ئەر، مېھرىبان ئاتا بولۇپ قالدى. گۈلزىباغا ئۆمۈر بويى ياغدۇرمىغان مېھرى - شەپقەتلىرىنى ياغدۇرۇپ: «ۋاي قىزىم چىرايىڭىز باشقىچىلىغۇ؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىمدۇ؟»، «بىرەر نەرسىڭىز كەممۇ؟»، «خىزمىتىڭىزگە كېچىكىپ قالماڭ...» دېگەن گەپلەرنى قىلاتتى. بۇ ياغلىما مۇئامىلە، ئادەمنىڭ غىجىقى كەلگۇدەك سىپىلىق سۆزلەر قانچە تەكرارلانغانسېرى، گۈلزىبا خۇددى بىر كىم ئۆزىگە ئوغا ئارىلاشتۇرۇلغان ھەسەل سۇنۇۋاتقاندەك نەپرەتكە تولاتتى. ئۆزىنى قاچۇراتتى. چۈنكى داشقالغا قانچە ھەل بەرگىنىڭ بىلەن، ئۇ ئالتۇنغا ئايلانمايدۇ، بەرىبىر داشقاللىقى بويىچە قېلىۋېرىدۇ. ئەمما بۇمەرەمخان ئۇنداق قارىمايتتى. قايىتنىڭ ئۆيگە گۆش، كۆكتات، ئوتۇنلارنى ئەكىرىشىنى، ۋاي باللىرىم، دەپ قانات يېيىشىنى، كېسەل ئايالى ئۈچۈن، بەزىدە ناۋات، گۆشگىردە، سامسا كۆتۈرۈپ كىرىشىنى خۇدانىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ ئاتا

قىلغانلىقى، ئەلۋەتتە يېشىمۇ بىر يەرگە باردى. ئاللاھقا سېغىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، دەپ ئويلايتتى.

بۇمەرەمخان قايىتتىن رازى، جامال توختىدىن مىننەتدار بولدى. نېمىلا دېمە، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى دېگەن بىلىملىك، ئوقۇمۇشلۇق، سالاپەتلىك بولىدىكەن. دوستۇڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق دەپ، كونىلار بىكار ئېيتماپتىكەن. قايىت ھېلىقى نەشكەش، قىمارۋازلار بىلەن ئۇلپەتلىشىپ يۈرگەندە، غالجىر ئىت ئىدى. جامال توختىنىڭ مۇبارەك قەدىمى قايسى كۈنى بۇ ئۆيدە پەيدا بولدى، مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ دىيانەتلىك ئەرگە ئايلاندى. «ئالتۇنغا يېقىن يۈرسەڭ چېقى يۇقار» دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە!...

ھەي، بۇمەرەمخان ئانا! ئالدىراپ ئۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمە! بوسۇغاڭغا جامال توختىنىڭ «مۇبارەك قەدىمى» چۈشكەن كۈن ئامەتتىن نىشانمۇ ياكى ئاپەتتىن بىشارەتمۇ؟ بۇنى ياراتقان ئىگىسى ئۆزى بىلىدۇ!... سەن خوشلۇقتىن بىخۇدلۇق بۆشۈكىدە ئۇخلاپ قالما... چۈنكى، تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ ئويۇنلىرى شۇكى، ھەرقاچان، ھەر زامان ئويلىغانلىرىمىزنىڭ تەتۈرسى بولۇپ كەلدى!... ئالەم تۆرۈلۈپ، چەرخى پەلەكنىڭ ئوڭ ئايلانغىنىنى كەم كۆرۈپتۇ!... ياراتقان ئىگىسى قايسى مومىننىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى مەقبۇل ئېتىپتۇ؟... ئاللاھ ئادەمدىن ئىبارەت بۇ شەيتاننى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ چىقىۋەتكەنىكەن، ھەرقايسىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن ھوشيار بولغىنىمىز تۈزۈك!... شۇنداق، بۇمەرەمخان ئانا، پېقىر ساڭا ئاللاھدىن تېرىقچە بولسىمۇ ئەقىل تىلەيدۇ...

## ئەنسىز ئۆتكەن ئەڭ ئۇزۇن كېچە

ئابلىز ناۋانىڭ تويى راسا سوغۇق كۈنلەرگە توغرا كەلدى. خوتەن شەھرى ئەخمەتجان كوچىسىدىكى قاسماخۇن ناۋاينىڭ چوڭ قورۇسى توي تەنتەنىسىگە چۆمگەنىدى. ئايۋان ـساراي، ھۇجرا ئۆيلەر ئادەم بىلەن تولغان بولۇپ، ھويلىنىڭ لاپاسلىق پېشايۋانلىرىغا سېلىنغان كىگىز ـ گىلەملەردىكى مېھمانلار قېلىن كىيىملىرى بىلەن تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. خوتەن

ئاجايىپ خاسىيەتلىك دىيار ئىدى. ھەرقانچە زىمىستان قىش بولسىمۇ، قۇياش كۆتۈرۈلدىمۇ بولدى، جاھان ئەتىياز ۋە كۆز پەسىللىرىنىڭ ئوچۇق كۆنلىرىدەك ۋىلىلدە ئىسسىپ قالاتتى. مېھمانلار ئوتتۇرىدىكى دەلىزىدىن ئورۇن ئالغان سازچىلارنىڭ نەغمىلىرى ۋە ناخشىلىرىدىن ھۇزۇر ئالماقتا ئىدى. ھويلا تاۋاقلاردا ئاش توشۇۋاتقان، چاي چۆگۈنلىرى كۆتۈرۈشكەن مۇلازىملارنىڭ ۋە چىنە ـ قاچا توشۇۋاتقانلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن تولغانىدى.

كامىل ئايال مېھمانلار ئولتۇرۇشقان ئۆيدىن نەفىسەنى ئىشارە بىلەن ئېلىپ چىقتى ۋە سازچىلار ئارىسىدىن ھېكمەتنى چاقىرىۋالدى. ئۇلار كوچىغا چىقىپ، ھويلا كۆۋرۈكى ئۈستىدە توختاشتى. كامىلنىڭ چىرايى سەل جىددىي كۆرۈنەتتى.

— ھېكمەت، مۇراتنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى كامىل ئەتراپىغا قاراپ، — نائىبى ئىككىمىز گەپلىشىپ قاپتىمىز، قارىسام يوق، خېلى ساقلىدىم، كەلمىدى.

— ئۇ مەكتەپكە قايتىپ كەتتىمۇ يا؟ — ھېكمەت نەفىسەگە قارىدى،

— ئۇنىڭ تونۇغۇندىن بېرى كۆڭلى بىر جايىدا ئەمەس. . .

— مەكتەپكە چىقىپ كەتسە مەيلىغۇ، — دېدى نەفىسە ئەندىككەن ھالدا، — يەنە بوز يەرگە كېتىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ھېكمەت، بىز ھەممىمىز كەتسەك سەت بولىدۇ، — كامىل ئالدىراپ تۇراتتى، — سەن توي تۈگىگىچە تۇرۇپ بەر، ئابلىز، ئالىمجان، نائىبى، ئامانىللا، شادىمانلارغا ئۇزۇرىمىزنى يەتكۈزۈپ قوي، بىز ماڭدۇق.

— ھەي، ئاغىنىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ چىقىپ بېرەي.

— ئامانىللا ۋېلىسىپىتىنىڭ ئاچقۇچىنى بەردى، — دېدى كامىل كېتىۋېتىپ، — ھېكمەت، ھېلىقى ئىش توغرۇلۇق گۈلزىبا بىلەن ئوبدانراق سۆزلەشكىن. . .

ھېكمەت دەرۋازا يېنىغا ئورنىتىلغان تاختاي بەلدىڭدە ئولتۇرۇپ، تاماكا چەكتى. ئۇ مۇراتتىن خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. خان ئاتىنى يوقلاپ كىرگەن كۈنى موماينىڭ بەرگەن ئىلھام ۋە مەدەتلىرى، ئامانىللانىڭ ئۆيگە

بارغاندا، غازاخۇن ئاكىنىڭ قىلغان تاشنى ئېرىتكۈدەك نەسىھەتلىرى، دوستلارنىڭ مەسلىھەت ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىدىن كېيىن، مۇرات خېلىلا تۈزۈلۈپ قالغانىدى. لېكىن، تۈنۈگۈن كەچتە، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ياتاقتا دەرس تەييارلىق قىلىپ ئولتۇرۇشقىنىدا، ئېزىز تارمۇش تۇيۇقسىزلا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دوستلارنىڭ تەييارلىغان يېمەكلىكلىرىنى ئېلىپ بوز يەرگە ئىككىنچى قېتىم كىرىپ چىقىشى ئىدى. ئادەتتە چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش كەتمەيدىغان ئېزىز تارمۇش كىردى ـ دە، گەپ قىلالماي تۇنجۇقۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بىسەرەمجان كۆزلىرىدىن ئەندىككەن كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىشتى.

— ئېزىز، زۇمرەتكە نېمە بولدى؟ — مۇرات ۋارقىرىغىنىچە ئېزىزنى قۇچاقلىۋالدى، — تېز ئېيتقىنا؟

— زۇمرەت ئۇ. . . — ئېزىز دەماللىققا سۆزلىيەلمەي قالدى، —كېسەل بولۇپ قاپتۇ. . . ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتىكەن. . . كاشكاپ قايىنتىپ بەردىم، بولمىدى. ئاخىرى، بوز يەر دوختۇرخانىسىدىن دورا ئەكىلىپ ئىچۈردۈم.

— ئاندىن كېيىنچۇ، ھازىرچۇ؟ — مۇراتنىڭ چىرايى سۇتتەك ئاقىرىپ كەتتى.

— ئەسلىدە سەھەردىلا يېتىپ كېلەتتىم، — ئېزىزنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى، — لېكىن كېچىچە ئۇنىڭ يېنىدا بولدۇم، ياقۇپكامنىڭمۇ ھالى بوش، ئىنجىقلاپ ياتىدۇ. مەن ئۇلارغا بىر دەستە ئاق نان ئالغاچ بارغانىدىم، شورپا قايىنتىپ ئىچۈردۈم. سەھەرگە يېقىن.زۇمرەت خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىنلا قايتتىم.

— ھازىر ئۇلارغا كىم قاراۋاتىدۇ؟ — سورىدى كامىل.

— مەن مالچى قېرىغا بىر چارەك بۇغداي بەردىم. ئۇ، خۇشال بولۇپ كېتىپ: «مۇرات ئەپەندى ئىچ پۇشىقى تارتمىسۇن، مەن زۇمرەت قىزغا ئوبدان قارايمەن! » دېدى.

— ئېزىز، بەك ياخشى ئىش قىلىپسەن، — دېدى ھېكمەت خوش بولۇپ، — رەھمەت ساڭا!

— ئېزىز! . . . — مۇرات ئېزىزنى قۇچاقلاپ يىغلىۋەتتى، — مەن

سىنىڭ ياخشىلىقىڭنى قانداقمۇ قايتۇرارمەن؟ . . .
— زۇمرەت توختىماي «بۇلاق، بۇلاق» دەپ جۆيلۈۋاتىدۇ. بەزىدە، كۆزلىرى ئالىيىپ، «ئالا كالا» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىكەن.
مۇرات «بوز يەرگە كىرىمەن» دەپ تۇرۇۋالدى، كامىل، ھېكمەتلەر ئۇنى تەستە تۇتۇپ قالغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن ئۇنىڭ تويغا زادىلا كەلگۈسى يوق ئىدى، دوستلىرىنىڭ نەسىھەتىمۇ ھەدېگەندە كار قىلمىدى. نەفىسە ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كېتىپ سۆزلىشىپ، ئاران دېگەندە قايىل قىلدى، لېكىن ئۇ تويدا يەنىلا خاتىرجەم ئولتۇرالمايۋاتاتتى.
ھېكمەت گۈلزىبا چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن يەنە بىر دەم ئولتۇردى. ئۇ، نەغمە - ناۋا بولۇۋاتقان ھويلا ئىچىگە پات - پاتلا قاراپ قوياتتى. ئۇننەچچە كۈندىن بېرى ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان بىر غەشلىك ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. ئۇ ماھىگۈلدىن قايتىنىڭ كېرىموفنى ئۆيىگە باشلاپ، ئۇنىڭغا بۇ ئائىلىنىڭ قەدىرلىك مېھمىنى سۈپىتىدە ئىلتىپات كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن بېرى، ھېكمەتنىڭ خاتىرجەملىكى يوقالغانىدى. ئۇ، كامىل، مۇراتلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئارىلىقتا شەھەرگە كىرىپ گۈلزىبا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. ئەمما مەۋسۇملۇق ئىمتىھان تەييارلىقى كېتىۋاتقاچقا، كەم قالغان دەرسلەرنى تولۇقلاش، ئوقۇغۇچىلارنى ئەتىگەنلىك، كەچلىك مۇزاكىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش، دەرستە ناچار باللارنى ئايرىپ، ئۇلارغا مەخسۇس تەكرار ئېلىپ بېرىشتەك ئالدىراش ئىشلار تۈپەيلىدىن، ئۇ شەھەرگە كىرەلمەي قالدى.
كېرىموف قايتىنى قانداق قىلىپ قولغا كىرگۈزۈۋالدى؟ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نېمە شۇملۇقلار يۈز بەردى؟ بۇ سوئاللار خۇددى ئۆتكۈر تىغدەك ھېكمەتنىڭ يۈرىكىنى تىلماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ، سازچىلار ئارىسىدا ئولتۇرۇپ گارمون چېلىۋاتقاندىمۇ خىيالى بوراندا قالغان غازاڭدەك باشقا يەردە پىرقىراپ يۈرگەنىدى. كامىلنىڭ: «گۈلزىبا بىلەن ئوبدانراق سۆزلەش» دېيىشىمۇ شۇ ۋەجىدىن ئىدى.
— ھېكمەت بۇ يەردە ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ — ھويلىدىن نائىبى چىقىپ قالدى، — تاۋىڭىز يوقمۇ نېمە؟ چىرايىڭىز باشقىچىلا. . .

— يوقسۇ، — ھېكمەت ئورنىدىن تۇردى، — تاماكا چېكەي دەپ چىقىشىم.

— سازچىلارنىڭ سىزنى سورۇشتە قىلىۋاتقىنىغا نىكەم، جۇرۇڭ...

قىش كۈنلىرى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ. بىردەمدىلا كەچ كىرىپ، گۇگۇم چۈشتى. مېھمانلار ئۆپۈر - توپۈر بولۇشۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى، قىز - يىگىتلەر قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن ھويلىغا يىغىلىشتى. يىگىت قولدىشى بولغان ئالىمجان زىھرۇللا ئابلىز ناۋاغا نېمىدۇر بىر ئىشنى دەۋاتاتتى. يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدا، قىزنى ناغرا ھەم سۇنەي بىلەن كۆچۈرۈش كېرەكمۇ ياكى گارمون بىلەنمۇ دېگەن مەسىلىدە تالاش - تارتىش بولۇۋاتاتتى. ئالىمجان، شادىمان، نائىبى، ئامانىللا ۋە بىرنەچچە يىگىتلەر قوللىرىنى شىلتىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. رەتلىك كىيىنىپ ياسىنىۋالغان ئابلىز ناۋا ۋېجىككىنە قەددىنى تىك تۇتۇپ، نېمىدۇر دېيىشى بىلەن ھەممىسى چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— يىگىتلەر، قىزلار، — دېدى ئامانىللا ئوتتۇرىغا چىقىپ، — يىگىتنىڭ تەلىپى، كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسى بويىچە، بۈگۈن توينى گارمون بىلەن كۆچۈرىمىز...

ھويلىدا قىقاس - چوقان كۆتۈرۈلدى. لېكىن ئەتراپتىكى ياشانغان ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا غۇدۇڭشۇش، نارازىلىق بىلەن پىچىرلاشلار ئاڭلاندى. بەزىلىرى: «ئورۇس نەغمىسىدىمۇ قىز كۆچۈرگەن بارمۇ؟» دېيىشسە، بەزى قېرىلار: «ھارۋىدا ناغرا، دۇمباقنى چېلىپ كۆچۈرسىمۇ بولىدىغۇ؟» دېيىشتى. «ناغرىلارنى ئېشەككە ئارتىق قىلىپ ئارتىپ، بىر ئادەم چېلىپ ماڭسىمۇ بولىدىغۇ!» دەيدىغانلارمۇ چىقتى. بۇ نارازىلىق، غۇدۇڭشۇشلارنى ياشلارنىڭ قىزغىن ئالقىشلىرى بەربىر بېسىپ كەتتى. قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان گۈلزىبا ھېكمەتكە پىچىرلاپ دېگۈدەك: «تويدىن كېيىن سىزگە دەيدىغان گېپىم بار» دەۋالدى. ھېكمەتمۇ باش لىڭشىتىپ: «سىزنى جامە ئالدىدا ساقلايمەن» دېدى. شۇ ئارىدا، ئامانىللا گارموننى كۆتۈرۈپ چىقىپ ھېكمەتكە بەردى.

— ئەمىسە، ھېكمەت، بۈگۈن خوتەندە ھېچقاچان بولمىغان بىر يېڭىلىقنى يارىتىمىز، — دېدى سەل قىزىۋالغان ئامانىللا.

ئەخمەتجان كوچىسىدىن باشلانغان گارموننىڭ شوخ ئاۋازى، ئامانىللانىڭ جىرلىغان ساداسى تىنىچ ئاھالىنى: بىر كۈنلۈك پايدا - زىيانلىرى ھەققىدە ھېسابلىشىۋاتقان كاسىپ - ھۈنەرۋەنلەرنى، كەلمىگەن ئەتىسى ئۈچۈن غەم يېيىشىۋاتقان نامراتلارنى، تۇرمۇشنىڭ داتلاشقان چەينەكلىرىدىن ئەمەلگە ئاشماس ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ چايلىرىنى ئىچىشىۋاتقان بىچارىلەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، كوچىغا ئېلىپ چىقتى. ئىشىك - ئىشىكلەردىن چىققان ئەر - ئاياللار، قىز - چوكانلار ئۇلارغا ھەيران بولۇشۇپ قارىشاتتى. بالىلار يۈگۈرۈشۈپ توپنىڭ ئارقىسىغا قېتىلماقتا ئىدى. ئۇلار قىزىق دەرۋازىسىغا يېتىپ كېلىشى بىلەن، يورۇتۇلغان ئاشخانا، دۇكان، ناۋايخانىلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان ئاشپەز، ناۋاي، دۇكاندارلار، كوچىدىكى تاماشىبىنلار ھېكمەتنىڭ گارمونىغا، جىر ئاۋازىغا ۋە يىگىتلەرنىڭ ھۇشقىتىشىغا، توۋلاشلىرىغا زور ئىشتىياق بىلەن زوقلىنىپ قارىشاتتى. نىمدۇر دېيىشىپ كۈلۈشەتتى ۋە توپ - توپ بولۇپ سەپكە قېتىلاتتى. يىگىتلەر دەممۇ دەم توختاپ، قىزىقچىلىق قىلاتتى، ۋارقىرىشاتتى، كوچىنى چاڭ كەلتۈرۈپ كۈلۈشەتتى. «قىزىق دەرۋازىسى» ئۆزىنىڭ نامى قويۇلۇپ بۇ چاققىچە بۇنداق قىزىق ۋە قايناق شادىمانلىققا چۆككەن كۈننى ئەسكە ئالالمىسا كېرەك.

قىز كۆچۈرۈلۈپ كەلگەندىن كېيىن، قاسىماخۇننىڭ قورۇسىدا خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە بەزمە - ناۋا قايىندى. قىز - يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى. ئامانىللا، ئالىمجان، نائىبى، شادىمانلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانى مەيدانغا چۈشۈردى. ئۇلار بېقىشىپ، بارماقلىرىدىن قارس چىقىرىپ ئويناۋېتىپ، سورۇندا ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم قالمىغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. پەقەت چاۋاك ۋە قىقاس - چۇقانلاردىن كېيىنلا، گۈلزىبا يۈزىنى تۇتۇپ قاچقىنىچە، قىزلار توپىغا ئۆزىنى ئاتتى.

قىز - يىگىتلەر ئويۇنغا قانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئەمما شامال چىقىپ، قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. ھېكمەت گارموننى ئامانىللاغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قايتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. نائىبى ئۇنى قونۇپ قېلىشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، ھېكمەت ئۆزرە ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ھېكمەت جامەنىڭ كۆك خىشلىق ئېگىز تېمى ئەتراپىدا ئايلىنىپ

يۇردى. بىراق شامال بورانغا ئايلىنىپ قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن يوللاردىكى توپا ـ تۇزانلارنى ئۇچۇرۇپ يۈزلەرگە ئۇرماقتا ئىدى. كوچىدىن ئۇشقىتقان، ۋېژىلدىغان، هويلىلاردىن تاراقلىغان، گۇلدۇرلىگەن ئاۋازلار كېلەتتى. هېكمەت جامە دەرۋازا لەمپىسىنىڭ قاراڭغۇ دالدىسىغا كېلىپ تۇرۇۋېدى، يولدىن ئالدىراپ ماڭغان ئاياق تىۋشى ۋە يېنىك هاسىرىغان ئاۋاز كەلدى. بۇ گۇلزىبا ئىدى.

— گۇلۇم! . . . — هېكمەت ئاستا توۋلىدى.

— هېكمەت! . . . — گۇلزىبا يىگىتنىڭ باغرىغا تاشلاندى.

ئۇلار بىر جۇپ گەۋدىدەك، تىۋىش چىقارماي بىر هازا تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئىسسىق تىنىقلىرى بىر ـ بىرىگە قوشۇلماقتا ئىدى. يىرىك ئېڭەكلەر قىزنىڭ سىيلىق هەم مۇزدەك مەڭزىلىرىگە چەكسىز هۇزۇر ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ سەرۋىدەك نازۇك بويىغا ئىللىق ئېقىن تارقالدى! . . . مايسىدەك خەت تارتقان بۇرۇتلار قان تەپچىپ تۇرغان جىنەستىدەك لەۋلەرنى يۇمشاققىنا غىدىقلاپ، قىزنىڭ ئالمىدەك يۈرىكىنى ئوينىتاتتى. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقالغان هارارەت قىزنى مەست ۋە بىهۇش قىلىپ قويغانىدى.

گۇلزىبا بايا دوستلىرى بىلەن كېلىننى هۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا بەخت ۋە شادلىق تىلىگەندىمۇ خۇددى مۇشۇنداق هېسقا چۈمگەنىدى. قىزلار ئۇنى سەندەل هىدى كېلىپ تۇرغان هۇجرىغا ئېلىپ كىرسە. . . بەخت ـ ئامەتلەر تىلىسە. . . قىپقىزىل گىلەم ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان تاۋار يوتقانلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يىگىتنى كۈتسە. . . يۈرىكى قورقۇش. . . هاياجان. . . شادلىق ئىچىدە تىپىرلىسا. . . هايا هەم كۈتۈش نەقەدەر زىددىيەتلىك ـ هە؟ . . . ئاھ يىگىتى كىردى! . . . قىزنىڭ مۇشتۇمدەك يۈرىكى قېپىدىن ئاجراپ كەتكۈدەك بولدى! . . . مانا بۇدرۇق، يۇمشاق قوللىرىنى كۈچلۈك ئالقانلار ئۆز ئىلكىگە ئالدى! . . . سىرلىق قىستى! . . . يۇمران ئېڭىكىنى ئاستا كۆتۈردى! . . . ئەمما قېلىن كىرپىكلەر قارا كۆزلەرنى چۈمپەردىدەك ياپتى! . . . «مەن نېمىدېگەن بەختلىك! » دېدى يىگىتى. . .

. . . گۇلزىبا ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ، بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئاستا شىۋىرلىدى:

— هاراق ئىچىپسىز ـ ھە؟

— سىز ئىچۈردىڭىز، — دەردمەن ھېكمەت پىغان بىلەن ئاھ ئۇردى، — ئەمدى زەھەر قۇيۇپ بەرسىڭىزمۇ ئىچىمەن! . . .

گۈلزىبا ھەممىنى چۈشەندى! . . . ھېكمەتنىڭ قىز كۆچۈرۈش ۋاقتىدىكى گارمون ئوينىتىشلىرى، شوخ جىرلىرى، قىزلارنىڭ ھەۋسىنى كەلتۈرۈپ قىلغان چاقچاقلىرى پەقەت دوستى ئابلىز ناۋانىڭ ھاياتىدىكى ئۇلۇغ ھەم خاسىيەتلىك ئىشى ئۈچۈنلا ئىدى. گۈلزىبانىڭ دوستلىرى: «تىل تۇمار پۈتۈپ، يىگىتىڭنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويساڭ بولغۇدەك» دېگەنىدى. ئەمدى ئايان بولدىكى، ھېكمەت ئۇ چاغدا يۈرىكىدىكى ئاچچىق دەردلىرىنى ئىرادىسىنىڭ كۈچى بىلەن بېسىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىكەن. ئۇننەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىنى كۆرەلمەي، سۆزىنى ئاڭلىيالماي ئىچى ـ ئىچىدىن پۇخـۇنۇپ كەتكەن گـۈلزىبا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئـۇنىڭغا كۆز ياشلىرى بىلەن قوشۇپ تۆكۈپ بېرىشكە باشلىدى.

قايىت بىلەن كېرىموف قەدىناس دوستلاردەك بولۇپ كېتىشكەنىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئۆيگە بىرنەچچە قېتىم بىللە كېلىشتى. كېيىنچە، كېرىموف خۇددى ئۆز ئۆيىدەكلا ئۇسۇپ كىرىدىغان، ھەر كەلگىنىدە گۆش، ئۇن، گۈرۈچ، ماي، سامسا دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بولدى. قايىت ئىككىسى تۈن نىسپىغىچە ھاراق ئىچىپ مۇڭدىشاتتى. بۇمەرەمخان ئۇنىڭغا ھەرگىز قاپاق ئاچمايتتى، گەپمۇ قىلمايتتى. لېكىن ئېرىنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ، بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن كېلىۋېرىدۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن باشلاپ كەلمىسىلە! دېيەلمەيتتى. قايىت يوتقاندا يېتىپ بىر ھازاغىچە ئۇنى ماختايتتى. بۇمەرەمخان: «بولدى قىلسىلا، ئۇ ئادەم خۇددى ئۇستى يېپىلغان گەمىدەك قاراڭغۇ، كۆزىنىڭ ئارقىسىدا يەنە كۆزى باردەك سىرلىق كۆرۈنىدۇ، ئىش قىلىپ كۆڭلۈمگە سىغمايدۇ. . . » دەيتتى. كېرىموف كەلسە، گۈلرۇزمۇ قىلىدىغان قىلىق تاپالماي تۆت پۈتلاپ يۈگۈرەيتتى. تىللىرى چۈچۈكلىشىپ، ئۆزى چاققانلىشىپ كېتەتتى، گۈلزىباغا قاراپ زەھەرلىك ھېجىياتتى. ئىككى يىلدىن بېرى، تۈرلۈك ـ تۈمەن ھىيلە ـ مىكىر، نەيرەڭ، سۇيىقەستلەرنى ئىشلىتىپ ھېكمەتنى باش ئەگدۈرەلمىگەن گۈلرۇز ئۆگەي ئاچىسى بولغان بۇ گۈلزىباغا دۈشمەنلىك

قىلىشنى توختاتمىغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ھەسەت ئوتى گويا شۇمبۇيىدەك يىلتىز تارتىپ، قىساس ھەم ئىنتىقام قامچىسىغا ئايلانغانىدى. قايىت بىلەن گۈلرۇزنىڭ بۇ شۇملۇقلىرىغا بۇمەرەمخان چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى...

بوران بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. بوران ئۆگزىلەردىكى چۈۋۈق سېۋەت، كونا بورا دېگەندەك ئەسكى ـ تۈسكىلەرنى ھويلىلارغا، كوچىلارغا پىرقىرىتىپ ئاتاتتى. لاتا ـ پۇتا ۋە قەغەزلەرنى قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن قوشۇپ كۆككە ئاسمان قەھرىدە ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. گۈلزىبانىڭ سۆزلىرىدىن كەيپى ئۇچقان ھېكمەت قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان ئاچچىقىنى زادىلا بىسىۋالالمىدى.

— ئۇ مۇناپىق بوسۇغىڭىزغا قەدەم ئالغان ھامان، — دېدى ھېكمەت ئاچچىقىدا، — نېمە ئۈچۈن قوغلىمايسىز، تىللىمايسىز... ياكى سىزمۇ؟...

— سىز ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — گۈلزىبا ئەلەم بىلەن خورسىندى، — ئەگەر مېنىڭ يېتىپ ـ قوپىدىغان باشقا ماكانىم، ئاددىيسى بىرەر كەپەم ياكى ئۆڭكۈرۈم بولغان بولسا، كېرىموفنى كۆسەي بىلەن ئۇرغان، زۇمرەتكە ئوخشاش ئوت قويۇۋەتكەن بولار ئىدىم. ئۇ ئۆيدىن ئايرىلسام، مەن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىمەن؟...

ھېكمەت ئويلىنىپ قالدى، گۈلزىبانىڭ ئەھۋالىنى ئويلىمىسىمۇ بولمايتتى. گۈلرۇز ۋەھشىلىكتە چىشى مولۇن، ئاچچىقتا ئوق يىلان، ھىيلىگەرلىكتە ئانا تۈلكىنىڭ ئۆزى ئىدى.

— ئاھ خۇدا!... — ھېكمەت بورانلىق ئاسمانغا قاراپ نالە قىلدى، — ياشاش نېمىدېگەن تەس، بۇ زادى قانداق قىسمەتلەر!...

— بىر ھەپتە بولدى، ئابدۇنەبى يوقاپ كەتتى، — گۈلزىبا ئېسەدەپ كەتتى، — مۇشۇ سوغۇق ـ جۇدۇنلاردا نەلەردە تەمتىرەپ، كىملەرنىڭ بوسۇغىلىرىدا سارغىيىپ يۈرۈيدىكىن؟...

— ئۇنىڭغا نېمە بولغان؟

ئابدۇنەبى كېرىموفقا ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ ھويلىدا تۇرۇۋېلىپ، بوينىنى چار مىكىياندەك سىڭايان قىلىپ تىكىلىشلىرىنى، چىلگە قوناقنىڭ دانىسىدەك ئۇششاق ھەم سېرىق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ يالغان كۈلۈشلىرىنى، چاترىقىدىن

چارسۇ كۆرۈنگۈدەك مايماق پۇتلىرىنى كۆرسىلا، ئابدۇنەبىنىڭ جەھلى قېتىپ، ئۇنى كۆسەي ياكى چوماق بىلەن ئۇرغۇسى، كۇچى يەتسە، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ سېسىق كۆلگە تاشلىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئەقلىنى تېپىپ قالغان بۇ گۆدەك ھېكمەتنىڭ بۇ ئۆيدىن تېزىپ كېتىشىنى، ئاچىسى گۈلزىبانىڭ كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ ئاھ ئۇرۇشىنى ئاشۇ دىقماق بەندىدىن كۆرەتتى. بىر كۈنى، ئابدۇنەبى ئىشىك يوچۇقىدىن ماراپ تۇرۇپ، كېرىموف بىلەن قايىتنىڭ ھېكمەتنى ئۆيگە كەلتۈرمەسلىك، كەلسە قوغلاپ چىقىرىش، لۈكچەكلەرگە ئۇرغۇزۇۋېتىش توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ سادا، ئاق كۆڭۈل بالا ئۇلاردىن ئۆچ ئالماقچى بولدى، نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن كىچىك پوجاڭزىنى موخۇركا ئارىسىغا ئېلىپ يۆگەپ، ئىككى تال ئوراقلىق تاماكا راسلاپ، ئۇنى تەخسىگە سېلىپ قويدى. كېرىموف تەخسىدىكى تەييار ئوراقلىق تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنى تۇتاشتۇرۇپ، ئىككىلا شورىغانىدى، تۇيۇقسىزلا «گوم» قىلىپ پارتىلىغان ئاۋاز چىقىپ، كېرىموفنىڭ كالپۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يۈزلىرى چارلىنىپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن قايىت تەخسىدىكى يەنە بىر تال تاماكىنى ئېلىپ چۇۋۇپ كۆرۈۋېدى، ئىچىدىن بىر تال پوجاڭزا چىقتى. بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققانچە، ئابدۇنەبىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى قايرىپ، لاخشىگىر بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى. ئەگەر، بۇمەرەمخان بىلەن گۈلزىبا ئاجرىتىپ قاچۇرۇۋەتمىگەن بولسا، قايىت شۇ قېتىم ئابدۇنەبىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولار ئىدى.

— ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئابدۇنەبىنىڭ بۇ ئىشىدىن سۆيۈنگەن ھېكمەت، — بىچارە بالا نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇر! . . .

— لوپ، سامپۇل، جىيا كەنتلىرىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ باردىم، — دېدى گۈلزىبا ياش تۆكۈپ، ئۇياقلارغا بارماپتۇ، خۇددى يەر يۇتۇپ كەتكەندەكلا يوقاپ كەتتى.

— بولدى يىغلىماڭ، مەن مەكتەپتىكى ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇنى ئىزدەيمەن، — دېدى ھېكمەت بورانلىق يولغا قاراپ، — سىزمۇ چىدىغاچ تۇرۇڭ، ئۆتكەنكى پىلانىمىز بويىچە، قىشلىق تەتىلدە

ئاقمۇللا ئىمامغا نىكاھ قىلدۇرۇپ، بىر ئۆيگە كىرىۋالىمىز. . . ئەگەر قانۇندىن بىرەر چارە كۆرسە، ئۇنىمۇ كۆرەرمىز. . .

— بۇ بوراندا بوستانغا قانداق چىقىپ كېتىسىز؟ — دېدى پەلتۇسى ئۇچۇپ تۇرغان گۇلزىبا، — دادام بىلەن ئانام ئىچكىركى مېهمانخانىدا ياتىدۇ. گۇلرۇز بۇ چاقىچە ئۇخلاپ قالغاندۇر. مەن دالان ئۆيدە يېتىپ قالىمەن، سىز مېنىڭ ھۇجرامدا يېتىپ قىلىڭ.

— رەھمەت گۇلزىبا، مەن كېتەلەيمەن. . .

ئۇلار گەپلىرىنى توختىتىپ جىم بولۇشتى. چۈنكى ئۇلار قىزىق دەرۋازا تەرەپتىن بورانغا قارشى ئارانلا كېلىۋاتقان ئىككى قارا كۆلەڭگىنى كۆرگەنىدى. ھېكمەت بىلەن گۇلزىبا ئۆزلىرىنى لەمپىنىڭ دالدىسىغا ئالدى. ئايال كىشىنىڭ «گۇلزىبا ئۇخلاپ قالغانمىدۇر؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەر: «توي ھېلىلا تارقىغان تۇرسا؟ . . .» دەپ غۇدۇڭشىدى. گۇلزىبا تونۇش ئاۋازلاردىن ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى.

— ئاخىرى يېنىپ كەپسىلەر ـ دە؟ بەك ياخشى بولدى! — گۇلزىبا ئەرنىڭ قولىدىكى زاكىلانغان بالىنى ئالدى، — بايىلا بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى دېسەم ئۇنىمىدىڭلار.

— ئۇلارنىڭ يىراقتىن كەلگەن مېهمانلىرى بوراندا كېتەلمەي قونۇپ قالدى، ئۆيلىرى توشۇپلا كەتتى، — دېدى ئايال ھاسىراپ، — قارىساق بالا بىلەن قىسىلىپ قالغۇدەكمىز. شۇڭا ئەرزان مېهمان بولۇپ، سىزنىڭكىگە كېلىشىمىز.

— توۋا، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟ كېلىپ باقمىغان ئۆيدەك.

—ۋۇي، مەتىمىن بارات مۇئەللىم بىلەن سەيدىنىسا خانىمكەنغۇ؟— دېدى ھېكمەت ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ، — ئەجىبا، تويدا سىلەرنى كۆرمەپتىمەن؟

— سىز سازچىلار بىلەن بىللە نەغمە قىلىۋېتىپتىكەنسىز، مەن كۆردۇم سىزنى! — دېدى مەتىمىن بارات، — سەيدىنىسا ئابلىزلارغا ئانا جەمەت تۇغقان كېلىدۇ.

مەتىمىن بارات بوستان باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى،

ئايالى سەيدىنىسا بولسا «ئەسكەنتە» باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئىشلەيتتى. گۈلزىبا ھەر قېتىم ئوقۇغۇچى يىغقىلى چىققاندا، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چاي ئىچىپ، ئارام ئېلىپ چىقىپ كېتەتتى. سەيدىنىسامۇ شەھەرگە كىرسىلا، گۈلزىبانى يوقلاپ تۇراتتى. بۇ بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن خۇددى ئېلىشمىغۇچە ـ تېپىشماس دېگەندەك، ئىككىلىسى ئون تۆت ـ ئون بەش ياش بالىلاردەك چوڭلۇقتا، جۇغى كىچىك، چىرايلىرى قارا قومچاق، لېكىن قاش ـ كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، ساددا، مۇلايىم مۇئەللىملەردىن ئىدى.

— ئەمدىغۇ قونۇپ قالارسىز، — دېدى گۈلزىبا ھېكمەتكە، — مەمتىمىن بارات مۇئەللىم بىلەن ئىككىڭلار مېنىڭ ھۇجرامدا ياتساڭلار بولىدۇ.

مەمتىمىن بارات ھەمراھ بولىدىغان بولغاچقا، ھېكمەتمۇ بۇ تەكلىپنى ماقۇل كۆردى. ئۇلار گۈلزىبانىڭ ھويلىسىغا تىۋىش چىقارماي كىرىپ كەلدى. دالان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ بوش غىچىلدىشى، ھۇجرىغا يوتقان ـ كۆرپە توشۇغاندىكى ئاياقنىڭ شىۋىرلىشىدىن باشقا شەپە ئاڭلانمىدى. گۈلزىبا دەرۋازىغا تاقاقنى سېلىپ، دالان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھېكمەت بىلەن مەمتىمىن بارات يېتىپ قېلىشتى. بۇ چوڭ كارىۋاتتا، بىر چاغدا نەفىسە، گۈلزىبا، زۇمرەتلەر يېتىپ مۇڭداشقانىدى. مانا بۇ قاپقاقلىرى ھىم يېپىلغان دېرىزىدىن ئايپىاق ئايدىڭ ھويلىغا قاراپ، ئۆز يىگىتلىرىنىڭ سىمالىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تاتلىق خىياللارغا پاتقان. زۇمرەت «مەن ئەسكىكەنمەن» دەپ يىغلىغان... ئۇ چاغلار مۇھەببەت ۋە دوستلۇقنىڭ ياپيېشىل باھارىغا جۇدۇننىڭ سوغ قوللىرى تېخى تەگمىگەن، تازىمۇ كۆڭۈللۈك بىر چاغلار ئىدى! كېيىنچۇ؟ كېيىن، خالىق، زەينىدىن، كېرىموف، مەتمۇسالاردەك شۇم زاغلار باھارنىڭ بۇ چىمەنىگە زىمىستان ئېلىپ كەلدى!

— مەمتىمىن بارات مۇئەللىم، — دېدى ھېكمەت دېرىزە قاپقىقىغا قولىنى تۇتۇپ، — دەرۋازىنىڭ تاقىقى تاراقلىغاندەك قىلىدىغۇ؟

— بوراندا تاراقلىغاندۇر، ئۇخلىسىلا، — دېدى مەمتىمىن بارات ئەسنەپ.

كۆڭلى نېمىندۇر تويۇپ تۇرغان ھېكمەت خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچمىگەن ھېچنېمە قالمىدى. مۇراتنىڭ تويدىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كېتىپ قېلىشى ئۇنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. ئەگەر ئۇنى كامىل تۇتۇپ قالالمىغان بولسا...

... يېڭىئېرىقنىڭ شال تىگانلىرى يېيىلىپ ياتقان چەكسىز تۇزلەڭلىكلىرى، ھاكىم كەپسىنىڭ ياۋا قومۇش قاپلىغان داللىرى، تارشىلىق لەڭگەرنىڭ شورلۇق چۆللىرى... قار ئۇچقۇنلىرىنى سۇر - توقاي قىلىپ، شىددەت بىلەن ئۇرۇۋاتقان شىۋىرغان... ئۇشقىتىش، ئىسقىرىق، چىرقىراق ئاۋازلار توختىماي چىقىۋاتقان تۈن كېچە... دەلدۈگۈنۈپ، سەنتۈرۈلۈپ، يىقىلىپ - قوپۇپ كېلىۋاتقان ئازغۇن بىر گەۋدە... ھېكمەتنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى.

ھېكمەت يېنىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى. ئۇ قانچە ئويلىماي دېسىمۇ، ئوغرى خىياللار دېرىزە قاپقاقلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن كىرىپ كېلىپ، ئۇنى بىئارام قىلماقتا ئىدى.

... ئاھ، زۇمرەت نېمە بولۇپ كەتكەندۇر؟ پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىنغان مەھبۇستەك، قاراڭغۇ قازناق ئىچىدە زەنجىرنى شاراقلىتىپ پىرقىراپ يۈرەمدىغاندۇر؟... ياكى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا تىترەپ، قارا خىياللار ئىلكىدە، توپىغا پېتىپ ئولتۇرامدىغاندۇر؟... ئېھتىمال كۆيۈك دەستىدە قاداقلىشىپ كەتكەن بىلەكلىرىگە تاماكا ئوتىنى يېقىپ، ئۆتمۈشىدىن ئۆچمىگەن، ياش يۈرىكىگە مۆھۈردەك بېسىلغان ئاشۇ بىرلا يالدامىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتقاندۇر!... ئازابلىنىۋاتقاندۇر!... ئەجىبا، جان قاقشاتقان بۇ تاماكا ئوتى ئۇنىڭ خاتىرىلىرىدىن زادى ئۆچمىگەن بولسا - ھە؟... بەلكىم ئۇ، بۇ ئارقىلىق ياش ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسكە ئالماقچىدۇر؟

تاشقىرىدا شىۋىرغان گۈرۈلدەپ ئۇرۇپ، ئىشىك، دېرىزىلەرنى كەچ قالغان يولۇچىلاردەك قاقماقتا، كونا تاملاردىن ئۇچۇپ چىققان ئەخلەت - سامانلارنى تۈڭلۈك، تۈرخۇنلارغا كەپلەپ تىقماقتا ئىدى. ھېكمەت قانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ يەنە بىر ۋاقىتلارغىچە تۈن كېچىدىكى

تاراق - تۇرۇق، گۈلدۈر - غالاپ، ئۇشقىتقاندەك ھەر خىل ئاۋازلارنى تىڭشاپ ياتتى، ئاخىرى كۆزى ئۇيقۇغا كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. ئەمما شۇ ھامانلا «گۈپپىدە» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغاندى. چۈنكى بىر كىم تامدىن ھويلىغا سەكرەپ چۈشكەنىدى. بىر كىمنىڭ ئىنجىقلىغان، يەنە پالاق - پۇلۇق يىقىلغان شەپىسىمۇ كەلدى.

— مەمتىمىن بارات ئويغانسىلا دەيمەن، — ھېكمەت مەمتىمىن باراتنى تۇرتۇپ ئويغاتتى، — ھويلىغا بىر كىم سەكرەپ چۈشتى...

— ئاناڭنى!... ھېكمەت دې... دېگەن... پا... پاشۋاز ئەپەندى... چىق دەيمەن... چىق بۇياققا... قا... قارنىڭنى بۆسۈ... ۋېتىمەن... سەن... سەن... سېنىڭ مې... مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ قو... قوينىدا يېتىشقا نېمە... نېمە ھەققىڭ بار؟...

بۇ كېرىموفنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ تىلىنىڭ كالۋالىشىپ تىللاشلىرىدىن مەست بولۇپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. بۇ يېرىم كېچىدە، ھېكمەتنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئۇ قانداق بىلدىكىنە؟... كېرىموفنىڭ ئەيمەنمەي، تەپ تارتماي گۈلزىبانى «خوتۇنۇم» دېيىشكە نېمە ھەققى بار؟... ھېكمەت كىيىملىرىنى شاپۇر - شۇپۇر كىيدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە قىلماقچى ئۆزلىرى؟ — دېدى مەمتىمىن بارات چوڭ كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ.

— ئالدىغا چىقىمەن... — ھېكمەتمۇ تويدا ئىچكەن ھاراقتىن تېخى يېشىلمىگەنىدى، — بۇ مۇناپىق بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي...

— ساراڭ بولدىلىمۇ؟ — مەمتىمىن بارات ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ھېكمەتنى توسۇۋالدى، — ئۇ گۈلزىباغا چاي ئىچۈرۈپ قويغان ئادەم بولۇپ چىقسا قانداق قىلىدىلا؟... مەنغۇ خوتۇنۇم، بالام بار ئادەم... لېكىن سىلى بويتاق تۇرسىلا... قايىت دېگەن قىپقىزىل قىمارۋاز، لۈكچەك تۇرسا؟...

— مېنى توسمىسىلا دەيمەن... — ھېكمەت ئىشىكنىڭ ئىلغىلىرىغا قول ئۇزارتتى، — بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەي...

بۇ چاغدا كېرىموف گۈلزىبا ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قالايمىقان ئۇرۇپ - تېپىپ جالاقلاتماقتا ئىدى.

— ئىشىكنى ئاچ سولامچىلار. . . ھەي. . . قا. . . قايىت دېگەن. . لام. . . لامزەللە، سەن. . . سەن مېنى قورقۇتۇۋەتتىڭ. . . تو. . . تولە گوي پۇللىرىمنى! . . . مەن. . . مەن دېگەن ئۇ پۇلغا. . . بە. . . بەش قىز ئالاتتىم.

ھېكمەت ئىشىنىڭ تەكتىگە يەتتى. قايىت ھېكمەتتىن ئوندۇرەلمىگەن پۇلنى كېرىموفتىن ئالغانىكەن ـ دە! . . .

— ماڭىسلا دەيمەن، بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىلە، — مەمتىمىن بارات دېرىزە قاپقىنى ئېچىۋەتتى، — ھازىر ئۇ ئادەم دەھلىزدە، سىلىنى كورمەيدۇ. . . دەرۋازىمۇ ئوچۇق ئىكەن. . .

— ھەي ھايىۋان، كىم سولامچىكەن؟ كىم سېنىڭ خوتۇنۇڭ؟ — ئىكەن، — گۈلزىبانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن نەرىڭ ھەربىي ئادەمگە ئوخشايدۇ سېنىڭ؟ . . . ۋۇي قېرى لوكچەك. . . خوتۇنپۇرۇش. . .

— مەن. . . مەن ئويۇڭنى ئاقتۇرىمەن. . . ھېكمەت دېگەن. . . سول. . . سولتەكنى يوشۇرۇپ قويۇشتۇڭ! . . .

—كېرىموف، قارىسىلا، بىز. . . بىز ھېكمەتنى قوندۇرمىدۇق. . . مەن قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. . . — قايىتنىڭ يالۋۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — يالغان بولسا، ئاختۇرۇپ كورسىلە. . .

— قانداق بەغەرەز، نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم بۇ؟ توۋا قىلدىم خۇدايىم، كېچىدە مەست ـ ئەلەس كېلىپ. . . — بۇمەرەمخان يىغلامسىرىغاندەك ۋارقىرىدى.

— تېز چىقىپ كەتسىلە، گۈلزىبانى ئاپسىلا، — دېدى مەمتىمىن بارات ھېكمەتنى دېرىزە تەرەپكە ئىتتىرىپ، — خانىمنىڭ ئۇلار ئالدىدا رەسۋا بولۇشىنى خالامىلا؟ . . .

مەمتىمىن باراتنىڭ ئاخىرقى سوزى ھېكمەتنى ئويغاتتى. ئۇ دېرىزىدىن ھويلىغا چۈشۈپ، ئوچۇق دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. لېكىن بۇ غەۋغانىڭ قانداق ئاياقلىشىشىنى، نېمە پاجىئە يۈز بېرىشىنى بىلەلمىگەچكە، چوڭ يولغا چىقتى ـ دە، ئوزىنى دالدىغا ئېلىپ، بىر ستولبىنىڭ ئارقىسىغا ئوتۇپ تۇرۇپ، دەرۋازىنى كوزەتتى. ھويلا ئوپۇر ـ توپۇر بولۇپ كەتتى،

ۋارقىراش ـ توۋلاشلار ئاڭلاندى. ئاندىن، بالىسىنىڭ يۆگىكى ساڭگىلاپ قالغان مەمتىمىن بارات خۇددى بىر كىم ئىتتىرىپ چىقىرىۋەتكەندەك، سىرتقا دەلدۈگۈنۈپ يۈگۈرۈپ چىقتى. ئارقىدىن كېرىموف ۋە باشقىلار گۈلدۈرلىشىپ چىقىشتى، دەرۋازا ئالدىدا بىردەم ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ يەنە هويلىغا كىرىپ كېتىشتى...

هويلا ئىچى جىمىقتى... تاشقىرىدا ئۇزۇن تۇرغان هېكمەت مۇزلاپ كەتكەنىدى... شۇڭا ئۇ جامەدىن ئۆتۈپ، كوچا بويلاپ ماڭدى. ئات بازىرىغا كەلگەندە، يەنە ئارقىغا يېنىپ، ئاۋغان كوچىسىدىكى قوش قاناتلىق دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئەمما ئۇ تەرەپتە هېچقانداق شەپە بولمىدى. ئۇ مەمتىمىن باراتنى ساقلاۋاتامدۇ ياكى گۈلزىبانىمۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمىگەن هالدا، ئات بازىرى بىلەن ئاۋغان كوچىسى ئارىلىقىدا بىرنەچچە قېتىم ئالدى ـ ئارقىسىغا مېڭىپ يۈردى. بوران توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. هېكمەت ئات بازىرىدىن ئارقىغا قايتىپ، كۆمۈر بازىسى ئىدارىسى ئالدىغا كەلگەندە، خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا قاپقارا بىر گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. تۈن بەك قاراڭغۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالمىدى. بۇ دىقماق گەۋدىنىڭ مەستلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— قايسىڭ سەن... ئالدىمنى توسۇغان؟— بۇ كېرىموفنىڭ ئاۋازى ئىدى،— قانداق... لاتا قونجا...

— مانا مەن... ئاكاڭ، — هېكمەت غەزەپكە كەلگەنىدى، — ۋۇي ماتاچىنىڭ مالىيى...

— زوۋانىڭغا...

كېرىموف تۇيۇقسىز بىر مۇشت سىلىۋەتتى. ئۇنىڭ قولى كۈچلۈك هەم قاتتىق ئىدى. هېكمەتنىڭ كۆزى لاپپىدە ئوت ئېلىپ، كۆز ئالدىدا قىپقىزىل شەلپەرلەر يىرتىلغاندەك بولدى. ئەمما قاياقتىندۇر قىياندەك بېسىپ كەلگەن غەزەپ ئۇنى دەرهال شىرغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. هېكمەت ئارقىسىغا يېنىپ تۇرۇپ، كېرىموفنىڭ قورسىقىغا شۇنداق تەپتىكى، هەر ئىككىلىسى تەڭلا ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشتى. ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان ئىككى رەقىب توپا، كۆمۈر ئۇۋۇندىلىرىغا مىلىنىپ، پومداقلىشىپ كەتتى. بىردە هېكمەت، بىردە كېرىموف ئاستىدا قالاتتى. ئۇلار

خىرقىرىشاتتى، ھاسىراپ پۇشۇلدايتتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قاتتىقراق مۇشت سىلىشقىمۇ مادارى قالمىغانىدى. كىرىموف ئېغىر مەست ئىدى. ھېكمەت ئۇنىڭغا قارىغاندا سەگەك، چاققان ھەم ھوشيار ھەرىكەت قىلاتتى. ئەتراپتا ئۇلارنى ئاجرىتىپ قويغۇدەك بىرەر تىرىك جان كۆرۈنمەيتتى. پەقەت بورانلا ھەر خىل ئاۋازلىرى بىلەن ئىككىسىگە مەدەت بېرىپ، جەڭ دۇمبىقى چېلىپ بېرىۋاتاتتى. ھېكمەت ئاستىدا قالغان كىرىموفنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، ئىككىلا باش قويۇۋېدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى مىلىشلاپلا كەتتى...

ھېكمەت ھەرىكەتسىز قالغان مەست كىرىموفنىڭ ئۈستىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، جامە تەرەپكە يول ئېلىپ، سەنتۈرۈلۈپ يولنىڭ ھەممە يېرىدە تەڭ مېڭىپ كېتىۋاتقان كىرىموفقا بىردەم قاراپ تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ قارشىسىغا قاراپ ماڭدى. ھېكمەت بوراندىن دالدىلىنىش ئۈچۈن، ئات بازىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى چوڭ ھويلا ئالدىغا كەلدى. ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئولتۇرۇپ بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا يۆلىنىۋېدى، قوش قاناتلىق چوڭ دەرۋازا «غارت» قىلدى ـ دە، ئىچىگە ئېچىلىپ كەتتى. بىراق، دەرۋازىغا ئىچىدىن زەنجىر سېلىنغانىدى. شۇڭا، ھېكمەتنىڭ دۈمبىسى ئىككى قاناتنىڭ ئارىلىقىغا كەپلىشىپ قالدى.

ھېكمەت تۇخۇمدەك ئىششىپ چىققان ئوڭ كۆزىنى سىيلاپ قويۇپ، ئالدىدىكى چوڭ بىر تۈپ تېرەككە قارىدى. ئۇنىڭ غولى قۇچاق يەتكۈسىز بولۇپ، تۈز ھەم ئېگىز ئۆسكەنىدى. تېرەكنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر دۆڭ تۇراتتى. قايسى مەرد ھاتەمنىڭ ساۋاپ تېپىش ئۈچۈن قىلغان ئىشى ئىدىكىن، بۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگە يوغان بىر ئېغىزلىق مەسچىت سېلىپ قويغانىدى. چوڭ ساۋاپ تېپىشنىڭ كويىدا يۈرگەن ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بەش ۋاخ نامىزىنى جامەدە بىجا كەلتۈرگەچكىمۇ، تاشلىنىپ قالغان بۇ مەسچىتنىڭ تام سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن، ھىلال ئاي بەلگىسى ئورنىتىلغان خادىسى قىڭغىيىپ قالغان. دېرىزە راملىرى سۇنغان ۋە بىرمۇ ئەينىكى يوق ئىدى. ھەتتا قۇلۇپ ئىسسىق ـ سوغۇقتا داتلىشىپ، ئىشىكمۇ يېپىلماس بولۇپ قالغانىدى.

ھېكمەت تۈيۈقسىزلا ئارقىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. چۈنكى دەرۋازا ئېچىلىپ كەتكەندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندا، ئالدىدا ئىككى گەۋدە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇراتتى. دۈمچەك، ئۇزۇن ھاسا تۇتقىنى موماي ئىدى. ئەتلەس كۆڭلىكى غۇۋا بىلىنىپ تۇرغان زىلۋا بويلۇقى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياشلاردىكى قىزدەك قىلاتتى.

— ھەي، بۇ ئالا كېچىدە خەقنىڭ دەرۋازىلىرىنى غارتىلدىتىپ ئاچماقچى بولغان ئوغرىمۇ سەن؟ . . . — دېدى موماي ھاسىسىنى ھېكمەتنىڭ كۆزىگە چېنەپ، — ۋۇي تەلەتىڭ قۇرغۇر قاراقچى! . . . زۇۋانى تۇتۇلغۇر كاپىر. . . ھىيلىگەر باغدات ئوغرىسى. . . مەندەك بىر تۇل خوتۇننىڭ بوسۇغىسىنى تېشىپ، قىزىمنى ئوغرىلىماقچىمىدىڭ! . . . ئىلاھىم، دوزاختا كۆيۈپ، يىلان ـ چايانغا يەم بولارسەن! . . .

— چوڭ ئانا، خاپا بولمىسىلا، بارار ـ تۇرار يېرىم يوق، بوراندىن دالدىلىنىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدى ھېكمەت مۇلايىملىق بىلەن، — قاراپ باقسىلا، مەن قىزلىرىنى ئوغرىلايدىغان باغدات ئوغرىسىغا، قاراقچى ـ پاراقچىغا ئوخشامدىكەنمەن؟ . . .

— ماڭ، ئالدىڭغا دەسسە! قىزىمنىڭ ساڭا ئېلىۋەتكەن تىرنىقى تەگمەيدۇ. . . يەنە نېمىگە پاقا تەشكەن سويمىدەك بېزىرىپ قاراپ تۇرىسەن؟ — موماي ھاسىسى بىلەن يولنى كۆرسەتتى، — بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما، قارا بۇ دىۋانىنىڭ ئۆزلىقىنى؟ . . .

— بوسۇغىلىرىغا دەسسەشتىن خۇدايىم ساقلار، — ھېكمەتنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، — سىلىدەك مۇسۇلمانىنى كۆرمەپتىكەنمەن، ياشانغانلىرىدا، ئاشۇ ئېغىزلىرى بىلەن خۇداغا قانداقمۇ ئىمان ئېيتىدىغانلا؟ . . .

— ماڭ دەيمەن. . . سەن. . .

— ئانا، بولدى قىلىڭا! — دېدى قىز سىيلىققىنە تەلەپپۇزدا، —ئۆزلىرى ئاباپام ئابلىز ئاخۇننىڭ تويىدا گارمون چالغان بالىغۇ دەيمەن؟ مەن ئاۋازلىرىدىن، قولاقچا، چاپانلىرىدىن تونۇدۇم . . .

ھېكمەت بېشىغا كۆل رەڭ كۆپە قولاقچا، ئۇچىسىغا يەڭ ۋە پەشلىرىگە جىيەك تۇتۇلغان ئاق ياقىلىق پالىشۇپكا كىيىۋالغانىدى. ئۇ، قىزنىڭ سۆزلىرىدىن خېلىلا جانلىنىپ قالدى.

— شۇنداق خېنىم، ئۆزلىرىمۇ تويغا بارغان ئىكەنلىدە؟ . . .
— خوش، ۋاي خۇدايىم، كوچىدا قالغانلىرىغا قارىغاندا، قايىت ئاكام ئۆيگە كىرگۈزمىگەن ئوخشايدۇ؟ . . .
ھېكمەت تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ سۆزىنىڭ ئورانىدىن ئۇنىڭ ھېكمەتنىڭ ئىشىنى بىلىدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالدى.
— يوقسۇ خېنىم، دوستلىرىم بىلەن يەنە بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ قالغانىدىم. . . شۇڭا. . .
— ھەي ئۇياتسىز، كىر ئۆيگە! — دېدى موماي قىزنى قورۇپ، — يات ئەرلەر بىلەن گەپلەشسەڭ، نامەھرەم بولىدۇ، بىلەمسەن؟ بۇ دېگەن گۇناھ. . .
— جېنىم ئانا، ئۇ. . . ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ. . .
— ۋۇي، رەسۋا قانجۇق، سەن كوچىدا قالغان بىر ئەركەكنى ئۆيدە قوندۇرماقچىمىدىڭ؟ . . .
موماي ھېكمەتنىڭ بايىقى سۆزىدىن خىجىل بولغانمۇ — نېمە، ئەمدى ئاغزىنى بۇزمىدى. ئۇ، دەرۋازىنى ياپتى ـ دە، زەنجىرنى سالدى. تىل ـ ئاھانەتنى بولدى دېگۈچە ئىشىتكەن ھېكمەت ھويلىنىڭ ئېگىز ئەنجان تاملىرىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرەخ دالدىسىغا ئۆتۈپ تاماكا چەكتى ۋە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، بوستانغا چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى. لېكىن قاياقتىندۇر كېلىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى. ئۇ، زەڭ سېلىپ تىڭشىدى. بوراندا دەم ئاڭلىنىپ، دەم ئاڭلانماي كېلىۋاتقان بۇ ئىڭراش ئاچ قالغان كۈچۈكنىڭ زەئىپ غىڭشىشىغا، ئانىسىدىن ئايرىلغان ئاسلاننىڭ مىياڭلىشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ھېكمەت ئالدىدىكى ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان كونا مەسچىتكە چەكچىيىپ قارىدى. چۈنكى ئاۋاز شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن يېقىنلاپ كەلدى. مەسچىتنىڭ ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ بولۇپ، نەم توپىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ئەمدىلىكتە قوتاز يايلىدەك قاپقارا قاراڭغۇلۇقتىن: «ھۇۋ. . . ھۇۋ. . . ھۇۋ. . .» دەپ بوزلىغان ئاۋاز ئاشكارا ئاڭلاندى. ھېكمەت ئۆي ئىچىگە كىرىپ سەرەڭگە چاقتى ـ

ده، چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، يوپۇقسىز كونا جىنازا ئىچىدە بىر كىچىك گەۋدە تۈگۈلۈپ ياتاتتى. ئۇ ھۇۋلايتتى، ئىمىنىلەرنىدۇر دەپ جۆيلۈيتتى... ئۇنىڭ تېنى ھەر سىلكىنگەندە، قاغجىراپ كەتكەن جىنازا غىچىرلايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئېڭىشىپ، سەرەڭگىسىنى يەنە چاقتى. بۇ بىر كىچىك بالا ئىدى. ئىككى قولىنى قولتۇقىغا قىسىپ، تىزلىرىنى قورسىقىغا تاقاپ، يۈزىنى چاپىنىنىڭ ياقىلىرىغا يوشۇرۇپ قىسماقتەك بولۇپ يىغىلىۋالغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، ئەندىككىنىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئابدۇنەبى؟... ئابدۇنەبى كۆزۈڭنى ئاچ... بۇ مەن...

ھېكمەت ئابدۇنەبىنى يۆلەپ قۇچاقلىۋالدى. بىراق ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلغان ھالدا ئىدى، تېنى جۇغۇلداپ، قاتتىق ئىڭرايتتى، ئېڭەكلىرى كاسىلدايتتى. سەرەڭگىنىڭ قايتا چېقىلىشى بىلەن، ئابدۇنەبىنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى ۋىللىدە يورۇدى.

— ئابدۇنەبى ئۇكام، كۆزۈڭنى ئاچ... قارا مەن كىم؟... ئاكاڭ ھېكمەت ئەمەسمۇ؟... ئاڭلاۋاتامسەن... مەن ھېكمەت...

ئابدۇنەبى ئۇزۇنغىچە ھوشىغا كېلەلمىدى. ئۇنى قويۇپ بەرسىلا، يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئىدى. ھېكمەت پالتوپكىسىنى سېلىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى. شارپىسى بىلەن بويۇن، ئېغىز، بۇرۇنلىرىنى يۆگىدى. بارا - بارا ئىسسىق ئۆتكەن ئابدۇنەبى بېشىنى ھېكمەتنىڭ مەيدىسىگە قويدى، ئۇ توختىماي يۆتىلىشكە باشلىدى. تاشلاندۇق مەسچىت شۇنچىلىك قاراڭغۇ ئىدىكى، ئابدۇنەبىنىڭ قوللىرىنىڭ نەلەردە قالغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئاتا خوۋلىقى كۆرمىگەن ئابدۇنەبى ئىككى دۇنيا مەئىشىتىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان مېھرى - شەپقەتكە نائىل بولغان، ھېكمەت بولسا كىچىككىنە گەۋدەكنى باغرىغا باسقان ھالدا، سۇرلۇك جىنازىدا ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا... مۇرات قۇم قايغىنىڭ ئېگىز قۇم داۋانلىرىدا مۆدۈرۈپ، يىقىلىپ كېتىپ باراتتى. يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھۇجۇم قىلىۋاتقان بوران قار ۋە قۇملارنى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئاچقۇزمايتتى... ھېكمەت ھازىر ئۇ توغرۇلۇق ئويلىمايتتى.

ئۇنىڭ ئەلەمزادە كۆڭلى ۋەيرانە دېرىزە سىرتىدىكى بوران بىلەن تەڭ ئۇچۇپ يۈرەتتى.

ھېكمەتنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئابدۇنەبىنىڭ خورلۇق، ئازاپلىرىدىن باشقا ئۆزىنىڭمۇ پىغانلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئابدۇنەبى بىردىنلا ئىڭرىدى، ئۇ ئېسىگە كەلگەنىدى.

— ئابدۇنەبى ئۇكام، ماڭا قارىغىنا.. مەن ھېكمەت ئاكاڭ ئەمەسمۇ...

ھېكمەت سەرەڭگە چېقىشى بىلەن، ئابدۇنەبى كۆزلىرىنى ئارانلا ئېچىپ قارىدى ۋە «ھېكمەت ئاكا!...» دېگىنىچە، ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئابدۇنەبى جالاقلاپ تىترەۋاتاتتى، ئۇ ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ھېكمەتنىڭ يۈزلىرىنى دەزمالدەك كۆيدۈرەتتى. ئۆتكۈر نەپەسلىرى بولسا يالقۇندەك ئۇرۇلاتتى.

— نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغانسەن ئۇكام؟...

— گۈلزىبا ئاچامنىڭ يىغىسىنى كۆرسەم... ئىچىم... ئىچىم ئاغرىپ كېتىدىكەن...، — زەئىپ شىۋىرلىدى ئابدۇنەبى، — ھېلىقى ئادەم قورقۇپ كەتسە، ئۆيىمىزگە قايتا كىرمەسمىكى دەپتىمەن... سىز... سىزنىمۇ ئۇلار...

ھېكمەتنىڭ دېمىقى زىڭگىدە ئېچىشىپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى، ئاۋازىمۇ بىردىنلا غاراڭ - غۇرۇڭ چىقتى.

— جىنازىدىمۇ ياتامسەن!...

— يەر... تولا... بەك... بەك... سوغۇق ئىكەن!...، — ئابدۇنەبى قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى.

— جۇر، سېنى ئېلىپ كېتىمەن...

— ئۆيۈمگە كىر ... كىرمەيمەن...

— خاتىرجەم بول، مەن سېنى قايتقا تاشلاپ بەرمەيمەن...

ھېكمەت ئابدۇنەبىنى ھاپاش قىلدى، ئۇ «ۋاي قولۇم» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. چۈنكى ئابدۇنەبىنىڭ سول قولى ئىششىپ كەتكەنىدى.

— قولۇڭغا نېمە بولدى؟

— دادا... دادام... — ئابدۇنەبى ھېكمەتنىڭ دۈمبىسىگە باش

قويۇپ جىمىپ قالدى.

ھېكمەت ئابدۇنەبىنى كۆتۈرۈپ، تاشلاندۇق مەسچىتتىن چىققاندا، بوران يەنىلا شىددەت بىلەن چىقىۋاتاتتى. ئاسمان سەتھى تۇتاش مانانلاشقان بولۇپ، كۈن چىقىش تەرەپمۇ تېخى سۈزۈلمىگەنىدى. «ئاھ خۇدا، بۇ نېمىدېگەن ئۇزۇن كېچە؟» دەپ پىچىرلىغان ھېكمەت ئاچچىقى يامان مومايىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ قويۇپ، چوڭ يولغا قايرىلدى.

ئابدۇنەبىنى بۇ جۇدۇنلۇق كېچىدە يۇدۇپ بوستانغا ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، نەگە ئاپىرىش كېرەك؟ ئالىمجاننىڭ لۇتپىيە بىلەن توي قىلغىنىغا يېرىم يىل بولۇپ قالغانىدى. بىراق ئۇلار ئىككىلىسى ئىشقا كەتسە، ئۆيىدە ئابدۇنەبىگە قارايدىغان ئادەم يوق بولاتتى. نائىبى، شادىمانلار تېخى بويتاق ئىدى، توغرا، خانىمزاتخان ئانىچۇ؟ ئۇغۇ يېتىم - يېسىر، غېرىپ - غورىۋالارنىڭ بېشىنى سىيلايدىغان، ھىممەت قولىنى ئايىمايدىغان موماي. لېكىن ياشىنىپ قالدى. سەئىدەنىڭ بولسا، ئەتلەس كارخانىسىدىكى ۋەزىپىسى ئېغىر. . .

ئابدۇنەبىنى ھاپاش قىلىۋالغان ھېكمەت ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا ئاخىرى غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى توغرا تاپتى. ئۇنىڭ ئايالى مەلىكىخان ئاچا ئۆزى پاكىزە، قولى چاققان، ئايىقى تېز، چىۋەر ئۆي ئايالى ئىدى. غازاخۇن ئاكىمۇ داۋاملىق «كەلگۈسى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەش، غەمخورلۇق قىلىش، ئاسراش» ھەققىدە ياشلارغا نەسىھەت قىلاتتى.

ھېكمەت ئابدۇنەبىنى مۇساپىر زەرەتكارلىقىنىڭ ئەگرى - بۈگرى يارلىقى ئارقىلىق ئېلىپ ماڭدى. بۇ يېقىن يولنى بىر چاغدا كامىل، مۇراتلار بىلەن مىرزاپىشانىڭ ئۆيىگە بارغاندا كۆرۈۋالغانىدى. بۇ يول ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە دارىلمۇئەللىمىنگە ئېلىپ باراتتى. غازاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدا ئىدى. ھېكمەت دەرۋازىنى قېقىپ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئامانىللا چىقتى، ئارقىدىن غازاخۇن ئاكىمۇ ھويلىدا كۆرۈندى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئابدۇنەبىنى كارىۋاتقا ياتقۇزدى. مەلىكىخان ئاچا سۈتكە نان چىلاپ ئۇنىڭغا يېگۈزدى. ئىسسىتما قايتۇرىدىغان ۋە يۆتەل دورىسىنى ئىچۈردى. ئاندىن،

ئۇنى قىلىن ئوراپ ئۇخلىتىپ قويدى. غازاخۇن ئاكا قايتىنى «هايىۋان، ئەبلەخ، ئىمانسىز...» دەپ تىللاشقا باشلىدى ھەمدە بىر مۇنچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقى ھەققىدە خېلى ئۇزۇن قايىندى. ھېكمەت. كېچىدە كېلىپ ئۇلارنى كۆپ پاراكەندە قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، كەچۈرۈم سورىۋېدى، غازاخۇن ئاكا ئاچچىقلاپ: «نېمە قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىسەن؟ سەن بۈگۈن ساخاۋەتلىك ئىشتىن بىرنى قىلدىڭ، ئەگەر ئابدۇنەبىنى قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولساڭ، ئۇ بۇ زىمىستان سوغۇقتا توڭلاپ ئۆلگەن بولاتتى... بالىلارنى چۈشىنىش، ئاسراش، دەردىگە يېتىشتە، ئوقۇتقۇچىدىن ئۇلۇغ ۋە مېھرىبان ئىنسان يوق...» دېدى.

يەكشەنبە ئەتىگەندە، ئامانىللا، ھېكمەتلەر يۈك ئەدىيالغا ئورالغان ئابدۇنەبىنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. غازاخۇن ئاكىمۇ بىللە كەلدى. ئۇ پېشقەدەم داڭلىق دوختۇر ئابدۇقادىر بىلەن يېقىن بۇرادەرلەردىن ئىدى. دېگەندەك ئۇلار ناھايىتى قىزغىن سالاملىشىپ، چاقچاقلىشىپمۇ ئالدى. ئابدۇقادىر دوختۇر گەۋدىلىك، ناھايىتى ئېگىز كەلگەن، بۇغداي ئۆڭلۈك ئادەم ئىدى. ئۇ، يېنىدا تۇرغان ياش دوختۇر بىلەن بىللە ئابدۇنەبىنى تەكشۈرۈپ «ئۆپكە ئىششىغان، بالنىستتا ياتمىسا بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

— ئۆزلىرىگە بۇ بالىنى تونۇشتۇرماپتىمەن، — دېدى ئابدۇقادىر ياش دوختۇرنى ئىما قىلىپ، — ئىسمى تېلىۋالدى، ئۆزى غۇلجىلىق، نېرۋا كېسەللەر دوختۇرى، بىراق بەك مەسخىرىۋاز...

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىشتى.

— بۇ بالىمۇ غۇلجىلىق، — دېدى غازاخۇن ئاكا ھېكمەتنى كۆرسىتىپ، — ئىسمى ھېكمەت، بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى.

— مەن ئۆزۈمنى يالغۇز ئوخشايمەن دېسەم، — دېدى تېلىۋالدى تۈز كۆڭلى بىلەن، — قويىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغان ئۆچكىدىن يەنە بىرسى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!...

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ھېكمەت تېلىۋالدىنىڭ چاقچىقىغا چىن كۆڭلىدىن سۆيۈندى. تېلىۋالدى ئۆسكىلەڭ دولقۇن ـ دولقۇن چاچلىرىنى

بىر يانغا تارىغان، قاڭشارلىق، پېشانىسى كەڭ، ئاق سېرىق 27 ـ 28 ياشلاردىكى، ئوتتۇرا بوي، قاملاشقان يىگىت ئىدى.
— مەن مەخسۇس نېرۋا كېسەللىرى كەسپىدە ئوقۇغان. ھازىر ئابدۇقادىركامدىن ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللەرگە ئائىت بىلىم ـ تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋاتىمەن، — دېدى تېلىۋالدى كەمتەرلىك بىلەن، — مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ ئادەم مېنىڭ ئۇستازىم بولىدۇ. . .
— بۇ ھەزىلكەش دېگەن بىلەن ياش بولسىمۇ، زېھنىي ئۆتكۈر.
ئامانىللا بىلەن ھېكمەت رەسمىيەت ئۆتەپ، ئابدۇنەبىنى ياتاقتا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، ئامانىللا بۇ ئىشنى گۈلزىباغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەتتى. ھېكمەت بوستانغا قايتماقچى بولۇپ، دوختۇرخانىنىڭ دەرەخلىك ھويلىسىغا چىقىپ، تېلىۋالدى دوختۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.
— ھە، ئۈچكە، جاڭگالغا قايتماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دېدى تېلىۋالدى چاقچاق قىلىپ، — غازاخۇنكامدىن ئاڭلىسام، شىۋجېڭجۇيىچى ئۈچكە بولۇپ قاپسەنغۇ؟
— سەن بۇ «شەرەپ»كە ئېرىشەلمىدىڭمۇ؟
— ئۇنى بىر دېمە، مېنىمۇ بوش قويۇشمىدى، — دېدى تېلىۋالدى كۈلۈپ، — ماۋزېدۇڭ: «شىنجاڭغا ئاساسىي خەۋپ سوۋېت شىۋجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ» دېگەن. ئەمما بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئالجىغانلار بۇ گەپنى ئاساسىي خەۋپ «ئىلى شىۋجېڭجۇيىچىلىرىدىن كېلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىۋالدى. شۇنداق ئىكەن، مېنى ئاياپ قويارمىدى؟
— شۇنداقمۇ؟
— ئەمما، ئابدۇقادىر ئاكام ۋىلايەت بويىچە نام ـ ئاتىقى بار ئادەم ئىكەن، مېنى شۇ كىشى قۇتقۇزۇۋالدى.
— خوتەنگە قاچان كەلگەنىدىڭ؟
— 1958 ـ يىلى!
— مەن 1961 ـ يىلى كەلدىم، — دېدى ھېكمەت، — سەن غۇلجىنىڭ قەيىرىدىن؟
— جاغىستايدىن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەھرالىق.

— ئەمسە، يامغۇر ياغسا، دۇمبىسىدە سازاڭ قايناي‌دىغان داڭگالمەن دېگىنە؟

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— بولىدىكەنسەن جۇمۇ! بابا سېنى ئوخشىتىۋەتكەنتىم، شۇنىڭ ئۆتنىسىنى ئالدىڭ ـ دە!... شەھەرگە كىرسەڭ، كېلىپ تۇرغىن...

ھېكمەت ئاتاقلىق دوختۇر ئابدۇقادىر ۋە يۇرتلىقى تېلىۋالدىلار بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىغا قەۋەتلا خوشال بولغان ھالدا، بوستانغا قايتتى. تېلىۋالدىنىڭ بىر ـ ئىككى ئېغىز چاقچىقى ۋە كۈلكىسى ئانا يۇرتى غۇلجىنى ئۇنىڭ ئېسىگە سالغانىدى. غۇلجىنىڭ قايناق قىزىقچىلىقتا تولغان تويلىرى، ئولتۇرۇش ۋە مەشرەپلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە، بىر كۈن كەچكىچە ماشىنىغا ئېگىشىپ كىيىم تىكىدىغان كۆيۈمچان دادىسىنى، مېھرىبان ئاپىسىنى، سىڭىللىرىنى تاقەتسىز سېغىندى، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلگەنىدى.

ھېكمەت شەھەردىن چىقىپ، شورباغ ئۆستىڭىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قەدىمىنى تېزلەتتى. چۈنكى ئۇ مۇراتتىن ئەنسىرىمەكتە ئىدى. مۇرات ھازىر مەكتەپتىمۇ ياكى كېتىپ قالغانمىدۇر؟ ئەگەر تۈنۈگۈن تويدىن چىقىپلا ماڭغان بولسا، بۇ چاققىچە بوز يەرگە يېتىپمۇ بولغاندۇر... زۇمرەت ئۇنى تونىيالىغان بولسا، نېمىدېگەن ياخشى بولار ئىدى ـ ھە!...

# كالا سۈرەتلىك جىن چاپلاشقان قىز

داۋۇتنىڭ مال ئېغىلى قورۇسىغا ئىككى ئۇلاقلىق ئادەم كىرىپ كەلدى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا يەر تىلغاپ، خارتىلدىغىنىچە جىم تۇرالمايۋاتقان شاش ئاتقا يانتۇ مېنىۋالغىنى بوستان گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى تۇراپ ئىمىن بولۇپ، جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك قايناتتىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ، بىر پۇتىدا يەر چاپچىپ تۇرغان كۆك خېچىردا ئولتۇرغىنى خالىق كاتىپ ئىدى. ئۇ قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىسىغا بوشراق ئۇرۇپ، ئېغىلنىڭ ھەممە يېرىگە سەپسېلىپ قارايتتى. ئۇلار يالغۇز توغراق بوز يەر مەيدانىغا خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەنىدى. تۇراپ

ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپ ئىككى كۈندىن بېرى بارلىق چوڭ - كىچىك ئەترەتلەرگە بېرىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرىنى تەكشۈردى. توپلىغان يەرلىك ئوغۇت، سېتىۋالغان خىمىيۋى ئوغۇت، ئاھالىلەردىن يىغقان مۇرا قوۋۇزنى، كۆل، كونا تام توپىسى قاتارلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. بوغالتىرلارنىڭ دەپتەرلىرىدىكى سان - سىپىرلار بويىچە راسلانغان ئوغۇتنى يەرلەرگە تەقسىم قىلىپ، بىر مو يەرگە سەكسەن يۈدۈم تۆككىلى بولامدۇ - يوق، مۆلچەرلەپ چىقتى، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم تېرىلىدىغان يازغى بۇغداي، ئاق يەر قونىقى قاتارلىقلارنىڭ ئۇرۇقلۇقى پىلاندىكى يەرگە يېتەمدۇ ياكى كەملەمدۇ؟ سۈپەتكە لايىقمۇ؟ ئۇرۇقلۇقنى دورىلاشقا دورا تەييارلاندىمۇ؟ دېگەندەك ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. چۈنكى، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا كۆپ ۋاقىت قالمىغانىدى. ئىككىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى، ئونىنچى كۈنلىرى ئەتراپىدا يەرگە ساپال چىقاتتى. تۈراپ ئىمىن بىلەن خالىق كاتىپ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ناھايىتى ئوبدان مېھمان بولدى. بولۇپمۇ توپلىغان ئوغۇتى پىلانغا يەتمىگەن ياكى ئاق ئوغۇت، دورا دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا پۇل چىقىش قىلالمىغان كادىرلار قوي سويۇپ، توخۇ ئۆلتۈرۈپ، هاراق - مۇسەللەسلەر بىلەن مېھمان قىلىپ دېگەندەك، ئۇلارنى يۇمشاتتى. بۈگۈن ئۇلار خىزمەتلىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، بوز يەرنىڭ يەكشەنبە بازىرى قىزىپ بولغۇچە، ياقۇپ بىلەن زۇمرەتنى «زىيارەت» قىلغىلى كەلگەنىدى.

— هاي قايىسىڭ بار؟ — خالىق ئۈزۈڭگىدە تىك تۇرۇپ ۋارقىرىدى، — مال ئېغىلىنى تاشلاپ كېتىدىغان قانداق خىرامان خەق بۇ؟...

پىچان ۋە زىغىر پالىكى بېسىلغان لاپاس ئۈستىدە ئارا تۇتقان بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇ قولىدىكى ئارىنى تاشلىۋېتىپ، شوتىدىن پەسكە قاراپ چۈشتى - دە، ئۈستۈاشلىرىنى شاپۇر - شۇپۇر قېقىپ، يېتىپ كەلدى ۋە قورۇنۇپ، پۈكۈلۈپ سالام قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! تۇ شۇجى، خا كاتىپ كەپقاپتىكەن ئەمەسمۇ؟ تېگىل سەت ئىش بولدى.

— ۋارقىرىساق نېمانداق «مۆ» دەپ مۆرەپمۇ قويمايسىنا؟ — خالىق قىرىنىڭ كۆزىلا چەكچىيىپ قالغان توپا چىرايىغا، سامان، پىچان ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن ئاپئاق كەكە ساقاللىرىغا قاراپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — ئۆگزىگە چىقىپ ئۇخلاپسەن ـ دە؟...

— يوقسۇ، يوقسۇ، بۇ سوغۇقتا ئۇخلىغىلى بولامدۇ؟ ئۆگزە دېگەن شامالنىڭ ئۆتۈش يولى، — دېدى قېرى قول قوشتۇرۇپ، — زىغىر پالىڭى بىلەن پىچاننىڭ ئاستى نەملىشىپ قاپتىكەن، ئۆرۈپ شامالغا سالدىم. كۆكىرىپ كەتسە مال يېمەيدۇ.

— ياقۇپ قايسى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ؟ قېنى باشلا!...

— خوش، خوش، — قېرى كېتىۋېتىپ غوتۇلداپ قويدى، — ياقۇپاخۇننىڭ بىرنەچچە كۈن بولدى تاۋى يوق، ئىنجىقلاپ ياتىدۇ...

قازناقنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى يوغان ئېچىلدى، تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىق كىرىپ كەلدى. بۇ ئۆي بۇزۇلغان، سۇنغان ئەسكى ـ تۈسكىلەر ئامبىرىمۇ ياكى ئادەم ياتىدىغان ئۆيمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بىر خىل بەدبۇي پۇراق دىماغقا ئۇرۇلۇپ، بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۆي ئوتتۇرىسىغا قېقىلغان قوزۇققا زەنجىر بىلەن چېتىپ قويۇلغان زۇمرەت قولتۇقى ۋە يەڭلىرى بوسۇلۇپ كەتكەن تاشلاقسىز كالتە كۆرەك جۇۋا كىيگەن بولۇپ، بېلى ئارغامچىدا باغلانغانىدى. ئۇنىڭ يالاق ئاياغ پۇتلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى، پاخپاق چاچلىرى قۇش چاڭگىسىغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ياتىدىغان جايى بولسا كېرەك، توپىدىن پەرقسىز بولۇپ كەتكەن يىرتىق كىگىز ئۈستىدە، مازلىرى ساڭگىلاپ قالغان كىر يوتقاندىن بىرسى پۈرلىشىپ تۇراتتى. ئۆزى بولسا، بۇ جاھاندىن بىخەۋەر، تاماكىدەك ئورالغان قەغەزلەرنى قول بېغىچىغا تەڭكۈزۈپ، توپىدىلا ئولتۇراتتى. زۇمرەت تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىققا باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىدى. مالچى قېرى بىر بۇلۇڭدا چاپان ـ چاۋىلارنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ يېپىنىپ، ئىڭراپ ياتقان ياقۇپنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنى ئاستا تۈرتتى:

— ياقىۋاخۇن، هاي ياقىۋاخۇن، تۇ شۇجى، خا كاتىپلار ئۆزلىرىنى يوقلاپ كەپتۇ...

ياقۇپ ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ناھايىتى تەسلىكتە بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ

ئۆسۈپ كەتكەن ئاپئاق چاچ ـ ساقاللىرى خۇددى قۇرۇق شاخلارغا ئېلىنىپ قالغان پاختىدەك ياغاچتەك جۇدەڭ يۈزىگە ئەرۋاھنىڭ تۈسىنى بەرگەنىدى. تىرىكلىككە شاھىت بولۇپ پىلدىرلاپ تۇرغان گۆنىسىز كۆزلىرى ئۆچۈش ئالدىدىكى جىن چىراغنى ئەسلىتەتتى. ياقۇپ ئېغىرلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى ئارانلا ئېچىپ، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەن ھالدا، بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ، بېشىنى سامان تەكيىگە قويدى ـ دە، قاراڭغۇ تورۇسقا قاراپ جىمىپ كەتتى. زۇمرەت بىلەن ياقۇپنىڭ پاجىئەسىنى كۆرۈپ بىر قىسىملا بولۇپ قالغان تۇراپ ئىمىن تۇنجۇققاندەك بولۇپ، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا، كائىناتنى ئاق چېچەك قاپلاپ كەتكەن باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، چوشقا فېرمىسىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ خالىققا: «پاھ، پاھ مېغىزدەك بالىكەنا؟ يالىڭاچلاپ يوتقانغا ئەكىرىپ كۆزىگە قاراپ ياتساڭمۇ، بىر جەننەت ھۆزۈرى بولىدۇ ـ دە!...» دېگەنىدى. مانا ئاشۇ بەرنا، شۆللۈك قىزنىڭ بولۇپ قالغان ھالىنى كۆرۈپ، ئۇ ئاچچىققىنە كۈلۈپ قويدى. ئەمما خالىق زۇمرەتنىڭ يالغان ئورالغان تاماكىلارنى قولىغا يېقىپ ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، كارنيى بوغۇلغاندەك بولۇپ قالدى. مۇراتنى سولاپ قويغىنى، قىزنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتكىنى، قىزنىڭ مۇراتنىڭ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلگىنى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقىنى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ ھوقۇقۇمغا تايىنىپ زۇمرەتنى يەڭدىم. ئۇ ئەمدى پۇتلىرىمغا يىقىلىپ ماڭا يالۋۇرىدۇ، قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان يەيدۇ... مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! دەپ، ئاچچىق ياشلارنى تۆكىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇ يېڭىلگەنىدى. خالىق قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، زۇمرەتنى ئەقلىدىن، جىسمانىي قۇۋۋىتىدىن ۋە گۈزەللىكىدىن مەھرۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇراتنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى ۋەيران قىلالمىغانىدى!... زۇمرەت ئېلىشىپ قالغان مۇشۇ ھالەتتىمۇ مۇراتنىڭ تاماكا ئوتىنى ئۇنتۇپ قالمىغان...

ياغاچ ئىلغىدىكى بىر سان گۆشكە ۋە ئەمبەل تاختىدا تۇرغان بىر دەستە ئاق نانغا خالىقنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئەجەب ئىش!... دېھقانلار

قوناقتا يىتىشەلمەي ئارپا نېنى يەۋاتقان مۇشۇنداق سىرىقتال ۋاقتىدا، بۇ دېۋانىلەر گۆش ھەم ئاق ناننى نەدىن تاپقاندۇر؟ خالىقنىڭ كۆڭلىنى بىر شۇملۇق كېزىپ ئۆتتى.

— بۇ گۆش بىلەن ئاق نان نەدىن كەلدى؟...

— بۇ... بۇ...، — قېرى مالچى دەرھاللا بىر نېمە دېيەلمىدى، — ياقىۋاخۇننىڭ ياخشى كۈننىڭ يامىنى بار دەپ ساقلاپ قويغان ئازىراقىنا پۇلى بار ئىكەن... شۇنىڭغا...

— راست گەپنى قىل! بۇ يەرگە بىر كىشى كەلدىمۇ - يوق؟

— ئىللا تاۋارا، چىمپىششىق، ھېچكىم كەلگىنى يوق، — مالچى ئېزىز تارمۇشىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئالمىدى، — پەقەت ئاشۇ يىرتىق جۇۋامنى زۇمرەتخانغا كىيگۈزۈپ قويدۇم شۇ. بىراق، ئۇ ئاياق كىيگىلى زادىلا ئۇنىمايدۇ.

خالىق زۇمرەتنىڭ زەنجىر چېتىلغان پۇتىدىكى يۆگەلگەن لاتىغا قارىدى. بۇ مۇراتنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئىككى يېڭى بولۇپ، رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالدا پاسكىنىلىشىپ، چەت - چۆرىسىدىكى يىپلار ساڭگىلاپ تۇراتتى.

— زەنجىر پۇتىنى يالاپ زېدە قىلىۋېتىپتىكەن... يۆگەپ قويدۇم...

بۇ چاغدا تورۇسقا قاراپ ياتقان ياقۇپنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇزۇلمەي تۆكۈلۈۋاتقان يوغان - يوغان ياش تامچىلىرى چوڭقۇر قورۇقلىرى بويلاپ، تۈك باسقان قۇلاق تۈشۈكلىرىگە، مايلاشقان سامان تەكيىگە ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى، تاتلىق قىزى زۇمرەتنى، خاتىرجەم تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلغان مۇنۇ بېشىغا قارا پىرىداق①، ئۇچىسىغا كۆك سوكنادىن ياقىلىق چاپان كىيىپ، خورۇم ئۆتۈكىنى پارقىرىتىپ، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ تۇرغان خالىقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى، قاشاڭ پىچاقتا قىيناپ بوغۇزلىغۇسى، ئاغزى - بۇرنىغا خېمىر تىقىپ تۇنجۇقتۇرۇۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن ئۇنىڭدا ئۇنداق مادار يوق ئىدى!... ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز ئاچچىق تىللار بىلەن تىللاپ

① پىرىداق — قوزا تېرىسىدە تىكىلگەن، تىك قاسقانلىق تەلپەك.

كۆكسى ـ قارنىنى بوشىتىۋالسىمۇ بولاتتى!... بىراق، بولمايدۇ... ئۇ يەنىلا قىزى زۇمرەتنى ئويلىشى كېرەك!... «تۆت كۈنلۈكۈم قالدىغۇ» دەپ، ئۆزىنىڭ دەردىنىغۇ چىقىرىۋالار، پۇخادىن چىقار... ئەمما قىزى تېخى ياش، ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىدى... مەجنۇنلۇق تورلىرىغا چىرمالغان بولسىمۇ، كۈنىنىڭ سىرىقىنى كۆرسۇن!... ئۇنىڭ ياش هاياتىنى نابۇت قىلغان... ئەمدىلا بىخلانغان ئاشىقلىق مايسىلىرىنى قىرقىپ تاشلىغان... خۇشال ـ شادىمان كۈنلىرىگە بەرهەم بەرگەن زادى كىم؟... ياقۇپ! شۇنداق، ياقۇپىنىڭ ئۆزى!... ئۇنىڭ نادانلىقى، تەرسالىقى، دېۋەڭلىكى قىزىنى مۇشۇ كويلارغا سالدى!... بىر ئادىمىي هايۋاننىڭ زەهەر ـ زوققۇملىرى ئۇنداڭ ئۇچۇن تۇتىيا بىلىندى... قانداقتۇر ئايۋان ـ ساراي، بوغماق سىكىلەكلەر ئۇنىڭ كۆزلىرىنى تورلاشتۇرۇپ، ئاق كۆڭلىنى قارىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى... ئۇ بەكمۇ كېچىكىپ ئويغانغانىدى، ئويغانغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى.

خالىقنىڭ، ئۆزىنى ئىشخانىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، يالغان، ياسالما، ساختا هۆججەتلەر بىلەن قاپقانغا دەسسەتكەنلىكىنى ئۇ پەقەت خالىق زۇمرەتنى مەتمۇساغا سېتىۋەتكەندىن كېيىنلا بىلدى... لېكىن، ئۇ ئۆزى قىزىنىڭ سادىق، ۋاپادار، سەمىمىي، پاك دوستلىرىنىڭ يۈرىكىنى داغلاپ خۇن قىلىۋەتكەن كۈنلەر ئىدى... مانا ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى ئىشەنگەن، چوقۇنغان ئادەملىرى ئۇنى مەسخىرىلەپ، تاماشاسىنى كۆرۈپ، هۇزۇرلىنىپ قاراپ تۇرۇپتۇ!... ئۆز قولى بىلەن ئازاب ئوچىقىغا تاشلىغان مۇرات بولسا زۇمرەتنى ئۇنتۇغىنى يوق!... ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىدىن قورقماي، چۆل ـ جەزىرىدە، شورلۇق، قۇملۇقلارنى پىيادە كېزىپ كېلىپ، قىزىنىڭ بېشىنى سىيىلىدى. كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە هېچنېمىگە ئەرزىمەس بولۇپ قالغان بۇ ئاتا ـ بالىنى يوقلايدىغانلارمۇ بۇ دۇنيادا بار ئىكەنا؟... قېرى مالچىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، مۇراتنى مىنبەگلار باغلاپ ماڭغاندا، ئۇ: «زۇمرەت، جېنىم تېنىمدە بولسىلا، مەن سىزنى ئېلىپ كېتىمەن...» دەپتۇ... مانا، ئېزىز تارمۇشتىن گۆش، ئۇن، مايلارنى يەتكۈزۈپ بېرىۋاتىدۇ... هەتتا

زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىپ داۋالاتماقچى ئىكەن. . . بۇنداق خەيرىخاھلىق قانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ؟ بولۇپمۇ زۇمرەتنىڭ مۇشۇ ھالىتىنى كۆرسە، ھەرقانداق ۋىجدانلىق، پىداكار بولغان ئادەمنىڭمۇ كۆڭلى سوۋۇمامدۇ! . . .

ياقۇپ ئۇننى قويۇپ بېرىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەنىدى.

— ياقىۋاخۇن، — دېدى قېرى مالچى تىزلىنىپ تۇرۇپ، — تۇ شۇجى، خالىق كاتىپقا دەيدىغان گەپلىرى بارمۇ؟ ئۇلار ئالدىراش ئوخشايدۇ.

ياقۇپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ قاراڭغۇ قازناقتىكى خالىقنى گىرىم - سىرىم كۆردى. بۇ چاغدا تۇراپ ئىمىن ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— مەن. . . مېىي تۈگىگەن بىر چىراغمەن. . . مېنى ئۆچمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ . . . — دېدى ياقۇپ ھاسىراپ، — بىراق، قىزىم زۇمرەتكە ئۇۋال بولدى! . . . ئۇنى. . . ئۇنى. . . مۇراتقا تاپشۇرۇپ بەرسەڭلار! — ياقۇپ قولىنىڭ ئارقىسىدا ياشلىرىنى سۈرتتى، — ئۇ تېخى ياش. . . پۈتۈنلەي ئىسىنى يوقاتقىنى يوق. . . پەرۋىش تاپسا، داۋالىنسا ساقىيىپ كېتىدۇ. . . ئەگەر مەن. . . مەن كېتىپ قالسام، ئۇ قانداقمۇ قىلار؟ . . . قارىغۇچىسىز، تىكەندەكلا يالغۇز قالىدۇغۇ؟ . . .

ياقۇپ يەنە ئىسەدەشكە باشلىدى. خالىق ئۈن - تىن قىلمىدى. پەقەت تاماكىسىنى ئالدىرىماي ئوراپ تۇتاشتۇردى. سەرەڭگە چېقىلىپ، قازناق ئىچى ۋىلىلىدە يورۇشى بىلەن، زۇمرەت لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇششاق ھالقىلىق زەنجىرنى شاراقلىتىپ خالىقنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ مەينەت چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش ئالامىتىنى كۆرگەن خالىق ئۇندىمەي جىم تۇردى. زۇمرەت يېڭىلا تۇتاشتۇرۇلغان تاماكىنى شارتلا قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، غەلىتىلا كۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنى بىلىكىگە ياقتى. تولا كۆيدۇرۇپ قاداقلىشىپ كەتكەن بىلەكلەر سەزمىدىمۇ ياكى ھۇزۇر بېغىشلىغانمۇ، ئەيتاۋۇر زۇمرەت تاماكىنى بىلىكىگە ياققىنىچە كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. خالىقنىڭ تېنى تىكەنلىشىپ، پۈتۈن بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. ۋاپا، چىن سۆيگۈ، پاك ئەقىدىنىڭ، ھەقىقىي ئېتىقاتقا

ئايلىنىپ كەتكەن مۇھەببەتنىڭ قۇربانى بولسا ئەرزىيدۇ... ئەمما، خالىق بۇنى چۈشەنمەيدۇ - دە!...

زۇمرەت ئىككىنچى قېتىم بېشىنى كۆتۈرگەندە، خالىققا تىكىلىپ قاراپ قالدى. ئۇ ئۇزۇن جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنىڭ مېڭىسىدە بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن ھەرخىل چىرايلار... تېلېفون سىملىرى... گېزىت - ژۇرناللار... ئايئاق چېچەكلىكلەر... ساغرىسىدا ئوت كۆيۈپ قېچىۋاتقان كۆلەڭگىلەر... خۇددى بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئورۇن تالىشىۋاتقاندەك ئەكس ئەتمەكتە ئىدى. ئەمما، بىردىنلا بىر قارا قويۇن كېلىپ، ھەممىنى ئۇچۇرۇپ ئاسمان قەھرىگە ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ بوش ۋە قۇرۇق كاللىسىدا بىرلا سىما قالدى، ئۇ مانا سوغۇق بىر تەبەسسۇم بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى...

«... تۇمشۇقۇڭلار يەر تىرەپ قالغاندا، سۆڭىكى، قىلتىرىقى بارمۇ - يوقمۇ دېمەي، گېلىڭلارغا تىقىسىلەر...»، «بىلەمسىز، زىيان دېگەن ئاچچىق، يەتتە يۇز ئاتمىش سومغا بوردىغان قويدىن ئونبەشى كېلىدۇ...»

زۇمرەت بىردىن چېچىنى چاڭگاللاپ، دەھشەتلىك چىرقىرىدى - دە، خالىققا ئېتىلدى. بىراق پۇتىدىكى زەنجىر ئۇنى تارتىپ يەرگە يىقىتتى. خالىق ئىشىك تەرەپكە قاراپ قاچتى ... قېرى مالچى قىزنى تۇتۇۋالدى. زۇمرەت «ئالا كالا، ئالا كالا...» دەپ توختىماي ۋارقىرايتتى، چىرقىرايتتى. بوشىنىۋېلىپ خالىقنى قوغلىماقچى بولاتتى. ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ، نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى... ياقۇپ ئۆمىلەپ كېلىپ، قىزنى باغرىغا بېسىپ، ئۇنى پەپىلىدى، دۇمبىلىرىنى سىيلىدى... پېشانىلىرىگە سۆيۈپ، چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

قېرى مالچى تۇراپ ئىمىن بىلەن خالىقنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ياقۇپنىڭ باغرىدا ياتقان زۇمرەت توختىماي «ئالا كالا» دېگەن بىر سۆزنىلا تەكرارلايتتى. ياقۇپ بولسا قىزىنىڭ چاچلىرىغا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، خىيالغا پاتقانىدى، ئۇ خۇدادىن ئۆزىگە قىزى زۇمرەتنى مۇراتىنىڭ قولىغا تاپشۇرغىچىلىكلا ئۆمۈر تىلەيتتى. ئالىمادىس

ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسا، بۇ بىچارە قىزى قانداق قىلىدۇ؟ ھېلىغۇ قېرى مالچى بار... لېكىن، ئۇمۇ ياشىنىپ قالغان ئادەم تۇرسا!... قىزى مۇشۇ قاراڭغۇ گۆردە تۇپىغا پېتىپ، ياش ھاياتىنى ئاياقلاشتۇرارمۇ؟... ئۇنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ئىستەك ـ تىلەكلىرى شۇنچە گۈزەل ئىدىغۇ؟... ئاھ زۇمرەت، زۇمرەت!... سەن ئېسىل، ھەم نەپىس، بىباھا زۇمرەت ئىدىڭ!... ھازىر مانا تاشلاندۇق بىر تاشقا ئايلاندىڭ!...

ياقۇپ ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئويغانغىنىدا، زۇمرەت يوق ئىدى. پەقەت زەنجىر باغلانغان قوزۇقنىڭ ئورنىدا بىر تۆشۈك تۇراتتى...

— زۇمرەت!... قىزىم زۇمرەت؟...

ياقۇپ ئەسكى ـ تۇسكىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ـ دە، ساراڭلاردەك تولاپ، ۋارقىراپ، ئۆي ئوتتۇرىسىغا گۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇشقا قانچە كۈچىنىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن پۇت ـ قولى ئۆزىگە بويسۇنمىدى، ئاخىرى، ئۆمىلەپ بېرىپ، قازناقنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە بىرلا قەي قىلىپ قان قۇسۇپ، ئېگىز بوسۇغىدىلا يېتىپ قالدى. دەل شۇ پەيتتە ھاسىراشتىن نەپەسلىرى يېتىشەلمەي قالغان مۇرات مال ئېغىلى دەرۋازىسىدىن ئېتىلىپ كىردى. ئۇ ئاق مەشۇتتەك ساقاللىرى قىپقىزىل بويىلىپ، ئۇيۇشقا ئۇلگۇرمىگەن قانغا يۇزىنى يېقىپ يېتىپ قالغان ياقۇپنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە زۇمرەت كۆرۈنمەيتتى. مۇرات ئىزىز تارمۇشتىن مال باققۇچىنىڭ ياشانغان ئايالىنىڭ ئۇنى پات ـ پات ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، تاماق بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. مۇرات قورۇپ قاقشال بولۇپ قالغان ياقۇپنى ھېچ كۈچىمەيلا دەس كۆتۈردى ۋە ئۇنى ئېلىپ بېرىپ ئورنىغا ياتقۇزدى. ئۇ، قاپاقتىن داسقا سۇ قۇيۇپ لۆڭگىنى ھۆللىدى، ئاندىن، ياقۇپنىڭ ئاغزى ـ بۇرۇنلىرىنى سۈرتۈپ تازىلىدى. ياقۇپ بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچكەندىن كېيىن، «ئۇھ» دېدى ـ دە، كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، مۇراتقا قارىدى، ئەمما ئۇنى تونىيالمىدى. نە دېرىزىسى، نە پەنجىرىسى يوق بۇ گۆردەك قاراڭغۇ ئۆينى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن بىر دەستە نۇر خىرە ـ

شىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىسلاشقان بورا، قۇرت يېگەن ياغاچ، جۇمبا - جاۋەن، ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن تولغان بۇ غىمسا ئۆيدىن قاڭسىق تەر ۋە نەم سۇۋاقنىڭ ھىدى كېلەتتى.

مۇرات قۇرىغان ياۋا قومۇش ئۈستىدىكى يىرتىق كىگىزدە پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتقان تىرىك مۇردىنى تونىيالمايلا قالدى. ياقۇپ شۇنچىلىك جۇدەپ كەتكەنىدىكى، گۆردەك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرى ئۇنىڭ ھايات شامىنىڭ تېخى ئۆچمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، ئارانلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھالەت، مېھراپ شەكىللىك ئويۇقلىرىغا تاۋار يوتقانلار تىزىلغان، تام قوزۇقلىرىغا ئاق يىپەك يەكتەك، شايى روماللار ئېسىلغان، ھۇجرىلىرى، كۆتۈرمە پىشايۋانلىق ئايۋان - سارايلىرى كاتتا بولغان يېڭى ئۆيگە، يۇمىلاققىنا كەلگەن چاققان خوتۇنىغا خام تامادا بولۇپ، زۇمرەتتەك جىگىرىنى ئۆز قولى بىلەن دوزاققا تاشلىغان ياقۇپنىڭ ئاقىۋىتى بولغانىدى! . . .

مۇرات ئېلىپ كەلگەن بىر بولاق تونۇر كاۋىپىنى، گۆشگىردە ۋە نانلىرىنى سومكىسىدىن ئېلىپ ئەمبەل تاختىغا قويدى. تونۇر كاۋىپىدىن بىر كېسىم ئېلىپ، ئۇششاق تىتىپ، ياقۇپقا يېگۈزدى. قوشۇقتا سۇ ئىچۈردى. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرىدىن ئاققان سۇنى، كۆزلىرىدىن ئۈزۈلمەي تۆكۈلۈپ تۇرغان ياشلىرىنى لۆڭگىدە سۈرتۈپ تۇردى.

— ياقۇپكا، ئۆزلىرىنى قانداقراق سىزىۋاتىلا، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىلىمۇ؟ — دېدى مۇرات ئۇنىڭ يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە چاپان يېپىۋېتىپ، — زۇمرەت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ئۇنى بىر يەرگە ئېلىپ چىقىپ كەتتىمۇ؟

— ئوغلۇم مۇرات، مېنى كەچۈر، مەندەك بىر دېۋەڭ قېرىنى كەچۈر! مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن. . چىرايىڭغا قاراشتىنمۇ ئۇيىلىمەن. . . مەن سىلەرنىڭ قىساسىڭلارغا قالدىم. . .

ياقۇپ كۆز جىيەكلىرىنى تەستە ئېچىپ، ماغدۇرى كەتكەن قوللىرىغا، تىترەپ تۇرغان تىزلىرىغا تايانغان ھالدا كىگىز ئۈستىدە تۆت پۇتلاپ ئۆمىلەپ يۈرۈپ، مۇراتنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋالدى ۋە كاكىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئاھ خۇدا، مەندەك ناكەس بەندەڭنى جازالا!... مېنىڭ جېنىمنى ھازىرلا ئال!... تېنىمنى دوزىقىڭغا تاشلا... بالىلىرىمغا سالغان دەردۇ بالالارنىڭ ئازابىنى تارتاي!... ھۆ... ھۆ... ھۆ... — ياقۇپنىڭ دۈمبىلىرى سىلكىنەتتى، ئۇ ئاھ ئۇرۇپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلايتتى، — ئوغلۇم مۇرات، سەن... سەن زۇمرەتنى تاپ، ئۇنى ھازىرلا ئېلىپ كەت... يىراقلارغا... ئادەمزات يوق چۆللەرگە ئېلىپ كەت!... قانچە يىراققا ئېلىپ كېتەلىسەڭ، شۇنچە ياخشى بولىدۇ!...

— ياقۇپكا، زۇمرەت زادى نەگە كەتتى؟ — مۇرات قوزۇق سۇغۇرۇلغان تۆشۈكنى ۋە زەنجىرنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپ قالدى، — نېمە ئۇ؟...

ياقۇپ تۇراپ ئىمىن، خالىق كاتىپلارنىڭ ھېلىلا كەلگەنلىكىنى، زۇمرەتنىڭ خالىققا «ئالا كالا» دەپ ئېتىلغانلىقىنى، ياقۇپنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا كىتىشى بىلەن، ئۇنىڭ قوزۇقنى سۇغۇرۇپ، قېچىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مۇرات خالىقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— زۇمرەت بەلكىم خالىقنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دېدى ياقۇپ ھاسىراپ، — بۈگۈن بازار كۈنى ئەمەسمۇ، تۇ شۇجى، خالىقلار ھەر كەلگىنىدە بۇ يەرنىڭ بازىرىنى ئويىنماي كەتمەيدۇ...

— خالىق! خالىق.. بۈگۈن مەن سېنىڭ...

مۇرات ئويۇقتىكى سۆڭەك دەستىلىك پىچاقنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىسىغا تىقتى ۋە قازناقتىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. ئۇ، شۇنچىلىك غەزەپكە كەلگەنىدىكى، ياقۇپنىڭ: «مۇرات بالام! مەن ساڭا بىر نەرسە بېرىمەن، ئېلىپ كەت!...» دەپ توۋلىغان ئاۋازىنىمۇ قۇلاق سالماي يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا يالغۇز توغراق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنىڭ ئۇزۇن كەتكەن رەستە بازىرى راسا قىزىپ كەتكەنىدى. تونۇردا، شىرىندا، ھوردا پىشۇرۇلغان كاۋىلارنىڭ مەززىلىك

ھىدلىرى پۇتۇن رەستىنى بىر ئالغانىدى. خېرىدارلارنىڭ «ماڭا بىر شاپاق، يەنە بىر كېسىم» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى، ئالىيېشىل بويالغان بورىلىرىنى ماختاۋاتقانلار، خام ۋە سەرگەزلىرىنى مۇرىسىگە ئارتىۋالغان خالتاپلارنىڭ «ئۆرۈچى قويۇق، پاختىسى يېڭى» دەپ توۋلاشلىرى، تاشتۇزى ئارتىلغان ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىشى، بۇرنىدىن چۇلۇك ئۆتكۈزۈلگەن كالىلارنىڭ مۆرىشى، تىرەجەپ ماڭمايۋاتقان ئۆچكىلەرنىڭ ئاچچىق مەرىشى، بادرا بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ مايسىرىغان ئوقلىرىنىڭ نالىلىرى قوشۇلۇپ، بازارغا ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى. جارچىلار پات - پاتلا قۇلاقلىرىنى تۇتۇپ، بوم ئاۋازدا جار سالسا، داتلاشقان ئامبۇرلىرىنى ئېسىۋالغان چىش تارتقۇچىلار «چىش تارتىمەن!» دەپ خىقىرىشاتتى. قۇرۇق يەل - يېمىش قاتارلىرىغا يېقىن كەلگىلى بولمايتتى. بىرسى: بىر چارەك ①گۈلە قاق! دېسە، يەنە بىرسى، ئىششەك ② چىلان. . . دەپ توۋلايتتى. ئالىمان ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى: «ھەي مەللەتون، نىمشەك ③مۇنەك تارتىۋەتكىنە!» دەيتتى. تارازىچىلارنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى چاققان ئىدى، ئۇلار بىرسىنىڭ ئالغان جىگدىسىنى، يەنە بىرىنىڭ قېقىنى تارتىپ بېرىپ، تارازا تېگىدە ئۆزى ئۇچۇن قالدۇرغان ھەققىنى بەلبېغىغا ئۆتكۈزۈۋالغان خۇرجۇنلىرىغا تۆكەتتى، ئىنەكنىڭ يىلىنىدەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن خۇرجۇنلىرىنى پولدۇڭلىتىپ، تاغارلار ئارىلاپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. مال بورداپدىغانلار قاتتىق - قۇرۇق نان پارچىلىرى، كېپەك، قوناق يامىسى دېگەندەكلەر سېتىلىدىغان بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا باھا تالىشىپ ۋارقىرىشاتتى. بۇ بازارغا تەكلىماكان قۇملۇقى ئىچىدىكى تەۋاككۇل، ئىسلامئاباد ۋە يامان بۇك، ھوڭ دېگەن يېزىلاردىنمۇ ئادەملەر كېلىشەتتى.

ئاپتاپنىڭ بۇرنىنى ئىگىلىگەن ساتىراشلارمۇ سىرى كۆچكەن، داتلاشقان رو قاچىلىرىدىكى يىلمان سۇغا قوللىرىنى تىقىپ، بارماق

① چارەك ② ئىششەك ③ نىمشەك — ئېغىرلىق ئۆلچەملىرى.

ئۇچلىرىدىن سۇ تېمىتىپ، ھەرخىل باشلارنى ئۆۋۈلايتتى. بەلبېغىغا باغلىۋالغان كاپلىرىغا گال ئۇستۇرىلىرىنى پات - پات پاقىلدىتىپ ئۇراتتى.

تۇيۇقسىزلا، بازارنىڭ ئۇ بېشىدا ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، قاچ - قاچ بولۇپ كەتتى. چېچىنى ئالدۇرۇۋاتقان ئېگىز بويلۇق دېھقان بويىنىنى سوزۇپ قارىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە يېرىگە ماز چاپلانغان تاقىر بېشىدىن ھور چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە ئىش بولغاندۇر - ھە؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— نېمە بولماقچىدى، — دېدى ئېڭىكىدە سانغۇدەكلا بىرنەچچە تال ساقىلى بار ساتىراش، — يەنە شۇ ساراڭ قىزنىڭ غەلۋىسى بولمامدۇ! . . . ئۇ تۇرۇپلا پەيدا بولۇپ، «بۇلاق»، «ئالا كالا» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، ھەممىنى ساراسىمىگە سالىدۇ. قولىدا تاماكىسى بارلارنى كۆرسە چىقىلمايدۇ. . .

— تاماكا چېكەمدىكەن ئۇ ساراڭ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئېگىز بويلۇق دېھقان.

— نەدىكىنى؟ خەقنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ بىلىكىگە ياقىدۇ. . .

— بىلىكىگە ياقىدۇ؟ ۋاي خۇدايىم! . . . بۇلاق، ئالا كالا دېگىنى نېمىدۇر؟ . . .

— ئالا كالا سۇرەتلىك جىن چاپلاشقان گەپ، — دېدى ساتىراش ئۇستۇرىنى كاپلىغاچ، — ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ قىز بۇلاق بېشىدا ئۇخلاپ قاپتىمىش. . . شۇ چاغدا بىر ئالا كالا مۈڭگۈزىدە ئۇنى تۈرتۈپتىمىش. . . ئويغانسا، ئۇ كالا ئاقتىمۇ يوق - كۆكتىمۇ يوقمىش. . .

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى يېنىدىكى ياش ساتىراش لوقما سېلىپ، — بۇ قىز بۇلاق بېشىغا سىيىپ قويۇپتىكەن، ھېلىقى ئالا كالا «ھەي سۇغا سىيگەن كاپىر» دەپتۇ - دە، ئۇسۇپتۇ. . .

— شۇ! شۇ. . . جىن دېگەن پاك بولمىغان ئادەمگە چېقىلىدۇ، — دېدى ئېگىز بويلۇق دېھقان.

— ئۇنداقتا، ئۇ جىننىڭ ئۆزى «مۇسۇلمان» ئىكەن - دە! . . .

بۇ سۆزنى قىلغان ئېزىز تارمۇش ئىدى. ئەگەر باشقىلار بۇ كىنايىنى قىلغان بولسا، ئۇلار قارشى قوپقان بولاتتى. لېكىن يوشۇرۇن ئاشلىق بازارلىرىدا، رەستە سورۇنلاردا مەن - مەن دېگەن تۇمىقى قىرلاقلىق ئۆكتەم نوچىلارنىمۇ ئۇرۇپ قوپالماس قىلىپ قويغان بۇ يىگىتتىن ھەممەيلەن تەپ تارتاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، بارلىق چىشلىرىنى تولۇق كۆرسىتىپ ھىجىيىشتى. . . مۇرات بۇ يەرگە قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، كامىل ئېزىزنى ئارقىدىن ماڭغۇزغانىدى. ئېزىز ياقۇپتىن ئەھۋالنى ئۇقۇپ، بازارغا مۇرات بىلەن زۇمرەتنى ئىزدەپ كەلگەنىدى. ئۇ، «پاك» لىقتىن سۆز ئاچقان ئېگىز بويلۇق دېھقاننىڭ بويۇنلىرىدىن، قۇلاق تۈۋىلىرىدىن ساقىغان لاي ئېقىندىلىرىنى ۋە پېشانىلىرىدىن ئاققان يول - يول قاپقارا يۇندىلارنىڭ يۈزلىرىدە ئىز قالدۇرۇپ، لەۋ سىزىقلىرىغا سىڭىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ھەي ئادىش، ئۆزۈڭگە ھېزى بول! — دېدى ئېزىز ئېگىز بويلۇقنىڭ كۆزىگە قادىلىپ، — مۇشۇ مەينەت ھالىتىڭنى ھېلىقى «مۇسۇلمان» جىن كۆرسە، سېنىمۇ ئالا قويمايدۇ جۇمۇ! . . .

ئېزىز تارمۇش چاچ - ساقاللىرىنى ئالدۇرۇۋاتقانلار ۋە ساتىراشلارنىڭ ئاسمان باقتى بولۇپ كۈلۈشلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقان بازار بېشىغا قاراپ كەتتى.

بازارنىڭ ئاياق ئۇچىدىكى قۇم دۆۋىسىدىن ئارقىغا قايتقان تۇراپ ئېمىن، خالىق كاتىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مەيدانىنىڭ باشلىقى ئاتلىرىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىپ ئاستا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قالماي سوكۇلداپ كېلىۋاتقان ئىككى مىنىبۇسنىڭ قىزىل بويالغان ئۈچ قىرلىق كالتەكلىرىنى چىڭ سىقىمدىۋالغانىدى. بۇ چاغدا، زۇمرەت ئوڭ پۇتىغا چېتىلغان بىر غولاچتەك ئۇزۇنلۇقتىكى زەنجىرنى پىرقىرىتىپ، بازارنىڭ مەركىزىدە ئالا - توپىلاڭ كۆتۈرمەكتە ئىدى. چاچلىرى چۇۋۇلغان، بېلى ئارغامچىدا باغلانغان، كۆرەك جۇۋىسىنىڭ قولتۇقلىرى سۆكۈلۈپ، يەڭ تېرىلىرى ساڭگىلاپ قالغان، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرى ھېچقانداق سوغۇقنى سەزمەيۋاتقان زۇمرەت «ئالا كالا. . .» دەپ

ۋارقىراپ، قالايمىقان چۇڭگىلەيتتى. ئەسەبىي چىرقىرايتتى، ئالامان رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا قاراپ قاچماقتا ئىدى. زۇمرەت بۇ ئۈچ ئاتلىقنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. تۇراپ ئىمىن ۋە مەيدان باشلىقىنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چەكچىيىپ كەتتى. خالىقنىڭ بولسا، تاتىرىپ كەتكەنلىكىدىن، چىرايى كەسلەنچۈكتەك رەڭسىز ھەم قانسىز بىر ھالەتتە قېتىپ قالغانىدى. زۇمرەت ئۇنىڭ كۆك خېچىرىنىڭ ئېغىزدۇرۇق تاسمىسىغا ئېسىلدى ـ دە، قاقاقلاپ كۈلگىنىچە، ئۇششاق ھالقىلىق زەنجىرى بىلەن خالىقنى ئۇردى. ئۇنىڭسىزمۇ، قۇلاقلىرىنى شىڭگايتىپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ھۈركۈشكە تەييار تۇرغان شاش خېچىر چوۋۇق چاچلار بىلەن يىرتىق جۇۋىدىن قورقۇپ، خارتىلدىغىنىچە، ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ تىك بولدى ـ دە، غەلىتىلا ھاڭرىۋەتتى. خېچىر چاپچىيتتى، سەكرەيتتى. چىچاڭشىپ، كىملەرنىدۇر تەپمەكچى بولاتتى. ئۇ، بىر ئورۇننى تىلغاپ، پىرقىراپ ھەر قېتىم تىك بولغىنىدا، چولۋۇرغا ئېسىلىۋالغان زۇمرەتنىڭ پۇتى يەردىن ئۈزۈلۈپ، خېچىر بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلەتتى. خېچىر خالىقنى نەچچە غۇلاچ يەرگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى، ئۇ ئوڭدىسىغا گۈپۈلدەپ چۈشتى. زۇمرەت ئۈچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ خالىقنى تاتىلايتتى، ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇراتتى. «ئالا كالا!» دەپ ۋارقىرايتتى. خالىق ئۆزىنى رۇسلاپ بىرلا ئۆرۈلۈپ، ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى. ئۇ بىر قولىدا ئۇنىڭ كارنىيىنى سىقىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئۇرماقچى بولۇۋېدى، كۆتۈرگەن مۇشتىنى كىمدۇر بىرى تۇتۇۋېلىپ، ئېڭىكىگە بىرنى سېلىپلا، ئۇنى ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. بۇ پۈتۈن دەرد ـ ئەلەملىرىنى، غەزەپ ـ نەپرەتلىرىنى شۇ مۇشتۇمىغا يىغقان مۇرات ئىدى.

بازار ئىچى ۋاڭ ـ چۇڭغا تولدى. ھېچكىم ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلەلمەيتتى. يۈگۈرۈپ كەلگەن قېرى مالچى زۇمرەتنى قۇچاقلىۋالغانىدى. تۇراپ ئىمىن بىلەن مەيدان باشلىقىنىڭ ئاتلىرى قالايمىقانچىلىقتىن ئۈركۈپ، يول چېتىگە قاراپ قاچتى. مۇرات ئاستىغا بېسىۋالغان خالىقنىڭ كارنىيىدىن بوغۇپ، ئۇنى يەرگە نىقتاپ تۇرۇپ، قونجىدىكى پىچاقنى شارتلا قىلىپ سۇغۇرۇۋالدى ۋە ئۇنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا



تاقىدى. يۈزىدىكى تىرناق ياردلىرىدىن قان تەپچىپ تۇرغان خالىقىنىڭ قارشىلىق قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇ، مۇراتنىڭ ھېچنېمىدىن يانمايدىغان تاشتەك چىرايىدىن، قىساس ئوتى يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، چىڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىدىن ئاخىرقى قارارغا كەلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ يىغلىۋەتتى:

— مۇرات مۇئەللىم ... بىر... بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىسىلە... مەن... مەن، خوش... خوش بولۇپ كېتەي... ئەمدى مەن...

غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان قولىدىكى پىچاق خالىقىنىڭ بوغۇزىغا يېتىپ تۇراتتى...

— ۋۇي مۇناپىق، سېنىڭ گېپىڭگە ئىشىنىدىغان مۇرات ئەمدى يوق! ... مەن بۈگۈن زۇمرەت ئۈچۈن، قولۇمنى سېنىڭ قېنىڭ بىلەن بويايمەن! ...

مۇرات پىچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېدى، بىر قول ئۇنىڭ بىلىكىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالدى.

— مۇئەللىم، پىچاقنى پاسكىنا قىلمىسىلا! ... — بۇ ئېزىز تارمۇش ئىدى، — تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن! ئۇنىڭ جېنىغا سىلىنىڭ جانلىرىنى تېگىشكىلى بولمايدۇ...

قىزىپ كەتكەن قاننىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، مۇرات تىترەپ تۇراتتى. ئۇ پىچاقنى قونجىغا تىققىتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراپ تۇرغان خالايىقتىن ھېچ ئەيمەنمەي، زۇمرەتنى باغرىغا باستى. خېچىردىن قاتتىق يىقىلغان خالىق ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇپ، يۈزىدىكى تىرناق ئىزلىرىغا قول ياغلىقىنى باستى. بۇ ئەسنادا، تۇراپ ئىمىن بىلەن مەيدان باشلىقى ئىككى مىنبىگىنى باشلاپ، توپنى يېرىپ كىرىپ، خالىقىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— بۇ ساراڭنى نېمىشقا چىڭ تۇتمىدىڭ؟ — ۋارقىرىدى مەيدان باشلىقى مالچى قېرىغا، — سەن بىلەن ئايرىم ھېسابلاشمىسام... ۋۇي، سىتارى قېرى! ...

— قارا قۇيرۇق بايتال بوغاز ئىدى، — مالچى قورقۇپ

غۇدۇڭشىدى، — مال دوختۇرىغا كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەتكەنىدىم. . .

— خوتۇنۇڭ دېگەن ئەبگاچۇ؟

— ئۇ كېسەل.

تۇراپ ئىمىن ھېچ ئىپادە بىلدۇرمەي جىم تۇردى. چۈنكى بۇ سورۇندا ئېزىز تارمۇشتەك كۆكەمە ئۇششۇق بار ئىدى. ئۇ يا ئەمەلداردىن، يا سولاپ قويۇشتىن، يا مىنبىگلارنىڭ كالتىكىدىن قورقمايتتى. «بۇگۈن پۇخادىن چىققۇدەك ئەدىپىنى بەردىم» دېگەن ئادەمنىڭ ئەتىسىلا ئۆزىدىنلا ئەمەس، بەلكى بالا - ۋاقىسىدىنمۇ ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چارىلەر ئارقىلىق ئۆچ ئالاتتى ياكى بولمىسا، بوستاننىڭ بازىرى راسا قىزىغان كۈنى خەقنى توپلىۋېلىپ، ئىشتان - كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ: «قاراڭلار! مانا بۇ ئەمەلدارلار ئۇرغان يەرلەر. . . ئۆتمۈشتىغۇ گومىنداڭنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇراتتى. . . ئەمدى نۆۋەت بۇلارغا كەلگەن ئوخشايدۇ. . .» دەپ ۋارقىراپ، باشلىقلارنىڭ مېزىنى تىتىپ تاشلايتتى. ئۇنى تۇرمىگە ئاپىرىپ بېرەيلى دېسە، قانۇنغا چۈشكۇدەك خاتالىقى يوق ئىدى. . . ئاشۇ بىر يىلى بىر دادۇيجاڭ «بەشتە كاپالەتلىك» بىر دېھقاننى قاتتىق ئۇرۇپ قويدى، ئەمما ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتتى، مال - ۋارانلىرىدىن تارتىپ پۈتۈن بىساتى ئوتتا كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى. ئوت قويغۇچىنى ھېچكىم تاپالمىدى. تېخى كىشىلەر: «دادۇيجاڭنى بىچارە دېھقاننىڭ ئاھ - زارى تۇتتى» دېيىشتى. شۇنداق، ئېزىز تارمۇش دېسە، بوستاندا ھەممىسى چۆچۈيتتى.

— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ — ۋارقىرىدى خالىق مىنبىگلارغا، — مۇرات دېگەن شۇمپەننى باغلاشمامسەن؟. . .

— تېز بول دەيمەن ھارامتاماق پەپىلىقۇشلار، — دېدى مەيدان باشلىقى يەرنى تېپىپ.

خىزمەت كۆرسىتىش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ئىككى مىنبىك قولتۇقلىرىدىكى تۇرتەكلەنگەن تەييار ئارغامچىلىرىنى ئېلىپ، مۇراتقا يېقىنلاشتى. ئېزىز تارمۇش يانداپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— ئارغامچىنى ماڭا بېرىش، مەن باغلايمەن، — ئۇ بىرسىنىڭ

قولىدىكى ئارغامچىنى شارتلا قىلىپ تارتىۋالدى، — سەنمۇ بىرەمسەن؟ ياكى. . .

— بە. . . بەرمەيمەن، — ئالغاي مىنبىك سەل هارامزادە ئىدى، — قا. . . قانداق نېمە بۇ؟ . . .

— مانا مۇنداق نېمە! . . .

ئېزىز ئالغاي مىنبىگىنىڭ كارنىيىنى شارتلا قىلىپ بوغدى. ئالغاي ئىككى قولى بىلەن هەر قانچە هەپىلەشسىمۇ، كارنىيىنى ئامبۇردەك قىسىۋالغان قولدىن ئاجرىيالمىدى، يۈزى كۆپكۆك كۆكىرىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ـ دە، قولىدىكى ئارغامچا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئېزىز ئۇنى دەسسىدە كۆتۈرۈۋېلىپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈپپىدە قىلىپ تاشلىۋەتتى. سورۇنغا تىوپلىشىۋالغان دېهقانىلار، تىجارەتچىلەر ۋە كاسىپ ـ هۈنەرۋەنلەر كۈلكە ـ چۇقان كۆتۈرۈۋەتتى.

— خالىق كاتىپ، مۇراتنىڭ ئىشى ئالدىراش، ئۇ ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلمىسا بولمايدۇ، — ئېزىز هىجىيىپ ئارغامچىنى خالىققا تەڭلىدى، — ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى باغلىسىلا. . .

ئېزىز ئوغرى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ غەلىتە هىجايدىمۇ بولدى، بىرەر ئىش چىقارماي قويمايتتى. بۇنىڭدىن ئەندىكىپ قالغان خالىق سەرسان كۆزلىرىنى نەگە ئېلىپ قېچىشنى بىلمەي قالدى. ئۇنىڭ هېلىلا ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان ئادەمنى، يەنە كېلىپ مۇشۇ ئېزىز تارمۇشنى باغلاشقا قانداقمۇ قولى بارسۇن؟ . . .

— بۇ. . . بۇ. . . ئېزىزاخۇن . . . ئەمدى. . .

— سىلىمۇ تازا نامەرد ئادەمكەنلا! «ئورنۇمدىن قوپۇۋالسام يامان قىلىمەن»، «شەنگىنىڭدىن قورقمايمەن، قوناقلىقتىن چىقمايمەن» دەيدىغانلاردىن ئوخشىمامىلا؟ . . . شۇنداقمۇ خالايىق؟ . . .

سورۇندا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— تۇ شۇجى، سىلى باغلامىلا ـ يا؟ — ئېزىز ئارغامچىنى تۇراپ ئىمىنغا سۇندى.

— بولدى، بولدى، هارامزادىلىك قىلما بەچچىغەر، — تۇراپ ئىمىن خالىققا قارىدى، — بولدى قىلىسىلىچۇ كاتىپ. . . بۇ يەردە ئادەم

توپلىماي، كېتەيلى...

— خالايىق، بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بار، شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتەيلى، — ئېزىز ئاممىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — مۇرات ئۇ شۇمپەن ئەمەس، ھەرقايسىڭلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان ئوقۇتقۇچى! زۇمرەتمۇ ئەسلى نومۇسلۇق، قائىدە - يوسۇنلۇق بىر قىز ئىدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا «ئالا كالا سۇرەتلىك جىن چاپلاشقان» دېيىشىدىكەن. بۇ جۆيلىگەنلىك... ئۇ — مۇراتنىڭ خۇۋالاشقان لايىقى... زۇمرەت بۇ خالىقنىڭ ئىككى توغقان ئاكىسىغا تېگىشكە ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇ كۈنگە قالدى!...

-- مەن ئانچىكىلامىغا سوراپ قوياي غوجام، — دېدى ساقاللىرى قىزىل بويىلىپ كەتكەن بىر خاللاپ، — بۇ قىز ئۈمۈلاقمان «ئالا كالا»، «بۇلاق» دەپ ئادەم قوغلايتتىيا؟...

— ياس، — دېدى بىر دېھقان بالىسى بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — بىر قېتىم مېنىمۇ ئالا كالا دەپ قوغلاپ كەتكەن... مەن ئەدەسىز قورقتۇم ئەنىيا...

— سېنى، — دېدى توپ ئارىسىدىن بىر ھەزىلكەش، — ئالا كالىنىڭ موزىيى دەپ قالغان چېغى...

ئادەملەر ئاسمانباقتى بولۇپ كۈلۈشتى. ئېزىز تارمۇش نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. چۈنكى «ئالا كالا»، «بۇلاق» دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېشىۋەتسە، خالىقنىڭ لەقىمى ئاشكارا بولۇپ قالاتتى، نۇرغۇن كونا خامانلار سورۇلۇپ كېتەتتى. بۇنداقتا، دۈشمەنلىك تېخىمۇ كۈچىيەتتى. ئەلۋەتتە، خالىقمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان خەتەرلىك ئادەم ئىدى...

— بۇ... بۇ... — ئېزىز خالىقنىڭ چىرايىغا بەكرەك قارىدى، — خالىق كاتىپنىڭ بىر ئالا كالىسى زۇمرەتنى بۇلاق بېشىدا ئۈسۈۋەتكەنىكەن... شۇنداقمۇ دەيمەن خالىق كاتىپ؟...

— شۇ... شۇ... شۇنداق... ئىشمۇ بولغان...

كونا لەقەمنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان بىلىدىغان تۇراپ ئىمىن تۇمشۇقىنى مۇشتۇمىغا يۆشۈرۈپ پىخىلداپ كۈلدى. ئۇ ئېزىز تارمۇشنىڭ

گەپكە چىۋەرلىكىگىمۇ قايىل بولدى. ئېزىز خالايىق «تاماكا» مەسىلىسىنى سوراپ قالسا، نېمە دەرمەن؟ . . . دېگەن ئويدا قورقۇپ تۇراتتى، مەيدان باشلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋارقىرىدى:

— ئەمدى ھەممىڭ قايتىش. . . يەنە نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرۇشىسەن؟ — ئۇ مالچىغا قولىنى شىلتىدى، — ھەي سەنمۇ زۇمرەتنى دەرھال ئېلىپ كەت، بۇنىڭدىن كېيىن، ئوبدان قارا! . . . تالا ـ تۈزلەرگە چىقىپ كېتىپ، پۇت ـ قولىنى ئۇششۇتىۋالمىسۇن يەنە. . .

سورۇن تارقالدى. ئېزىز تارمۇش زۇمرەتنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقچى بولغان مۇراتنى يولنىڭ چېتىگە ئېلىپ چىقتى ۋە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

مۇرات زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇ زۇمرەتنى ئېلىپ كەتسە، نەگە ئېلىپ بارىدۇ؟ ئۆزىنىڭ ياتىقىغىمۇ؟ . . . ھېكمەت، كامىللار بويتاق تۇرسا؟ ئېزىز ئايالى بىلەن بىر ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتسا؟ ھەممىسى قىلىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان مۇشۇنداق زىل ۋەزىيەتتە، بۇ ئىش توغرۇلۇق يەنە قانداق تۆھمەت ۋە پىتنە ـ ئېغىۋالار تارقىلار؟ . . . مەۋسۇملۇق ئىمتىھان تەييارلىقى جىددىي كېلىۋاتقان بۇ پەيتتە، زۇمرەتنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ زۇمرەتنى مۇشۇ پېتى ئېلىپ ماڭسا، ئۇ بۇ جۇلجۇل كىيىملىرى بىلەن كېچىچە قۇمقايغان بىلەن تارشىلىق لەنگەردىن ئۆتكىچە سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ ئېزىز تارمۇش بوز يەرگە مېڭىش ئالدىدا، كامىل بىلەن ئىككىسى زۇمرەتنىڭ ئىشى توغرۇلۇق پۇختا مەسلىھەت ئېلىپ بېرىپ، بىر قارارغا كەلگەنىدى. زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىپ، ياقۇپنى بوز يەردە تاشلاپ قويسا، بۇمۇ رەھىمسىزلىك بولاتتى. شۇڭا، ئۇلار مەۋسۇملۇق ئىمتىھان تۈگىگەندىن كېيىن، ۋاڭ شۈجى بىلەن سۆزلىشىپ كۆڭۈشېدىن رەسمىيەت ئۆتەش ئارقىلىق ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ نوپۇسىنى بوستانغا يۆتكىمەكچى بولغانىدى.

مۇرات، «ياقۇپنى بوستان بازىرىغا ئورۇنلاشتۇرىمىز، زۇمرەتنى داۋالىتىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، خۇشال بولدى، لېكىن ئۇ زۇمرەتتىن يەنىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. زۇمرەتنىڭ زەنجىرلەنگەن ھالدا زەي

قازناقتا يېتىۋېرىشگە ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمايتتى. كېسەل ياقۇپنى بۇ يەردە يالغۇز تاشلاپ قويۇشقىمۇ ۋىجدانى ئۆرتىنەتتى. بۇ قېتىم، كامىل بىلەن نەفسە يانلىرىدىكى ھەممە پۇللىرىنى ئېزىزغا بەرگەنىدى، ئېزىزمۇ يېنىدىن پۇل قوشۇپ، يەنە بىر كۆڭلەكلىك چىت ۋە تامباللىق رەخت ئېلىپ، ئۇلارنى مالچىنىڭ ئايالىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا زۇمرەتكە ياخشى قاراشنى تاپىلىغانىدى. ئۈچ - تۆت جىڭ ئاق ئۇننى ھېيت - ئايەملەردىلا كۆرەلەيدىغان مالچى ئىككى چارەك بۇغداينى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، ئېزىزغا باش ئۇرغۇدەك بولدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇنىڭدىن كېيىن، زۇمرەت قىزغا ئۆز بالىمىزدەك قارايمىز، ئۇنى ئاسراپ باقىمىز، دەپ ئېزىزغا قەسەم قىلىشتى. بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ، مۇراتنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ زۇمرەتتىن بىرەر دەقىقىمۇ ئايرىلغۇسى يوق ئىدى.

— مۇئەللىم، قىشلىق تەتىلگىمۇ ھېچقانچە قالمىدى، — دېدى ئېزىز چۈشەندۈرۈپ، — مالچىنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن كېيىن زۇمرەتنى يۇيۇندۇرۇپ، باشلىرىنى تاراپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا تاماقلاندۇرۇپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە باقماقچى.

— ئۇلار شۇنداق قىلارمۇ؟ — مۇرات يەنە ئىككىلىنىپ تۇراتتى، — ئۆزى يوقنىڭ يۈزى يوق دەپ... بىز كەتكەندىن كېيىن...

— توۋا دېسىلە مۇئەللىم، بەشۋاق نامازئادەملەر، قەسەمنىڭ ئۇرۇپ كېتىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مالچى مەندىن بەك چۆچۈيدۇ...

ئېزىز مۇراتنى ناھايىتى تەستە قايىل قىلىپ، ئۇنى باشلاپ بازارنىڭ بېشىدىكى كونا دەڭگە ئېلىپ كەلدى. ئوقۇردىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرغان كۆتمەك قويرۇق ھاڭگا ئىگىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولدىمۇ، قولاقلىرىنى شىڭغايتىپ، پۇشقۇردى ۋە ھاڭرىۋەتتى. ئېزىز ئېشەكنى ھارۋىغا قېتىپ، كىگىزنى ئوڭشاپ سالغاندىن كېيىن، ھارۋىسىنى ھەيدەپ دەڭنىڭ دەرۋازىسىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى. دىقماقتىنا كەلگەن كۆك ھاڭگىنىڭ يورغىسى سىيلىق، يۈرۈشى ناھايىتى تېز ئىدى. بوجىسىنى تارتىپ تۇرمىسا، ھارۋىنى ئېلىپ قېچىشقا ئارانلا تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ

قۇيرۇقى نوغۇشتەك كۆتمەك بولۇپ، كۆكۈيۈن ۋە چىۋىنلارنى قورىيالمايتتى.

— ئېشكىمنىڭ قۇيرۇقىغا ھەيران قالدىلىمۇ مۇئەللىم؟ — دېدى ئېزىز قۇيۇندەك تېز كېتىۋېتىپ، — ھەي... بۇ قالتىس يارامىلىق جانىۋار ئىدى. بىراقزە، قۇيرۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئېزىز بىر يىلنىڭ ئالدىدا قارىقاش ناھىيىسىنىڭ قارا ساي دېگەن يېرىدىن بىر تاغار قوناق ئېلىپ، كېچىدە كېلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا بىلىكىگە قىزىل بەلگە باغلىغان جۇسادۇينىڭ[1] ئىككى ئادىمى ئۇنى توسۇۋېلىپ: «ئۆزۈڭ نەلىك؟ تەركىبىڭ نېمە؟ سىياسىي قىياپىتىڭچۇ؟...» دەپ ئۇنى سوراققا تارتتى. ئېزىز گەپ ياساپ: «تۇگمەنگە ئۆگۈت ئېلىپ ماڭدىم... بۇ دۇينىڭ ئاشلىقى...» دېدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۇنىڭ بىر تاغار قونىقىنى تارتىۋالدى. ئۇلارنىڭ بىرسى تاغارغا ئېسىلىۋالغان ئېزىزنىڭ گەدىنىگە بىر مۇشت سالدى. ئەتراپتا ئادەم يوق ئىدى. ئېزىز بىرلا پەشۋا ئۇرۇپ بىرسىنى ياتقۇزۇپ قويدى، يەنە بىر توپاقتەك يوغان جۇسادۇيچىنى بولسا، قولىنى گەجگىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ساغرىسىدىن سۆرىگەنچە ئېلىپ بېرىپ، ئېرىقتىكى ئېچىپ پۇراپ كەتكەن سۇيۇق پاتقاققا بېشىنى تىقتى. ئاغزى-بۇرنىغا لاي كىرىپ نەپەس ئالالماي قالغان بۇ جۇسادۇي ئەزاسى ئاخىرى بولالماي: «ۋاي جېنىم ئاكا... مەن بىلمەپتىمەن... ماڭا رەھىم قىل... خوش بوپ كېتەي...» دەپ يالۋۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئېزىز تارمۇش ھارۋىسىغا چىقىپ، خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، تاماكا چېكەي دەپ سەرەڭگە چاققاندا، ئېشكىنىڭ قۇيرۇقىدىن قان ساقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— ھېلىقى پەشۋا يېگەن ھەزىلەك مەن يەنە بىرسى بىلەن ھەپىلىشىپ قالغاندا، ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ ئېلىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئېزىز چىرتىدە يولغا تۈكۈرۈپ، — نەگىلا بارما، بۇلاردىن قۇتۇلالمايسەن، ھەممە يەردە ئىتتەك قاتراپ، پۇراپلا يۈرگەن...

---

① جۇسادۇي — شۇ يىللاردا جاي-جايلاردا قۇرۇلغان مەھەللىي تەشكىلات، ئامانلىق ساقلاش، تەرتىپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتىگەن. كۆپ ھاللاردا ھەددىدىن ئېشىپمۇ كەتكەن.

ئېزىز ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، ئېشىكنى بىرلا نوقۇپ قويۇۋېدى، ئېشەك ناھايىتى تېز چېپىپ كەتتى. ئۇلار ئىككى قاسىنقىدىكى ھويلىلاردا تاللىرى چۇشۇرۇۋېتىلىپ، باراڭ شادىلىرى چوخچىيىپ قالغان بىرنەچچە تار كوچىلاردىن ئۆتۈپ، غارىللىق بىر قورۇ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئېزىز ئېشەكنىڭ بېشىغا قوناق سېلىنغان تۇۋرىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ، قورۇغا كىرىپ كەتتى. ئۇ، خېلى ھايال بولغاندىن كېيىن، بىر تاغارنى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ چىقتى. مۇرات ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، تاغارنى ھارۋىغا باستى. ئېزىز تاغارنى ئىككى باغدەك پىچاندا يۆگەپ، چانمىغۇدەك قىلىپ باغلىۋەتتى.

— ئەمدى جۇسادۇيگە ئۇچراپ قالساقمۇ، بۇنىڭ ئاشلىق ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ، — دېدى ئېزىز تارمۇش كۈلۈپ قويۇپ.

— بۇغدايمۇ بۇ؟

— شۇنداق! يەتتە ـ سەككىز چارەك ئېلىپ قويدۇم. 30 ـ 40 يۇەندەك پايدا چىقىپ قالىدۇ...

— بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىر ئايلىق مائاشىنى بىر قېتىمدىلا تاپىدىكەنسەن.

— بۇ بىر يىلتىزى يوق ئىش دېسىلە... — دېدى ئېزىز، — ھەرقايسىڭلارنىڭ داشقازاندا ئۆكسىمەس ئېشىڭلار بار... ئۇ دېگەن ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ... مىزەممەتى يوق... بىزنىڭ بۇ ئوقەتنىڭ خەتىرى بار، چېچەك چىققىلى ئارانلا تۇرىدۇ...

ئۇلار ئاشلىق ساتقان دېھقاننىڭ ئۆيىدە، بىر ـ ئىككى ئاياقتىن ئوماچقا ئارپا نېنىنى چىلاپ يېگەندىن كېيىن، يولغا چىقىشتى. يالغۇز توغراق بوز يەر مەيدانى ئارقىدا قالدى. سوغۇق تۇمان ئىچىدە كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئەمما خېلىلا گۇگۇم چۈشۈپ قالغانىدى. مۇرات ھېلىقى دېھقاننىڭ مېھماندوستلىقىدىن سۆيۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى نامراتچىلىقتىن ئىچى ئېچىشىپ كەتكەنىدى. ئوچاق كۈلۈڭگىگە يېيىلغان پاسار چوغىغا مەيدىسىنى قاخلاپ ئولتۇرغان يېرىم ـ يالىڭاچ باللار... كۈندۈزى يېپىنچا، كېچىسى سېلىنچا قىلىنىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كونا چاپان، ئەسكى جۇۋا، يىرتىق يەكتەكلەر... ئۆينىڭ

سوغۇقلىقىدىن قاپاقتىكى سۇمۇ توڭلاپ كەتكەنىدى. بۇلۇڭدىكى كاساڭدا بىرنەچچە كۆيۈك زاغرا بار ئىدى.

— ئېزىز، — دېدى مۇرات ئېغىر تىنىپ، — ھېلىقى ئائىلە ئۆزلىرى ئۇماچ ئىچىپ، زاغرا، ئارپا نېنى يەيدىكەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق بۇ ئازغىنا بۇغدىيىنى نېمە ئۈچۈن ساتىدۇ؟...

— بۇ قالدۇق يېرىدىن چىققان بۇغداي، بۇنى ساتمىسا، بالىلىرىغا قىشلىق كىيىم، چاي، تۇز، تاختا گۈگۈت دېگەندەك نەرسىلەرگە نەدىن پۇل تاپىدۇ؟

— دۆي ئامبىرىدىن دېھقانلارغا بېرىدىغان نورما ئاشلىقى يېمەككە يېتەمدۇ؟

— نەدىكىنى؟ پۈتۈن ئەمگەك كۈچىنىڭ ئايلىق ئاشلىق نورمىسى ئون ئالتە - ئون سەككىز جىڭ. يېرىم ئەمگەك كۈچىنىڭ سەككىز - ئون ئىككى جىڭ ئەتراپىدا. ھەممىسى قوناق بىلەن ئارپا... بۇمۇ تېخى ئەتىياز پەسلىگە بارغاندا، ئۆكسۈپ قالىدۇ.

— نېمىشقا نورما ئاشلىقنى يىل بېشىدا تولۇق قالدۇرمايدۇ؟

— ساددىكەنلا مۇئەللىم، — ئېزىز تەنە بىلەن كۈلدى، — كادىرلىرىمىز نوچىلىق بىلەن پوچىلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن. ئۇلار «ئاشلىق مەھسۇلاتى ئاشتى» دەپ، ئېتىزدىن چىققاننىڭ ھەممىسىنى يۇقىرىغا تاپشۇرمىسا، تەقدىرنامە ئالالمايدۇ - دە!

— بىچارە دېھقانلارنى ئويلاپمۇ قويمايدىكەن - دە...

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار قومقايغاننىڭ ئېگىز قۇملۇق داۋانلىرىدا، ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، تۈز يولغا چۈشتى. مۇرات بېشىنى پۈركەپ پىچانغا يۆلىنىپ ياتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەكمۇ چارچاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاچ قورساق بىر كېچە، يېرىم كۈندۈز يول يۈرگەچكىمۇ، پۇت - قوللىرى ئۆزىنىڭ ئەمەستەك ئېغىر ئىدى. بەللىرى سىيقىراپ ئاغرىيتتى. ھېلىمۇ ئېزىز ۋاقتىدا كېلىپ قېلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدى. بولمىسا، ئۆتكەنكىدەك مىنبىڭلار باغلاپ يالاپ ماڭغان بولسا، يولدا يىقىلىپ قالغان بولار ئىدى. مۇرات، ئېزىزنىڭ قورقماسلىقىغا، دادىللىقىغا، گەپكە

چۈشەرلىكىگە تولىمۇ قايىل ئىدى. ئۇ، مۇشۇنداق دېھقان دوستىنى بارلىقىدىن سۆيۈندى. ئەگەر بۇ ئېزىز بولمىغان بولسا، زۇمرەتمۇ بۈگۈنكى كۈنگە ئېرىشەلمىگەن، مۇراتمۇ ئۇنىڭ خەۋىرىنى پات - پات ئالالمىغان بولاتتى. . .

مۇرات ئۇخلاپ قالدى. لېكىن ئۇ سوغۇقتىن تىترەپ، پۇت - قولىنى يىغىپ تۈگۈلۈۋالغانىدى. ئېزىز ئېشەكنى توختىتىپ، ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا غانجۇغىلاپ چېگىۋەتكەن چوڭ جۇۋىسىنى يېشىپ ئالدى - دە، ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى. ئۆزى بەلبېغىنى چىڭىتىپ، ھارۋىدا بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، تاماكا ئوردى، ئاندىن، ئېشەكنى «قىـــت» دەپ قويۇپ، يولغا چۈشتى.

مۇرات بىر خىلدا پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى. ئېزىز ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە: «ھەي ئەخمەق پىداكارلار. . .» دەپ قويدى. ئۇ بىردىنلا ئۆز ئوقۇتقۇچىسى سەيدەخمەت مۇئەللىمنى ئەسكە ئالدى. ئېزىز ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىلغىچە ئۇنىڭ قولىدا ئوقۇغانىدى. سەيدەخمەتنىڭ بىرسى ئالتە ياشلىق، يەنە بىرسى توققۇز ياشلىق ئىككى قىزى بار ئىدى. ئايالى ماگىزىندا ئىشلەيتتى. ئۇ ئايالى ماگىزىنغا كەلگەن يېڭى - يېڭى نەرسىلەرنى ئىچىدىن ئۆزى ئېلىۋېلىپ، سىرتتا ھايىنىغا ساتاتتى ياكى قاراڭغۇ بازارچىلارغا ئۆتكۈزۈپ، ئاردىن پايدا تاپاتتى. لېكىن سەيدەخمەت ئايدا بېرىدىغان ئازغىنا مائاشىغىلا قاراپ تۇراتتى. بۇ ماگىزىنچى ئايال قولىغا پۇل كىرگەنسېرى ئاچكۆز، پىخسىق بولۇپ، بالىلىرىغا پۇل خەجلەشكىمۇ قورسىقـــى ئاغرىيدىغان، ئېرىغا كۆيۈنۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇنىڭ بىلەن «مائاشىڭ ئاز» دەپ، سوقۇشىدىغان بولۇۋالغانىدى. ئېزىز ئۇ چاغلاردا رومان ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتكەنىدى. سەيدەخمەتنىڭ ئۆيىدىن ھەر قانداق كىتاب تېپىلاتتى. سەيدەخمەت ئېزىزنىڭ كىتابقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خىلمۇ خىل رومانلارنى ئۇنىڭغا بېرىپ تۇراتتى. ئەمما ئېزىز ھە دېسە ئۇنىڭ ئۆيىگە جېدەل - ماجرا بولۇۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالاتتى. ئايال ئاخىرى ئىككى قىزىنى سەيدەخمەتكە تاشلاپ بېرىپ، ئاجرىشىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئېزىز دەرستىن چۈشسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، مۇئەللىمنىڭ

ئوچىقىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئوتۇننى يېرىپ، سۇيىنى ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان بولدى. ياڭاق سۆڭەكلىرى بۇرتۇپ چىققان، قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشقان، كۆزلىرى مۆلۈلدەپ تۇرغان مۇئەللىمنىڭ قىزلىرىغا تاماق يېگۈزۈپ، كىيىملىرىنى يۇيۇپ، دەرس تەييارلىقى قىلىپ ئالدىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئېزىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ئۇ، توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان يىلى، پەلەكنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ، سەيدەخمەت «ئوڭچى» بولۇپ قالدى. ئۇ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا مەسىلە تاپشۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەكتەپنىڭ چوڭ كۇلۇبىدا كۈرەش يىغىنى ئېچىلدى. قوللىرى باغلانغان سەيدەخمەت سەھنە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا دوڭغايتىپ قويۇلغانىدى. شۇ چاغدىكى پاجىئە ئېزىزنىڭ يادىغا كېلىپ قالسىلا، ئۇنىڭ ئىچ - باغرى ئۆرتۈلۈپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. مۇئەللىمنىڭ ئىككى قىزى كۇلۇب ئىچىگە يىغلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار: «دادا! . . . جېنىم دادا! . . . » دەپ دادىسىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلدى. ئۇلار مۆلدۈردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرى بىلەن سەيدەخمەتنىڭ ئاياقلىرىنى ھۆل قىلىۋەتتى. بىرنەچچە ئاكتىپلار ئىككى قىزنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ: «بىزنىڭ بۇنداق ئوڭچى، مىللەتچى دادىمىز يوق، يوقالسۇن سەيدەخمەت دەپ توۋلاڭلار» دەپ، ئۇلارنى قىستىماقتا ئىدى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن ئېزىز سەھنىگە يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئاكتىپلارنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، قىزلارنى يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. سەيدەخمەت «ئوڭچى» قالپىقى كىيىپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا يېزىغا پالاندى. ئۇ ئىككى قىزنى يېتىلەپ كېتىپ قالدى. ئارقىدىنلا، ئېزىزمۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقتى.

مۇرات بىر يېنىغا ئۆرۈلۈپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئېزىز ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان تىزلىرىنى ھەم يۆگەپ قويۇپ، يەنە تاماكا خالتىسىنى ئالدى. ھەسرەتلىك ئەسلىمە ۋە مۇراتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئۇنىڭ خۇمارىنى كەلتۈرگەنىدى.

ئوقۇتقۇچىنىڭ جاپاسى ھەم ئەمگەك ھەممىتىنى ھېچنېمىگە تەڭلەشتۈرگىلى، سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان، خۇددى دەرۋىشلەردەك ئۆز ئېتىقادىغا ساداقەتمەن بولغان

كىشىلەردۇر... ئۇلار، ھەر قانچە سەلتەنەتلىك بولسىمۇ ئەمەلدارلىق تاجىسىنى ئۆزىنىڭ يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتكەن بىر كىتابىغا تەڭ قىلمايدۇ. جاپا چېكىدۇ، ھارىدۇ، دېمى كېسىلىدۇ، بىر ئۆمۈر غۇربەتچىلىكتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇلاردا ھېچقانداق تاما ۋە مەنپەئەت مەۋجۇت ئەمەس. خۇددى ھەسەل ھەرىلىرى رەڭگا رەڭ گۇللەردىن جاپا بىلەن شىرنە يىغىپ، ھوسۇلىنى ئىنسانغا تەقدىم قىلغىنىدەك، ئوقۇتقۇچىمۇ ئۆزىنىڭ بىلىم شەربەتلىرى بىلەن، ئەمالارغا كۆز، نادانلارغا ئەقىل، زالىملارغا ئىنساپ، ئەخلاقسىزلارغا دىيانەت ئاتا قىلىدۇ، شۇ ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىشىدۇ. ياشلىرىغا ماس كەلمىگەن ئاپئاق چاچلىرىغا، ئەجىم ـ ئەجىم قورۇقلىرىغا قاراپ، ئۇلارنى قېرىپتۇ دېمە!، ۋاقىتسىز ئاقارغان بۇ چاچلار ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭلىنىڭ سىماسىدۇر! گىرەلەشكەن قورۇقلىرى ئاچچىق تەرلەر ئاققان ئېرىقلاردۇر!... ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە ئۆمۈر بويى قونغان بور توزاڭلىرىنىڭ ئىزى بار... بىراق، جەمىيەتتە ئۇلارنىڭ كەنتنىڭ ئامبارچىسى ياكى ماگىزىنىنىڭ پىركازچىكچىلىكمۇ قەدرى ـ قىممىتى يوق!... بۇ خەلقىمىزنىڭ نادانلىقىدىن بولغانمۇ ياكى جەمئىيەتتىكى ئادەت قارىشى شۇنداقمۇ؟... كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار، نەفىسە، گۈلزىبالار ئەڭ گۈزەل ئارزۇلارغا تولغان نادىر دەۋرىنى ئاۋام دېھقان باللىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىۋاتقان پىداكارلارغۇ؟ ئۇلار خەلقتىن، جەمئىيەتتىن كۆپ نەرسە تەلەپ قىلغىنى يوق! بەلكى بېرىۋاتىدۇ... خالىق، زەينىدىن، كېرىموفلارچۇ؟ خۇددى قىشچە يەر ئاستىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ، كۈن ئىللىشى بىلەن تىرىلىپ، «كىمنى چاقسام بولار؟» دەيدىغان بىر تۈكلۈك، زەھەرلىك قۇرتلار بولىدىغۇ؟ ئۇلار ئەنە شۇنداق زىيانداشلار، ئەمما ئۇلار ئەكسىچە ئەتىۋارلىنىدۇ ھەم قەدىرلىنىدۇ... ئىلىم بىلەن ئەمەلنىڭ ئورنىنىڭ مۇنداق ئالمىشىپ قالغىنىغا بىزدە نەچچە مىڭ يىل بولغاندۇر؟

ھارۋا تارشىلىق لەنگەرنىڭ شورلۇق يولىغا چۈشتى. ئېزىز چولۋۇرنى شوتىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆز ئوقۇرىغا ئالدىراۋاتقان ئېشەكنى مەيلىگە قويۇپ بەردى. ئۇ مۇشۇ يورغىسى بىلەن تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇلارنى بوستانغا ئېلىپ بارالايتتى. ئېزىز مۇراتنىڭ قېشىغا موكلا چۈشۈپ ياتتى ۋە ئۇيقۇ ئارىلاش

پات ـ پات ئىڭراپ قويۇۋاتقان جاپاكەش دوستىنىڭ چىرايىغا قاراپ، قايسىدۇر بىر مۇئەللىمنىڭ: «كوزا سۇندۇرغان ئىزنىزۇ، سۇ كۆتۈرگەن خارىمەن. . .» دېگەن شېئىرىنى ئەسكە ئالدى. . .

## تۆھمەت ۋە سۈيىقەست

تاڭ قاراڭغۇسى بىلەن تەڭ، بۇمەرەمخان قاتتىق يۆتىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ياستۇققا يۆلەندى. كەينى ـ كەينىدىن قىستاپ كەلگەن «ھۆ» بىلەن يۆتەلدىن، ئۇنىڭ چىرايى قانسىرىغان ئۆپكىدەك تاتىرىپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھاسىرايتتى، تىپىلقاتتى، دېمى كېسىلىپ، نەپەس يەتكۈزەلمەيتتى. چاچراپ ئورنىدىن تۇرغان قايىت چىراغنى ياندۇرۇۋېتىپ، بوسۇغىدىكى چىلاپچىنى ئېلىپ كەلدى. بۇمەرەمخان ئۆپكە سۈيىدەك ھالرەڭ بەلغەم تۈكۈردى. ئارقىدىن يۆتەل يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. قايىت چىنىدە قايناق سۇ ئېلىپ كەلدى. ئايالى ئاغزىنى چايقىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۇخشمايدىغان تابلىتكا دورىدىن ئۈچ تال ئىچۈردى.

— دوختۇرخانىدا سىجىل داۋالىنىڭلار دېسە، ئۇنىمايسىلەر مەزلۇم، — قايىتنىڭ ئاۋازى بەك يۇمشاق ئىدى، — مانا ئەمدى بۇ كېسىلىڭلار. . .

— دوختۇر: «ئۆپكە كېسىلىگە دورىنىڭ تەسىر قىلىشى بەك ئاستا بولىدۇ. . . ئەڭ ياخشىسى، ئوبدان ئوزۇقلىنىپ، مۇۋاپىق دەم ئالسا، ئۆمۈرنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ. . .» دەپ ئۇچۇق ئېيتتىغۇ؟ — دېدى بۇمەرەمخان ئېغىر تىنىپ، — ياش چوڭ بولۇپ قالغاندا، بۇ كېسەل يا چىقىپ كەتمەي، يا ئېلىپ كەتمەي، بەك سوزۇلۇپ كېتىدىكەن. . .

— قالايمىقان گەپلەرنى قىلماڭلار، — دېدى قايىت بۇمەرەمخاننىڭ مەيدىلىرىنى يېپىۋېتىپ، — دوختۇر دېگەن ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدۇ.

— دوختۇرنىڭ دېيىشىچە، بۇ كېسەل ياشلارنى تېز ئېلىپ كېتىدىكەن. . . مەن. . . مەن. . . گۈلزىبادىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، ئۇ كالتە يۆتەل بولۇپ قالدى. مەنمۇ بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئاشۇنداق

يۆتىلىدىغان، — بۇمەرەمخاننىڭ كۆزىدىن مىچچىدە ياش چىقىپ، ئاستا شىۋىرلىدى، — بولۇپمۇ سىل كېسەلگە دەرد - ھەسرەت، قايغۇ - نادامەت ئارىلىشىپ كەلسە، بەكمۇ يامان بولىدۇ، دەيدىكەن. . .

— بۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلماڭلار مەزلۇم. . . ئاۋلەن خۇدا، ئاندىن قالسا كېرىموف بار، ئۇ سىلىنى ھەربىي رايون دوختۇرخانىسىدا داۋالىتىمەن دەۋاتسا. . .

ھېلىھەم ياشلىقىدىكى گۈزەللىك يالداملىرى ساقلىنىپ قالغان بۇمەرەمخان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ قايىتقا قارىدى. «شەيتان ئۆزىگە لازىم بولۇپ قالسا، قۇرئاندىن دەلىل كەلتۈرىدۇ» دېگەندەك، قايىت «خۇدا» نى ئاغزىغا ئالغانىدى. ئۇ، بۈگۈن، ئوتتۇرا كېچىگىچە، ئايالىغا ۋەز - نەسىھەتلەر ئوقۇپ چىقتى. ئەمما ھەر سۆزىدە «خۇدانىڭ قىسمىتى شۇنداق ئىكەن» ، «ئاللاھ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتسە، نېمە چارە؟ » ، «تەقدىر - پېشانىسى شۇنداق ئوخشايدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى ئىشلىتىشنى ئۇنتۇمىدى. شۇنداق، ئادەم دېگەن قىزىق مەخلۇقتە! گۇناھ يولىغا ھېرىسمەن بولغىنىدا، شەيتىنىم غالىپ كېلىپ. . . دەيدىكەن. . . ، بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئاللاھنى تىلغا ئالىدىكەن. . . قايىتمۇ ھازىر بۇ سۆزلىرى بىلەن، تەقۋادار ئەمما تېقىمى پوق سوپىلارغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. . .

ئابلىز ناۋانىڭ توپى بولغان كېچىسى چىققان جىدەلدىن كېيىن، بۇمەرەمخان كېرىموفقا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. «ئۇ ھەربىي ئادەم ئەمەس، بەلكى قىپقىزىل قېرى لۈكچەك، ئادەم سىياقىدىن چىققان ھايۋان ئىكەن» دەپ، ئېرىنىڭ كۆزىچىلا، ئۇنى نەچچە قېتىم تىللىدى. كېرىموفنىڭ: «پۇلۇمنى تۆلە! مەن ئۇنىڭغا بەش قىز ئالاتتىم. . . » دېگەن سۆزىگە ھەيران بولغان بولسا، گۈلزىبانى «خوتۇنۇم» دېيىشى، ئۆيدىكىلەرنى «سولامچىلار» دەپ تىللىشى بۇمەرەمخاننى قاتتىق غەزەپلەندۈرگەنىدى. ئۇ، بۇ غەلىتە، ئۇقۇمسىز سوئاللارنىڭ سەۋەبىنى نەچچە قېتىم كوچىلاپ سوراپمۇ ئېرىدىن قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، كېرىموف بىر خالتا ئۇن، بىر سان گۆشنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئارتىپ، ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

ئۇنىڭ تۇمشۇقىغا داكا چاپلانغان بولۇپ، بۇرنى ئىششىپ قالغانىدى. ئۇ، بۇمەرەمخاندىن يېنىش - يېنىشلاپ كەچۈرۈم سورىدى. ئۆزىنىڭ ئادەتتە هاراق ئىچمەيدىغانلىقىنى، ئۇ كۈنى خىزمەتداشلىرى زورلاپ ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويغانلىقىنى، كەيپچىلىكتە ئۇلارنى كۆپ ئەلەىكۈمگە سېلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ، يېلىنىپ يالۋۇردى. چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلىشى، ئەپۇ سورىشى كۆڭلى يۇمشاق بۇمەرەمخاننى ئېرىتىپ قويىدى بولغاي، ئۇ ئۇندىمىدى. «ئىككىنچى قېتىم بوسۇغامغا دەسسىگۈچى بولما! . . . » دېگەن سۆزلىرىنىمۇ ئۇنتۇدى. تۇنۇگۈندىن بېرى، ئاشلىق نورمىسى تۈگەپ، قـولۇم - قوشنىلىرىدىن ئۆتنە - يېرىم قىلىپ دەم - دەم كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇمەرەمخان ئۈچۈن، بىر خالتا ئۇن بىلەن بىر سان گۆش توتىيا بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. دۇكاندىن ئاشلىق ئالايلى دېسە، گۈلزىبانىڭ مائاشىنىڭ چىقىشىغا يەنە بىر ھەپتە بار ئىدى.

كېرىموف بۇ ئۆينىڭ يەنىلا ئىززەتلىك مېھمىنى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەر كەلگىنىدە، گۆشگىردە، سامسا، قۇرۇق يەل - يېمىش قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. «ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىچىپ بەرسىلە، قۇۋۋەت بولىدۇ» دەپ، بۇمەرەمخانغا بىرەر بولاق ناۋاتمۇ ئالغاچ كېلەتتى. يوقسۇزلۇق ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىپ، كۆڭلىنى شۈنچىۋالامۇ پەس قىلىۋېتەمدىغاندۇر؟ . . . ئادەم كەمبەغەل بولسىمۇ، خەقنىڭ قولىغا قارىماي، غۇرۇرى بىلەن ياشىسا بولمامدۇ! . . . خۇددى «ئېغىز يەيدۇ، يۈز ئۇيۇلىدۇ» دېگەندەك، گېلىدىن سىيلىق - سىپايە ئۆتۈپ كەتكەن لوقمىلار ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئېشەك قىلىپ مىنىپ، ئۇنى بولۇشىغا قامچىلاۋاتاتتى. ئۇ ھازىر بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈلگەن ياۋاش كالىنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغانىدى، كېرىموفنى كۆرسە، مۇلايىم سالام قىلاتتى، ئۇنى ئىسسىق چىراي قارشى ئالاتتى. بۇمەرەمخاندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن قايىت ئۆزىنىڭ قەرز تۆلەش ئۈچۈن كېرىموفتىن بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن پۇل قەرز ئالغانلىقىنى، ئۇ پۇلنى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قايتۇرمىسا، پۇلغا كۈنىگە ئىككى پىـــرسەنت ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن، قورۇ - جايىنىڭ قولدىن كېتىپ

قالدۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ قەرزدىن قۇتۇلۇشنىڭ گۈلزىبانى كېرىموفقا بېرىشتەك چارىسى ھەققىدە سۆزلەپ، يېرىم كېچىگىچە ئايالىغا يېلىندى، يالغاندىن يىغلىغانمۇ بولدى، بۇمەرەمخان تەڭلىكتە قالدى.

گۈلزىبا يۈرىكىنى ھېكمەتكە ئاتىۋەتكەنىدى، قىزىنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىش ئىككى ياشنىڭ يۈرەك بېغىچىغا پالتا ئۇرغاندەك بىر ئىش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنى نابۇت قىلاتتى. تۆت بالىنى قاڭغىر - قاخشىتىپ، ئالتە جان ئادەمنى سۆرەشتۇرۇپ، سەرگەردان بولۇپ، قورۇدىن ئايرىلىشمۇ ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پاجىئە بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى. گۈلزىبانىڭ قىرىق نەچچە يۈەن مائاشى ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا ئۇلگۈرمەي، بەزىدە قەرز ئېلىپ ئارانلا تىرىكچىلىك قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئائىلە ئۈچۈن، ئىجارىگە ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇشتىن گەپ ئاچقىلى بولمايتتى.

قىيىن دوقالغا دۈچ كەلگەن بۇمەرەمخان تۈن نىسبىگىچە يىغلاپ چىقتى، قاخشاۋاتقان ئېرىغا جاۋاب بەرمەي يېتىپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۇخلىيالمىدى، تۈگمەن تېشىدەك بېسىپ كېلىۋاتقان ئېغىر خىياللار ئاستىدا، تاڭ ئاتقىچىلا كىرپىك قاقمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟... ئارقىغا يانسا، ھارۋا سۇنىدۇ، ئالدىغا ماڭسا، ئات ئۆلىدۇ!... جانجىگەر قىزىنى قۇربان قىلىش كېرەكمۇ ياكى پۈتۈن ئائىلىنىمۇ؟... بۇمەرەمخان ئاخىرى گۈلزىبانى قۇربان قىلىش نىيىتىگە كەلدى... بىراق، قانغا مىلەنگەن قايىتنى يۇدۇپ ئەكىرىۋاتقان ھېكمەت كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە قىلغان خەيرىخاھلىقلىرىنى... ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ جېنىغا ئارا تۇرغانلىقىنى، ماھىگۈلنى ئۆز قېرىندىشىدەك ئاسراپ ئوقۇتۇۋاتقانلىقىنى، نەبىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنى ھەتتا ئابدۇنەبىنىڭ دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىدىغان كۈنى: «ھېكمەت ئاكام مېنى ئېلىپ كېتىدۇ... مەن سىلەر بىلەن كەتمەيمەن» دەپ يىغلىغانلىرىنى ئويلاپ، لاسسىدىمۇ بولۇپ قالدى... بۇمەرەمخان يەنە كېرىموفنىڭ شۇنچە نۇرغۇن پۇلنى بېرىپ قايىتنى قىمارۋازلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىققانلىقى ئۇنىڭ «قولى ئوچۇق» ئادەم بولغانلىقىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىدى.

بۇمەرەمخان: «كېرىموفمۇ خېلى تۈزۈك ئادەم ئىكەنغۇ، سەۋەنلىك

ئۆتكۈزمەيدىغان ئىنسان يوقتۇ؟... ياشنىڭ چوڭلۇقى ھېچقانچە ئىش ئەمەس... ئەر دېگەننىڭ قېرىسى، سېتــى بولمايدۇ... ھازىر ئۇ ئائىلىمىزنىڭ يۆلەنچۈكى بولۇپ قالدى. گۈلزىبامۇ بىرنەچچە كۈن يىغلاپ، ئاخىرى كۆنۈپ قالار... بىرەر بالىلىق بولغاندىن كېيىن، ھېكمەتنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەر!...» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى...

— بولدى ئۇخلىسىلا، — دېدى بۇمەرەمخان قايــتقا، — مەن گۈلزىباغا نەسىھەت قىلاي...

— راستما؟ — قايىت بۇمەرەمخاننىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلىدى، — ئويلاپ باقسىلا، «شەرەپلىك ھەربىي ئائىلە» بولۇش بۇ نېمىدېگەن كاتتا ئىش... ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ تەمىناتى ھەر جەھەتتىن بەكمۇ يۇقىرى. قىزىمىزنىڭ كۈنى بەھۇزۇر راھەتتە ئۆتىدۇ...

قايىت بۇمەرەمخاننىڭ تىزلىرىنى قۇچاقلاپ، ياشلىرىنى سۈرتۈپ، مۈرىلىرىنى سىيلاۋاتقان مۇشۇ پەيتتە يەنە، تۇنۇگۈن كەچ جامەنىــڭ دوقمۇشىدا گۈلرۇز بىلەن بولۇپ ئۆتكەن قىسقىغىنا سۆھبەتنى، ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئەسلىمەكتە ئىدى.

... «قاچانغىچە ئارقىغا سۆرەيسەن؟ ئاشنىڭ دەم يەپ قالغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟... يامىنــى كەلسە، ئاناڭغا سەنـدىن ئاجــرىشــمەن، دېگىــن!... ياكى قەرزىڭ ئۆسۈمى بىلەن بەشپاتمان بولغاندا، ئۆلۈۋالاي دەۋاتامسەن؟... قورۇ ـ جايىنى بېرىۋېتىپ، ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىنى ئېلىپ تاغ ئارقىسىغا كېتىمەن» دەپ قورقاق سال. ئاناڭنىڭ ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبىگە چىدىمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئابدۇنەبىنى بىـر كۈن كۆرمىسە تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىسەنغۇ؟... ئۇ بىر ھەپتە يوقىلىپ كەتكەندە، ئانام ئۆلۈۋالغىلى تاس قالدىغۇ!... مەن ھازىر كېرىموفنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى توي خېتى ئېلىشقا قىســتايمەن... نېمە؟ ئىشەنمەمسەن؟... مەن بـۇ ئىشنى قانداق تـوغرىلايمەن، سەن كۆرۈپ تۇر... ياكى ئۆگەي قىزىڭغا باغرىڭ چىدىماۋاتامدۇ؟...»

قايىت ئـۆز قىـزىنىڭ «دانا»لىقىغا قايىل بولـۇپ، ئـۇنى ئىچىدە ماختاۋاتقان مـۇشۇ دەقىقىدە... گـۈلرۇز كېــرىموفنىڭ قـويىنىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، كارىۋاتتىن يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭ ۋاقىتسىز يوغىناپ

كەتكەن ساغىرىسى بىلەن كۆكسى قۇيغان ئۆپكىدەك لىغىرلاپ پەسكە ئېسىلىپ تۇراتتى. توخۇ ئەتلىك يوتىلىرىمۇ جۇۋازنىڭ ئوقىدەك توم ھەم پارقىراق ئىدى. ئۇ، «قوشكېزەك باللار» نىڭ دوپپىسىنى كۆكسىگە كىيگۈزگەندىن كېيىن، يېرىم ـ يالىڭاچ كېرىموفقا ئارقىسىنى قىلدى. كېرىموف ئۇنىڭ يېپىنى تارتىپ باغلىدى، ئاندىن ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

ئابلىز ناۋانىڭ تويىدا، گۈلزىبانى يوشۇرۇن كۈزەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈۋالغان گۈلرۇز قىز كۆچۈرۈپ كېلىش ۋاقتىدا، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبا ئىككىسىنىڭ پىچىرلاشقانلىقلىرىنى، بىقىشىپ ئۇسسۇل ئوينىغانلىرىنى كۆرگەنىدى. ھېكمەتنىڭ يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېڭىپ، گارمون چېلىپ جىر جىرلاپ، ئۇشقىتىپ، خوتەن تويلىرىدا بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر جۇشقۇن كەيپىيات پەيدا قىلىشى بويىغا يەتكەن قىزلارنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. «ئۇ بالا كىمكەن؟. . .»، «گۈلزىبا خانىمنىڭ لايىقىكەن!. . .»، «ئەجەپمۇ شوخ يىگىتكەن. . .» — بۇ سۆزلەر گۈلرۇزنىڭ كونا خامانلىرىغا ئوت قويۇپ، يۈرىكىنى ئاچچىق زەرداپقا تولدۇردى. ئۇ، گۈلزىبانى پايلاپ، ئۇنى ئاۋغان كوچىسى دوقمۇشىدا ساقلىدى. گۈلزىبا بىلەن ھېكمەت جامە دەرۋازىسىنىڭ لەمپىسى ئاستىدا ئۇچراشقاندا، گۈلرۇزنىڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى بۇغۇۋەتكۈسى كەلدى. لېكىن چوڭراق ئىش چىقىرىش كويىدا ئۆرتىنىۋاتقان قارا كۆڭلى ئۇنداق قىلىشقا قويمىدى. مەتنىمىن بارات ئەر ـ خوتۇن بالىسىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندە، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ بىكىنىۋالدى. ئۇلار كىرىپ يېتىپ قېلىشقاندىن كېيىن، بوران شەپىسىگە ھەمراھ بولۇپ، كېرىموفنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبانىڭ بىر ئۆيدە يېتىپ قالغانلىقىنى، ھەر ئىككىسىنى ئۈستىدىن تۇتۇۋېلىپ رەسۋا قىلغاندىلا، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، قايتىپ كەلدى. شۇنچە نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، ئاخىرى ھېكمەتتىن ئاشقان گۈلزىباغا ئىگە بولۇپ قېلىشنى ئويلىمىغان كېرىموف ئاچچىقىدا ھاراقنى بولدى دېگۈچە ئىچكەنىدى. لېكىن، ھېكمەت ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى، گۈلرۇز ھېچنېمە دېيەلمىدى. . . بۈگۈن ئۇ ئۆتكەندە كۆرسەتكەن

خىزمىتىنىڭ مۇكاپاتىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېكمەت بىلەن گۈلزىبادىن ئۆچ ئېلىشنىڭ يېڭى پىلانىنى تۈزۈپ چىقماقچى بولۇپ، كېرىموفنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى.

— گۈلرۇز، سىز دېگەندەك قىلساق، ئۆتكەنكىدەك مات بولۇپ قالماسمىز؟ — دېدى كېرىموف ئارسالدى بولۇپ، — مەن ئانىڭىزنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئاران ئېرىتتىم جۇمۇڭ!...

— ئۇنى مات بولۇش دېمەيمىز، — دېدى گۈلرۇز ئەينەك ئالدىدا چېچىنى تاراۋېتىپ، — بەلكىم ياخشىلىقتىن بىشارەت... شۇ جېدەلدىن كېيىن، ھېكمەت بىزنىڭ ئۆيگە قەدەم ئالالمىدى؟ ھەتتا ئابدۇنەبىنى قۇتقۇزۇۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ، كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدىغۇ؟

— ئەمما، ھېكمەت ئۆيدە يوق بولۇپ قېلىپ، مەن بەكمۇ رەسۋا بولۇپ كەتتىم...

— مەن ئۆيىنى تىڭشىغىنىمدا، ئىككى ئادەمنىڭ تىۋىشى بار ئىدى، — دېدى گۈلرۇز، — ھېكمەت دېگەن دەيۇز قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ... سىزمۇ راسا كالۋا، دۆت ئادەمكەنسىز... شۇنچە ئۇقتۇرسام، دەلىزگە كىرىپ دالان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپ يۈرۈپسىز.

— جىقراق ئىچىۋېتىپتىمەن...

— ھەسسىنەي! — دېدى گۈلرۇز بارمىقىنى چىشلەپ، — شۇ چاغدا سىزنىڭ قولىڭىزدا توي خېتى بولغان بولسا، ئالەمنى - مالەم قىلىپ داۋراڭ كۆتۈرگىلى، چوڭ بىر ئىشنى تەۋرەتكىلى بولاتتى...

— ئويلاپ باقسام، كېچىدىكى مەسلىھەتىڭىز بولىدىغاندەك قىلىپ تۇرىدۇ، — كېرىموف تېخى ئىششىقى يانمىغان كالپۇكى بىلەن بۇرنىنى ئاستا سىيلاپ قويدى.

— سىز مەندىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتىسىز، — گۈلرۇز چاچ قىسقۇچلىرىنى چىشلىۋالغاچقا، ئاۋازى خىڭىلداپ چىقتى، — مېنىڭچە، سىز شۇ كۈنى يىقىلىپ چۈشمىدىڭىز، بەلكىم تاياق يېدىڭىز... ئېيتىڭا، سىزنى ئۇرغان ئۇ كىم؟...

— بۇ... بۇ... ۋاي، بولدى قىلىڭا! — چىشلىرىڭىز بوشاپ، تۇمشۇقلىرىڭىز يېرىلغانغا قارىغاندا... ئۇ چوقۇم ھېكمەت!... سىز

باش يېدىڭىز. . . شۇنداقمۇ؟ . . . ئۇ، گۈلزىبانى ساقلاپ تۇرغىنىدا، سىز ئۇچراپ قالدىڭىز. . . ياق دەپبىقىڭىز قىنى؟ . . .

كېرىموف ئاغزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ بۇ چاققىچە گۈلرۇزنىڭ زۇۋاندار، ھىيلىگەر، بىرەر شۇملۇقنى كۆڭلىگە پۈكسە، ھەغدادىغا يەتكۈزمەي جىم ياتمايدىغان قارا كۆڭۈل قىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ، ئىشلىرىم سەرەمجان تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئالۋاستىغا نەزەر كۆزۈمنىمۇ سالمايمەن، دەپ ئۆزىگە ئۆزى ۋەدە قىلغانىدى. مانا ھازىرمۇ گۈلرۇزنىڭ بۇ پەرىزى كېرىموفنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ قويغانىدى. كېرىموف گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

— گۈلرۇز، پىلانىڭىزغۇ جايىدا، بىراق مەن سەل قورقۇپ قېلىۋاتىمەن،— كېرىموف گۈلرۇزنىڭ تىكىلىپ تۇرۇشىدىن ئەندىكتى، — ئەگەر گۈلزىبا ئۇقۇپ قېلىپ، دەۋا قىلسا؟ . . .

— توختاڭ، مەن بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم،— گۈلرۇز پىچىرلاشقا باشلىدى، كېرىموف ئۆزۈنغىچە بېشىنى توختىماي گىلدىڭلىتىپ تۇردى، — مۇشۇنداق قىلساق قانداق؟ ئەمدىغۇ قورقماسسىز؟

كېرىموف گۈلرۇزدىن قورقتى، دەھشەت قورقتى! . . . بۇ بىر بالايىئەزىمنىڭ ئۆزىكەنغۇ؟ ئۇنى قاپقاننى مۇنداق ئەپچىللىك بىلەن قۇرۇپ چىقىدۇ دەپ كىم ئويلىغان؟ ئۇنىڭ پىلانى بويىچە بولغاندا، گۈلزىبامۇ داۋراڭ سالالمايدىكەن، داۋراڭ سالسا، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىدىكەن، ھەتتا، ھېكمەتمۇ گۈلزىبادىن سەسكىنىدىكەن. . .

— ئۇنداق بولسا، سىز سائەت ئونغىچە مەن دېگەن ئىشلارنى بىجىرىۋېتىڭ. . .، — دېدى گۈلرۇز كېتىشكە تەييارلىنىپ، — سائەت ئون بىردە مەن سىزنى ھېلىقى يەردە كۈتىمەن! . . .

— توختاڭ، مەن سىرتقا قاراپ باقاي. . .

— كېرىموف سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ كوچىدىكى

دەرۋازىلىرى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان چاققانغىنا قورۇلار ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا سېلىپ بەرگەن بىر يۇرۇش ئايرىم ئۆيلەر ئىدى. قورالىق

بۆلۇمدە يېقىندىن بېرى ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. كېرىموف «خىزمەت ئىستىلى» ، «تۇرمۇش ئىستىلى» جەھەتتە بىر قېتىم زەمچىگە بېسىلدى، ھەتتا ئۇ تۈزىنى تەكشۇرۇش ماتېرىيالى يېزىپ تەشكىلگە تاپشۇردى. شۇڭا ئۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايتتى.

— شەپە چىقارماي كېتىڭ، — دېدى كېرىموف قايتىپ كىرىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن كەلمەڭ، ئىش بولسا ئۆزۈم ئىزدەيمەن. . .

— ئەمىسە، نەق سائەت ئون بىردە! . . . ئۇنتۇماڭ. . .

گۈلرۇز بىر كىيىملىك شىپىڭ دۇخاۋنى قويىنىغا تىقتى ـ دە، چىقىپ كەتتى. كېرىموف يۈيۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، ناشتا قىلدى. خىزمەت ۋاقتى توشۇشى بىلەن، ئىشخانىسىغا چىقىپ، ھەممىسىنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈۋېتىپ، «سىرتقا خىزمەت بېجىرىش» ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. چۈشكىچە، ئۇ بارلىق «خىزمەت»لىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ، خۇشال ھالدا قايتىپ كەلدى. ئۇ، قويىنىنى بىرنېمە كۆيدۇرۇۋاتقاندەك، پات ـ پات سىيلاپ قوياتتى. ئۇ، خۇشلۇقتىن تېرىسىگە پاتمايۋاتقان بولسىمۇ، يەنە قانداقتۇر بىر ئەندىشە يۈرىكىنى قىسىپ تۇراتتى. ئۇ، چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپ، سائىتىگە ھېلىدىن ـ ھېلى قاراپ، تەقەززا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كىرەتتى، قېلىن كالپۇكلىرىنى چىشلەيتتى، تۇرۇپلا قەيەرگىدۇر تىكىلىپ پىچىرلايتتى. كېرىموف خۇددى سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك، قوللىرىنى شىلتىپ، نېمىلەرنىدۇر دەۋاتاتتى. ئاخىرى كۈتكەن ۋاقتىمۇ كەلدى. ئۇ سائەت نەق ئۇچتە، شەھەرلىك 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە تېلېفون بېرىش ئۈچۈن، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. بۇ چاغدا، گۈلزىبا بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىمتىھان ئېلىش مەيدانىدا ئىدى. ئاردىن ئون مىنۇت ئۆتە ـ ئۆتمەي، قوڭغۇراق چېلىندى. ئىمتىھان قەغەزلىرى يىغىۋېلىندى. بەزى سوئاللارغا تولۇق جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرمىگەن بالىلار ئۈچۈن يەنە بەش مىنۇتلۇق ئېتىبار قىلىندى. گۈلزىبا سىنىپتىن چىقىپ تۇرۇۋېدى، گۈلشەن مۇئەللىم يىراقتىنلا ۋارقىرىدى:

— گۈلزىبا ساڭا تېلېفون! . . . خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكىلەر دەپ قويغىن، دېگەنىدى. . .

گۈلزىبا تېلېفوننى ئالدى. بىر ئەر كىشى غارالڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا: «گۈڭشې كاتىبات بۆلۈمگە تېز كېلىڭ. . .» دېدى ـ دە، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. گۈلزىبا ئىچىدە «خىـزمەت، نوپۇس، ئاشلىـــق، مائاش رەسمىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى بېجىرىپ بولغان تۇرسام، يەنە نېمىگە چاقىرتقاندۇر؟» دېگەن ئوي بىلەن ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تارتمىغا سېلىپ قۇلۇپلىغاندىن كېيىن، پەلتوسىنى كىيىپ، ياغلىقىنى ئارتتى.

گۈلزىبا گۈڭشې قورۇسىغا كىرىپ كەلگەندە، سائەت ئۈچ يېرىم بولغانىدى. ئۇ كارىدورغا كىردى، كاتىبات بۆلۈم قۇلۇپلاقلىق ئىدى، باشقا ئىشخانىلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن دوقۇرۇپ كۆردى، ئۇلارمۇ تاقاقلىق ئىدى. گۈلزىبا كارىدوردا بىردەم ساقلاپ بېقىپ، قورۇدىن چىقتى. گۈڭشې كادىرلىرى، خىـزمەتچى خادىملار يونىدا ۋە چاينىڭ قالدۇقلىرىنى تۆكۈۋەرگەچكە، پەلەمپەينىڭ ئىككى يېنى مۇز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردە بىر بالا نۇر ئويناۋاتاتتى.

— ئۇكام، گۈڭشې كادىرلىرىنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — سورىدى گۈلزىبا نۇرنى ھەدەپ قامچىلاۋاتقان بالىدىن، — بىر يەرگە كەتتىمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى بالا گۈلزىباغا قاراپمۇ قويماي، — بىر يەردە يىغىن بارمىكىن ياكى تويغا كەتتىمىكىن؟ چۈشتىن كېيىن بىرسىمۇ كەلمىدى.

«گۈڭشېدا ئادەم بولمىسا، تېلېفوننى كىم بەردىكىنە؟ . . .» گۈلزىبا ھەيران بولغان ھالدا ئارقىغا قايتتى. لېكىن ئۇ ئارقىسىدىكى شەپىدىن چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. كېرىموف ھىجايغىنىچە، ئۇنىڭغا يانداپ كەلدى:

— گۈلزىبا، كەپسىز ـ دە؟

— كەلدىم. . .، — گۈلزىبانىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، — تېلېفوننى سىز بەرگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، — كېرىموفنىڭ كىچىك كۆزلىرى قىسىلدى، — سىزگە گېپىم بار ئىدى.

كېرىموف گۈلزىباغا ياندىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ

ئىدى. شۇڭا، بۇ كۆرۈشۈشنى بىر ئادەم كۆرسە ئىدى دېگەندەك ...تراپىغا ئالاق ـ جالاق قارايتتى، گۈلزىبامۇ: «بىرنەچچە ئېغىز چىرايلىق گە...دىر قىلسام، ھەربىي ئادەم بولغاندىن كېيىن، بەلكىم ئېرىپ قېل... ...نايە، مۇمكىن» دېگەن ئويدا، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقماقچى بولدى.

— مەنمۇ شۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەنىدىم، — دېدى گۈلزىبا كېرىموفقا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، — سىز تەربىيە كۆرگەن ئادەمسىز... شەرەپلىك ھەربىيسىز... گەلۋەتتە، كۆڭۈلنى چۈشىنىسىز... ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس... ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادامدەك ئادەمسىز... شۇنداق ئىكەن، يەنە نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئارقامغا چۈشۈپ، بىھۇدە ئاۋارە بولىسىز؟...

— مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن... جېنىمدىن ئارتۇق دېسەممۇ بولىدۇ... مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەن ئاستا ـ ئاستا يېتىلىدىغان نېمە!...

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇھەببەت دېگەن سۇ قۇيسا ياشىرىپ، بولمىسا ئۆلۈپ قالىدىغان گىياھ ئەمەس، — گۈلزىبا قىزىشىپ قالدى، — بۇ ئىشنىڭ مەڭگۈ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئانام بىلەن دادامنى نېمانچە قايمۇقتۇرىسىز، تەڭلىككە سالىسىز؟...

— ئۇلارنى مەن قايمۇقتۇرمىدىم، بەلكى ئۆزلىرى خالاپ، مېنى ئائىلەڭلارنىڭ بىر ئەزاسى قىلماقچى بولدى...

— چۈشەكەپسىز...

گۈلزىبا ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، بويۇنلىرىنى قېقىپ سۆزلەپ، كېرىموف بىلەن گۈگۈشي دەرۋازىسىنىڭ ئېگىز يولىدىن چوڭ يولغا چۈشتى. ئۇلار رەستە ئۈستىدىمۇ نېمىلەرنىدۇر دەپ تالىشىۋاتقان پەيتتە، قىزىق دەرۋازىسى تەرەپتىن گۈلرۇز ئىككى دوستىنى باشلاپ كېلىپ قالدى.

— سىلەر بەك قالتىسقۇ؟ — دېدى گۈلرۇز ناھايىتى خۇشال كەيپىياتتا، — كۆپكۈندۈزدە كوچىدا مۇڭداشقۇدەك قانداق تۈگىمەيدىغان مۇھىم گەپ-سۆزلەر بار ئىدى؟

— بولدىلا گۈلرۇز، ئاچاڭنى خىجىل قىلما، — دېدى يۈزىدە

سەپكۈنى بار ئېگىز قىز، — ئۇلار بۈگۈن قەۋەتلا خۇشال كۆرۈنىدۇ، كەيپىنى بۇزمايلىچۇ...

— قاراڭلار، گۈلزىبا خانىمنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى! — گەپ قىستۇردى مەڭزىگە مەڭ چېكىۋالغان توپتەك دۈپ - دۈگىلەك يەنە بىر قىز، — ۋاي جېنىم، نېمانچە دومسىيىپ كېتىسىز... يا؟ ھەربىي يىگىتىڭىزنى بىزدىن قورۇۋاتامسىز؟ ھا... ھا... ھا...

— ئەگەر مەنمۇ ھەربىيدىن يىگىت تېپىۋالسام، — دېدى گۈلرۇز قاش - كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ، — سىلەردىنمۇ ئايرىلىپ كېتەتتىم...ھا...ھا...ھا...

رەستە ئۈستىدىلا ۋارقىراپ - جارقىراپ قىلىنىۋاتقان بۇ چاقچاق - تەنىلەرنى يولنىڭ ئۇ چېتىدە ئايالى بائۇممە بىلەن تۇرغان ئابلىز ناۋا ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ، گۈڭشې دەرۋازىسىدىن چىقىپ، كېرىموف بىلەن پاراڭلىشىپ كېلىۋاتقان گۈلزىبانى يىراقتىنلا تونىغانىدى. ئەتراپتىكى ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەردىن نومۇس قىلغان گۈلزىبا پەس ئاۋازدا: «رەسۋالار!...» دېدى - دە، كېتىپ قالدى.

— قاراڭلار سىلەرنى؟ — دېدى كېرىموف قىزلارغا قولىنى شىلتىپ، — ئۇنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويدۇڭلار...

— ئىزا تارتقۇدەك بىرەر ئىش بولغانمىدى - يا، — دېدى گۈلرۇز يېنىدا تۇرغان ئابلىز ناۋا بىلەن بائۇممەنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك ئەتەي ۋارقىراپ، — قېنى دەپ بېقىڭا كېرىموفكا، گۈڭشېغا نېمىشقا كىرگەن؟

— توي خېتى ئالغىلى!...

— راستما؟ — قىزلار بىردەك چۇرقىراشتى.

— مۇبارەك بولسۇن!... — دېدى سەپكۈنلۈك ئېگىز قىز.

— قېنى ئېلىڭا، كۆرۈپ باقىلى، — دەپ سورىدى دۈگىلەك قىز.

— يائاللا، سىلەردىن قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن - دە!... — كېرىموف قويۇن يانچۇقىدىن پارقىراپ تۇرغان قىزىل رەڭلىك ئىككى قاتلانغان قەغەزنى ئالدى، — مانا كۆرۈڭلار!...

— ۋۇي راستكەن! — دېدى گۈلرۇز ئۇنى دوستلىرىغا كۆرسىتىپ، — سىزنى تەبرىكلەيمىز كېرىموفكا، مۇبارەك بولسۇن!

— ئەكىلىڭا، — دېدى ئابلىز ناۋا چىرايى ئۆڭگەن ھالدا، — مەن

كۆرۈپ باقاي. . .

توي خېتىنىڭ ھېلىلا كېسىلگەنلىكى پېتىنىڭ بۇزۇلمىغانلىقىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا «كېرىموف سايىت»، «گۈلزىبا ئىنايەت» دېگەن خەتلەر يوغان ھەم ئوچۇق يېزىلغانىدى. ئابلىز ناۋا بىلەن بائۇممە بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— ئىنايەت دېگىنى كىم ئۇ؟ — دېدى سېمىز قىز ھەيران بولۇپ، — ئاڭلىمىغانلا ئىسىمغۇ؟

— ئەسلى دادىسىنىڭ ئىسمى بولمامدۇ؟ — دېدى گۈلرۇز تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ، — كونىلارنىڭ: ئاتا ئۆگەيلىمەيدۇ، بالا ئۆگەيلەيدۇ دېگىنى راست ئىكەن - دە. . . دادامنىڭ باققىنىنى بىكار قىپتۇ. . .

— ماڭا نېمە ئامال؟ — دېدى كېرىموف قوللىرىنى كېرىپ، — ئۆز دادامنىڭ ئىسمىنى يازمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

بىر مەيدان ئويۇن ئوينالدى! . . . ئوينالغاندىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى! . . . خۇددى «ئۆگزىگە چىقىپ كىگىز قاقسام، توپىسى تۇرپانغا كەتتى» دېگەندەك، بۇ خەۋەر شۇ كۈنىلا ئاۋغان كوچىسى، قىزىق دەرۋازىسى، جامە ئەتراپلىرىغا تارقالدى. بەزىلەر «ھېلىقى تۇمار چاچلىق قىز دادىسىدەك چوڭ بىر ھەربىگە تېگىدىكەن» دېسە، يەنە بەزىلىرى «ئۇنىڭ پۇلىنى كۆزلىگەندۇر؟» دېيىشەتتى. ھەتتا كېرىموفنى سىرتتىن بىلىدىغانلار: «ئىسىت، ئۇ قىز ئوجۇق قوڭغۇزدەك ئۇ بىر نېمىگە زايا كېتىدىغان بولدى - دە!» دېيىشتى. ھېكمەتنىڭ شەھەردىكى دوستلىرى ياقىلىرىنى تۇتۇپ قېلىشتى. ئۇلار قانچە ئىشەنمەي دېسىمۇ بولمايتتى، ئابلىز ناۋا توي خېتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. . .

ئالىمجان ئەتىسى ئەتىگەندىلا گۈلزىبانى ئىزدەپ مەكتىپىگە كەلدى. ئامانلىلا، شادىمانلار مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا جىددىي كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار قىسقىلا سۆزلەشتى. بۇ ئىنىغۋانىڭ تارىلىشى بىلەن، ھوشىنى يوقىتىپ قويغان گۈلزىبا يامغۇردەك ياش تۆكۈپ، ئالىمجانغا تېلېفون كەلگەن ئىشتىن تارتىپ بولغان بارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. قانداقتۇر شۇملۇقنى سەزگەن ئالىمجان كېرىموفنى ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنى ئىدارىسىدىن تاپتى. ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپ سۆزلەشتى. سۆھبەت

ناهايىتى جىددىي كەيپىياتتا بولدى. ئاچچىقىنى باسالماي قالغان ئالىمجان تۇزۇت قىلماي ئۇنىڭغا: «بىر ھەربىي يولداشنىڭ ئىنتىزامىنى، ئىستىلنى بۇزۇپ، قانۇننى كۆزگە ئىلماي، ئۆز بالىسىدەك قىزغا بېسىم ئىشلەتكەنلىكى، ھەر خىل نەيرەڭلەر ئارقىلىق يالغان توي خېتى ئېلىشى جىنايەت بولىدۇ» دېدى. ئۆزىنىڭ يار لېۋىگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلگەن كېرىموفقا ئىشتان ـ كۆڭلەكنى سىلىپلا سۇغا سەكرىمەي بولمىدى.

— سىز مائارىپ ئىدارىسىنىڭ كادىرى تۇرۇپ، بىراۋغا مۇنداق قالپاق چىنەشكە ئۇيالمامسىز؟ — دېدى كېرىموف قەددىنى رۇسلاپ، — مەن ئىنتىزامغا، قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغىنىم يوق!... گۈلزىبا: «مەن مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەن... سىز تەربىيە كۆرگەن ئادەمسىز... شەرەپلىك ھەربىيسىز... ئەلۋەتتە كۆڭۈلنى چۈشىنىسىز...» دەپ، خەت ئېلىشقا مەن بىلەن بىللە كىرگەن، ئەمدى ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، يېنىۋالسا قانداق بولىدۇ؟... بۇ چوقۇم ھېكمەتنىڭ قىلغان ئىشى... بىلەمسىز، بىز ئىككىمىز خەت ئېلىپ گۇڭشېدىن چىققاندا، گۈلرۇز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ھەتتا گۈلزىبانىڭ يېقىنلىرىدىن ئابلىز ناۋا بىلەن بائۇممەلەرمۇ بىزنى كۆرگەن تۇرسا؟...

— ئۇ چاغدا خەت ئالمىغان ئىكەنسىلەرغۇ؟...

— يالغان... ئەگەر پۈتمىسىڭىز خەت بەرگەن ئايال كاتىپنىڭ ئالدىغا گۈلزىبانى باشلاپ كېرىڭ... قېنى شۇ تونۇپ باقسۇن!...

كېرىموفنىڭ تەمتىرىمەي، قورقماي قويۇۋاتقان پاكىتلىرى ئالدىدا، ئالىمجان سەل گاڭگىراپ قالدى. ئەلۋەتتە چوپچوڭ بىر ئادەم، يەنە كېلىپ، قوراللىق بۆلۈمدە كېجاك بولۇپ ئىشلەۋاتقان خادىم ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، ئازراق بولسىمۇ ئىمكانىيەت قالدۇرۇپ سۆزلەر؟ كېيىن ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا، يۈزىگە سەت بولىدىغانلىقىنى، تەشكىلگىمۇ، خەلققىمۇ يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەر؟...

ئالىمجان بۇ ئىشنى چوقۇم ئېنىقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، كېتىپ قالدى. ئۇ ئىدارىسىگە كىرىشى بىلەن باشلىق ئۇنىڭغا: «خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە بىر ئوقۇتقۇچى ماتېماتىكا ئىمتىھانى ۋاقتىدا، سوئاللارنىڭ جاۋابىنى يېزىپ مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈپ

بىرىپتۇ، بۇنى تەكشۈرمىسە، تەسىرى يامان بولىدۇ، بېرىپ تەكشۈرۈپ كېلىڭ» دەپ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى. ئالىمجان شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە يەنە كەلدى. ئۇ گۈلزىبادىن بۇ ئىشلاردىن ھېكمەتنىڭ خەۋىرى بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى.

— ئۇ بىلمەيدۇ، — دېدى گۈلزىبا، — ئاخشام ماھىگۈل كەپتىكەن. بۈگۈن سەھەر بوستانغا چىقىپ كەتتى، بەلكىم ھازىرغىچە ئاڭلىغاندۇر.

— ھېكمەت ئاڭلىسا، قانچىلىك ئازاپلىنىپ كېتەر؟. . . بىلەمسىز، ئۇ سىزنى دەپ، غۇلجىغا يۆتكىلىش قەغىزىنىمۇ بىكار قىلىۋەتكەن.

ئالىمجان گۈلزىبانىڭ ئايال كاتىپنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بېقىشنى لازىملىقىنى ئېيتىپ، شۇ كۈنىلا خانئېرىق ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېتىپ قالدى. گۈلزىبا گۈگۈمغا ئىككى كۈن ئۇدا كەلگەن بولسىمۇ، ئايال كاتىپنى تاپالمىدى. چۈنكى ئۇ بالىسى كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، خىزمەتكە كەلمىگەنىدى. ئۈچىنچى كۈنى، ھېكمەت شەھەرگە كىرىپ، ئۇدۇل ئابلىز ناۋاينىڭ ئۆيىگە كىردى، ئالىمجانمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. چۈنكى ئۇ خانئېرىقتىن قايتىپ كېلىپلا ئابلىز ناۋانى ئىزدىگەنىدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتى. ئالىمجان ئۆزىنىڭ كېرىموف بىلەن سۆزلەشكىنىنى، ئابلىز بولسا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى دېدى. كېرىموفنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتلىرى، گۆگۈشى دەرۋازىسى ئالدىدا بولۇنغان سۆز ـ ھەرىكەتلەر ھېكمەتنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ گۈلزىباغا ئىشىنەتتى. پەقەت بۇ يەردە قانداقتۇر گىرەلىشىپ، بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋالماق تەس بولغان ھىيلە يوشۇرۇنغانىدى. بۇ سۇيىقەستنى پىلانلىغان ئادەممۇ نۇرغۇن باش قاتۇرغان، يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئەھۋاللارنى، توي خېتى ئېلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بېجىرىدىغان ئىشلارنى، كېيىنكى ئېھتىماللارنىمۇ نەزەرگە ئالغان. . . كېرىموفنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ چوڭ سۆزلىگەنلىكى ھەر قانداق سورۇندا ئىسپات بېرەلەيدىغان گۇۋاھچىلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن، شۇڭا، ئۇ ھولۇقماي، ئەيمەنمەي ئالىمجاننىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالىغان.

— ھازىر گۈلزىبامۇ، ھېكمەتمۇ ئالدىراش، — دېدى ئالىمجان

چايدىن ئوتلاپ، — ئۇلار ئىمتىھان ئېلىشى، قەغەزلەرنى تەكشۈرۈشى، ئەخلاق، ئىلمىي، ئىنتىزام خۇلاسىلىرىنى چىقىرىشى كېرەك. بۇنىڭغا پەقەت بىرنەچچە كۈنلا قالدى. ئەمما، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر ئاز جەريان كېتىدۇ. تەكشۈرۈش ئىشىنى گۈلزىبا يالغۇز ئۆزى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى تەكشۈرۈشكە قىشلىق كۇرس جەريانىدا ۋاقىت چىقارساق قانداق؟

— مەنمۇ بۈگۈن ئوغرىلىقچە قېچىپ كەلدىم، — دېدى ھېكمەت، — كېچىچە بوستانغا ئۈنۈپ بولمىسام بولمايدۇ. لېكىن مەن ھازىرلا گۈلزىبا بىلەن ئۇچرىشىپ، ھېلىقى توي خېتى بەرگەن خوتۇننىڭ ئۆيىنى بولسىمۇ ئىزدەپ تېپىشىم كېرەك.

— بىزمۇ بىللە بارىلىمۇ؟ — دېدى ئابلىز ناۋا، — خىجىل بولما. . .

— رەھمەت، بۈگۈنچە سىلەرنى ئاۋارە قىلماي.

ھېكمەت ئابلىزنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، گۈلزىبانى مەكتىپىدىن چاقىرىۋالدى. جىددىيلىك ۋە غەزەپتىن تۈرۈلگەن قاشلارنى، قىسىلغان كۆز، ھىم يۇمۇلغان ئېغىزلارنى كۆرگەن گۈلزىبا زۇۋان سۈرەلمىدى. ئۇ ھېكمەتنىڭ قىسقىلا بۇيرۇقىدىن كېيىن، رۇخسەت سوراش ئۈچۈن مەكتىپىگە كىرىپ كېتىپ، ھايال ئۆتمەيلا يېنىپ چىقتى. ئۇلار ئۈن-تىن قىلىشماي مېڭىپ، گۈلباغ رەستىسىدىن پەسلەپ، چايخانا مەكتەپتىن ئۆتكەندىن كېيىن، گۆڭشې قورۇسىغا كىردى. كاتىپ ئايال ئىشخانىسىدا بار ئىدى. ئۇ قانداقتۇر تالوندەك بىر نەرسىگە نومۇر بېسىۋاتاتتى. ئۇ قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، ساپسېرىق ئۇزۇنچاق يۈزىنى قوڭۇر داغلار قاپلىغان، ساغۇچ چاچلىرىنى يىلىم بىلەن خۇددى موزاي يالىغاندەك قىلىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىپ چىڭ ئۆرگەن، مۈرىلىرى پەس، ئۆزى ئورۇق ھەم ئېگىز بولغاچقا، كىيىملىرى خوپ كەلمىگەن، گويا قوغۇنلۇقنىڭ قارانچۇقىغىلا ئوخشايدىغان بىر ئايال ئىدى.

— ھە، كېلىنىپ قاپسىلەر؟ — دېدى ئايال گۈلزىباغا يالتتىدە قاراپ، — قېنى ئولتۇرۇڭلار.

ھېكمەت ئۇزۇن بەلدىڭگە كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ

جەريانىنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «گۈلزىبانىڭ نامىدا مەلۇم بىر قىزنىڭ توي خېتى ئالغانلىقى مەلۇم» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كاتىپ ئايالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، بىردىنلا چېچىلىپ قالدى:

— سىز بىزنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ نىكاھ ئىشى دېگەن ئوينىشىدىغان گەپمۇ؟... ئىككى تەرەپنىڭ نوپۇسىنى، ئىدارىلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى، ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئاندىن خەت كېسىمىز، — كاتىپ ئايال ئۇستەلگە ئۇرۇپ قويدى، — ئۆزىڭىز بۇ خانىمنىڭ نېمىسى بولىسىز؟...

— مەن...، — ھېكمەتنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، — بۇ قىزنىڭ لايىقى بولىمەن...

— قاچاندىن بېرى؟...

— ئۈچ يىل بولدى...

— ئۈچ كۈن بولدى دەڭا؟... — ئايال بىردىنلا ھېكمەتكە ئالايدى، — بىلىپ قويۇڭ، توي خېتى ئېلىپ بولدى دېگەنلىك قانۇنى ئەر - خوتۇن بولدى دېگەنلىك... ئەگەر ئارىلىققا قىستىلىۋالسىڭىز، ئائىلە بۇزغۇنچىسى بولىسىز... بولۇپمۇ، ھەربىي ئائىلىسىنى بۇزۇش قانۇندا ئېغىر جىنايەت بولىدۇ!...

— سىز بىر گۇڭشې كادىرى، — ھېكمەتنىڭمۇ قېنى قىزىدى، — تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلماي، باشقىلارغا مۇنداق قالپاقنى كىيگۈزۈشتىن ئۇيالمامسىز؟

— مەن تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلماپتىمەنما؟ — كاتىپ ئايال ئۇستەل تارتمىسىدىن تومپاي بىر دەپتەرنى ئېلىپ، ئىچىدىن ئىككى پارچە قەغەزنى سۇغۇرۇۋالدى، — مانا بۇ ھېلىقى ھەربىينىڭ ئىدارىسىدىن ئېلىپ كەلگەن خېتى، بۇ خەتنى بولسا نەق مۇشۇ خانىم ئۆزى ئېلىپ كەلگەن... مانا شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تامغىسى... كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ كۆرۈڭلار...

— بۇ دېگەن سۇيىقەست!، — دېدى گۈلزىبا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — مەن بۇ يەرگە قانداقتۇر بىر ئەر بىلەن خەت ئالغىلى

كەلمىدىم. . . ئۇ مەن ئەمەس! . . .

— مەن ئەمەس؟ — ئايال كاتىپمۇ غەزەپكە كەلدى، — مەن گەرچە كۆزەينەك تاقىساممۇ، كۆزۈم سىزنىڭكىدىن روشەن. . . سىزنىڭ مۇشۇ كۇل رەڭ ياقىلىق پەلتۇيىڭىز، يېشىل يۇڭ ياغلىقىڭىز، مۇشۇ بوي تۇرقىڭىز بىلەن. . . ئاشۇ بەلدىڭدە تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ ئولتۇرغانلىقىڭىز هازىرقىدەك ئېسىمدە. . .

— بۇ سۈيىقەست! . . . بۇ دېگەن تۆهمەت! ، — گۈلزىبا يىغلىۋەتتى، — مەن. . . مەن. . . خەت ئالمىدىم. . .

ئايال كاتىپ شىلتىنىڭ ئېتىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كارىدوردىلا: «پازىل، هەي پازىل؟ . . . » دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى كەلدى. ئايال كاتىپ كىرىپ، ئۈستىلىگە يۆلىنىپ تۇرۇۋېدى، غاز بويۇن، خاپا باش، يۈزلىرى قاتاڭغۇر يىگىرمە ياشلاردىكى ئورۇق بىر بالا كىرىپ كەلدى.

— نېمە ئىش ئىدى زەينەپخان ئاچا؟ — دېدى غاز بويۇن بويىنىنى سوزۇپ، — بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— قاراڭ پازىل، — زەينەپخان دەپتەرنى ئاچتى، — 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەن توي خېتى كەسكەندە، سىز مەشەدە جەدۋەل تولدۇرغاندىڭىز. . . شۇ چاغدىكى قىزنى تونىيالامسىز؟

— تونۇيمەن، — غاز بويۇن بويۇنداپ گۈلزىباغا تىكىلدى، — مانا مۇشۇ قىز. . .

—نېمە مەنما؟ —گۈلزىبا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — سىز. . . سىز ماڭا بوھتان قىلىۋاتىسىز. . . مەن سىزنى نەدە كۆردۈم؟ . . . مەن. . . مەن سىزنى تونىمايمەن. . .

— ئاڭلىدىڭىزمۇ پازىل؟ . . .

— توۋا خۇدايىم، ما خانىمنىڭ قارا يۈزلۈكىنى . . . مۇشۇ پەلتۇيىڭىز. . . مۇشۇ يۇڭ ياغلىقىڭىز. . . مانا مەشەدە «زۇكام بولۇپ قالدىم» دەپ، قول ياغلىقىڭىزدا بۇرنىڭىزنى ئېتىپ ئولتۇرغىنىڭىزچۇ؟ . . .

— سىلەر ساراڭ بوپسىلەر! . . . گۈلزىبا قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى، — مەن ئاشۇ سېسىق كۈزەن بىلەن توي خېتى ئالىمەنما؟ . . . مەن ئەرز قىلىمەن. . .

— شاشماڭ خانىم، ھېلىقى ھەربىي ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلدى، — دېدى زەينەپخان تارتمىدىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، — سىلەر توي خېتى ئېلىپ چىققاندا، سىڭلىڭىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى، يېقىنلىرىڭىز گۈگۈشى ئالدىدا ئۇچراپتۇ. بۇ بىر ئەمەس، بەش ئادەم ئىكەن!... ئۇلار «توي خېتى ئالغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» دېسە، ئىنزا تارتىپ كېتىپ قاپسىز... بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ... ھېلىقى ھەربىي يولداشمۇ: «قاراڭلار، ئۇنى ئىنزا قارتقۇزۇپ قويدۇڭلار» دەپتۇ. توي خېتىنى ھەممىسى قولدىن - قولغا ئېلىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەمدى بۇ يىگىتنىڭ ئوت قويرۇقلۇق قىلىشى بىلەن، بىر ھەربىي يولداشنى ۋەيران قىلسىڭىز بولامدۇ!... ئويلاپ بېقىڭ، سىز دېگەن بىر ئوقۇتقۇچى!... ئادەم تەربىيىلەيدىغان ھەر قانداق كىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيىلىشى كېرەك!...

— بولدى بەس قىلىڭ... سىزنىڭ مۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق!... — گۈلزىبانىڭ بىردىنلا چىرايى سارغىيىپ، مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپلا كەتتى، — مەن ئۇ كۈنى گۈگۈشىدىن ھېچكىمنى تاپالماي قايتىپ كېتىۋاتسام، كېرىموف ئالدىمدا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ ماڭغىنىم راست، لېكىن...

— ھەتتا سىز خەت ئېلىشنىڭ ئالدىدا: «مەن شۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەن... سىز تەربىيە كۆرگەن ئادەم... شەرەپلىك ھەربىيسىز... ئەلۋەتتە كۆڭلۈمنى چۈشىنىسىز...» دەپ ئېيتتىڭىزمۇ - يوق؟...

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم ئۇ... ئۇ... نېمىدېگەن قارانىيەت ئادەم!...، — گۈلزىبا چېكىسىنى تۇتقانچە يۆتىلىپ كەتتى، — ئۇ بىر مەلئۇن، ئىپلاس نېمىكەن...

— ئاشۇ «قارانىيەت»، «مەلئۇن»، «ئىپلاس» دەپ تەرىپلىگەن ئادىمىڭىزنىڭ ئۆزى ئەسكى، پولى تاتلىقمىكەن؟... گەپنى سىڭا - پاتا قىلساق بولارمىكىن!...

كاتىپ ئايالنىڭ «بىر ھەربىي يولداشنى ۋەيران قىلسىڭىز بولامدۇ»، «پولى تاتلىقمىكەن؟» دېگەن سۆزى گۈلزىبانى ئويلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى كېرىموف ھېلىقى كېچە: «پۇلۇمنى تۆلە! ئۇنىڭغا بەش

قىز ئالاتتىم. . . » دەپ ۋارقىرىغانىدى. بۇ ئىشنى ئانىسىدىن قانچە كوچىلاپمۇ بىلەلمىگەن گۈلزىبا گويا يۈرىكىنى قانداقتۇر غايىبانە بىر قول سىقىپ تۇرغاندەك ئارامسىزلىق ھېس قىلىپ كەلگەنىدى، ئەمما ھېكمەت قايتىنىڭ گۈلزىبانى پۇلغا سېتىۋەتكەنلىكىنى شۇ كېچىسىلا قارارلاشتۇرۇپ بولغانىدى.

— پۇلى تاتلىقمىكەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — گۈلزىبا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كاتىپقا تىكتى، — مەن كېرىموفنىڭ ھېچقانداق پۇلىنى كۆرمىسەم؟ . . .

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، — سىز شۇنچە چوڭ ئىشنى بىلمەي قالامتىڭىز؟ — كاتىپ ئايالنىڭ قاش ـ قاپاقلىرى سۈزۈلدى، — ھېلىقى ھەربىي سۈت ھەققى دەپ سىلەرگە بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن پۇل بېرىپتىغۇ؟ . . . بۇنداقمۇ ئىنساپسىزلىق بولامدۇ؟ . . .

— بىر مىڭ بىر يۈز يۈەن؟ — گۈلزىبانى يەنە يۆتەل قىستىدى، — بۇ. . . بۇ راستما؟ . . .

— بۇنى مەندىن سورايسىزغۇ؟ — كاتىپ ئايالنىڭ پەيلى بۇزۇلدى، — بۇ بىر قانۇنسىزلىق. . . شەھەردىكى ھەر كاتتا تويلاردىمۇ سۈت ھەققى دەپ يۈز يۈەن تاپشۇرغان، يېزىلاردا بولسا، بۇ پۇل يىگىرمە — ئوتتۇز يۈەن بىلەنلا چەكلىنىدۇ. «سۈت ھەققى» ، دەپ، سىز ئۆزىڭىزنى ساتماقچىمۇ؟ . . .

گۈلزىبا بىردىنلا مەيدىسىنى تۇتقانچە، ھېكمەتنىڭ مۈرىسىگە يېقىلدى. ھېكمەت كاتىپنى تىللىۋەتتى:

— بولدى قىل ئالۋاستى سېرىق، گېپىڭنى توختات! . . . قانداق كاسكا خوتۇن بۇ؟ . . .

كاتىپ ئايال قورقۇپ كەتكىنىدىن، چايداننى تاراقلىتىپ، چىنىگە قايناق سۇ قۇيدى. پازىل نېمە قىلارىنى بىلمەي، ئۆي ئىچىدە پىرقىراپ يۈرەتتى.

— گۈلزىبا، گۈلزىبا؟ ماڭا قاراڭا، نېمە بولدىڭىز؟ . . . ھېكمەتمۇ قورقۇپ كەتكەنىدى، — كۆزىڭىزنى ئېچىڭا؟ . . .

ھېكمەت قايناق سۇنى پۈۋلەپ، ئۇنىڭغا ئاز ـ ئازدىن ئىچۈردى. . . بىر

چاغدىلا كۆزىنى ئارانلا ئاچقان گۈلزىبا مىچىلداپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ ھېكمەت... بىز... بىز بۇ دوزاقتىن كېتەيلى... مېنى ئېلىپ كېتىڭ...

ھېكمەت گۈلزىبانى يۆلەپ تۇرغۇزدى. زەينەپخان بىلەن پازىل خىجىل بولدىمۇ ياكى چوڭ بىر ئىش چىقىپ قېلىشىدىن قورقتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارمۇ ياردەملەشتى. كارىدورنىڭ تاشقارقى ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، ھېكمەت كاتىپ ئايالغا قايرىلىپ مىختەك قادالدى.

— بىلىپ قويۇڭ، بىز دوستىلىرىمىز بىلەن بۇ ئىشنى يۇقىرى ئورگانلارغا قەدەر دەۋا قىلىمىز. گۈلزىبا ھەرقايسىڭلار ئويلىغاندەك قىزلاردىن ئەمەس... پاسكىنا تىل - ھاقارەتلىرىڭىز، ساۋاتسىزلارچە مەمەدانلىقىڭىز، تېرىقتەك ھوقۇقىڭىز ئۈچۈن كۆرسىتىۋاتقان كىبىرىڭىز بۇ قىزغا خوپ كەلمەيدۇ... بۇ گەپلىرىڭىزنى سىزنى ھەم بۇنى، — ھېكمەت پازىلغا قارىدى، — پۇچەك پۇلغا سېتىۋالغان رەزىل ئادەمگە، ئالدىڭىزغا گۈلزىبانىڭ سىياقىدا ياسىنىپ كەلگەن بۇزۇق قىزغا ئىشلىتىڭ... سىلەر گۈلزىبانى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش ۋىجدانسىز، كۆڭلى پەس، دىيانەتسىز دەپ ئويلاپ قالماڭلار...

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. ھېكمەت گۈلزىبانى ئاستا ماڭدۇرۇپ «ئۈچ بۇرجەك» بازار ئاشخانىسىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى تاماق ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئاشخانا ئالدىدىكى يوشۇرۇن ئاشلىق بېلىتى ساتقۇچى قاراڭغۇ بازارچىلاردىن ئاشلىق بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن مېڭىۋېدى، گۈلزىبا پورتمىلىدىن بىر كىلولۇق بېلەتنى ئېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ھالى ناھايىتى بوش ئىدى. تاماقىمۇ ئانچە مەيلى يوقتەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، گۈلزىبا بىر چىنە ئۈزۈپ تاشلىغان سۇيۇقئاشقا كۆڭلى تارتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

تاماقمۇ كەلدى. تاماقنىڭ تېتىملىق دورا - دەرمەكلىرى ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلايتتى. بىراق، گۈلزىبا تاماقنى ھېكمەتنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ئىچىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ قوشۇقنى ئاغزىغا ئېلىپ باراتتىيۇ، ئىچمەي، قەيەرگىدۇر قادىلىپ قاراپ قالاتتى. ياكى بولمىسا، ئاشنى ئىلەشتۇرۇپ، خىيالغا پاتاتتى. كاتىپ ئايالنىڭ يىرتقۇچلاردەك تەلەتى،

زەھەردەك سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوغىدەك ئۆيۈپ قالغانىدى. ھېكمەتنى بولسا «كۆل رەڭ پەلتۇ، يېشىل يوڭ ياغلىق» مەسىلىسى بىلەن «سىز تەربىيە كۆرگەن ئادەم، مەن مۇشۇنداق پۈرسەتنى كۈتكەن...» دېگەندەك يىرگىنىشلىك جۈملىلەر قىينىماقتا ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ھەر ئىككىسىلا بىر - بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قاراشقا پېتىنالمايتتى. گۈلزىبانىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان، ھال رەڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تال - تال پارقىراپ تۇرغان قوشۇما قاشلىرىنىڭ تېگى ئۈششاق تەرلىگەنىدى.

— گۈلزىبا كۆپ ئويلىماڭ، — دېدى ھېكمەت تەسەللى بېرىپ، — ئېيتىڭا، قېنى! سىزنىڭكىدەك كۆل رەڭ ياقىلىق پەلتۇ بىلەن يېشىل يوڭ ياغلىق گۈلرۇزدىمۇ بارمۇ؟...

— ياغلىقنى سىز بەرگەن ئەمەسمۇ؟ لېكىن مۇنداق پەلتۇسى يوق...

— سىز تونۇيدىغان باشقا دوستلىرىڭىزنىڭچۇ...

— يوق...

— ئوبدانراق ئويلىنىپ كۆرۈڭ... سىزنىڭ سىياقىڭىزدا ياسىنىپ كىرگەن قىزنىڭ بۇنداق ھەممە تەرىپى ئوخشاپ كېتىدىغان پەلتۇنى تاپالىشى ناتايىن، — دېدى ھېكمەت مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — ياكى پەلتۇيىڭىزنى بىرەر دوستىڭىزغا بېرىپمۇ تۇرغانمۇ؟...

— ئۇنداق ئىش بولمىغان...

گۈلزىبا گۆڭشىغا كىرگەن جەرياننى قايتا چۈشەندۈرۈۋېتىپ «سىز تەربىيە كۆرگەن» دېگەندەك سۆزلەرنىڭ نېمە مەقسەتتە ئېيتىلغانلىقىنى، دېدى. بۇنىڭ بىلەن، ھېكمەت يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئەمما گۈلزىبا بىلەن كېرىموف كوچىغا چىققاندا، شۇ كۈنى كېسىلگەن توي خېتىنى باشقىلارنىڭ كۆرۈشى، مەكتەپتىن قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇش ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمەيتتى.

— گۈلزىبا، مەكتىپىڭلارنىڭ تونۇشتۇرۇش خېتىنى كېرىموف قانداق قولغا چۈشۈرگەندۇر؟...

— بىر مۇئاۋىن ئايال ئىلمىي مۇدىرىمىز بار، — دېدى گۈلزىبا، — ئۇ

ئىككى قېتىم كېرىموفنى ماڭا سايە قىلىپ تەربىيە خىزمىتى ئىشلىگەن. مەن ئۇنى تىللىغۇدەكلەنتكەندىم.

— ناھايىتى چۈشىنىشلىك... ئۇلار تەييارلىقنى بەك پۇختا قىلغانىكەن.

— تويدۇم، مەن بۇ رەسۋاچىلىقلاردىن جاق تويدۇم، — گۈلزىبا ئىككى چېكىسىنى ئالقانلىرىغا ئالدى، — ھېكمەت، ئاقمۇللا ئىمامغا نىكاھ قىلدۇرۇپلا، بۇ يەرلەردىن كېتەيلى... «ئاق قۇشقاچنىڭ تەرگىنى يوق، ئاچلىقتىن ئۆلگىنى يوق» دېگەن گەپمۇ بارغۇ؟ خۇدايىم بىزگىمۇ بىر ئاسانلىقنى بېرەر...

— رەھمەت سىزگە، سىزنىڭ بۇنچىلىك ئىرادىگە كەلمىكىڭىز بەك تەس، — ھېكمەت گۈلزىبانىڭ ئەلەمگە چىدىماي شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، — ھازىر ئابدۇنەبىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— خېلى ياخشى، ئەمما تېخى مەكتەپكە بارالمىدى، سىزنىڭ كېپىكىزنى ھەر كۈنى دېگۇدەك قىلىدۇ.

گۈلزىبا «ئۇھ» دەپ ئۇلۇق - كىچىك تىنغىنىچە، يەنە جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن «كۆل رەڭ پەلتو» زادىلا كەتمەيتتى. ئۇ پات - پاتلا يۆتىلىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قىش كەلگەندىن بېرى، بۇ پەلتوسنى ئۈچىسىدىن سالمىغانىدى. بۇ پەلتو قانداق قىلىپ باشقىلارنىڭ ئۈچىسىغا چىقىپ قالدى؟... گۈلزىبا بۇ سۇيىقەست - نەيرەڭلەرنى گۈلرۇزنىڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇنداق دۈشمەنلىك ۋە ھىيلە - مىكىر پەقەت شۇنىڭلا قولىدىن كېلەتتى. كۆرەلمەسلىك، ھەسەت، شەخسىيەتچىلىك زەردابلىرى ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن مىسقالچە ئارتۇق بولۇشىنى ئۇ ھەرگىز خالىمايتتى، شۇڭا، كىچىكىدىن باشلاپلا، ھۆرمەت ۋە ئىپتىخارغا سازاۋەر بولغان ئىنايەت ئەپەندىنىڭ قىزى — گۈلزىباغا ئۆچ ئىدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى، بۇ ئۆچلۈك دۈشمەنلىككە ئايلاندى. بولۇپمۇ ئوتتۇردا ھېكمەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ ئاچا - سىڭىللار قېنىقماس رەقىپلەردىن بولۇپ قالغانىدى.

گۈلزىبا بىردىنلا چەكچىيىپ، قوشۇقنى چىنىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى قېتىپ قالغاندەك، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

چۈنكى، سىرلىق بىر كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن لىپلا قىلىپ ئۆتكەندەك بولغانىدى. . .

— ھېكمەت، — گۈلزىبا دەرھاللا ھېكمەتنىڭ قولىنى تۇتتى، — ئەمدى يادىمغا كەلدى. ھېلىقى ئايال 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى دېگەندەك قىلدى، توغرا، ئۇ كۈنى دۈشەنبە ئىدى. . . مەن ئەتىگەندە، ئانامغا «پەلتۇيىمنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ كەتتى، قاداپ قويغىن» دەپ، مەكتەپكە كالتە چاپىنىم بىلەن كېتىپ قالغان.

— ئەمىسە، چۈشتىن كېيىن پەلتۇنى كىيىپ بېرىپسىز ـ دە؟

— شۇنداق.

— گۈلرۇز نەق مۇشۇنداق پۇرسەتنى كۈتكەن! . . .

گۈلزىبا خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى. ھېكمەت ئۇنى ئاۋغان كوچىسىغىچە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان كوچا دوقمۇشىدا بىردەم تۇردى ۋە بىر ـ بىرىگە سىرلىق مەنا بىلەن قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى. گۈلزىبا ئۇنى مەشەدىنلا ئۇزاپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ھېكمەت قوشقاناتلىق ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئاچتى ۋە پىچىرلاپ: «قورقماڭ، مەن كېرىموفتەك قىلمايمەن. . . ئابدۇنەبىنى كۆرۈپ چىقساملا بولىدۇ. . . » دېدى. ھېكمەتنىڭ گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن گۈلزىبامۇ، «ھېلىغۇ گۈلرۇز بىلەن قايىت ئىكەن، ئالۋاستى بولسىمۇ ئەمدى قورقمايمەن. . . » دېدى.

ھېكمەت ئۆيگە كىرگەندە، بۇمەرەمخان كۆڭلەك ياماپ ئولتۇراتتى. بىر قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئابدۇنەبى شىرەدە بىر چۆچەك كىتابىنى ئانىسىغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، «ئاكا! » دەپ، ساق قولى بىلەن ھېكمەتنىڭ بويىنىدىن قۇچاقلىۋالدى.

— قانداق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — ھېكمەت ئۇنىڭ ھەر خىل رەڭدار يىپلار بىلەن توقۇلغان پوپايكىسىغا قارىدى، — پاھ ئەجەپ چىرايلىق پوپايكا كىيىۋاپسەنغۇ؟ . . .

— گۈلزىبا ئاچام گىلەمنىڭ يۇڭ شانۇسىدا توقۇپ بەردى. ئەگەر، ھېلىقى شۇۋرغانلىق كېچە مېنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسىڭىز، مەن ئۆلۈپ قالىمەنكەندۇق.

— جۆيلىمە ئابدۇنەبى، — ھېكمەت ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزلىرىنى ئالقانلىرىغا ئالدى، — بىز سېنىڭ بىلەن تېخى جىق ئىشلارنى قىلىمىز... بىلەمسەن، ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا... سەن مېنىڭ باتۇر ئۇكام... ئەمما، ساقايساڭلا، مەكتەپكە بېرىشىڭ كېرەك...

— چوقۇم بارىمەن... لېكىن... لېكىن سىز شۇ كۈنى مېنى دوختۇرخانىغا ئەكىرىپ قويۇپلا، كېتىپ قاپسىز...

بۇمەرەمخان گەرچە «ياخشى تۇردىڭىزمۇ ھېكمەتجان؟» دەپ قويغان بولسىمۇ، كۆزى مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىدە ئىدى. ئۇ تامغا يۆلىنىپ سۇپىدىلا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان گۈلزىباغىمۇ قارىمايتتى. ھېكمەت ئۇنىڭ بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرىدىن، ئىچكەركى ئۆيدە بىر كىم بارلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ، «ئاڭلىسۇن» دېگەندەك، ئەتەي ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇمەرەمخان ئاچا، كونىلار چىراي كۆرۈپ ھال سورا، دېگەنىكەن. گۈلزىبادىن «نېمە بولدۇڭ قىزىم؟» دەپ ھال سوراپمۇ قويمايلىغۇ؟ قارىسىلا، چىرايىنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى...

گۈلزىبا ئۇششۇك تەگكەن يوپۇرماقتەك سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، يېنىك تىترەۋاتاتتى. ئۇنىڭ پەلتۇسىنىڭ يەڭلىرىگە كەپلەپ تىقىۋالغان قوللىرىمۇ مۇزلاپ كەتكەنىدى. بۇمەرەمخان ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئالقىنىنى قويۇۋېدى، گۈلزىبا ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى.

— نېمە بولدىڭىز قىزىم؟... قىزىپ قالغاندەك تۇرىسىزغۇ؟ — بۇمەرەمخان ئىچكەركى مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ قويدى.

— نېمە بولاتتى، — دېدى ھېكمەت ۋارقىراپ دېگۈدەك، — گۆڭشې كاتىبات بۆلۈمىدە ھوشىدىن كەتتى... ھېلىقى كېرىموف دېگەن خوتۇن بېدىكى، مۇناپىق مەلئۇن گۈلرۇزنى گۈلزىبادەك ياساپ ئاپىرىپ، «توي خېتى» ئاپتۇ...

— ۋاي خۇدايىم، نېمە دەيدىغانسىلەر؟...

— سىلى ئۆتكەن دۈشەنبە كۈنى پەلتۇنىڭ تۈگمىسىنى قاداپ بولغاندىن كېيىن، گۈلرۇز ئۇنى كىيگەنمىدى؟

— كىيگىنىنى كۆرمىدىم، لېكىن پەلتۇنى ئەكىرىپ قويغىلى

كىرسەم، گۈلرۇز ئارقامدىن كىرىپ، گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىدا قالغان!...

— كىيىپ چىقىپ كەتكىنىنى مەن كۆرگەن! — دېدى ئابدۇنەبى ۋارقىراپ، — نېمىشقا ئاچامنىڭ پەلتۇسىنى كىيىسەن؟ دېسەم، مېنى «ئىشىڭنى قىل تاز» دەپ تىللىغان...

— ئىش ئايدىڭلاشتى... بىز شەھەردىكى دوستلار بىلەن ۋىلايەتلىك سوتقا، ئۇ يەردە ھەل بولمىسا ئالىي سوتقا ئەرىز تۇتماقچى... قېنى مەن كېرىموف دېگەن ئۇ سېسىق چوشقىنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي!... ئۇنى ھەربىي سەپتىن قوغلاپ چىقارغۇزۇپ، ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىتىپ، ھەتتا پارتىيىلىكىدىن قالدۇرغۇزۇپ، پۈتۈن ئۆمرىگە يەتكۈدەك نادامەتتە قالدۇرمىسام، ئادەم بولماي كېتەي!...

مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، بوسۇغىدا قايىتنىڭ يوغان گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايى قىزدۇرۇلغان مىستەك قىزىرىپ، يېرىك ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەندى، كۆزلىرىدىن بولسا قان قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— ھەي ئەپەندى، بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا نېمانچە چېپىلىۋالىسەن؟ — دېدى قايىت ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، — يوقال كۆزۈمدىن!...

— خاتىرجەم بول، — سەۋر قاچىسى تولغان ھېكمەتمۇ يۈز ـ خاتىرە قىلمىدى، — سېنىڭ ئۆيۈڭدە يېتىۋالمايمەن... پەقەت سېنى بەزى ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن!...

— مېنى... مېنىما؟... — قايىت دىمىقىنى قاقتى، — ئۆمچۈكنى ئىچە ئەپەندى...

— سەن ماھىگۈلنى قىمارۋازلارغا تۇتۇپ بەردىڭ... ئابدۇنەبىنى ئۇرۇپ قولىنى سۇندۇردۇڭ... گۈلزىبانى ساتتىڭ... ئۇنىڭدىن باشقا ئوغرىلىق، قىمار، نەشە دېگەندەك ھۆكۈمەت چەكلىگەن بارلىق ئەسكىلىكنى قىلدىڭ، — ھېكمەت غەزەپتىن تىترەۋاتاتتى، — سەن بۇ دۇنيانىڭ سورىقى، ئۇ دۇنيانىڭ جازاسى يوق دەمسەن؟... بىلىپ قوي سېنىڭ توقسۇنۇڭ تولدى!... سەن قىلغان ئىشلىرىڭنىڭ جازاسىنى

هامان تارتسەن! . . . ئۆمرۈك خارلىق ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ. . .

— ھەي ئەۋلىيا. . . ئەجەپ پال سالغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ يوقال دەيمەن. . . — قايىت يوغان تۈكلۈك مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ دېۋەيلەپ كەلدى، — ھېلى جۇمۇ! . . .

— قېنــى ھېكمەتكە قول تەگكۈزۈپ باقە! — گۈلزىبا دېرىزە تەكچىسىدىكى پىچاقنى ئالدى ـ دە، ئۇچىنى يۈرىكىگە تاقىدى، — قېنى، ئۇرمامسەن؟ ئۇرە! . . .

قايىت ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئامەت ئېلىپ كېلىۋاتقان گۈلزىبادەك گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇشنى خالىمايتتى. جەننەتنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئېرىقلىرىدا ئېقىۋاتقان شارابى ئەنتۇر كۆزىگە كــۆرۈنۈپ تــۇرغان بىــر پەيتتە، بــۇ پەرىشتەنــى رەنجىــتىسە قانداق بولغىنى! . . .

— قىزىم گۈلزىبا، — دېدى قايىت كۈچۈكلىنىپ، — مەن ئۇنى ئــۇرۇمەن دېگىنىم يــوقتۇ؟ مەنمــۇ ســىزنىڭ غېمىڭىــزدا كــۆيۈپ ـ پىشىۋاتىمەن. . . ئــۇنىڭ بىلەن ئــۆتسىڭىز، ئــۆمرىڭىز غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدۇ. . . كۆزىڭىز ياشتىن قۇرىمايدۇ. . . ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىــڭ دەپتىرىدىكى بىر ئەكسىيەتچى. . .

— مېنىڭ غېمىمدىمىش، — گۈلزىبا قەھــرى بىلەن ئالايــدى، — دادىسىدەك بىر مەلئۇنغا سېتىش، قىزىڭ بىلەن بىرلىشىــــپ سالغان كۈلپەتلەر. . . بۇمۇ مۇشۇ كۆيۈنۈشنىڭ ئىچىدىمۇ؟ مېنىڭ ئەسلـــى كۆيۈمچان، مېھرىبان، ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلايدىغان، دىيانەتلىك بىرلا دادام بولغان! . . .

گۈلزىبا يۈزىنى تۇتۇپ يىغلىۋەتتى.

— قىــزىم ئــۇنداق دېمەڭ، — بــۇمەرەمخان يېقىنــلاپ كەلدى، — ئۇ. . . ئۇ. . . دېگەن. . .

— سىزمۇ ماڭا يېقىن يولىماڭ! تېنىڭىزدىن نىجاسەتنىڭ ھىدى كېلىدۇ. . . — گۈلزىبا ئانىسىنى ئىتتىرىۋەتتى، — ئۇكام ئابدۇنەبىنى دېمىگەن بولسام، بۇ ئالۋاستىلار ئۆۋىسىدىن ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن بولاربىدىم! . . .

— بولۇۋاتقان جىدەلنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، — دېدى بۈمەرەمخان ھېكمەتكە، — شۇنداق بولغاندىن كېيىن، چىقىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— ھېكمەتنى قوغلىغۇدەك يەرگە يەتتىڭىزمۇ؟ — ۋارقىرىدى گۈلزىبا، — ئەگەر ئۇ قۇتقۇزمىغان بولسا، ماھىگۈل بىلەن ئابدۇنەبى ھازىر ھايات بولارمىدى؟ ئىككى بالىڭىزنىڭ دەردىدە ئۆزىڭىزمۇ تۈگەشكەن بولارىدىڭىز. . . ھالا بۇگۈنگە كېلىپ، كېرىموفتەك ئەۋرەز پاقىسىنىڭ سامىسلىرى ئەقلىڭىزنى بۇلغاپ قويۇۋاتامدۇ؟ قېنى سىزدىكى ئادىمىيلىك؟ سىزدەك ئانامنىڭ بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىۋاتىمەن. . .

— بولىدۇ، بۈمەرەمخان ئاچا، مەن چىقىپ كېتەي، — ھېكمەت ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى قايتقا تىكتى، — قايتكا، شۇنى سەمىلىرىگە سېلىپ قوياي، سېلىنى ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى ئېلىۋېتىدىغانلار ئەڭ خەتەرلىك ئادەملەر! . . . ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلار سېلىنى گۆرگە ئىتتىرىش ئارقىلىق نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. . .

— مېنىڭ ئۇنداق بۇرادەرلىرىممۇ يوق. . . سەن ئۇنىڭدىن غەم يېمىسەڭمۇ بولىدۇ. . .

— يوق؟ . . . — ھېكمەت شارتلا قىلىپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، گەپ تىڭشاپ تۇرغان كېرىموف مەڭدەپ قالدى، — بۇچۇ. . . مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك مەخلۇق ئەمەسمۇ؟ . . .

گۈلزىبا كېرىموفنى كۆرۈش بىلەنلا پىچاقنى ئالدى ـ دە، مېھمانخانىغا ئېتىلىپ كىردى. قايىت كېرىموفنى توسۇۋالدى، ھېكمەت گۈلزىبانى تۇتۇۋالدى.

— ھېكمەت، مېنى قويۇۋېتىڭ! — چىرقىرىدى گۈلزىبا، — بۇ ئىپلاسنىڭ تېنىدە بىر تامچە قان كۆرسەممۇ ھېساب. . .

— ھەي، چوشقا گاداي، كەتمەمسەن؟ — ۋارقىرىدى ئابدۇنەبى، — ياكى كۆتۈڭگە پوجاڭزا ياقامتىم؟ . . .

— كېرىموف، بۇ يەردىن دەرھال يوقال! — بۇيرۇق قىلدى ھېكمەت، — بۇگۈنكى تارتقان خورلۇقلىرى ئۈچۈن، سېنىڭ تېنىڭنى پارچىلاپ ئىتقا تاشلاپ بەرسىمۇ، گۈلزىبانىڭ دەردى چىقمايدۇ.

كېرىموف غىپىلا قىلىپ چىقىپ كەتتى. قايىت مېھمانخانىنىڭ تېمىغا يۆلەنگىنىچە چەكچىيىپ تۇراتتى. ئابدۇنەبى گۈلزىبانىنى قۇچاقلاپ، يۈزلىرىنى سىيلايتتى.

— قايىتكا، سېلىدە، ئاشۇ نارەسىدە ئوغۇللىرىچىلىكمۇ ئەرلىك غۇرۇرى يوق ئىكەن، — دېدى ھېكمەت گۈلزىبانى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، — بىلىپ قويسىلا، سىلى جامال توختى، كېرىموفتەك بۆرىلەرنى ئۆيگە باشلاپ كىردىلە... ئۇلار ئاخىرى بىر كۈن ئۆزلىرىنى ۋەيران قىلماي قالمايدۇ...

ھېكمەت نەبىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنى بوستاندا نۇرغۇن ئىشلار كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ قىزىق دەرۋازىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئەنجان كوچىسىدىكى جەينەكتە كۈسۈرلىشىۋاتقان كېرىموف بىلەن گۈلرۇز ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى. بۈگۈنكى گۈگۈشي كاتىبات بۆلۈمىدە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان گۈلرۇز كېرىموفقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. ئەمما ئۇ قۇلۇپلانغان ئىشىكنى كۆرۈپ سولىشىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، كېرىموفقا ئۇچراپ قالدى.

— قانداق؟ مېنىڭ گېپىمگە كىرسىڭىز، ھەرگىز زىيان تارتمايسىز، — دېدى گۈلرۇز پىچىرلاپ، — ئالىمجاننىڭ سىزنى ئىزدەپ كەلگىنىنى ئاڭلاپلا، سىزنى ئەرىز يېزىشقا مەجبۇرلىمىغان بولسام، زەينەپخان ئاچام يەنە ھېلىقى غاز بويۇنمۇ مىكى ـ مىكىغا چۈشۈپ قالاتتى.

— ئۇغۇ ئوڭۇشلۇق بوپتۇ، — كېرىموف قوللىرىنى شىلتىدى، — ھېلىقى ھېكمەت دېگەن بىر نېمە ھەممىنى بىلىۋاپتۇ. ئۇ ھېلىلا ئۆيگە گۈلزىبانى باشلاپ كىرىپ، سىز بىلەن مېنى ئاشكارىلاپ، بەشپۇچۇق قىلىۋەتتى. پەلتۇنىڭ ئىشىدا، ئانىڭىز بىلەن ئابدۇنەبى گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى. ئۇلار ئالىي سوتقا قەدەر ئەرز قىلىمىز دەيدۇ...

— ئۇ دېگەن قۇرۇق پوپۇزا، ھازىر ئۇلار جىددىي ئىمتىھاندا، ئارقىدىن ئوقۇتقۇچىلار كۇرسىغا كىرىپ كەتسە، ماڭقىسىنى تارتقۇدەكمۇ ۋاقىت چىقىرالماي قالىدۇ، ئەرز قىلىشقا كىم ماڭىدىكىنا؟... شۇنىڭغىمۇ قورقۇپ كەتكەن بارمۇ؟ — گۈلرۇزنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى، —

توي خېتىنى ئۇققان بولسا، تېخى ياخشى، بۇ بەربىر ئېغىز ئالدىغان يارا ئىدى.

— نېمانداق خىيالىي گەپلەرنى قىلىسىز؟ — كېرىموف جىلى بولدى، — ئۆيىڭىزدە قان تۆكۈلگىلى تاسلا قالدى، ئارانلا قېچىپ چىقىۋالدىم. . .

— قان تۆكۈلگىلى؟. . .— گۈلرۇزنىڭ چوڭ كۆزلىرى ئالايدى، — قانداق قىلىپ؟. . .

— گۈلزىبا پىچاقنى ئېلىپ. . . ئۇنىڭ پەيلى بەك يامان. . . ئەگەر ھېكمەت تۇتۇۋالمىغان بولسا. . .

— شۇنىڭ بىلەن، خوتۇن كىشىدەك ئىشتان بېغىڭىز يانغا ئۆتۈپ قاپتۇ ـ دە! — گۈلرۇز پىسىڭىدە كۈلدى، — سىزنىڭ نەرىڭىز ئەركەك؟. . . قايسى ھالىڭىزغا جەڭچى؟. . . ئەگەر، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولىدىغان بولسام، بوران ئۇچۇراتتىم. . . ئەتتىگىنەي، تازا ۋاقتى ئىكەندۇق!. . .

— توۋا مەن نېمە غەمدە، بۇ خېنىم نېمە كويدا؟ — كېرىموف ئاچچىقىدا يەرنى تەپتى، — بىلەمسىز، ھازىر ئىدارىمىزدا ئىدىيە توغرىلاش، ئىستىل تۈزىتىش كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق پەيتتە، ئۇلارنىڭ قولىقىغا بۇ ئىشلار چۈشۈپ قالسا، تۈگەشكىنىم شۇ بولمامدۇ؟. . .

— بۇ دېگەن ھەممە يەردە چىقىۋاتقان شامال. . . تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭغىمۇ ئىشتىنى سىيرىلىپ چۈشكەن بارمۇ؟. . .

— مەن بىر مەزگىل ئۆيۈڭلارغا بارماي تۇراي، سىزمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمەڭ. . .

— سىز بارمىغىنىڭىز بىلەن، دادام سىزنى ئىزدەيدۇ، — گۈلرۇز كۈلدى، — لېكىن بەل قويۇۋەتمەڭ. . . دادام بىلەن ئانام ئاچامنى بەربىر قايىل قىلىدۇ. . . گۈلزىبا ھامان سىزگە تەئەللۇق. . .

— بۇ راستمۇ؟. . .

— ئەگەر ئادەم ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قەھرلىك ھەم زەھەرلىك بولسا، دۇنيادا ھەممىنى قىلالايدۇ. . . تۇرمۇشتا توخۇنىمۇ ئۇسسۇلغا سېلىش مۇمكىنغۇ؟. . .

كىرىموف ئويلىنىپ قالدى. گۈلرۇزنىڭ گەپلىرى يوللۇق ئىدى. 50 ـ يىللاردىن تارتىپ ئۆزگۈلمەي بولۇۋاتقان ھەرىكەتلەرنىڭ قايسى بىرى ئۆتۈپ كەتمىدى دەيسىز؟ ھەممىسى ئۆتكۈنچى شامالدەك، بەزىلىرىنى قامچىلاپ، بەزىلىرىنى سىيلاپ ـ سىيپاپ، ئۆز يولىغا راۋان بولدى! . . . «ئادەم ھېچنېمىدىن تەپ تارتمايدىغان قەھرلىك ھەم زەھەرلىك بولسا. . . . » پاھ بۇ نېمىدېگەن قالتىس گەپ ـ ھە؟ . . . ئەگەر گۈلرۇز ئەركەك بولۇپ تۇرىلىپ قالغان بولسا، ئىش بار ئىكەن ـ دە. . .

كىرىموف «گۈلزىبا ھامان سىزگە تەئەللۇق» دېگەن سۆزنىڭ شېرىن ـ شەربىتىنى تېتىۋاتقاندەك، تاماقلىرىنى تامشىتىپ قويدى. . .

# ئۆششۈك تەگكەن ياپراقلار

چايخانا مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «شيۇجىڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، قىزىل قەلب تاپشۇرۇش» كۇرسىنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىغا ئىككى ھەپتىدىن ئېشىپ قالدى. ناھىيە بويىچە يىغىلغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئوچاستكىلارغا ئايرىلىپ، ھەر بىر سىنىپتا، تارتىپ چىقىرىلغان شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇرلارنى «كۈرەش ـ پىپەن» قىلىۋاتاتتى. كۇرس دەسلەپ باشلانغاندا، ھۆججەت، ماتېرىياللار، شۇنداقلا «خەلق گېزىتى» نىڭ باش ماقالىلىرى بىر قارار ئوقۇپ ئۆگىنىلدى، كېيىن، بارلىق ئوقۇتقۇچىلار «قىزىل قەلب تاپشۇرۇش» قەسەمنامىلىرىنى يېزىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز سادىق قىزىل قەلبىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، قەسەمنامىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈرەكنىڭ شەكلىنى كۆپلەپ سىزىپ، ئىچىنى توق قىزىل رەڭدە بوياپ، يۈرەك ئەتراپىغا «سادىق» ، «مەڭگۈ سادىق» دېگەن خەتلەرنى چەمبەر شەكلىدە يېزىپ چىقتى.

كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش باسقۇچى يېتىپ كېلىشى بىلەن، مانا ئاشۇ «سادىق» ھەم «مەڭگۈ سادىق» لارنىڭ بىر تۈركۈمى يەڭلىرىنى تۈرۈپ مەيدانغا چۈشتى. خىزمەتتە ۋە تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتە سەۋەنلىك

ئۆتكۈزگەنلەر، ئوقۇغۇچىلىرىغا ھېكايە - چۆچەك سۆزلەپ بەرگەنلەر، ئىنتىزام مەسىلىسىگە ياتىدىغان — كېچىكىش، دەرس قالدۇرۇش، ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىشتەك ئىشلارنى ئۆتكۈزگەنلەر، ھەتتا مەكتەپ ئاشخانىسىدىن نان ئېلىپ بېلەت بەرمىگەنلەر، كۆكتاتلىقتىن بىر باش سەۋزە - چامغۇر ئالغان ياكى باغدىن بىرەر تال شاپتۇل ئۈزۈپ يېگەنلەرمۇ خىروششېۋغا باغلىنىپ، شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر قاتارىدا كۆرەشكە تارتىلدى. سىنىپلاردا بىر كۈن كەچكىچە ياڭراپ تۇرىدىغان شوئار، ۋارقىراش، چىرقىراش ئاۋازلىرى رەستىلەرگىچە ئاڭلىناتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۆز مەكتىپى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ئوچاستىكا ھەتتا ناھىيە بويىچە «شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ گۇماشتىلىرى»، «بەلگىلىك مۇددەتتە پارتلايدىغان بومبىلار»، «خىرۇششېۋچى ئۇنسۇرلار...» دېگەندەك قالپاقلارغا ئىگە بولۇپ، دەھشەتلىك كۆرەشكە تارتىلدى. ئۇلار مەيدانغا نۆۋەت بىلەن تارتىپ چىقىرىلاتتى. يامغۇردەك چۈشۈۋاتقان سوئاللار، قالايمىقان ۋارقىراش - تىللاشلار، سوئال - جاۋابلارنىڭ ئىچىدىن قوسۇر تېپىشلارنىڭ ئاياق - ئۇچى يوق ئىدى. «سوۋېت شيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ ئىشپىيونلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى تاپشۇر!»، «تۇراپ تۇلە، زەيتۇنە دېگەن شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا قانچە قېتىم ئاخبارات يوللىدىڭ؟»، «زەيتۇنەنىڭ چەت ئەلگە قېچىش ھەققىدىكى خېتى كەلگەندىن كېيىن، ئەتراپىڭغا قانچە ئادەم توپلىدىڭ، كىملەرنى قوزغاتتىڭ؟» «كەلگەن كىتابلار ئارقىلىق قانداق زەھەر تارقاتتىڭ؟» دېگەندەك ۋەھىمىلىك سوئال - سوراقلار ھەر كۈنى دېگۈدەك تەكرارلىناتتى. بولۇپمۇ زەيىندىن، قۇتبىرەم، ساجىتخان، مەمتىلى ئىبراھىم، رېخىم نۇرىلار خۇددى ئادەمنى تىرىكلا يۇتۇۋېتىدىغان ئەلپازدا ئىدى، چىرايلىرىدىن ۋەھشىيلىك، ھەرىكىتىدىن ياۋۇزلۇق يېغىپ تۇراتتى. ئۇلار، تۇراپ تۆلەدىن ھەم زەيتۇنەدىن كەلگەن كىتاب ۋە خەتلەرنى ئۆز مەيلىچە تەھلىل قىلىپ، بۇ ئىشنى قانداقتۇر سىرلىق، قورقۇنچلۇق، ئەكسىيەتچى بىر ئالاقىگە ئايلاندۇرۇپ قويماقتا ئىدى. بىر كۈنى كۆرس رەھبەرلىك ئىشخانىسى ئۇلاردىن كىتاب ۋە خەتلەرنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. كامىل: «خەتلەرنىڭ ئەسلى

نۇسخىسىنى ئۆز ئەينى كۆچۈرۈۋالىمىز، تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلار ھۆججەت بېرىدۇ» دەپ شەرت قويىدى. پۈتۈن كۇرس جەريانىدا، يۇقىرى سەۋىيىلىك نەزەرىيىگە ئىگە، نۇتقى، تىلى ئۆتكۈر، مەنتىقىلىق، سۆز - جۈملىلىرى بىلەن ھەممىنىڭ تىلىنى باغلاپ، ئۇلارنى ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان كامىلدىن كۇرس رەھبەرلىكىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار بۇ شەرتكە قوشۇلغان بولدى. كامىل ئۆزى بىلەن ئۆيىگە بارغان رىخىم نۇرى، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ قول قويغان ھۆججىتىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، خەتلەرنىڭ نۇسخىسىنى كۆچۈرۈۋېلىپ تاپشۇرۇپ بەردى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى ئايرىپ، باشقا ئوچاستىكىلارنىڭ ياتاقلىرىغا يۆتكىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن قوللىنىلغان چارە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن كۇرەش داۋامىدا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار قورقۇپ قالمىدى، باشتىن - ئاخىر بىر - بىرىنى ئاقلاپ چىقتى...

شەھەرلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپتە، بىر قىسىم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كۇرەش - پىپەن ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. بۇ يەردىمۇ، نەفىسە، گۈلزىبالارنى تارتىپ چىقىرىپ، ئۇلارنى كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ مەسىلىسىنى پاش قىلىشقا قىستىدى. نەفىسەدە پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق بار ئىدى. ئۇ كۇرەشنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەپ، سۆزلەشكە تېگىشلىكىنى سۆزلىدى، جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىككە جاۋاب بەردى. ئۇ، چۈشكەن سوئاللارغا كاۋاك قالمىغۇدەك، باشقىلار يوچۇق تاپالمىغۇدەك جاۋاب بېرىش ئارقىلىق، ئاكتىپلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قېتىملىق كۇرەشلەردە چۈشىدىغان سوئاللار ۋە ۋارقىراپ - جارقىراشلارمۇ سېلىكىپ، كۇرەشنىڭ كەيپىياتى سۇسلىشىپ كەتتى. لېكىن گۈلزىبا بىرىنچى قېتىملىق كۇرەشتىلا يىغلاپ سالدى. نەق شۇ كۈنى كۇرس رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچىلارنى كىنو كۆرۈشكە ئۇيۇشتۇردى. نەفىسە «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ، ياتاقتا قالدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كېتىشى بىلەن، ئۇ گۈلزىبانىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ئىككىسى سۇ ئىدارىسى تەرەپتىكى ساسلىققا بېرىپ پاراڭلاشتى.

مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كېلىۋاتقان ئېغىر زەربە، بېسىم، تۆھمەت ۋە سۈيىقەستلەر گۈلزىبانى قورقۇنچاق، چۈشكۈن، ئېھتىياتچان قىلىپ قويغانىدى. دۇنيادا ھەر قانداق ئانا ئۆز قىزىنىڭ دوستى، سىردىشى، ئۇستازى ھەم مۇڭدىشى بولالايدۇ... ئۇلار پىغانى ئۆرلىگەندە، بىر ـ بىرىگە دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈشۈپ، ئىچ ـ قارنىنى بوشىتالايدۇ. قىز ئانىسىدىن ساۋاق ئالىدۇ، تەجرىبە ئۆگىنىدۇ، كۆزى ئېچىلىدۇ... ئەمما ھازىر بۇمەرەمخان قايتىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، گۈلزىباغا ئۇستىلەپ دەرد قوشۇپ بېرىۋاتاتتى. كېرىموفنىڭ كۈن ئاتلاپ ئەكىلىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ تەسىرىمۇ، بۇمەرەمخان ئۇنىڭغا بارغانسېرى مايىل بولۇپ قالماقتا ئىدى. تېخى ئۇ ئۇلۇشكۈنلا گۈلزىبانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئوخشىمىغان قىسمەتلەر ھەققىدە ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆزلىدى. كېرىموفنىڭ يېشى چوڭ بولسىمۇ، قولى ئوچۇق ئىكەن، مەردلىكتە ھېكمەتتىن قېلىشمايدىكەن، دەپ ماختىدى. ئەرنىڭ يېشى چوڭ بولسا، ئايالنىڭ ھالىغا يېتىدۇ، ئاسرايدۇ، كۆيۈنىدۇ، دېدى. «ھەرىبي ئائىلە» بولۇشنىڭ «شەرەپلىك» ئىكەنلىكىنى پۇرىتىپ ئۆتتى. گۈلزىبا بۇمەرەمخانغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئېقىپ كەتكۈدەك قارىدى. بۇ ئاشۇ ياۋاش، كەمسۆز، دىلى سۇنۇق، كۈنلىرىنى بىر ئۈندە ـ بىر تۈندە ئۆتكۈزىدىغان ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىسىمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ ياكى كېرىموفنىڭ ئەلچىسىمۇ؟... شۇنداق، بۇ ئائىلە گۈلزىبا ئۈچۈن ئەمدى گۆر بولۇپ قېلىۋاتاتتى... پىغانى ئۆرلىگەندە مۇڭداشقۇدەك، دەردىنى تۆككۈدەك، ئاچچىققىنا يىغلاپ بېرىپ ئىچىنى بوشاتقۇدەك بىرەر ئادىمى بولمىسا؟ ماھىگۈل ھەپتىدە بىر قېتىم كېلىدۇ، مەكتەپكە چىقىپ كېتىشكە ئالدىراپ تۇرىدۇ... گۈلزىبا ئاشۇ بىچارە، گۆدەك ئابدۇنەبىگىلا تارتىشىۋاتاتتى...

شۇ ئىشلار تۈپەيلى، مۇڭلۇق ۋە ھەسرەتلىك بولۇپ قالغان گۈلزىبا كۈرەشنىڭ بىرىنچى كۈنىلا يىغلىدى. رەھبەرلىككە يېلىندى. «ئۇلار ئۇنداق ئەكسىيەتچى ئادەملەر ئەمەس ئىدى» دەپ، ئۇلارنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى. بۇ، غۇرۇرلۇق نەفسەنىڭ يۈزىگە يۇندا چاچقاندەك بىر ئىش بولدى.

— گۈلزىبا، مۇشۇ كۈنلەردە كۆپ ھەرەج تارتىۋاتىسىز، — دېدى

نەفىسە، — بوستاندا تۇنجى قېتىم تارتىپ چىقىرىلغىنىمدا، مەنمۇ خۇددى سىزدەكلا بولغانىدىم. لېكىن، كامىلنىڭ «ياش تۆكۈش، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش، نومۇس ۋەجىدىن جاسارىتىنى يوقىتىش — ئۆز غۇرۇرىنى ئۆزى دەپسەندە قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. بۇ قارشى تەرەپنىڭ غەلىبىسى، شادلىق بايرىمى بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرى مېنى ئويغاتتى.

— مەن ئۇلارنى كېيىمگە ئىشىنەر، ماڭا ئىچى ئاغرىپ قالار، دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى گۈلزىبا يىراقلارغا قاراپ، — ئەمما ئۇلار بەك رەھىمسىز ئادەملەر ئىكەن! . . .

— بىلەمسىز گۈلزىبا، كلاسسىكلىرىمىز، — دېدى نەفىسە گۈلزىبانىڭ قولىنى تۇتۇپ، — «سۈلهى ـ مادارا قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى ئۆزۈڭگە دوست قىلالمايسەن، ئەكسىنچە، ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاشۇرىسەن» دېگەن. . . غەيرەتلىك بولۇڭ. . . بىز دوستلار هامان سىز بىلەن بىللە! . . . دوستلارنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭ! . . .

— توۋا، — گۈلزىبا ياقىسىنى تۇتتى، — بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟ . . . ياخشىلارغا كۈن بولمىسا. . . رەزىل ئادەملەر تەنتەنە قىلسا؟ . . .

نەفىسە بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئايغا قاراپ، بىراۋلارنى ياد ئەتتى ۋە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ، گويا ئۆزىگە ـ ئۆزى نەسىھەت قىلىۋاتقاندەك ئاستا سۆزلىدى:

— «ماڭغان پۇتقا هامان توپا يۇقىدۇ. ئىزدەنگۈچى ئادەمنىڭ ھەممىلا يەردە ئىزى قالىدۇ! . . . سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى توغرا دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىكەنسىز، ئۇنداقتا بۇ يولدا تارتقان ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرىڭىز، خورلۇق ـ ئەلەملىرىڭىزدىنمۇ پەخىرلىنىشىڭىز كېرەك! شۇندىلا، ساخاۋەتلىك ئىشلىرىڭىز چوڭقۇر مەنا ۋە ئۇلۇغلۇققا نائىل بولىدۇ»

— پاھ بۇ نېمىدېگەن تەنتەنىلىك، پاساھەتلىك سۆزلەر! . . . — دېدى گۈلزىبا نەفىسەگە قاراپ.

— بۇ كامىلنىڭ ئېيتقانلىرى! . . . — نەفىسە ئاپئاق شايە قول ياغلىقىنى سىياھتەك قارا كۆزلىرىگە باستى.

— نەفسە، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، — گۇلزىبا گەرچە ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىمۇ يىغلىۋەتتى.

— ئويلاپ كۆرۈڭ گۇلزىبا، دۇنيادا يەنىلا ياخشى ئادەملەر كۆپ، — دېدى نەفسە ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — توختى قۇربان، زىكرۇللا غوجى، ئەخمەت ھوشۇرلارنى كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ «قوللىغۇچىلىرى» دەپ قىيىن ـ قىستاققا ئاپتۇ، بىراق ئۇلار ياش تۆكمەپتۇ، يېلىنماپتۇ. ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرماپتۇ... قىلچە ئەيمەنمەي، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئىستىبداتلىق، تالانتلىق، ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى ئاقلاپتۇ!...

— رەھمەت سىزگە نەفسە... سىز ماڭا كۈچ ۋە مادار بەردىڭىز...

ئىككى دوست چىڭ قۇچاقلاشتى.

كۈرەش ـ پىپەن راسا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈنلەردە، كېرىموف چايخانا مەكتەپ بىلەن 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئارىلىقىدا قاتراپ يۈردى. ئۇ، ئىشتىن چۈشكەندە، چۈشلۈك دەم ئېلىشلاردا، دەرۋازا ئەتراپىنى چۆگىلەپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى، دەرۋازىغا نۆۋەتلىشىپ قارايدىغان قاراۋۇللار قويۇلغانىدى. كېرىموفنىڭ مېھمان قىلىشلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان قۇتبىرەم بىلەن رېخىم نۇرى پات ـ پات ئىچكىرىدىن چىقىپ، كۈرەش ـ پىپەننىڭ كېتىۋېتىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئۆزى پۇل تۆلىمەيدىغان تاماققا ئىگە بولۇش تاماسىدا خام كېكىرىپ يۈرۈيدىغان رېخىم نۇرى كېرىموفنى خوش قىلىش ئۈچۈن، راست ـ يالغاننى قوشۇپ سۆزلەۋېرەتتى.

— كۆرۈپ تۇرۇڭ كېرىموفكا، بۇ ئۈچ ئاداش تۈرمىدە ئون بەش ياتمىغان تەقدىردىمۇ، ئون يىل چوقۇم ياتىدۇ، — دەيتتى رېخىم نۇرى ئاغزىغا كەپلەپ تىقىۋالغان لەغمەننى يۇتۇۋېتىپ...

كېرىموف چايخانا مەكتەپتىن خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى ئۇ قولغا ئۆگەتكەن ئوۋ ئىتلىرىدىن تۆت ـ بەشى ئۇ يەردە ئاغزىلىرىنى ئېچىپ تەييارلا تۇراتتى. بىرلا كىش ـ كىشلەپ قويسا، ئۇلار ئېتىلغان ئادەمنىڭ تۇمشۇقىنى قانغا بويىمىغۇچە توختىمايتتى. لېكىن ئۇ 2 ـ باشلانغۇچ

مەكتەپتىن بىرەر خەۋەر ئالالماي، جىلى بولماقتا ئىدى. ھېلىقى مۇئاۋىن ئىلمىي مۇدىر: «بۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئىزدىگۈچى بولماڭ. شەھەردىكى نامى بار زىيالىيلاردىن بىرنەچچىسى بىزنىڭ گۈلزىباغا توي خېتىگە ‹تونۇشتۇرۇش› بەرگەن ئىشىمىزنى سۈرۈشتە قىلىپ، بەكمۇ ئوسال قىلىۋەتتى. كېرىموف: ‹گۈلزىبا دوختۇرخانىدا ئۇكىسىنى بېقىۋاتىدۇ، شۇڭا ئۆزى كېلەلمىدى، ئۇ بۇ تويغا رازى› دېسە، ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ‹ھەربىي كادىر تۇرسا! . . .› دەپ، ئاران قۇتۇلدۇم. . . » دەپ، قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا ئېرتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئايال ئىلمىي مۇدىر ھەر خىل بېسىملار بىلەن گۈلزىبانى ياۋاشلىتىپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. كېرىموف تۆردى ھېكمىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلاپ كۆردى. ئەمما بۇ دالتەك خالىقنىڭ دېيىشنى چېلىپ، نەفسەنىڭ ئورىسىنى كولاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئاخىرى ئۇ گۈلزىبانىڭ دوستى گۈلشەننى بىر ئاماللاپ قولغا چۈشۈردى. كېرىموفنىڭ كونا خوتۇنلىرىدىن قالغان بىر تال كۆمۈش بىلەيزۈككە سېتىلغان گۈلشەن ئۇنىڭ «يوليورۇق»لىرىنى بىجاندىل ئورۇندايدىغان چاپارمەنگە ئايلاندى.

كېرىموف «ھەممە ئىشلىرىم يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئەگەر كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار تۈرمىگە كىرىپ كەتسە، گۈلزىبا مالچىسىدىن ئايرىلغان يېتىم قوزىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدۇ. . . روھىمۇ سۇنىدۇ» دېگەن خىياللار بىلەن خۇشال يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۇرس ئاياقلىشىپ، خۇلاسە ئېلان قىلىندى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارغا خىزمەتتىن توختىتىپ ئۆز مەكتىپىدە ئالتە ئاي ئەمگەك بىلەن «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» چارىسى بېرىلدى. كېرىموفنىڭ دېپى يېرىلىپ، چالمىسى سۇغا چىلاشتى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىن بۆلەكچىلا جانلىنىپ، زور ئۈمىد باغلىغان زەيىندىنمۇ قاردا قالغان پىدىگەندەك سولىشىپ قالدى. خالىق بولسا ئاغزىنى بۇزۇپ: «ئاناڭنى! بۇ گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق، ھەيۋىتى يامان، مىجەزى زەئىپ بىر ھەرىكەت بولدىغۇ؟ . . .» دەپ تىللىدى.

بىر ئاي داۋاملاشقان كۇرس ئاياقلىشىپ، ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپلىرىگە قايتىشتى. كامىل مال قوتىنىنىڭ پىنھان قورۇسى ئىچىدە ئاشخانىغا كۆتەك يېرىپ ئوتۇن تەييارلاۋاتقان، مۇرات يەر ئاستى قىشلىق كۆكتات

ئامبىرىدا ئىشلەۋاتقان، ھېكمەت رەجەپ بەنجاڭغا ياردەملىشىپ، چوشقا بېقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى كېرىموف بىلەن زەيىندىن خالىقنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مۇشۇ ئۆيدە جەم بولۇشقانىدى. ئۇ چاغدا ھەممىسىلا كەكرى يۇتۇۋالغاندەك، چىرايلىرى تۇرۇلگەن، قاپاقلىرى چۈشكەن، باشلىرى ساڭگىلىغان ھالدا، خامۇش ئولتۇرۇشقانىدى. بۈگۈن خالىقنىڭ ئېچىلىپ قالغان چىرايىنى، ياسىما تەبەسسۇملىرىنى كۆرگەن كېرىموف بىلەن زەيىندىن بىر ـ بىرىگە قاراپ سىرلىققىنا كۈلۈپ قويۇشتى.

خالىق ئۇلارغا چاي تەييارلىدى. سوغۇق توخۇ گۆشىنى توغراپ تەخسىگە ئالدى. ئاندىن، ئانچە ـ مۇنچە ناشتا قىلغاندىن كېيىن، بىر بوتۇلكا ئاق قوناق ھارىقىنى شىرە ئۈستىگە چىقاردى.

— بۈگۈن ئەسلى ھاراق قويۇش ئويۇمۇ يوق ئىدى، — دېدى خالىق پىيالىنى كۆتۈرۈپ، — شۇنداق بولسىمۇ، ئۈچىمىزنىڭ خەلق دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتىكى ھەمكارلىقىمىز ئۈچۈن، ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن، ئازراقتىن كۆتۈرەيلى، دەپ ئويلىدىم. . .

— خوشە! . . . — پىيالىلەر بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى.

پىيالىلەر ئۈچ ـ تۆت نۆۋەت كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، يۈزلىرى ئۆپكىدەك ئىسسىلىپ تەرلەشكە باشلىغان كېرىموف بىلەن زەيىندىن چاپانلىرىنى سېلىپ، قولاقچىلىرىنى باشلىرىدىن ئېلىپ تاشلىدى. خالىق بولسا، روكۇدىكى ئىمامدەك، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، بىرەر دەقىقە جىم ئولتۇرۇۋالدى. كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىن ئامان ـ ئېسەن چىقالماسلىقىغا ئىشەنگەن خالىق نەفسەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەنىدى. بۇ تۈنجى قېتىملىق ھۇجۇم ئىدى. گەرچە ئەلچىلەر سىيلىق ـ سىپايىلىق بىلەن يولغا سېلىنغان بولسىمۇ، خالىق ئۈمىدىنى ئۈزمىدى. ئۇ، نەفسەنىڭ ئانىسى بىلەن بوۋىسى قۇتلۇق ھاجىمغا: «كامىل دېگەن كىتاب خالتىسىنىڭمۇ كۈنلىرى ساناقلىقلا قالدى. . .» دەپ ئېيتقانىدى. بۈگۈنكى كۈندە كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ بوستانغا يەنە مىقتەك قېقىلىشى ئۇنىڭ ئارزۇ ـ نىيازلىرىنى كۆلگە پۈچۈلىۋەتتى. ئۇلار يوقالمايدىكەن، خالىققا زادىلا

ئاراملىق بولمايتتى. . .

— سىلەر ئالدىنقى كۈنى ئېلىپ كەلگەن، — دېدى خالىق قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، — دەلىل ـ ئىسپات ھەم ماتېرىياللارنى جەملەپ بىر دېلو تۈرغۈزۈپ چىقتىم. ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلاپ بېقىپ، كەم قالغان تەرەپلىرى بولسا، پىكرىڭلارنى بېرەرسىلەر. . .

دېلودا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئورتاق جىنايىتى بولغان — سوۋېت ئۆزبېكىستان شائىرى تۇراپ تۆلەدىن كىتاب ئەكەلدۈرۈپ، شىۋجېڭجويىلىق ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش ھەمدە ئۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈش، ئوغرى تۇتىمىز دەپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ ئۇرۇش، مەكتەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر قىلىش، سوۋېت ئىشپىيونى زەيتۇنەدىن خەت كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەلگە قېچىشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىقلار يېزىلغانىدى، بۇ مەسىلىلەر پرىنسىپقا كۆتۈرۈلۈپ، ھەربىر مەسىلىگە ئايرىم ـ ئايرىم قالپاق كىيگۈزۈلگەن: كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ئۆتكۈزگەن «جىنايەت»لىرى بويىچە يەككە ماتېرىياللار يېزىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە، چەتتىن كەلگەن كىتاب ۋە خەت ـ چەكلەرنى ساقلاش، كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىمىز دېگەن نام بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلەش. . . ئەمەتنى ئېلىپ ئۇرۇپ جاراھەتلەندۈرۈش. . . » تەك قىلمىشلار كامىلغا يۈكلەنگەنىدى. مۇراتنىڭ ئىككى نۆۋەت خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ، سوۋېتكە قېچىشقا ئۇرۇنغانلىقى، گۇڭشې كادىرلىرىنى ئۆلتۈرۈش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پىچاق كۆتۈرۈپ، ھەرىكەت ئۈستىدە تۇتۇلغانلىقى. . . »

كۆرسىتىلگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھېكمەتنىڭ جىنايىتى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ ماتېرىيالىدا «سوۋېت ئىشپىيونلىرى بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرغان، دوستلىرىنى قېچىشقا قۇتراتقان. . . ئىستىلدا چېرىكلىشىپ، ھەربىي ئائىلىنى بۇزغان. . . » دەپ يېزىلغانىدى.

— خالىق كاتىپ، — دېدى زەينىدىن، — كېرىموف گۈلزىبا بىلەن تېخى توي قىلمىغان تۇرسا؟ . . . بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا، قانداق بولار؟

— ساددىكەنلا، توي خېتى ئالدىمۇ بولدى، قانۇن ئېتىراپ قىلغان

ئەر - خوتۇن بولدى دېگەن گەپ.

— توغرا، گۈگۈشېدىكى زەينەپخان كاتىپمۇ نەق شۇنداق دېگەن، — دېدى كېرىموف قېلىن كالپۇكىنى يالاپ قويۇپ، — توي خېتى ئالغان كۈندىن باشلاپ، گۈلزىبا مېنىڭ خوتۇنۇم بولدى!...

— تۇرغۇزۇلغان دېلو قانداقراق بوپتۇ؟ — سورىدى خالىق مەغرۇر قىياپەتتە، — ئەگەر باشقا پىكىرىڭلار بولمىسا، ئەمەتنىڭ گۈگۈشېغا يازغان ئەرزى، قۇتبىرەم، مەمتىلى ئىبراھىملارنىڭ بەرگەن ئىسپاتنامىلىرى، پارتىيە مەكتىپىدىن ئەۋەتىلگەن خەتلەرنى قوشۇپ، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىمىز...

— بۇنى ئۇ يەرگە ئۆز قولۇم بىلەن ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى كونا كېسىلى قوزغالغان زەينىدىن، — بۇ قېتىم بىر كارامىتىنى كۆرۈپ باقاي بۇ ئۇچ ئوغرىنىڭ...

— كېرىموف، ئۆزلىرىنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتتا تونۇشلىرى باردۇر؟ — سورىدى خالىق.

— بار، بولمامدىغان! ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ جۇرېنى ئىمىن سوپى مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم بولىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، زەينىدىنىڭ بىر تۇغقىنى بۇ قېتىم ئىشخانا جۇرېنلىقىدىن بىر يولىلا ناھىيىنىڭ تۆتىنچى ھاكىملىقىغا ئۆستۈرۈلدى، — دېدى خالىق ئىشىك تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىدى؟

— ساۋۇر روزى!... — جاۋاب بەردى زەينىدىن.

— بۇ كىشى بىزگە چوقۇم ياردەم قىلىدۇ! — خالىق پىيالىلەرگە ھاراق قۇيدى، — شۇڭا، كېرىموف، سىلىمۇ قەدەملىرىنى تېزلەتسىلە... مەنمۇ مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرگە تېلېفون بېرىمەن...

— بۇ ماتېرىياللارغا مەكتەپنىڭ تامغىسىنى باسمەنما؟ — دېدى زەينىدىن، — قارىسام، مەكتەپ نامىدىن يېزىلغاندەك تۇرىدۇ.

— ئەلۋەتتە! لېكىن، زەينىدىن مۇدىر، ئۇششاق ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويمايلى. سىلىنىڭ تۈگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەيدىغان ئادەتلىرى بار... ئاتالمىغان مۇشتۇڭنى قوينۇڭغا

سال، دېگەن گەپمۇ بار، — خالىق جىددىي تەلەپپۇزدا ئاگاھلاندۇردى، — ئەڭ مۇھىمى، كامىلنىڭ ئەكسىيەتچى خەت ۋە كىتابلارنى ساقلىغانلىقى... مۇراتنىڭ قاتىللىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشى، ھېكمەتنىڭ چەت ئەل بىلەن ئالاقە باغلاپ، قېچىشقا ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە ھەربىي ئائىلىنى بۇزماقچى بولغانلىقى ئالاھىدە گەۋدىلىنىشى كېرەك.

خالىقنىڭ «ئۇششاق ئىشلار» دېگىنى ئوقۇغۇچى ئەمەتنىڭ بىر چاغدا ئۆز ئوغرىلىقىنىڭ ئارقا تېرىكى ھەققىدە يازغان ئىسپاتنامىسى ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە كامىلدا ساقلىنىپ كېلىۋاتاتتى. زەيىندىن كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپمۇ، ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمىگەنىدى. ئۇ لەنىتى ئىسپاتنامىنى ئويلىسىلا، مۇدىرنىڭ تۆت پۈتى ئۆرە قالاتتى.

زەيىندىن ئەتىسى ئەتىگەندە، تامغا بېسىلغان ماتېرىيالنى كۆتۈرۈپ گۇڭشې كاتىبات ئىشخانىسىغا كىردى. خالىق «ماتېرىيالنىڭ راستلىقى ھەققىدە» بىر بەتلىك ئىلاۋە يېزىپ، تامغا بېسىپ بەردى. بارلىق رەسمىيەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغان خالىق ئىنتىقام ئېلىش ھۇزۇرىدىن تىترىگەن ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

مەكتەپنىڭ بوز ھاڭگىسىنى مىنگەن زەيىندىن شەھەرگە چاپتۇرۇپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. ئۇ، ئەڭ ئاۋۋال، ساۋۇر روزى بىلەن كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلدى. چۈنكى ئۇ زەيىندىننىڭ ھامىسىنىڭ قىزىنىڭ ئېرى ئىدى. ساۋۇر روزى ئەسلىدە چارۋىچىلىق رايونىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، بەش يىلنىڭ ئالدىدا، ناھىيىلىك كومىتېتقا يۆتكىلىپ كېلىپ، چارۋىچىلىق بۆلۈمىنىڭ جۇرېنى بولغانىدى، ھاكىمىلىققا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ، يەنىلا شۇ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

ساۋۇر روزى قىرىق بەشتىن ئاشقان سېمىز، توغرىلىق، مىس رەڭ چىراي ئادەم ئىدى. ئۇ ماتېرىيالغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، سوزۇپ بىرنى ئەسنىدى ـ دە، ئۇنى زەيىندىننىڭ قولىغا بەردى. ئۇ، ئۈندىمەي ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى. ئىسىنى ھالقا ـ ھالقا چىقىرىپ تورۇسقا پۈۋلىدى. ئاندىن، ئۈستەلنى بوغۇرساقتەك بارماقلىرىدا بىر ھازا چېكىپ ئويلىدى:

— بۇ ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال ئىكەن. بەلكىم ئىنتىزام

تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ئۇنى دائىمىي ھەيئەتلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە تاپشۇرۇشى مۇمكىن، — دېدى ساۋۇر روزى زەينىدىننىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — شۇڭا، ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭا بىر يولۇقۇڭ.

— قانداق سەرگە ئولتۇرغۇدەك بىر نەرسە بارمىكەن؟ — دېدى زەينىدىن ھىجىيىپ، — بۇ ئوغرىلار مەكتەپنى بەك مالىمان قىلىۋەتتى.

— سەرگە ئولتۇرغۇدەك دېگەن قانداق گەپ ئۇ؟ — دېدى ساۋۇر روزى چىشىنى كولاۋاتقان سەرەڭگە ياغىچىنى شوراپ، — تارازىنىڭ تېشىنى ئىرغىتىپ ئېتىۋەتكۈدەك تورى بار مەسلىلەر ئىكەنغۇ!...

— مانا... مانا... بىرلا كۆرۈپ بىلدىلە... يېزنەم ئۆزلىرىنى «ئامبال كۈيئوغلۇم» دەپ بىكارغا ماختىمىغان ـ دە!... خۇدايىم ئەقىلنى كىمگە بېرىشنى بىلگەن... بەرگەندىمۇ تېپىپ بەرگەن، ھى... ھى... ھى...

زەينىدىن بوستانغا ناھايىتى خۇشال قايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئىشلىتەلمەي يۈرگىلى خېلى ئۇزۇن بولغان «رەھىمسىزلىك» دېگەن بۇ گۆھىرى يەنە چاقناپ نۇر چاچتى. بىر چاغلاردا ئۇ بۇ «گۆھەر» ئارقىلىق «بىرگە زەربە، مىڭغا تەربىيە» ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تىكلىگەنىدى. ھەممە ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى، ئۇنىڭغا قاراپ يۆتىلەلمەيتتى. بىراق، بوستانغا كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى ئۈچ لەنىتى ئۇنى ئاسمانغا چىقىپ ئەرشنى، يەرگە چۈشۈپ كەشىنى كۆرگۈدەك ھالدا رەسۋا قىلىۋەتكەنىدى. شۇ قېتىم، شۇنچە يىللاردىن بېرى چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمىغان زەينىدىن مۇدىرلىق تاجىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس ـ تاماس قالدى. كونىلارنىڭ: «ئەرگە بىر، يەرگە بىر...» دېگىنى راست ئوخشايدۇ. مانا پەلەكنىڭ گەردىشى چۆرگىلەپ، نۆۋەت زەينىدىنگە يەنە كېلىپ قالدى. ئۇ، بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى چىڭ تۇتمىسا، ئۆمۈر بويى بارمىقىنى چىشلەپ قالىدۇ... ئۈچ گەدەنكەشنى چىر ـ چىر چىرقىرىتىپ، ئەدىپىنى بەرمىگۈچە، خۇماردىن چىقمايدۇ... ئوغرى چېغىدا، بىرەر ئۆيگە كىرىپ ئوغرىلىغۇدەك ھېچنېمە تاپالمىسا، ئۆزىنىڭ دوپپىسىنى بولسىمۇ قوينىغا تىقىپ يېنىپ چىقىدىكەنغۇ؟... زەينىدىن

ئوغرىلچىلىكمۇ بولالماسمۇ! . . . خەپ. . . خەپ، كامىل، ھېكمەت، مۇرات! . . . (زەينىدىن ئېشەكتە كېتىۋېتىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ) سەنلەر تېخى ئايىقىمدا ئۆمىلەيسەن! . . . ياش تۆكۈپ يالۋۇرىسەن! . . . تىزلىرىمنى قۇچاقلايسەن! . . . سەنلەرنىڭ بىر كۆزۈڭدىن ياش، بىر كۆزۈڭدىن قان ئاققۇزىمەن! . . .

زەينىدىن ئاچچىق ئەسلىمە، شېرىن خىياللار بىلەن بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىگە يېتىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن بايىقى ھېس - تۇيغۇلار تېخى ئۆچۈپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرمەكچى ۋە ھۇزۇرلانماقچى بولدى، ئالدى بىلەن، چوشقا قوتىنىغا باردى. ئاپئاق داپساقال رەجەپ بەنجاڭ قوتان غاراللىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەن بادىرىلىرىنى باغلاپ مىقلاۋاتاتتى. ئۈچىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ قالغاچقا، ھېكمەت پوفايكىسى بىلەنلا ئىدى، ئۇ غۇلاقلارغا ئاداپ قويۇپ يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. غۇلاقلارغا چۈشۈۋالغان، پۇتلىرىنى تىقىۋالغان بىر - بىرىدىن مەينەت ئانا چوشقىلار، خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغان چوشقا كۈچۈكلىرى ئېچىپ كەتكەن ئاداپنى تالىشىپ چىرقىرىشاتتى. . . بىر - بىرىنى چىشلىشەتتى ۋە قوتان ئىچىدىكى چىلىنى پېتىغداپ قوغلىشاتتى. . . پۈژۈلداپ كۆپۈك چىقىپ تۇرغان ئېچىغان ئاداپتىن ۋە تۇمشۇقلىرى قىزىرىپ كەتكەن چوشقىلاردىن كېلىۋاتقان بىر خىل قاڭسىق، بەدبۇي پۇراق دىماقلارنى ئېچىشتۇراتتى. ھېكمەتنىڭ كۆندە قىلىدىغان ئىشى چوشقىلارنى ئۇ قوتاندىن - بۇ قوتانغا ھەيدەپ كىرگۈزۈش، يىغىلىپ كەتكەن غەلىغەش چىلەلەرنى تازىلاپ ھويلىغا دۆۋىلەش. . . ئاداپ قۇچۇش، چوشقىنىڭ ئەركەكلىرىنى ئايرىم بېقىشتەك ئىشلار ئىدى.

ھېكمەت ھويلا ئوتتۇرىسىدا قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، سەپكۈنلۈك يۈزىگە مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش ئالامىتى بېرىپ، گىدىيىپ تۇرغان زەينىدىننى كۆردى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىن نېمىدۇر كەچتى بولغاي، بىردىنلا قوتانغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . ، ھا. . . ھا. . . ھا. . .

— مۇئەللىم، نېمىگە بۇنداق قاتتىق كۇلۇپ كەتتىلە؟ — دېدى رەجەپ بەنجاڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، — كۇلگۇدەك نېمە ئىش بولدى؟

— ھا. . . ھا. . . ھا. . . قارىسىلا، رەجەپ ئاخۇن ئاكا، ئاۋۇ يۇزىدە قوڭۇر سەپكۇنى بار چوشقا كۇچۇكىگە! . . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . ئۇ گىدىيىپ تۇرغىنىنى بىلەن، نېمىدېگەن بىچارە. . . ھا. . . ھا. . . ھا. . . ئۇ ئاداپقا تويماپتۇ. . . ھەي، چالا كۆرەڭ ئاداش! ھا. . . ھا. . . ھا. . . چۇغۇنتەكتەك گەۋدەڭنى كېرىپ تۇرغىنىڭ ئۆزۇڭگە ياراشماپتۇ، پەقەتلا ياراشماپتۇ. . . ھا. . . ھا. . .

— بولمىسا ئۇ ئىككى يىللىق كۇچۇك ئىدى، — دېدى رەجەپ بەنجاڭ ئىشتىن بېشىنى كۆتۇرمەي، ھېكمەتنى بىر چوشقا كۇچۇكىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، — بويى بىزنىڭ شوجاڭنىڭ بويىدەك زادىلا ئۆسمەپتىيا ئۇنىڭ؟ . . . مىكىجىن بولغاچقا شۇنداقمۇ ـ يە؟ . . .

رەجەپ بەنجاڭ ھېكمەتنىڭ سىزغان رەسىمىگە كۆز چىقىرىپ بەرگەندى. ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بىلىنىپ كەتكەن زەينىدىن چوشقا ئېغىلىدىن ئۇچۇپ چىقتىمۇ، مېڭىپ چىقتىمۇ ياكى بىر كىم بىرلا پەشۋا بىلەن يۇمىلىتىپ چىقىرىۋەتتىمۇ، ئۆزىمۇ بىلەلمىدى. قارا ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى؟ . . . «سەپكۇنى بار» ، «گىدىيىپ تۇرغان» ، «چۇغۇنتەكتەك . . . » بۇ ئاپئاشكارا زەينىدىننى دېگىنىغۇ؟ . . . ئەمدى ئوخشاتمىغان چوشقا قاپتىما مېنى؟ . . . تېخى «ئاداپقا تويماپتۇ. . . » دەيدىيا. . . قارا گېپىنىڭ سېسىقلىقىنى؟ . . . ئاۋۇ پوق ساقالمۇ ھېچنېمىنى پەرق ئەتمەيلا «شوجاڭنىڭ بويىدەك. . . » ، «مىكىجىن» دەۋاتىدىغۇ؟ . . . پۇتۇنسۇرۇك بىر مۇدىرنى مىكىجىن دېسە قانداق بولىدۇ؟ ئۇنىڭ چوشقىلارغا «زەينىدىن» ، «خالىق» ، «كېرىموف» ، «قۇتبىرەم» دەپ ئىسىم قويۇۋالغىنى راست ئىكەن ـ دە! . . . ئوقۇغۇچىلار «ھېكمەت مۇئەللىم چوشقىلارنى شۇنداق دەپ چاقىرىدۇ» دېسە، ئەجەپ ئىشەنمەپتىمەن! . . .

زەينىدىن قىزلار ياتىقى ئالدىدىن ئىتتىك مېڭىپ ئۆتۇپ، ئارقىدىكى

قورۇققا كىردى. بىر چاغدا، ھېكمەت ئامىنەنىڭ رەسىم ۋە خەتلىرىنى مۇشۇ يەردە كۆيدۈرگەنىدى. بۇ تۆت تەرىپى ئېگىز كوملاش تاملار بىلەن قورشالغان قورۇقنىڭ ئالدى تەرىپىدە لازا، پەمىدۇر، پىدىگەننىڭ قۇرۇپ قالغان شاداللىرى چۇخچىيىپ تۇراتتى. ئارقا تەرىپىدە، قىرىق قەدەم ئۇزۇنلۇقتا يەر ئاستى كۆكتات ئامبىرى بار ئىدى. ئامبارنىڭ ياغاچ جازىلىرىغا ئاپتاپپەرەس شاداللىرىدىن قەۋەتلىك سېۋەتلەر ياسالغان بولۇپ، كۈز، قىش، ئەتىيازدا ئىشلىتىدىغان كاپۇستا، يېسىۋىلەك ۋە پالەكلەر رېتى بويىچە تىزىلغانىدى. ئۇلارنى ھەپتىدە بىر نۆۋەت سېۋەت ئالماشتۇرۇپ يۆتكەپ تۇراتتى، بۇزۇلغانلىرىنى شاللاپ، ئاشخانىغا ئىشلىتەتتى. ئامبارنىڭ تىك ئويۇلغان تاملىرىغا چوڭقۇر ئۆڭكۈرلەر قېزىلغانىدى. ئۇلاردا ئاق چامغۇر، تۇرۇپ، ياڭيۇ، سەۋزىلەر ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساقلىناتتى. سېسىغان يېسىۋىلەك، كاپۇستا، پالەكلەردىن قوللىرى قاپقارا بولۇپ شىلىملىشىپ مۇزلاپ كەتكەن مۇرات ئۇلارنىڭ بۇزۇلغانلىرىنى بىر چەتكە ئايرىپ دۆۋىلەۋاتاتتى. ئۈچ تۈڭلۈكتىن چۈشكەن نۇر ئامبار ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى.

تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك بىلەن كىرىپ كەلگەن زەينىدىننى كۆرۈپ، مۇراتنىڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ يۈزىگە سېسىغان يېسىۋىلەكنى ئاتقۇسى كەلدى. لېكىن، ئۆزىنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ: «ھارمىغايلا مۇدىر» دەپ قويدى. زەينىدىن: «بۇ ھارامزادە خېلى ياۋاشلاپ قاپتىغۇ؟...» دەپ ئويلىدى ۋە «چۈكۈلدايدىغان ۋاقتىڭ تېخى ئالدىڭدا...» دېگەننىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— ھە، كۆكتاتلار بۇزۇلغاندەكمۇ؟ — ئۇ بۇزۇلغان كۆكتاتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ سورىدى، — ۋاقتى - ۋاقتىدا يۆتكەپ تۇرغىن...

— كۆكتاتلار ئۆزى ئانچە بۇزۇلماپتۇ، لېكىن ئوغرى چاشقانلار يەپ، غاجىلاپ بەزەپ قىلىپ تاشلاپتۇ، — مۇرات زەينىدىننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — بۇ ئوغرى چاشقانلارغا ھېزى بولساق بولغۇدەك...

— چاشقان دېگەن كۆكتاتنىمۇ يەمدىكەن؟

— يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئوغرىلايدىكەن، — مۇرات كۈلدى، — قارىماملا بۇ چاشقانلارنى؟ بويى پاكار - پاكار، ئۆزى

يىگناغۇچتەك ئورۇق، ئەمما چىكەتكىدەك سەكرەپلا تۇرغان. . . ھەتتا مەن بىر چاشقاننى كۆردۈم، ئۇنىڭ يۈزى تاپلىما تىزەكتەك مۇدۇر - چوقۇر. . . ئۇنى ئوغرى چاشقانلارنىڭ باشلىقىمىكىن دەپلا ئويلاپ قالدىم. نېمىشقا دېسىڭىز ناھايىتى تەكەببۇر. . . ئاچچىقىم كېلىپ، گەجگىسىگە بىر دەسسەپتىم، «ۋاي ئەشەلىرىم. . . ۋاي بىر يەرلىرىم. . . ۋاي جېنىمەي. . . » دېگەندەك، چىرقىراپلا كەتتى! . . .

مۇراتنىڭ ئاۋازىنى ئايال كىشىدەك چىقىرىپ، بەللىرىنى تولغاپ دوراشلىرى زەينىدىننىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گەرچە زەينىدىن چاچقاندەك قىلىقلارنى قىلمىسىمۇ، مۇرات ئۇنى بىر تەرەپتىن قانداقتۇر بۇزۇق خوتۇنلارغا ئوخشاتسا، يەنە بىر تەرەپتىن «ئوغرى چاشقانلارنىڭ باشلىقى» دەپ ئاشكارا ھۇجۇم قىلغانىدى. بۇ «ئوغرى چاشقان» دېگەن گەپ زەينىدىننىڭ تىتاك تومۇرلىرىنى سىرقىرىتىۋەتتى.

— سەن. . . سەن. . . زادى نېمە دېمەكچى؟ . . . تېخى سەن. . . سەن مېنى. . .

— تولا ھاياجانلانمىسىلا مۇدىر، — دېدى مۇرات پىچىرلىغاندەك قىلىپ، — بۇ ئوغرى چاشقانلارنى ناۋايخانىدىن نان، ئامباردىن ئۇن، تاڭشىر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقلىرىدىن يوتقان - كىگىزلەرنى ئوغرىلىمىغىدى، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. . . بۇ كۆڭلى پەس چاشقانلارنى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. . . ھەتتا ئېغىلدىن پاخاللارنىمۇ ئوغرىلاپ يەپ قويىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ! . . .

— ھەي، مۇناپىق، جېنىڭ تۇمشۇقىڭغا كېلىپ قالسىمۇ، يەنە ئادەمگە تەنە قىلىسىنا؟ — چىدىيالمىغان زەينىدىن بىردىنلا چالۋاقاپ كەتتى، — سەن تېخى، «يېرىم يىللىق رىجىم» بىلەنلا قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ . . . خەپ، «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنىمۇ كىيگۈزۈپ، سېنى تۈرمىدە چىرىتىۋەتمىسەم! . . .

— قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل ھەي شەرمەندە ئوغرى! . . . مۇرات دەھشەتلىك ۋارقىرىدى، — مۇناپىق دېگەن سەن! . . . كۆرۈپتۇر، ئەمەتنىڭ ئىسپاتنامىسىنى مىڭ پارچە كۆچۈرۈپ چىقىپ، پۈتۈن بوستان بىلەن شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىگە چاپلىمايدىغان بولسام! . . .

— سەن. . سەن. . . — زەينىدىن غال - غال تىترەپ كەتتى، — سەنلەر. . .

— ھە، نېمە دەيسەن؟ مەن دېگەن مەن شۇ! . . . قانداق ئوغرى بۇ؟ . . .

«قىشلىق تەتىلدە زۇمرەتنى قايتۇرۇپ كېلىپ داۋالىتىمەن» دەپ ئويلاپ يۈرگەن مۇراتنىڭ ئارزۇسى ئاخىرى كېلىپ كۆپۈككە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۇ چاقىقاق ئوتنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى، ئۇ، شۇ تاپتا ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى بىرنى چېقىۋېلىپ، جېنىنى سېلىپ بېرىشكە رازى ئىدى. چۈنكى يېرىم يىللىق رىجىم ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ھېچيەرگە بارالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— سېنى. . . سېنى. . . — زەينىدىنىنىڭ شىلتىۋاتقان قوللىرى لاقىلداپ تىترەيتتى، — دوستلىرىڭنى نېمە قىلمەكچىسەن؟ كۆرۈپ تۇر! . . .

مۇرات قولىغا يوغان بىر تۇپ سېسىق يىسسىۋېلەكنى ئېلىۋېدى، زەينىدىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئەمما، يىسسىۋېلەك ئۇنىڭ دۈمبىسىگە «گۇپپىدە» قىلىپ تېگىپ ئۈلگۈردى، زەينىدىن ئالدىغا پاقىچىلاپ دومىلاپلا چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن ئارانلا تۇردى، ئاغزى - بۇرنى لاي بولۇپ كەتكەنىدى.

— سەن. . . سەن. . . نېمە قىلماقچى؟ . . .

مۇرات سۆكىدىن شارتلا قىلىپ ئاپتاپپەرەس شادىسىدىن بىرنى سۇغۇرۇۋېلىۋېدى، زەينىدىن ئىشىك سىرتىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ چوڭقۇر ئامبارنىڭ تىك ھەم تار بولغان چىقىش يولىغا يامىشىپ، ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي قاچتى. . .

قوۋزاقسىز دەرەخ غولىدەك ئاقىرىپ كەتكەن زەينىدىن مۇزلىرى چېقىپ ئېلىنىپ، تېگىدە كىچىككىنە لاي سۈيى قالغان كۆل بويىدا، ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن بىردەم تۇردى. ئۇ ھېلىلا «پۇتلىرىمغا يىقىلىدۇ»، «تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ يالۋۇرىدۇ. . .» دېگەن تاتلىق خىياللارنى قىلغانىدى. بىراق ئىشلار ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. بىرسى ئۇنى چوقۇر چوشقىغا، يەنە بىرسى ئوغرى چاشقانغا ئوخشىتىپ رەسۋا

قىلىۋەتتى. ئەمدى كاملىچۇ؟ ياق، ئۇنىڭ تىلى تېخىمۇ ئۆتكۈر، قەھرى ئوت!... ئۇ گەرچە مۇراتتەك يالىڭاچلا تىللاپ، قولىغا كالتەك ئالمىغىنى بىلەن، ئادەمنى بىر ئېغىز تىلى ئارقىلىق ئون كۈن نان يېمەس قىلىپ قويىدۇ!...

زەينىدىن شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدىكى ئۆچمەنلىك ھېسسىياتى ئۇنى ئاشخانا ئارقىسىدىكى مال قورۇسىنىڭ ئۈستى شادىلىق كىچىك ئەگۈنى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ شادا ئارىلىقلىرىدىن ھويلىغا قارىدى. كامىل ئىككى قولىدا پالتىنىڭ دەستىسىنى چىڭ تۇتۇپ، بىر كۆتەكتە ئولتۇراتتى. ئاشپەز جۇمىراخۇن ئۇنىڭغا ئاياقتىكى ئۇماچنى قوشۇقتا ئىچۈرۈۋاتاتتى. زەينىدىن ھەيران بولۇپ، تېخىمۇ زەڭ سېلىپ قارىدى. كامىل تۇتۇپ تۇرغان پالتىنىڭ سېپى قان ئىدى.

«خۇددى ياقىلار ئىتەك بولدى، ئىتەكلەر ياقا» دېگەندەك، ھېكمەتكە مەتىلى ئىبراھىم، مۇراتقا ساجىتخان نازارەتچى بولغان بولسا، كامىلغا ئىت تالاشتۇرغۇچى رېخىم نۇرى «رەھبەرلىك» قىلاتتى. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگەندە، كامىلغا تىرەك، ياغاق، ئاموت، جىگدە كۆتەكلىرى بولۇپ تۆت كۆتەكنى يېرىپ چىقىشنى بىر كۈنلۈك ۋەزىپە قىلىپ ئايرىپ بېرەتتى. بۇ كۆتەكلەر تېخى كۈزدىلا كولىۋېلىنغان بولغاچقا، شىرشەم ئىدى. ئون جىڭلىق تورى بار پالتا بىلەن ئۇننەچچە قېتىم چاپساڭ، ئارانلا ئالقاندەك تارشا پۇچۇلۇپ چىقاتتى. ھەتتا بەزىلىشىپ كەتكەن بەزى كۆتەكلەر يېرىم كۈن ھەپىلەشسەڭمۇ، «پوش، ئاۋارە بولما!» دېگەندەك، ھېچ يېرىدىن پارچىلانمايتتى. كامىلنىڭ قوللىرى ئىككى كۈن ئىچىدىلا ئۈزۈمدەك قاپىرىپ قاناپ كەتتى. قېتىشىپ قالغان ئالقانلار كېچىچە يۇمۇلمىغاچقا، پالتىنىڭ دەستىسىنى سىقىمداش بىلەنلا، بارماقلار ئارىلىقلىرىدىن تىرتىلداپ قان يامراپ چىقاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن جۇمىراخۇن ئۇستام، بەزىدە ياردەمچى ئاشپەز نۇرۋانىخان ئاچىلار ئاشخانىنىڭ ئالدى ئىشىكىنى، ھويلىنىڭ ئەگۈنىنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ، ئۇنىڭغا تاماق يېگۈزۈپ قوياتتى.

زەينىدىن ئىچىدە: «جاجاڭنى يېدىڭ... تېخى قان سىيىدىغان چاغلىرىڭ ئالدىڭدا...» دەپ تىللىغىنىچە، ئاستا كېتىپ قالدى.

كامىلنىڭ شۇنچىلىك قىيىنىلىۋېتىپمۇ، تەشكىلگە بىر ئېغىز دادلىماي، چۇقان سالماي بىر كۆڭلۈك ۋەزىپىنى ئورۇندىشى زەينىدىننىڭ خۇش قىلماي، ئەكسىچە خاپا قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ كېلىپ ھال ئېيتمىغانلىقىغا خورلۇق ھېس قىلدى. ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپلا كامىلغا ياردەمگە كېلىشى، قاراڭغۇ چۈشۈپ، كېچە بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىشىپ كامىلنىڭ بەلگىلىگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇشى زەينىدىن ئۈچۈن بېسىم بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ، ياقىسىنى تۇتۇپ ھەيران بولاتتى، ئەمما چۈشەنمەيتتى. دوستلۇقنىڭ چىن مەناسىنى زەينىدىن قانداق چۈشەنسۇن؟ ئۇنىڭ ھاياتىدا ھەقىقىي دوستى بولۇپ باقمىغان! پەقەت «كېرەكلىك» كىشىلىرىلا بار ئىدى... ئۇلار زەينىدىندىن ئالاتتى، يۇلاتتى، ئۇنى قاسايتتى... ۋاقتى كەلگەندە، «بىرگە زەربە، مىڭغا تەربىيە» خۇمارىنى چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ غاڭزىسىغا ئوت يېقىپ بېرىشىپ، ئۇنىڭ «رەھىمسىزلىك» دېگەن گۆھىرىنى سۇرتۇپ پارقىرىتىشىپ بېرەتتى... ئىش تۈگىگەندىن كېيىن، «غانجۇغىدا كۆرۈشەيلى» دەپ ئايرىلاتتى ـ دە، بىر ـ بىرىنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتىشەتتى.

كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنى پاتراق كۆزدىن يوقىتىپ، ئاپەتتىن قۇتۇلۇش كويىدا كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتقان زەينىدىن ئۈچ كۈننى ئارانلا تۇشقۇزدى ـ دە، بوز ھاڭگىنى توقۇپ، شەھەرگە ماڭدى. بۇ قېتىم ساۋۇر روزى ئۇنىڭ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىشىنى ئېيتتى. «ئىنتىزام تەكشۈرۈش» ئىشخانىسى ماتېرىيالنى دائىمىي ھەيئەتلەر ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ بەرگەندى، ئۇلار پەۋقۇلئاددە ئىش چىقىپ قالمىسىلا، مۇنداق ئىشلارنى ئايدا بىر قېتىم يىغىن ئاچقاندا قارايتتى.

ساۋۇر روزى زەينىدىننى «ئۈچ كۈن»، «بەش كۈن»، دەپ يۇرۇپ، تۆت قېتىم ماڭدۇردى. كېرىموفمۇ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىشخانىسىنىڭ جۇرىنى ئىمىن سوپىنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن بىرنەچچە تونۇشلىرىنى تېپىپ، ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى.

زەينىدىن شەھەرگە بەشىنچى قېتىم كىردى. بۇ 31 ـ مارت ئىدى.

يامغۇر سىمىلداپ يېغىپ تۇراتتى. خوتەن شەھەر ئىچىنى ئاق تۇمان نېپىز پەردىدەك قاپلاپ كەتكەنىدى. گۈلباغ رەستىسىدىكى شاخلىراپ كەتكەن قەدىمىي تېرەكلەرنىڭ سۇ يۇگۇرگەن غوللىرى كۆكىرىپ تۇراتتى. چىقىرىۋاتقان بىخلىرى يوغىناپ قالغانىدى. مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ بېغى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ قورۇسىدىكى ئۈرۈكلەرنىڭ غوللىرى قىزىرىپ، ئۇششاق شاخلىرىدىكى بوغۇملار غۇچچىدە قوڭغۇزلاپ، چېچەك ئېچىشقا ئالدىراۋاتاتتى.

— ئىشلار بىر قۇر ھەل بولدى، — دېدى ساۋۇر روزى ئورۇندۇقىدا قىمشىپ قويۇپ، — كامىل بىلەن مۇراتقا چوڭ گۇناھ يېزىلدى. ئۇلار بىر يىل نازارەت ئاستىدا ئەمگەك قىلىدىغان بولدى... ھېكمەتنىڭ خاتالىقلىرى دوست - دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ، مەھبۇسلار مەيدانىغا ئەمگەك قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ئۈچ يىللىق ئەۋەتىدىغان بولدۇق، ئۇلارغا شۇنداق چارىلەر كۆرۈلدى...

— سا ھاكىم، كامىل بىلەن مۇراتقا بېرىلگەن چارە بەك يېنىك بولۇپ كېتىپتۇ... — دېدى زەينىدىن بىرمۇنچە پاكىتلارنى تەكىتلەپ ئۆتۈپ، — ئۇلارنىڭ مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرىگە قويۇپ باقساڭلار!

— بولمايدۇ... دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئىچىدە كۆپ تالاش - تارتىشلار بولدى، — دېدى ساۋۇر روزى، — كامىلنىڭ كونا كىتابلار بىلەن بالىلارنى زەھەرلەش مەسىلىسى، مۇراتنىڭ گۇڭشې كادىرلىرىغا پىچاق سېلىش غەرىزى بولمىغان بولسا ئەسلىدە ئىككىسىگە چارە كۆرۈلمەيدىكەن... بۇ يەردە پەقەت تارازا باسقىنى ھېكمەتنىڭ مەسىلىسى... بىرىنچىدىن، «ھەربىي ئائىلىنى بۇزغان»، ئىككىنچىدىن «چەت ئەلگە قاچماقچى بولغان»...

— كامىل بىلەن مۇراتلارنىڭ «بۇزۇق ئۇنسۇر» قالپىقىنى كىيىشكە شەرتى توشمىغان ھالەتتىمۇ، — دېدى زەينىدىن يالۋۇرۇپ، — ئۇلارنىمۇ ھېكمەتتەك ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا ئەۋەتىپ بەرگەن بولساڭلار...

— مەكتەپتە ئۆزگەرتسەڭلارمۇ، دادۇي، شياۋدۇيلەرگە چۈشۈرۈپ

بەرسەڭلارمۇ بولىدىغۇ؟ . . . تېخى دائىمىي ھەيئەتلەر ئارىسىدىكى خەنزۇلار: «بۇ تونۇش مەسىلىسگە ياتىدىغان ئىشلار ئىكەن. . . » دەپ، ئىشنى بۇزغىلى تاس قالدى، — ساۋۇر روزى دەرھال قاپىقىنى تۈردى، — ھەي، قارا! ئەسلىدە دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارارىنى ئالدىنئالا ھەرقانداق ئادەمگە ئاشكارىلاشقا بولمايتتى. بۇنى ساڭا دەپ سالدىم. ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتسە، ئاقىۋىتىگە ئۆزۈڭ ئىگە بولىسەن جۇمۇ. . .

— خاتىرجەم بولسىلا، مېنىڭ ئاغزىم ئۇنداق پەجىمى يوق ئېغىزلاردىن ئەمەس، — دېدى زەينىدىن، — ھە راست، بىر گەپنى سورىۋالاي، ھېكمەتنى قاچان قولغا ئالماقچى؟

— دائىمىي ھەيئەتلەر قارار چىقىرىپ تەستىقلاپ بولدى. ھازىرلا قولغا ئالسىمۇ بولىدۇ. ئەمما، — ساۋۇر روزى گەدىنىنى قاشلىدى، — بۇ قارارنى قانۇنغا مەسئۇل ھاكىم تەستىقلىمىسا بولمايدۇ. — قانۇنغا مەسئۇل قۇربان ھاكىم ھازىر «يېڭىئېرىق» سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى ئورنىدا. شۇ ئادەم قول قويۇۋەتسە بولىدىغانلا گەپ. . .

— ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟

— قۇربان ھاكىمنى ئىزدىگىن، لېكىن گەپ ـ سۆزدە ئېھتىيات قىل، ئۇ ناھايىتى پرىنسىپال، قاتتىق قول، بىر گەپكە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەيدىغان ئادەم! . . .

ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىدىن سالپىيىپ چىققان زەينىدىن قۇربان ھاكىمنىڭ ئۆيىگە شۇ كۈنىلا باردى. خوتەن قاتناش كالونىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى چاققانغىنا بىر قورۇ ھويلىسىدا، بىر تۈپ جىنەستە كۆچىتى تۆۋىدىن ـ ئۈچىغىچە غۇنچىلاپ كەتكەنىدى. قۇربان ھاكىم زەينىدىننى سوغۇقلا قارشى ئالدى ۋە ئۇنى مېھمانخانا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەل ئەتراپىغا تىزىلغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرسىگە تەكلىپ قىلدى. ئاندىن پىيالىگە چاي قۇيدى. ئۈستەل ئۈستىدە تەييار تىزىقلىق تۇرغان كىچىك تەخسىلەردە ياڭاق مېغىزى، شاكىلىدىن ئايرىلغان بادام، قۇرۇق ئۈزۈم، گۈلە ـ قاقلار بار ئىدى.

— قېنى بىر نەرسىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ! — دېدى قۇربان ھاكىم

زەينىدىنگە قاراپ قويۇپ، — ئايال ئىشتا، باللار مەكتەپتە...

قۇربان ھاكىم ئوتتۇز سەككىز — قىرىق ياش ئەتراپىدا بولۇپ، ئېگىز ھەم گەۋدىلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى خۇددى ئاق مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەلدەك، مۇسكۇللىرى چىڭ، بۇرنى ئېگىز ھەم چوڭ، كەڭ پېشانىسى، قويۇق قاشلىرى، قارچۇغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ئادەم ئەيمەنگۈدەك سۈر پەيدا قىلاتتى، قارىماققا، ئۇ كىشىگە ياپپاشلا كۆرۈنەتتى.

قۇربان ھاكىم زەينىدىننى دەسلەپ كۆرۈپلا ئۇنىڭ بوستان ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ئەلۋەتتە، خوتەن ناھىيىسىنىڭ مائارىپ سېپىدىكى تۆت گۆھەرنىڭ سەرخىلى بولغان بۇ ئادەم ھەممىگە تونۇشلۇق بولىدۇ - دە!... 1957 - 1958 - يىلدىكى «ئىستىل تۈزىتىش» ھەرىكىتىدە داڭ چىقارغان زەينىدىننىڭ ئىسمى توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ئولتۇرۇشلاردا ھەممىنىڭ ئاغزىدا زىكرى قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئوغچى، يەرلىك مىللەتچىلەر ئۈستىدىن كۆرسەتكەن «قەھرىمان» لىقلىرى تىللاردا داستان بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى چىقىرىۋەتكەنىدى!... قۇربان ھاكىم تونۇگۈن كەچ، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلار ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈمنى ۋە يەككە ماتېرىياللارنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ، ماتېرىياللارنى كېچىچە كۆرۈپ چىقتى. ھاكىم ماتېرىياللاردا نۇرغۇنلىغان كاۋاكلارنىڭ بارلىقىنى، مەسىلىلەرنىڭ ھېسسىياتقا تايىنىپ تەھلىل قىلىنغانلىقىنى، «قۇتقۇزۇۋېلىش، تارتىۋېلىش، ياردەم بېرىش» ئاساس قىلىنماي، ئورنىغا ئىتتىرىش خاھىشى ئاساس قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاۋابكارلارنىڭ ئىقرارنامىسىمۇ، يېزىپ تاپشۇرغان ماتېرىياللىرىمۇ يوق ئىدى.

قۇربان ھاكىم كېچە بىر ۋاقلارغىچە ئويلىنىپ چىقتى. 50 - يىللارنىڭ بېشىدا خوتەنگە كەلگەن مىللىي ئارمىيە بەشىنچى ئاتلىق پولك جەڭچىلىرىنىڭ كۆپىنچىلىرى بۇ يەردە يەرلىكلىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەپ قالغانىدى. بۇلار ئاساسىي جەھەتتىن غۇلجىلىق ئادەملەر ئىدى. كېيىن خوتەنگە ئالىي مەكتەپ، ئالىي تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن شىماللىق ياشلارمۇ تەقسىمات بىلەن كەلدى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ،

دارىلمۇئەللىمىن، دوختۇرخانا، ۋالىي مەھكىمىسى، سۇ ئىشلار ئىدارىسى ۋە يەرلىك باشقا ئىدارىلەرگە ئورۇنلىشىپ، خوتەن خەلقى ئۈچۈن جان پىداكارلىق بىلەن ئىشلىدى. ئەمما، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەددىدىن ئاشقان «سولچىللىق» ئىدىيىسى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قالپاق كىيدى. بەزىلىرى ھەيدەلدى، ئېغىر بېسىم تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلارمۇ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار باھاردىكى دۇقالغا دۇچ كەلگەن چېچەكلەردەك تۇزۇپ، ناھايىتى شالاڭ قېلىشتى. چۈنكى، يۇقىرىدىن كىچىككىنە شامال چىقسا، بۇ شامال قارنقاش بىلەن زاڭگۇيدىن بۇياقتا ئۆتكەندىن كېيىنلا، بورانغا ھەتتا قارا بورانغا ئايلىناتتى. ئۇلار، «زەربە قانچە قاتتىق ۋە كۆپ بېرىلسە، ئاۋام شۇنچە ئىتائەتمەن بولىدۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ھەيۋىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئەمىر - پەرمانلار دەخلى - تەرۇزسىز ئىجرا قىلىنىدۇ»، دەپ چۈشەنسە كېرەك. بۇ ئادەملەر بىرەر ھەرىكەتنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغۇچە، قېنى قايناپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ، پوپاڭ كۆتۈرۈشەتتى. . . ھەرىكەتلەرگە سىرلىق تۈس بېرىشەتتى. . . كەلمىگەن سۇغا بەش كۈن بۇرۇن ئاياغ سېلىشاتتى. خوتەن خەلقىنىڭ ياۋاش، مۆمىن، ئىتائەتمەن بولۇشىمۇ ئاشۇ خىل ئادەملەرنىڭ سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. . . ئۇلارنىڭ مىسكىن چىراي بولۇپ، يۈرەك - باغرىنىڭ ئېزىلىپ تۇرۇشىمۇ ئېھتىمال ئەنە شۇنداق ئۇچىغا چىققان سولچىللىقنىڭ زۇلۇمىدىن بولغان. . .

قۇربان ھاكىم قانداقتۇر تەقەززالىق، شۇنداقلا ئەنسىرەش ۋە قورقۇش ئارىلىشىپ كەتكەن ھاياجاندىن تېنى قىمشىپ، رەڭسىز كالپۇكلىرى مىتىلداپ، كۆزلىرى توختىماي چىمچىقلاپ ئولتۇرغان زەينىدىنگە قارىدى. ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغان بولسىمۇ، يەنە چېكىپ كۆرمەكچى بولدى.

— كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ خاتالىق، جىنايەتلىرىنى كۆرۈپ چىقتىم، — دېدى قۇربان ھاكىم ئېغىرلىق بىلەن، — بۇنىڭدىن باشقا يەنە قېلىپ قالغان، قوشۇدىغان تەرەپلىرى يوقمۇ؟

— نېمە؟ ماتېرىيال چارە كۆرۈشكە يەتمەمدۇ؟ — زەينىدىن

تۇكۇرۇكىنى يۇتتى، — يېزىپ كەلسەكقۇ بەك جىق.

— مەسىلەن، قانداق؟

— شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ناخشا - غەزەللىرىنى ئوقۇيدۇ... ھە، يەنە... يەنە بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇھەببەت دېگەن نەرسىگە بېرىلگەن... ھە، راست، چەت ئەلنىڭ ھېكايە - رومانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلىگەن... كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا، كىيىم - كېچەك، يوتقان - كۆرپە، تاماق بېلىتى ئالالمىغانلارغا پۇل ياردەم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى سېتىۋالماقچى بولغان!... ھېكمەت ئىلىدىن يۆتكىلىش چاقىرىقى كەلسە، كەتمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ خوتەندە قىلىدىغان چوقۇم مەخپىي ئىشى بار...

— پاھ، پاھ، ھە، يەنچۇ؟...

— تۈگىدى، ياق تېخى تۈگىمەپتۇ، — زەينىدىن گەپ قىلىشقا تۇسالغۇ بولۇۋاتقان دىمىقىدىكى «بۇگەچ»نى يۇتالماي خېلى ئاۋارە بولدى، — ئۇلار تېخى ھەركۈنى كىيىم ئالماشتۇرىدۇ، بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ مىشچانلىقى بولماي نېمە بولىدۇ؟... كۆرمىگۈچە ئىشەنمەيلا، ئىشتىنىغا پىچاقنىڭ بىسىدەك قىر چىقىرىپ كىيىشىدۇ... بۇ شيۇجېڭجۇيىلىق سۆلەتۋازلىقنىڭ ئۆزى...

قۇربان ھاكىم قاپىقىنى سېلىپ جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ غەزەپلەنگەندەك چىرايىنى كۆرگەن زەينىدىن ئىچىدە: «ھەي... ھاكىمنىڭ بۇنچىلىك زېرىكىپ سورايدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھېلىقى ئۈچ ئەكسىيەتچىنىڭ ئۇششاقۇ چوڭ، پىشىقۇ توڭ خاتالىقلىرىنى تولۇق يېزىۋېلىپ كىرىدىكەنمەن...» دەپ پۇشايمان يېدى. شۇڭا ئۇ خېلى دېدىللىك بىلەن سورىدى:

— ھاكىم، مۇشۇ كامىل بىلەن مۇراتقا بېرىلگەن جازا يېنىك بولۇپ قاپتۇ. ئۇنى ئېغىرلاتقىلى بولماسمۇ؟... بولمىسا، بۇلارنىڭ جىنايەتلىرى...

— بۇ دائىمىي كومىتېت ھەيئەتلىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەن قارار، — دېدى ھاكىم زەردە بىلەن، — مەن بىر ئادەم ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن... ئۇ ئىككىسىنىڭ مەسىلىسى خەلق ئىچىدىكى

زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە بىر تەرەپ بوپتۇ... مېنىڭ پەقەت دۈشمەن قاتارىدا چارە كۆرۈلگەن ھېكمەتنىڭلا ھۆكۈمىگە قول قويۇش مەجبۇرىيىتىم بار.

— ئەمىسە، قول قويۇپ بەرگەن بولسىلىرى...

— بۇ بالا ئەمدى يىگىرمە ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ، ئۆزى غۇلجىلىقكەن... بۇ يەردە ھېچنېمىسى يوق ئوخشايدۇ، — دېدى ھاكىم پىيالىنى چېكىپ تۇرۇپ، — سىز ئۇنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئەۋەتىپ بېرىڭ... شۇ يەردە بىر مەزگىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرسۇن...

— ئۇنداقتا ھازىر ئۇنى قولغا ئالمايدىكەن ـ دە؟...

— دائىمىي كومىتېت قارار چىقىرىپ بولدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ بۇ دېلو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاياقلاشتى... دېلوغا مەن قول قويسام، ئۇنى دىكتاتۇرا ئورۇنلىرىغا چۇشۇرۇپ بەرسەم، ئۇلار ئاندىن بىجىرەلەيدۇ... نېمە؟ ئۇنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىغا ئەۋەتىپ بېرىشكە قارىتا پىكرىڭىز بار ئوخشىمامدۇ؟

— يوقسۇ، يوقسۇ، بېشىم ئۇن ئەمەس، — زەينىدىن ھاكىمنىڭ بىردىنلا تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن ئەندىكىپ، قايتا ـ قايتا تەزىم قىلدى، — قاچانراق ئەۋەتىپ بەرسەم بولىدىكىن؟

— مۇنداق بولسۇن، ئەتە شەنبە چۈشتىن كېيىن، ئۇنى مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەۋەتىڭ... ھويلامدا ئۇنىڭغا قىلدۇرىدىغان لايچىلىق ئىشلىرىم بار. بىر ـ ئىككى كۈن ياردەملەشسۇن. لېكىن ئارقىسىغا ئادەم سېلىپ قويماڭ. ئۇنى چۆچۈتۈپ قويىسىز...

— خوش... خوش... دېگەنلىرى راست، ئۇ بەك سەگەك نېمە...

— سىزگە شۇنى ئەسكەرتىپ قوياي. ھېكمەتكە كۆرۈلگەن چارىنى بىر كىمگە تىنمايسىز... خوتۇن ـ بالىلىرىڭىز، يېقىنلىرىڭىز... ئىش قىلىپ، تام بولسىمۇ سۆزلەپ يۈرمەيسىز! — قۇربان ھاكىمنىڭ قېلىن قاشلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — ئەگەر دەپلا قويسىڭىز، بۇ گەپ ئېغىزىڭىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ يېيىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆلۈم، بۇزغۇنچىلىق، قېچىش ۋەقەلىرى يۈز بېرىدۇ... ئۇ چاغدا

قانۇنلاشمىغان ھۆكۈمنى ئاشكارىلاپ ۋەقە سادىر بولۇشقا سەۋەب بولغان دېگەن جىنايەت بىلەن سىزنى قولغا ئالدۇرىمەن!...

— نېمە؟ — ھاكىمنىڭ جىددىي تەلەپپۇزىدىن دەھشەت ئىزتىراپقا چۈشكەن زەينىدىننى قورقىنىدىن توختىماي ھىق تۇتقىلى تۇردى، — ئەمىسە، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىغا، گۇڭشې پارتكومىغا نېمە دەيمەن؟

— «ماتېرىيالى ئەمەلىيلەشكىچە، يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگىرىدىكەن...» دېسىڭىز بولمىدىمۇ؟...

— خوش...

زەينىدىن بىر - بىرىگە زىت خىياللار بىلەن دەڭگە قايتىپ كەلدى. بىراق نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك، دېگەندەك، ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچۈلۈق بىلەن كۆرپە يوق ئىدى. ئۇ، ئىشىكىدە ساقال دىدارى يوق كۈسا سارايۋەندىن سورىۋېدى، سارايۋەن: «بىز بۇ يەردە ئىشەك، ئات، هارۋىلارنى ساقلايمىز، ئۈچۈلۈق بىلەن كۆرپە ساقلىمايمىز... نېمىشقا دەڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويمىغاندىڭىز؟ بەلكىم بىرەر يالاڭتۇش قوتۇر ئىشىكىگە توقۇپ ئېلىپ كەتكەندۇر...» دېدى. زەينىدىن يايداق ئېشەككە مىنىپ، پۇتلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە، بوستانغا قاراپ يول ئالدى.

زەينىدىننىڭ بۈگۈنكى سەپىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانىدى. كامىل بىلەن مۇراتقا چوڭ گۇناھدىن بىرسى قېتىلىپ، يىرىم يىللىق جازاسى بىر يىلغا كۆپەيتىلدى، لېكىن كۆزىدىن يوقالمىدى. ئەمدى «بىرسى بولسىمۇ يوقىلىدىغان بولدى» دەپ تەسەللىي تېپىۋېدى، هاكىم ئۇنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئۆزگەرتىدىغان بولدى. قۇربان هاكىمنىڭ زادى نېمە غەرىزى باردۇر؟ ياكى ماتېرىيالدىن بىرەر ئىۋەن تاپتىمۇ؟ «ماتېرىيال ئەمەلىيلەشكىچە...» دېگىنىگە قارىغاندا... ۋاي خۇدا، ئۆزىمىزگە يېنىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ!... ھېكمەتنى بىر - ئىككى كۈن ئىشقا سالىمەن دېگىنى راستمىدۇر ياكى مەسىلە ئېنىقلىماقچىمۇ؟ ئەگەر شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇ ئەپەندى ئەمەت بىلەن باقىلارنىڭ ئىشىنى چۇۋۇپ، زەينىدىننى موللاقچى كەپتەردەك بوقۇلدىتىپمۇ قويارمۇ؟... ئۇ چاغدا، خالىق، كېرىموفلارنىڭمۇ مېزى چۇۋۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ بۈگۈن قول قويۇۋەتكەن بولسا، مۇشۇ دەدېسە ۋە ئەنسىرەشلەرمۇ بولمايتتى. خالىقتىن

مەسلىھەت ئېلىپ باقسۇنمۇ ـ يە. . . يا. . . ياق، بۇ چارىمۇ بولمايدىكەن، بۇ گەپ مۇبادا تارقىلىپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا ھاكىم ئۇنى ئاچچىق ئۇچەيىنى سىيىرىگەندەك سىيرىپ، مېنى توپىدىن ئايرىلغان ئىت بېلىقىدەك تورىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ! . . .

زەينىدىن ئالدىدا بۆرە، كەينىدە يولۋاس خىرىس قىلىپ تۇرغاندەك، ھېچبىر قارارغا كېلەلمەي، بوستانغا كەچلەپ يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يوتىلىرى سىرقىراپ، پاقالچاقلىرىغا قان يىغىلىپ ئىششىپ كەتكەندەك بولۇپ، يەر دەسسىيەلمەيلا قالغانىدى. كېچىسىمۇ ئىنجىقلاپ، ئىڭراپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ئەتىسى ۋاقچە ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزلىرىنى چالا ـ بۇلىلا يۇيۇپ، ناشتا قىلدى، ئاندىن گۆشكىغا كەتتى.

ئىشخانىنى تاماكا ئىسىغا توشقۇزۇۋەتكەن خالىق ئۇنى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ، ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. زەينىدىن چايدىن بىر ـ ئىككى قېتىم ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، شەھەردىكى ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانسېرى، خالىقنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى قارىدىماقتا ئىدى. كېرىموف ھېكمەتنىڭ ئەجىلىنى تىلىگەندەك، خالىقمۇ كامىلنىڭ يوقىلىشىغا تەقەززا ئىدى. زەينىدىن بولسا، كامىل، ھېكمەت، مۇراتلارنىڭ ھەر ئۈچىلىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئاپەت دەپ بىلەتتى.

— ھاكىمنىڭ ھېكمەتنى يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرىدا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىكى مەقسىتى نېمىدۇر؟ — خالىقنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەنسىزلىك كىرىۋالدى، — راستىنلا ئۇنىڭ ماتېرىيالىدىكى پاكىتلار تېخى ئەمەلىيلەشمىگەنمىدۇر؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ھاكىم ئوچۇق ئېيتتى. . . — دېدى زەينىدىن غۇدۇڭشۇپ، — مېنىڭ ئەنسىرەۋاتقىنىم — ئۇنى بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھاكىمنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈپ بېرىش. . . ھاكىم ئۇنى راستىنلا لايىچىلىققا سالارمۇ؟ . . .

— ھويلىسىدا لايىچىلىق قىلغۇدەك بىرەر ئالامەت كۆرۈنەمدۇ؟ . . .

— ھويلىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا دۆۋىلەكلىك شور، يەنە سېغىز توپىمۇ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

— ھە... تونۇر سالماقچى ئىكەن - دە... — خالىقنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى، — بوپتۇ، كىرگۈزۈپ بەرسىلە...

— ھېكمەت ھاكىمغا قالايمىقان سۆزلەپقۇ يۈرمەس؟ — زەينىدىن زادىلا خاتىرجەم ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، — ئەگەر ئۇ...

— ئۆزلىرىنىڭ شورى مۇدىر، كىم سىلىنى ئوغرىلارنىڭ قازناقچىسى بولسۇن دەپتۇ؟...

— خالىق كاتىپ ئۇنداق دېمىسىلە... ئەگەر ھېكمەت مېنى چىشلىسە، مەنمۇ...

— ھە مېنى چىشلىمەكچىمۇ؟... بىلىپ قويسىلا. مەن چىشلەتكۈدەك ئىش قىلمىدىم. ناھايىتى، سىلىنى قوغداپ قالغان گۇناھىم بار...

— ئۆز ۋاقتىدا ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ... مۇشۇك پوقىنى كۆمگەندەك كۆمۈۋەتسىلە... ئەمدى بۇنداق دېسىلە قانداق بولىدۇ؟...

— بولدى، بولدى، ئاقتاملىقتا چالما تالاشقاندەك ئىش قىلمايلى، — خالىق ئاچچىقىدا تاماكا ئورىدى، — ھە، سىلى كامىل، مۇراتلارنى قانداق قىلماقچى؟

— چارىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنى مەكتەپتە بىر يىل ئۆزگەرتسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— مۇنداق بولسۇن، — خالىق كۆزلىرىنى قىسىپ ئاچچىق كۈلدى، — مەكتەپتە قانچىلىك ئىش بار دەيلا؟ بۇلارنى دادۇيگە چۈشۈرۈپ بېرەيلى... قاپىقى يامان شىياۋدۇيجاڭ، سەھەرلىك دولقۇن، كەچلىك دولقۇن، كۈندۈزدىكى قاتتىق ئەمگەك دېگەنلەر ئۇلارنىڭ جۈلىقىنى چىقىرىۋېتىدۇ.

— توغرا، كېچە - كۈندۈزلەپ ئۇخلاتماي، خۇددى جۇۋازغا قاتقان ئۆيدەك راھىنا قىلىۋېتىدۇ، ئاممىزە، — زەينىدىن تەرەببا ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى، — مۇرات يامان نېمە، ئۇنىڭ كۆزىمىزنىڭ چانىقىدىراق تۇرغىنى ياخشىمىكى؟ بولمىسا، ئاچكۆز شىياۋدۇيجاڭلارنى ئالداپ، ھەدەپ بوز يەرگە قاچارمىكىن؟...

— بۇ دېگەنلىرىمۇ توغرا... — دېدى خالىق، — ئەمىسە كامىلنى ئەللامە دادۇيگە چۈشۈرەيلى. ئۇ دادۇينىڭ نىياز پاڭ دېگەن بىر شۇجىسى

باركى، ئەزالار ئۆنى كۆرسە، قان سىيىدۇ.

خالىق بىلەن زەيىنىدىن بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار گۆڭشى دەرۋازىسىغىچە بىللە چىقىشتى. ھېكمەتنى شەھەرگە كىرگۈزۈش ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى خۇددى سىڭمەي تۇرۇۋالغان لوقمىدەك بىئارام قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، خالىق زەيىنىدىنگە ھېكمەتكە «سەن بەربىر بوستاننىڭ ئوقۇتقۇچىسى، بۇنى ئۇنتۇپ قالما، ھاكىمنىڭ ئالدىدا، گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىل» دېسىلە، دەپ تاپىلىدى.

浑泉(上—2)
加拉里丁·伯合拉木著

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码:830046)
新疆新华书店发行　乌鲁木齐八家户彩印厂印刷
850×1168毫米 1/32开本　16.5印张　3插页
1997年9月第1版　1998年2月第1次印刷
印数:1—10000

统一书号:ISBN7—5631—0900—5/I.165　(民文)定价:26.56元